ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# ئاجايىپ كۆزلەر

*Abaydulla Ibrahim*



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

ئاجايىپ كۆزلەر

2

*Abaydulla Ibrahim*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى

تۈندىكى چاقماق
بەشىنچى ئوغۇل
ئاجايىپ كۆزلەر
ساياھەتنامە
ئۈچ غەزەل
بوز دالا
داغ

ISBN 978-7-228-11531-0
定价: 56.00 元

www.uyghurkitap.com



*Abaydulla Ibrahim*

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى

# ئاجايىپ كۆزلەر

(ھېكايە ـ پوۋېستلار)

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

神奇的眼睛：维吾尔文/艾拜都拉·易卜拉欣著. 一乌鲁木齐:新疆人民出版社,2010. 1
ISBN 978—7—228—11531—0

Ⅰ. 神 … Ⅱ. 艾… Ⅲ. 文学—作品综合集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I217.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 001429 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 艾拜都拉·易卜拉欣 |
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 海丽且木·孜亚吾顿 |
| 美术设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 插　　图 | 买·阿尤甫，阿·阿布力孜，司·依布拉音 |
| 美 术 字 | 苏·司马义·哈力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 1/32 |
| 印　　张 | 22.5 |
| 版　　次 | 2010 年 1 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2010 年 1 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 56.00 元 |



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتور ھەققىدە

شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم — ئۆزگە خاس ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، ئەسەرلىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرەتكەن، لىرىكىلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، داستانلىرىدا دەۋرنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن؛ ھېكايىلىرىدە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، ھايات مەسىلىلىرىنى يازغان بولسا، رومانلىرىدا زور تارىخىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدىكى ئىجادىيىتى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئورتاقلىقلارغا ئىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لىرىكا ۋە رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئۇ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دەۋرىمىزدىكى داڭلىق ژۇرنالىستلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش، ژۇرنال چىقىرىش جەھەتلەردىكى نەتىجىسىمۇ ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1951 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1957 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1966 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن ئۆز يېزىسىغا قايتۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1972 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1976 ـ يىلى ئوقۇش

پوٚتتوٚروٚپ ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژوٚرنىلى رېداكسىيىسىگە تەقسىم قىلىنغاندىن بوٚيان ، شوٚ رېداكسىيە قارىمىقىدىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژوٚرنىلى ۋە خەنزوٚ تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان «سوٚبھى» ژوٚرنالىلىرىدا باش موٚھەررىر بولوٚپ ئىشلىگەن . ئەبەيدوٚللا ئىبراھىم ھازىر «شىنجاڭ ياشلىرى» ژوٚرنىلىنىڭ ئالىي موٚھەررىرى . ئاپتونوم رايونلوٚق يازغوٚچىلار جەمئىيىتىنىڭ موٚئاۋىن رەئىسى .

ئەبەيدوٚللا ئىبراھىم 1964 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىغان «تالمايدىكەن بىلىكى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . گەرچە ئوٚنىڭ ئىجادىيىتى ھەر خىل ژانىرلاردا بولسىموٚ ، دەسلەپكى باسقوٚچتا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇٚندا تۇرىدۇ . ئوٚ ئىجادىيەتكە يېڭى كىرىشكىنىگە ، ئىجادىيەت ساھەسىدە شەكىلۋازلىق ، شوئارۋازلىق ، سولچىللىق ئاساسلىق خاھىش بولوٚپ كەتكىنىگە قارىماي ، شوٚ يىللاردا يەنە «يوٚلغوٚن چېچىكى» ، «ياشلىق ناخشىسى» ، «تېرىم پەسلى» ، «ھاياتتىن خاتىرىلەر» ، «گوٚل يېزام» قاتارلىق بىر توٚركوٚم شېئىرلارنى يېزىپ ، بوٚ شېئىرلاردا ۋەتەننى ، خەلقنى ، ئەمگەكنى ئوٚلوٚغلاپ ۋە مەلوٚم بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپ ، ئوٚزگىچە ئىجادىيەت يولى توٚتقان ۋە ئوٚزىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئوتتەك قىزغىنلىقى ھەم شېئىرىي تالانتىنى ئاشكارىلىغان . شائىر 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 1980 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گوٚللەنگەن بىر دەۋرىنى باشلاپ ، ئوٚزىنىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان شېئىرىي تالانتىنى ، ئوٚزگىچە كوٚزىتىش ، ئوٚزگىچە پىكىر قىلىش ، ئاجايىپ شېئىرىي ئوٚنوٚم پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى «ئوٚچ غەزەل» ، «خوتەن قەغىزى» ، «ئەتلەسكە موٚخەممەس» ، «موٚقام ھەققىدە موٚخەممەس» قاتارلىق ئېسىل لىرىكىلىرىدا نامايان قىلغان . بوٚ لىرىكىلار ئەبەيدوٚللا ئىبراھىمنىڭ ئاشوٚ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يوٚقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ ، ئوقوٚرمەنلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە كوٚچلوٚك تەسىر قوزغىغان . شائىرنىڭ «قەشقەردە كەچ» ، «قەشقەر باغچىسى» ، «قەشقەر ئوٚستىسىغا» قاتارلىق

شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان «ئۈچ غەزەل» — ئەبەيدۇللا ئىبراھىم لىرىكىلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋردىكى غەزەلچىلىكىمىزدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قەشقەر ھەققىدىكى بۇ بىر يۈرۈش غەزەللەردە شائىر بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىدىكى تىپىك، ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئاجايىپ ھاياجان، قىزغىن مۇھەببەت، ئېسىل مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر خىل ئېستېتىك ئۇنۇم ياراتقان. «خوتەن قەغىزى»، «ئەتلەسكە مۇخەممەس»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ شائىر ئىجادكار، ئەمگەكچان، مەدەنىيەتلىك ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قەغەز، ئەتلەس، مۇقاملارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىمىزدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يۇكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كلاسسىك شەكىللەردە ياخشى يازالايدىغان ۋە ئۇنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىنى ياراتقان ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. بۇ شېئىرلارغا ئوبزورچىلار يۇقىرى باھالارنى بېرىشكەن. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن ئاشۇ شېئىرلاردا شائىر خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادچانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدىغان مۇقام، مەشرەپ، ئۆرپ - ئادەت، گىلەم، ئەتلەس، قەغەز… قاتارلىقلارنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بەدىئىي يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە داستانچىلىقمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ 1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داستان يېزىشقا كىرىشكەن، 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا داستانچىلىقتا ناھايىتى زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن. 1978 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «گۈلزۇپەر»، «پولات»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»، «چىمەندە



www.uyghurkitap.com

تـوي » ، «قارا ۋە ئاق » ، «ھەسەن ـ ھۆسەن » قاتارلىق يىرىك داسـتـانـلارنـى يـېـزىپ ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى . شائىرنىڭ بۇ بىر قاتار داستانلىرى ئىچىدە «قارا ۋە ئاق » داستانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، شائىر بۇ داستانىدا سانائەت تېمىسىنى يازغان ، ئۇنىڭدا كۆمۈركان ئـىـشـچـىـسـى تـەلـئـەتـنـىـڭ كەسىپ ۋە مۇھەببەت جەھەتتىكى سەرگۈزەشتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . داستاندا شائىر ۋەقەلىكنى بـايـان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، يەنە ھايات ھەقىقەت ، گـۈزەللىك ھەقىقەت ، كەسىپ ھەقىقەت ، قەلب ھەقىقەت چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان ھەم يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئەسەرنى مەزمۇن جەھەتتىن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان . «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى » — شائىرنىڭ يەنە بىر يىرىك داستانى بولۇپ ، ئۇنىڭغا باش قەھرىمان سەرسانىينىڭ ئاپەتلىك يىللار — «مـەدەنـىـيـەت زور ئـىـنـقـىـلابـى » مەزگىلىدىكى ئېچىنىشلىق سـەرگـۈزەشـتلىرى ، پاجىئەلىك تەقدىرى ئارقىلىق ، بىر ئەۋلاد زىـيـالـىـيلار باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر ئەكس ئـەتـتـۈرۈلگەن . شائىر داستانىدا مۇكەممەل بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئـارقـىلىق دەۋر رېئاللىقىنى كەڭ ۋە ماھىيەتلىك كۆزەتكەن ۋە مـۇھـىـم مـەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ، ئوخشىمىغان خاراكتېر ئالاھـىـدىـلـىـكـلـەرگە ئىگە بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازىنى يـارىـتـىـپ ، ھـايـات ھـەقىقىدىكى ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . داسـتـانـدىـكـى كـەسكىن زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ، ئوخشىمىغان تەقدىرلەر كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئەتسە ، كۆچلۈك لىرىكا ۋە ئۆزگىچە مۇھاكىمىلەر كىشىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تونۇلغان يازغۇچى . ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شـۇغـۇلـلـىـنـىـپ ، «ئاجايىپ كۆزلەر » ، «يەر » ، «كۈن نەدىن چىقىدۇ » ، «سىرىق سەبـدە » ، «ھـەي ئـادەمـلـەر » ، «ئىنسان قـەدرى » ، «كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ » قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھـېـكـايـىـلـەرنى يېزىپ ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى . يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغاچقا ، بۇ

ھېكايىلەردە تۇرمۇشنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرى يېزىلىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ ھېكايىلەر كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. يازغۇچى بۇ ھېكايىلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي، جانلىق ۋەقەلەرنى، خاراكتېرلارنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ھەم ئەدەبىيلەشتۈرۈپ يېزىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئەخلاق قارىشى، ئادەملىك ساپاسى ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنى، مۇلاھىزىلىرىنى، قاراشلىرىنى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋەقەلىك ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئادەم ھەققىدە ئىزدەنگەن، ھاياتلىقنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار مەقسەت ئەمەس. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ھەجىم جەھەتتىن ئىخچام، ئاممىباپ، ئۆزگىچە قۇرۇلما ماھارىتى بىلەن يېزىلغان؛ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە تىل ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈپ، 1988 - يىلى «تۈندىكى چاقماق» ناملىق تارىخىي رومانىنى، 1996 - يىلى «داغ» ناملىق تارىخىي رومانىنى، 2006 - يىلى «بوز دالا» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى. يازغۇچىنىڭ بۇ ئۈچ پارچە رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان رومانلار بولۇپ، قىزغىن ئالقىشقا، يۇقىرى باھالارغا سازاۋەر بولدى. يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى ھېسابلىنىدىغان «تۈندىكى چاقماق»تا خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە مىلادىيە 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىدا يۈز بەرگەن، خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت، چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا، يەرلىك فېئودال بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق كۆلىمى چوڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى، ئەتراپلىق تۇرمۇش بىلىمى ۋە كۈچلۈك بەدىئىي

تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى ، شەخسلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ يېزىپ ، روماننى ھەم تارىخىي چىنلىقتا ، ھەم بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغان . يازغۇچى رومانىدا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنىمۇ يۈرگۈزۈپ ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . رومانىدا سوپۇرگە ئاخۇن ، سىيىت ھاجى ، ئابلىز قارى ، ئابدۇللا چاققان قاتارلىق بىر تۈركۈم روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ ، يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ . يازغۇچى رومانىدا تارىخىي تەركىبلەر بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلغاچقا ، بۇ رومان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تارىخىي رومان بولۇپ چىققان .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «تۇندىكى چاقماق» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رومانچىلىقىغا ئاساس سالغان بولسا ، «داغ» رومانى ئارقىلىق رومان ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان . «داغ» تارىخىي رومان بولۇپ ، ئۇ ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يىرىك ئەسىرى ، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن نادىر رومانلارنىڭ بىرى . رومانىدا مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ، ئەكسىيەتچى ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ، زالىم بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئەل ـ يۇرتقا ئېلىپ كەلگەن تۈگىمەس بالايىئاپەتلىرى ، ۋەيرانچىلىقلىرى ، بۇنىڭغا چىداپ بولالمىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى ئاساسىدا ئەسەرنى كۈچلۈك تارىخىي چىنلىقتا ئىگە قىلىپ ، خەلقىمىز تارىخىدىكى ئاشۇ بىر قىيتىملىق جەڭگىۋار كۈرەشنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن . يازغۇچى تارىخنى يازغاندا توقۇل تارىخ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، بەلكى يەنە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ، توقۇلمىلار بىلەن ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . تېخىمۇ قىممەتلىك

www.uyghurkitap.com

بولغىنى شۇكى ، يازغۇچى تارىخىي ۋەقەلەرنى ، تارىخىي شەخسلەرنى قايتىدىن كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەردىن ، تارىخىي شەخسلەردىن بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ، روماننىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . يازغۇچى ئۆز ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە تارىخ ئارقىلىق بۈگۈنگە ئىبرەت قىلغان ، ئىنسان ھەققىدە ، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن ، ئاجايىپ جەلپكار ۋەقەلىك ئارقىلىق ئەسەر سۇژىتىنى قانات يايدۇرغان ، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتنىڭ مەھسۇلى بولغان ، كىشىگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرىدىغان نىياز ھېكىمبەگ ، كېپەك دەرۋىش قاتارلىق يېگانە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان . ئۇنىڭدىن باشقا ، روماننىڭ تەسۋىرلەش ، بايان قىلىش ، تىل ئىشلىتىش ، قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن .

روماننىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى نىياز ھېكىمبەگ ، كېپەك دەۋرىش قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىدا گەۋدىلىنىدۇ . «نىياز ھېكىمبەگ قۇۋلۇق ، شۇملۇق بىلەن سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىردە تەڭدىشى يوق بىر ئادەم . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ۋە مەرتىۋە ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئەزىز ۋە قىممەتلىك . ئۇنىڭچە ۋاپا ۋە ساداقەت دېگەنلەر ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان يارامسىز ئادەملەرنىڭ ئويلاپ تاپقان نەرسىسى . ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھايات يولىنى كېسىش نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزگەرمەس ھايات مەنتىقىسى . ئۇ رەزىللىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ جانلىق تىپى ، ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇقنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۈلگىسىدۇر . ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ھەقىقەت ۋە ئادالەت ، دەردمەن ، بىچارىلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىشى . يازغۇچى ··· ئۇنى ماھىيىتى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت قايىنىمىغا ، يەنى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۆز كۈشەندىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئېقىمىغا تاشلايدۇ . نەتىجىدە ، نىياز ھېكىمبەگ بۇ شەپقەتسىز ئېلىشىشتا ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىككىلا سەپتە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ ، ئۆزىنىڭ جىنايەتلىك شەرمەندە ھاياتىنى يىرگىنچلىك ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ» ، «كېپەك دەرۋىش خەلق ۋە ئۇنىڭ غايىلىرىنى

ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ، بۇ يولدا ئۆمۈر بويى ئىزدىنىش ۋە رىيازەت چېكىشنى ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان ، خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكىدىن باشقا ھېچقانداق غەم ، تەشۋىشى بولمىغان ھالال بىر ئادەم . ئۇ ھايات چۈشەنچىسى كەڭ ، تۇرمۇش بىلىمى چوڭقۇر ، ھەممە نەرسىگە ئۆزگىچە قارايدىغان ، ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ سىرى ، ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ساددا پىكرى ، مۇلاھىزىلىرى بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە ئەقىل ئىگىسى » . «كېپەك دەرۋىش بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازلىرى ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنمىغان ، پروزىمىزدا ھېچقانداق بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان پۈتۈنلەي يېڭى ئوبرازلار ، ئۇلارنى ئاپتور ئۆزىنىڭ ماھارەتلىك قەلىمى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىردى »① .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇنىڭدىن باشقا يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «نازىگۇم» درامىسى ، كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «سىرلىق كارۋان» سىنارىيىسىنى يازغان . ئۇنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى ، چاۋشيەن ، ياپونىيە ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى قاتارلىق ئەللەرگە قىلغان زىيارىتى ئاساسىدا يېزىلغان زىيارەت خاتىرىلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى ، ئۇ يەنە ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئاساس قىلغان خاتىرە ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىمۇ گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ يېڭى ئەدەبىي تۈرنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى .

**ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان ، كېرىمجان ئابدۇرېھىم :** «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» قىسمى

---

① مۇھەممەت پولات : «داغ» — «ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى» ، «ئەدەبىيات — چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى» ، 53 ـ ، 63 ـ ، 73 ـ بەتلەر .

# مۇندەرىجە


كۆلەيمۇ ياكى يىغلايمۇ ........................................ 1
تۇمانلىق دۇنيا ........................................ 22
ئۈچ بولكا ........................................ 52
پاختەكلەر ........................................ 58
يەر ........................................ 66
چوكانلار ........................................ 74
ھەي ئادەملەر ........................................ 82
مەن يىغلىماي كىم يىغلايدۇ ........................................ 86
پۇل ........................................ 95
ئاجايىپ كۆزلەر ........................................ 110
سائادەت ........................................ 139
ئاچچىق ئۆرۈك ........................................ 143
ۋىناس ، سەن نىمىشقا چولاق ........................................ 150
خەير - خوش باشلىق ........................................ 164
كۆن نەدىن چىقىدۇ ........................................ 170
ئەما ........................................ 177
بىتەلەي ........................................ 188
ئۆيۈمگە ئوغرى كىردى ........................................ 200
پۇشايمان ........................................ 209
ئادىلە ........................................ 213
ئاھ ، شەپقەتلىك ئانا ........................................ 217
مەن ئوغلۇمنى ئۆردۇم ........................................ 238




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

موزاي ........................................ 247
شەپەرەڭ ........................................ 252
قورقۇنچلۇق يەكشەنبە ........................................ 259
ھېيتلىق ........................................ 266
ئىنسان قەدرى ........................................ 279
مېنى ئەيىبلىمەڭلار ........................................ 294
چىرايلىق چوكان ........................................ 302
ھېساب ۋە ھېسابچىلار ........................................ 312
قار ياغقان كېچە ........................................ 320
ئۈچ دوست ........................................ 342
خىجىللىق ........................................ 360
ساختا قىياپەت ........................................ 364
ساۋابلىق ئىش ........................................ 376
سەھرالىق يولۇچى ........................................ 381
ئاينىڭ يېنىدا يۇلتۇز بار ........................................ 401
خاتىرىلەر ........................................ 421
نادامەت يېشى ........................................ 448
سەرەڭگە ........................................ 464
بوراندا ........................................ 468
گۈل ........................................ 471
ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ........................................ 514
ئانا ۋە بالا ........................................ 521
لەگلەك ........................................ 525
پىلە قۇرتى ........................................ 535
كىتاب ........................................ 544
ئىنسانغا مۇھەببەت ........................................ 551
يالغۇز تېرەك ........................................ 563
سايلام ........................................ 571

بۇمۇ بىر ھېكايە ...................................................... 574
ياقۇت كۆزلۈك ھالقا ............................................ 579
خىسلەتلىك سالام ................................................. 587
ئالا ئاسلان ........................................................ 595
ئالىمجان ئۇيالدى ............................................... 602
گۈلنۇرنىڭ خاتالىقى ............................................. 610
سىرىق سەبدە ..................................................... 617
ئاق كەپتەر ......................................................... 673

قوشۇمچە :

«كۈن نەدىن چىقىدۇ؟» ھەققىدە ..................... جاڭ گودوڭ 1
«سىرىق سەبدە»نى ئاسرايلى .................. نەبىجان ماخمۇت 7
«سىرىق سەبدە»دىن بالقىغان فىنىزملىق خاھىش ..............
.................................................. گۈلجامال مەتىمىن 11

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كۆلەيمۇ ياكى يىغلايمۇ

يۇرتۇمدىن ئايرىلغاندىن بىرى كۈن ئايىنى ، ئاي يىلنى قوغلاپ دېگۈدەك توپتوغرا 12 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت ، كەينىڭگە قارىساڭ ئۇزۇن ، ئالدىڭغا قارىساڭ قىسقا تۇيۇلىدىكەن . شۇ ئۇزاق 12 يىل ئىچىدە ئوقۇدۇم . چوڭ شەھەردە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدۇم ، يېشىمغا ياش ، ئەقلىمگە ئەقىل قېتىلدى . مانا ئەمدى تۇغقان يوقلاپ يۇرتۇمغا كېلىپ ، ماڭا تونۇش ئېتىزلارغا ، يۇرت مويسىپىتلىرىگە ئوخشايدىغان كاداڭ دەرەخلەرگە ، كوچىلارغا ، كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەرگە ، ھەتتا كۈندۈزلىرى قۇياشقا ، كېچىلىرى ئايغا يېپيېڭى بىر نەزەر بىلەن قارىماقتىمەن ، كۈن بىلەن ئايدىن ئۆزگە ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەندەك قىلىدۇ ، مەھەللە سىياقىغا كىرگەن ، ئۆز ۋاقتىدىكى كەڭ ـ كەڭ سالا ئېتىزلار ئەمدى ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك قىرغا تولۇپتۇ ، ئىشىنىڭ ئېپى ـ جېپىنى ئۇقىدىغان ، نامراتلىقنى نومۇس دەپ بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ ، چۆنتىكىدە پۇل پەيدا بولۇپتۇ ، ئەقەللىيسى كەتمەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆيىمىزنىڭ كەينىگە قويغان ئىككى تۈپ ئۆرۈك كۆچىتىمۇ مېۋىگە كىرىپ ، سايىسى ئۆگزىنى ياپقۇدەك بولۇپ قاپتۇ .

بىر ئايلىق رۇخسەت مۇددىتىمنىڭ ئاخىرقى چېكى كۆرۈنۈپ قالغاچقىمۇ ، كەلگەن كۈندىن باشلاپ داۋام قىلىۋاتقان مېھماندارچىلىققىمۇ ئەمدى چەك قويۇشقا توغرا كەلدى . كەلگەنلا تەكلىپنى قوبۇل قىلىۋېرىدىغان بولسام ، ھەتتا بىر يىلمۇ ئازلىق قىلىدىغان گەپ . دۇرۇس ، مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلدۇم ، چوڭ بولدۇم ، ئوقۇۋېتىپ بولمىسۇن ، دېھقانچىلىق قىلىۋېتىپ

بـولـمـسۇن ، چوڭنى چوڭ دېمەي ، كىچىكنى كىچىك دېمەي ئـاشـنـادارچىـلـىق قىلدىم ، هازىر بولسا ئۆزۈم چوڭ شەھەردە تـۇرـمەن ، خېلى ئاتىقى بار يازغۇچى بولۇپمۇ قالدىم . كىچىك چاغلىرىمدا بىللە ئوينىغان ئاداشلىرىمنىڭ ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ مېنى كۆرگۈسى ، كەڭ قوللۇق بىلەن داستىخان هازىرلاپ كۈتۈۋالغۇسى كېلىدۇ .

بىراق ، ئاخىرقى كۈنلەردە يېشى بىر يەرگە بېرىـپ قـالغـان ئاتا - ئانام بىلەن كۆپرەك بىللە تۇرۇپ ، ئوبدانراق مۇڭدىشىۋال-ـمـىـسـام ، قـېـنىـشىۋالمىسام قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارغۇ رەنجىپقۇ يـۇرمـەيـدۇ ، لـېـكـىن مەن يەنە قانچە يىلدىن كېيىن بۇ يەرگە كـېـلـەلـەيـمەن ، ئۇ چاغدا كىم بار ، كىم يوق ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .

ئـاۋغـۇسـتـنـىـڭ بـىر يەكشەنبىسى ، هاۋا جىمى جانلىقنى تـۇنجـۇقـتـۇرۇپ قويغۇدەك ئىسسىق ۋە قۇرغاق ئىدى . غەربكە ئېگىلگىنىگە قارىماي چوغدەك يېلىنجاۋاتقان قۇياش ، ئاسماندىن ئۇرغان كۈچلۈك شامالغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك باش ئېگىپ ، سـولـىـشـىپ ، سالپايغان تېرەك يوپۇرماقلىرىنى تۇگۈلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان . ئارىلاپ چىقىپ قويىدىغان شامالمۇ گۇرۇلدەپ يېنىۋاتقان مەش ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان يالقۇندەك قىزىق ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى تال بارىڭى ئاستىدىكى سالقىن سۇپىغا جەم بولۇپ ، بەھۇزۇر سەگىدىمەكتە ئىدۇق .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم تۇغقانلار !

پـاراڭ بـىلەن بولۇپ كېتىپ ، هويلا دەرۋازىسىنىڭ قانداق ئېچىلغىنىنى ۋە بىر كىشىنىڭ قانداق كىرىپ كەلگىنىنى تۇيمايلا قاپتۇق .

سالام بېرىلىشى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ئورنىمىزدىن تۇردۇق ۋە سالام ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، كىرگۈچىگە سۇپىدىن جاي كۆرسەتتۇق . بىراق ، ئۇ ئالدى بىلەن مەن ۋە كېيىن دادام بىلەن سىپايىلەرچە قول بېرىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، تۆت قەدەم

كەينىگە داجىپ، بويىنىنى قىسىپ قول باغلاپ تۇرۇپ:

— يوقسۇ، يوقسۇ، مۇشۇنداق تۇرۇپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، مۇشۇنداق تۇرىۋېرەي ... — دېدى.

— ئېلاخۇن، سۇپىغا ئۆتسىلە، تۇزۇت قىلغانلىرى يېمىسى، خۇددى يات ئادەمدەكلا، — دادام سۇپىدىكىلەرنى نېرى - بېرى قىلىپ، داستىخان ئالدىدىن يەر بىكارلىتىۋېتىپ دېدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، قاسىمجاننى كەپتۇ دەپ ئاڭلىغىلى خېلى كۈنلەر بولدى، ۋاقتىدا كېلىپ كۆرۈشۈپ كېتەلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللار تولا ئاغرىپ ئارام بەرمىدى، مانا بۈگۈن قاسىمجاندىن ھاردۇق سورىغاچ، ئۆيىمىزگە چىللىغىلى كېلىشىم. شۇنداق، شۇنداق، چىللىغىلى كېلىشىم...

بىر قاراشتىلا 44 - 45 لەردىن ھالقىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ساقال - بۇرۇتلىرى خۇددى ئېشەككە ئېسىپ قويغان قاغا چاڭگىسىدەك گىجەكلىشىپ كەتكەن، تومۇز بولۇشىغا قارىماي ياماق سېلىنىۋېرىپ توقۇمدەك قېلىنلىشىپ قالغان پاختىلىق چاپان كىيىۋالغان بۇ كىشىنى دەماللىققا تونۇيالمىدىم.

«دادامنىڭ تەلەپپۇزىغا قارىغاندا، بۇ كىشى بىزگە تۇغقان كېلەمدۇ، نېمە، يا كىچىك چاغلىرىمدىكى ئاداشلىرىمنىڭ بىرىمدۇ ياكى... »

يېقىن - يىراق تۇغقانلارنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆز ئالدىمدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى كىچىك، ئىلمەك بۇرۇن، سېرىق چىراي كەلگەن بۇ كىشىنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ كۆردۇم، بىراق ھېچكىمگە ئوخشىتالمىدىم، ئاخىر ئۇنىڭ ئېگىلگەن قەددىگە، ھاياجانغىمۇ، خۇشاللىققىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر خىل كۈلۈمسىرەش ئۇيۇپ قالغان چىرايىغا سەپسېلىپ قاراۋېرىشتىن خۇدۇكسىرەپ قالدىم، ئەگەر يەنە قاراۋېرىدىغان بولسام ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن پور تىرناقلىرى، قارىيىپ كەتكەن يالاڭ ئاياغلىرى، تىزىنى ئاران يېپىپ تۇرغان ئىشتىنى، يۇڭلىرى بۆرتۈپ چىققان تېرە تەلپىكى

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ، قىسقىسى ، يىگىرمىنچى ئەسىرنى مەسخىرە قىلىپ تۇرغان پۇتكۇل بەستى ئۇچۇن ئىزا تارتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . ئەگەر كۆڭلى زىلىراق بىرى بولسا ، ھەتتا مەندىن رەنجىپمۇ قالاتتى .
ئاخىر بۇ مېھماننىڭ بىر خىللا ھىجىيىپ ، بىر تەرىزدە ئۆرە تۇرۇۋېرىشىدىن ئۆزۇمچە ئوڭايسىزلاندىم ـ دە ، سوئال نەزەرىدە دادامنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم .
بۇ كەمتەر ، ئاۋارە مېھماننى ئولتۇرغۇزۇش بىلەن خېلىدىن بېرى ئاۋارە بولۇۋاتقان دادام :
— تونۇمىدىڭمۇ ، ئوغلۇم ؟ ئۇ ھېلىقى سادىر ئاخۇننىڭ ئوغلى ئېلاخۇن بولىدۇ ، رەھمەتلىك سادىر ئاخۇن بىزگە يىراق تۇغقان كېلىدىغان ، ئېلاخۇنمۇ ئەلۋەتتە يات ئەمەس ، — دېدى ۋە باش لىڭشىتىپ گېپىنى تەستىقلاپ تۇرغان مېھماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — ئېلاخۇن بەلكىم ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قالمىغاندۇ ، سىلەر تېخى ئىككى ـ ئۈچ يىل بىللە ئوقۇدۇڭلارغۇ دەيمەن ، — دەپ قوشۇپ قويدى .
دادامنىڭ سۆزىدىن «تۇغقانلارنى ، ساۋاقداشلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالما» دېگەندەك بېشارەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش چىقىپ تۇراتتى . دېمىسىمۇ ، دادامنىڭ ئويلىرى يوللۇق ئىدى . بىراق ، ماڭا نېمە ئامال ، ئادەملەر يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغۇ ئاخىر…
— ئوغلۇم ، راستىنىلا ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ، ھېلىقى سادىر ئاخۇنچۇ ، ھېلىقى… ھېلىقى…
دادام نېمىندۇر يادىمغا سالماقچى بولغاندەك قوللىرىنى ئوينىتىپ ، تۇرلۇكچە ئىشارەت قىلاتتى ، قىينىلاتتى .
«ھېلىقى سادىر ئاخۇن دېگىنى زادى كىم بولغىيدى ؟ »
شۇ ئەسنادا پاقالچىقىدىن تەر ساقىپ چۇشۇۋاتقان ، بەئەينى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك ئۆرە تۇرغان مېھمان توساتتىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ، تىلىنى چىقىرىپ قويدى ـ دە ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ قاقىرام بولۇپ كەتكەن دالانغا تىز چۆكتى . بېشىنى ئېگىپ ،

كۆزلىرىنى يۇمدى . ئاستا تەۋرىنىپ ئولتۇرۇپ ، قوللىرىنى دۇئا قىلغان قىياپەتتە ئالدىغا سوزۇپ ، چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئايەتنى ئوقۇغىلى تۇردى .

«سادىر ئاخۇن ، سادىر ئاخۇن ، ئەمدى يادىمغا ئالدىم !»

مەن توۋلىۋەتكىلى تاس ـ تاس قالدىم ، چۈنكى كۆز ئالدىمدا كىچىك چېغىمدا ئۇلۇغ يولنىڭ بويىدا مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان سادىر ئاخۇن دىۋانە پەيدا بولدى . ئارقىدىنلا ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىلەك يادىمغا يەتتى . ئۇ چاغدا ئىلەك مەن بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدا بىللە ئوقۇيتتى . مەكتەپتىن قايتتىمۇ ، دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالاتتى ـ دە ، بىر دۆۋە لاتا ـ پۇرۇچقا ئورالغان ئۇ سەبىي بىچارە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ ، يۈرىكىگە ھېسداشلىق ئوتىنى يېقىۋېتەتتى . مېنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىمۇ ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ، مۇئەللىملەرنىڭ نەسىھەتلىرىمۇ ۋە ياكى كەپسىز بالىلارنىڭ چالما ئېتىپ مەسخىرە قىلىشلىرىمۇ ئۇنى دادىسىغا بېرىدىغان «ياردىمى»دىن قول ئۈزدۈرەلمىگەنىدى .

كارامەت دېگەن مانا شۇ ، مەن تونۇيدىغان ئاشۇ ۋىجىك ، قورۇق ئىلەك شۇنداق ئۆزگەرگەنىدىكى ، ئۇنىڭ ھازىرقى چىراي ـ تۇرقى مەرھۇم دادىسىنىڭكىگە خۇددى تىرىسىنى چاپلاپ قويغاندەك ـ ئوخشاپ تۇراتتى .

ئىلەكنىڭ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن تاللىۋالغان بۇ چارىسى ماڭا ئانچە يېقىپ كەتمىگەن ۋە كۆڭلۈمنى ئاز ـ تولا غەش قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە ، يۆلەشتۇرۇۋېتىپ :

— ئېسىم قۇرۇسۇن ، ئاداش ، سەن ئىلاخۇنغۇ ، دەماللىققا تونۇيالماي قاپتىمەن ، كۆڭلۈڭگە ئالما جۇمۇ ، — دېدىم ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا .

ئۇ سەنلەپ خىتاب قىلغىنىمدىن سەل چۆچۈگەندەك بولدى ۋە يەنە قول باغلىغان پېتى ئۆرە تۇرىۋەردى . يېنىمغا



www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغۇزالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەچ ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم .

— ئەمىسە مەن قايتاي ، سەل تۇرۇپ غىرىبانە كەپىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ بىر پىيالە چېيىمىزغا داخىل بولارلا .

ئۇ چاپىنىدىن ئۇزۇلۇپ چۇشەي دەپ قالغان بىر پارچە لاتىنى ئويناپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ـ دە ، 12 ـ ئاينىڭ سوغۇقىدا سۇغا چىققان يېتىمچىدەك شۇمشەيگەن ھالدا كەينىگە بۇرۇلدى .

ئۇ شۇنداق تېز بۇرۇلۇپ ، شۇنداق تېز غايىب بولدىكى ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر ـ ئىككى سېكۇنت ۋاقىت ئۇقۇمىمدا بىر بوشلۇق ھاسىل قىلدى . مېنىڭ يا «ماقۇل» ، يا «ياق» دېيىشىمگە زادىلا ئىمكان بولمىدى .

يەنە ھېلىقى گەپ ، ئىلكىمدە قالغان مۇشۇ قىسقىغىنا ئۇچ كۈن ئىچىدە ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغۇم يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ھال ـ ئەھۋالى بۇ تەرىقە تۆۋەن بىر كىشىنىڭكىدە مېھمان بولىمەن ، دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە قىلىشنىڭ ئۆزى ئانچە قاملاشمىغان بىر ئىش بولاتتى .

«ياكى بارمايلا قويايمۇ ؟ ياق ، نامراتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭلى بار ـ دە ، مۇبادا ئۇ مېنى نامرات كۆرۈپ كۆزگە ئىلمىدى ، تۇغقانچىلىقنى ئۇنتۇدى ، دەپ رەنجىپ قالسا قانداق بولغىنى ؟» مېنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقىنىمنى تۇيغان دادام :

— ئوغلۇم ، دۇنيادا نامراتنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقاندىن يامان ئىش يوق . مەيلى بارغىن ، شۇ باھانىدە ئۇ بىچارىنىڭ بالىلىرىغا تۆت ـ بەش كوي تۇتقۇزۇپ قويارسەن ، بۇمۇ بىر پۇرسەت ، — دېدى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ .

دادام ئەنە شۇنداق كىچىك پېئىل ۋە تۇغقاندارچىلىقى كۈچلۈك ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ سۆزى بىلەن كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى ، بىردەمدىن كېيىن كىچىك ئۇكامنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرۋازىدىن چىقتىم .

ھېلىمۇ ياخشى ، ئېلەكنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن .

www.uygurkitap.com

بىز 50 ـ 60 مو كېلىدىغان بىر زاراتگاھلىقتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ياردائلىقنىڭ يېنىدىكى چىغىر يولغا چۈشتۇق ، ئۇكام بىر ئوچۇقچىلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— ئىبلەك سالۋانىڭ ئۆيى ئاشۇ ، — دېدى . مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم . كېتىۋېتىپ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدىم :

— ئىبلەك سالۋا دەيسەنغۇ ، سالۋا دېگىنىڭ نېمىسى ؟

— سالۋا ، سالۋا دېيىشىدىكەنغۇ ، سالۋا دېگەن نېمە دەپ سورىسام ، دادام : «تەييارغا ھەييار بولىدىغان بىر خىل ھۇرۇن قۇش» دېگەندەك قىلىدىغۇتاڭ ، — دېدى ئۇ بەئەينى بىرنېمىدىن يىرگەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ . ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، قايتىپ كېتىمەن ، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى . مەن ئۇنىڭ رايىغا باردىم . ئىبلەكنىڭ ئۆيى سىرتتىن قارىغاندا ئۆي ئەمەس ، بەلكى يوغان بىر دۆۋە شاخ ـ شۇمبىغا ياكى دۆۋىلەپ قويۇلغان قوناق شېخىغا ئوخشايتتى . شاخ ـ شۇمبا ياكى قوناق شېخى دۆۋىسىمىكىن دېسەڭ ، چىغىر يولغا تۇتاشقان تەرىپىدە ئۇجمە تاللىرىدىن توقۇلغان بىر ئىشىك تۇراتتى . ئۆي ئەتراپىدا ئۆرۈك ياكى ئۇجمە چاغلىق بىرەر تۈپ كۆچەت بولسا ، كىمنىڭمۇ دەردى !

«كەپىنىڭ سىرتى بۇنداق بولسا ئىچى قانداقتۇ ؟» دېگەن قىزىقىش بىلەن قەدىمىمنى ئىتتىكلەتتىم ـ دە ، تال ئىشىكنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، كىچىككىنە ھويلىنىڭ ئىچىگە كىردىم .

مەن ئۆزۈمنى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەمەس ، بەلكى كونا تاش قورال دەۋرى ، ھېچبولمىغاندا ئىپتىدائىي جەمئىيەت مۇزېيىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتقىنىمدا ئىبلەك چىقىپ كەلدى ـ دە ، قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ ، رەسمانە تىنچلىق سورىغاندىن كېيىن مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى .

ئۆي ئىچى تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن ياخشىراق بولۇپ چىقتى . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆيدە ئادەمزاتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر — قازان ـ قومۇچ ،

ئىككى سوغا ، تارشىدەك قېتىپ كەتكەن بىر پارچە پالاس بار ئىدى .

ئېلەك مېنى سۈپىغا باشلىدى . ئولتۇرۇپ بولۇشۇمغىلا تاشقىرىدىن كىردىمۇ ياكى يەردىن ئۈندىمۇ ، ئىشقىلىپ پىيازلىقتىكى قارانچۇققا ئوخشايدىغان ئۈچ - تۆت بالا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى ، سۈس يورۇپ تۇرغان ئۆيدە كۆزلىرىنى مۈشۈكياپلاقنىڭ كۆزىدەك پارقىرىتىپ ماڭا قارىغىلى تۇردى .

كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان شولا يېتىشمەيۋاتامدۇ ياكى بالىلارنىڭ يۈز - كۆزى مەينەت بولغانلىقتىنمۇ ، ئۇلارنىڭ نەچچىسى ئوغۇل ، نەچچىسى قىز ئىكەنلىكىگە دەماللىققا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايتتى . بەزىسى بۇرنىنى كولىغان ، بەزىسى دېنى قالمىغان كۆكباشنىڭ مەدىكىنى غاجىلاۋاتقان ، بەزىسى سالمىدەك ساڭگىلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان ماڭقىسىنى سۈرتۈۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇپ ، مېنى خۇددى ئۆمرىدە كۆرمىگەن بىر غەلىتە مەخلۇقنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك كۆزەتمەكتە ئىدى . تاسادىپىي كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغانلىرى بولسا ، ئۆزىنى يەنە بىر قېرىندىشىنىڭ دالدىسىغا ئالاتتى .

لايىقىدا تەربىيە كۆرمەك تۇگۇل ، يورۇق دۇنيانىڭ ئەڭ ئەقەللىي كاپالىتىدىن مەھرۇم قالغان بۇ بالىلارغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى . پۇتكۇل زېمىننى قاپلىغان ، بىز ھەر كۈنى ھەشقاللا - تەشەككۇر ياغدۇرۇۋاتقان ئىسلاھات ، دەۋر شامىلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى بۇ كەپىنى ، بۇ ئاۋارە بالىلارنى ئۇنتۇپ كەتكىنىگە ئەپسۇسلاندىم .

كۆزلىرىم ئېچىشىپ ، يۈرىكىمگە مۇڭ قاپلاشقان ھامان قولۇمنى ئىختىيارسىز تۆش يانچۇقۇمغا ئۇزارتتىم - دە ، بەش كويلۇق تىزىدىن تۆتنى ئېلىپ بالىلارغا تەڭلىدىم .

— كېلىڭلار بالىلىرىم ، مۇنۇنى ئېلىڭلار ، ئاز بولسىمۇ ئاتا - ئاناڭلار خەج - خىراجەت قىلىپ بېرەر .

ھەرقانچە كۆلۈمسىرىگىنىم بىلەن ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچبىرى ئالدىمغا كېلىپ پۇلنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى .



www.uyghurkitap.com

ئەكسىچە ، پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان بىرنەرسىنى تەخلەۋاتقاندەك ، بىرنىڭ كەينىگە بىرى ئۆتۈپ ، تا دۈمبىسى ئىسلىشىپ خۇمداندەك قارىداپ كەتكەن تامغا تاقاشقىچە چېكىنىشتى .

— ئېلىڭلار بالىلىرىم ، ئېلىڭلار ، قېنى قايسىڭلار يامان ، بېرى كېلىڭلار .

بەلكى داستىخان بولسا كېرەك ، رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر پارچە لاتىنى قېقىشتۇرغاچ ، ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدىكى بىر تۆشۈكتىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئېلەك قولۇمدا دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان پۇلنى ناھايىتى تېزلىكتە كۆرۈۋالدى ـ دە ، بۇ يەردە قانداق بىر هال هۆكۈم سۈرۈۋاتقىنىنى ئاڭقىرىۋالدى . ئالىقىنىنى يوتىسىغا سۈرتكەن پېتى ئالدىمغا كېلىپ پۇلغا قول ئۇزارتتى .

— هەي ، بۇ يېتىم ئوغۇللار پۇل نېمە ، قەغەز نېمە ، هېچنېمىنى ئۇقمايدۇ . پەقەت ئاش ، نان دەپ ۋارقىراشنىلا بىلىدۇ ، — ئۇ بىر بۇرجەككە تۇگۇلۇۋېلىشقان بالىلارغا ئالىيىپ قويۇپ ، هېلىقى تۆشۈك تەرەپكە قاراپ توۋلىدى ، — هوي ئانىسى ، چاپسان بۇ ياققا چىقىڭلار !

ئۆيدىن ساندۇقتەك يوغان ، سۇت دېغى بىلەن قېتىپ كەتكەن ماتا كۆڭلىكى ئىچىدىكى كۆكسى لەپەڭشىپ تۇرىدىغان قارىمۇتۇق بىر ئايال چىقىپ كەلدى ۋە ئېرىنىڭ قولىدا تۇرغان پۇلنى كۆرۈپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى .

— قېنى خوتۇن ، بۇ شەپقەتلىك تۇغقىنىمىزغا رەهمەت ئېيتىلى !

ئېلەك هاياجىنىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپ ، پۇلنى ئاۋايلاپ قاتلاپ قويۇن يانچۇقىغا پۇختا جايلاشتۇردى . پاقالچىقىغا تاياق تەگكەندەك تىزلىنىپ ، هەققىمدە دۇئا قىلغىلى تۇردى .

ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمسىلا سىرغىپ چىقىدىغان ئىككى تامچە يېشى ، قىيسايغان بېشى ۋە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەۋاتقان گەۋدىسىنىڭ توختىماي ئىرغاڭلىشى ، سونايىنىڭ ئۇندەك زىل ،

ئەمما مۈڭلۈق ئاۋازى مەرھۇم دادىسىنىڭكىگە شۇنچىلىك ئوخشايتتىكى، ئاردىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ، بىر ئەۋلادنىڭ ئورنىدا يەنە بىر ئەۋلادنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيلا قالدى.

ئۈزۈنغا سوزۇلغان دۇئا ۋە تەشەككۇر ـ تەۋەززۇلاردىن كېيىن، ئېلەك قولۇمغا سۇ بەردى. ھېلىقى تۆشۈكتىن كىرىپ كېتىپلا يوغان بىر لېگەن پولۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئالدىمغا قويدى.

پولۇنىڭ ۋە خورمىدەك قىزىرىپ پىشقان گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىغىمغا ئۇرۇلۇپ، سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ھەممىسىنى غىدىقلىۋەتتى. ياق، سەزگۈ ئەزالىرىملا ئەمەس، پىكرىمنىمۇ قوزغىتىپ، مېنى بىر سىرلىق تېپىشماقلار دۇنياسىغا باشلاپ كىردى. كونا چاپان، ئەسكى پالاس، ئاچ ـ زېرىن باللار بىلەن تولغان، يەنە كېلىپ تۆت موچەنگە يارىغۇدەك ئەڭنى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە خۇددى بىر كىم سېھىر ـ جادۇ قىلغاندەك، مەززىلىك پولۇ ۋە سېمىز گۆشنىڭ پەيدا بولۇشى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— بۇنچىلىك كايىمىساڭلارمۇ بولاتتى، ئېلاخۇن، گەپ يېمەك ـ ئىچمەكتە ئەمەسقۇ، — دېدىم مەن لېگەننى ئېلەكنىڭ ئالدىغىراق ئىتتىرىپ، — قېنى، يەڭگىمىز، باللارمۇ كەلسۇنچۇ!

— يوقسۇ، باللار ئىچكەركى ئۆيدە ئولتۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، پولۇ بىلەن زاغرىنىڭ تەمى ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش.

ئېلەك قول بېغىشىدا ساڭگىلاپ تۇرغان لاتىلارنى جەينىكىگە سىيرىپ قويدى. گۆشنى توغراپ، ئاش ئۈستىگە دۆۋىلىدى، ئۆزى بىر تال ئۈستىخاننى غاجىلىغاچ خوش ئەتتى.

پولۇ خېلى ئوخشىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر يوشۇرۇن قول كېكىرتىكىمدىن چىڭ سىقىۋالغاندەك ئىشتىھايىم قوزغالمايۋاتاتتى. گۈرۈچلەرنى ئۈچ بارمىقىمنىڭ ئۇچى بىلەن مونەك قىلىپ، كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا ئاغزىمغا سالاتتىم، بىر تەرەپتىن، ئۆي ئىگىسىنى چىقىمدار قىلىپ قويدۇممىكىن دەپ خىجالەت بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ بىر ۋاخلىق غىزانىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاپ،

ئۈنى ئىشتان ۋە كۆڭلەككە سۇندۇراتتىم ، كۆكباش مەدىكىنى غاجىلاۋاتقان بالىلار ، بالىلارنىڭ ئانىسىنىڭ كونا ئىشتاندىن كۆرۈنۈپ قالغان تىزى كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى .

— قېنى ، چوڭ – چوڭ باقسىلا ، چوڭ – چوڭ باقسىلا…

كۆز ئالدىمدا يەنە ھېلىقى بالىلار ، ساپسېرىق كۆكباش مەدىكى ، تۆت بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان چوپچوڭ بىر ئايالنىڭ تىزى…

ئېلەك لېگەندىن ئارانلا قوشۇقنىڭ بېشىدەك يەرنى بىكارلىغىنىمنى كۆرۈپ ، تەكەللۇپىنىڭ ۋە گۆشنى ئالدىمغا ھەدەپ ئىتتىرگىنىنىڭ ئۈنۈم بەرمەيۋاتقانلىقىنى تۇيدى بولغاي :

— قېنى سىلە ، خوتۇن ، پولۇنى بەك ياغلىق قىلىۋەتكەن ئوخشايسىلە ، مېھماننىڭ كۆڭلى تارتمىدى ، بولۇڭلار چاپسان ، داستىخىنىڭلارنى ئاچىڭلار ، — دېدى ھېلىقى تۆشۈككە قاراپ بويىنىنى سوزۇپ .

ئۆزرىلىرىمۇ ، قارشىلىقلىرىمۇ بىكار كەتتى . خوتۇن بولغۇچى ئېرىنىڭ بۇيرۇقىنى پەرمانبەردارلىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈپ ، بۇس ئۆرلەپ تۇرغان بىر لىگەن گۆشنى ئاچىقىپ ئالدىمغا قويدى .

«مانا بۇ كارامەتنى كۆرۈڭ ، كۆزگە ئىلمىغان چوماق باشنى يېرىپتۇ ، دېگەن مۇشۇ – دە !» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ ، بۇ كارامەتلەرگە ھەيرانۇ ھەس قالدىم .

لېگەندە تۇرغىنى ئالاھازەل بىر قوينىڭ تۆتتىن بىرى ئىدى . بۇنچىلىك گۆشنىڭ پۇلى مۇشۇنچىلىك بىر ئائىلىلىك نامرات ئۈچۈن كەم دېگەندە تۆت كۈنلۈك ئوزۇقتا يارايتتى .

گېلىمغا يەنە ھېلىقى كۆكباشنىڭ مەدىكى مەھكەم قاپلىشىۋالدى . ساھىبخانىنىڭ زورلاشلىرىمۇ ماڭا تەسىر قىلالمىدى .

«باردا پولدۇرۇڭ – پولدۇرۇڭ ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ» دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ ! مېنى مۇشۇنچە كەڭ قوللۇق بىلەن مېھمان

قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ــ ھە؟ بۇنچىلىك سېخىيلىقتىن نېمە پايدا، يا بۇلارنىڭ دۇنيادەپىنىسى ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرامدىغاندۇ؟

مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نازۇنېمەتلەر ۋە بۇ نازۇنېمەتلەرگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان ۋەيرانە تۇرمۇش سىلىشتۇرمىسى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. كەسپىي سەزگۈرلۈكۈم ۋە ئالاھىدىلىكىم مېنى بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتىشكە دەۋەت قىلغىلى تۇردى.

— قارىغاندا، ھال ــ كۇنۇڭلار يامان ئەمەس ئوخشىمامدۇ، ئېلاخۇن؟

ئۇ قوۋۇزىغا توشقۇزۇۋالغان گۆشنى چايناۋېتىپ، جاۋاب بەردى:

— خۇداغا شۈكۈر، ئىلكىمىزدە بارى ئۆزىمىزگە يېتىدۇ.

— بىرەر ھۈنەر قىلىدىغان ئوخشىماسىلەر؟

— يوقسۇ، ھۈنەر ــ پىشە ئۆگەنمەپتىكەنمىز.

— ئەمىسە دېھقانچىلىققا تايىنىدىكەنسىلەر ــ دە، ئاشلىقنىڭ باھاسىمۇ يامان ئەمەس، دەيدۇ.

ئېلەك قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ مايلىشىپ كەتكەن ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، ئاپقۇردىكى شورپىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ۋە:

— قاقىرامىدا قاقىلىنىپ، زېمىستاندا شۈمشىيىپ نېمە كەپتۇ. ئېتىزدا مۇشەققەت تارتىپ، توپا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن كىشىنى كۆرسەم كۈلگۈم كېلىدۇ.

«ئەمىسە ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟» دېگەن سۆز ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كەلدىيۇ، يېگەن تۇزنىڭ ھەققى ــ ھۆرمىتى ئۇچۇنلا گەپنى ئاياپ قالدىم، بىراق، ئۇنىڭ ھارامزادىلىك، كۆرەڭلىك چىقىپ تۇرغان بۇ گەپ ــ سۆزلىرى بايىقى ياۋاش، مۇلايىم ئېلەكنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ كۆزىنى ئېپىقچىشقا ئامالسىز قىلىپ، سۆزىنى ئۇلىدى:

— ئالدى بىلەن ئۇلۇغ خۇدا، ئاندىن قالسا كومپارتىيە بار.

دادام رەھمىتىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتتۇق . ئېشقىلىپ ، بولسىمۇ يوق دەپ ، توق بولساقمۇ ئاچ دەپ ، يالىڭاچ مۇرىمىزنى كۆرسىتىپلا يۈرسەك ، قۇتقۇزۇش دېگەن كېلىپ تۇرىدىكەن ، مۇشۇ ھۆكۈمەتنىڭ نامراتنى يۆلەيدىغان ، پۇقراسىنى ئاچ ـ يالىڭاچ قويمايدىغان يېرى بەك ئوبدان ـ دە ، قانداق دېدىم قاسىمجان ؟

«ھە ، مۇنداقكەن ـ دە » دېدىم ئىچىمدە ۋە ئۇنىڭ خۇنۇك يۈزىگە شالاققىدە تۇكۇرۇۋەتكۈم كەلدى . مەندىن تەستىق تەمە قىلىپ ھجىيىپ تۇرغان بۇ تىرىكتاپ نەزىرىمدە گويا بىر ئۆلۈمتۈك قۇرتقا ، يەپ تويمايدىغان بىر توڭگۇزغا ئايلاندى . لېكىن ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن ھومىيىشتىن ، ئىككى ئېغىز قاتتىق تەگكۈدەك گەپ قىلىپ ، تەرلىتىپ قويۇشتىن ئۆزگە ئامالىم يوق ئىدى . مەن كۆزۈمگە بىر دۆۋە ئوغا بولۇپ كۆرۈنگەن لېگەننى نېرىراق ئىتتىرىپ قويدۇم ۋە دېدىم :

— ئېلاخۇن ، بۇ قىلىقىڭلار زادى بولماپتۇ ، ھۆكۈمەتنىڭ سىلىنى يۆلىگىنىگىغۇ ئىچىم قىزىۋاتقىنى يوق ، مەسىلەن ، ئېيتايلۇق ، بىر كىم كۆتۈڭلىدىن قانچە يۆلىگەن بىلەن شوتىغا ئۆزۈڭلىمۇ ياماشمىساڭلار ئۆگزىگە چىقالمايسىلەرغۇ ، ھازىر دېھقان ئۈچۈن ھال ـ كۈننى ياخشىلاشنىڭ ئىمكانىيىتى تولا ، قۇربىتىڭلىنىڭ بارچە ئىشلىسەڭلە ، ئەنە ئاۋۇ قىزىل گۆش بالىلىرىڭلىنى ئوبدانىراق كىيىندۈرسەڭلە...

ئۇ يەنە بىر قېتىم كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن :

— بىز ئۆزغۇ ، گەپنى يوشۇرماي ئېيتسام ، ئۆگزىگە چىقىپ قالغۇم يوق . ئۆگزىگە چىقىپ قالدىمۇ ، ھۆكۈمەت مېنى يۆلىمەيدۇ ، بېرىدىغان ياردەمدىنمۇ قۇرۇق قالىمەن ، بالىلىرىمغا كەلسەم ، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىزىل گۆش پېتى تۇرغىنى خوپ . مانا بۇگۈن ئۇلارغا ئەڭ كونا كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويدۇق ، — دېدى كۆزلىرىنى سىرلىق قىسىپ قويۇپ .

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭلار ؟

— ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا ، بۇ جايغا كەنت باشلىقى بىلەن سېكرېتارنىمۇ چىللاپ قويۇۋىدىم ، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە مانا مۇشۇ قىياپەتتە كۆرۈنۈش كېرەكقۇ ، بولمىسا...

باياتىن بېرى بىردەم ئېلەكنىڭ ، بىردەم ئۇنىڭ ئايالىنىڭ پات - پات تاشقىرىغا چىقىپ كىمنىڭدۇر يولىغا تەلمۈرۈۋاتقىنىنى يادىمغا ئالدىم ۋە :

— ئۇلارنى مېھمان قىلىپ نېمە تاپاتتىڭلار ، يەيدىغاننى يەيدۇ - دە ، پېشىنى قېقىپ كېتىدۇ شۇ ، — دېدىم مەسخىرە ئاھاڭدا .

— بايام دېدىمغۇ ، ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا ، ھازىرقىدەك چاغدا ئۇلارنى مېھمان قىلمىساق ، بىزنى نامرات سايلىماسلىقى تۇرغانلا گەپ ، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن نامرات سانى ئاران ئالتە ئىكەن ، نامرات سايلىنىمىز ، دەپ تالىشىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس .

— شۇنچىۋالا چىقىمدار بولۇپ نامرات سايلىنىپ نېمىمۇ تاپارسىلەر ، ئۇيالساڭلار بولمامدۇ ، نامرات دېگەن شۇنچە چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان گەپمىكەن ؟

— سىلى بىلمەيدىلا ، بۇ قېتىم سايلانغان نامراتلارنى ناھىيىدىن بىۋاستە ھۆددىگە ئالىدىكەن ، دېگەن گەپ بار . مۇبادا سايلىنىپلا قالساق ، كۈنىمىز تۇغۇلدى دېگەن گەپ ، ئۇلار يەيدىغاننى ، كىيىدىغاننى بىكارغا بېرىدۇ ، يىلىغا ئىككى خالتا ئاق ئوغۇت ۋە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ ، ھەتتا ئۆلۈپ - تارتىپ قالساق كېپەنلىكنىمۇ بىكارغا بېرىدۇ .

— سىلىنى سايلايدىغاندەك تۇرامدۇ ؟

— مېنىڭچە چاتاق يوق ، تۈنۈگۈن ئەل ئايغى بېسىققاندا ئىككى باشلىققا بەش جىڭدىن گۆش ئاپىرىپ دادىلىنىۋىدىم ، ئۇلار ئوبىلىشىپ كۆرىدىغان بولدى . ھېلى ئۇلار كەلگەندە مېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن يېقىن تۇغقان ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ ، ئىككى - ئۈچ ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويسىلىلا ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ .

مەن ئۆزۈمنى خېلىلا چېچەن ھېسابلايتتىم ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ بىر تومتۇرك ئەبگاھ تەرىپىدىن قانداق ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىلغىنىمنى ، بىر ئىپلاس ، يىرگىنىشلىك سودىدا قانداق رول ئويناۋاتقىنىمنى ئەمدى بىردىنلا چۈشەندىم ، ئىچ - ئىچىمدىن قايناپ تاشقان خورلۇق ، ئاچچىق نەپرەت مېنى شۇ ھامان زۇۋانغا كەلتۈردى . ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولۇپ دېدىم :

— رەھمەت سىلىگە ، ئېلاخۇن ، داستىخىنىڭلار ماڭا تەگدى ، ئەمدى...

ئېلەك قايتىشقا تەمشىلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ بىردىنلا ئالدىمدا تىزلاندى - دە :

— خۇش بولۇپ قالاي ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە ، سىلى ئولتۇرۇپ بەرمىسىلە ، ئۇلار بىزنىڭ تۇغقان ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنمەي ، ئۆز يېقىنلىرىنى سايلاپ كېتىدۇ . قىلغان ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار ، — دېدى يالۋۇرۇپ .

ئۇ مېنىڭ كېتىپ قېلىپ ، تۇغقانچىلىقىمىز توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرەلمەسلىكىمدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا ئىدى . قوللىرى تىترەيتتى ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى .

بىرلا تېپىك بىلەن توسۇلغان يولۇمنى راۋان قىلىشقا قۇدرىتىم يېتەتتى . ئەمما ، ئاجىزلارچە ئۆتۈنۈش ، تىترەپ تۇرغان قول ، توختىماي تامچىلاۋاتقان كۆز يېشى ئىرادەمنى سۇندۇرۇپ ، ئاياغلىرىمنى دەرمانسىزلاندۇردى . قارارىمنى ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئۆزگەرتىپ : «بىردەم ئولتۇرسام ئولتۇراي ، مەندىن نېمە كېتەتتى» دەپ ئويلىدىم .

ئېلەك يېڭىۋاشتىن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ ، قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى . داستىخاننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئارقىمۇئارقا چاي يەڭگۈشلىدى . ئۆزىنىڭ مەندە قالدۇرغان يامان تەسىرىنى يۇيۇۋەتمەكچى بولدىمۇ ياكى ۋاقتىنى سوزماقچى بولدىمۇ ، ئىشقىلىپ بىر چۆچەك باشلىدى .

— بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا بىر نامرات ئادەم بولغانىكەن ، ئۇنىڭ روزىغارى ، نە ئىززەت ـ ھۆرمىتى يوق ئىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ چىشىنىڭ كاۋىكىدا يىغىپ يۈرگەن تەڭگىلىرىنى ئېلىپ ، يۇرت مۆتىۋەرى ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ . ئۇ تەڭگىلەرنى ھېلىقى مۆتىۋەرنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ . مۆتىۋەر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— بىلمىدىم ، ماڭا بىكاردىن ـ بىكار تەڭگە تەقدىم قىلغىنىڭنىڭ سەۋەبى نېمە ، بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ ؟

— يوقسۇ مۆتىۋىرىم ، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلغۇدەك چوڭ ھاجىتىم يوق ، ئىلتىماسىم شۇكى ، ئۆزلىرى يۇرت جامائىتى جۇمە نامىزىدىن تارقىلىدىغان چاغدا مېنىڭ ئىتىمنى ئۇنلۇك قىچقىرىپ : «ھەي پالانى ، قانداق تۇرۇۋاتىسەن ، بالا ـ چاقىلىرىڭ سالامەتمۇ ؟» دەپ سوراپ قويسىلا ، شۇ چاغدا مەن قولاقلىرىغا يېقىن كېلىپ ئاغزىمنى مىدىرلىتىپ ، پىچىرلىغان بولىمەن ، ئۆزلىرى باشلىرىنى لىڭشىتىپ بەرسىلىلا بولدى . بۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچبىر ھاجىتىم يوق ، دەپتۇ . «ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ ، بېشىمنى لىڭشىتىپ قويغانغا نېمە كېتەتتى ؟» دەپ ئويلىغان مۆتىۋەر ئۇنىڭ بۇ ئادىي تەلىپىگە رازى بوپتۇ ۋە كېيىنكى جۈمە كۈنلا ۋەدىسىنى ئورۇنداپتۇ .

بۇ ھالنى كۆرگەن جامائەت ھەيران بولۇشۇپ : «پالانى بىلەن پالانى شۇنچە يېقىن ئىكەن ، بۇنى بىلمەي يۈرۈپتۇق» دېيىشىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى نامراتقا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قاراپ ، ھەر كۈنى چايغا ئېيتىدىغان ، تۆرگە تەكلىپ قىلىدىغان بولغانىكەن…

— بۇنداق ئوبدان چۆچەكنى نەدىنمۇ ئۆگىنىۋالغانسىلە ، ئېلاخۇن ؟

— نەدىن بولاتتى . دادام رەھمەتلىكتىن ئۆگىنىۋالغان…

…

شۇ ئارىدا كۆكباش مەدىكىنى ئېغىز گارمونى چالغاندەك يالاپ يۈرگەن بالا تالادىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى ـ دە ،

مېھمانلارنىڭ قارىسى كۆرۈنگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى .
چۆچىكىگە تەبىر بەرمەكچى بولسا كېرەك ، ئاغزىنى ئەمدىلا ئۇشلاپ تۇرغان ئېلەك پۇرژىنا ئۇستىدىن قاڭقىغاندەك قاڭقىپ ئورنىدىن قوپتى ۋە ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى مېھمىنىنى باشلاپ كىرىپ ، مېنىڭ يېنىمدىن ئورۇن كۆرسەتتى . مېھمانلار ئۆزلىرىنى مەندىن چوڭ چاغلىدىمۇ ياكى ئادىتى شۇنداقمۇ ، ئەيتاۋۇر ھېچ تۇزۇتسىزلا ئوڭ تەرىپىمگە ئۆتۈپ باداشقان قۇرۇشتى .
بۇ ئىككىيلەن بوي - بەستى جەھەتتىن بولسۇن ياكى قەددى - قامەت جەھەتتىن بولسۇن ، بىر پارچە ھەجۋىي رەسىمگە ئوخشايتتى . ياندىشىپ ئولتۇرۇشىدىن قارىغاندىمۇ بىرى قوناق شېخىدەك ئېگىز ۋە ئىنچىكە ، بىرى پۇۋۇلەپ قويغان تولۇمدەك سېمىز ، پاكىنەك بولغاچقا ، ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەيگىلا ئوخشايتتى . ئورۇقى «ئورۇق ئۇيغا بالا مۈڭگۈز» دېگەندەك قۇلاق تۈۋىگە يەتكۇزۇپ بۇرۇت قويۇۋالغانىدى ، سېمىزىنىڭ بولسا ، ساڭگىلاپ تۇرغان ئېڭەك گۆشلىرىدە دىڭگىيىپ تۇرغان تۈكلەر سانىۋالغۇدەكلا ئاز ئىدى .
ئۇلار موخۇركا يۆگەشكە تۇتۇنغاندا باياتىن بېرى پەگاھتا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئېلاخۇن نامىشەرىپىمنى ئالاھىدە تورلۇق تەلەپپۇز بىلەن تىلغا ئېلىپ ، ئۆزىگە تۇغقان كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىۋىدى ، مېھمانلار يەملەۋاتقان موخۇركىلىرىنى ئالمان - تالمان يانچۇقلىرىغا تىقىپ ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ ، پەگاھقا چۈشتى - دە ، يېقىنلاشتىن قول بېرىپ ، مېنى يۆلەپ ئىتتىرىپ دېگۈدەك تۆرىگە ئۆتكۇزۇشتى . بىئەدەپلىك قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك خۇشامەتگۇيلارچە ھىجىيىشتى .
ئېلەكىنىڭ مېنىڭ كېلىدىغىنىمدىن ئۇلارنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرمىگەنلىكى ، توساتتىن بىر دەبدەبىلىك كەيپىيات ھاسىل قىلماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى .
بۇ مىنۇتتا ھەقىقەتەن دەبدەبىلىك بىر تىمتاسلىق ھۆكۈم

www.uyghurkitap.com

سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئويلىمىغاندا يۈز بەرگەن ئۇچرىشىشنىڭ زەربىسىدىن جىم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، بۇ جىمجىتلىقنى قانداق ئۇسۇل بىلەن بۇزۇپ تاشلاشنى ئۇقمايۋاتاتتىم.

ھېلىمۇ ياخشى، بۇنداق چاغلاردا ئېلەكنىڭ كاللىسى خېلىلا ئوبدان ئىشلەيدىكەن، ئۇ ھەممىمىزنىڭ تاماكىسىغا بىر - بىرلەپ ئوت يېقىپ بولۇپ، ئۇچەيلەننى ئاغزىغا كەلگىنىچە ماختاپ، ئۇچۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى ئايال يەنە بىر لېگەن گۆش ئاچىقىپ ئېلەككە تۇتقۇزدى.

— قېينى باشلىقلىرىم، بىر نەۋرە تۇغقىنىم، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، داستىخىنىمىزغا ئېغىز تېگىشسىلەر، — دېدى ئېلەك لېگەننى داستىخانغا قويار - قويماي، — بۇنداق جەم بولماق ئاسان ئەمەس، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرايلى!

خۇدايا تۇۋا، بۇنداق ئىشتەيلىك، بۇنداق ئاچ ئادەملەرنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەنىكەنمەن، چىشىنىڭ مەزمۇتلۇقىنى دېمەمدىغان تېخى. مەن ئۇلارنىڭ گۆش يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرۇپ يېقىندىلا تېلېۋىزوردا كۆرسەتكەن شىمالىي قۇتۇپ كۆل رەڭلىك ئېيىقنىڭ بىتەلەي بۆكەن بالىسىنى تىتىپ، يالماپ يېگىنىنى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

ئۇلار يېنىدا ئۆزىدىن باشقا ئادەم بارلىقىنى تامامەن يادىدىن چىقاردى بولغاي، ئېلەك ئۇدۇللۇق تۇتقۇزۇپ تۇرغان گۆشنىڭ ئۇدۇل كەلگەنلا يېرىدىن مۇشتۇمدەك - مۇشتۇمدەك ئۈزۈپ ئالاتتى. ئاغزىغا گۆش توشۇپ قوۋۇزلىرى چىلگىدەك كۆپكەندىن كېيىنلا چايناشقا باشلاپ، مۇشەققەت بىلەن يۇتۇۋالاتتى - دە، تومۇزدا سوقا سۆرەۋاتقان بۇقىدەك ھاسىراپ كېتەتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىچىپ تۇرغان قىزىق چاي بىردەمدىلا يۈز - كۆزىدىن تەپچىپ چىقىپ زاڭقىدىن، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن يامغۇردەك تۆكۈلەتتى.

بىرپەسلىك جاپالىق كۈرەش ئاخىر ئاياغلاشتى. سېمىز مېھمان

چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈۋېتىپ :
— گۆشۈڭلار بەك ئوبدان پىشىپتىكەن ، ئېلاخۇن ، — دەپ ماختىدى . ئورۇق مېھمانمۇ ھەمراھىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك باش لىڭشىتىپ ، كۈلۈپ قويدى .

— شۇنداق ، شۇنداق ، گۆشقۇ يامان ئەمەس پىشىپتۇ ، بىراق گۆشنى مەززىلىك قىلغان يەنىلا ھەرقايسىلىرىنىڭ ھىممىتى ، بۇ قوينى پېقىرغا بۇيرۇپ بەرمىگەن بولسىلا ، مانا بۇ تۇغقىنىمنىمۇ قۇرۇقلا ئۇزىتىشقا توغرا كېلەتتى ، دېسىلە ! — دېدى ئېلەك مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

— ھە ، بۇ تۇنۇگۇن تەستىقلاپ بەرگەن ھېلىقى ساغلىقنىڭ گۆشىمۇ ؟

— دۇرۇس ، شۇ ساغلىقنىڭ گۆشى ، بولمىسا مۇشۇنچىلىك گۆش سېتىۋالغۇدەك پۇل بىزدەك نامرات ئائىلىدە نېمىش قىلسۇن ؟

— ھە ، بۇ نەسىللىك ساغلىق ئىدى ، سىلىنى ئازراق بولسىمۇ كۆكلىۋالسۇن ، دەپ تەستىقلاپ بەرگەن ئەمەسمۇ بىز ، — ئورۇق باشلىق خورسىنغان قىياپەتتە ئۇھ تارتىپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى ، — ھېلىمۇ ئوبدان بوپتۇ ، بۇنداق ئېسىل مېھماننى قۇرۇق ئۇزاتقىلى بولامتى ئەمىسە ، يەنە كېلىپ نامراتلارنى قۇتقۇزۇش پۇلىنى بىز ئۆز يېنىمىزدىن چىقىرىۋاتقىنىمىز يوققۇ ، كەتسە ھۆكۈمەتنىڭ كېتىپتۇ !

— خاتىرجەم بولسىلا ، ئېلاخۇن ، ئەتە قەلەمنى شۇنداقلا تەۋرەتسەك ، يەنە بىر قوي ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئاسماندىن چۈشكەن كۆك قوچقاردەك ئالدىلىرىدا پەيدا بولىدۇ .

— شەپقەتلىرىگە رەھمەت ، سېكرېتار ، ئەمدى مېنىڭ ھېلىقى ئىلتىماسىم ھەل بولسىلا بولاتتىغۇ .

— قايسى ئىلتىماس ؟

— پېقىرنى يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ئالتە نامراتنىڭ بىرى قىلىپ سايلاپ قويۇشقان بولسىلا ، ھەرقايسىلىرىدىن ئالەمنى

بەرگەندەك خۇش بولاتتىم ، قاراپ تۇرۇپ باشقىلار سايلىنىپ كەتسە ، ئادەمنىڭ نەپسى ئىزا تارتىدىغان گەپكەن .

— چاتاق يوق ، ئا كەنت باشلىقى باش لىڭشىتسىلا ھەل بولىدىغان ئىشقۇ بۇ ، يەنە كېلىپ ، مۇنۇ ئىنىمىز بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقلىرىنىڭ يۈزىنى قىلمىساقمۇ بولماس .

— سېكرېتار چاتاق يوق دېگەندىكىن ، چاتاق يوق ، مۇشۇ يەردىلا ئېلان قىلىۋەتسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ ، سىلىنى نامرات ئائىلە قىلىپ سايلاپ قويدۇق ، بولدىمۇ ؟ !

ئېلاخۇن ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، بىرپەس ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى ، ئالدى بىلەن كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ۋە ئاغزىدىن مۇنۇ گەپلەر ئېتىلىپ چىقتى :

— ھوي خوتۇن ، ھوي باللىرىم ، ئاڭلاڭلار ، بىز يەنە ئالتە نامراتنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندۇق ، چاپسان كېلىپ باشلىقلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتىڭلار ، ھە ، مۇنۇ تۇغقىنىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار !

مەن كۆز ئالدىمدىلا يۈتكۈزۈلگەن غەلىتە سودا ۋە غەلىتە ئادەملەرنى كۆرۈپ ، يا كۈلۈشنى ، يا يىغلاشنى بىلمەيلا قالدىم ، قانداقلا بولمىسۇن ، بۇ سېخىي داستىخاندىن پاتراق يىراقلىشىش ۋە بۇ ھەممەتلىك مېھمانلار بىلەن قايتىش يولىدا بىللە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ، ئېلەكنىڭ ئۆزىتىشىنىمۇ كۈتمەي تالاغا چىقتىم .

بۇ چاغدا شەرقتىن گۈگۈم قىستاپ كېلىۋاتاتتى . كۆز يەتمەس بىر پارچە نامرات زېمىن بىرنەچچىلا يۇلتۇز پارقىراۋاتقان ئاسمان ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . مەن ئاسمانغا قارىدىم ، ئارقىدىنلا يەرگە قارىدىم ، مېنى ئىختىيارسىز يىغا قىستىدى .

1989 - يىلى ئاپرېل ، ئۈرۈمچى .

# تۇمانلىق دۇنيا

ھويلىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان ياسىنجاننى كۆرۈپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم ـ دە ، قول ئۇزارتقاچ چاقچاق قىلدىم :

— ئوھۇي ، بايۋەچچىغۇ بۇ ، كەل ئاغىنە ، داستىخانغا ئۆت ، ئاش ئۇستىدىن چۈشكىنىڭگە قارىغاندا ، سەنمۇ ياخشى ئادەم ئوخشايسەن جۇمۇ !

— رەھمەت ئاداش ، مۇشۇ تۇرقۇمدا گېلىمدىن بىرنەرسىمۇ ئۆتمەيدۇ...

ئۇنىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەن ، تەلەپپۇزىمۇ ئاجىز ، مەيۇسانە ئىدى . ئاتقۇچىنىڭ مۇشتىكىدەك دىقماق قوللىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى . سېغىز توپىدەك تاتارغان چىرايىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرغان كۆز جىيەكلىرىدىكى قىزىللىق ، قېنىنى شورىۋالغاندەك ئاقىرىپ ، چۆل سەپىرىدىكى تەشنا يولۇچىنىڭكىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن لەۋلىرى بىز كۆرۈشمىگەن ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا بىرەر تاسادىپىيلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى . كۆتمەك قاشلىرى ئارىسىدىكى چوڭقۇر ئەجىن بۇ تاسادىپىيلىققا ئەگىشىپ كېلىدىغان نامەلۇم قىسمەتتىن ئاگاھ بەرگۈچى ئەندىشىلىك جۈملىنىڭ كەينىگە قويۇلغان ئۈندەش بەلگىلىرىدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئادەتتە تەمكىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرىمۇ مانان كەينىدە قالغان چىراغدەك غۇۋالاشقان ، كۆز قارىچۇقلىرى بولسا ، پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك توختىماي ھەرىكەتلىنەتتى .

— ھوي نېمە بولدۇڭ ، نېمىشقا تىترەيسەن ؟ — دېدىم مەن جىددىي تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ بەستىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ، — دۇكىنىڭغا ئوغرى كىرىپتىمۇ ؟ سودىدا زىيان تارتتىڭمۇيا ؟

ئۇ سوئالىمنىڭ ھەممىسىگە باش چايقايتتى ، باش چايقاۋېتىپ تىترەيتتى .

— ئەمىسە نېمە بولدى ساڭا ؟ جان چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ، ئادەمنى تەقەززا قىلماي گەپ قىلساڭچۇ ، ئاداش !

ياسىنجان بىلەن تۆت يىلدىن بېرى خېلى قويۇق ئارىلىشىپ كېلىۋاتىمەن ، بىلىشىمچە ، ئۇ ئەركەك تۈكى بار ، مەرد ، چىداملىق ، ئېغىر - بېسىق ، توپان بالاسى كەلسە ھوشۇقۇمغا چىقمايدۇ ، دەپ يۈرىدىغانلاردىن ئىدى . بىر چاغلاردا پەۋقۇلئاددە سەۋەب بىلەن ئالدىنىپ قېلىپ ، مىڭ يۈەن دەسمايىسىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغاندىمۇ ، ئۇ بىر ئېغىز ۋايسىماي ، يەنە ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا ، توغرىلىقلىقىغا تايىنىپ ئىگىلىكنى تىكلىۋالغاندى .

— ئاداش ، تامىقىڭنى يەپ بولغان بولساڭ ، بىزنىڭ ئۆيگە بىر بارساق ، — دېدى ئۇ ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ .

— تامىقىمنىغۇ يەپ بولدۇم ، قېنى ئېيتە ، ئۆيۈڭدە نېمە ئىش بولدى ، ئاپاڭغا بىرنېمە بولدىمۇيا ؟

كۆز چاناقلىرىدا تولدۇرۇپ قويۇلغان پىيالىدىكى سۇدەك لىغىرلاۋاتقان كۆز يېشى ، بارغانسېرى لەرزىگە كېلىۋاتقان ۋۇجۇدى ئاخىرىدا مېنى ئۇنىڭ ئانىسى ھەققىدە مۇشۇنداق يامان ئويلاردا بولۇشقا مەجبۇر قىلدى .

— ياق ، ئاپام ئوبدان ... ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ . مەستۇرەم بولالماي قالدى...

— مۇنداق دېگىنە ، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ مۇشۇنچە بولۇپ كەتكەن بارمۇ ؟

ياسىنجان كۆڭلىنى چۈشەنمەيۋاتقىنىمغا نارازى بولغاندەك ، ئەجەبلەنگەن ھالدا كۆزلىرىمگە لاپ قىلىپ قارىۋالدى . مەن

ئۇچقاندەك ئۆيگە كىرىپ پىلاندوسكوپ، تېرمومېتىر قاتارلىق ئاددىي ئەسۋابلار سېلىنغان سومكىنى ئېلىپ چىقتىم. ئاللىقاچان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولغان ياسىنجاننى قوغلاپ يەتتىم.

كەچلىك هاۋا خېلى ئىللىق بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ قۇرغاق ئىدى. ناھىيە بازىرىنىڭ ئارقا كوچىسى بازاردىن يانغان رەۋەندىلەرنىڭ ئېشىكى توزىتىپ ئۆتكەن توپا بىلەن تۇمانلاشقان، پاتاي دەپ قالغان قۇياش تۇمانلار ئارقىسىدىن مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان يوغان شاردەك سارغىيىپ كۆرۈنەتتى. ياسىنجان مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەم ۋە ئات - ئېشەك هارۋىلىرى ئارىسىدا قىلىيورغىدەك تېز كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن قالماسلىق ئۈچۈن چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگىنىمچە پات - پات ئات - ئۇلاغلار ئارىسىدىن يول تېپىپ سوكۇلداشقا، يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتىم.

ئاردىن كۆپ ئۆتسە 25 مىنۇت ئۆتكەندۇ، ئاخىر تۇزچى كوچىسىنىڭ ئۇ بېشىدىكى ئەنجان تېمى بىلەن قورشالغان تېرەكلىك هويلىغا يېتىپ كەلدۇق. دەرۋازا ئالدىدا تېقىمىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغان قىلىن تور ياغلىقنى پات - پات قايرىپ، يولىمىزغا تەلمۈرۈپ تۇرغان خەلچىخان ئاچا قارىمىزنى كۆرۈپلا هويلىغا يۈگۈردى. بىزمۇ تاپ بېسىپ دېگۈدەك ياسىنجاننىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ كەلدۇق.

تۆت تېمىدىن تارتىپ جاهازىلىرىغىچە ماڭا تونۇش بولۇپ كەتكەن بۇ هۇجرىنىڭ تۆر تەرىپىگە يانداپ قويۇلغان چوڭ كارىۋاتتا مەستۇرە قات - قات كۆرپىلەر ۋە تاۋار يوتقان ئارىسىدا ياتاتتى. ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ پەرەنجىسىنى بېشىغا تاشلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرگەن بولسا كېرەك، قوللىرى پەرەنجە ئاستىدا مىدىرلايتتى. ئۇ ئېرىنىڭ مېنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. شۇڭا، هۆرمەت يۈزىسىدىن ئىككى قولى بىلەن كۆرپىگە تايىنىپ تۇرۇپ تەسلىكتە ياستۇققا يۆلەندى - دە، مەن تەرەپكە قارىغاندەك بولدى. بۇ ئۇنىڭ سالىمى ۋە كەسپىمگە بولغان ئىشەنچىسى ئىدى.

ياسىنجان ئىشىكتىن كىرىپلا ئايالىدىن ئۇسسۇلۇق

www.uyghurkitap.com

ئىچىدىغان ـ ئىچمەيدىغانلىقىنى سورىدى ـ دە، جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئېڭىشتى. مەنمۇ تەكلىپ بويىچە كارىۋات يېنىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم.

— بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدىڭىزمۇ، مەستۇرە؟ — دېدىم چۈمپەردە ئاستىدىكى زىلۋا گەۋدىگە قاراپ، — قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟

چۈمپەردە ئاستا مىدىرلىدى. ئۇ كېسىلى ئۈستىدە قىسقىلا شىكايەت قىلدى. لېكىن، بۇ بىرقانچە ئېغىز سۆز مېنى ھېچنېمە بىلەن تەمىن ئېتەلمەيتتى. ئەقەللىيسى يۈرەك ھەرىكىتى ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ كۆرگەندىلا، ئۇنىڭ كېسىلى ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمىلەرنى بىلگىلى بولاتتى!

ئاياللىنىڭ بېشىدا خۇددى پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ يۈرگەن ياسىنجان سومكامدىن ئەسۋابلىرىمنى چىقىرىپ، تېرمومېتىرنى سىلكىشكە باشلىغىنىمنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ۋە:

— ئاداش، بۇ نەرسىلىرىڭنى قويۇپ قوي، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ دورا بەرسەڭلا بولىدۇ. مانا مۇنداق، — دېدى ۋە يوتقان ئاستىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، مەستۇرەنىڭ ئورۇقلاپ چوكىدەك بولۇپ قالغان قولىنى چىقىرىپ، نېمە قىلىشىمنى ئۆگەتمەكچى بولغاندەك بارماقلىرىنى تەگكۈزۈپ قويدى.

تېرمومېتىرنى سىلكىۋاتقان قولۇم ھاۋادا ئېسىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە «ئايالىڭنىڭ ساقىيىشىنى تىلەيسەنۇ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دېگەندەك نارازىلىق نەزىرىم بىلەن تىكىلدىم. ياسىنجاننىڭ كۆزلىرىدىن يالۋۇرۇشقىمۇ، قەتئىيەتكىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ئالامەتلەر ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. شۇنىڭغا جەزم قىلالايتتىمكى، مېنىڭدىن ئۆزگە ھەرقانداق دوختۇر بۇنداق ھالەتكە دۇچ كەلگەن بولسا: «خوتۇن دېگەن كاپلا قىلىپ ئاغرىغا سېلىنىۋالىدىغان بىر تال كەمپۈتمىدى. ماڭا ئىشەنمىگەندىكەن، ئۆزۈڭ نېمە قىلساڭ قىل» دەپلا پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالغان بولاتتى.

بىراق ، مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم . بۇ ئائىلە بىلەن تۇز ـ تائام يېيىشىۋاتقان بىرقانچە يىلدىن بۇيان ، ياسىنجاننىڭ ئۆز ئايالىنى 360 كۈن چۈمپەردە ئاستىدا ساقلايدىغانلىقى ماڭا روشەن ئىدى . دەسلەپتە بۇ ئىش ماڭا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلغان . ياسىنجان ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا تولا تەشۋىق قىلىپ ئاغزىمنىڭ ئون قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكەن ، مەيلى قانداق پاكىت كۆرسەتمەي ، خەلىچىخاننىڭ ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان ئۆرپ ـ ئادەتنى مەھكەم ساقلاش توغرىسىدا ئۇلۇغلارنى شىپىي كەلتۈرۈپ سۆزلىگىنى سۆزلىگەندى . ياسىنجان مەن بىلەن گەپ تالاشمايتتى . بىراق ، نەسىھەتلىرىمنىڭ ئەھمىيىتىنى قەستەن يوققا چىقارماقچى بولغاندەك ، نەسىھىتىمنى مەنسىتمىگەندەك ياكى گېپىمدىن ھېچنېمە ئاڭقىرالمىغاندەك كۈلۈپلا ئولتۇراتتى . كالىنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك سۆزلىشىم ۋە ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشى قايسىدۇر بىر نامازغا ئەزان چىقىپ ، ياسىنجان تەرەت ئېلىشقا تەرەددۇت قىلغۇچە داۋاملىشاتتى . بىر دەم ئېلىش كۈنى بازار ئايلىنىپ ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ قالغىنىمدا ئۇ چاي ئېلىپ كەلگەن ئايالىنى خۇددى قىممەتلىك مېھماننى ئۇزاتقاندەك ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىنلا كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتقانىدى :

— تويىمىزدىن كېيىن مەستۇرەمنىڭ يۈزىنى ئېچىۋەتسەك ئېچىۋېتەيلى دەپمۇ ئويلىغانىدىم ، ئەمما ئانام بۇ پىكرىمگە زادىلا قوشۇلمىدى . كېيىنچە قايتا ـ قايتا ئويلاندىم ، قارىسام چوڭلارنىڭ ئېيتقىنى يەنىلا دۇرۇس ئىكەن ، سەن بىلمەيسەن ، ھېلىقى قارغىش تەگكۈر كۈنلەردە ئانامنى «پەرەنجە تارتتىڭ» دېگەن گۇناھ بىلەن ئاز قىينىدى دەمسەن؟ ئۇ ۋاقىتتا مەن كىچىك ئىدىم . ئانامنىڭ كۆيۈۋاتقان پەرەنجىسىگە قاراپ زار ـ زار يىغلىغىنى ، خورلانغىنى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ . بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى شۇنچىۋالا ئاياغ ئاستى قىلغان بارمۇ؟ خۇداغا شۈكۈر ، ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى . مانا ئەمدى ھۆكۈمەت بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە ھۆرمەت قىلىۋاتامدۇ؟ دەپسەندە قىلىنغان



www.nurkitap.com

ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنى هازىر ئەسلىگە كەلتۈرمىسەك قاچان ئەسلىگە كەلتۈرىمىز؟ ئاتا ـ بوۋىلار زامانلاردىن بېرى ساقلاپ كەلگەن ئادەتنى بىز بۇزۇۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟
مانا بۇ ياسىنجاننىڭ مەنتىقىسى، ۋارىسلىق قىلىش مىزانى ئىدى. ئۇنىڭ چىن ئېتىقاد بىلەن ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مىزانى گەرچە كۆلكىلىك بىرنېمە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈشكە بولمايتتى. قىلغان نەسىھەتلىرىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايتتى. بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى. يامىنى كەلسە ساڭا گۆلىيەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ تەشۋىقاتىمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدىم ۋە مەستۇرەنىڭ جىگەر رەڭلىك تور ياغلىق ئاستىدىكى يوشۇرۇن گەۋدىسىمۇ كۆزۈمگە سىڭىشكە باشلىغانىدى.
بىراق... بىراق، مەستۇرەنىڭ هازىرقى ئەهۋالى هەرقانداق چاغدىكىگە ئوخشىمايتتى. پەيلىرى بۆرتۈپ چىقىپ قالغان ئورۇق قوللىرى، سەل كۆكىرىشكە باشلىغان تىرناقلىرى كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالاتتى. نېمىلا بولمىسۇن، بىمارنىڭ يۈرەك هەرىكىتى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپلا قالماي، بەلكى تىلىنى، كۆزىنى كۆرۈپ چىقىش كېرەك ئىدى. ياسىنجان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بولسا... كەسپىي مەسئۇلىيىتىم يەنىلا غالىب كەلدى، ئاخىرىدا ئۇلارغا كەسكىن قىلىپ ئېيتتىم:
— ئەگەر مېنى كېسەلگە ئامال قىلسۇن، دەپ باشلاپ كەلگەن بولساڭلار، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىڭلار، مەستۇرەنى ئوبدانراق تەكشۈرمىسەك بولمايدۇ، بولمىسا!...
يالۋۇرۇشلىرىمۇ، قورقۇتۇشلىرىمۇ يەنىلا كېرەككە كەلمىدى.
— ئوبدان بالام، باشقىچە بىر ئامال قىل، مەن خۇش بولۇپ كېتەي، ئاللا ئالدىدا گۇناهكار بولۇشتىن يامان ئىش يوق...
تور ياغلىقنىڭ ئىچىدىن قوقاسقا دەسسىۋالغاندەكلا بىئارام بولۇشقا باشلىغان خەلچىخاننىڭ يالۋۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ

ئوغلىنى «سەن بىرنېمە دە» دېگەندەك نوقۇپ قويۇۋىدى، ياسىنجانغا زوۋان كىردى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا تۇزاقتا چۈشكەن كېپىكنىڭ قۇتقۇزغۇچىغا تەلمۈرگەن كۆزلىرىدەك مۆلدۈرلەيتتى.

— ئاداش، ئانام توغرا ئېيتىدۇ، مېنى جاھىل دەپ ئەيىبكە بۇيرۇما، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ يۈرمەيلى، ئاتا-بوۋىلارنىڭ روھىمۇ خارلانمىسۇن، ئەقىدەمنى بۇزالمايمەن، سەن بۇنى ئوبدان چۈشىنىسەن…

دېمىسىمۇ، بۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىمدىن بۇيان مەستۈرەنىڭ يۈزى ئوچۇق تۇرغىنىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ چىرايىنى بىر بولسا ئىنتايىن سەت، بىر بولسا بەكمۇ چىرايلىق دەپلا قىياس قىلاتتىم. بەزىدە: «مەستۈرە ئاز تېپىلىدىغان ساھىبجاماللاردىن بولغاچقا، يات كىشىنىڭ نەزىرى چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ياسىنجان ئۇنى چۈمپەردە ئاستىدا ساقلىسا ۋە تولىمۇ ياخشى كۆرسە كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كېلەتتىم.

شۇ ئەسنادا مەستۈرە ئاستاغىنا ئىڭراپ، يېنىك تولغىنىۋىدى، ياسىنجاننىڭ چىرايىدىن يەنە قان قاچتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن يالۋۇرغىلى تۇردى:

— جېنىم ئاداش، پاتراق بىر ئامال قىلغىن، ئۇنىڭ ئازابىنى يېنىكلەت، ئالەمنى بەرگەندەك خۇش بولۇپ كېتەي…

ياسىنجان ئەس-ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالغانىدى. ئاخىر قانچە كۈچەپسەممۇ، ياسىنجان ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تاغدەك مۇستەھكەم بولغان ئېتىقادىنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىمغا يەنە بىر قېتىم كۆزۈم يەتتى-دە، ئىلاجسىز دېدىم:

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مەستۈرەنىمۇ ئاۋارە قىلمايلى، سەن ئۇنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەر، بولامدۇ؟

— بولىدۇ ئاداش، بولىدۇ، ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن، سەن دورا بېرىسەن، مەستۈرەم ئەتىلا ئوڭشىلىپ، دۇكانغا چاي ئاپىرىپ بېرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ياسىنجاننىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى. ئۈستىنى



www.uyghurkitap.com

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، بىز تۇرغان تۈگمەن تېشىنى بىر كۆچەپلا ئۆرۈۋەتكەندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىشۋالدى. پەرەنجە ئاستىدا ياتقان مەستۇرەمۇ ئىبرىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشقاندەك، مىدىرلاپ قويدى. ياسىنجان سۆزلەشكە تەمشەلگەن ئانىسىغا «لاپ» قىلىپ قارىۋالدى ۋە ئۆزى سۆز ئالدى:

— سەن بىلىسەن، توي قىلغان تۆت يىلدىن بېرى پەرزەنتلىك بولۇشنى ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنىمىز يوق، سەن بىلىسەن...

— توختا ئاداش، ھېكايەڭ بەك ئۇزىراپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — مەن سوراي، سەن جاۋاب بەر، قانداق؟

— ماقۇل... ماقۇل، ئىشقىلىپ، پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇيىمىزنىڭ ئاللىبۇرۇن يوققا چىققانلىقىنى بىلىپ قال، دېمەكچىمەنكى...

ياسىنجان ئۇستەلدە تۇرغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان چاينى گۈپ قىلىپلا يۇتۇۋېتىپ، ئاغزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېرتىۋەتتى – دە، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تۆت ئاي ئالدىدا مەستۇرەم بالىلىق بولىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇدى، بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. كىم بىلسۇن بۇ بىچارىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشىنى. كۈندىن – كۈنگە ياداپ كېتىۋاتىدۇ، ئاخىر مىدىرلىيالماس ھالغا چۈشكەندە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا باردىم.

— ھەيز توختىغىلى نەچچە ئاي بولدى؟

ئوغلىنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن خەلچىخان ئۆزىنى ئىشىكنىڭ تېشىغا ئالغاندىن كېيىن، ياسىنجان پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— بەش ئايچە بولغان ئوخشايدۇ، ئەمما پۈتۈنلەي توختىدى دېگىلىمۇ بولمايدىكەن.

— كۆڭلى ئېلىشامدۇ؟ ھۆ بولامدۇ؟

— ھەئە شۇنداق، ئۈچەي – باغرى يېنىپ چىققۇدەك ھۆ

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ .

— بېشى ئاغرىمدىكەن ؟

— ۋاي ، بۇنى سورىمايلا قوي ، بېشىم چىڭقىلىپ ، ئېتىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىيدۇ ، دەيدۇ . بەزى كېچىلىرى ۋايجانلاپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ تېخى ، ياغلىق بىلەن تېڭىپ باقساممۇ ، ئۇۋۇلاپ باقساممۇ قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس .

— قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىمدىكەن يا سىرقىراپ ئاغرىمدىكەن ؟

— مۇجۇپ ئاغرىيدۇ ، دەيدۇ . باسسا تېخىمۇ بەك ئاغرىيدىكەن .

— ياداپ كېتىشى قاچاندىن باشلانغان ؟

— بويۇمدا قالدىمىكىن دىگەندىن باشلاپ . دەسلەپتە بىر سېزىكى بەك قاتتىق ئوخشايدۇ ، دەپ قاپتۇق . كۆڭلى تارتامدىكىن دەپ ئاچچىق - چۇچۇك نەرسىلەرنىمۇ ئەكىلىپ بەردۇق . ئەمما ، ئورۇقلىغانسېرى ئىشتىھادىن قالدى . ئىشتىھادىن قالغانسېرى ئورۇقلاپ كەتتى ، هازىر كۈنگە بىر پىيالىمۇ بىرنەرسە يېمەيدۇ . پىرىخونغا پۇل خەجلەپ ئىككى قېتىم ئوقۇتۇپ باقتۇق . پايدىسى بولمىدى .

ئۇ ئايالىنىڭ ئاغرىق سەزگۈچى نېرۋىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ نېرۋىلىرى تۇتىشىپ تۇرغاندەكلا سۆزلەيتتى . ئاخىر ئىككى تال ئۇستىخىنى روشەن بىلىنىپ تۇرىدىغان بىلەككە ئۇچ بارمىقىمنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزدۈم .

قىلدەك ئىنچىكىلەپ قالغان تومۇر بەئەينى چۇمۇلە ماڭغاندەك ئاجىز سوقاتتى . يۈرەك رىتىمىنى پەرق ئېتىش ئۇچۇن ، تىنىقىمنى توختىتىپ ، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىنى تامامەن ئۇزۇشكە ، سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ھەممىۋا ئىقتىدارىنى بارماقلىرىم ئۇچىغا جەملەشكە توغرا كەلدى .

ئون بەش سېكۇنت ئىچىدە سانىۋالغان سانىنى تۆتكە كۆپەيتتىم . مۇسكۇللىرى زەئىپلەشكەن يۈرەك تومۇز كۈنلىرىدە قوش سۆرەۋاتقان ئورۇق ئۆكۈزدەك كۆچىمەكتە ، كلاپانلارمۇ ئۆز

فۇنكسىيىسىنى ناھايىتى تەسلىكتە بېجىرمەكتە ئىدى . ئېغىر قانسىزلىق ۋە يۈرەك زەئىپلىكى كىسلورود يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، بىمارنىڭ ئۇسىمىدەك كۆكەرگەن تىرناقلىرى خەتەرلىك ھالدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى .

ئۇيىغا پاتقىنىمنى كۆرگەن ياسىنجاننىڭ چېكە تومۇرلىرى لىپىلداشقا باشلىدى . مەستۈرەنىڭ بىلىكىنى قويۇۋەتكىنىمدىن كېيىنلا ئالدىراپ سورىدى :

— قانداقراق ، چوڭ چاتاق يوققۇ دەيمەن ، بىرەر كۈن دورا ئىچسە ياخشى بولۇپ كېتەر بەلكىم...

مەستۈرەنىڭ كېسىلىنى ھېلىقى كېسەلمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم . گۇمان قىلدىملا ئەمەس ، مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيە ۋە بەش يىللىق تەجرىبەم بويىچە ھۆكۈم قىلدىم ، دېسەممۇ بولاتتى . پەرىزىمچە ، ئۇنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ، يامان سۈپەتلىك ھۈجەيرىلەرنىڭ يادروسى چاقماق تېزلىكىدە بۆلۈنۈپ ، ئالگېبرالىق نىسبەت بويىچە كۆپىيىۋاتقان ھۈجەيرىلەرمۇ تومۇر ـ تومۇرلارنى بويلاپ تارقىماقتا ، ئەزرائىل رەھىمسىز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بوغۇزىنى سىقماقتا ئىدى .

يۈرىكىم بىردىنلا تۆمۈر تاغاقتا تاتىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . كۆز يېشىم يۇقىرى بېسىملىق پومپىدىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك كۆز چاناقلىرىمغا قاپلاشتى . ھايات سەپىرىنىڭ ئەمدىلا بىرىنچى مۇساپىسىنى باسقان بۇ چوكان گۆر يېنىغا قىستاپ بېرىلغان ، بۇ كىشىلەرگە قىسمەت تەقسىم قىلىغاندا ئۆلۈم بىلەن كۆرۈمنى ، بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى ، ئامەت بىلەن ئاپەتنى ھەر دائىم سەركەشتە قىلىۋېتىدىغان تەقدىرنىڭ بىر ئويۇنى ئىدى .

مەستۈرەغۇ كېتەر ، ئەمما مەستۈرە ئۇچۇن ئەزىز جېنىنى تەقدىم قىلىشقا ، تەقدىرنىڭ مەستۈرەگە ئاتقان مالامەت ئوقىغا ھېچ ئىككىلەنمەيلا مەيدىسىنى تۇتۇپ بېرىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرغان ياسىنجان نېمە بولۇپ كېتەر ؟ بۇ جۇدالىققا چىداشلىق بېرەلەرمۇ ؟

مەن يالغاندىن يۆتىلىپ ، ئەل ئۆمرىدە سۇ كۆرمىگەن

بىنەمدەك قۇرۇپ كېتىۋاتقان گېلىمنى نەملىدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تامغا ئالدىمنى قىلدىم.

— نېمىشقىمۇ بالدۇرراق دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىغانسىلە؟! — دېدىم مەن دانە ـ دانە قىلىپ.

ئۆز ئاۋازىم ئۆزۈمگە غەلىتىلا ئاڭلاندى. ھەرقانداق بىچىرىم يۈرەك ۋە گۇمانخورلۇقتىن خالىي بولغان كۆڭۈلنى ئەندىشىگە سالىدىغان بۇ سوراقنى ئاغزىمدىن ناقۇلاي پەيتتە چىقىرىۋەتكىنىمگە شۇ ھامان ئۆكۈنۈپ قالدىمىيۇ، پۇشايمان قىلمىدىم. چۈنكى، بۇ بىراۋنىڭ ئۆز ئاغىنىسىگە ئەمەس، بەلكى بىر دوختۇرنىڭ خۇدا بەخشەندە قىلغان ئەزىز ھاياتىنىڭ قەدرىگە سەل قارىغۇچىغا قارىتىپ ئېيتقان ۋىجدان تەئەددىسى ئىدى. قولدىن كېتىپ قالغان ۋاقىت دوختۇرنىلا ئەمەس، ھەرقانداق كىشىنى ئۆكۈندۈرەتتى.

ئۆي ئىچىدە ئېغىر سۈكۈت ھۆكۈم سۈرمەكتە، يۈرىكىمنىڭ ئۈركىگەن يىلقىنىڭ تۇياق ئاۋازىدەك تىنىمسىز گۈپۈلدەشلىرى قۇلىقىمغا ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇ جىمجىتلىققا چىداپ تۇرالمىدىم، ئاستا كەينىمگە بۇرۇلۇپ، تەنە نەزىرىم بىلەن ياسىنجانغا قارىدىم.

ياسىنجان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى. ئەينەك شارچىدەك ئۇيۇپ قالغان كۆز قارىچۇقىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۇستىرا تەگمىگىنىگە بىرەر ھەپتە بولۇپ قالغان، ئېگىزلىقتىكى بۇغداي كۆتەكلىرىدەك تۇرغان ساقىلى تېزلىكتە ئۆسىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىككى قولى نامازغا تۇرغان كىشىدەك تاشلانغان، بېشى رۇكۇدا ئولتۇرغان نامازخاندەك بىر تەرەپكە قىيسايغانىدى.

ئۇ ئەمدى سوئالىمغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەلەيتتى؟ ئېنىقكى، ئۇ ئايالىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغۇسى كەلمىدى ۋە ئېلىپمۇ بارمايتتى. ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق بەدەل تۆلىگەنىدى.

— ئاداش، نېمە ئانچە قايغۇرىسەن؟ مۇنداقلا سوراپ قويدۇم،

دوختۇر دېگەن مۇشۇنداق دېمەي نېمە دەيتتى ئەمىسە؟ — دېدىم مەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ، — مەستۇرەنى ئەتە ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا ئېلىپ بار، ئەندىشە قىلما، ئۇنىڭ چۇمپەردىسىنى ئېلىۋەت دەپ تۇرۇۋالمايمەن.

ياسىنجان يالغان ئېيتمايدىغانلىقىمنى بىلەتتى. ماڭا چىن كۆڭلىدىن ئەقىدە قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئەپسانىلەردىكى ياغاچ ئادەمگە بىر ئەپسۇن بىلەن جان كىرگەندەك جان كىرىشكە باشلىدى. ئاۋۋال كۆز قارىچۇقى مىدىرلىدى، ئاندىن چىرايىدا ھاياتلىق نۇرى ئەكس ئېتىشكە، تىلى گەپكە كىرىشكە باشلىدى:

— ئۇنداقتا مەستۇرەنىڭ كېسىلى ئېغىر ئەمەسكەن، شۇنداقمۇ؟ ماقۇل، بۇ دورەم گېپىڭگە كىرەي، مەستۇرەنى ئەتە ئەتىگەندىلا ئېلىپ باراي، يەنە باشقا دوختۇرلارغا بۇيرۇپ قويۇپ يۈرمە جۇمۇ، شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ئىككىنچى يۈزۈڭگە قارىمايمەن، مەستۇرە ھەرنېمە بولسىمۇ ئىمانى بىلەن بولسۇن!

ئۇ بۇ گەپنى ماڭا بىراۋنى ئەدەپلەۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا دېدى. مەنمۇ ھېلىقى سوئالىم تۇپەيلى تۇغۇلغان ۋاقىتسىز ماتەمنىڭ تېزدىنلا يوقالغانلىقىغا ئىچىمدە شۈكۈر قىلدىم.

مەستۇرەنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش تەكلىپىنى بېرىشىمنىڭ بىر سەۋەبى ئاشۇ ۋاقىتسىز ماتەمنى يوق قىلىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىرى دىئاگنوزنىڭ ئېنىقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى، ھەرقانداق ئەخلاقلىق ۋە ئاقىل دوختۇر كىلىنىك ئالامەتلەرگە ئاساسەن چىقارغان ھۆكۈمىدە يەنىلا تاسادىپىيلىققا ئورۇن تاشلايدۇ ئەمەسمۇ؟

ئەتىسى ئەتىگەندە دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىمدە، ئايالى ياتقۇزۇلغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان ياسىنجاننى يىراقتىنلا تونۇدۇم ۋە ئۇ كەلگۈچە توختاپ تۇردۇم.

مەستۇرە چىرايلىق شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك تاۋار تاشلىق يوتقانغا پۈركىنىپ ياتاتتى. بېشىدا قاردەك ئاپئاق ياستۇق بار ئىدى. ھارۋىنىڭ بىردەم ئۇ يېنىغا، بىردەم بۇ يېنىغا ئۆرۈپ

www.uyghurkitap.com

پايپپتەك بولۇۋاتقان خەلچخان ئاچا كبلننىڭ بېشدىن ئارتىلدۇرۇپ ، يوتقان چېتى بىلەن باستۇرۇلغان جىگەر رەڭ قىلىن تور ياغلىقىنى پات - پات تۈزەشتۈرۈپ تۇراتتى .

ئۇلار بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن هارۋا ئىتتىرىشكە ياردەملەشتىم ۋە هارۋىنى ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ پەشتىقىغا يېقىن ئەكېلىپ توختاتتۇق . بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ئىككى ئىلىك ياداپ كەتكەن ياسىنجان ئايالىنى تېگىپ كەتسىلا پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدىغان نەپىس ئەينەك بۇيۇمنى ئاسرىغاندەك ئېھتىيات بىلەن يۆلەپ ، ياستۇقنى بېلى ئاستىغا قىستۇردى - دە ، ئۇستىخانلىرىنىڭ ئۇۋۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئاۋايلاپ ، كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈردى . خەلچخان ھېلىھەم تور ياغلىقىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بەند ئىدى .

قولىلىرىدا ئامبۇلاتورىيە قەغىزىنى تۇتۇپ ئىشىك تۈۋىدە نۆۋەت بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بىمارلار مېنى كۆرۈپلا ئۆزلۈكىدىن يول بوشاتتى . مەستۇرەنى كۆتۈرۈپ بۆلمەمگە ئېلىپ كىرگەن ياسىنجانغا ئايالىنى ئىش ئۈستىلىم يېنىغا قويۇلغان تاختا كارىۋاتقا ياتقۇزۇشقا ئىشارەت قىلىۋىدىم ، ئۇ ئانىسىغا قاراپ دېدى :

— ئانا ، هارۋىدىكى يوتقان - كۆرپىنى ئېلىپ كىرىپ ، كارىۋاتقا سالسىلا ، بۇ بىچارىنى داق كارىۋات ئۈستىدە قىيناپ قويمىز ، ئۈنىگسىزمۇ...

بىمارلارنى مۇجۇپ تەكشۈرۈش مەقسىتىدە قويۇلغان مەخسۇس كارىۋاتقا سېلىنغان كۆرپە ھەقىقەتەن نېپىز ئىدى ، بۇ كېسەللەرنىڭ تۈز ۋە تەكشى يېتىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ ، ئارتۇقچە چۈشەك سېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى . بىراق ، بۇ پەۋقۇلئاددە بىمارغا ئېتىبار بولسۇن ئۈچۈن بىرنېمە دېمىدىم .

مەستۇرەنى تەكشۈرۈش ئىشى تۈنۈگۈن كەچتىن باشلاپ بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانىدى ، چۈنكى ئۇ ئالدى بىلەن ئاياللار بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى . قېرىشقاندەك ، ئايال دوختۇر كېسەل سەۋەبى بىلەن

دەم ئېلىۋاتقاچقا ، نۆۋەتچىلىك ئورنىدا بىرلا ئەر دوختۇر بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ياسىنجاننىڭ تەلپىگە ئىلاجسىز ماقۇل كەلگەنمەن ، ئاخىرىدا كۇن بويى كىرپىك قاقماي ئويلاپ تاپقان ئامال بويىچە ، مەستۇرەنى ياسىنجانغا كۆتۈرگۈزۈپ رېنتگېن بۆلۈمىگە باشلاپ كىردىم .

كۇنۇپكىنىڭ ئىمپۇلسلىق ھەرىكىتى بىلەن رېنتگېن لامپىسىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆزگە كۆرۈنمەس نۇر مەستۇرەنىڭ بوشىشىپ كەتكەن توقۇلمىلىرىنى تېشىپ ئۆتۈپ ، ئالدىمدىكى ئېكراندا سايە پەيدا قىلىشقا باشلىدى . كۇنۇپكىنى يەنە باستىم ، يەنە شۇ سايە ، رېنتگېن نۇرلىرى تېشىپ ئۆتەلمەيۋاتقان ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق سايە !

سايىنى كۆزەتكەنسېرى پۈتۈن تېنىمدىكى تەر بەزلىرى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ، تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى ، پۈتۈن ئەزايىمنى سوغۇق تەر باستى .

«ب» تىپتىكى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئەسۋابىنىڭ دولقۇن تۇرۇپكىسى مەستۇرەنىڭ سىلىقلاشتۇرغۇچى ماي سۈركەلگەن تېرىسى ئۇستىدە توختىماي ھەرىكەت قىلماقتا ، دولقۇن تۇرۇپكىسى ئىچكى ئەزالارنىڭ ھەربىر قىسمىدىن قايتقان ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىنى كۆكۈچ نۇر چاقناۋاتقان ئېكرانغا ئەۋەتمەكتە ، ئېكراندا يەنە شۇ سايە ، قورقۇنچلۇق سايە !

كىشىلەر دوختۇر ، ۋراچلارنى «قاسساپ» دەپمۇ قويىدۇ ، بەزىلەر «ۋراچ» دېگەننىڭ باغرى قاتتىق ، تاش يۈرەك ، دېيىشىدۇ ۋە بۇنىڭغا بىزنىڭ مېدىتسىنا مەكتەپلىرىدە ئاناتومىيە دەرسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ ئادەم ۋە ھايۋان ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ئىچ - قارنىنى يارغىنىمىزدىن باشلاپ ، ھەر خىل ئوپېراتسىيىلەر ئېلىپ بارغىنىمىزغىچە بولغان مىساللارنى شىپى كەلتۈرىدۇ ، مانا مەن دوختۇر ، دۇنيادا دوختۇردىنمۇ باغرى يۇمشاق ئادەم يوقمىكىن دەپ ئويلايمەن . شۇڭا ، ئالدىمىزغا كەلگەن بىمارلارنىڭ يۈرىكى ئازراق بولسىمۇ مىدىرلاپ تۇرىدىكەن ، تىنىقى ئۈزۈلۈپ قالغان

تەقدىردىمۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدنى ئۈزمەيمىز ، ئەڭ ئاخىرقى ئامالىنىمۇ ئىزدەپ باقىمىز . دېمەكچىمەنكى ، مۇشۇ مىنۇتتا مەستۇرەنىڭ ھاياتىدىن ئاخىرقى ئۈمىدنى يەنىلا ئۈزمىدىم ، ياسىنجان ئايالىنى «ب» تىپتىكى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى بۆلۈمىدىن ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، رېتسېپقا ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلاردىن بىرمۇنچە يازدىم ـ دە ، ئايالىنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ بولغاندا ئۇنى بۆلۈمگە چاقىردىم .

— ئاغىنە ، ئايالىڭ مۇشۇ دورىلارنى يەپ تۇرسۇن ، ئارام بېرىدۇ ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئازادە تۇتۇشقا تىرىشىپ…

— رەھمەت ئاداش ، بىر ئەسقاتتىڭ جۇمۇ .

ئۇنىڭ چىرايىدا باشقىچە ئالامەت كۆرۈلمىدى . ئۇ ئايالىنىڭ مەن يېزىپ بەرگەن دورىلار بىلەن ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندەك قىلاتتى . مېنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتىممۇ دەل شۇ ئىدى .

— بۇ دورا پايدا قىلىدۇ ، دېگەن قەرەلىدە يەپ بەرسۇن ، — مەن ئادەتتىكى مەسلىھەت ئاھاڭىدا گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم ، — «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار ئاداش ، مېنىڭچە ، ئايالىڭنى ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە ئاپىرىپ دەم ئالدۇرغاچ داۋالىتىپ كەلسەڭ بولارمىكىن ، دېگەن ئويۇم بار . ئۆزۈڭمۇ تېخى مۇشۇ بازارنىڭ تېشىغا چىقىپ باقمىغان يېتىم…

ياسىنجاننىڭ چىرايىدا ئوچۇق ھاۋادا بىردىنلا قارا بۇلۇتلار قۇتراپ «شار» قىلىپلا يامغۇر يېغىپ يەنە بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەندەك ھال يۈز بەردى . ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇ ئاخىرىدا مەسلىھەتىمنى چىن مەسلىھەت ھېسابلىغاندى . ئۇ بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ دېدى :

— بۇ گېپىڭغۇ بولىدىغان گەپكەن ، مەستۇرەنىڭ ماشىنىدا ئولتۇرغۇچىلىكى يوق ، قانداق قىلساق بولار ؟

— نېمانچە غەم يەيسەن ، قول ـ ئىلىكىڭدە يوقمۇ ئەمەس ، ئايروپىلانغا ئولتۇرساڭ بىردەمدىلا ئۆزۈڭنى ئۈرۈمچىدە

كۆرسەنغۇ !

ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ كۇلۇمسىرىدى :

— پۇل ـ پېچەكنىڭ ئىشىغۇ بىر گەپ بولار ، ئاڭلىسام بېلەت ئالماق تەس دەيدىغۇ ؟

— غەم قىلما ، ئاغىنەڭنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ ، دەمسەن ؟

ياسىنجان كۇلۇمسىرەپ قويدى ، ئۇ خاتىرجەم ھالدا بۆلۈمدىن ئۇزىغاندىن كېيىن ، دەرھال تېلېفون ئېلىپ ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بېلەت ئىشىنى ھاۋالە قىلدىم ، چۈنكى ، باياتىن دېگەندەك بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش بىلەنلا ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولمايتتى . كېسەل خاراكتېرىگە چوڭ دوختۇرخانىلاردا توقۇلما ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى .

ئەقىللىق كىتابخان ئېھتىمال : «سەن بىر دوختۇر ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرخانىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى تۇرساڭ ، كىچىككىنە مېۋە ـ چېۋە دۇكىنىنىڭ بۇ كەم سۆز ، ساددا ، جاھىل مىجەز خوجايىنى بىلەن قانداق تېپىشىپ قالغانسەن ۋە شۇنچە ئىچەكىشىپ كەتكەنسەن» دەپ سورىشى مۇمكىن . راست ، كەسپىمىزنىڭ چىگىتتەك ئورتاقلىقى يوق ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋەت ئۇياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا يۇرتداشمۇ ھېسابلانمايمىز . بىراق ، تەقدىر شۇنچىلىك قاقۋاش ۋە تاسادىپىيلىقلارنىڭ ئانىسى ئىكەنكى ، ئۇ بىرىنى بىرىدىن جۇدا قىلىپ ، بىرىنى بىرىگە باغلايدىكەن ، مەقسەتسىز ئۇچۇپ ئۆتكەن تەقدىر شاملىدىن ئويلىمىغان نەتىجىلەر پەيدا بولىدىكەن ، ياسىنجان بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزمۇ ئەنە شۇنداق تاسادىپىيلىق سەۋەبى بىلەن باشلانغانىدى .

مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ، بۇ ناھىيىنىڭ دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە كەلگىنىمنىڭ تۇنجى يىلى ئىدى . قار ئۇچقۇنلىرى پىلدىرلاپ ، شامال ئۇرۇپ تۇرغان بىر كەچلىكى بازارغا گۆش سېتىۋالغىلى باردىم . ئۇ چاغدا تېخى بويتاق ئىدىم ،

چوڭ قازان تامىقىغا قاراشلىق بويتاق ئادەتتە تاماق لەززىتىدىن مەھرۇم قالىدىغان گەپ ئىكەن ، شۇ كۈنلەردە پەقەت كىچىككىنە ئالىيۇمىن قازان ، كىرسىن ئوچىقى ۋە شورپا سېلىش ھۈنىرىملا مېنى ئانچە ـ مۇنچە لەززەتتىن بەھرىمەن قىلىشۋاتاتتى .

ھاۋا ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ، شۇ كۈنى گۆشكە شېكەر چۈشۈپتۇ . بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ كانارغا ئېسىلغان بىر سان گۆشنىڭ يېنىدا پىچىقىنى بىلەپ تۇرغان ئورا كۆز ، سىم بۇرۇت قاساپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدىم ، نېمە ئۈچۈنكىن ، ئۇنىڭ ئالدىدا خېرىدار ئاز ئىدى . ئۇ پىچىقىنى تاشلاپ ، كىچىك پالتىسىنى ئالدى ـ دە ، بىر پارچە بويۇن گۆشكە قۇلاقچىلىك لوق گۆشنى چاپلاپ گىرغا سالدى . ئۇ گۆشنى گېزىت قەغىزىگە ئوراپ ماڭا دەبدەبە بىلەن تۇتقۇزغاندىن كېيىن باھانى ئېيتتى ـ دە ، پۇلنى پەشتامىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ ، ماڭا قاراپ يېقىمسىز ھىجىيىپ قويدى .

— ئاداش ، توختاپ تۇرۇڭا !

مەن قەدىمىمنى ئىتتىك توختىتىپ كەينىمگە قاراپلا كىچىككىنە دۇكانغا تولۇپ كەتكەن قۇرۇق يىمىش خالتىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان دىقماق ، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىتنى كۆردۈم . ئۇ ماڭمۇ سەپسالماي ئۇدۇل قاساپ يىگىتنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە :

— ئاغىنە ، پۇلنى دەپ ئىنساپىمىزنى يوقاتساق بولمايدۇ ، — دېدى قاساپقا قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆزى پەشتامىسىنىڭ يانچۇقىغا قادالدى . قاساپ لاسسىدە بوشاشتى . تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىر يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزىتىپ تۇرۇپ دېدى :

— خاپا بولماڭ . بىر يۈەن پۇلىڭىزنى ئارتۇق ئېلىپ قويۇپتىمەن .

مەن بۇ سىرلىق ۋەقەگە ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدىم ، ئىككى كۈندىن كېيىن كۆزلىرىدىن جازىبىلىك ئوت چاقناپ

تۇرىدىغان بۇ يىگىت بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىنلا ۋەقەنىڭ تېگىگە يەتتىم ، ئەسلىدە مېنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىمنى سەزگەن قاسساپ ماڭا غىچلا ئۇستىخان بەرگەنىنىڭ ئۇستىگە بازار باھاسىدىن بىر يۈەن ئارتۇق ئېلىۋالغانىكەن ، دۇكاندا ئولتۇرۇپ ھەممىنى كۆزىتىپ چىققان ياسىنجان ئادەتتە ئۆزى بىلەن خېلى ياخشى ئۆتىدىغان قاسساپنىڭ نائىنساپلىقىغا ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە ، سودىمىزغا ئارىلىشىپتۇ .

ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى . راستىنى ئېيتسام بۇ يىگىت چىن ئىنسان يېقىدىن ماڭا يېقىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئارتۇقچە تۈزۈت قىلىپ كەتمىدىم . دوستلۇقىمىز ئەنە شۇ كۈندىن باشلاندى . پەرەنجىلىك مەستۇرە بىلەنمۇ شۇ كۈنى تونۇشقانىدىم .

مانا ھازىر دورىنىڭ كۈچى بىلەن بىر دەملىك ئارىغا ئېرىشكەن مەستۇرە كەينىگە قويۇپ بېرىلگەن ئورۇندۇققا يۆلىنىپ ، ئالدىمدا ئولتۇرىدۇ . ياسىنجان بولسا مەن بىلەن يانمۇيان ، ئايروپىلان ئاپئاق بۇلۇتلارنى پەستە قالدۇرۇپ رىتىملىق چىرقىراپ ، ئون مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كېتىپ بارىدۇ . مېنىڭ قانداق بولۇپ بۇ بەختسىزلەر بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلانغىنىم ھەققىدە كىتابخانلارنىڭ بىرنەرسە بىلگۈسى كېلەر . ئېيتقىنىمدەك ، مەن ياسىنجاننىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك دوستى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ مەندىن باشقا يۆلەنچۈكى يوق . ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق ئايالىنىڭ تەقدىرى مىكروسكوپ ئاستىغا چۈشىدىغان كىچىككىنە بىر پارچە توقۇلمىدا ، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ، بۇ بىچارە نېمە بولۇپ كېتەر . يېنىغا قارىسا ھەممىسى يات ، ئاھ ئۇرسا ئاھىنى ئاڭلايدىغان ، ئەقەللىيسى ئىككى ئېغىز تەسەللى بېرىدىغان ئادىمى يوق··· «سەن ئۆزۈڭنى ياسىنجاننىڭ دوستى ھېسابلامسەن ، ئۇنداقتا دوستلۇقنى يەتكۈزىدىغان ، دوستلۇق مېھرىڭ ئارقىلىق مۇزلىغان يۈرەكنى ئېرىتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى» . بۇ — ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى ئىدى . مۇشۇ بۇيرۇقنىڭ دەۋىتىدە كەسكىن قارارغا

كەلدىم ـ دە ، ئىنسانپەرۋەر ئىشداشلىرىمنىڭ دەۋىتى بىلەن دوس-تۇمغا ھەمدەم بولۇپ يولغا چىقتىم...

ئايروپىلان بۇلۇت توپىنى كېيىندە قالدۇرۇپ ، كومۇشتەك پارقىراپ تۇرغان تەڭرىتاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتتى . قارىيىپ تۇرغان قارىغايزارلار ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇلغان سەرەڭگە قاپلىرىدەك ئاق بىنالار ئاقۇچ كاپرون ياغلىقتەك ئۈزۈپ يۈرگەن مانان ئاستىدا خېلى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇگدەۋاتقانلار سەگەكلەشتى . ئۇخلاپ قالغانلار ئويغاندى . سەپىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە يېقىنلىشىپ قالغان يولۇچىلار : «ئەنە قارا ، مانا قارا» دېيىشىپ سۈرەن سېلىشىپ ، كۆزنەكلەرنىڭ دوغۇق ئەينىكىگە يۈزلىرىنى يېقىشتى .

دەل شۇ چاغدا مەستۇرەنىڭ ۋىجىك گەۋدىسىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . قانداقتۇر بىر چىگىش مەسىلىنىڭ بېشىغا چىقماۋاتقان ئىختىراچىدەك ، يوغان بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ياسىنجان بۇ ھالنى كۆرمىدى . ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە ، مەستۇرەنى يۆلەشكە تەرەددۇت قىلدىم ، سۆزسىزكى ، ئاڭلاش ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى تېخى تامامەن يوقاتمىغان مەستۇرەگە يولۇچىلارنىڭ خاھىشى ئەمەس ، ئىنساندا بولىدىغان يېڭىلىققا قىزىقىش ، سىخىي تەبىئەتنىڭ ماھىر قولى بىلەن يارىتىلغان گۈزەل مۆجىزىلەردىن لەززەتلىنىش تۇيغۇسى ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئۇنىڭ نېرۋىلىرىغا مىدىرلاش بۇيرۇقىنى بەرگەندى !

ھايات ئەنە شۇنداق گۈزەل ، ھاياتتىن لەززەتلىنىش تۇيغۇسى ئەنە شۇنداق ئەركىن ، ياشاش ئىستىكى ئەنە شۇنداق غالىب ، پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ئانىسى بولغان تەبىئەتلا ئۆزى جان ئاتا قىلغان جانلىقلارنىڭ تاجىسى بولمىش ئادەمزاتقا ئەنە شۇنداق ئىمتىياز ۋە تۇيغۇ بەخش ئېتەلەيدۇ ، ئۆزىگە ھۆزۈرلىنىش بۇيرۇقى بېرەلەيدۇ...



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بارماقلىرىم مەستۇرەنىڭ مۈرىسىگە تېگىشى بىلەنلا كۈچلۈك بىر قول مۈرەمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۆزىتىلدى ـ دە، ھېچ ھايالسىز قولۇمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، بۇ ياسىنجاننىڭ قولى ئىدى. ئۇ كۆزلىرىمگە بىر چاغلاردا ھېلىقى قاسساپنىڭ كۆزىگە قادالغان نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ، ئايالىنى پەم بىلەن يۆلەپ رۇجەك ئەينىكىگە يېقىنلاشتۇردى. ئۇ تەبىئەتتىن قۇربىنىڭ يېتىشىچە زوقلانماقتا ئىدى. ياق، ئۇنىڭ زوقلانغىنى تۇمانلىق دۇنيا ئىدى، پەرەنجىنىڭ ھەربىر تال يىپى ئۇنىڭ كۆزىگە قەپەس ئىچىدىكى قۇشنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن شادىلاردەك، تۈرمىدىكى مەھبۇسنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدىغان پولات ۋادەكلەردەك يوغان كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى بىلەن رەڭدار دۇنيانى ئايرىپ تاشلاپ، بارچە گۈزەللىكنى خۇنۇكلەشتۈرەتتى.

جىمى مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئادەم ئەڭ مۇكەممەل يارىتىلغان مەخلۇق، ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسى شۇنداق مۇھىم فۇنكسىيىنى زىممىسىگە ئالغانكى، خۇدا ھېچقايسىسىدىن ئايرىمىسۇن، قولدىن، ئاياغدىن، تىلدىن، قۇلاقتىن مەھرۇم قىلسىمۇ مەيلى، ئەمما كۆزدىن مەھرۇم قىلمىسۇن، ئىنسان ۋۇجۇدى بىلەن دۇنيانى تۇتاشتۇرىدىغان رۇجەكتىن، تۇيغۇ بىلەن تەبىئەتنى باغلايدىغان رىشتىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن!

ئېسىمگە كەلدى، بىر چاغلاردا زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، ياسىنجاننى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدىم. تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانمۇ ياكى بىر تاسادىپىلىقمۇ، ئىشىكتىن كىرىپلا ياسىنجاننى ئەمەس، بەلكى پەرەنجىگە پۈركىنىپ، پەرەنجە ئىچىدە قوللىرىنى مىدىرلىتىپ ئولتۇرغان مەستۇرەنى كۆردۈم… بوسۇغا ئىچىگە تاشلانغان قەدىمىمنى تارتىۋېلىشنى ياكى ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ قويۇشنى بىلمەي بىر سېكۇنتچە مەڭدەپ قالدىم.

— ھوي، ئەسقەر دوختۇرغۇ بۇ، كېلىڭ، تۆرگە ئۆتۈڭ، — دېدى پەرەنجىلىك گەۋدە لىككىدە قوزغىلىپ، — ياسىنجان بولمىسا، مانا مەن بار، يار لېۋىگە بېرىپ قالغاندەكلا

توختىۋالدىڭىزغۇ!

«ياپىرىم» دېدىم ئىچىمدە كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئاۋايلاپ ئولتۇرۇۋېتىپ، «بۇ چوكان سۆزلىيەلەيدىكەن ـ دە، تېخى چاقچاقچىدەك تۇرامدۇ، نېمە؟»

ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق ۋە زىل ئىدىكى، كىشىگە رويالنىڭ زىل كۇنۇپكىلىرى ياكى ئىسكىرىپكىنىڭ بىرىنچى سىمى بىلەن ئورۇندالغان نەپىس مۇزىكىدەك ھۇزۇر بېغىشلايتتى. مەستۇرەنىڭ چىرايىنى بىر قېتىممۇ كۆرمىگەن بولساممۇ، شۇ چاغدا مەن يەنە بىر قېتىم ئۇنى جەزمەن چىرايلىق بولسا كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدىم، چۈنكى يارىتىلىشىدا خۇدانىڭ چىراي تەقسىماتىدا بېخىللىق قىلىۋاتقان كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ قالغان ئايال جىنسلىقلارنىڭ ئاۋازىدا بۇنداق يېقىملىقلىق، جەلپكارلىق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەستۇرە چاي كەلتۈردى، چاي ئۇتلاۋېتىپ، كارىۋات ئۈستىدە تۇرغان كەشتىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— كەشتىنى ئەجەب چىرايلىق ئىشلەيدىكەنسىز، بۇ شاپتۇل چېچىكى بەكمۇ ئەينەن چىقىپتۇ.

— ياخشى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئەمما شاپتۇل چېچەكلىرىنى خېلى ئوبدان كەشتىلىيەلەيمەن.

— شاپتۇل چېچىكىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە، شاپتۇل چېچەكلىگەن پەسىلدە تۇغۇلغانىكەنمىشمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن شاپتۇل چېچىكىنى ياخشى كۆرسەم كېرەك.

دېمىسىمۇ، تۆت تامنىڭ ھەربىرىگە بىردىن شاپتۇل چېچىكى كەشتە قىلىنغان رامكا ئېسىلغانىدى. شاپتۇل چېچىكىگە مەھلىيا بولۇپ كەتتىممۇ ياكى ياسىنجاننى كېلىپ قالار دېدىممۇ، ئىشقىلىپ، ئولتۇرۇپ قالدىم، ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقتىن زېرىكىپ يەنە سورىدىم:

— مۇشۇ كۈنلەردە يەنە نېمىشقا يۈزىڭىزنى يۆگەپ يۈرىسىز؟

ئاخىرقى بوغۇم ئاغزىمدىن چىقىپ بولمايلا يۈزۈم بىردىنلا

قىــزىشىپ كەتتى ، بۇ سوراشقا تېگىشلىك سوئال ئەمەسلىكىنى بىــراقلا ھېس قىلدىم ، مارىلاۋاتقان بىر كىم سۆزۈمنى تىڭشاپ خاتىــرىــسىــگە يېــزىۋاتقاندەك ، فوتو ئاپپاراتنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەندەك ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئەتراپىمغا قاراپ چىقتىم ، لېكىن مەستۇرە ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك جاۋاب بەردى :

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس ، ياسىنجان شۇنداق قىلىشىمنى خالايدۇ ، بولمىسا ئېغىر پەرەنجىنى سۆرەپ يۈرۈشنى كىم خالايدۇ دەيسىز ؟

— ئەمىسە ئۇنى تاشلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ ، ياسىنجانمۇ بەلكىم سىزدىن رەنجىپ يۈرمەس .

— ياق ، رەنجىيدۇ ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن .

— نېمىشقا ؟

— نېمىشقا دەمسىز ، — دېدى ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا ، — ئۇ ماڭا بەكمۇ ئامراق ، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلمىسام بولامدۇ ؟

جىمىپ قالغىنىمنى سەزگەن مەستۇرە مېنى رەنجىپ قالدى ، دەپ ئويلىدىمۇ ئۆزىچە سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئاتا ـ ئانام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمدىن كېيىــنلا مېــنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ يۈزۈمنى يېپىشنى بۇيــرۇغان ، دەسلەپتە ماڭا بۇ غەلىتە تۇيۇلدى . پەرەنجە بىلەن ساۋاقداشلىرىمغا كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولۇپ ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيــدىــن چىقمايدىغان بولۇۋالدىم . كېيىنچە بارا ـ بارا كۆنۈپ كەتتىم . بەزىدە ، ئاتا ـ ئانام بېشىمغا پەرەنجە تاشلاپ قويمىغان بولسا ، مۇشۇنداق ئوبدان ئەر ماڭا نېسىپ بولارمىدى ، دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن . بىلەمسىز ، ياسىنجان ۋە خەلچىخان ئانام پاكىز قىز ئىكەن ، دەپلا ماڭا ئەلچى قويغان .

— ھە ، مۇنداق دەڭ ، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ، — بۇغۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن ، ئەمما ياغلىقنىڭ ئىچىدىن قارىسىڭىز بىرنەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلەمسىز ؟

— كۆرەلەيمەن، بىراق، كۆرگىنىمنىڭ ھەممىسى تۇمانلىق دۇنيا، كۈن بويى گۈگۈمدەك تۇيۇلىدۇ...

مەستۈرەنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنى شەكسىزكى تۇمانلىق دۇنيا ئىدى. نەزىرىدە پۈتكۈل دۇنيا گۈگۈم قوينىدا، تەبىئەت ئېتىكىدە زاۋال ھۆكۈم سۈرەتتى...

ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىگىلا مەستۈرەنى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ياردىمىدە كېسەلخانىغا ئالدۇردۇق. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەسئۇل دوختۇر مېنى بۆلۈمگە چاقىرىۋالدى - دە، دىئاگنوز قەغىزىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ پەقەت دوختۇرلاردىلا بولىدىغان، دوختۇرلارلا ھېس قىلالايدىغان چىراي ئىپادىسى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ئالىقانچىلىك قەغەزگە مۇنداقچىلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم، قىزدۇرۇلغان بىر پارچە مېتالدەك قولۇمنى كۆيدۈرۈۋاتقان بۇ قەغەز بەئەينى ئۆلۈم خېتىنىڭ ئۆزى ئىدى. ھەربىر خەت ئارىسىدا ۋەھىمىلىك ئۆتكۈر چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، قانلىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغان بىر مەخلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ مەخلۇقنىڭ تۆمۈر تىرنىقى بەختسىز مەستۈرەنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، قان تومۇرلىرىدىكى ئاخىرقى بىر تامچە قاننى سۈمۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا ھەرقانداق كۈچمۇ، پەممۇ تەڭ كېلەلمەيتتى.

باش دوختۇر بىمارنى دەرھال قايتۇرۇپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى. ئوپېراتسىيە قىلىپ، ھەر مىنۇتتا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان پاجىئەنى بىرقانچە كۈن، ھېچبولمىغاندا بىرقانچە سائەت بولسىمۇ كېچىكتۈرۈش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىمىزمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يوققا چىقتى. ئەمدى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئەھۋالنى ياسىنجان ئالدىدا ئاشكارا قىلماي بولمايتتى.

ئويلاۋېرىپ كاللامنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دېدى، شۇم خەۋەرنىڭ ياسىنجانغا بولغان زەربە كۈچىنى ئاجىزلىتىشنىڭ چارىسىنى تاپالمىدىم. ساقايماس كېسەل بەرىبىر ئۆلۈمدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆلۈمنىڭ ئۆزى ئىرادىدىن تاشقىرى بولغان شۇم خەۋەر

ۋە دەھشەتلىك زەربە ئىدى.

ئۇچى يوق يىپتەك چىگىشلىشىپ كەتكەن خىيال قوينىدىن پەقەت دوختۇرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەنلا ئۆزۈمنى تارتتىم، دوختۇرنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ ياسىنجاننى بىر خالىي يەرگە باشلاپ كەلدىم - دە، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئەھۋالنى بايان قىلدىم.

كېچە - كېچىلەپ كۆز يۇمماي، تېتىغۇدەك بىر نەرسە يېمەي، ئايالىدىنمۇ بەكرەك ياداپ كەتكەن ياسىنجان ئاغزىمغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، كۆز قارىچۇقىمۇ، كىرپىكلىرىمۇ ھەرىكەتتىن توختىدى. تىنىقىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئاداش، ئاداش، ئۆزۈڭنى بېسىۋال...

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. چاقماق چۈشكەن يوپۇرماقتەك سارغىيىپ، تەپسىلا يىقىلىدىغان كونا تامدەك ئاجىزلاشقان تېنى ۋە زىيادە چىڭىتىلغان تارىدەك تارتىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى تۇيۇقسىز تۈگىشىشى مۇمكىن ئىدى. تېببىي ئىلىمدە بۇنداق ئالامەتلەر خەتەرلىك ئەھۋال قاتارىغا كىرەتتى. مەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويۇپ، ئۇنى سەگەكلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم.

ياسىنجان يامان چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئېسىگە كەلدى. بايامقى سۆزلىرىم قۇلىقىغا كىرمىگەندەك ياكى ئەستە ساقلىغۇچى مېڭە ھۈجەيرىلىرى بۇنداق سۆزلەرنى خاتىرىگە ئېلىشتىن باش تارتقاندەك، مەندىن يېنىشلاپ سورىدى:

— ئاداش، بايام بىر نېمە دېگەندەك قىلىۋىدىڭ؟

ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ: «ھەممىمىزنىڭ تەقدىرى خۇدانىڭ ئىلكىدە، ھەممىمىز ئاخىر بىر كۈن ئۇنىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىرقانچە ئېغىز تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، بايامقى سۆزۈمنى ئىخچاملا تەكرارلىدىم، ئۇ دەسلەپتە بەزگەكتەك تىترىدى. ئاستا - ئاستا كۆپىيىشكە باشلىغان ياش ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى تولدۇردى. ئارقىدىنلا مەھكەم تۈگۈلگەن مۇشتى بىلەن يوتىسىغا

بىرنى ئۇردى ـ دە ، ئۆپكىدەشكە باشلىدى .

— ياق ، ئۇلار خاتا سۆزلەۋاتىدۇ ، سەنمۇ ئۇلارغا بولۇشۇپ خاتا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىسەن ، مەستۇرە ساقىيىدۇ ، خۇدا شىپالىق بېرىدۇ ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس !...

مەن ئۇنچىقمىدىم ، ئۇنىڭغا ھازىر ھەرقانداق گەپ ئارتۇقچە ئىدى .

ئۇ تۇيۇقسىز بوينۇمغا ئېسىلدى ، مەيدەمگە بېشىنى قويۇپ تىترەك ئاۋاز بىلەن دېدى :

— ئاداش ، دوختۇرلارغا يالۋۇرۇپ باقايلى ، ئۇلار مەستۇرەنىڭ كېسىلىگە ئامال قىلسۇن ، ئۇنى ساقايتىپ ئاندىن ئېلىپ كېتەيلى ، بولامدۇ ؟

ئۇ مېنى ھەدەپ سىلكىيتتى ، مەندىن جاۋاب تەلەپ قىلاتتى . مەن پەقەت ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ ، باش لىڭشىتىشقا مەجبۇر ئىدىم .

چۈشتىن كېيىن باھار ئىللىقلىقىغا چۆمگەن بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنى ئاجايىپ سۈزۈلۈپ كەتتى . دوختۇرخانا ھويلىسىدىكى شاپتۇل دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن قىزغۇچ چېچەكلەر تىنىق ئاسمان ئاستىدا خۇددى كۆك قەغەزگە سىزىلغاندەك جۇلالىناتتى . تەكشى قىرقىلغان قارىياغاچ كۆچەتلىرىمۇ كۆكىرىپ قالغان ، قىش بويى پارنىكلاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن تەشتەك گۈللىرى قارىياغاچ قورشاۋىدىكى ئېتىزدا باھار ئاپتىپى بىلەن سۆيۈنمەكتە ئىدى .

بولغۇسى ماتەمنىڭ قايغۇسىدا پاراكەندە بولۇۋاتقان كۆڭلۈم بۇ مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىشنى خالىمىدىمۇ ، چېكىنىۋاتقان تاماكامنى زەردە بىلەن ئېزىپ ئاياغ ئاستىمغا تاشلىدىم ـ دە ، كېسەلخانىغا كىردىم .

ئاھ ، مۆجىزە ! كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم ، نەچچە كۈندىن بېرى بىردەم ھوشىدىن كېتىپ ، بىردەم ھوشىغا كېلىپ ياتقان مەستۇرە ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئىرىگە پىچىرلاۋاتقاندەك

قىلىۋاتاتتى . چىرايىدا چۈشتىن بۇرۇنقى قايغۇدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان ، ياسىنجان ئايالىنى دورا ئىچىشكە دەۋەت قىلىۋاتاتتى . تاشقىرىدىكى باھار مەنزىرىسى ئۇنىڭ چىرايىغا كۆچكەندەك قىلاتتى !

بىراق ، بۇ مۆجىزىنىڭ سىرى ماڭا ئايان ، بۇ مېيى تۈگىگەن چىراغنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۈچلۈك چاقنىشى بىلەن ئوخشاش ئالامەت ئىدى . بۇ جانلىنىش تومۇز كۈنلىرىدىكى قۇملۇقتا پەيدا بولغان ئۆركەشلىك دەريالارغا ، خىيالىي مەنزىرىلەرگە ئوخشايتتى . ئۇلارنىڭ شېرىن سۆھبىتىگە ھالاقىت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن جىمجىتلىقنى ساقلاۋاتقان چېغىمدا كاللامغا تۇيۇقسىز بىر ئوي كىرىپ كەلدى ، ھەممىنى ئۇنتۇپ ياسىنجاننىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ پىچىرلىدىم :

— خۇداغا شۈكۈر ، ئايالىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلىدىغۇ ؟

— بايام مەن دېمىدىممۇ ، دوختۇر يالغان ئېيتىۋاتىدۇ ، خۇدا ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىدۇ دەپ ، گېپىم توغرىمىكەن ؟ — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ . ئارقىدىنلا مەن ئويۇمنى ئېيتتىم :

— چاقلىق كارىۋاتتىن بىرنى تېپىپ كېلەي ، ئايالىڭنى تالاغا ئاچىقىپ بىردەم ئايلاندۇرۇپ كېلەيلى ، كۆڭلى ئېچىلىپ ، ئاغرىقى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

— دۇرۇس گەپ قىلدىڭ ئاداش ، سەنزە··· — ئۇ نېمىنىدۇر ئويلاپ توختاپ قالدى ۋە مەندىن سورىدى :

— دوختۇر رۇخسەت قىلارمۇ بۇنىڭغا ؟

— رۇخسەت قىلمايچۇ ، مانا مەن بېرىپ رۇخسەت سورايمەن !

ئەگەر مېنى ھىيلىگەرلىك قىلغان دېيىلسە ، ئۆمرۈمدىكى تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىمقى ھىيلىگەرلىكىم مۇشۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دوستىغا يالغان گەپ قىلدى ، دېيىلسىمۇ مۇشۇ قېتىمقىسى ھېسابلىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ مەستۇرەنى چاقلىق كارىۋاتقا ياتقۇزدۇق . ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىنى مەن كۆتۈردۈم . كارىۋاتنى يەنىلا ياسىنجان ئىتتەردى ، ھويلىغا چىقتۇق .

مەستۇرە تەبىئەتكە قاراپ چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. دىمىغىغا ئۇرۇلغان باھار ھىدى، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ شوخلۇق قىلىۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئويغىتىپ، ھاياجىنىنى قوزغىماقتا، تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ قەدرى ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى تۇمانلىق دۇنيا، گىرىمسەن باھار ۋە گۇگۇمدىكى گۈل ئىدى. ئەگەر ئۇ ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ، بۇ قەدىرلىك دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغلىرىنى يادىغا ئالسا، ئاشۇ چېچەكلەر بىلەن ۋىدالىشىپ، يېشىل ياپراقلارنى ئاخىرقى قېتىم ئۆز رەڭگى بىلەن كۆرۈۋالسا، باھار قۇياشى ئۇنىڭ لەۋلىرىنى، ئۇنىڭ لەۋلىرى باھار قۇياشىنى سۆيۈۋالسا قانداق ئۇلۇغ ئىش بولار ئىدى ـ ھە!

ۋۇجۇدۇم بارغانسېرى لەرزىگە كېلىشكە، يۈرىكىم چوڭقىيىشقا باشلىدى. ئاخىرقى بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئويى بىلەن ياسىنجانغا يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا دېدىم:

— ئاداش، ئايالىڭنىڭ چۇمپەردىسىنى ئېلىۋەتكىنە، ئۇ ئەتراپنى ئوبدانراق كۆرسۇن!

ياسىنجان ئالدىدا جاۋابەن كۈلۈمسىرەپلا قويدى، ئارقىدىنلا كۆزلىرىدىكى كۈلۈمسىرەش ئورنىنى ھەيرانلىق، ئېتىراز ئىگىلىدى.

— بىر مىنۇتقا بولسىمۇ؟

بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىجا بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم ياسىنجان يا كۈلۈمسىرىمىدى، يا ئالايمىدى. مەن پەقەت ئۆتكۈر سەزگۈلىرىم بىلەن چۇمپەردە ئاستىدا ياتقان مەستۇرەنىڭ سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك تولغانغانلىقىنى ۋە ئېچىنىشلىق ئۇھ تارتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇ بىرنېمە دېگەندەك قىلىۋىدى، ياسىنجان قولىقىنى ئايالىنىڭ ئاغزىغا چاپلىدى ۋە شۇ ھامان چاقلىق كارىۋاتنى كېسەلخانا تەرەپكە بۇرىدى...

مېنىڭ خاھىشىم، ياق، ئۆلۈۋاتقان مەستۇرەنىڭ خاھىشى ئوق

تەگكەن كەپتەردەك ئۈمىد ئاسمىنىدىن يىقىلدى ، كۆكلەم شامىلىنىڭ ئەركىلىتىشى بىلەن ئەمەس ، بەلكى تىرىكلەر ئاسمىنىدىن هايات يۇلتۇزى سىرغىپ كېتىۋاتقان مەستۇرەنىڭ بىر نەزەر تاشلىۋېلىشى ئۈچۈن ئېچىلغان شاپتۇل چېچەكلىرى ئۆز ئامرىقىنىڭ كۆز نۇرىنى توسۇۋالغان لەنتى چۈمپەردىلەرگە نەپرەتلەر ئوقۇپ ، هۇزۇر بېغىشلاش بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان گۇللەر گۇناهكارانە قىياپەتتە بويۇنلىرىنى قىسىشتى . ئادەمزات ئارىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئۆز جۈپتىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىشتىن مەهرۇم بولغان قۇياش تىرىك چۈمپەردىدىن كۆڭۈلسىزلىنىپ ، ئۆزىنى بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇردى...

ئەپسۇس ! مىڭ ئەپسۇس ، تەبىئەت هادىسىلىرىنىڭ تىزگىنى تەقدىرنىڭ قولىدا بولۇپ قالغانلىقى ! مەن تەقدىردىن كۈچلۈك شامال ئەۋەتىشنى تىلەپ باقتىم ، بەلكىم دۇنيانىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن شامال لەھەت يېنىغا بېرىپ قالغان مەزلۇمەنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەر ۋە ئۇنىڭ چۈمپەردىسىنى قايرىۋېتىپ ، بىر نەزەرگە پۇرسەت بېرەر ، دېدىم .

مەن بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسىدىن چاقماق ئەۋەتىشكە ئاۋازسىز ئىلتىجا قىلدىم ، كۆكتىن ئۇچۇپ چۈشكەن چاقماق مەستۇرەنىڭ چۈمپەردىسىنى كۆيدۈرسە ، كۆز ئالدىنى ئۇ مەهرۇم بولۇۋاتقان جىمى كۈندۈزنىڭ پۈتكۈل يورۇقلۇقى بىلەن يورۇتۇۋەتسە...

ئەپسۇس ! تىلىكىم ئىجابەتسىز قالدى . مەستۇرەنىڭ كۆز قارىچۇقىدا قېتىپ قالىدىغىنى يەنە شۇ تۇمانلىق دۇنيا بولۇپ قالامدۇ ئەمدى !...

مىنۇتلار ناهايىتى ئاستا ئۆتمەكتە . بىمارنىڭ ئېغىر دەملىرىدىن ئىچىم سىقىلماقتا .

دوختۇرلۇق هاياتىمدا نۇرغۇن بىمارلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قازا تاپقان ، هەتتا نۇرغۇنلىرىنىڭ ئېڭىكىنى ئۆز قولۇم بىلەن قاتقاندىم ، ئۇ چاغدا «قازاغا رىزا» دېگەندەك ، ئانچە پۇچۇلۇپ

كەتمىگەنىكەنمەن ، بىراق مەستۇرەنىڭ سەكراتى ئۇستىدە تۇرۇش ماڭا تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ نەپەس ئېلىشلىرى ، تۇيۇقسىز چۆچۈشلىرى كۆز ئالدىمنى قاراڭغۇلاشتۇراتتى . ياسىنجاننىڭ توختىماي دۇرۇت ئوقۇپ تۇرۇپ ، بوراندەك ياش تۆكۈشلىرى مېنى قورقۇنچقا سالاتتى...

ئەتىسى تاڭ ئاتارغا يېقىن مەستۇرە نەپەستىن قالدى ، ئۇنىڭ ئەمدىلا ئوت تۇتاشقان هايات شامىنى ئەجەل بورىنى كېلىپ ئۆچۈردى . ئۇ تۇمانلىق دۇنيا بىلەن مانا مۇشۇنداق خوشلاشتى . ئەگەر ياسىنجان ئۇنىڭ ئېگىكىنى قاتقاندا نەق مەيداندا تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر قارىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالىغان بولسام ، شۈبھىسىزكى ، ئۇنىڭ ئوچۇق كەتكەن كۆزىدە يورۇق دۇنيانى قانغۇدەك بىر كۆرۈۋالالمىغىنىغا ئارماندا قېلىۋاتقان بىچارە هالىتىنى ۋە ئەمدى ياتىدىغان جايىنىڭ ئۆزى كۆرگەن دۇنيادىن ئانچە پەرق قىلمايدىغانلىقى تۈپەيلى پەيدا بولغان خاتىرجەملىك ئالامەتلىرىنى كۆرگەن بولاتتىم .

ياسىنجان ئايالىنىڭ جەسىتىنى ئاتا ـ بوۋىلىرى ياتقان قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىشتا چىڭ تۇرغىنى ئۈچۈن ، هاۋا تەڭشىگۈچى بار بىر بولكىۋاينى بىرمۇنچە پۇلغا ئوقۇشۇپ ، ئۇلارنى ئۈزىتىپ قويدۇم . لېكىن ، مەن بۇ قېتىم ئاغىنەمدىن قاتتىق رەنجىدىم ، ئارمان بىلەن جان ئۈزگەن مەستۇرە بەلكىم رەھىمسىز ئېرى بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى ئۆزى ياتقان گۆرگە بىللە ئېلىپ كەتكەندۇ...

1987 ـ يىلى نويابىر ، ئۈرۈمچى .

# ئۈچ بولكا

ئۆپۆق بويلاپ يېيىلغان شەپەق نۇرى ئاقۇچ تۇمانلارنى تېشىپ ئۆتۈپ، بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ يولۇچىلار بېكىتىدە تۇرغان قىزىل سىرلىق ئاپتوبۇسنى قېنىق چىلان رەڭگىگە كىرگۈزۈشكە باشلىدى. بېكەت نازارەتچىسى ئادەتتىكى بويىچە يولۇچىلارنى تەرتىپ بىلەن ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ، بېلەت رېتى بويىچە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئاپتوبۇسنىڭ ھازىرلا قوزغىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمما، رول ئالدىدا شوپۇرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئالدىمىزدىكى قونالغۇغا بارغۇچە 400 كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتوبۇستىكى 40 قا يېقىن يولۇچىنىڭ تەگىدىن تولىسى شوپۇرنىڭ بىغەملىكىدىن غۇدۇراپ كېتىشتى. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ كەيپىياتى ماڭىمۇ تەسىر قىلدى بولغاي، بەش مىنۇت ئىچىدە سائىتىمگە ئىككى - ئۈچ قېتىم قارىدىم. شوپۇرنىڭ كەلمىگەنلىكى ئازلىق قىلغاندەك، كەينىمدە ئولتۇرغان 30 ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئېگىز چوكاننىڭ يېشىغا يەتمىگەن بالىسى ھەدەپ يىغلاپ، مېنى تېخىمۇ تىنچسىزلاندۇرۇۋەتتى.

شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرى «شوپۇر بېكەت ئاشخانىسىدا مەززە قىلىپ ئولتۇرامدىكىن» دېۋىدى، بۇ قىياس بىر ئۆرۈلۈپلا راست گەپكە ئايلىنىپ، يولۇچىلارنى تېخىمۇ جىلە قىلىۋەتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان بۇرۇتلۇق يىگىت ھەممىدىن بەكرەك جىلە بولغان بولسا كېرەك، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ، ئاپتوبۇستىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. يولۇچىلارنىڭ زارلىنىشلىرى يەنە كۈچەيدى. بىر يولۇچى: «شوپۇر كېلىپ قالسا، بۇ بۇرۇتلۇقنى ساقلاپ يەنە يېرىم سائەت كېچىكىدىغان

www.uygurkitap.com

بولدۇق ـ دە ! » دېۋىدى ، ئۇنىڭغىچە ھېلىقى بۇرۇتلۇق يىگىت بولكا كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسقا قايتىپ چىقتى ، ئۇ ئاشخانىدا شوپۇرنى تاپالماپتۇ . ئۇنىڭ قولىدا ئىككى بولكا تۇراتتى . يىگىت يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرماي ، بولكىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىغاندا ، كەينىمدىكى چوكان ئۇنىڭ يېڭىدىن يېنىككىنە تارتىپ قويۇپ سورىدى :

— بولكىنى نەدە سېتىۋېتىپتۇ ؟


قوۋۇزىغا توشقۇزۇۋالغان بولكىنى دەرھال يۇتۇپ كېتەلمىگەن بۇرۇتلۇق يىگىت بېشى بىلەن بېكەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىنى ئىشارە قىلدى . چوكان بوۋىقىنىڭ ئاچچىق يىغىسىغا پەرۋا قىلماي ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمچىكىنى تارتىۋېلىپ ، يېنىدىكى يولۇچىلارغا ، ئاندىن ئاپتوبۇس سىرتىغا تەلمۈرۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ كىمدۇر بىرىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، مەنمۇ شۇ تەرەپكە قارىدىم . چوكاننىڭ چاقىرغىنى 13 — 14 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئىدى . ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان ، چىلگە زىرائەت مايسىلىرى قىر ياپقان مەزگىل بولسىمۇ ، بۇ بالا ئۇچىسىغا ياماق چۈشكەن كالتە جۇۋا ، تولا يۇيۇلۇپ ئاقىرىشقا باشلىغان كۆك خادانىدىن ئىشتان كىيىۋالغان ، بېشىدا كونا شاپاق دوپپا ، پۇتىدا پارقىراقلىقى يوقالغان سولىياۋ كەش بولۇپ ، جۇۋىسىنىڭ ئىزمىلىرى ئېتىلمىگەن ، ئايىغىدا پايپاق يوق ئىدى .

بالا گەجگىسىنى تاتىلىغاچ ئاستا دېرىزە تۈۋىگە كەلدى . چوكان چىرقىراپ يىغلاۋاتقان بوۋىقىنى پەپىلەپ قويۇپ ، ھېلىقى بالىدىن ئۆتۈندى :

— ئۇكام ، خوش بولۇپ كېتەي ، ماڭا ئۈچ بولكا ئەكېلىپ بەرسەڭ ، — چوكان ئېڭىشىپ ئۇزۇن پايپىقىنىڭ قونچىدىن پۇل ئالدى ۋە بالىغا ئۇزاتتى . بالا دەرۋازا تەرەپكە يالت قىلىپ بىر كۆز تاشلىۋالدى ـ دە ، گەجگىسىنى تاتىلىغان پېتى چوكانغا دېدى :

— ئەكېلىپ بېرىشىنىغۇ بېرىمەن ، بىراق مەندە ئاشلىق بېلىتى يوق .

چوكان ئالدىراپ قالدى :
— ئاشلىق بېلىتىنى نەگە قويدۇمكىنە؟ ئۇكام، ئاشلىق بېلىتىگە پۇل تۆلىۋەتسەك بولماسمۇ؟...
— ئۇنداقتا، مەن چىقىپ قاراپ كېلەي، پۇلىڭىزنى شۇ چاغدا بېرىڭ، — بالا ئالدىرىماي دەرۋازا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.
بۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالغۇچى بىرلا مەن ئەمەسكەنمەن، بېشىمنىڭ ئۇستىدىن ئارتىلىپ، بوينىنى غازنىڭ بوينىدەك سوزۇپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق، تەمبۇرنىڭ بېشىدەك سوزۇنچاق يۈزلۈك بىر ئەر كىشى بۇ ۋەقەدىن تونجى بولۇپ خۇلاسە چىقاردى.
— ۋاي - ۋۇي، قاراڭلار، قاراپ كېلەي دېگەن ھېيلىنى ئويلاپ تاپقىنىنى، بۇگۇن ناشتىلىق قىلالماي قالغان نېمىكەن - دە!
— بۇ كەمدىكى باللار بۆشۈكىدىلا بۇزۇلۇۋاتىدۇ. ئەپتىگە قارىمىدىڭلارمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ جەزمەن يانچۇقچى، ھېچبولمىغاندا كىچىك ئالدامچى، — سېمىز ۋە ئاق يۈزلۈك بىر ئايال چورتلا ھۆكۈم قىلدى. ھېلىقى سوزۇنچاق يۈزلۈك كىشى بۇ ھۆكۈمنى تېخىمۇ تولۇقلىدى:
— قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇ ھازىر بولكا بار ئىكەن، ئاشلىق بېلىتى ئالمايدىكەن، ئەكېلىڭ پۇلىڭىزنى دەپ كەلمىسە.
قانداقلا بولمىسۇن ئۈچ بولكا سېتىۋېلىپ، بىرىنى بوۋىقى بىلەن ناشتىلىق، ئىككىسىنى چۈشلۈك قىلىشنى قورسىقىغا پۈككەن چوكان ئارتۇقچە بىرنېمە دېمىدى، پەقەت بۇ سۆزمەنلەرگە قاراپلا قويدى - دە، يېنىدىن ئاشلىق بېلىتى ئىزدەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى بالا بىرقانچە ئون جوپ كۆزنىڭ نازارىتىدە دەرۋازىدىن ئالدىرىماي كىرىپ، چوكاننىڭ پۇلىنى، ئاشلىق بېلىتىنى ئېلىپ يەنە چىقىپ كەتتى، مۇلاھىزە پىلتىسىگە قايتا ئوت تۇتاشتى:
— مانا، ئۇنىڭ ئىشى قاملاشتى، ئۆزىنى بىردەم دالدىغا



www.uyghurkitap.com

ئالدىدۇ ـ دە ، ئاپتوبۇس گۈرردە مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئالدىدا پولو ياكى لەڭمەن...

ئەمدى مۇلاھىزىنىڭ تىغ ئۇچى بالىدىن يۆتكەلدى :

— كالتە پەم چوكان قاراپ تۇرۇپ پۇلنى بىر ئالدامچىغا چاڭگاللىتىپ قويدى ـ ھە !

— ياقەي ، ئوغرىنىمۇ خۇدا ياراتقان ، بۇ چوكان ئىچ ئاغرىتمىسا بولامدۇ ؟...

مانا ئەمدى چوكاننىڭ چىرايى ئۆڭۈشكە باشلىدى . ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— سىلەرگە نېمە دەز كەتتى ؟ ئەكېلىپ بېرەر ، ئەكېلىپ بەرمىسە باش ـ كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى بولار ، — دېدى ـ دە ، يىغلاۋاتقان بالىسىنى جىمىلەپ قويدى .

شۇ ئارىدا شوپۇر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ، ئالدىرىغان پېتى رولغا ئولتۇردى ۋە ماتورنى ئوت ئالدۇردى . يولۇچىلارنىڭ پاراڭلىرىمۇ ماتور بىلەن تەڭلا ئوت ئېلىپ كەتتى . ھېلىقى سوزۇنچاق يۈزلۈك كىشى ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى نامايىش قىلغاندەك ، چوكاننىڭ كۆزىگە ئالاھىدە تىكىلىپ ، مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى . سېمىز خوتۇن بولسا چوكانغا دارىتىپ ، دىمىغىدا قاتتىق يۆتىلىپ قويدى .

ئاپتوبۇس قوزغالدى .

باھار ئاپتىپىدا قۇرۇپ كەتكەن بوز توپىلىق بېكەتتە قويۇق چاڭ ئۆرلىدى . مەن دېرىزىدىن قارىدىم . ئاپتوبۇس ئاستا مېڭىپ دەرۋازىدىن چىقتى . كۆزۈم ئەينەك جازىلىق يېمەكلىكلەر ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر قاتارىغا چۈشتى . ھېلىقى بالىنىڭ نۆۋەتىمۇ كېپقالغانىدى .

ئاپتوبۇس چوڭ يولغا قايرىلىۋاتقاندا ، چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدا ھېلىقى بالا پەيدا بولدى . ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى . ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا بولكا ، سول قولىدا قەغەز پۇللار تۇراتتى : «ئاچا ، مانا سىزگە بولكا ! مانا ئاشقان پۇل !»

دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ . مەن شوپۇرغا ئىلتىماس قىلىپ ئاپتوبۇسنى توختاتتىم . بالا يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى چوكاننىڭ قولىغا تەسلىكتە تۇتقۇزدى . چوكاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى··· ئاپتوبۇس قويۇق چاڭ توزىتىپ ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . مەن چاڭ ـ توزانلار ئارىسىغا قارىدىم ، شۇ چاغدا مەن ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان ھېلىقى بالىنى كۆرگەندەك بولدۇم . ئۇ ھېلىمۇ بالىلارغا خاس ئىنچىكە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن :

«مانا بولكا ! مانا ئاشقان پۇل !» دەپ ۋارقىرايتتى ، مۇدۇرۇلەتتى ، يۈگۈرەيتتى···

1983 ـ يىلى ماي .



# پاختەكلەر

بالا چاغلىرىمدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئىش ھازىرغىچە خاتىرەمدە .

قىش كۈنىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى . تالادىن سۈپۈرگە كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان ئانامدىن كىچىدىن بىرى تۆت ئىلىك قىلىنىلىقتا قار ياغقانلىقىنى ئاڭلىشىم بىلەنلا ، ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرىمنى بىسىپ تۇرغان قاپاقلىرىم بىردىنلا يەڭگىللەپ كەتتى . مەن يوتقىنىمنى ئىرغىتىپ تاشلاپ چالا - بۇلا كىيىندىم - دە ، پاك - پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىدىن يۈگۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقتىم .

پاھ ! راستىنلا قار يېغىپتۇ ! يىراقتا سوزۇلغان مەھەللە يوللىرى ، ئۆگزىلەر ، دەل - دەرەخلەر ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن . ھېلىمۇ پىلىلداپ چۈشۈۋاتقان قالدۇق قار ئۇچقۇنلىرى ئىچىلىشقا باشلىغان قۇياشنىڭ نۇرىدا كۆمۈش ئۇۋاقلىرىدەك ئاق نۇر چاقنىتاتتى . مەن زوقلىنىپ ئولتۇرۇپ قارغا قولۇمنى پاتۇرۇپ بېقىۋىدىم ، تۆت بارمىقىم ئەمەس ، بەشىلا بارمىقىم چۆكۈپ كەتتى . «قار تازا قېلىن يېغىپتۇ !» دېدىم ئىچىمدە ۋە سوغۇق ، ساپ ھاۋادىن قانغۇدەك بىر سۈمۈرۈۋېلىپ ھويلىغا قاراپ يۈگۈردۈم .

— ھوي نىياز ، قاق ناشتىدا يەنە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن ؟ — دېدى ئۆگزىدە تۇرۇپ قوتانغا چۆپ تاشلاۋاتقان دادام مېنىڭ بىرنېمىلەرنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇۋاتقىنىمنى كۆرۈپ .

شۇ تاپتا دادام قانچە ۋارقىرىسىمۇ دىققىتىمنى جەلپ قىلالماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئۇندىمەي قويغانلىقىم سەۋەبلىك دادامنىڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىشىنى پەملىگەن ئانام :

— تەتىل ئەمەسمۇ ؟ نېمە قىلغۇسى كەلسە قىلىۋەرمەمدۇ ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى .

دادام ئانام بىلەن گەپ تالىشىپ تۇرماي ، توختىماي مۆرەۋاتقان كالىلارغا قار توزۇتقىنىچە چۆپ تاشلاشنى داۋام قىلدۇردى . مەنمۇ ئانامنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، سېۋەت ۋە بىر باغلام تاننى كۆتۈرۈپ غىپلا قىلىپ تالاغا چىقىۋالدىم .

مەن ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان چىغىر يول بىلەن خامان تەرەپكە كېتىپ باراتتىم . تېخى ئېچىلمىغان يوللاردا يۇمشاق قارغا يېنىك دەسسىسەمۇ يەنىلا ئايىغىم ئاستىدىن «غىچ ـ غىچ» قىلغان ئـاۋاز چـىقاتتى . راستىنى ئېيتسام بۇنداق يۇمشاق ، پاكىز قار ئۈستىگە دەسسىگۈم كەلمەيتتى . چۈنكى ، بۇ ئۇزۇندىن بېرى مېنى تەقەززا قىلىپ كەلگەن تۇنجى قار ئەمەسمۇ ؟ ئۆتكەن يىلى ئاخىرقى قار ياغقان كۈنلەردە ئويتوغراقتا ئولتۇرۇشلۇق بىر نەۋرە ئاكامنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىشى مەندە كارامەت بىر تەسىر قالدۇرغانىدى . نەۋرە ئاكام شۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدا ياسىغان قار ئادەم مېنىلا ئەمەس ، مـەھـەللىمىزدىكى پۈتۈن باللارنى ھەيران قالدۇردى . ئۇ تېخى سېۋەت ۋە تاندىن قاپقان تەييارلاپ ، قۇشقاچ تۇتۇشنى بىلەتتى . نەۋرە ئاكامنىڭ پۈتۈن ئويۇنلىرى ئىچىدە بۇ ئويۇن ماڭا بەكمۇ يـېـقىپ كەتتى . ئىچىمنى پۇشۇرغىنى شۇ بولدىكى ، ئۇ قايتىپ كـەتـكـەن كـۈنـىنىڭ ئەتىسىلا ھاۋا ئىسسىپ ، قارلار ئېرىشكە بـاشـلىدى ، ھەر كۈنى ئاسمانغا ، بۇلۇتلارغا قانچىلاپ تەلمۈرۈپ قـارىـسـامـمۇ قار ياغمىدى ، ئەكسىچە نەۋرە ئاكام ماڭا قۇشقاچ تۇتۇشنى ئۆگەتكەن خاماندا قوناق ، بۇغداي ۋە كەندىر دېگەندەك زىرائەت مايسىلىرى ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىدى…

يـازمـۇ ئـۆتـۈپ كـەتـتى . كۈزمۇ ئۆچەكەشكەندەك ئۇزۇنغا سـوزۇلـدى . قىش كېلىشىگىلا مەن قارنىڭ يېغىشىنى يەنە تۆت كـۆزۈم بـىلەن كۈتۈشكە باشلىدىم . بەزى كېچىلىرى ئويغىنىپ كـەتـكـەن چـاغـلـىـرىـمدا ئـاي يورۇقـى چۈشكەن تۈڭلۈكنىڭ گىرۋەكلىرىگە قاراپ قار ياغدىمۇ نېمە ، دەپمۇ قالاتتىم . قار ياغسا

نەۋرە ئاكام ئۆگەتكەن چارە بويىچە ئۆز قولۇم بىلەن قۇشقاچ تۇتۇپ ئويناشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم .

بۇگۈن تەلىيىمگە بىر غېرىچچە قېلىنلىقتا قار ياغقان . مەن قار چۈشمىگەن يەرلەردە تاقلىغىنىمچە كېتىپ بارىمەن ، مانا خامانغىمۇ يېتىپ كەلدىم . ئۆتكەن يىلى نەۋرە ئاكام بىللە قۇشقاچ تۇتقان يەرنى بىر دوڭغاق جىگدە دەرىخى بىلەن نىشان قىلىۋالغاندىم . قارنىڭ سوغۇقىغا پەرۋا قىلماستىن ھەش - پەش دېگۈچە يەرنى سۈپۈرۈپ بىر پارچە كىگىز ئورنىچىلىك مەيدان ھازىرلىدىم . سېۋەتنى دۈم كۆمتۈرۈپ ، قىرىغا ئىككى غېرىچ كېلىدىغان يۇلغۇن ياغىچىنى تىرىدىم ، تىرەككە تانىنىڭ بىر ئۇچىنى باغلىدىم . ئىشتىنىمنىڭ يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم كەندىرنى ئېلىپ ، سېۋەت ئاستىغا چاچتىم - دە ، تانىنىڭ بىر ئۇچىنى مەھكەم تۇتقىنىمچە دوڭغاق جىگدىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ، قۇشقاچلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم .

كۈنىنىڭ خېلى ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي ، قىش كىرگەندىن بۇيان بۇ يەردە دانلاپ ئۆگىنىپ قالغان قۇشقاچ ۋە تۇمۇچۇقلار تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ چوڭلۇقىچىلىك خامانىنىڭ پاكار سوقما تاملىرى كەينىدە ئۆسكەن كاداڭ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا يىغىلىپ ئولگۈرگەندى . ئۇلار تىنماي چۇرۇقلىشاتتى ، شاختىن - شاخقا سەكرىشەتتى ، بەزىلىرى ئۈمىدسىزلەنگەندەك تۇمشۇقىنى پەيلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ ئۇگدىشەتتى .

مەن قارلىرىنى سۈپۈرۈۋەتكەن يەر ئاچ قۇشقاچلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالمايتتى ، دېگەندەك ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر جۈپ قۇشقاچ پۇررىدە پەسلەپ سېۋەتنىڭ يېنىغىلا چۈشتى . يۇرىكىم دۈپۈلدەشكە باشلىدى . بىراق ، كۆپرەك ئولجىغا ئېرىشمەن دەيدىكەنمەن ، ئەلۋەتتە ، يەنە سۈكۈت قىلىشقا ، كۆپرەك قۇشقاچنىڭ سېۋەت ئاستىغا كىرىشىنى چىدامىلىق بىلەن كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى .



www.uyghurkitap.com

ئىش ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. سېۋەت ئاستىغا كىرىپ كېلىشكە باشلىغان بىر جۈپ قۇشقاچقا ئەمدىلا ئىككى- ئۈچ قۇشقاچ قوشۇلۇۋىدى، نەدىندۇر پەيدا بولغان بىر قۇرغۇي دەرەخ شاخلىرى ئارىسىغا بىر شۇڭغۇپلا ھەممە قۇشقاچنى ئۈركىتىۋەتتى. مەن ھېلىقى بىرقانچە قۇشقاچنى بولسىمۇ قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، تانىنى تارتىپ دۈم كۆمتۈرۈلگەن سېۋەتنى ئېچىپ قارىۋىدىم، قۇشقاچ تۈگۈل ئۇنىڭ مايىقىمۇ كۆرۈنمىدى. تانىنى بۇرۇنراق تارتىمغىنىمغا ئېچىندىم ـ دە، سېۋەتنى يۆلەپ ئاستىغا يەنە دان چاچتىم، ئۆزۈم دوڭغاق جىگدە تۈۋىدە چاشقان مارىلاۋاتقان مۈشۈكتەك تۈگۈلدۈم.

ئاستا ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇق شامال يۈزۈمنى چېقىپ ئۆتۈۋاتاتتى. قوللىرىم ئۈيۈشۈپ قىزىرىپ كەتكەن، قورسىقىمنىڭ كوركىراشقا باشلىغىنىمۇ مەن ئۈچۈن بىر ئازاب بولدى. ئەمما، بۇ يەردىن ئولجىسىز قايتىپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. سېۋەت ۋە تانىلىرىمنى كۆتۈرۈپ قۇرۇق قول قايتسام، يولدا ئۇچرىغان ئاغىنىلىرىم مېنى مەسخىرە قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار ئېرىپ كەتسىچۇ؟

دادام ۋە ئانامنىڭ كايىشلىرىنى، قورساق ئاچلىقى بىلەن سوغۇق دەردىنى ئۇنتۇپ، چۈشكىچە قىمىرلىماسلىق قارارىغا كېلىپ تۇراتتىم. بىر جۈپ قۇش ئۇچۇپ كېلىپ ئۈستۈمدىكى جىگدە شېخىغا قوندى.

— پاختەك!

مەن خۇشاللىقىمدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدىم. چۈنكى، پاختەك قۇشقاچتىن چوڭ قۇش، ئەگەر ئۇ سېۋىتىمنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالدىمۇ، بولدى، ئىشىمنىڭ ئوخشىغىنى شۇ! پاختەكنى تۇتۇپ ئۆيگە بارسام داداممۇ، ئاناممۇ مېنىڭ باشباشتاقلىقىمنى كەچۈرۈشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ «نىياز پاختەك تۇتۇۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر بۈگۈنلا مەھەللىمىزدىكى ئاغىنىلىرىم ئارىسىدا چاقماق

تېزلىكىدە تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ زوقىنى قوزغىشى تۇرغان گەپ.

نەۋرە ئاكام تېخى پاختەك گۆشى مەززىلىك بولىدۇ، دېۋىدىغۇ؟

مەن پاختەك گۆشى بىلەن قىلىنىغان كەچلىك غىزانىڭ خىيالەن تەمىنى تېتىۋاتقان چېغىمدا، ھېلىقى بىر جۈپ پاختەك قارلىرى تازىلىۋېتىلگەن يەرگە ئۆزىنى ئاتتى. يۈرىكىم قاتتىق دۈپۈلدىسىمۇ تىنىقىمنى تېشىمغا چىقارمىدىم.

پاختەك قۇشقاچقا قارىغاندا گالۋاڭراق بولسا كېرەك، كۆپ ئايلىنىپ چۆچۈپ يۈرمەيلا سېۋەتنىڭ ئاستىغا كىرىپ، خاتىرجەم دانلاشقا باشلىدى. پۈتۈن دىققىتىمنى جەملەپ قىزىرىپ كەتكەن قولۇمغا يېتىپ كەتكەن تانىنى شۇنداق تارتىۋىدىم، ھېلىقى پاختەكلەر سېۋەت ئاستىغا باستۇرۇلۇپلا قالدى. مەن جىددى تۇۋىدىن توشقاندەك سەكرەپ چىقىپ چاپىنىمنى سالدىم ۋە سېۋەتنىڭ ئەتراپىنى مەھكەم ئوراپ ئاستا قولۇمنى تىقتىم.

تۇتۇۋالغىنىم تازا سېمىز پاختەكلەردىن بولۇپ چىقتى. خۇشاللىقىمنى ئىچ ـ ئىچىمگە سىغدۇرالماي، ئولجىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭدىم.

— دادا، ئانا، قاراڭلارچۇ، نېمە تۇتۇۋالدىم؟ — مەن ئىشىكتىن ئېتىلىپ دېگۈدەك كىردىم ۋە ئالدى بىلەن كەتمەن سېپى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ تومپىيىپ تۇرغان قوينۇمنى كۆرسەتتىم. دادام ئاچچىقلانغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىمغا ھېچ ئورتاقلاشقۇسى يوقتەك مۇنداقلا قاراپ قويۇپ دېدى:

— قارا سېنى، توڭلاپ قىزىرىپ كېتىپسەن، ماڭ چېيىڭنى ئىچىۋال.

— قارىغىنا دادا، — دېدىم مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن مەغرۇر ئاۋاز بىلەن، — بىر جۈپ پاختەك تۇتۇۋالدىم. تازا سېمىز ئىكەن، سەن بوغۇزلاپ بەرگىن، ئانام غىزا قىلىپ بەرسۇن.

دادام قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ ئاستا يېنىمغا كەلدى ـ دە ، سۆزلىرىمگە قىزىقىۋاتقاندەك سورىدى :
— هە ، پاختەكمۇ ؟
مەن ئىككى قولۇمنى قوينۇمنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەڭلا سىيلىپ ، پاختەكلەرنى ئېلىپ دادامغا بەردىم . دادام قولىدىكى پاختەكلەرنى ئۇيان ئۆرۈپ ، بۇيان ئۆرۈپ قاراپ چىقتى ۋە نېمىنىدۇر ئويلاپ قالدى . دادامدىن بىرەر ماختاش سۆزىنى تەمە قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمدا ، ئۇ رازى بولغاندەك ئاهاڭدا :
— راستتىنلا سېمىز پاختەكلەر ئىكەن ، — دېدى ـ دە ، پاختەكلەرنى تۇخلۇكنىڭ ئاستىغا ئەكىلىپ ، بارماقلىرىنى تۈيۈقسىز بوشاتتى .
— ئۇچۇپ كەتتى ! ئۇچۇپ كەتتى !
مەن ئاللا ـ توۋا قىلىپلا قالدىم . پاختەكلەر بولسا تۇخلۇكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ، كۆك ئاسمان قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى .
— ئۇچۇپ كەتتى ! ئۇچۇپ كەتتى !
خاماندا سائەتلەپ توڭلاپ ئولتۇرغىنىم بىكارغا كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامنىڭ مېنىڭ ئەمگىكىمگە مۇنداق مۇئامىلە قىلغىنىچۇ ؟ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىۋالغان ئاچچىق ۋە نارازىلىق دەستىدىن سۇپىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ هۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم .
ئانچە ئۆتمەي مۇرەمگە بىر قول يېنىككىنە كېلىپ تەگدى . بېشىمنى كۆتۈرسەم يېنىمدا دادام تۇرۇپتۇ . ئادەتتە ماڭا بەكمۇ كۆيۈنىدىغان ئاناممۇ دادامنىڭ يولسىزلىقىنى ئەيىبلىمەكتە يوق ، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . بېشىمنى يەنە بىلەكلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئۆپكىدەشكە باشلىدىم . دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ :
— ئوغلۇم ، پاختەك بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان قۇش ، ئۇ بىزگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ . ئۇ خالىغىنىچە ئۇچسۇن ، كۆپەيسۇن ، ياز كېلىشى بىلەنلا تېخى سەن ئۇنىڭ باللىرىنى كۆرىسەن ، — دېدى ، ئارقىدىنلا ئۇ ئانامغا توخۇ سويۇپ

كەچلىك غىزا قىلىشنى تاپىلىدى .

شۇ يىلى قىشتا يەنە ئىككى قېتىم قار ياغدى . ئەمما ، مەن پاختەك ياكى قۇشقاچ تۇتۇشقا بارمىدىم . زېرىككەن چېغىمدا نەۋرە ئاكام ياسىغاندەك قار بوۋاي ياساپ ئويناپ ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقاردىم . ئىشىك ئالدىدا ياساپ قويغان قار بوۋايلىرىم ئېرىپ كەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ، ئەتىياز ئۆرۈلۈپ ، يازمۇ يېتىپ كەلدى . بىر كۈنى دادام ۋە مەن ئېتىزلىقتا كېۋەز ئوتاۋاتاتتۇق ، ئۇ تۇيۇقسىز ماڭا :

— قارا ، — دېدى قولى بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىپ .

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدىم ، دەل دوڭغاق جىگدە دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن ئەركىن قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۆت پاختەكنى كۆردۈم - دە ، دادامدىن سورىدىم :

— دادا ، ھېلىقى پاختەكلەر شۇمۇ ؟

دادام بىزدىن يىراقلىشىۋاتقان پاختەكلەرگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتقاچ دېدى :

— كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم ، ئۇلار مانا ئىككى جۈپ بوپتۇ . كىشىلەر ئۇنىڭغا چېقىلمىسا يەنە تۆت جۈپ ، سەككىز جۈپ بولىدۇ...

دادامدىن پاختەكلەر تۈپەيلى پەيدا بولغان رەنجىشلىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ساقىندىلىرى شۇ كۈنى كۆڭلۈمنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تامامەن يۇيۇلۇپ كەتتى .

1998 - يىلى مارت .

## يەر



مەن ئۇيقۇسى سەگەك ئادەممەن . مەسلەن ، ئالايلۇق ، مۇڭلۇق ئەللەي ساداسى ئىچىدە يېنىك تەۋرىنىۋاتقان بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقان تەقدىردىمۇ روچىۋنىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس گىژىلدىغان ئاۋازى چاغلىق شەپىلا مېنى شېرىن ئۇيقۇ قوچىقىدىن تارتىۋالالايدۇ ، ئەرزىمەس تىۋىشمۇ شېرىن چۈشلىرىمنى ھەيدىۋېتەلەيدۇ .

شىتىر... شىتىر... شىتىر...

شىتىرلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئويغىنىپ كەتتىم . دادام بىلەن يانمۇيان يېتىپ مۇڭداشقىنىمچە كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەندىن تارتىپ ، تازا ئۆتسە بىرەر سائەتچە ئۆتكەندۇ . ھېلىمۇ شۈكۈر ، قول سائىتىمنىڭ فوسفورى بار ئىكەن ، بولمىسا بىر تال قارا تاياقتەك ئىس چىقىرىپ ، قۇشقاچ تىلىدەك يالقۇنى بىلەن قاپقارا تورۇسنى تۇتاشتۇرۇپ

تۇرغان جىنچىراغنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا ئىستىرىلكا ۋە سىپىرلارنى كۆرەلمەيدىكەنمەن. تۇن تەڭگە يىقىنلىشاي دەپ قاپتۇ. كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ باقتىم، زىيادە سەگەكلىشىپ كەتكىنىمدىن يامانلىغانمۇ نىمە، ئۇيقۇ دىگەن نەرسە زادىلا يىقىن يولىمىدى. پىكرىم ئىتائىتىمدىن قاچتى. يۈرىكىمنىڭ تىخىچە ئىزىغا چۈشۈپ بولالمىغان دۈپۈلدەشلىرى مىڭەمنىڭ بىر يەرلىرىدە شەكىلسىز تۇماندەك ئەگىپ يۈرگەن چۈش كارتىنىلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاۋاتاتتى.

چۈشۈمدە كۆز يەتمەس كەڭلىكتىكى گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا دادامنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇدەك، كۈنچىقىشتىن ئالمىدەك چوڭلۇقتا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۆرلىگەنسىرى زورايغۇدەك، پۈتۈن جاھان قىزىللىققا ۋە كۆيدۈرگۈچى ھارارەتكە تولۇپ، گۈللەرنى ھالاك قىلغۇدەك، دادامنىڭ ھەيكىلى قارانچۇققا ئايلانغۇدەك، قاغىلار بېشىغا قونۇۋېلىپ ئەنسىز قاقىلداشقۇدەك، دادامنىڭ قارانچۇقى توساتتىن يىقىلىپ يەر قوينىغا كىرىپ كەتكۇدەك، يەنە يەرنى يېرىپ ئېتىلىپ چىقىپ ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ تۈتۈنگە ئايلىنىپ كۆزدىن غايىپ بولغۇدەك.

چۈش دىگەن غەلىتە نەرسە. ئۇ بىر بولسا، ئۆتمۈشنى ئەسكە سالىدۇ. بىر بولسا، كەلمىشىنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە كۆڭۈلگە تەمە ياكى غەشلىك ئېلىپ كېلىدۇ. يامان چۈش كۆرۈپ سىنى قارا باستىمۇ، ئۇ چاغدا ئۆتمۈشنى ئەمەس، كەلمىشنى كۆپرەك ئويلاپ قالىدىكەنسەن. چۈش دىگەن قىلىپسىز سەزگۈ دىگەن يەكۈنمگە ئۆزۈمنى قانچە ئىشەندۇرۇپ باقساممۇ، لېكىن «دادام سەكسەنلەردىن ھالقىپ قالدى. بىرەر كېلىشمەسلىك بارمۇ، نىمە؟» دىگەن خىيال كاللامغا كىرىپلا ئالدى. شۇ ئەنسىز خىيال تۈرتكىسىدە يېنىمغا ئۆرۈلۈپ دادام ياتقان ئورۇنغا كۆز تاشلىدىم. ئارقىدىنلا جەينىكىمگە تايىنىپ، كۆز نۇرلىرىمنى بىر يەرگە يىغدىم.

تەكچىدىكى يېغى تۈگەي دەپ قالغان جىنچىراغ پىلىكتە پەيدا



www.uyghurkitap.com

بولغان نۇقۇت چوڭلۇقىدىكى ئىككى تال چېچىكىنى پارسىلدىتىپ ، ئاخىرقى نۇرلىرىنى چېچىۋېلىش ئۈچۈن كۆچىمەكتە ئىدى . يېنىمدا دادامنىڭ نە ئۆچتەك ئاقارغان قويۇق ساقىلى ، نە ئاندا ـ ساندا چېچەك ئىزى بار بۇرنى ، نە ياي شەكىللىك قورۇقلار قويۇقلاشقان پېشانىسى ، نە كىچىك ئاق دوپپىسى كۆرۈنمەيتتى . نېپىز چىت يوتقاننىڭ يېرىمى قايرىلغان ، دادامنىڭ ئورنى بوش تۇراتتى . ئورۇننىڭ نېرىراقىدا لىقمۇلىق ئاشلىق قاچىلانغان ئۈچ تاغار تۇراتتى .

دادام قىرغىنغا قارىماي خېلى چەبدەس ئىدى . دېھقانغا خاس مەزمۇت بەستىدىن چىداملىقلىقى چىقىپ تۇراتتى . رەھمەتلىك ئانامدىن ئايرىلغان تۆت يىلدىن بېرى مەھەللە بالىلىرىنىڭ ھېيت ـ ئايەم ۋە بايرام كۈنلىرىدىكى ئانچە ـ مۇنچە ياردىمىدىن تاشقىرى ، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى جوڭقۇرۇپ ياشاۋاتاتتى . ئۇ تېخى قالدۇق يەردىن تاشقىرى مەھەللە كومىتېتىدىن يەنە ئىككى مو يەر سوراپتۇ . ئۇسىغا سۇ تۇتۇشتىن باشلاپ ، ھوسۇل يىغقۇچە بولغان ھەممە پەرۋىشىنى ئۆز قولى بىلەن تۈگىتىپتۇ .

ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم ئانامنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بەرگىلى كەلگىنىمدە ، ئۇنىڭ مەھەللىنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بۇ ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، يېنىمغا ئېلىپ كېتەي دېگەن ئويۇمنى بىلدۈرۈۋىدىم ، ئۇ :

— ئوغلۇم ، مەن سەندىن ئىككى ئالەم رازى ، نەچچە يىل ئالدىدا مۇشۇ گەپنى قىلغان بولساڭ بىر نۆرى ئىدى ، ئۇ كەملەردە مېنى يۇرتقا باغلاپ تۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىدى . مانا ھازىر… كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى توق تۇرىدۇ… — دېگەنىدى .

دادامنىڭ بۇ چەت جايدا يالغۇز ياشاشقا تەۋەككۈل قىلغانلىقىنى ھېچ قىلىپمۇ چۈشىنەلمىگەن ، لېكىن ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلغاندا كۆزىدىن قانداقتۇر يالقۇنلۇق ئالامەتلىرى چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم .

يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىغا قاراپ دادامنى چەبدەس دېگىنىم

بىلەن ، يېشى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى . ئىلگىرىكى قېتىم كەلگىنىمدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىرىپ ، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى ئەمدى بىر قات كۇل رەڭ پەردە كەينىگە ئۆزىنى يوشۇرغانىدى . ناۋادا بۇنداق يېرىم كېچىدە تەرەتكە چىقمەن دەپ ، بىرەر تۇسالغۇغا پۇتلىشىپ كەتسە ياكى تۇۋرۇككە ئۇسۇۋالسا ، قانداق بولغىنى؟ كەلگىنىمنىڭ تۇنجى كېچىسىلا دادامنىڭ ئورنىنىڭ بوگۇنكىدەك بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىگەنىدىم . ئۇ چاغدا...

مەن ئەستەرلىك چاپىنىمنى يېپىنچاقلىدىم ـ دە ، ئاۋايلاپ دەسسەپ تالاغا چىقتىم .

تالا ئاپئاق ئايدىڭ ئىدى . بارلىق مەۋجۇداتنىڭ يورۇقلۇقتىن ئالىدىغان ھالال نېسىۋىسىنىڭ كۈشەندىسى بولغان قارا بۇلۇت كەينىدىن ئەمدىلا بۆسۈپ چىققان بولسا كېرەك ، كۈمۈش تاۋاقتەك تولۇن ئاي ئاسمان گۈمبىزىنىڭ مەركىزىدە ئاقىرىپ تۇراتتى . قولىغا كاناي ئېلىۋېلىپ ، توسقۇن ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنى پۈتۈن كائىناتقا جاكارلىماقچى بولغان جاكارچىدەك گىدىيىپ تۇرغان قارا سايىمۇ ئاي يۈزىدە ئېنىق كۆرۈنەتتى . زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغان ئېتىزلىقلار ، ئۆتكۈر ساپان چىشلىرىنىڭ شىددىتىدىن پارە ـ پارە بولغان يول ـ يول تۇپراقلار ، يىراقلاردا قارىيىپ ياتقان كۆزگى بوغداي ئېتىزلىقلىرى ئاي نۇرى بىلەن سۆيۈشەتتى . پەقەت سارغىيىپ قېتىشقا باشلىغان يوپۇرماقلار يەر بىلەن قۇچاقلىشىدىغان ۋىسال سائىتىنىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىنى تىلەۋاتامدۇ ياكى ئالتە ئايلىق مۇرەببىيسى بولغان شاخ ـ پۇتاقلارغا ۋىدالىشىش سۆزلىرىنى پىچىرلاپ ئېيتىۋاتامدۇ ، يېنىك شىلدىرلىشاتتى .

قاشالانغان ئېغىل بورجىكىدىن ئايلىنىپ ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتتۇم . يىگىرمە قەدەم نېرىسىدا ، يېڭى ئاختاملىقتا تۇرغان بىر گەۋدىنى كۆرۈپ قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم .

بۇ گەۋدىنىڭ دەم ئېگىلىپ ، دەم تۇرۇپ قىلىشلىرى ، گاھى

زوڭزىيىپ ، گاھى ئۆلتۈرۈشلىرى قىزىقىشىمنى قوزغىماي قالمىدى . ئارىلىقىمىز ئون قەدەم قالغاندا ، قەدىمىمنى ئىختىيارسىز توختاتتىم .

ھەيهات ! مەن كىمنى كۆرۈۋاتىمەن ؟

كۆرگىنىم باشقا بىرى ئەمەس ، بەلكى دادام ئىدى . ئۇنىڭ ئېگىز ، ئەمما سەل ئېگىلگەن قەددى ، ئېڭىكىدىن ئېشىپ تۇرغان بومبا ساقىلى ، ئاق دوپپىسى ، يېپىنچاقلىنىۋالغان يوللۇق يەكتىكى بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەتتى .

دادام ئاي نۇرى ۋە سۈكۈنات بىلەن سېھىرلەنگەن دالاغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى ـ دە ، يەرگە ئېڭىشتى . ئاختامىلىقتىن قانداقتۇر بىر قىممەت باھا نەرسىنى تېپىۋالماقچى بولغاندەك يۇمشاق توپىنى كولاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ھەرىكىتى گويا يېيىلغان ماموقنى سىلاپ ـ سىيپاپ تۇرۇپ ئىككى ياققا ئايرىۋاتقاندەك سىلىق ئىدى .

دادام ئاختامىلىقنىڭ تېگىدىن بىر ئوچۇم تۇپراقنى ئالدى . يېشىغا ماس كەلمىگەن چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ئالىقىنىدىكى تۇپراقنى بۇرنىغا يېقىن ئەكەلدى ـ دە ، گۈزەل باھار كۈنلىرىدە ئېچىلىپ ھۆسنىگە تولغان ، گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئەتىرگۈلدىن بەھرە ئالماقچى بولغاندەك پۇراشقا باشلىدى . گەۋدىسىنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كېڭىيىشىدىن ئۇنىڭ تۇپراقنى يېنىش ـ يېنىشلاپ پۇراۋاتقانلىقى ، دۇنيادا تېپىلمايدىغان — دادامدىن ئۆزگە ھېچبىر ئىنسان ھېس قىلالمايدىغان بىر خۇش پۇراقتىن لەززەتلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى .

دادامنىڭ قوشۇق تۇتقاندا ، كەتمەن سېپىنى سىلىقلاش ئۈچۈن پىچاق ئالغاندا ، رەھىمسىز كەچ كۈز شامىلىنىڭ زەربە دائىرىسىدىكى ياپراقتەك تىترەيدىغان قوللىرى ھازىر نېمە ئۈچۈن تىترىمەيدىغاندۇ ؟ نامازدىن كېيىنلا يانپېشى يەر تارتىپ تۇرىدىغان گەۋدىسى نېمە ئۈچۈن ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىغاندۇ ؟ نامازشام ۋاقتىدا چاي قۇيۇۋېتىپ پىيالىنىڭ تولغان ـ تولمىغانلىقىنى ،

www.uyghurkitap.com

جايىنامازنىڭ ئۇتتۇرىسىنى، چېتىنى ئېنىق پەرق قىلالمايدىغان كۆزلىرىگە غايىبتىن نۇر قېتىلغانمىدۇ؟!

ئۇ، ھېسابسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ ياشىرىپ قالغاندەك بېشىنى بىر سىلكىدى - دە، يەردىن يەنە بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ كۆز ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. دادام تۇپراقنىڭ تەركىبىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ ئايرىپ چىقماقچى بولغاندەك سىنچىلاپ قارايتتى. تۇپراق ئارىسىدىن ھېلىغىچە جاھانغا ئاشكارا بولمىغان بىر سىرنى تېپىۋالغاندەك ئۇنى كۆزىدىن يىراقلاشتۇراتتى. ئارقىدىنلا ئاختامىلىقتىن ئېزىلمەي قالغان قارامتۇل داڭگالدىن ئىككىنى ئېلىپ بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئۇۋۇتاتتى. يەرگە چۇشۇۋاتقان ھەربىر زەررىچىنىڭ تېزلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ كارامەتلەرنى كۆرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىمدىن كەچتى. كوممۇنا قۇرۇلۇپ ئۈچ - تۆت يىل ئۆتكەن ۋاقىتلار بولسا كېرەك. ئەترەت ئاشخانىسىدىن ئۇتتۇرا نوپۇس ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىككى زاغرىغا قاراشلىق ئىدىم. مەكتەپكە ئاچ قورساق قاتراپ يۈرۈپ ئاخىر ياداپ كەتتىم. مەيدەمگە ۋە قولۇمنىڭ كەينىگە تەمرەتكە ئۆرلەپ چىقتى. دادام ۋە ئانام ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپمۇ باقتى. ئەمما، نەتىجە ئۆزگەرمىدى. شۇ كۈنلەردە دادام ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى كىگىز ئورنىچىلىك بىر پارچە تاشلاندۇق يەرگە ھەر كۈنى بىر قاراپ قوياتتى. بىر ئەتىيازلىقى دادام ئەترەت تەرىپىدىن تېرىلمىغلى نەچچە يىل بولغان ئاشۇ يەرنىڭ قومۇشلىرىنى چېپىپ، چىملىرىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىۋەتتى - دە، سەككىز - توققۇز كاتەككە كاۋا تېرىدى. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، كاۋا چۈشسە، ئاچلىقتا ئانچە - مۇنچە ئارا تۇرغىلى بولىدىكەن. كاۋىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم، كاۋىمۇ ئۈنۈپ چىقتى، ئۈچ تارتىپ ئۆگزىمىزگە ياماشتى... قازاندەك - قازاندەك كاۋىدىن ئون نەچچىسى چۈشتى. كاۋىنىڭ قاچان پىشىدىغانلىقىنى بىلمەك ئۈچۈن تىرناقلاپمۇ ھاردىم. بىر كۈنى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى ئەترەت باشلىقىنىڭ

باشلامچىلىقىدا ھويلىمىزغا كىرىپ كەلدى ـ دە ، چوڭ ـ كىچىك كاۋىلارغا نومۇر سېلىپ خاتىرىلىگىلى تۇردى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەترەتنىڭ يېرىدىن ئۈنۈپ چىققان بۇ كاۋىلارنىڭ مەھسۇلاتى ئەترەتنىڭ مۈلكى ئىمىش .

— ئىنساپ قىلىڭلار ، — دېدى دادام ئاخىر چىداپ تۇرالماي ، — تاشلاندۇق يەرگە ئاز كۈچ سەرپ قىلدىممۇ ؟ يەرنى سىلەر خورلىدىڭلار ، مەن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلدىم . ھېچبولمىسا ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ئەجرىمگە ھېساب قىلىڭلار !

— گەپ بىر ، قۇلاق ئىككى ، — دېدى ئەترەت باشلىقى ۋارقىراپ ، — بىر دانە كاۋىغىمۇ تېگىشكە بولمايدۇ !

ئۇلار قاتتىق سىياسەت قىلىپ چىقىپ كەتتى . دادامنىڭ ئاچچىقى يامان ئىدى ، قىلمەن دېگەننى قىلماي قويمايتتى . شۇ ئاخشىمى ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ ئەڭ چوڭ كاۋىدىن بىرنى ئۈزدى ـ دە ، پارچىلاپ چېلەككە سېلىپ ئوچاققا ئاستى .

شۆلگىيىمنى ئاران باشقۇرۇپ تۇرغىنىمدا تۇيۇقسىز قىيامەت قايىم بولدى . كىمدۇر بىرى مورىمىزدىن تۈتۈن چىققانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئەترەت باشلىقىغا چېقىپ قويۇپتۇ . ئەترەت باشلىقى باستۇرۇپ كىرگىنىچە چېلەكنى ئۆرۈۋەتتى . باشلاپ كىرگەن ئادەملىرىگە كاۋىلارنى ئۈزۈپ ئاشخانىغا ئاپىرىشنى ، كاۋا پېلەكلىرىنى يۇلۇپ تاشلاشنى بۇيرۇدى .

دادام بۇ مۇتتەھەملەرنى توسۇۋالالمىدى . ئۇلارمۇ دېگىنىنى قىلىشتى . پارچىلانغان بىر كاۋا بەدىلىگە ئەتىسى بىر كۈن ئائىلە بويىچە ئاچ قالدۇرۇلدۇق…

بىراق ، ھېلىقى بىر پارچە يەر خېلى يىللارغىچە تاشلىنىپ تۇردى ، قويۇق قومۇش قاپلاپ ، جاڭگالنىڭ بىر پارچىسىغا ئوخشاپلا قالدى . ئۇ چاغلاردا دادام ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە مۇشۇ يەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇھ تارتاتتى . بەزىدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئەزگۈدەك خورسىناتتى . ئۇ چاغدا يېشىم كىچىك بولغاچقىمۇ ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم .

دادامنىڭ قورسىقى ئېچىپ بولالمايۋاتسا كېرەك ، دەپ بىلەتتىم .
ھــازىر ياشتا چوڭىيىپ ، ئاق ـ قارىنى بىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك ، دادامنىڭ قىلىقلىرى بىر قاراشتىلا غەلىتە تۇيۇلغان بىلەن بىردەمدىلا ھەممىنى چۈشەندىم . ئۇنىڭ يەر بىلەن قانغۇدەك سىردىشىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاستا چەتكە تارتتىم . ئېغىلنىڭ بۇرجىكىگە كېلىپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم .
دادام ئالىقىنىدىكى توپىنى لىققىدە سۇ قاچىلانغان پىيالىنى قويـغاندەك ئاۋايلاپ ئورنىغا قويۇپ ، كولىغان كاتىكىنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى ـ دە ، يەكتىكىنى سىلىپ يايدى ، بېشىنى قىرغا قويۇپ ، يەرگە يانپاشلىدى . ئۇ ، شۇ تاپتا يەر بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى ، يەرگە يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىۋاتاتتى ، يەردىن ئەڭ تەسىرلىك ھېـكـايـىـلـەرنـى ئـاڭلاۋاتاتتى ، يەر بىلەن باخاشلىشىپ ۋىسال شادلىقىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەكتە ئىدى .
ھەيھات ، مەن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن ؟ !
كۆرگىنىم دادام ئىدى . ياق ، دادام يەر بىلەن ، يەر دادام بىلەن ئىدى .
ياق ، ئەمدى ئىشەندىم ، ئۇيقۇمنى ھەرگىز سەگەك دېگىلى بـولـمـايـدىكەن ، ئەتىسى ئەتىگەن ـ ئويغانسام ، دادام جاينامازدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ياخشى كۆنلەردىن ئايرىماسلىقنى تىلەپ خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇۋېتىپتۇ . شۇنچىلىك ياخشى ئۇخلاپتىمەنكى ، يامان چۈشمۇ كۆرمەپتىمەن ، دادامنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنگىنىنى ، تەرەت ئېلىپ نامازغا ئولتۇرغىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن .

# چوكانلار

ئوتتۇز ئىككى ئائىلە جايلاشقان ئالتە قەۋەتلىك بىنايىمىز ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە قۇياشقا كەينىنى قىلىپ تۇرىدۇ . پەقەت ياز ئايلىرىدا قۇياش تىكلەنگەندىلا ئۇزۇنلۇقى ئون بەش قەدەم ، كەڭلىكى بەش قەدەم كېلىدىغان سوزۇنچاق ھويلىمىز ئاندىن ئاپتاپ يۈزىنى كۆرەلەيدۇ . بۇ لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ سەۋەنلىكىمۇ ياكى يەر تۈزۈلۈشىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن شۇنداق بولۇپ قالغانمۇ ، ھېلىغىچە ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىغان . پار توختىتىلغان ، لېكىن ھاۋا ئىللىپ كەتمىگەن ئەتىياز كۈنلىرىدە ئاپتاپقا قاقلانغۇدەك پۇرسەت تاپقانلار سۆزسىزكى بىنا كەينىدىكى تار ۋە ئۇزۇنچاق بوشلۇققا بېرىشى كېرەك ئىدى .

پېنسىيىدە بولغىنىم ئۈچۈن ئۆيدە تۇرىدىغان ۋاقتىم ئۇزاق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇر ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئاپتاپقا قاقلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دائىم ئېسىمگە سېلىپ تۇرىدۇ . بۇنداق بولغاندا ئۇلترا بىنەپشە نۇر بىلەن مىكروب ۋە ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش ، كالتسىينىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىكەن . ئەپسۇسكى ، ساقلىغا ئاق سانجىغان بىر كىشىنىڭ بىنانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كىچىك بالىلاردەك ئېڭەك تۇتۇپ ئولتۇرۇۋېرىشى ئانچە ياخشى ئەمەس ـ دە !

ئويان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر بىر ئوبدان چارە تاپتىم . كۈن تەرەپكە قارايدىغان دېرىزىنى ھاۋا يۈرۈشىدىغان ، ئاپتاپمۇ تولۇق چۈشىدىغان ، لېكىن چىۋىن كىرمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن سىپتا توقۇلغان نىلون تور تارتتىم . كارىۋىتىمنى دېرىزە تۈۋىگە جايلاشتۇردۇم . خوتۇن ـ بالىلىرىممۇ بۇ چارەمگە ئاپىرىن

ئـوقـۇشتى . گېزىت ـ كىتابلىرىمنىمۇ يۆتكەپ بەردى . شۇنداق قىلىپ كۆپ تەرەپلىمە ئەۋزەللىككە ئىگە بۇ دېرىزە تۇۋىگە كۆچۈپ كېلىپ كىتابنى قولۇمغا ئالدىم .

بىر چالمىدا ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ پاختەك سوقۇۋالدىم دېگەندىمۇ هامان بىرەر پېشكەللىك بىللە قوشۇلۇپ كەلسە كېرەك . هۇزۇرلىنىپ يېتىپ ئەمدىلا بىر هېكايىنى ئوقۇپ بولاي دېگەندە ، دېـرىـزە كـەيـنـىـدىـن ئـىككى ئايالنىڭ پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ئېنىقكى ، ئۇلار ئاپرېل قۇياشىنىڭ ئىللىق نـۇرىـدىـن قـانـغـۇچـە سـۇمـۇرگـەچ ، ۋاقتىنى كوتۇلداش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە كەلگەنلەر ئىدى . مۇنداقلا زەن قويۇۋىدىم ، ئۇلارنىڭ كـىملىكىنى دەرهال بىلىۋالدىم ، ئۇلار ئاينۇرخان ۋە هەمراخان بولۇپ ، مۇشۇ بىنانىڭ نېرىقى ئىشىكىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇرغۇنجان بىلەن شېرىپجانلارنىڭ ئاياللىرى ئىدى . توي قىلغىلى ئىككى يىلچە بـولـغان بولسىمۇ ، پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بۇ چوكانلار ياش جـەهـەتتىن تەڭتۇش دېگۇدەك بولۇپ ، يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆتلەردىن هالقىپ كەتمىگەن ، قىلىدىغان خىزمىتى يوق ئىدى .

ئـەلـۋەتـتـە ، ئـۇلار مـېـنـى كـۆرمـەيتتى ، مەنمۇ ئۇلارنى كـۆرەلـمـەيـتتىم ، شۇنداقتىمۇ ، ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىگە كېلىپ سـۆزلەۋاتـقـانـدەك ئېنىق ئاڭلىناتتى . كۆپ ئۆتمەي ، ئۇلارنىڭ كوتۇلداشلىرى قۇلاق ـ مېڭەمنى يېپىشكە باشلىدى . يا ئوقۇغان كىتابىمنىڭ مەزمۇنى مېڭەمگە چۈشمەيتتى ، يا خىياللىرىمنىڭ يىپى بىر ـ بىرىگە ئۇلاشمايتتى . بىر ـ ئىككى قېتىم ئۈنلۈكرەك يۆتىلىپ بۇ ۋالاقتەگكۈر چوكانلارنى چۆچۈتۈپ قويماقچىمۇ بولدۇم . قىزىق يېرى شۇكى ، ئۇلارنىڭ سۆهبىتى ئىختىيارسىز هالدا دىققىتىمنى تارتىشقا باشلىدى . چۈنكى ، ئۇلار ناهايىتى ئەهمىيەتلىك ۋە مۇهىم بولغان بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇهاكىمە يۈرگۈزۈۋاتاتتى .

ئاينۇرخانىڭ ئاۋازى :

— ئەر كىشىنىڭ مىجەزى بىر قېلىپتا تۇرسا ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ هە ، بىزنىڭ تۇرغۇنجان ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە

كەلگەندە، ئىشىكتىن بەزىدە كۈلۈپ كىرىدۇ، بەزىدە چىرايىنى ئېچىپمۇ قويمايدۇ.

ھەمراخاننىڭ ئاۋازى:

— ھوي، ئەر كىشىلەرنىڭ مىجەزى بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ نېمە، بىزنىڭ شېرىپجانمۇ شۇنداق. نېمە ئۈچۈن بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە تۇتۇق قايتىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. بىرەر يېرىم ئۇنىڭغا ياقمىدىمىكىن، دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. ئىشىكتىن ئوچۇق چىراي كىرەرمىكىن، دەپ قىلمىغان قىلىقلىرىم قالمايدۇ. ھېچ بىلمىدىم، نېمىشقا شۇنداقتۇ؟

— ئەر كىشى ئىشتىن قايتقاندا، مېنىڭچە ياخشى تاماق ئېتىپ، تەييار قىلىپ تۇرۇش كېرەك، — ئاينۇرخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئىشىكتىن كىرىپلا تاماقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. «قورساق توق، كۆڭۈل شوخ» دېگەن شۇ - دە! يەنە...

— مېنىڭچە، ئەر كىشى ئۈچۈن تاماقمۇ ئانچە مۇھىم نەرسە ئەمەس، — دېدى ھەمراخان ئاينۇرخاننىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — مۇھىمى ئوبدان ياسىنىپ - تارىنىپ ئولتۇرۇش كېرەك، يەنە كۈلۈمسىرەپ قويۇش لازىم. ئەر كىشىنىڭ كۆڭلى ئۆز ئايالى بىلەن ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ.


ئاينۇرخاننىڭ ئاۋازى:

— گېپىڭمۇ خېلى دۇرۇستەك قىلىدۇ، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئۇنداق بولسا، بۈگۈن بىر سىناپ كۆرمەمدۇق؟

— ماقۇل.

ئارىلىقتا بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئارقىدىنلا ئۇلار ياسىنىپ - تارىنىش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاياغ شەپىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ بېسىقتى.

نېمىدېگەن كۆيۈمچان چوكانلار - ھە! ئۇلار ئۆز ئەرلىرىنى خۇشال ھالەتتە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇ يولدا باش قاتۇراتتى.



www.uyghurkitap.com

مەن ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا يەنە دېرىزە يېنىدىكى كارىۋىتىمغا كېلىپ يانپاشلىدىم ، خىيالىم مىكروب ئۆلتۈرۈشتە ياكى كالتىسىي ئالماشتۇرۇشتا ئەمەس ، بەلكى چوكانلارنىڭ ئۆز نەتىجىلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلاشتا ئىدى .

تەقەززالىقىم ئۇزاققا بارمىدى ، ئىككى چوكان تام تۈۋىگە كېلىپ كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى . قايسىبىر چوكان چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى .

قارىغاندا ، ئەھۋال ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى . دېگەندەك ھەمراخان ئالدى بىلەن گەپ باشلاپ قىياسىمنى ئەستىقلىدى :

— مەن خاتا ئويلاپتىمەن ، ئاينۇر ، تۈنۈگۈن تويلۇق كىيىملىرىمنى كىيىپ ، قېشىمنى تەردىم ، ئۆمرۈمدە قىلمىغان ئىشنى قىلىپ لەۋلىرىمنى قىزارتتىم . رىسالەتتىن توك تاغىقى سورىۋېلىپ ماڭلىيىمنى ئازراق بۇدۇر قىلدىم . شېرىپجان ئىشكنى قېقىشىغىلا ئالدىغا كېلىپ ئالدى بىلەن ئەھۋال سورىدىم . ئۇ يەنە كۆلۈمسىرىمىدى ، ھەتتا چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشلەرگىمۇ دىققەت قىلمىدى بولغاي ، ئەھۋال مۇشۇ . قارىغاندا سېنىڭ دېگىنىڭ توغرىدەك قىلىدۇ .

ئاينۇرخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— دېمىدىممۇ ، ئەر كىشى دېگەن قورسىقىغا ئامراق ، ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىدۇ . «بىر ھارغانغا سۆزلىمەك ، بىر ئاچقانغا» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس - دە ! ياسىنىپ - تارىنىشنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئانچە ئەھمىيىتى يوق ، مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغلار بولمىغاندىكىن .

— ھوي ، سېنىڭ ئېرىڭ قانداق تاماقنى ياخشى كۆرىدۇ ؟ — دەپ سورىدى ھەمراخان .

ئاينۇرخان جاۋاب بەردى :

— پېتىر مانتىنى ياخشى كۆرىدۇ . ھور ئۆرلەپ تۇرغان مانتا بولسا ئون بەش - يىگىرمىنى يەۋېتىدۇ ، سوۋۇپ قالغان تاماققا ئانچە ئىشتىھاسى يوق .

www.uyghurkitap.com

— ۋاي ـ ۋۇي··· ما گەپنى قارا . بىزنىڭ شېرىپجانمۇ پىتىر مانتىنى ياخشى كۆرىدۇ . دورا ـ دەرمەكلىرى تېپىلسا ئىشتىها بىلەن يەيدۇ ، ئۇنداق بولسا — بۈگۈن ئوخشىتىپ بىر پىتىر مانتا قىلىپ بەرمەمدۇق ؟

— بولىدۇ !

ئۇلار يەنە كېتىپ قېلىشتى . ئەتىسى يەنە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالدىم . لېكىن ، ئەھۋال تۈنۈگۈنكىدىن پەرق قىلمىسا كېرەك ، ئۇلار كەلگەن هامان سۆھبەتكە كىرىشمىدى . ئالاهازەل بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئاينۇرخان خورسىنىپ تۇرۇپ دېدى :

— هەي ··· مەنمۇ خاتا ئويلاپتىمەن . تۈرغۇنجان ئىشتىن كېلىپ دېگەندە دېرىزىدىن يولىغا قاراپ تۇردۇم . قايتىپ كېلىشىگىلا جىمبىلىنىڭ تۇۋۇقىنى ئېچىپ مانتىنى ئالدىم ـ دە ، ئۈستەلگە قويدۇم . ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇدۇل كېلىپلا رومكىغا هاراق قۇيۇپ گۇپ قىلىپ ئىچىۋەتتى ، تاماقنىمۇ ئانچە كۆپ يېمىدى ، كارىۋاتقا چىقىپ بىرهازا خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئاستا ـ ئاستا چىراي ئاچتى .

— توۋا ، — دېدى هەمراخان ، — مەنمۇ هەيران قالدىم ، شېرىپجان قايتىپ كېلىپلا بىر كىتابنى قولىغا ئالدى ـ دە ، مۇهىم ئىشىم بار ئىدى ، دەپ قويۇپ يەنە چىقىپ كەتتى . تاماق ئۈستىلىگە قاراپمۇ قويمىدى .

— كۆرمەي قالدىمۇيا ؟ — سورىدى ئاينۇرخان .

— قانداق كۆرمەي قالسۇن ، كۆزى بىلەن كۆرمىسىمۇ بۇرنى بىلەن پۇرىماي قالامتى ؟ ئۇ چاغدا ئۆيىنىڭ ئىچى مانتا پۇرايتتى ئەمەسمۇ ؟

— هەي ، قانداق قىلسا ، ئەر كىشىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىدىغاندۇ ؟

— شۇنى دەيمىنا !

بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇلار سەۋەبىنى يەنە ئۆزىدىن تاپتى . يۇقىرىقى ئىككى چارىنى بىرلەشتۈرۈش ، يەنى هەم

چىرايلىق ياسىنىش ، ھەم تاماق تەييارلاپ تۇرۇش ئارقىلىق سىناپ كۆرۈش قارارىغا كېلىشتى . ئىككى چوكان غەلىبە قىلىش ئىشەنچ بىلەن دېرىزەمنىڭ كەينىدىن غايىب بولغان چاغدىن باشلاپ ئەتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدىم .

ئەتىسى ئاپتاپقا قاقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى يېتىپ كەلگەندە ، قانداق بولۇپ ئۇخلاپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، بىر چاغدا دەمدەر ئۇنلىگەندەك كۈلۈشكەن ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم . قۇلاق سالسام ئىككى چوكان رەسمىي سۆھبەت ئۈستىدە ئىكەن .

— ئاڭلاپ تۇر ، ئۇستۇپىشىڭنىمۇ چىرايلىق تۇتساڭ ، تاماقنىمۇ تەييار قىلىپ تۇرساڭ ، ئەر كىشى قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن ، بۇ سىرنى مەن تېخى ئەمدى بىلدىم .

— ئەمدى بىلدىم دېگىنىڭ نېمىسى ، مەن بۇرۇنلا شۇنداق دەپ دېگەنىدىم . بىراق ، سەنمۇ باشقا بىر گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنى ئېلەشتۇرۇپ...

ئۇلار پىخ - پىخ كۈلۈشتى .

— بىزنىڭ يىگىت ئىشكتىن كىرىپلا مېنى ۋە تاماقنى كۆرۈپ : «ھوي ئاينۇر ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قالغانسەن ، تاماق يەۋېلىپ كوچىغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى ، باغچىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى بەك ياخشى دېيىشىدۇ» دېمەمدۇ ، كەچتە باغچىلارنى شۇنداق پىرقىراپتىمىزكى...

— سىلەرغۇ باغچە پىرقىراپسىلەر ، بىزنىڭ يىگىت تاماقتىن كېيىنلا مېنى باشلاپ تىيانشان مېھمانخانىسىدىكى تانسىغا ئېلىپ باردى ، ئادەممۇ جىق ، مۇزىكىمۇ قەۋەتلا ياخشى چېلىندى ، شۇنداق پىرقىراپتىمىزكى... ھەي ... ھەي ... نېمىسىنى دەيسەن ، تويىمىزدىمۇ ئۇنچىلىك خۇشال بولغان ئەمەستىم...

چوكانلار چۈشكە يېقىن ئۆيلىرىگە چىقىپ كېتىشتى . ئۇلارنىڭ كۈلكىسى خېلى ئۇزاققىچە قۇلىقىمدىن كەتمىدى . ئۇلار رادىيىنى تاپقان كيورى خانىمدەك خۇشال ئىدى . چۈنكى ، ئۇلار ئۆزىچە رادىي

كەشپىياتىدىنمۇ ئەھمىيەتلىك بىر قانۇنىيەتنى تېپىشتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ ئىشىكتىن كۈلۈپ ياكى كۈلمەي كىرىپ كېلىشىگە دىيانەتلىك چوكانلارنىڭ تەدبىرى سەۋەب بولىدىمۇ ياكى بۇ بىر تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشمۇ، بىرنېمە دېمەك تەس. شۇنداقتىمۇ، ئەرلەرنىڭ بىر قېلىپتا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان چوكانلارنىڭ بۇ يولدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئەيىبكە بۇيرۇغىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەرلەرنىڭ بىر بېشىدا بىرقانچە تۈگمەن چۆرگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەنسە ئىدى، ئاددىي چىراي ئىپادىسىگە بۇنچىۋالا ئېتىبار بەرمىگەن بولاتتى.

1987 ـ يىلى ماي.



# ھەي ئادەملەر...

ھاۋا قاتنىشى تەرەققىي تاپقان بۈگۈنكى كۈندە ، ئۈرۈمچى بىلەن دېڭىز ياقىسىنىڭ ئارىسىنى «قوغۇنلۇق يولى» دېيىشكە ئاساسىم بار . چۈنكى ، بۇ دورەمقى شاڭخەي سەپىرىگە ئاران تۆت سائەتلا ۋاقىت كەتتى . توغرىسىنى ئېيتسام ، بۇلۇتلار ئۈستىدە پەيدەك لەيلەپ يۈرۈپ ، خۇڭچياۋ ئايرودرومىغا قانداق قونغىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن ، مانا ، شاڭخەيدە تۇرغان بەش كۈن ئىچىدە يۇقىرى ئاقسىللىق غىزا بىلەن كۈتۈندۈم ، يىغىن ئارىلىقلىرىدا تۆۋىنى باغدا ، يۇقىرىسى تاغدا دېگەندەك تاماشا قىلىپ ، دېڭىز سۈيىدە يۇيۇندۇم ، ئوزۇقلۇقى مول ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ ، يۇمشاق كارىۋاتلىق سالقىن ئۆيدە قانغۇچە ئۇخلىدىم ، ئاخىر ئۆزۈمنى سەمرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلىشقا باشلىدىم .

«شۇنداق قىلىپ ، راستتىنلا سەمرىگەندىمەنمۇ ؟ »

يۈرىكىمدە مەۋج ئۇرۇۋاتقان ھاياجان ئىلكىدە بېلىمنىڭ تۆۋەن يېنىنى تۇتۇپ باقتىم ، «ئەركەكلەر سەمرىشكە باشلىغاندا ئاۋۋال بەلدىن باشلاپ سەمرىيدۇ» دەپ ئاڭلىغىنىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم ، سىناپ بېقىۋىدىم ، يوتامۇ ، پاقالچاقلىرىممۇ تومىلىشىپ ، ئېغىرلاپ قالغاندەك ، كىندىكىم ئىچكىرىلەپ ، قورسىقىم تومپايغاندەك تۇيۇلدى .

«مەن راستتىنلا سەمرىگەن ئوخشايمەن ! »

قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىدىغان كۈنى ئايرودرومنىڭ يۈك - تاق زالىدا بىر ئاپتوماتىك گىرنى كۆردۈم - دە ، گىر تەخسىسىگە چىقىپ قانچە كىلوگىرام سەمرىگىنىمنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم . گىر ئىستىرېلكىسى بىرلا سىلكىنىپ «57»نى كۆرسەتتى ،

ئۇستۇېشىمنى ئىختىيارسىز يوسۇندا بىرقۇر تەكشۈرۈپ چىقتىم ، ئۇرۇمچىدە ئېغىرلىقىمنى ئۆلچەتكۈزگەندە كىيگەن ئاشۇ كۆڭلەك ، ئاشۇ دوپپا ، ئاشۇ ئاياغ ، ئاشۇ ئىشتان ، ھەتتا پايپاقمۇ ئاشۇ پايپاق!

ماڭا «تۇرغان ئاۋاق» دەپ خىتاب قىلغانلارغا ئەمدى نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ تۇرغاندا ، ئاپان بولغان رەھىمسىز رەقەم مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ، تويتوغرا بىر كىلوگرام يېنىكلەپ كەتكەنىدىم .

ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىنى تويتوغرا قىرىق مىنۇت ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ئاندىن ئىشقا باردىم ، ئىشخانىغا مەندىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ ، ئۆز ئىشىغا بار ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتكەن ئىشداشلىرىم ئىشىكتىن كىرىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ خۇددى ئاستىغا قوپارغۇ سالغان تۇخۇمەن تېپىشىدەك لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى ــ دە ، ماڭا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى ئىللىق چىراي بىلەن سالام بەردى .

مەن ھۆرمەتلىك نەزەرلەردىن سەل ــ پەل قىسىلىپ ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرغۇچە ھېچكىممۇ مەندىن ئاۋۋال ئولتۇرۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلمىدى .

ئۇدۇلۇمدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرىدىغان ، ئالدىمدىمۇ ، كەينىمدىمۇ ھېچ تەپتارتماستىن كوتۇلداۋېرىدىغان شاكىرجان دېگەن چوڭ ياشلىق كىشى كۆزەينىكىنى تاقاپ ، چوقامدىن تاپىنىمغىچە كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن ، چىرايى پۈرلىشىپ كەتكۈچە كۈلۈمسىرىدى ــ دە ، تۈنجى بولۇپ :

— تۇرغانجان ئۇكا ، سىزگە سەپەر يارىشىدىكەن جۇمۇ ، ئوبدانلا سەمرىپ قاپسىز ، سەمرىپ قاپسىز ، — دېدى .

ئىشخانىغا كىرسىمۇ ، چىقسىمۇ كۆكسىنى دىڭ تۇتۇپ ، بېشىنى تاڭشۇرۇلغان ئارغىماقتەك كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان ، ماڭا «تۇرغان ئاۋاق» دېگەن لەقەمنى تۇنجى بولۇپ ئىنئام قىلغان ئايشەممۇ شاكىرجاننىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلىدى :

— تۇرغانجان ئاكا، راستتىنلا سەمرىپ قاپسىز، تېرىڭىزمۇ سوزۇلۇپ، پارقىراپ كېتىپتۇ. سىزگە نېمە پايدا قىلدى، ئېيتىپ بېرىڭا بىزگە…

— شۇنى دېمەمدىغان، سەمرىپ قالغىنىڭىزنى تۇيدىڭىزمۇ، پېشانىڭىزدىكى قورۇقمۇ يوقىلىپتۇ، چېچىڭىز قارىداپ قالغانمۇ نېمە؟

— ئەمدى كېچىكمەي بۇرۇت قويۇۋالسىڭىز بولغۇدەك تۇرغانجان، قاڭشارلىق، قامەتلىك، ئۆڭى ئاق كىشىلەرگە بۇرۇت بەكمۇ يارىشىدۇ، مەن دېگەندەك بۇرۇت قويۇۋالسىڭىز ھېلىقى زوروغىلا ئوخشاپ كېتىسىز جۇمۇ!

ئۇزۇنىسىغا يەتتە قەدەم، توغرىسىغا بەش قەدەم كېلىدىغان چوڭ ئىشخانىدىكى ئالتە ئادەمنىڭ ھەممىسى سەمرىپ قالغىنىمنى تەستىقلاپ، بوي ـ بەستىمنى بىر ئېغىزدىن ماختاپ چىقتى، بۇنداق ماختاش ھەتتا بىرەر سائەتكىچە داۋاملاشتى.

سەمرىپ قالغىنىمغا ئەمدى تىرناقچە گۇمانىم قالمىدى. ئېغىرلىقىمنى يېنىك، سېمىزلىكىمنى ئورۇق كۆرسەتكەن ھېلىقى بۇزۇق گىرنى ئىچىمدە يۈز مىڭنى تىللىدىم ـ دە، باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «غىپپىدە» تىكىۋەتتىم. سەمرىگىنىمنى ئىسپاتلاش ئەمەس، بەلكى قانچە كىلوگرام سەمرىگىنىمنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە كوچىغا چاپتىم.

بىرىنچى گىرغا دەسسەپلا گىرچى بىلەن «گىرىڭ بۇزۇقكەن» دەپ تاكاللاشتىم، ئىككىنچى گىرچىنى «گىرىڭ ئۆلچەملىك ئەمەسكەن» دەپ تىللىدىم. ئۈچىنچى گىرچىنى «بۇنداق قاشاڭ گىرنى تۇتقىنىڭ ئۈچۈن ئۆلچەم ئىدارىسىگە ئەرز قىلىمەن» دەپ قورقۇتتۇم. تۆتىنچى گىرغا چۈشۈپلا ئۈششۈك تەگكەن يۇمران يوپۇرماقتەك سولاشتىم.

چۈنكى، تۆت گىرنىڭ ھەممىسىلا «56.5» رەقىمىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. سەمرىش تۇگۇل، ئەسلىدىكى ئېغىرلىقىمدىن بىر يېرىم كىلوگرام چۈشۈپ كەتكەنىدىم.

مەن خىيالغا پاتتىم.

«ئەمىسە مېنى ياخشى دەيدىغان، يامانمۇ دەيدىغان ئالتە نەپەر ئىشدىشىمنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى تامامەن كېرەكتىن چىققانمۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن سەمرىپ قالغىنىمغا ئىختىيارەن بىردەك گۇۋاھلىق بېرىشىدۇ، بۇنىڭغا نېمە زۆرۈرىيەت سەۋەب بولغان؟»

ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ئادەتتىكىدەك ئىشقا كەلدىم، تۈنۈگۈنكى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلارمۇ، سەمرىپ قالغانلىقىم ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرمۇ نەلەرگىدۇر يوقالغان، يەنە شۇ ئارغىماقتەك غادىيىش، كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىن قاراپ ھەربىر ھەرىكىتىمنى كۆزىتىپ تۇرغان چېقىر كۆزلەر، يەنە شۇ «تۇرغان ئاۋاق» دېگەن خىتاب بىلەن تەڭ ئۆۋەتچىلىك تاختىيىنىڭ ئۈستىلىم ئۈستىگە زەربە بىلەن قويۇلۇشى...

بىردىنلا سەمرىپ، بىردىنلا «جىن ئۇرغان ئاۋاق»قا ئايلىنىپ قالغىنىمنىڭ سىرىنى ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئاندىن بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ماڭا ئۆزىنى خېلى يېقىن تۇتىدىغان بىر كىشىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەن ئىچكىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشكەن ئەتىگىنى مېنىڭ باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلمەكچى بولغانلىقىم ھەققىدىكى «ئىشەنچلىك» بىر مەلۇمات ئىشخانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ۋە چۈشتىن كېيىنلا ئۆزلۈكىدىن يوق بولغانىكەن.

يۇقىرى قاتلامدا ئۆستۈرۈلىدىغانلىقىم توغرىسىدا راستىنلا ئاشۇنداق مۇزاكىرىلەر بولغانمۇ - يوق، كېيىن نېمە سەۋەبتىن ئۆستۈرۈلمەيدىغان بولدۇم، دېگەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ يۈرمىدىم. خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ ئۆستۈرۈلمەپتىمەن، ئۆستۈرۈلىدىكەن دېگەن گەپ بىلەن مۇشۇنداق سەمرىپ كەتكەن يەردە، راستىنلا ئۆستۈرۈلىدىغان بولسام تېرەمگە پاتماي كەتكۈدەكمەن!

ھەي، ئادەملەر، ھەي، ئادەملەر!؟...

1989 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى.

# مەن يىغلىماي ، كىم يىغلايدۇ

هۆرمەتلىك كىتابخانلىرىم ، سىلەر تۇخۇمدىن تۈك ئۈنگەننى كۆرگەنمۇ ؟ ئېھتىمال ، بۇنداق ئىشنى كۆرگەنمۇ ، ئاڭلىغانمۇ ئەمەسمىز ، دەپ جاۋاب بېرەرسىلەر ۋە بەلكى بۇنداق غەلىتە بىر سوئال سورىغىنىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەرسىلەر . ئالدىرىماڭلار ، جاھاندا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرەلەيدىغان سېھىرگەرلەرمۇ ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈنىدىغان چاغلارمۇ بولىدىكەن ، ئىشەنمىسەڭلار ، يېقىندىلا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي .

مەن ئەسلىدىنلا كەڭ قورساق ، مۇلايىم ، تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىدىم ، كەسپىمگە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قارايدىغان بولغاچقىمۇ ، ماڭغان يولۇمدا ئەھمىيەتلىك بىرەر ئىز قالدۇراي ، دەپ ھارماي ـ تالماي تىرىشاتتىم . كۈندۈزنى كېچىگە ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلايتتىم . دەرۋەقە ، يېشىم قىرىقتىن ئەمدىلا ھالقىغىنىغا قارىماي ماڭا زور شان ـ شەرەپلەر نېسىپ بولدى . پات ـ پات مۇكاپات سەھنىسىگە چىقىدىغان ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا ، چوڭ ـ چوڭ رەھبەرلەرنىڭ ئاغزىدا ماختىلىدىغان بولۇپ قالدىم ، قىزىل تاشلىق گۇۋاھنامەممۇ ئون نەچچىگە يېتىپ ، يۈز ـ ئابرۇيۇم ئۆسۈپ قالدى . دەرىجە ئاتلىتىپ بېرىلگەن ئۇنۋانىمغا ۋە قازانغان شان ـ شەرىپىمگە لايىق ، يۆتكىلىپ كەتكەن باشلىقىمىزدىن قالغان بىر يۈرۈش ئازادە ئۆينى ماڭا بۇيرۇپ بېرىشتى .

ئەمما ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاسمىنى داۋاملىق ئوچۇق ، ئاپتاپلىق بولۇۋەرمەيدىكەن ، ئۇنىڭ بورانلىق ، شىۋىرغانلىق چاغلىرىمۇ بولىدىكەن . كىم بىلسۇن ، تەقدىرىمنىڭ يەلكىنى ئوڭ

كەلگەن ، ئامەت شاملى بىلەن بەكمۇ ئوڭۇشلۇق ئۇزۇپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا كىملەردۇر تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈردى . ماڭا قورقۇنچلۇق بىر بەتنام چاپلاشتى . ئاقىۋەت شان ـ شۆھرەت چوققىسىدىن بىردىنلا غۇلاپ ، پالاكەت ھاڭغا چۈشۈپ كەتتىم . پالانىدىن چاتاق چىقىپتۇ ، خىزمەتتىن توختىتىلىپ تەكشۈرۈلۈۋېتىپتۇ ، دېگەن قاناتلىق شۇم خەۋەر بىر سوتكىنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈن شەھەرنى كېزىپ چىقتى . نەگىلا بارماي ، ھەممە نەرسە — ئادەملەرمۇ ، دەل ـ دەرەخلەرمۇ ، ئۇچارقاناتلارمۇ ماڭا ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراۋاتقاندەك ، يۈزۈممۇ خۇددى ئوت ئېلىپ كۆيۈۋاتقاندەك تۇيۇلغىلى تۇردى . مەنغۇ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئاق ، لېكىن ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، «بۇ تۆھمەت ، بۇ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك ، مەن ئۈنداق ئاق ، مۇنداق پاك» دەپ چۈشەندۈرەلىشىم مۇمكىنمۇ ئاخىر !

شۇنداق قىلىپ ، قويۇق ئۆسكەن قارا تېرەكلەر ئارىسىدىكى چىرايلىق ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيۈم مەن ئۈچۈن بىردىنبىر پاناھلىنىدىغان جاي بولۇپ قالدى ، ئەتىگەندىن كەچكىچە چىشىمنى غۇچۇرلىتىپ ، پېشانەمگە دوك ـ دوك مۇشتلىغاچ تۆت ئېغىزلىق ئۆينىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ چىقىمەن ، بەزىدە نەپىس كاردون قەغەز بىلەن بېزەلگەن تورۇسقا قاراپ قېتىپ قالىمەن ، رەڭلىك گۈللۈك رەخت چاپلانغان تاملارمۇ كۆزلىرىمگە قەپەس شادىسىدەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ ، شۇنچە كەڭ ـ كۇشادە ئۆيدە نەپىسىم سىقىلىدۇ .

ئۆيگە سولىنىپ ياتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرى ، غەرب ئۇپۇقى ئىزا تارتقان ئەيىبكارنىڭ يۈزىدەك قىزىرىپ تۇرغان چاغ ، مەن ئاشۇ ئۇپۇق تەرەپكە ئېچىلىدىغان دېرىزىدىن — سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە باغلىيالايدىغان بىردىنبىر رۇجەكتىن تاشقىرىغا قارىماقتىمەن ، تىللادەك سارغىيىپ كەتكەن كۆز يوپۇرماقلىرى ھېسابسىز كۆزلەرگە ئايلىنىپ ماڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ ، قارا تېرەكلەرنىڭ يوپۇك شاخلىرى كۈز شاملىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن

مېنى ئەيىبلەپ باش چايقاۋاتقاندەك ئىرغاڭلىشىدۇ، يېقىنلاپ قالغان قىش شەپىسىنى تۇيۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە نالە قىلىۋاتقان قۇشقاچلارمۇ مېنى كۆرۈپلا سايراشتىن توختاپ قالىدۇ. پۈتۈن ئۆي ماڭا بىپايان كائىناتتا يەككە - يېگانە لەيلەپ يۈرگەن مۇئەللەق ئۆڭكۈردەك بىلىنىدۇ. ئۆزۈمنىمۇ ئاشۇ مۇئەللەق ئۆڭكۈردە ھەرقانداق جانلىقنىڭ ئالاقىسىدىن مەھرۇم ھالدا ھاياتنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمتۈك قىياپەتتە ھېس قىلىمەن. ئالدىمدىمۇ، كەينىمدىمۇ، ئوڭۇمدىمۇ، سولۇمدىمۇ ھېچقانداق بىر تىۋىش يوق. مېڭەممۇ خۇددى مېڭە قېتىقلىرىم قانداقتۇر بىر رەھىمسىز يىرتقۇچ مەخلۇق تەرىپىدىن سۈمۈرۈپ ئېلىنغاندەك قۇپقۇرۇق. پەقەت پۈچىلىنىۋاتقان يۈرىكىملا كۈچەپ سوقىدۇ، سوقۇۋېتىپ، جىسمىمدىكى بارلىق قاننى ئۆز قېرىنچىلىرىغا توپلايدۇ - دە، يۇقىرى بېسىم بىلەن گەجگەمگە ئۇرىدۇ، قۇلاقلىرىمنىڭ كەينى بازغان بىلەن ئۇرغاندەكلا لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ...

شۇ چاغدا، نەزىرىم ئۈمىدنىڭ بىرەر نۇرلۇق توچكىسىنى ئىزدەۋاتقان ئۇپۇقتىن يەنە دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىن دەرەخ غولىنى بويلاپ ئۇششۇك زەربىسى بىلەن قورقۇپ قالغان چۆپلۈككە ئاغدى. ئاشۇ چۆپلۈكتە يۈرگەن نامەلۇم بىر گەۋدە كۆزۈمگە چېلىقتى. دەسلەپتە ئۇنى كەچلىك سەيلىگە چىققان بىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. كېيىن تونۇش ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپلا ئۇنىڭ نۇر توختى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلدىم - دە، دېرىزە پەردىسىنى شارتلا قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، نۇر توختىنىڭ پاكار بەستىگە پەردە يىرىقىدىن قارىدىم.

مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك كېلىدىغان نۇر توختى ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشىم ۋە ياتاقداشىم ئىدى، ھازىرمۇ مەن بىلەن بىر ئورۇندا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى. بىرقانچە يىل بىللە ئوقۇپ، بىللە يېتىپ - قوپقىنىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇنىڭغا ئوبدانلا كۆڭۈل بۆلەتتىم. ئۆستۈرۈلۈشىگىمۇ ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەنىدىم، ئۇمۇ ماڭا ئۆزىنى بەكلا يېقىن تۇتاتتى،

مەنمۇ ئۇنى ئاغىنە ھېسابلايتتىم، ئۇنىڭمۇ مېنى ئاغىنە ھېسابلايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتىم. بىراق، تۇخۇمدىن تۆك ئۈنگەندىن بېرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆيۈمگە كېلىپ، ئەھۋالىڭ قانداقراق دەپ سوراپ قويمىدى، دەپ خاپا بولۇپ يۈرگىنىمدە، ئۇنىڭ دېرىزەمنىڭ تۈۋىگە سەيلىگە كېلىشى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن چىڭقىلىپ تۇرغان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمىدىم.

نۇر توختى مەن تۇرغان بىنا بىلەن پاراللېل جايلاشقان قۇرۇق ئېرىقنى بويلاپ قوللىرىنى كەينىگە تۇتقىنىچە خۇددى قەدىمىنى ساناۋاتقاندەك يوغان ــ يوغان چامداپ ئۇيان ــ بۇيان ماڭماقتا ئىدى. بەزىدە باسقان ئىزىدا چىپپىدە توختاپ، مەن تۇرغان دېرىزىگە تىكىلىپ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالاتتى. بەزىدە نەزىرىنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى دېرىزىلەرگە يۆتكەيتتى. كۆز گۆھىرى تالاي دېگەندە ئاندىن كۆزلىرىنى بىرلا ئۆۋۈلىۋېتىپ مېڭىشىنى داۋام ئېتەتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۆيۈمنىڭ غەربىگە قارايدىغان ئۈچ دېرىزىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيتتى. نۇر توختىمۇ مېڭىپ ھارمىدى، مەنمۇ قاراپ ھارمىدىم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىكىن، ئۇنىڭ قوپال تاشلانغان قەدەملىرىگە قاراۋېرىشتىن زېرىكتىم ــ دە، دەھلىزدىن ئۆتۈپ ئۆيۈمنىڭ كۈنچىقىشقا قارايدىغان دېرىزىسى ئالدىغا كەلدىم.

قىزىق، كۈنچىقىش تەرەپتىكى دەرەخلىكتىمۇ ئېگىز بويلۇق، يالاڭۋاش بىر كىشى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇمۇ ئوخشاشلا كۈنچىقىش تەرەپكە ئېچىلىدىغان دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسىگە نۆۋەت بىلەن تىكىلىپ چىقاتتى. ئۇ تۇرغان تەرەپ ئاللىقاچان گۈگۈم پەردىسىگە چۈمكىنىپ ئۈلگۈرگەچكە، بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نۇر توختىغا ئوخشاش بىئەپ چامداشلىرى كىشىنى ئويغا سالماي قالمايتتى.

دەرۋەقە، مەن ئويلىنىپ قالدىم، ئويلىنىۋېتىپ، كۆز ئالدىمدىلا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ گەۋدىنى خۇددى نۇر توختىغا

ئوخشاش ئاغىنىلىرىمنىڭ ، يېقىنلىرىمنىڭ بىرى بولسا كېرەك ، دېگەن يەرگە كەلدىم . ئەمىسە بۇ ئاغىنىلىرىم نېمىدەپ ئەندىشىلىك كۆزلىرىنى دېرىزىلىرىمدىن ئۈزمەيدۇ ، ئۆيۈمنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىرى ، كۈنپېتىش تەرىپىدە بىرى ـ ھە ؟

كۈندۈزىمۇ ، كېچىسىمۇ تولا ئويلىنىۋېرىپ ، نېرۋىلىرىم تامامەن كاردىن چىققاندۇر دەپتىكەنمەن ، لېكىن نېرۋا ھۈجەيرىلىرىمنىڭ بىر قىسمى يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك ، بۇ تېپىشماققا جاۋاب تېپىشقا كۆپ ۋاقىت كەتمىدى ، جاۋاب تاپتىم ـ دە ، پۈتۈن ئەزايىمنى ئارىلاپ چىققان بىر ئىسسىق ئېقىم ھېسسىياتىمنى قاينىتىۋەتتى ، ئۆزۈمنى زادىلا توختىتىۋالالمىدىم . كۆز چاناقلىرىمنى تولدۇرغان مىننەتدارلىق يېشى خۇددى باھار تاشقىنىدەك تېشىپ مەڭزىمگە ساقىپ چۈشتى .

«ئاھ ، شەپقەتلىك ئاغىنىلىرىم ، سىلەردىن ئورۇنسىز ئاغرىنغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭلار ، — دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە مەڭزىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — بېشىمغا كۈن چۈشكەندە غېمىمنى يەپسىلەر ، باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن قورقماي ، مېنى قوغداپسىلەر ، لېكىن خاتىرجەم بولۇڭلاركى ، ئاغىنەڭلار ھەرگىز ئۆز ھاياتىغا ئېتىبارسىز قارايدىغان تەنتەكلەردىن ئەمەس ، ئۇ تېخى ياشايدۇ ، تاكى تۆھمەتخورلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى ئېچىلىپ ھەقىقەت قۇياشى پارلىغۇچە ياشايدۇ .

پەرەز قىلىشىمچە ، ئۇلار مېنىڭ كۈتۈلمىگەندە كەلگەن بۇ ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئېلېكتر سىمىغا ئېسىلىپ ياكى دېرىزىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشىمدىن ئەنسىرىگەن ۋە كېچە ـ كۈندۈز دېرىزەمنى كۆزىتىپ ، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇمنى نازارەت قىلىۋاتقاندى . گەرچە ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى ئارتۇقچە بولسىمۇ ، قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئىدى . بۇ ھال مەندەك دىلى سۇنۇق ، كۆڭلى يارا ئادەمنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايتتى .

شۇ كۈنى مەن تولىمۇ ھاياجانلاندىم ، تاكى ئاشۇ ئىككى گەۋدە

گۈگۈم پەردىسى ئاستىدا غايىب بولغۇچە ئىككى تەرەپتىكى دېرىزىلەر ئارىسىدا قاتراپ يۈردۈم .

ئارىدىن يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتتى . تۇخۇمدىن تۇلۇق ئۈندۈرگۈچى قارا يۇزلەرنىڭ سېھىرگەرلىكى ئاخىر پاش بولدى . پاك نامىمغا چاپلاشقان تۆھمەتنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلۇپ ، ھەممە نەرسە ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى . تەشكىلنىڭ رەسمىي ئۆزرىسىدىن كېيىن بىر ئاي داۋام قىلغان كۈلپەتلىك ئۆتمۈشنى كەينىمگە تاشلىدىم ـ دە ، ھېچقانداق ئاداۋەت ـ خۇسۇمەت ساقلىماي ، جىن ـ شەيتانلار ئارىسىدىن ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلدىم .

ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىمىكىن دەپتىمەن ، يۈرىكىمگە يەنە بىر بىگىز سانجىلدى . بۇنداق دېسەم ھېلىقى تۆھمەت يەنە راستتىن ئايلىنىپ قالدىمىكىن ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرەر تۆھمەت چاپلاندىمىكىن دەپ ئويلاپمۇ قالماڭلار ، تۆھمەتنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق ئىكەن ، ئىشەنچەڭ تولۇق ، كۆڭلۈڭ توق بولسىلا تۆھمەتنىڭ قانچىلىك ئۇستىلىق بىلەن چاپلىنىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدىكەن ، ئەمما روھىي ئازابنىڭ دەردى بولسا باشقىچىلا يامان ئىكەن . نامىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن بېشىمغا كۈن چۈشكەندە مېنىڭ غېمىمنى يېگەن ھېلىقى ئىككى ئاغىنەمنى تېپىپ ، بىر بوتۇلكا ھاراق قويۇپ بېرەي ، تەشەككۇرۇمنى ئىزھار قىلاي ، دېگەن بولساممۇ ئۇلارنى زادىلا ئۇچرىتالمىدىم ، «ئۇلار مېنى ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ ، دەپ ئويلاپ قالسا قانداق قىلىمەن ، بېشىمغا يەنە كۈن كەلمەيدۇ ، تۇخۇمدىن تۇلۇق ئۈنمەيدۇ ، دېگىلى بولامدۇ» دەپ ئويلىدىم .

مەن ئەنە شۇنداق ئوي بىلەن تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى نۇر موللاق دېگەن ئاغىنەم ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى ـ دە ، مەن بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇردى . ئۇ مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىدى ، نۇر توختى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئۇ ئىدارىمىز

دائىرىسىدە يېقىن ئۆتىدىغان ئىككى ئاغىنەمنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئارىلىقتا مەن بولغىنىم ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىچە تېپىشىۋالغانمۇ، ئىشقىلىپ نۇر توختى بىلەن نۇر موللاقنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىمۇ ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. بويى ئېگىز بولغاچقا سەل دۈمچەك كۆرۈنىدىغان، قاچانلا قارىساڭ كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان نۇر موللاق ماڭا تۆھمەت چاپلاپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەن ئۇياتسىز كىشىلەرنى ئەڭ يامان ئىبارىلەر بىلەن تىللاپ، ئەسلىدىنلا پاك ئىكەنلىكىمنى، ئېغىر كۈنلەردىمۇ تەڭرىتاغ چوققىسىدەك تىك تۇرغىنىمنى بىرھازا ماختاپ چىققاندىن كېيىن مەندىن جىددىي يوسۇندا سورىدى:

— ھوي، نۇر توختى ئۈستىدە تارقىلىپ يۈرگەن بەزى گەپلەرنى ئاڭلىدىڭمۇ ئاداش؟ ئەجەب تۈزكور نېمىكەنا ئۇ!

— يېقىندىن بېرى ئۇنى كۆرمىدىم، گەپ ئاڭلىغۇدەكمۇ بولمىدىم، ئۇششاق گەپ بىلەن كىمنىڭ ئىشى؟!

— ۋاييەي، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گەپلەرنى ئۇششاق گەپ دېگىلى بولالمىدىغان، — نۇر موللاق سارغۇچ بۇرۇتىنى سىيلاپ قويۇپ، ئولتۇرغان ئورۇندۇقىنى مەن تەرەپكە سۈردى ۋە ئەتراپىغا قارىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنە كېلىپ بۇ گەپلەر سەن بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك جۇمۇ، دەي دەيمەنۇ، ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن، مېنىڭ ئۇششاق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەيدىغانلىقىمنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەنغۇ؟

مەن ئۈندىمىدىم، لېكىن ئادەتتە بىر رومكا ھاراق تاپسىمۇ نۇر توختىسىز ئىچمەيدىغان نۇر موللاقنىڭ ئەمدى نېمىدەپ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغىنىغا سەل ھەيران قالدىم.

— بىز ئاغىنىغۇ، بىر-بىرىمىزدىن گەپ يوشۇرمايمىزغۇ، مەيلى مەن دەۋېرەي، بۇنىڭدىن كېيىن نۇر توختىنىڭ گېپىدىن، قىلىقلىرىدىن ھېزى بولساڭلا بولىدىغۇ.

ئۇ مېنىڭ بۇ گەپلەرگە ئانچە قىزىقماي ئولتۇرغىنىمنى تۇيۇپ تۇرۇپ تۇيماسقا سالدى-دە، بۇرۇتىنى يەنە بىر سىيلاپ قويۇپ

دېدى :

— ئاڭلىسام نۇر توختى دېگەن قارايۇز ئىشتىن توختىتىپ قويۇلغىنىڭنى ئاڭلاپلا ئىدارىگە دوكلات يېزىپتۇ. نېمىلەرنى يېزىپتۇ دەپ سورىمامسەن، سەن ئۆرۈلسەڭ سېنى بۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇ ئاشۇ ئۆينى ماڭا بەرسە دەپ تەلەپ قىپتۇ!

— ھەي، بۇ گەپلەرگىزە...

— بۇ گەپلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، دېمەكچىمۇسەن؟ گەپنىڭ قىزىقى مانا ماۋۇ يەردە، ئۇ تېخى ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيۈڭنىڭ كەينىگە كېلىدىكەن ـ دە، دېرىزىلىرىڭگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۆي كۆلىمىنىڭ قانچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغانلىقىنى قەدەملىرى بىلەن ئۆلچەيدىكەن، ئاڭلىسام، ئۆي جاھازلىرىنىمۇ ياستىپ بوپتۇمىش!

— ھە، شۇنداق ئىشلارمۇ بوپتۇمۇ بۇ جاھاندا؟

— بولمايچۇ، مانا ئەمدى سەنمۇ بىقىلمىدىڭ، ئۆيدىنىمۇ كۆچۈرۈۋېتىلمەيسەن، ئۇنىڭغۇ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشتى، خوپ بولدى، خوپ بولدى!

نۇر موللاقىنىڭ ئىشكتىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدىم، غەزەپتىن يېرىلاي دەپ تۇرغان چېغىمدا يەنە ئىشىك قېقىلىپ ئۆيگە نۇر توختى كىرىپ كەلدى. ئۇ كەيپىياتىمغا زەن قويمايلا مېنى ماختاشقا باشلىدى، كېيىن نۇر موللاقنى تىللىغىلى تۇردى، بوينىغا چۈشكەن تىرناق ئىزىنى، ياڭاقتەك كۆكىرىپ چىققان قاپىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۆتكەن ھەپتىدە يوقىلاڭ بىر سەۋەب بىلەن ياقىلىشىپ قالغاندا نۇر موللاقنىڭ ئۆزىنى بۇ ھالغا كەلتۈرگىنى ئۈستىدە دادلىدى. مەن ئۆيدە سولىنىپ ياتقاندا ئۇنىڭ ئۆيۈمنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە نېمىلەرنى قىلىپ ئۆيۈمنىڭ جەزمەن ئۆزىگە بېرىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا نېمىلەرنى دېگىنىنى ئۆزى بىلگەن پاكىتلار بىلەن ئالدىمغا يايدى.


كۆزلىرىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، مەن ھەممىنى چۈشەندىم،



www.uyghurkitap.com

بىراق نۇر توختىنىڭ يەنە بىلجىرلاۋېرىشىگە ئەسلا چىداپ تۇرالمىدىم، ئاخىر قۇلاقلىرىمنى ئېتىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىم - دە، خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ كۆزىچىلا ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلىدىم. يىغلىدىم دېسەم ھەيران قالماڭلار، راستىنى ئېيتسام بارى - يوق ئىككىلا ئاغىنەم بار ئىدى، مەن ئۆز تەقدىرىمدىن قايغۇرۇپ يۈرگەن چاغدا ئاشۇ ئىككى ئاغىنەم ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ بىلەن بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ياساپ قويماق تۈگۈل، مەندىن قالدىغان مىراسنى تالىشىپ، ياقىلىشىپ يۈرسە، ئەمدى بۇ دۇنيادا ماڭا ۋاپا تېپىلارمۇ؟ قېنى ئېيتىڭلار، مۇشۇنداق ئەلەملىك پەيتتە مەن يىغلىماي كىم يىغلايدۇ؟ مەلۇم بىر مۇتەپەككۇر: «ئادەم — تەتۈر ئۆسكەن دەرەخ، ئۇنىڭ شېخى ئاستىدا، يىلتىزى ئۈستىدە» دېگەنىكەن. خۇداغا شۈكۈر، ئادەملەر ھېلىمۇ تەتۈر يارىلىپ قاپتۇق، ئەگەر ئوڭ يارىلىپ قالغان بولساق نېمە كارامەتلەرنى كۆرسەتەر ئىدۇقكىن - تاڭ؟!

1988 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پۇل

بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن يېقىن - يىراققا داڭقى كەتكەن بۇ شەھەرنىڭ قەدىمىي تار كوچىلىرىدا ئاخشام بىلەن تاڭنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ قىسقا. شەنبىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى تامامەن بېسىقىپ كەتمىگەن بۇنداق كوچىلاردا يەكشەنبىنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ؛ تاڭ تېخى يورۇماستىنلا كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە زىچ جايلاشقان ئاشپۇزۇللارنىڭ ئوچاقلىرىدا تۈتەپ تۇرغان چوچۇلىلار ئۈستىگە بىر قۇچاق يۇلغۇن قاقشىلى تاشلىنىدۇ - دە، پاكار - پاكار تۇرخۇنلاردىن ئاپئاق ئىس ئۆرلەيدۇ. شاگىرتلارنىڭ پىياز ۋە سەۋزە توغرىغان تاق - تۇقلىرىدىن ئويغىنىپ كەتكەن چەرچىن مال دۇكانلىرى تاختايدىن قىلىنغان بوتكىلىرىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈشكە تۇتۇش قىلىدۇ. يۆتكىمە بىرىزىنت لەمپىلەر ئاستىدا تۈنۈگۈنكى سودىسىنىڭ بەرىكىتى سەۋەبىدىن تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقان باققاللار ئاچچىق - چۈچۈك ساتقۇچىلار ئىتتىرىپ ئۆتكەن ياغاچ چاقلىق يوغان هارۋىنىڭ تاراق - تۇرۇقىدىن سەگەكلىشىپ، مېۋە - چېۋىلىرىنى رەتلەشكە باشلايدۇ…

بامدات نامىزىدىن يانغان ياكى بىرەر زۆرۈرىيەت بىلەن بۇ كوچىدىن ئۆتكەن تۇنجى يولۇچى پولۇ - مانتىلارنىڭ لەززەتلىك پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرغان هاۋادىن نەپەس ئالىدۇ ۋە ئىشىكلىرى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان پەشتامىلىق ئۇستىلارنىڭ هەرقانداق قوشاقچىلاردىن قېلىشمايدىغان يېقىملىق تەكەللۇپلىرى بىلەن ئۆز هۈنىرىنىڭ باش بۇرنىغا جەلپ ئېتىلىدۇ.

ئاۋغۇست ئاسمىنىدىكى قۇياش شەهەرنىڭ شەرقىدىكى مەسچىت قۇببىسىنىڭ ئۈچىدا چاقناۋاتقان چاغ. يەكشەنبە

بولغانلىقى ئۇچۇنمىكىن، بۇگۈن بازار شۇنچىلىك قىزىپ كەتكەندەك، كوچىدا داۋالغۇۋاتقان دوپپىلىق ئادەملەر توپىنىڭ ئۈستىدىن يىڭنە تاشلانسا يەرگە چۈشمەيتتى. ئۆز ماللىرىغا خېرىدار چاقىرىۋاتقان، مانتا ساناۋاتقان، نەرقى - ناۋا ئۈستىدە بەسلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى جاراڭلىق بازار سىمفونىيىسىگە ئايلىناتتى - دە، سۈس توپا - چاڭلارغا قوشۇلۇپ شەھەر ئاسمىنىغا ئۆرلەيتتى.

دەل شۇ چاغدا، ياغاچ ۋە كېسەكلەر بىلەن سېلىنغان ئېگىز - ئېگىز بالىخانىلىق ئۆيلەر ئارىسىدىكى تار كوچىدا كىچىكرەك كەلگەن كاۋاپدانىنى مۈرىسىگە سالغان، پۈرۈملىرى مەھكەم قورۇلغان ئىككى بوز خالتىنى كۆتۈرۈۋالغان ئوتتۇرا بويلۇق بىر چارساقال كىشى مەركىزىي كوچىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ھايال ئۆتمەي چوڭ كوچىغا كىردى - دە، ھېلىقى نەرسىلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى مېۋىلەر ۋە مېۋە سېۋەتلىرىدىن تام ھاسىل بولغان كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئارىلاشقا باشلىدى، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن بەكمۇ ئېھتىيات بىلەن ئۆتەتتى. قەيەرلەردىندۇر ئادەم پاتقۇدەك يوچۇق ئېچىلىشىنى كۈتۈپ بىر ھازا تۇرۇپمۇ قالاتتى. ئۇ ئۇششاق قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقىنىدا، مۈرىسى ياكى مۈرىسىدىكى كاۋاپدانىنىڭ كەينى بېشى ئاللىكىملەرگىدۇر يېنىك تېگىپ كەتكۈدەك بولسا دەرھال جايىدىلا توختاپ: «خاپا بولمىسىلا، ئەيىبىمنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا» دەپ ئەپۇ سورايتتى، ھەتتا بۇنداق كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك باشقىلارنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەبىدىن يۈز بەرسىمۇ ئۇ يەنىلا ئەپۇ سوراشنى قولدىن بەرمەيتتى.

— ھوي ئابدۇمۆمىن ئاكا، بۇ ياققا كەلمەمدىلا!

ئابدۇمۆمىن ئاكا كېتىۋېتىپ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلىدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. تونۇش ئاۋاز ئون قەدەم نېرىسىدىن كەلگەنىدى. ئۇ كىشىلەر توپىنى تەسلىكتە يېرىپ ئۆتۈپ، خەسە سايىۋەنلىك تۆت چاقلىق چوڭ هارۋىنىڭ قېشىغا

كېلىپ توختىدى . قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قارا قايرىما بۇرۇتلۇق ، 35 ياشلار چامىسىدىكى سادىر چىرايلىق تەخسىلەرگە سېلىنغان ئاشلەڭپۇڭغا ئۇزۇن ساپلىق قوشۇق بىلەن تەم تەڭشىگۈچى سۈيۇقلۇقلارنى ئۇستىلىق بىلەن چاچقاندىن كېيىن ئالدىدا ئولتۇرغان خېرىدارلىرىغا سۇنۇۋېتىپ ، يېنىدا كۈلۈمسىرەپ ئۆرە تۇرغان ئابدۇمۆمىن ئاكىغا دېدى :

— مۇبارەك بولسۇن ، ئابدۇمۆمىن ئاكا ، ئوقەت قىلاي دەپتىلىدە ، كەلسىلە ، دۇكاننى مۇنۇ يېقىمغا ئورۇنلاشتۇرسىلا .

سادىر لەڭپۇڭچى قوللىرىنى پەشتامىسىغا ئېرتىۋېتىپ هارۋىسىنى ئوڭ تەرەپكە ئازراق سۈردى ۋە كاۋاپدان پاتقۇچىلىك يەر بىكارلىدى . باياتىن بىرى كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ تاپان قويغۇچىلىك بوشلۇق بولمىغان بۇ بازاردىن كاۋاپدان پاتقۇچىلىك يەر تاپالىشىغا كۆزى يەتمىگەن ئابدۇمۆمىن ئاكا بۇ ئاق كۆڭۈل قوشنىسىغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، كاۋاپدان بىلەن خالتىلىرىنى يەرگە قويدى .

— ئۇكام سادىراخۇن ، — دېدى ئۇ كۆمۈر قاچىلانغان خالتىسىنى يەشكەچ ، — ياخشى كۆڭلۈڭگە مىڭ رەھمەت ، ئاتاڭنىڭ روھى مەدەت بەرسۇن ، ئۆزۈڭ يېقىنغىچە كاۋاپچىلىق قىلىۋاتاتتىڭ ، ئەمدى بۇگۈن ئاشلەڭپۇڭ سېتىۋېتىپسەنغۇ ؟

— بازار دېمەمسەن ، بازار ، ئابدۇمۆمىن ئاكا ، كاۋاپچىلىق ئانچە ئاقمايۋاتىدۇ ، — ئۇ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەننى چاقىرىۋېتىپ جاۋاب بەردى ، — مۇنداق قارىسام مۇشۇ ئوقەتمۇ قاملىشىدىغان ئوخشايدۇ .

ئۇ خېرىدارىغا يەنە بىر قاچا ئاشلەڭپۇڭنى سۇنۇۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى :

— ئۆزلىرىنى هۈنەر قىلىدۇ ، دەپ ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتىكەن . قارىسام كاۋاپداننى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدىلا ، شۇڭا…

ئابدۇمۆمىن ئاكا قوشنىسىغا يەنە بىر مەرتەم تەشەككۈر بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سوئالىغا : «ئۆيدە بىكار ياتقۇچە

مـــدىرلـــغـاچ تـۇراي دېۋىدىم» دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، كاۋاپدانىنىڭ لىڭشىپ تۇرغان پۇتىغا خىش پارچىسىنى قىستۇردى.
ئۇ خالتىدىن ئۇششاق ـ ئۇششاق ئوتۇن كۆمۈرىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، كاۋاپدانغا بىر ـ بىرلەپ تىزىپ چىقتى ـ دە، سەرەڭگە ياقتى. قېرىشقاندەك كۆمۈرگە ئوت تۇتاشمايتتى. ئۇ كۆيۈپ بولغان تۇترۇقتىن قالغان ئىككى تال ئاجىز چوغنى پۈۋدەشكە باشلاپ، كۆمۈرنى سۆيگۈدەك بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ تال ساقىلىنى قۇربان بېرىش ھېسابىغا ئوتنى يالقۇنجاتقاندىن كېيىن زىخلارغا سانجىپ تەييارلانغان مايلىق گۆشلەرنى يەنە بىر خالتىدىن چىقىرىپ كاۋاپدان ئۈستىگە توغرىسىغا تىزدى. چوكىغا بېكىتىلگەن كاردون قەغەزنىڭ ئـاسـتـا پىرقىرىشى بىلەن كۆكۈچ يالقۇنلار ئۆرلەشكە باشلىدى. گۆشلەر چوغ تەپتىدە گىژىلدىماقتا، ئۆز مايلىرىنى چوغ ئۈستىگە تامچىلاتماقتا ئىدى. «لاپ» قىلىپ ئوت ئالغان ماي گۆشنى يەنە ئۆز يالقۇنلىرى بىلەن كاۋاپ قىلاتتى.
ئابدۇمۆمىن ئاكا چوغنىڭ بىمەھەل ئېرىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ يەلپۈشنى توختىتىپ، پىشىپ كەتكەن گۆش ئۈستىگە زىرە ۋە باشقا دورا ـ دەرمەكلەرنى سەپتى.
كـاۋاپ پـىـشـتـى، ئەمما قوشنىسىنىڭ «كاۋاپچىلىق ئانچە ئاقمايۋاتىدۇ» دېگەن سۆزىنى تەستىقلىغاندەك، ھېلىغىچە خېرىدار كەلمەيتتى. ئۇ كاۋىپىنى ماختاپ ئۈنىنىڭ بارىچە توۋلاپ باقماقچىمۇ بولـدى. ئـۇ كـاسـىـپلارنىڭ، بولۇپمۇ كاۋاپچىلارنىڭ خېرىدار چـاقـىـرىـشـتا قوللىنىدىغان قاپىيىلىك سۆزلىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان. يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىغا قارىماي ئاۋازىمۇ خېلى سـۇزۇك چـىـقاتتى. بىراق··· بىراق، ئۇنىڭ كاۋاپچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان كۇنىمۇ مۇشۇ بۈگۈن. تۇنجى قېتىم كاۋاپچىلىق قىلغان كـىـشـىنىڭ كاۋىپى قانداق بولماقچى؟ تەمى جايىدا تەڭشەلدىمۇ؟ تۇزلۇقمۇ ياكى تۇزسىزمۇ؟
ئـۇ مـۇشـۇلارنـى ئـويلاپ كاۋىپىنى زورمۇزور ماختىغۇسى كـەلــمىدى ـ دە، چوغ ئۈسـتىدە ئاجىز پىژىلـداپ بارغانسېرى

قورۇلۇۋاتقان گۆشكە قاراپ ئىختىيارسىز خىيالغا پاتتى.

ئابدۇمۆمىن ئاكا مۇشۇ شەھەرنىڭ «كىندىك»ىدە تۇغۇلدى. دادىسى ئابدۇخالىق ئاخۇن تاپقىنى ئۆزىدىن ئاشمايدىغان بىر زەرگەر ئىدى. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئۆتكەندە خۇدا بەرگەن تۇنجى، شۇنداقلا ئاخىرقى پەرزەنتىگە تولىمۇ ئامراق ئىدى. بىراق، قولىنىڭ قىسقىلىقى ئوغلىنى ئوقۇتۇش ئارزۇسىغا كاشىلا بولدى. «بۇ شەھەردە ھۇنىرى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن گەپكە ئۆز رايى بويىچە چوقۇنىدىغان ئابدۇخالىق ئاخۇن ئاخىر ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن كېيىن قالغاندىن كېيىنكى ھايات تۇرمۇش كاپالىتىنى ئۆز ھۇنىرىنى مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا باغلىدى. دادىسىنىڭ ھۇنىرى راستىنىلا ئوغلىغا مىراس بولۇپ قالدى. دادىسىدىن، سەل ئىلگىرىرەك ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئابدۇمۆمىن ئاتا مىراس قىزىل سېغىزچاناق، بىر تال مىس نەيچە، ئىككى ـ ئۈچ چوڭ ـ كىچىك بولقا، داغمال، ۋە جۇپتەك بىلەن مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويدى. ئۇ ئىشىكى ئالدىدا بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدىلا ھۈنەر قىلاتتى. زىرە، ئۈزۈك ياكى بىلەزۈك ياساپ ساتقۇدەك ۋەجى تۈگۈل تولۇقراق سايمىنىمۇ بولمىغان بۇ بالا زەرگەر ئەتىدىن كەچكىچە چاناق ئالدىدا دۈمچىيىپ ئولتۇراتتى. مىس نەيچە بىلەن ئوت پۈۋلەۋېرىپ قوۋۇزلىرى ئاغرىپ، باشلىرى قېيىپ كېتەتتى. خېرىدارلارنىڭ چۇلۇكى ئۈزۈلگەن زىرىلىرىنى، چېچىكى ئاجراپ كەتكەن ھالقىلىرىنى ياساپ بېرەتتى. ئۇ 20 ياشقا كىرگەن يىلى ئەتىيازدا مىستىن ياسالغان ئۈزۈكىنى ئۆگىشىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى ۋە دەرھال ئەلچى قويۇپ ئاددىيلا توي قىلىۋالدى. ئابدۇمۆمىنىنىڭ تاپقان ـ تەرگىنى ئىككى جانلىق بۇ كىچىك ئائىلىنى باياشات تۇرمۇش تەلىپىگە يەتكۈزەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىناق ۋە كۆڭۈللۈك ياشايتتى. كېيىن ئۇلار بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ھۆكۈمەتنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا ھۇنىرى ئېقىپ ھال ـ كۈنىمۇ بارا ـ بارا ياخشىلاندى.

بىراق ، يەنە بىر قىز پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئاچقان ، ئوغلى تۇرغۇنجان بولسا 13 ياشقا كىرگەن يىلى قارغىش تەگكۈر «ئىنقىلاب» بورىنى بۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋەتتى . جانجىگەر ئوغلى ناھەق ئۆلتۈرۈلدى . بىر ئائىلىدىكى قالغان ئۈچ جان يىراق بىر يېزىغا ئاپىرىپ قويۇلدى .

— ئابدۇمۆمىن ئاكا ، كاۋاپ كۆيۈپ تۈگەي دېدى !

ئۇ ، ئاشلەڭپۇڭچىنىڭ ئاگاھ بېرىپ ئېيتقان سۆزى بىلەن تەڭ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە ، پىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن كاۋاپلارنى چوغدىن نېرىراق سۈرۈۋېتىپ ، خىيالىنى يەنە ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى...

تۇرغۇنجاننىڭ دەردى بىلەن كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئايالىنىڭ قەبرىسى ئاشۇ يېزىدا قالدى . ئۇنىڭ ئاشۇ چەت يېزىدا تارتقان ئازابلىرى ھېچقاچان يادىدىن چىقمىغىنىدەك ، شەھەرگە قايتىپ ئورۇنلىشىشىغا مۇمكىن بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان قۇتلۇق كۈنمۇ ئېسىدىن چىقمايتتى . ئۇ بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرگە قايتا كېلىپ قىزىنى ئەگەشتۈرگەن پېتى ئەسلى ئۆيى ئالدىغا كەلدى . ئەمما ، كېلىپلا ئۆزىنىڭ ئەمدى ماكانسىز قالغانلىقىغا تامامەن ئىشەندى . ئۇ چېقىۋېتىلگەن ئۆي ئورنىغا سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالايتتىمۇ ؟

ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئابدۇمۆمىن ئاكا نەق ئىككى يىلدىن كېيىن چېقىۋېتىلگەن ئاتا مىراس ئىككى ئېغىز ئۆيىنىڭ پۇلىنى ئالدى ۋە شۇ پۇلغا ھازىرقى بىرلا ئېغىز ئۆيىنى بىر تۇپ قېرى ئامۇت دەرىخى بىلەن قوشۇپ سېتىۋالدى . ئىككى جاننىڭ كېيىنكى تىرىكچىلىكى ئۆي پۇلىدىن ئاشقان بىرقانچە ئون يۈەن ۋە ئاھالە كومىتېتىدىن بېرىلگەن كىچىككىنە ياردەمگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كىرىمسىز ئائىلىنىڭ ۋەجى قۇرۇقدىلىنىشقا باشلىدى . ھازىر سىياسەتمۇ كەڭرى بولۇپ قالدى ، دېيىشىۋاتىدۇ خەقلەر ، دەپ ئويلىدى ئابدۇمۆمىن ئاكا ۋە

زەرگەرلىك ھۈنىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ تونۇش زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۆزىنى سىناپ كۆرۈۋىدى، كۆزىگە زىرىنىڭ بىر سىركىسى ئىككى، مۇنچاقنىڭ ئەگىمەچ چۆلىكى ھالقىسىمان بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «كۆزۈم تۈگەپتۇ» — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، يېزىدا تارتقان دەردلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، مۇشۇ كۈنلەردە يالغۇز قىزى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئالىي مەكتەپكە كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ قىزىنى ئۇزاتقان چېغىدا ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ ئەگەر بىرەر قۇر يېڭى كىيىم قىلىپ بېرەلمىسە، ئانىسىنىڭ يوقلۇقى قىزىغا ئەلەم قىلماسمۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ جان تومۇرى ئەمەسمۇ؟ پۇل، پۇل كېرەك، پۇل بولسا تۈگەۋاتىدۇ.

ئابدۇمۆمىن ئاكىنىڭ بەختى تەقدىر تەرىپىدىن ئۆگەيلەنگەن، ھەتتا ئۆزىگە تېگىشلىك تەقدىرمۇ ھامان ئۇنىڭدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ تەقدىر بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئېلىشىشنى خالىمايتتى، بەلكى كاج تەقدىر بىلەن چىرايلىقچە كېلىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك، تەقدىرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇنىڭچە جاھاندىكى ھەرقانداق چىگىشمۇ ياخشىلىق بىلەنلا يېشىلىشى، ھەرقانداق يامانلىقمۇ ياخشىلىق بىلەن تۈگىتىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

قايسىبىر كۈنى ئۇ ئىشىكى ئالدىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپ قوشنا بوۋايلارنىڭ: «ھازىر سىياسەت ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە: «تەقدىرنىڭ ساراڭلىقىمۇ ئوڭلىنىپ قالارمۇ؟» دەپ سوئال قويغانىدى. بۇ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدە تەقدىر توغرىسىدا تۇنجى قېتىم ئېھتىيات، ئىززەت بىلەن سۆز ئېچىشى ئىدى.

تۈنۈگۈن ئۇنىڭ مېڭىسىگە بىر خىيال كىرىپ كەلدى. ئۇ، بۇ ئائىلىدە زۆرۈرى مۇقىم مۇلۇك ھېسابلىنىدىغان كونا تۈنىكە مەشنى كېچىچە تاراڭشىتىپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە تىزا پۇلغا يۇقىرى باھالىق گۆشتىن بەش جىڭ سېتىۋالدى. تۈۋۈگە

خېلى چوڭقۇر ئازگال كولاپ ، يىل بويى سۇغىرىپ باققان بولسىمۇ بىرەر تال مېۋە بەرمىگەن ئامۇت دەرىخىنى يىقىتىپ كۆمۈر قىلدى . بۈگۈن ئەتىگەندە تولۇق سوۋۇپ ئۆلگۈرمىگەن كۆمۈرنى ئېلىپ بازارغا جۈنىگەن ئابدۇمۆمىن ئاكا ، قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ باققان بولسىمۇ ، خېرىدارلىق جايدىن ئورۇن ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى .

ئاشلەڭپۇڭچى قوشنىسىنىڭ «مېھمان كەلدى ، مېھمان !» دەپ ئاگاھ بېرىشى بىلەن تۇگىمەس خىيالغا پاتقان ئابدۇمۆمىن ئاكا دەرھال ئالدىغا قارىدى . ئۇ كۆردىكى ، كاۋاپدانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم ئاياغ كىيگەن ، پۇتلىرىنىڭ بىرىنى كىچىك ئورۇندۇق ئۈستىگە ئالغان ئىككى ياش بالا ئۆرە تۇراتتى . ئۇلار خېرىدارلارنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەكلىپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۆزى كەلگەن خېرىدار بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان ، تەزىم قىلىپ كۈچۈكلىنىشنى ئەسلا ئۇقمايدىغان بۇ دىتسىز ھۈنەرۋەنگە نارازى بولغاندەك ، قارا كۆزەينەك كەينىگە يوشۇرغان كۆزلىرىنى ئۇدۇل ئابدۇمۆمىن ئاكىغا تىككەنىدى .

— قېنى ئۈكىلار ئولتۇرۇڭلار ، قانچە زىخ بېرەي ، — دېدى ئابدۇمۆمىن ئاكا قولىنى دورا ـ دەرمەكلەر قۇتىسىغا ئۇزىتىۋېتىپ .

يىگىتلىك يېشىغا يەتكەن ئىككى خېرىدار كۆزەينەكلىرىنى تەڭلا قوللىرىغا ئېلىپ ، بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشتى ـ دە ، مەنسىتمىگەن ئاھاڭدا دېدى :

— ئون زىخ كاۋاپقا مۇشۇك ئامىن دەمدۇ ؟ خېرىدارىڭنىڭ بارىدا يەنە 20نى باسمامسەن بوۋاي !

ئابدۇمۆمىن ئاكا ئۇلارنىڭ توڭ گەپلىرىنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپمۇ قويمىدى . خېرىدارلار دېگەن پۇل تۆلىگۈچى ، ئۇلار ئەلۋەتتە گەپنى چوڭ قىلىشى كېرەك ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ ، بىر قولىدا كاردون قەغەزنى بولۇشىغا پىرقىرىتىشقا ، يەنە بىر قولىدا يېڭىۋاشتىن يالقۇنلاۋاتقان چوغ ئۈستىگە كاۋاپ

بېسشقا باشلدى . شەتلەڭگە كۆڭلەك كيىۋالغان (ئۇ شەتلەڭگە دەپ ئويلدى ) ، كچىككنە بۇرۇتلرى بار خېرىدارلار سېرىپ ـ سېرىپ كاۋاپ يېمەكتە ئىدى . ئۇلار ئورۇندۇق ئۇستىگە قويۇۋېرىپ تېلىپ كەتكەن پۇتلرىنى دەم ـ دەم ئالماشتۇرغىنىدا ، كەڭرەك كەلگەن شىم پۇچاقلىرىغا كۆزى چۈشكەن ئابدۇمۆمىن ئاكا سەل قىزىقسىنىش ھېس قىلدى ـ دە ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ : «سىياسەت ياخشىلاندى ، دېگەن گەپ بىكار ئەمەسكەن ـ دە !» دەپ قويدى .

— بىر زىخى قانچە پۇل ؟ — دەپ سورىدى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋاتقان يىگىتلەرنىڭ بىرى . ئابدۇمۆمىن ئاكا ئۇلارنىڭ سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئوبدانلا بىلەتتى . ئۇ پۇلنىڭ سانىنى ئۇدۇللا ئېيتىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ ھېسابلاپ :

— بازار نەرخى ئۇكىلىرىم ، — دېدى .

ھېلىقى يىگىتلەر يەنە بىر كۆز بېقىشىۋالدى ـ دە ، بويى سەل پاكارراق كەلگەن بىرى كېسىپلا ئېيتتى :

— جەمئىي 20 زىخ كاۋاپ يېدۇق ، شۇنداقمۇ ؟ بەش پۇڭدىن بولسا ھەممىسى بولۇپ··· پۇل .

ئۇ تۆش يانچۇقىغا قولىنى سېلىۋىدى ، ئابدۇمۆمىن ئاكا سەل ـ پەل ئالدىراپ قالدى :

— ھەممىسى بولۇپ 30 زىخ ، ھەر نەرسىنىڭ ئۆز نەرخى بار ئۇكىلىرىم ، بىر زىخى بىر موچەندىن بولغىنىدا···

— نېمە دەيدۇ ئۇ ؟ — دېدى ئېگىزرەك كەلگەن بىرى پاكار ھەمراھىنى پۇل تۆلەشتىن توختىتىۋېلىپ . ئۇ ئاغىنىسىگە قاراپ كۆزىنى يۇمچۇكىلىدى ـ دە ، كۆرەڭلىگەن ئەلپازدا سامان تىقىلغاندەك چىڭ تۇرغان ساغرىسى ئۇستىدىكى چاپلىما يانچۇقتىن شارت قىلىپلا ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئابدۇمۆمىن ئاكىنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ دېدى :

— بەتتام كاۋپىكنىڭ بىر زىخنى بىر موچەندىن ساتماقچىمۇسەن؟ بوپتۇ، ئۇنداقتا نوچى بولساڭ مۇشۇ پۇلدىن ئاشقىنىنى ھازىرلا قايتۇرۇپ بەر. بىزنى ھايال قىلىپ قويىدىكەنسەن بەش پۇڭدىنمۇ قۇرۇق قالىسەن!

ئابدۇمۇمىن ئاكىنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولدى. تېخى سودا قىلمىغان تۇرسا، پۇلنىڭ ئاشقىنىنى قايتۇرۇپ بەرگۇدەك پۇل ئۇنىڭدا نېمىش قىلسۇن؟ بەش پۇڭدىن سېتىشقا ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ بۇ تەڭلىكتىن بىر يولى قۇتۇلسۇنمۇ؟

ئۇ پۇلنى تۇتقان پېتى گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ ئەسنادا بۇ خېرىدارلارنىڭ يولسىزلىقىغا خېلىدىن بېرى كۆز سېلىپ تۇرۇۋاتقان ئاشلەڭپۇڭچى سۆزگە ئارىلاشتى:

— يىگىتلەر، ئىنزا تارتساڭلار بولمامدۇ؟ بازار نەرخىدە بىر زىخ كاۋاپنىڭ باھاسى بىر موچەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بەش پۇڭدىن تۆلەيمىز دەۋاتىسىلەر، ئۇستۇبېشىڭلارغا قارىسا ھالىڭلارنى ئات تارتالمايدۇ، يەنە بەش پۇڭ ئۇستىدە ئىناۋىتىڭلارنى يەرگە ئۇرۇۋاتىسىلەر!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خېرىدارلار چىچاڭشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى پوكاندەك قىزىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— ھە، سەن نېمە دەيسەن ئەبگار لەڭپۇڭچى؟ ھالىمىز بىلەن نېمە كارىڭ؟ بىلەمسەن، بۇنىڭ ئۆزى 20 ـ ئەسىر، نېمە كىيسەك كىيىمىز··· نېمە···

جېدەلدىن چەتتە قېلىپ ئون يۈەنلىك پۇلنى قوش قوللاپ تۇتقىنىچە، بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمايۋاتقان ئابدۇمۇمىن ئاكا «ئەسىر» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا چۆچۈپ كەتتى.

«ئەسىر، ئەسىر دەۋاتامدۇ ئۇلار؟»، «ئەسىر» دېگەن سۆز چىقىشى بىلەنلا قۇلىقى تۈۋدە بولۇۋاتقان جېدەلنى ئۇنتۇغان ئابدۇمۇمىن ئاكىنىڭ خىيال كەپتىرى يەنە پەرۋاز قىلىپ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ چاغلاردا ئوقۇش توختاپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك تۇرغۇنجان



www.uyghurkitap.com

مەكتەپكە بارمايتتى . كوچىلاردا بولۇۋاتقان جەڭگى ـ جېدەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان شۇ كۈنلەردە ئابدۇمۆمىن ئاكا ئۇنى تاشقىرىغا چىقارمايتتى . بىر تىيىنلىق كىرىمى ياكى پۇللۇقراق بىرەر يارەمچىسى بولمىغان بۇ تۆت جانلىق ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلىشىپ ، قوناق ئۇنى ئالغان خالتىسىنىڭ تۇۋى كۆرۈنەي دەپ قالغان بىر كۈنى تۇرغۇنجان ھېچكىمگە تۇيدۇرماي تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن پەرىشانلىق ئىچىدە ئۇنى كۈتتى . ئوغلىنىڭ كېچىسىمۇ ئۆيگە قايتمىغانلىقىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئابدۇمۆمىن ئاكا قاتىرىمىغان كوچا ، بارمىغان رەستە قالمىدى .

ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە ، ئاندىن تۇرغۇنجاننىڭ پارتىدىشى ئىمامەمەتنىڭ دادىسىدىن بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىيالىدى . شۇ چاغدا ئىمامەمەتنىڭ دادىسى يىغلامسىراپ تۇرغان ئابدۇمۆمىن ئاكىغا ، ئائىلىلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن باللار ئۆزى بەرگەن ئازغىنا دەسمايە بىلەن ئارقا كوچىدا كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقىنىدا خەلق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ كېتىپتۇ ، دېگەنىدى . ئۇلار شۇ كۈنى ئەتىگەندە رەھىمسىز كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەسىر» ئېلىنىپ سولانغان ئۆيدە ئىس ئېلىپ كېتىپ قازا قىلغان باللىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېلىشكەن . ئاشۇ مۇدھىش پاجىئەنىڭ تۇنجى خەۋىرى بولغان «ئەسىر» دېگەن بۇ سۆز بەختسىز ئاتىنىڭ يۈرەك قېتىدا تا ھېلىغىچە ئوچۇق ساقلىنىپ تۇراتتى .

ئابدۇمۆمىن ئاكا «ئەسىر» دېگەن دەھشەتلىك سۆزنى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ـ دە ، 30 زىخ كاۋاپنىڭ مەرىدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلدى . ئۇ قولىدا يېنىك تىترەۋاتقان پۇلنى ھېلىقى ئىككى خېرىدارغا قايتۇرۇپ بېرىپ ، ساقلىتىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتماقچىدى . بىراق ، جېدەلنىڭ خېلى يۇقىرى باسقۇچىغا بېرىپ قالغان ئاشلەڭپۇڭچى ۋە ئىككى خېرىدارنىڭ ئەتراپىغا ئادەم ئولىشىپ قالغان ، ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىنىڭ ياقىسىدا ئىدى . شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرىنىڭ «ساقچى كەلدى»

دېگەن سۆزى ئاڭلىنىۋىدى ، خېرىدارلار ئولتۇرغان يەردىن بىردىن ياۋاشلاپ قالدى ـ دە ، نەپرەتلىك قاراشلار ئارىسىدا ئاشلىقچىۋىڭ- چىنىڭ ياقىسىدىن قولىنى بوشىتىپ ، غىپلا قىلىپ تىكىۋېتىشتى.

توپ تارقالدى . بىراق ئابدۇمۆمىن ئاكىنىڭ بېشىدىكى تاغ ئۈستىگە يەنە بىر تاغ يىقىلدى . چۈنكى ، ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىن ئوشۇق بولغان ، ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان «كىشى ھەققى» ئۇنىڭ قولىدا تىترەپ تۇراتتى . ئۇ ۋارقىراپ باقتى ، ئالىقىنىنى كۆزى ئۈستىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ خېرىدارلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ باقتى . قوشنىسىنىڭ : «خەجلە ئاكا ، خۇدا بەردى دېگەن مانا مۇشۇ» دېگەن تەكلىپىنىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ رەت قىلدى .

دېمىسىمۇ ئابدۇمۆمىن ئاكا خېرىدارلار تاشلاپ كەتكەن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ، لاقا ـ لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئادەم دېڭىزىغا شۇڭغۇپلا كەتسە ھېچكىم ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سالماس ئىدى . ئەمما ، بۇنداق ئوي خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان بۇ ھۈنەرۋەن چوغلىرى ئاخىرقى ھارارەتلىرىنى چېچىپ بولۇپ ئاپئاق كۈلگە ئايلىنىۋاتقان كاۋاپدان ئالدىدا ئون يۈەنلىك يېپيېڭى پۇلنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە ئۆرە تۇراتتى . ئۇنىڭ شالاڭ ، ئەمما ئۇزۇن مويلۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى مىغ ـ مىغ ئادەملەر توپى ئۈستىدە يۈگۈرەتتى . ئۇ ئىشتانلارنىڭ پۇچقىقىغا پۈتۈن زېھنى بىلەن سەپسالاتتى . كۆز ئالدىدىن ئۈستىگە كالاچ قاپلىۋالغان چىرايلىق مەسىلەر ، ھەر رەڭدىكى شىبلىتلار ، ئېگىز ـ پەس پاشنىلىق تۇپلىيلار ، ئۆتۈكلەر ، سەندەل كالاچلار توختىماي ئۆتەتتى . ئايىغى ياندۇرۇلغان ئادەتتىكى پۇچقاقلار ، گۈللۈك ، رەڭدار پۇچقاقلارمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى . پەقەت ئابدۇمۆمىن ئاكىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان ھېلىقى كەڭ پۇچقاقلارلا كۆرۈنمەيتتى .

ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى كۆزىتىۋېتىپ كۆزلىرى خىرەلىشىشكە باشلىغان چاغلاردا ئۆز قولىغا خۇددى ئوتتەك ھارارەت بىلەن تەسىر قىلىۋاتقان پۇلغا قاراپمۇ قويىاتتى . چۈنكى ،

ئۇنىڭ قولىدا ئون نەچچە يىلدىن بېرى پەقەت باشقىلارنىڭكى ئىلكىدە تۇرغاندا كۆرۈشكە مۇمكىن بولىدىغان پۇتۇنسۇرۇك ئون يۈەنلىك پۇل بار ئىدى .

ئىنسانىنىڭ ھەرقانداقىغا ئوخشاش ، ئابدۇمۇمىن ئاكىمۇ پۇلنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ ھەمىيىنىدا مۇشۇنداق ئون يۈەنلىكتىن ئون دانىلەپ ، ھەتتا 100… 1000 دانىلەپ بولۇشنى ياقتۇراتتى . ئۇ پۇل ئۇستىدىكى رەسىملەرگە قاراپ ئويلىنىپ قالاتتى ۋە «پۇلغا رەسىمى سىزىلغان كىشىلەر ئەڭ باي ئادەملەر بولسا كېرەك» دەپ يەكۈن چىقىراتتى . شۇ تاپتا «باي ئادەملەر»نىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە پۇل ئۇنىڭ قولىدا ئىدى . ئۇ ئادەتتە خەجلىنىۋاتقان پۇلنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان بۇ بىر پارچە پۇلنى ئۆيىگە ئېلىپ قايتسا ، ئۆز ئاتىسىنىڭ قولىدا ئۆزى تۇغۇلغاندىن بېرى ئەنە شۇنداق سېھىرلىك پۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنى كۆرگەن قىزى قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدى ! ؟

قايناق بازارنىڭ يەكشەنبىلىك تاماشىسىنى كۆرۈۋېرىپ كۆزى تالغان قۇياش غەرب تەرەپكە قىيسايدى . سودىلىقلىرىنى تۈگىتىپ ، قۇرۇق سېۋەتلىرىنى ئېشەكلەرگە ئارتىشىپ ئۆيىگە قايتىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر ئون يۈەنلىك پۇلنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان بۇ ئوتتۇرا بويلۇق ، ئۆزۈن يەكتەكلىك كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى . قوشنىسىنىڭ ئەخمەقلىكىگە ئاچچىقى كەلگەن ئاشلەڭپۇڭچىمۇ ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ ، غالتىكىنى غىچىرلاتقىنىچە قايتىپ كەتتى .

دەل شۇ ئەسنادا ئابدۇمۇمىن ئاكا سانسىز پۇچقاقلار ۋە ئاياغلار ئارىسىدىن ئۆزى تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتقان ھېلىقى تونۇش پۇچقاق ۋە مېغىزرەڭ شىبلىتنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ يېنىككىنە بىر ئۇھ تارتتى ـ دە ، كاۋاپدانغا پۇتلىشىپ دەلدۈگىنىپ كەتكىنىگە قارىماي ، ھېلىقى خېرىدارلىرىنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگىنىچە كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى . خېرىدارلارمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى .

ئابدۇمۇمىن ئاكا پۇلنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ

تۇرۇپ ئۇلارغا تەڭلىدى :

— خاپا بولۇشماڭلار ئۇكىلىرىم ، ئاشقان پۇلۇڭلارنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمىدىم ، ئەمدى…

خېرىدارلار ھېچنېمىگە دىققەت قىلمىغان قىياپەتتە ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى ـ دە ، تىترەپ تۇرغان پۇلنى «شارت» قىلىپ تارتىۋېلىپلا ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ كېتىپ قالدى .

ئابدۇمۆمىن ئاكا پۇلنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى ئېلىپ چىقارمىغان بولسىمۇ ، بىراق قولىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان «كىشى ھەققى»نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغىنىغا چەكسىز خۇشال بولدى . ئۇنىڭ خېلى چوڭقۇر قورۇقلار ئارىسىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشۈپ قويۇق بۇرۇتى ئۈستىدە توختاپ قالدى .

شۇ كۈنى كېچىدە ئابدۇمۆمىن ئاكا چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇ سۈزۈك سۇلار تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئېقىپ تۇرىدىغان ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش مېۋىلىرى ساڭگىلىشىپ تۇرغان دەرەخلىرى بار گۈزەل باغدا ئۆز ئىختىيارىچە سەيلە قىلدى . ئەجەبلىنىدىغان يېرى شۇ ئىدىكى ، ئادەم تىلىدا سۆزلەيدىغان قۇشلار ھەرخىل ئاھاڭدا سايراپ ، ئۇنى ئۇلۇغلايتتى . ھەيۋەتلىك بېزەلگەن بىر كۇرسىغا ئولتۇرغىنىدا ، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ھۆر ـ پەرىلەر ئۇنىڭ ئېتىكىگە ، پۇتلىرىغا جىرىڭلاپ تۇرغان تەڭگىلەرنى ۋە «باي كىشىلەر»نىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى تۆككىلى باشلىدى… پەرىلەر ئارىسىدا ئۆز قىزىنىمۇ كۆردى…

ئاشلەڭپۇڭچى سادىرنىڭ قوندىقىدىكى كەندىر چارخوراز سوزۇپ ـ سوزۇپ قىچقارغاندا ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە ، تۈنۈگۈن شەيتان ۋەسۋەسىدىن خالاس قىلغان ئاللانىڭ شەنىگە ھەمدۇسانا ئوقۇغاچ ، ئىشرىقنى قولىغا ئالدى .

1983 ـ يىلى نويابىر .

# ئاجايىپ كۆزلەر

قايسىبىر ئاممىباب مېدىتسىنا ئوقۇشلۇقىدا ئادەم كۆزى سوغۇقنىمۇ، ئىسسىقنىمۇ سەزمەيدۇ، دېگەن يەكۈننى كۆرگىنىم ئېسىمدە. سەۋەب كۆز ئالمىسىدا سەزگۈچى نېرىپ تالالىرى ۋە قىل قان تومۇرلىرى يوق دېيەرلىك ئىمىش. بۇ يەكۈن ئاناتومىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بەلكى توغرىدۇر ۋە بەلكى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

بىراق، مەن پىسخىك ھالەت ۋە مەنىۋى تۇيغۇ نۇقتىسىدىن بۇ ھۆكۈمگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. كۆز ئىسسىقنىمۇ، سوغۇقنىمۇ سەزمەيدۇ، دېگەن قاراشنى ئەقلىمگە زادى سىغدۇرالمايمەن.

كۆز — قەلبنىڭ ئەينىكى، ئۇ ئىسسىقلىقنى سېزىپلا قالماستىن بەلكى ھارارەتلىك نۇر چاچالايدۇ، سوغۇقنى سېزىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا بىر كۆزدىن ئېتىلىپ چىققان ئەڭ ئاجىز ئۇچقۇننىمۇ 24 گرادۇسلۇق فوتو پلېيونكىدەك سېزىۋالالايدۇ، ھەتتا ئىش ـ ھەرىكەتنى ۋە مەقسەتنى تىل بىلەن ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرغان ئىنسانلارمۇ ئۆز تىلىنىڭ كەمچىلىكىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە كۆزگە مۇراجىئەت قىلىشنى بىلىدۇ، مانا بۇ نۇقتىدىن گۇمانلىنىدىغان ياكى ئىشەنمەيدىغان بارلىق كىشىلەرگە مۇشۇ مىنۇتتا ئاسفالتلانغان سىلىق يولدا جەنۇبقا قاراپ كېتىۋاتقان كۆك سىرلىق يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدىكى ئىككى جۈپ كۆزگە سىنچىلاپ قاراپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىمەن. ئەڭ كەم دېگەندە سېكۇنتىغا بىر قېتىم كۆز بېقىشالمىسا زادى تۇرالمايدىغان بۇ ئىككى جۈپ كۆزنىڭ ئىگىلىرى

22 ياشلاردىكى بىر يىگىت ۋە 19 ياشلاردىكى بىر قىز، ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇقنىڭ دېرىزە تەرىپىدە ئولتۇرغان قىزنىڭ ئىسمى شەرىپە بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۈندۈزى كۆز چاقناتقۇچى كۈنگە، ئاخشىمى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدىكى، ھەتتا پەرىزاتلار پادىشاھىدىن ھېچبىر قېلىشمايتتى. ئەگەر ئۇنىڭ قارا يىپتەك قېشىنى، تەگسىز بۇلاقتەك تىنىق، قارا بوياقتەك قارا كۆزلىرىنى، بۇلاقتا سايە تاشلاپ تۇرغان تاللاردەك ئۇزۇن كىرپىكلىرىنىلا تەسۋىرلەيدىغان بولساق، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئالىي نورمىسى ئۈچۈنلا يارالغان باشقا ئەزالىرى ئۈچۈن تەرىپكە سۆز قالماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

گويا بىر تەن، بىر جان بولۇپ كەتمەكچى بولغاندەك شەرىپەگە چىڭ ياندىشىپ ئولتۇرغان يىگىتنىڭ ئىسمى تۇرغۇنجان. يىگىتلەر بىلەن قىزلارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى ئانچە ئوخشاش بولمايدىغىنى ئۈچۈن، تۇرغۇنجاننىڭ تەقى ـ تۇرقىنى تەرىپلىمەكچى بولساق سۆزگە ئانچە قىسىلىپ كەتمەيمىز، ئۇنى ياراتقاندا ئۇنىڭغا شەرىپەگە بېرىلگەن نازۇكلۇقنىڭ بىرىمۇ بېرىلمىگىنى ئۈچۈن ياراتقۇچىغا مىڭ شۈكۈر دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭىمۇ تۇرغۇنجان ئەڭ نورمال يارالغان يىگىتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالاتتى. ئۆڭى سەل قارامتۇلراق بولغىنى بىلەن قويۇق قارا قاشلىرى، ئۇستىرا تەگكەن بۇرۇتى، چوڭ ـ چوڭ قارا كۆزلىرى سەل ئۇزۇنراق كەلگەن بۇرنى بىلەن ماس كېلەتتى. ئۇستۈن كالپۇكىدىن ئېشىپراق تۇرىدىغان ئاستى كالپۇكى ئۇنىڭ چىرايىغا سۈر بېغىشلايتتى. شەرىپەنىڭ قىپقىزىل لاكلانغان نازۇك، ئاپئاق بارماقلىق قولى بىلەن تۇرغۇنجاننىڭ بەملىدە يۇمران سېرىق تۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇرغان بارماقلىق قولى ئەدەپ يۈزىسىدىن تىزلىرىغا تاشلانغانىدى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى مېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن قېرىشقاندەك ھارارەت ھېس قىلىشماقتا ئىدى. بىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆرۈنمەس شولا خۇددى ھەممىنى تېشىپ ئۆتىدىغان رېنتگېن نۇرلىرىدەك ئارىلىرىدىكى بوشلۇقتىن

ئۆتۈپ يەنە بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تەسىر قىلاتتى ياكى ھالاك قىلغۇچى گاممىا نۇرلىرىدەك كۆز قارىچۇقىدىن ئۆتۈپ يۈرەككە بېرىپ يېتەتتى ـ دە ، كۆڭۈل مۇلكىنى ئېرىتىپ ، سەللەر ئاققۇزاتتى . 
قىز يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە تولاراق تىكىلەتتى ، ئۇ تىكىلەتتىيۇ ، يىگىتنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىنى سەزگەن ھامان ناز بىلەن كۈلۈپ قويۇپ كۆزىنى ئەپقاچاتتى ، نەزىرىنى ئاپتوبۇس دېرىزىسىنىڭ يېنىدىن لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۆتۈۋاتقان دەرەخلەرنىڭ شەكىلسىز سايىسىگە يۆتكەيتتى ، قىز ھازىرچە نازلىق قاراشلىرىنى تەكرارلاپ تۇرسۇن ، بىز يىگىتنىڭ كۆزىگە (قىزنىڭ رەشقى كەلسىمۇ ) بىر قاراپ باقايلى . 
تۇرغۇنجاننىڭ قارىشى ئۆيلىمىغان يەردىن بىھېساب ئالتۇن ـ كۈمۈش ، جاۋاھىراتلارغا تولغان خەزىنە تېپىۋالغۇچىنىڭ ياكى چۈشىدە كۆرگەن ئامەتكە ئوڭىدا ئېرىشكۈچىنىڭ شۈكۈرانە ۋە غالىبانە قارىشى ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى چاقنايتتى . مەمنۇنىيەت ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى . ئۇ تەقدىر ئاتا قىلغان بەخت ـ سائادەت خۇشاللىقىنىڭ ئەڭ چوققىسىدا تۇرغاندا چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن خىيالىدىن بىرىقى تەلەپسىز ۋە تەلەيلىك كەچۈرمىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . 

تۇرغۇنجان S شەھەرلىك موزدۇز شامەممەت ئاكىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى . ئۇنىڭ يالغۇز ئوغۇللارچە قەدىرلىنىش ۋە ئەركىلەش دەۋرى مالىمانچىلىق يىللىرىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بىللە تېتىپ چوڭ بولۇشقا توغرا كەلدى . ئائىلىسى تارقاقلاشتۇرۇلغاچ ، بالىلىق چاغلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاغلىق يېزىدا ئۆتكۈزدى . كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى شەھەرگە قايتىپ كەلگەن . تۇرغۇنجان ئوقۇشىنىڭ بىر قىسمىنى شەھەردە ئوقۇغان بولسىمۇ ، مىجەزىدە بالىلىق چاغلىرىدىلا يېتىلىشكە باشلىغان ياۋاشلىق ، تۇزلۇك ، 

www.uyghurkitap.com

چۇسلۇق، ئاق كۆڭۈللۈك يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ قالدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى يامان ئەمەس باھا بىلەن تۈگەتتى. ئەمما، قىرىشقاندەك ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قويدى. نېمە ئامال؟ ئاتىسىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن دېيىشكىمۇ، شارائىت تەرىپىدىن يېتىلگەن دېيىشكىمۇ بولىدىغان جاھىلانە مىجەز ئۇنى سىنىپ چىقىنىپ قايتا ئىمتىھان بېرىش ۋەسۋەسىسىگىمۇ سالمىدى. تەقدىرنىڭ بۇيرۇغىنى شۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان شامەممەت ئاكا ئوغلىغا كېيىنچە ئۆز دۇكىنىنىڭ يېنىدىن بىر پارچە يەر تېپىپ دۇكان ئېچىپ بەردى. ئۇ ئوغلىدىن بەكمۇ رازى ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىجەزى، راستچىللىقى، راھەت قوغلىشىشقا ئۆگىنىپ قالمىغانلىقى ئۆزىگە بەكمۇ ياقاتتى. كىچىكىدىن باشلاپ ئەركە تۇرمۇشقا ئۆگىنىلىپ، تامامى ئارزۇسى قاندۇرۇلۇپ كەلگەن بەزى ئوغۇللاردەك غىلجىڭلىقلاردىن، يامان قىلىقلاردىن خالىيلىقى ئۇنى ئارتۇقچە ئەندىشىلەردىن ساقلايتتى. شامەممەت ئاكا بەزىدە ئۆز ھەمراھىغا: «ئوغلىمىز ئوبدان چوڭ بولدى، خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر، ئۇ ياۋاش دېگۈدەكمۇ ياۋاش ئەمەس، ئەمما ئارتۇقچە قىلىقى يوق، بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق بولغىنى ياخشى» دەيتتى. زۇمرەتخان ئاچىمۇ: «قۇلىقىمىز يامان گەپتىن خالىي، خۇدا بەندىسىگە ھېلىقىدەك تۈزكور ئوغۇللارنى كۆرسەتمىسۇن» دەپ قوياتتى. بەزىدە بۇ ئىككىسى مەقسەتلىرىنى ئوغلىدىن پىنھان تۇتۇپ پەرھىز ھەققىدىمۇ ئېغىز ئېچىشاتتى.

— تۇرغۇنجاننى ئۆيلەپ قويساق بولاتتى. تويىنىڭ ئاش-سۈيىگىمۇ ئانچە قىسىلىپ كەتمەيمىزغۇ، — دەيتتى زۇمرەتخان ئېرىگە تەگكۈزۈپ، — سىلى ئاتىسى بولغاندىكىن ئۇنىڭغا ئانچە-مۇنچە گەپ قىلىسىلا بولارمىكىن!

چىرايىغا يېشى ئۆتكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگۈچى قورۇقلار ئىز سېلىشقا باشلىغان شامەممەت ئاكا ھەمراھىغا ئالىيىپ قويۇپ:

— بۇ سەن بىلەن مەن توي قىلغان زامانلار ئەمەس، كىم

بىلەن توي قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە ئوغلىمىز ئاۋۋال ئىغىز ئىچىشى كېرەككقۇ ، ئۇ تېخى يا ئۇ ، يا بۇ دېمەيۋاتسا ··· — دەپ ئېتىراز بىلدۈرەتتى .

زۇمرەتخان مۇلاھىزە مەيدانىدا بىردەم ئات چاپتۇرغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ سۆزىنى ھەر ھالدا دۇرۇس ھېسابلايتتى ـ دە :

— بۇ گېپىڭلارغۇ ئورۇنلۇق ، تۇرغۇنجاننىڭ ئاغىنىلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە شەپە بېرىپ قويايلى ، ئۇلار بالىمىزدىن گەپ ئېلىپ باقسۇن . كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرەرى بارمۇ تېخى ، — دېدى .

شامەمەت ئاكا ئايالىنىڭ گېپىگە ئاستا باش چايقايتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆز دۇكىنىدا ئاياللارغا ناھال قويۇۋېتىپ يۈز قەدەمچە نېرىسىدىكى دۇكانغا پات ـ پات سەپسېلىپ قوياتتى . ئوغلىنىڭ دۇكىنىغا قايسىبىر كۈنى بىر ئايال ئوقۇتقۇچى ۋېلىسىپىت ياساتقىلى كېلىپ كەتكەندىن باشقا ھېچقانداق قىز ـ چوكان يولۇقىنىنى كۆرمىگەنىدى . تۇرغۇنجاننىڭ ئاغىنىلىرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى . ئۇ مەھەللە دائىرىسىدە ئىسمايىل كېجاڭنىڭ ئوغلى غالىب بىلەنلا ئانچە ـ مۇنچە ئارىلىشاتتى ، ئەمما شامەمەت ئاكا ئۆز ئوغلىدىن گەپ ئېلىپ بېقىش ھەققىدە غالىبقا بىرنېمە دېگىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى .

ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا بۇ تەرىقى سۆھبەتلەر بولۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي قۇدا بولغۇچى ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۆزى كەلدى . ماشىنىچىلىق ھۈنىرى جەھەتتە يېقىن ـ يىراقتا نامى بار ئۇستىلارنىڭ بىرى بولغان خۇشمەمەت ئاخۇن بىر كۈنى شامەمەت ئاكىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ قالدى . بىر ـ بىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئوبدان بىلىشىدىغان ، مىجەزى كېلىشىدىغان ، بۇ شەھەردە بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن زور ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان بۇ تەڭ دېمەتلىكلەرنىڭ بىردىنلا قىزىپ كەتكەن پارىڭى ئاستا ـ ئاستا پەرزەنتلەر ئىشىغا يۆتكەلدى .

— سىلىنىڭ تۇرغۇنجان بەك ئوبدان چوڭ بولدى . رېمونتچىلىقىنىمۇ ئوقۇغاندەكلا ئۆگىنىۋاپتۇ . بېشىنى ئوڭلاپ

www.uyghurkitap.com

قويۇشقا تەرەددۇت قىلغانلا ، — دېدى ماشىنىچى شالاڭ ساقىلىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ .

شـامـەمەت ئاكا ئۆتۆكنىڭ پاشنىسىغا بولقا بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— نەدىكىنى ، يا بالا ئېغىز ئاچمايدۇ ، يا بىز ئۇقالمىدۇق . ئىشقىلىپ بىزگە قاراپ تۇرغان بولسا كېرەك ، ئۇ باشقا ئىشتىمۇ ئاغزىمىزغا قارايدۇ ئەمەسمۇ ؟

مـاشـىـنىچى قورۇق چۈشمىگەن قوللىرى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ بىرپەس جىم ئولتۇردى ـ دە ، ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى . قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن كـۆزگىمۇ ئانچە ئاسان چېلىقمايدىغان بۇ ھەرىكەت ، موزدۇزنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى . شامەمەت ئاكا ماشىنىچىغا ئىشىنەتتى ، ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى . ئۇ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان ئىش توغرىسىدا ماشىنىچىنىڭ بىرەر پايدىلىق مەسلىھەتى بارمىكىن دەپ گۇمان قىلدى ـ دە ، سورىدى :

— ئـاداش ، سىلىنىڭچە تۇرغۇنجاننىڭ توي ئىشىنى قانداق قىلساق بولار ؟

— تـۇرغـۇنـجان ياۋاش بولغان بىلەن ئۆز ئىشىغا پۇختا ، مىجەزى كەسكىنرەك ، ناۋادا ئۇنىڭ رايىچە بولسا لايىق تېپىشى ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كېتەر ، تاللاپ ـ تاللاپ ياخشىسىغا ئۇچرىسىغۇ مەيلى ، ئەمما…

مــاشــىـنـىـچـىـنـىـڭ بۇ سۆزى شامەمەت ئاكىنى بىردىنلا ئـالـدىـرىـتـىـپ قويدى . ئۇ كىچىك ئورۇندۇقنى ماشىنىچىنىڭ ئالدىغىراق سۈردى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ :

— بـۇ دېـگـىـنـىڭلىمۇ توغرا ، ئوغلۇم يامان يەرگە چۈشۈپ قالمىسىلا بولاتتى … — دېدى .

مـاشىنىچى كۆڭلىدە خېلىدىن بېرى ئەگىپ يۈرگەن ئويىنى بـىـراقـلا ئـاغزىدىن چىقىرىۋىدى ، شامەمەت ئاكا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى . ماشىنىچى گېپىنى تەكرارلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ

كۆزلىرىدە چەكسىز رازىمەنلىكى چىقىپ تۇرغان كۆلكە ئايان بولدى . ماشىنىچى تۇرغۇنجان ئۇچۇن ئۆز قىزى خاسىيەتنى لايىق كۆرگەنىدى . خاسىيەتنى بولسا شامەمەت ئاكىمۇ خېلى ئوبدان بىلەتتى . ئۇ ھۇنەر دېسە ئاتىسىدىن قېلىشمايتتى ، چىراي دېسە بۇ مەھەللىدىكى جىمى قىزلارنىڭ گۈلتاجىسى ئىدى . ئۇ تۇرغۇنجان بىلەن ساۋاقداشمۇ بولغانىدى . تېخى ھەپتە ئالدىدا زۇمرەتخان ئوغلىغا خاسىيەتقىزنى گەپلىشىپ بېقىش توغرىسىدا شامەمەت ئاكىغا ئېغىزمۇ ئاچقانىدى . ئۇ چاغدا ئۇ بېشىنى چايقاپ : «ئۇلار قول ئىلكىدە بار ئادەملەر ، ھالىمىزغا بېقىپ ھال تارتساق بولارمىكىن» دەپ رەت قىلىۋەتكەن ئەمەسمىدى ؟

شامەمەت ئاكا دۇكىنىنى ۋاقىتسىز تاقىۋېتىپ ئۆيىگە قايتتى ۋە بۇ خۇش خەۋەرنى زۇمرەتخانغا يەتكۈزدى...

بىراق ، بۇ توي ئىشى قانچە تېز بېكىتىلگەن بولسا شۇنداق تېزلىكتە بۇزۇلدى . كېيىنچە شامەمەت ئاكا بۇ جەرياننى خۇلاسىلەپ : «ناننى ئاغزىڭغا سېلىپ چايناۋاتقان بولساڭمۇ ئۇ ھەلقۇمىڭدىن ئۆتمەستە نان يېدىم ، دېمىگىن» دېگەن بىر يېڭى ئەقلىيە سۆزنى كەشىپ قىلدى . ئاتا ـ ئانىسى تاپقان بۇ لايىققا تۇرغۇنجانمۇ رازى بولغان ، ئۇلار توي رەسكارلىقىغا تۇتۇنغان چاغدا خاسىيەتقىزنىڭ غالىب بىلەن تويى بولۇپ قالدى . مەرتىۋىلىكلەرنىڭ رايى بويىچە قىلىنغان بۇ توي ھەققىدە بىچارە ماشىنىچى ئۆزىنى ئاقلاشقا قانچە كۈچ سەرپ قىلسىمۇ ، ھەتتا ئۇ كۆرسەتكەن سەۋەبلەرگە ئىشىنىشكە توغرا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئىش شامەمەت ئاكىغا ھار كەلمەي قالمىدى . زۇمرەتخاننىڭ كۆز يېشى خېلىغىچە قۇرۇمىدى . تۇرغۇنجانمۇ پۇشايمان ۋە نادامەت دەرياسىغا كۆندە نەچچە قېتىم چۆمۈلۈپ تۇردى .

چوڭلار ھەرنېمە دېگەنبىلەن بەربىر كۆتۈرۈشلۈك كېلىدىكەن . ئۇلار تۇرمۇشتا تاسادىپىي يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ھايات دەرياسىدىكى بىرلا قايىنامغا ياكى تۇرمۇش يولىدىكى بىرلا ئوڭۇشسىزلىققا تەقلىد قىلىپ چىدام

www.uyghurkitap.com

كۆرستەلەيدىكەن . شامەممەت ئاكا بىلەن زۇمرەتخان كۆپ ئۆتمەي بۇ كېلىشمەسلىكنى «خۇرجۇننىڭ ئارقا پېيىغا» سېلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۈندىن ـ كۈنگە جىمغۇر بولۇپ كېتىۋاتقان تۇرغۇنجان ھەققىدە ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى . ئاخىر ئۇلار ئوغلىنى بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر قاينىمىدىن تارتىپ چىقىرىش، رېئال ھاياتتىكى بىمەھەل پەيدا بولغان غەشلىكنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى B شەھىرىدىكى تۇغقىنىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ بىرەر ئاي تۇرغۇزۇش قارارىغا كېلىشتى .

بۇ تەكلىپنى ئۈن ـ تىنسىز قوبۇل قىلغان تۇرغۇنجان ئۈچ كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن B شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ تاغىسىنى ئاسانلا تېپىۋالدى .

شامەنسۇر ئاكا شەھەر رايونىدىكى بىر زاۋۇتتا ئىشچى ئىدى، زاۋۇت ئائىلىلىكلىرى قورۇسىدا تۇراتتى . ئۇنىڭ ئايالى ۋە 17 ياشلار چامىسىدىكى قىزى تۇرغۇنجاننى بەكمۇ قىزغىن قارشى ئالدى . قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئادەمگەرچىلىكنىڭ ھەممىسىنى قىلدى . شامەنسۇر ئاكا ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ تۇرغۇنجاننى شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئۇنىڭغا يېڭىلىق تۇيۇلۇشى مۇمكىن بولغان يەرلەرنى — چىرايلىق باغچىلارنى، ئېگىز ئىمارەتلەر بىلەن بېزىلىپ تۇرغان كوچىلارنى، ماگىزىنلارنى كۆرسەتتى . يارىشىملىق كىيىملەرنى ئېلىپ كىيگۈزۈپ قويدى . ئۇنىڭ رۇخسەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، يازلىق تەتىل قىلىۋاتقان راھىلەقىز نەۋرە ئاكىسىنى ساياھەت قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز قولىغا ئالدى . تۇرغۇنجاننى ئەپسۇسلاندۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئاخىر دادىسىدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان بۇ گەپدان قىزنىڭ تەتىل ۋاقتىمۇ تۈگىدى . ئەمدى بولسا بۇ ئائىلىدىكى ئۈچ ئادەم ھەر كۈنى سەھەردە ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا كېتىپ قېلىشاتتى ـ دە، تۇرغۇنجانغا بۇ ئۆيدە (ھويلىسى بولسىچۇ كاشكى) ئېڭىكىنى تىرىگەن پېتى ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى كۆرستىلىۋاتقان ھۆرمەتمۇ، مەززىلىك غىزا ۋە شېرىن

تەكەللۇپلارمۇ ئۇنى زېرىكتۇرۇشكە باشلىدى . بىراق ، ئۇنىڭ زېرىككىنى تۆت ئەتراپى قاقاس دالا بولغان ، كىگىزنىڭ ئورنىچىلىك يەردىمۇ يېشىللىق كۆرۈنمەيدىغان قورۇ ئىدى . ئۇ شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى نۇرغۇن جايلارنى كۆرۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى ، قايتىپ كېتەي دېسە كۆڭلى ئۇنىمايتتى . تاغىسىمۇ ئۇنى قويۇپ بەرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى .

بىر كۈنى ئۇ رادىئونى تولغاۋېرىپ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر پروگراممىغا تاپالمىدى ـ دە ، «مېنىڭمۇ يەتتە ئەزايىم ساققۇ ، شەھەرنى ئۆزۈمىلا ئارىلاپ كۆرمەمدىمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ ھەممەيلەن ئىشقا كەتكەندە ئاپتوبۇس بېكىتى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

ئۇ شەھەرنىڭ مەركىزي كوچىلىرىنىڭ بىرىگە يېتىپ كەلدى ، ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ، ئىمارەتنىڭ قانچە قەۋەت ئىكەنلىكىنى بىرمۇبىر ساناپ باقماقچى بولاتتىيۇ ، «كىشىلەر كۆرۈپ قالسا مېنى سەھرالىق تومپاي ئىكەن ، دەپ قالامدۇ» دېگەن ئوي بىلەن قەدىمىنى يۆتكەشكە باشلايتتى .

ئۇ كوچىلارنىمۇ ، ماگىزىنلارنىمۇ ، گۈللۈكلەرنىمۇ ئارىلىدى . بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ شەھەر ئارىلاپ يۈرگىنىگە خېلى ۋاقىت بولغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپلا جىددىيلىشىپ قالدى . بىلىكىدىكى سائەت تىلىمۇ ، باش ئۈستىدىلا پارقىراپ تۇرغان قۇياشمۇ چۈش مەزگىلى بولۇپ قالغانلىقتىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى ، ئۇ «تاغاملار ئىشتىن كەلسە مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە» دېگەن خىيال بىلەن قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ كەلگەن يولى بىلەن قايتماقچى بولدى .

تۇرغۇنجان نۇرغۇن كوچىلارنى توغرىسىغا ئاتلاپ ۋە ئۇزۇنىسىغا بويلاپ يۈرۈپ بىرەر سائەتچە ماڭدى ، ماڭغان يولىدىن قارىغاندا زاۋۇت رايونىغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇس بېكىتىگە جەزمەن يېتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى . بېكەت تاختىسى بولسا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنى نىشانىسى ئېسىدە ساقلانغان تونۇش بىنالار ، ماگىزىنلار ئەمەس ، بەلكى باشقىچە بىر

www.uyghurkitap.com

ئالامەتلەر ئىدى . ئۇ كەينىگە يېنىپ باقماقچىمۇ بولدى ، يول بويىدىكى بېكەت تاختايلىرىغا سىنچىلاپ قاراپمۇ باقتى . خەنزۇ تىلىنى ئوبدان ئۆگىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ تاختايلاردىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمىدى . ئۇ بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى ، بىراۋنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى :

ئىككى قەدەم نېرىسىدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان شەرىپەقىزنى كۆرگەندىن كېيىن تۇرغۇنجاننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولدى . يارتىلىشىدا ياراتقۇچىنىڭ ھەممە سېخىيلىقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان بۇ قىز ئۇنىڭغا ھەرھالدا تونۇشلۇق ئىدى . كۆز يېتىم يەردىن چالا ـ بۇلا بولسىمۇ بىر ـ بىرەر تونۇش كىشى تاپالماي بېشى قاتقان تۇرغۇنجانغا شەرىپەنىڭ ئۇچراپ قېلىشى ئاسماندىن پەرىزات چۈشكەندەك تۇيۇلدى .

تۇرغۇنجان تاغىسىنىڭكىگە كەلگەن كۈننىڭ 3 ـ كۈنى شەرىپەنى بىر نەۋرە سىڭلىسىنى يوقلاپ كىرگەندە تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدى . ئۇ چاغدا تاغىسى بىلەن ھەدىسى ئۆيدە بولمىغاچقا ئۇ تاغىسىنىڭ قىزى بىلەن ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشقانىدى . بۇ مىجەزى ئوچۇق ، سۆزمەن قىز تۇرغۇنجانغىمۇ بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىپ ئۆلگۈرگەن . تۇرغۇنجان بولسا چاقچاققا چاقچاق ياندۇرۇش ئورنىغا ئۇنىڭ كۈندەك نۇرلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قېتىپلا قالغان…

— تۇرغۇنجان ، تاماشا بەلەنغۇ ؟…


شەرىپە بەلۋاغلىق نېپىز قىزىل كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى لەپىلدەتكىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە :

— ئۆزىڭىز يالغۇز تاماشا قىلىپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى . يولدىن ئېزىپ قالمىغانسىز ؟ — دېدى .

ئېزىپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەن تۇرغۇنجان قىزىرىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— چوڭ شەھەرنىڭ چوڭلۇقى باردە ، ئانچە ـ مۇنچە ئارىلاپ قويغانمۇ تۇزۇككەن !
— خەلق باغچىسىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئۇ يەردە نى ـ نى ئېسىل مەنزىرىلەر بار .
— ...
شەرىپە قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ سۆزلىگەچ ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتتى ـ دە ، كۆڭۈرۈكىنىڭ ئۇ تەرىپىنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ :
— جۇرۇڭ ، مەن سىزنى باشلاپ باراي ، — دېدى ۋە تۇرغۇنجاننىڭ ئەندىشىسىنى بىلگەندەك ، — شامەنسۇر ئاكاملارنىڭكىگە قايتىسىڭىزمۇ ئۇلار چۈشتە ئۆيگە كەلمەيدۇ ، — دەپ قوشۇپ قويدى .
كۆڭلەك ئۈستىدىن بىلىكىگە ئۇرۇۋاتقان ھارارەت تۇرغۇنجاننىڭ جىسمىدىن ئىختىيارىنى تەرك ئەتتى . ئۇ قىزنىڭ بولۇپمۇ بۇنچىلىك چىرايلىق قىزنىڭ تەكلىپىنى ، ياق ياردىمىنى رەت قىلىشنى يىگىتلىك شەنىگە مۇخالىپ دەپ قارىدىمۇ ياكى شەرىپە بىلەن بىردەم بولسىمۇ بىللە بولۇشنى خالاپ قالدىمۇ باغچە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ياز قۇياشىنىڭ كۈچلۈك نۇرىمۇ يوپيۇرماقلار تەرىپىدىن توسۇپ قېلىنىدىغان بۇ باغچە جەننەتتەك گۈزەل ، بۈكلۈك ئىدى . ئىككى يولنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان يۇمىلاق كۆل سىماب تولدۇرۇلغاندەك يالتىرايتتى . رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈلخانىلاردا كېپىنەكلەر پىلدىرلىشاتتى . ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ ئۈستىگە بىر قەۋەت ئەينەك يېپىلغاندەك شاۋقۇنسىز ئاقاتتى .
ئۇلار ئۇيان ئارىلاپ ، بۇيان ئارىلاپ دەرەخلىكلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى . سەيلە قىلىۋېتىپ شەرىپەنىڭ : «ئۇ گۈل ئۇنداقكەن ، بۇ گۈل مۇنداقكەن» دېگەن باھالىرىنى ئاڭلاپلا ئۇنچىقماي كەلگەن تۇرغۇنجان باش ئۈستىدىلا سايرىغان كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىردىن زوۋۇانغا كىردى : «ئوھوي ، بۇ شەھەردىمۇ كاككۇك بارىكەنغۇ» دېدى ئۇ

www.uyghurkitap.com



بىشىنى سوزۇپ شاخلار ئارىسىغا قاراۋېتىپ ھاياجان بىلەن . يىگىتنىڭ ھاياجانغا كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شەرىپە پاراڭنى ئۇلىماقچى بولۇپ :
— سىلەرنىڭ شەھەردىمۇ كاككۇك بارمۇ ؟ مۇشۇنداق سايرامدۇ ؟ — دېدى تۇرغۇنجانغا تىكىلىپ تۇرۇپ :
— بولىمامدىغان ؟ مۇنداق ياز كۈنلىرىدە شەھەر ئەتراپىغا چىقسىڭىز كاككۇكلار ئەمەس ، خىلمۇخىل خۇش ئاۋاز قۇشلارنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلايسىز ، ھەي ئۇ يەرلەر دېگەن...
تۇرغۇنجان ئاۋازىنىڭ سەل - پەل تىترەۋاتقانلىقىنى سەزمەيلا قالدى . دەل شۇ ئەسنادا ئاق خالات ۋە پوسما كىيىۋالغان بىر سېمىز ئايال يېمەكلىكلەر قاچىلانغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى . شەرىپە تۇرغۇنجاندىن سورىدى :
— سوغۇق ئىچىملىكلەر بار ئىكەن ، ئىچەيلىمۇ ، ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ .
تۇرغۇنجان جاۋاب بېرىش ئورنىغا تۆش يانچۇقىغا قولىنى سالدى . قولياغلىقىغا ئورالغان پۇللار ئارىسىدىن ئون يۈەنلىكتىن بىرنى سۇغۇرۇپ ھارۋا تەرەپكە مېڭىۋىدى ، شەرىپە تەرىپىدىن توسۇپ قېلىندى .
— كۆردۈق يىگىت ، پۇللىرى جىققەن ، — دېدى شەرىپە بىر قىسما ناز بىلەن ھومىيىپ قويۇپ ، سىلىدەك باي بولمىساقمۇ بىزدىمۇ ئانچە - مۇنچە پۇل بار .
ئۇ يۈگۈرگەن پېتى خېلى ئۇزاپ كەتكەن ھارۋىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يەتتى - دە ، لىمونات ، بولكا ، تۇخۇم ، پىرەنىك دېگەنلەردىن بىر قۇچاق كۆتۈرۈپ كەلدى .
شەرىپەنىڭ مەردلىكى تۇرغۇنجاننى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندۈرۈۋەتتى . ئۇ ئۆز پۇلىنىڭ چۆنتىكىدە قالغىنىغا ئەمەس ، بەلكى مۇشۇنچىلىك مەرد بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن سۆيۈنگەنىدى .
ئۇلار ئارىسىدىكى تارتىنىشنى ئەمدى تامامەن تۈگەپ كەتتى

www.uyghurkitap.com

دېيىشكە بولاتتى ، ئۇلار لىمونات ئىچىشكەچ بىردەم پاراڭ سوقۇشتى ـ دە ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئاستا قەدەم بىلەن دەرۋازا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

— بايا بىزنىڭ يۇرتىمۇ كاككۇك بار دېدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى بىر تال يوپۇرماقنى پىلدىرلىتىپ ئويناپ كېتىۋاتقان شەرىپە سوئال تەلەپپۇزىدا .

تۇرغۇنجان يەنە ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ :

— كاككۇك دەمسىز ، تۇمۇچۇق دەمسىز ، تورغاي دەمسىز ، سايرايدىغانلىكى قۇشنىڭ ھەممىسى بار ، — دەپ جاۋاب بەردى قىزغا قاراپ پەخىرلىنىش ئاھاڭىدا .

كۆن ئولتۇراي دەپ قالغاچقا باغچىدىكى ئادەملەر ئازىيىپ ، شاۋقۇن ـ سۈرەن بېسىقىپ كەتكەندى . مانا ئەمدى تۇرغۇنجان شەرىپەنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئاران ئۈلگۈرۈۋاتاتتى .

— ئۆيىڭىزدە كىملەر بار ؟

— دادام بىلەن ئانام .

— باشقا بىر تۇغقانلىرىڭىز يوقمۇ ؟

— يوق ، ئۇلار ئەقلىمگە كەلمەستىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشكەنىكەن . مەن بىرلا ئوغۇل .

— ئاتا ـ ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

— دادام ھۈنەرۋەن ، ئانام دوپپا تىكىدۇ...

ئۇلار ئاپتوبۇس كەلگۈچە يېرىم سائەت ساقلايدىغانلىقى ئۈچۈن يولنىڭ چېتىدىكى سىم تاناپ تۇۋرۇكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ يەنە پاراڭغا چۈشتى . شەرىپە بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك سوراپ قالدى :

— لايىقىڭىزچۇ ، ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز دوست بولۇپ قالار ئىدۇق .

تۇرغۇنجان بىرەر ئىسىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى . ئۇ شەرىپەنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يەرگە قارىۋالغىنىدا ، بۇزۇلغان توي ، غالىبنىڭ تۇزكورلۇقى ، خاسىيەتنىڭ ئالدامچىلىقى

يادىغا چۈشتى ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى سىرقىراپ ، كۆزلىرىگە ئاچچىق ياش تولدى . ئۇ تېخىچە لايىق تاپالمىدىم ، دەپ جاۋاب بەرسۇنمۇ ؟ ئۇنداقتا بۇ چىرايلىق قىزنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئوبرازى نېمە بولماقچى ؟ لايىقىم بار دەپ ئاغزىغا كەلگەن بىر ئايال جىنسىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزدىن چىقارسۇنمۇ ؟ بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس .

شەرىپە تۇرغۇنجاننى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گەپنى بۇرىماقچى بولدىمۇ ياكى كۆڭلىگە كەلگەننى ئېيتىۋەتمەكچى بولدىمۇ ، ئۆزىچىلا :

— شەھىرىڭلاردا كاككۇكمۇ ، چىرايلىق سايرايدىغان قۇشلارمۇ بار ئىكەن . نېمىدېگەن ياخشى يۇرت ، ئاشۇنداق يۇرتتا ياشاپ قالساڭ ـ ھە ؟ ! — دەۋەتتى .

تۇرغۇنجان بۇ سۆزدىن نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك ، شەرىپەنىڭ كۆزىگە قارىۋىدى ، يۇقىرى بېسىملىق زەرەت ئىلكىدە تۇرغان ئىككى شارچە ئارىسىدا ئۇچقۇن ھاسىل بولغاندەك بىر ھال پەيدا بولدى . شۇ ئارىدا بېكەتكە ئاپتوبۇسمۇ كېلىپ قالدى .

تۇرغۇنجان ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈۋېرىپ يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ تاڭ ئاتارغا يېقىن چۈش كۆردى . چۈشىدە بەزىدە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك شايى كۆڭلەك كىيىپ ئاسماندىن لەرزان ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان پەرىزاتقا ، بەزىدە نازلىنىپ تۇرغان شەرىپەگە ئوخشايدىغان بىر قىز بىلەن كاككۇك سايراپ تۇرغان گۈزەل باغدا سەيلە قىلدى . ئۇلار خالىسا قولمۇقول تۇتۇشۇپ يەردىن ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۇچۇشتى ، خالىسا سۇ ئۈستىدە ئۇزۇن بويۇنلۇق ئاق قۇلارغا ياندىشىپ ئۈزۈشتى ، ئويناشتى ، كۈلۈشتى ، بىر چاغدا ئوچۇق ئاسماننى تۇمان قاپلاپ يەر ـ جاھان خىرەلەشتى . قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا غالىبىنىڭ تەلۋىلەرچە ھىجىيىپ تۇرغان قىياپىتى كۆرۈنۈپ ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى :

— سىلەر... سەنلەر... كەت...

ئۇ قەھرى بىلەن غالىبقا ۋارقىرىدى :

— سەن كەت !... سەن يوقال...

— سىلەر... سەنلەر ... كەت...

تۇرغۇنجان بۇ لەنتى مەخلۇقنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشمەكچى بولۇپ بار كۈچى بىلەن قاتتىق توۋلىدى...

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۆيى ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى ياكى كۆرمىگەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ كۆزىنى يۇمچۇكلەپ باقتى . ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان چەينەك ۋە نانلارنى كۆرۈپ مېھرىبان يەڭگىسىگە غايىبانە مىننەتدارلىق بىلدۈردى - دە ، يۇيۇنۇپ ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇردى .

دېرىزە يېنىك تىرىقلاپ قالدى . تۇرغۇنجان ئىچىۋاتقان چېيىنى تاشلاپ قويۇپ تالاغا چىقتى . ئۇ يەنە تۆت كۈننى مۇشۇ تەرىزدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شەرىپەگە باغلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ھەر كۈنى سەيلىدىن يېنىپ چىققاندا شەرىپە بىلەن نېرىقى بىنانىڭ يېنىدا خوشلىشاتتى . ئۆيىگە قايتىپ شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى يادا دېگۈدەك بىلىۋالغانلىقىنى تاغىسىغا سۆزلەپ بېرەتتى . ئۇلارمۇ تۇرغۇنجانغا قارىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتاتتىيۇ ، ئۇنىڭ بۇ يەردىن زېرىكىپ قايتىپ كېتىش دەۋاسى قىلمىغانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇشاتتى .

بىر قانچە كۈنلۈك سەيلە - ساياھەتلەر داۋامىدىكى سۆھبەتلەر ئارىسىدا ئۇلار ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتى . لېكىن ، تۇرغۇنجان ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى بۇ شەھەردىن كېتىپ قالىدىغانلىقىغا ئۆكۈنگىنىدە شەرىپە دادىللىق بىلەن :

— مېنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزىڭىز قىيامدۇ ، مەن قانداق قىلىمەن ؟ — دەپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى .

تۇرغۇنجانمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بارمىقىنى چىشلىگەن پېتى تۇرۇپ قالدى .

— سىز بىلەن بىللە كېتىمەن ، — دېدى شەرىپە ئاخىر چىداپ تۇرالماي .

تۇرغۇنجان بۇ گەپنىڭ راست - يالغانلىقىنى پەرق ئەتمەكچى

بولغاندەك ، شەرىپەنىڭ كۆزىنىڭ تەگ ـ تەگلىرىگە قارىۋىدى ، ئالماس كەبى نۇرلىنىپ تۇرغان بىر سەممىيەتنى كۆرگەندەك بولدى ۋە ۋارقىرىۋەتكىلى ئازلا قالدى :

— راستمۇ شەرىپە ! — ئۇ بېشىنى ئاستا چايقاپ قويۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى ، — بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ؟

— ئاتا ـ ئانامغا ئېيتمەن ، ئۇلار ماڭا يول قويۇشىدۇ ، سىز بىلەن بىللە كېتىمەن !

خاسىيەتلىك كۈننىڭ بىر ئەتىگىنى تاغىسىنىڭ ئۆزىتىپ قويىمىز ، دېگەن سۆزىنى تەشەككۈرلەر بىلەن رەت قىلغان تۇرغۇنجان سوۋغاتلىق نەرسىلەرنى سومكىسىغا قاچىلاپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى تاغىسىغىمۇ ياقتى . چۈنكى ، سېختا بۇگۈن تېخىنكا ئىمتىھانى ئېلىنماقچىدى .

شۇنداق قىلىپ تۇرغۇنجان بىلەن شەرىپە ئاپتوبۇستا ئۇچراشتى . شەرىپەنىڭ تۇرغۇنجانغا چىن دىلىدىن ئاشىق بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىۋېتەلەيدىغان پاكىتلار ھازىرچە بىزدە يوق ، شۇڭا ئۇنى چىن ئەقىدە يولىدا كېتىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ تۇرايلى . تۇرغۇنجانىڭمۇ شەرىپەگە تەقدىم ئەتكەن تۇنجى مۇھەببىتى بارغانسېرى ئۇلغىياتتىكى ، ئۇ ئوت ئىچىدە كېتىپ باراتتى . كۆيۈۋاتقان قەلبىگە دەرمان ئىزدەپ ئاۋارە بولمايتتى . بەلكى قەلبىنىڭ بەكرەك يېنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى .

تۇرغۇنجان بىلەن شەرىپەنىڭ بېكەتتىن چىقىپ ئۆيىگە يول ئالغان ۋاقىتىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغانلىقى بەكمۇ قىزىق . چوڭ يولدىن ئۆتۈشۈۋاتقانلارنىڭ كۆزى ئالدى بىلەن شەرىپەگە چۈشەتتى . ئارقىدىنلا كەم كۆرۈلىدىغان بۇ گۈزەلنىڭ يېنىدا كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان تۇرغۇنجاننى تونۇۋالاتتى . بەزىلەر ۋېلىسىپىتلىرىدىن ئاتايىن چۈشۈپ ئۇلارغا سەپسېلىپ ئۆتەتتى . ئۆزىنى بۇ شەھەردە بىردىنبىر دەپ ھېسابلايدىغان قىز ـ چوكانلارمۇ ، يېشى خېلى بىر يەرلەرگە

بىرىپ قالغان بەزى ئاياللارمۇ شەرىپەگە قاراپلا تارلىقى كەلگەندەك بىشىنى چايقاپ ، بارمىقىنى چىشلىشەتتى ، نىمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىشاتتى . تۇرغۇنجان بىلەن تونۇشلۇقى بار يىگىتلەر دەرھال ئۇنىڭغا ياندىشىپ قىزغىن ئەھۋال سوراپتتى . شەرىپە بولسا كۆكسىنى هارۋىغا قوشقان ئارغىماقتەك تىك تۇتۇپ مىيىقىدا كۇلۇمسىرەپ بارماقتا ئىدى .

بۇ ھال «تۇرغۇنجان پەرىدەك بىر قىز ئېلىپ كەپتۇ . يىقىندا توپى بولغۇدەك» دىگەن خەۋەرنى ئۇلار ئۆيگە كىلىپ بولغۇچىلا پۈتۈن شەھەرگە پۇر قىلىۋەتتى .

ئۇزۇملىرى چىكىلىشكە باشلىغان باراڭ ئاستىدىكى سۇپىدا ئەمدىلا كەچلىك چايغا ئولتۇرۇشقان شامەممەت ئاكا ۋە زۇمرەتخان كۆز ئالدىلىرىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئوغلىنى ، توغرىراقى ئوغلىنىڭ يېنىدا تۇمۇچۇق سۈپەتلىك بىر قىزنى كۆرۈپ بىر پەسكە مەڭدەپ قىلىشتىيۇ ، كۆڭلى نىمىنىدۇر تۇيۇپ ئۇلارغا تەڭ ئېتىلدى . ئۆمرىدە قىز يۈزى كۆرمىگەن ، قىزى بار ئاياللارنىڭ كەينىدىن ھەۋەس نەزەرى بىلەن يىرىم كۈن قاراپ تۇرىدىغان زۇمرەتخان ئۆيدىن تېخى تۇتۇلمىغان تاۋار كۆرپىنى ئېلىپ چىقتى ــ دە ، شەرىپەنىڭ ئاستىغا سىلىپ بەردى . نەزىرىدە يالغۇز ئوغلىنىڭ بىردىنبىر لايىقى بولغان بۇ قىزنىڭ تەقى ــ تۇرقىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ چىقتى . شەرىپەنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تۇرغۇنجاننىڭ كۆزىگە ۋە ئۇنىڭ ئىشارەتلىرىگە قاراپ بىلىۋېلىشقا ئۇلگۈرگەن شامەممەت ئاكىغىمۇ شەرىپەنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرى ، مۇئامىلىسى ، تارتىنچاقلىقى بەكمۇ يىقىپ كەتتى . ئۇ ئوغلىغا رازىمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ ھەدەپ ساقىلىنى سىلايتتى . زۇمرەتخانمۇ ئايىغى ــ ئايىغىغا تەگمەي بولغۇسى كېلىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى ، مىۋە ــ چىۋە كەلتۈرەتتى . چاي يېڭىلايتتى . ئۇ ھاردۇق ئېشى قىلىش ئۈچۈن ئۈچ ــ تۆت كۈندىن بىرى يېڭىلاپ كېلىۋاتقان گۆشنى ئېلىپ كېلىپ دۆشكە قويىۋىدى ، باياتىن بىرى تارتىنغان قىياپەتتە ئولتۇرغان شەرىپە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە ، ئوچاق

بېشىغا بېرىپ پىچاقنى قولىغا ئالدى .

شۇ كېچىسى شەرىپە ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئۇلار تۇرغۇنجاننىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئوغلىنىڭ چېچەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى . كېلەر ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى رەسمىي قۇدا چۈشۈش ئۈچۈن بىرەيلەن B شەھىرىگە ئاتلىنىش تەييارلىقىنى قىلىش ، ئۇنىڭغىچە بولغۇسى كېلىننى ئامالىنىڭ بارىچە ياخشى كۈتۈش ئۈستىدە باش توخۇ چىللىغۇچە مەسلىھەت قىلىشتى .

ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدەك جانلىنىپ كېلىشۋاتقان بۇ ئائىلىدە غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى . ئاتا - بالا ئىككىيلەن دۇكانلىرىدىن ، زۇمرەتخان بازاردىن قايتىپ كېلىپ بۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەزاسىغا ئايلىنىپ قالغان شەرىپەنىڭ ئۆيىدە يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىشتى . ئۇلار چوڭ - كىچىك ھۇجرىلارنى ، ھويلا ئەتراپلىرىنى ، كىچىككىنە باغچىسىنى ئاختۇرۇپ چىقتى - دە ، ھەرقايسى ھەر تەرەپكە جۈنەشتى . تۇرغۇنجان بىلەن شامەممەت ئاكا قوشنا - قولۇملىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىلاپ بولۇپ كوچىلارغا يول ئالدى .

ئاۋادا توخۇ ياكى بىرەر ئۇششاق مال يوقىلىپ كەتسە ئۇنى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بەلگىلىرى بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ كىشىلەردىن سوراشتۇرۇش مۇمكىن ، بىراق چوپچوڭلا ئادەمنى ، يەنە كېلىپ پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن بولغۇسى كېلىننى ئۇلار كىمدىن ۋە نېمىدەپ سورايدۇ ؟ ئۇلار قولىدىن كېلىدىغان بىردىنبىر تەدبىرى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىز - چوكانلارغا سەپسېلىپ قاراپ چىقاتتى . كەينىدىن قارىغاندا شەرىپەگە ئوخشاپراق كېتىدىغان قىز - چوكانلارنى قوغلاپ يېتەتتى ، بىرلا قاراپ ئۇلاردىن ئەپۇ سوراشقا مەجبۇر بولاتتى .

بار خاپىچىلىقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زۇمرەتخاننىڭلا بېشىغا چۈشتى . ئۇ ئۆي بىلەن تالا ئارىسىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپ «بۇ قىزىم مېنىڭ ياخشى كۈتمىگەنلىكىم سەۋەبىدىن خاپا بولۇپ بىر

ياققا كېتىپ قالمىغان بولغىيتتى··· » دەپ ئويلايتتى ، بىرىنچى كۈنىلا گۆشنى ئۆزى توغرىماي ، قىڭراقنى شەرىپەگە بېرىپ قويغانلىقىغا يۈزمىڭ پۇشايمانلار قىلاتتى . ئەڭ يامان ئاقىۋەت ھەققىدىكى قىياسلار ئۇنىڭ پىكرىدىن تېخى يىراقتا بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا شەرىپەگە بولغان مۇئامىلىسىدىن ، ئانىلىق بۇرچىدىن ئېۋەن ئىزدەيتتى . زۇمرەتخان ئىچكىرىكى ئۆيگە تۆتىنچى قېتىم كىرگىنىدە ئاندىن تۆردىكى ساندۇقنىڭ ئاغزى قىيا ئوچۇق تۇرغانلىقىنى ، ساندۇق ئۈستىگە يىغىلغان ئورۇن - كۆرپىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالدى . ئۇ ئىتتىك كېلىپ ساندۇق ئىچىگە ئېڭىشىپ قاراپلا ھوش - كاللىسىدىن كەتتى . چۈنكى ، ئوغلىنىڭ تويى ئۈچۈن تەييارلانغان ئالتۇن ئۈزۈك ۋە 300 يۈەنچە پۇل ساندۇقنىڭ ھېچ يېرىدە كۆرۈنمەيتتى . پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى قويغان زۇمرەتخان ئىشىكلىرىنى يېپىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا «ئۆيگە ئوغرى كىرىپتۇ ، ئادەم بارمۇ ؟» دەپ ۋارقىرىغان پېتى تالاغا قاراپ يۈگۈردى .

شەرىپە ۋە پۇل - مال يوقالغان كۈننىڭ ئەتىسى كەچقۇرۇن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ نۆۋەتچى بۆلۈمىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۆڭسۈلى قاچقان ئۈچ كىشى تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئولتۇرۇشاتتى . شۇ ئەسنادا بىر ساقچى بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى - دە ، B شەھىرى سانائەت رايونى پەيچۇسوسىدىن ئېلىنغان مەلۇمات خاتىرىلەنگەن بىر ۋاراق قەغەزنى تۇرغۇنجانغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ دېدى .

— قېنى ، بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ - دە ، ئەنزە ئەھۋالىنى ئۆزىڭىز مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ !

خەت ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ قوللىرى تىترەشكە باشلىغىنىنى كۆرگەن شامەمەت ئاكا بىلەن زۇمرەتخان ئىز - دېرەكسىز يوقالغان شەرىپە ۋە پۇل - مالنىڭ بۇ قەغەز بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ تۇرغۇنجاننىڭ ئىككى مۈرىسىدىن

www.uyghurkitap.com

ئارتىلىپ تۇرۇپ سوئال ياغدۇرۇشقا باشلىدى .

يىگىتنىڭ مۇشۇ دەقىقىدىكى روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى . ئۇ كۆز چانىقىدىن تېشىپ كېتەي دەپ تۇرغان يېشىنى زورىغا تىزگىنلەپ ، مىجىقلانغان قەغەزنى ئۇستەلگە تاشلاپ قويدى ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇردى . شەرىپەنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان تۇرغۇنجان بۆلۈم ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياق مېڭىشقا باشلىدى . ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ نەلەرگىدۇ قادىلاتتى . تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ زەربىسى بىلەن زېدىلەنگەن ئەسەبلىرى گادىرماش سوئاللار ئارىسىدا ئۆز رولىنى بەكمۇ كۈچىنىپ بېجىرمەكتە ئىدى . دۇنيادا ئىنسان بالىسىدىلا ئەمەس ، بەلكى دۇنيادا بار بولغان جىمى گۈزەللىكلەرنى ئۆزىگە يىغىپ تۆرەلگەن بىر قىزنىڭ قولىدىن بۇنداق ساختىلىقلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى . ئۇ ئۆزى بىلەن قىزغىن مۇھەببەت قويۇشۇپ يۈرگەن قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنداق ساختىلىقنىڭ بەلگىسىنى كۆرگەنمىدى ؟ ئەگەر مەقسىتى پۇل ـ مالدا بولسا B شەھىرىدىكى ۋاقتىدىلا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدىغۇ ؟ ئۆز پىكرىدە تۆرەلگەن ياكى تۆرىلىشكە باشلىغان يامان غەرەزنىڭ ئۇندۇرمىسىنى ھېچكىم ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ نازارىتىدىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە پىنھان تۇتالمىغىنىدەك ، شەرىپەمۇ بۇنى ئاشكارا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدىغۇ ؟ ياكى بۇ ئۇنىڭ يامان نىيىتىنىڭ تۇيۇقسىز ۋە تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىنىشىمۇ ؟ تۇنۇگۇندىن بېرى تۇرغۇنجانغا ھېچكىم تاپا ـ تەنە قىلمىدى . دادىسىمۇ ، ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق مەنىۋى كورلۇقىدىن كۈلمىدى ، دادىسى توپان بالاسى كەلسە ھوشۇقىغا چىقمايدىغانلارنىڭ تەلەپپۇزىدا «كېرەك يوق ئوغلۇم ، شەرىپەنىڭ كەتكەنلىكىگە قايغۇرۇۋاتامسەن ، يا ئۇ ئېلىپ قاچقان پۇل ـ مالغىمۇ ؟ » دەپ سوراپ قويۇۋىدى ، تۇرغۇنجان دەماللىققا بىرنېمە دەپ جاۋاب بېرەلمىدى .

تۇرغۇنجان بۇ سوئالغا بىرنېمە دەپ جاۋاب بېرىشى كېرەك ،

ئاخىر !

گۈزەللىك — پۈتۈن ئىنسان ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ كەئىبىسى بولغىنىدەك ، رەزىللىكمۇ پۈتۈن ئىنسان ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ لەنەتگەردىسى . بۇ نۇقتا تۇرغۇنجانغا نەزەرىيە سۈپىتىدە گۇڭگا ، هايات ئادىتى جەھەتتىن ئايدىڭ نەرسە بولسىمۇ ، لېكىن شەرىپەنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ كۆرۈلۈشى ئۇنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالغانىدى . دەل شۇ زىلزىلە تۇپەيلى تۇرغۇنجاننىڭ سەزگۈلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتىمكىن ، ئۇ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ تۇرغۇن ئەمەسلىكى ھەققىدە بىرنېمىلەرنى ئويلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك بىر ۋۇجۇدتا مۇتلەق تەڭلىكنى ئىگىلىشى ناتايىن ئىدى . مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى . تۈنۈگۈن ئۇ شەرىپەنىڭ سەۋەنلىكىنى تۈنجى قېتىم ھېس قىلغىنىدا (بۇ سەۋەنلىك ئۇنىڭ نەزىرىدە پۇل ـ مال ئوغرىلىقى جىنايىتى ۋە ۋاپاغا ـ جاپا جىنايىتىدىن ئىبارەت قوش جىنايەت ئىدى ) ، ئۇنى تېپىۋېلىپ بىر شاپىلاق يادىكار قىلىسىلا يۈخادىن چىقىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلغان ۋە بۇ ئەھۋالنى تېگىشلىك ئورۇنغا مەلۇم قىلغانىدى . مانا ھازىر بولسا يۈخادىن چىقىۋېلىش پەيتى يېتىپ كەلمەكتە ئىدى . S شەھىرىدىن چىققاندا بىرىنچى قونالغۇدا توختىتىپ قېلىنغان شەرىپە يالاپ كېلىنىۋاتقان ماشىنا بۇ يەرگە مىنۇتسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى . بىراق ، بەختسىز ئائىلىدە چوڭ بولغان بىچارە قىزنىڭ ئۆمرىدە سادىر قىلغان جىنايىتىنىڭ ئەڭ چوڭىمۇ ۋە ئەڭ كىچىكىمۇ بۇ قېتىمقىسى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا ، ياق ، توغرىسى ، ئۇنىڭ گۈزەل چىھرىنى ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتىدىن ئايرىپ قارىغاندا بولسا كاچات ئۈچۈن تەييارلانغان ئالقانلىرىنىڭ پەيلىرى ئاستا ـ ئاستا بوشىشاتتى .

بىراق ، ئۇ شۇنىمۇ بىلەتتىكى ، ھەممە ئىش تامام ۋەسسالام بولغانىدى . ئۇ نېمە ئۈچۈن شەرىپەنى جازا ئورگىنىغا مەلۇم قىلدى ؟ بۇ پۇل ـ مال مېھرىنىڭ ئەپۇچانلىق ئۈستىدىن ، نەپسىنىڭ

ۋجدان ئۇستىدىن ، كويزا ـ كىشەننىڭ گۈزەللىك ئۇستىدىن غالىب كەلگەنلىكى ئەمەسمۇ ؟

زۇمرەتخاننىڭ خۇدا بەرگەن چىرايلىق كېلىنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئاغزىدىن چۇشۇرمەي بۇقۇلداپ يىغلاشلىرى ، شامەممەت ئاكىنىڭ بايىقىدەك سوئاللارنى قويۇشى مىسالى بىر چاڭگاك بولۇپ ، تۇرغۇنجاننىڭ يۈرىكىنى غايەت زور بىر كۈچ بىلەن ئىسكەنجىگە ئالماقتا ئىدى .

جىپ ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىشى ئۆي ئىچىنى ئۆز ئاستىغا باسقان ئېغىر سۇكۇناتنى ۋە يۈرەكلەرنىڭ بارغانسېرى تېزلىشىپ بېرىۋاتقان رىتىمىنى بىردىنلا بۇزۇپ تاشلىدى .

ئۇ كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك هويلىغا چىققانلىرىدا ماشىنىدىن چۇشۇرۇلۇپ بولغان شەرىپە ساقچىلارنىڭ يېڭى بۇيرۇقىنى كۇتۇپ بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئۆرە تۇراتتى . ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە سەزگۇسى ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ساقچىلاردىن ئۆزگە ئۇچ كىشىنىڭ — ئوچۇق چىراي ، كەمسۆز شامەممەت ئاكىنىڭ ، ئۆزىگە دۇنيادا ئەڭ ئىللىق ، ئەڭ سۆيۇملۇك بولغان ئانا مېھرىنى تۇنجى قېتىم هېس قىلدۇرغان زۇمرەتخاننىڭ ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسىگە مەبۇدقا چوقۇنغاندەك چوقۇنىدىغان ، گېزى كەلگەندە هېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان ساددا ، ئەمما مەغرۇر تۇرغۇنجاننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ مىڭلاپ تۇگمەن تېشى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بېشىنى پۇتكۇل كۇچىنى ئىشلىتىپمۇ يۇقىرى كۆتۇرەلمەيتتى . بېشىنى كۆتۇرسە كۆز گۆھىرى ، يۈزى لاپپىدە ئوت ئېلىپ كۇلگە ئايلىنىپ ، يۈزسىز ، كۆزسىز باش سۆڭەككە ئۆزگىرىپ قالىدىغاندەك هېس قىلاتتى ـ دە ، ئۆز گەۋدىسىنى يوشۇرۇشقا ئامال ئىزدەيتتى .

لېكىن ، ئۇ قورۇنۇۋاتقان گەۋدىسىنى يوشۇرۇشقا ئەمدى ئامال يوقلۇقىنى ئوبدانلا بىلەتتى . بىر ئەپسۇن بىلەنلا تۇتۇنگە ياكى شامالغا ئايلىنىپ خەتەرلىك مەيداندىن غايىب بولۇپ كېتىش — بۇ رىۋايەتلەردىلا مۇمكىن بولىدىغان ، رېئال تۇرمۇشتا ئىشقا

ئاشمايدىغان بىر قۇرۇق خىيال ئەمەسمۇ؟

شەرىپە ھازىر بۇ قورقۇنچلۇق رېئاللىقنىڭ، ھېسسىياتىدىكى چىرىكلىكنىڭ، قەلبىدىكى كىرنىڭ بىراقلا يوقىلىپ، تۇرغۇنجان بىلەن ئۆتكەن دەسلەپكى كۈنلىرىدىكى پاك ھالىتىگە قايتىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە؟ ئۇنىڭ تۇرغۇنجانغا كۆڭۈل بەرگىنى راست ئىدى. ئۇ ئۆز يىگىتىنىڭ ساپ دىللىقىنى، تۈزلۈكىنى ياقتۇرۇپ قالغان، بۇ ساددا يىگىتكە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ، رەزىل ئائىلىسىدىن بىر يولىلا قۇتۇلماقچى، يېڭى مۇھىتتىن بەھرە ئالماقچى بولغانىدى. بىراق، بۇنداق مۇھەببەت ۋە مەقسەتنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولدى. ئۇنىڭ تۇرغۇنجاننى S شەھىرىگە بىللە ئېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىپ ئالدىغانلىقىمۇ پاكىت ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ نەدىمۇ ئانىسى بولسۇن؟ نەدىمۇ ئاتا دېگۈدەك ئاتىسى بولسۇن؟ ئۆزىنى پەقەت نوپۇس دەپتىرىدىلا قىزى، دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى قۇلاقتا تۇتماي ھەممە ئەسكىلىكلەردىن قول ئۈزمەيدىغان ئاتىسى ئۇنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلەتتىمۇ؟

ئۇ ئاخىر تۇرغۇنجاننىڭ ئىشەنچىسىگە تولۇقى بىلەن ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان مېھرىبانلىقلارنى كۆرگەندە، ھەتتا «مېنىڭمۇ مانا مۇشۇنداق ئاتا ـ ئانام بولسىچۇ» دەپ ياش تۆكتى. كۆڭلىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرغان مۇددىئا ئۆزگىرىشكە يۈز تۇتتى. پۇل ـ مال ئۇنى ئازدۇردى. دېمەك، ئۇ ئۆزى ئازدى، دەسلەپكى سۆيگۈ بىخلىرى ۋىجدانسىزلىق مۆلدۈرى بىلەن نابۇت قىلىندى...

شەرىپە بۆلمىگە يالاپ ئېلىپ كىرىلگەندە زۇمرەتخان نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. شامەممەت ئاكىمۇ تام تەرەپكە ئالدىنى قىلىۋالدى. شەرىپەگە ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قارىغان تۇرغۇنجان بولسا ئۇنىڭ نازۇك بىلەكلىرىدە سوغۇق نۇر چاقنىتىپ تۇرغان كويزىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ بىلەكلەر ئۆز ھارارىتىنى نەچچە قېتىم ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى؟ بۇ بىلەكلەرگە يات يېقىندا

كۆمۈش بىلەزۈكلەر سېلىنماقچى ئىدىغۇ؟ بۇ بىلەكلەر ئەنە شۇنداق كۆمۈش بىلەزۈكلەرگە ئاتاپ يارىتىلغان ئەمەسمىدى؟

— مۇنۇ پۇللارنى ۋە ئۈزۈكنى شامەممەت موزدۇزنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىغىنىڭ راستمۇ؟

باشلىق بولسا كېرەك، ئاق شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بىر سېمىز ساقچى بۆلۈم ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان شەرىپەدىن سورىدى. ئۇنىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىنى كۆرگەن يەنە بىر ساقچى باشلىقنىڭ سوئالىنى كۈچلەندۈرۈپ دېدى:

— ئىقرار قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ پاكىت بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. قېنى ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىپ باقە؟!

شەرىپە پاكىت ئالدىدا تېنىۋالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمەلدە ئۇ تېنىۋالماقچىمۇ ئەمەس ئىدى. ئاغزىنى كۆيدۈرىدىغان، پۈتۈن ناپاكلىقنىڭ ئىقرارى بولغان «ئوغرىلىدىم» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چىقىرىشنىڭ جاپاسىنى تارتىپ ئۆزىنى ئازابلىغۇچە، جىم تۇرۇۋېلىپلا تارتقۇلۇقنى تارتىش قارارىغا كەلگەنىدى.

شەرىپەنىڭ ئۈنچىقمايۋاتقانلىقىدىن جىلە بولغان ياش ساقچى ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر دۆشكەلىۋىدى، شەرىپە بىر قەدەم ئالدىغا چامداپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. يۈرەك باغرىغا بازغان بىلەن ئۇرغاندەك ھېس قىلغان تۇرغۇنجاننىڭ ئۇنى يۆلىۋېلىشقا ئۇزاتقان قولى ساقچىنىڭ غەزەپ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشى ئارقىسىدا ھاۋادىلا ئېسىلىپ قالدى.

— تۇرغۇنجان، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ دەيمەن، جىنايەتچىگە خەيرىخاھلىق قىلماقچىمۇسىز؟

بۇ سۆز بىلەن تەڭ شەرىپەنىڭ بېشى يەردىن كۆتۈرۈلدى ھەمدە ئۇنىڭ كۆزى تۇرغۇنجاننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

«جىنايەتچى»، «خەيرىخاھلىق» دېگەن سادا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دۇمباق چالغاندەك گۈمبۈرلەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئاتا ـ ئانىسىغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى ـ دە، شەرىپەنىڭ كويىزا سېلىنغان بىلەكلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ساقچىلارغا ئۈنلۈك



www.uyghurkitap.com

ۋارقىرىدى :

— ئۇ جىنايەتچى ئەمەس ! ئۇ جىنايەتچى ئەمەس !

ئۇ يەنە «ئۇ جىنايەتچى ئەمەس . ئۇ گۈزەل ، ئۇ بۇنداق تەقىق ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن ، دۆشكەلەش ئۈچۈن يارىتىلمىغان» دېمەكچى ئىدىيۇ ، شەرىپەنىڭ ياشلانغان ئاجايىپ ئوتلۇق ، ئاجايىپ جازىبىدار كۆزلىرىنىڭ سېھرى بىلەن سۆزدىن توختاپ قالدى .

بۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ساقچىلار مەڭدەپ قېلىشتى . ئۇلار ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان بۇ ئىشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى دەماللىقتا ئويلاپ يېتەلمىدىيۇ ، قانۇننىڭ تېگىشلىك ماددىلىرىنى شىپى كەلتۈردى :

— يولداش تۇرغۇنجان ، سىزنىڭچە بۇ ئالدامچى ، جىنايەتچى ئەمەس ، شۇنداقمۇ ؟

— ...

— ئۇنداقتا بۇ پاكىتلارنى قانداق ئاغدۇرالايسىز ؟

— بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىدى ، ئەمدى شەرىپەنىڭ !

— بۇنىڭ بىلەن نېمىنى چۈشەندۈرمەكچى سىز !

— ئۆزۈكنى ، پۇلنى مەن شەرىپەگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بەرگەن .

ساقچىلار بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى :

— بىلىپ قويۇڭكى ، ئەنزىنى ئۆزۈڭلار مەلۇم قىلغان . ئەگەر مەسىلىنى بايىقىدەك چۈشەندۈرمەكچى بولسىڭىز ، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىسىز !

يەنە بىر ساقچى باشلىقنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى :

— قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز كېرەك .

تۇرغۇنجان دادىل جاۋاب بەردى :

— بۇنىڭغا رازىمەن !

ھېلىغىچە بېشىنى ئېگىپ تۇرغان شەرىپە بۇ ھالدىن چۆچۈپ

كەتتى. تۇرغۇنجاننى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ ساقچى باشلىقىغا:

— ياق، بۇنىڭ دېگىنى توغرا ئەمەس، مەن ئىقرار، بۇ نەرسىلەرنى مەن ئوغرىلىغان، مەن ئالدامچى، مەن ۋىجدانسىز، مەن ئوغرى ... — دەۋەتتى.

ساقچىلارنىڭ جىددىي چىرايىغا كۈلكە ئولاشتى.

ئۇلار «ئەمدى نېمە دەيسەن» دېگەندەك تۇرغۇنجاننىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— شەرىپە نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ نەرسىلەر سېنىڭغۇ، مەن ساڭا بەرگەنغۇ، ئۇ تويلۇق ئەمەسمىدى، — دەپ ۋىرقىرىدى ئۇ ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ. بۇ تۇرغۇنجاننىڭ شەرىپەگە تۇنجى قېتىم زەردە قىلىشى شۇنداقلا ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم سەن دەپ خىتاب قىلىشى ئىدى.

— تۇرغۇنجان، دادا... ئانا!

شەرىپە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۆزىنى يانمۇيان تۇرغان ئۇچەيلەنگە تاشلىدى ـ دە، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. تۇرغۇنجان شەرىپەنىڭ نازۇك بىلەكلىرىگە چۈشكەن كويىزا ئىزلىرىنى سىلاپ قويۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. شەرىپەنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان مەڭزى ۋە ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كۆزلىرى شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدىكى، ئۇ ئەتراپىدىكى يېشىل مايسىلار يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلغان تىنىق بۇلاقلارغا ئوخشايتتى.

شامەمەت ئاكا ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرەيتتى. تۇرغۇنجاننى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم چۈشىنىۋاتقاندەك بېشىنى لىڭشىتاتتى. زۆمرەتخان شەرىپەنىڭ كىيىملىرىنى قاقاتتى، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرەتتى.

ئۆز بۇرچىنى مەسئۇلىيەت بىلەن ئادا قىلىدىغان، ئۆز خىزمىتىنى ھېچ خاتاسىز ئىشلەشكە ئۆگىنىپ كەتكەن ساقچىلار ھەش ـ پەش دېگۈچە قەغەز ـ قەلەم تەييارلاپ تۇرغۇنجاننىڭ ئالدىغا قويۇشتى. تۇرغۇنجان خۇددى مۇقەددەس شەرتنامىگە ئىمزا

قويماقچى بولۇۋاتقان مەرتىۋىلىك دىپلوماتتەك قەددىنى رۇسلىدى ـ دە ، ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ قويۇپ قەغەزگە تەنتەنە بىلەن بىرنېمىلەرنى يازدى .

تۆتەيلەن ساقچى باشلىقىنىڭ : «ئەتە كۆرۈشەرمىز» دېگەن سۆزىگە باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بۆلمىدىن سالماق قەدەملەر بىلەن چىقىپ كېتىشتى .

1985 ـ يىلى فېۋرال .

www.uyghurkitap.com

# سائادەت

هېكىم دوختۇر ئامبۇلاتورىيىدىكى كۈندۈزلۈك نۆۋەتچىلىكنى تاماملاپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ، قىزى سائادەت كارىۋاتتا يېتىۋېلىپ يىغلاۋاتاتتى .

هېكىم دوختۇر دەرھال قىزىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، ئۇنى پەپىلەشكە باشلىدى :

— نېمە بولدۇڭ قىزىم ، نېمىگە يىغلايسەن ؟

سائادەت يىغىدىن توختىماي ، ھەدەپ ئۆپكىدەيتتى . هېكىم دوختۇر ، قىزىم ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغانمىدۇ ياكى بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانمىدۇ ، دېگەن ئېھتىماللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

بىراق ، سائادەتنىڭ ئەركە مىجەزى هېكىم دوختۇرغا بەش قولدەك ئايان ئىدى . ئۇ قىزىنى بىردەم ئۆز يىغىسىغا قويۇۋېتىش ئۈچۈن قولىغا كىتاب ئېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى .

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتتىمىكىن ، سائادەتنىڭ يىغىسى بىر ئاز بېسىلدى . ئۇ ، بېشىنى كارىۋاتتىن كۆتۈرۈپ ياشلىرى قۇرۇپ تۈگەي دېگەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ ، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان دادىسى تەرەپكە بارماق ئارىلىقلىرىدىن قاراشقا باشلىدى .

— نېمە بولدۇڭ قىزىم ؟ قارا ، كۆزلىرىڭنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى ، — قىزىنىڭ يېنىغا كەلگەن هېكىم دوختۇر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى ، سائادەت كۆزىگە يەنە ياش ئالدىيۇ ، دادىسىغا هېچنېمە دېمىدى .

— مۇئەللىمدىن تەنقىد ئاڭلىدىڭمۇ ؟

— ...

— بىرەر نەرسەڭنى يوقىتىپ قويدۇڭمۇ؟
— ...
سائادەت سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە بېشىنى چايقاۋەردى. بۇ ئەھۋال ھېكىم دوختۇرنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇ، قىزنىڭ زۇۋان سۇرمەيۋاتقانلىقىدىن جىلە بولۇشقا باشلىدى.
— ئەمىسە نېمىگە شۇنچە يىغلايسەن! — دېدى ھېكىم دوختۇر ئېڭىشىپ تۇرۇپ خېلى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.
— ماتېماتىكا... ئىم... تىھاندىن ئۆ... ئۆتەلمەيدىكەنمەن!
ھېكىم دوختۇر قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن بىرئاز چۆچۈگەندەك بولدى. چۈنكى ئۇ، ماتېماتىكا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە 5 ـ سىنىپقا كۆچەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.
— ھەرقاچان بۇدومۇ ئىمتىھاندىن بۇرۇن چىقىپ كېتىشنىلا ئويلىغانسەن، سەنزە، زادى قانچە نومۇر ئاپسەن؟ — ئەھۋالنى تەپسىلىيرەك بىلىشكە ئالدىرىغان ھېكىم دوختۇر قىزغا بىرئاز قاتتىقراق تەگدى. سائادەت دادىسىنىڭ ئاخىرقى سوئالىغا جاۋاب بەردى:
— قانچە نومۇر ئالغانلىقىمنى ئۇقمايمەن.
— قانچە نومۇر ئالىدىغانلىقىڭنى مۆلچەرلىيەلەيدىغانسەن؟
— سوئاللارغا خېلى ئوبدان جاۋاب بېرىۋىدىم، ئەمما ئۆتەلمەيدىغان ئوخشايمەن.
سائادەتنىڭ گەپلىرى ھېكىم دوختۇرغا غەلىتە تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ، قىزنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى ئۇقماي تۇرۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ يەنە سورىدى:
— سوئاللارغا خېلى ئوبدان جاۋاب بەرگەن تۇرساڭ، نومۇرىڭنى تېخى دەپ بەرمىگەن تۇرسا، ئۆتەلمەيدىغانلىقىڭنى قانداق بىلدىڭ؟
سائادەت كۆزىدىكى ياش يۇقىلىرىنى سۈرتكەچ جاۋاب بەردى:
— بايام مەكتەپتە تۇرسام ئوڭ قاپىقىم تارتىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەندە رىسالەتنىڭ ئانىسى ، ئوڭ قاپاق تارتسا يامانلىقتىن بېشارەت ، دېگەندى ، شۇڭا...

ساﺋادەتنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ ھېكىم دوختۇر تىزلىرىغا قاققىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇ كۈلكىدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالغان قىزىغا قاراپ دېدى :

— ۋاي ئەخمەقەي ، قاپاق تارتىش دېگەنگە شۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتكەن بارمۇ ؟ بالا دېگەن بالىدە ! ھا... ھا... ھا ... — ئۇ ، توختىماي كۈلەتتى .

— ئەمىسە ھەممەيلەن شۇنداق دېيىشىدىكەنغۇ ، ئوڭ قاپاق تارتسا ئاپەت كېلىدۇ دەپ ... — ساﺋادەت ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى .

ھېكىم دوختۇر كۈلكىسىنى تەسلىكتە بېسىپ قىزىغا قاراپ دېدى :

— قاپاق تارتىش ھېچنېمىدىن بېشارەت بەرمەيدۇ ، ئۇ ئادەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە .

— ئادەتتىكى ھادىسە دېدىڭمۇ ، فىزىئولوگىيىلىك دېدىڭمۇ ؟— سورىدى ساﺋادەت ئاتالغۇلارنى تەسلىكتە تەكرارلاپ .

— ھەئە ، ئادەتتىكى ھادىسە ، — ھېكىم دوختۇر سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئادەم ئۇيقۇغا قانمىسا ياكى ئاخشاملىرى ئۇزۇنغىچە تېلېۋىزور كۆرسە قاپىقى تارتىدۇ . بەزىدە يۈز نېرۋىلىرىنىڭ غىدىقلاشقا ئۇچراپ ، كۆز مۇسكۇللىرىنىڭ قالايمىقان قىسقىراشلىرىمۇ قاپاق تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، بۇنداق ئەھۋال سول قاپاقتا كۆرۈلسە سول قاپاق تارتىدۇ ، ئوڭ قاپاقتا كۆرۈلسە ئوڭ قاپاق تارتىدۇ...

ھېكىم دوختۇر سۆزلەۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئېچىلغان ئىشىكتىن ساﺋادەتنىڭ ساۋاقدىشى راھىلە كىرىپ كەلدى ـ دە ، تېز ـ تېز سۆزلەشكە باشلىدى :

— ساﺋادەت ، خۇش خەۋەر ، ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېيتىپ بەردى ، سەن 85 ئاپسەن ، مەن 80 ئاپتىمەن...

— راستما؟ — ھەيران بولغان سائادەت كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، راھىلەدىن سورىدى.

— راست، ئىشەنمىسەڭ كەل، قول باغلىشىمىز.

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن، — سائادەت خۇشاللىقىدا راھىلەنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— بايام سول قاپىقىڭ تارتقانمىدى؟ — دەپ سورىدى بىر تەرەپتە تۇرۇپ كۈلۈمسىرەۋاتقان ھېكىم دوختۇر.

سائادەتنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ سۆز بىلەن جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا خىجىل بولغان ھالدا كۈلدى.

ھېكىم دوختۇرمۇ قاقاقلىغان كۈلكىسى بىلەن ئۆينى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

1988 ـ يىلى ئىيۇن.

# ئاچچىق ئۆرۈك

مەھەللىمىزنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى چىملىق ئېرىق بويىدا يوغانمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، تەنها بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخى بار. كىرپىنىڭ تۈكىدەك ئۈچلۈق تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان بۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىمۇ ئاچچىق، مېغىزىمۇ ئاچچىق. يەنە كېلىپ كۆرۈنۈشىمۇ خېلىلا سەت، شاخلىرى ناچار ئوزۇقلىنىپ چوڭ بولغان شەقىقى ئادەمدەك ئەگرى - دوناي، يوپۇرماقلىرىمۇ سوزۇنچاق ۋە رەڭگى سۇس.

مەھەللىمىزنىڭ قائىدىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ئاچچىق ئۆرۈك تۈنجى قېتىملىق مېۋىسى بىلەن تەمىنى ئاشكارىلىغان ھامانلا رەھىمسىزلىك بىلەن قىرىپ تاشلانغان بولاتتى. شۇڭىمۇ ئۇ 20 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تۇپراقنى يېرىپ چىققاندىن بېرى سورتىغا لايىق سەتلىكى بىلەن نۇرغۇن سوغۇق نەزەر ۋە ئاھانەتلەرگە دۇچ كەلدى. ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ مېۋىسى يۇرتىنىڭ گۈلە - قاقلىرىنىڭ نامىنى بۇلغاپ قويارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىپ غولىغا نەچچە قېتىم پالتا تەڭلىدى. پەقەت بۇ نەپرەتلىك دەرەخنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ماڭا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ يوقىلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ ئۆرۈك دەرىخى ماڭا مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ، بالىلىرىمنىڭ نەزىرىدىكى ئەھمىيىتى بىلەن تا ھېلىغىچە ھەيۋەتلىك بىر مۇنار شەكلىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى سوراق ۋە ئۈندەش بەلگىسىگە ئوخشايدۇ، ياپراقلىرى بولسا قېلىن بىر كىتاب.

بۈگۈن، ياق بۈگۈنلا ئەمەس، بىرنەچچە كۈندىن بېرى كىچىك ئوغلۇم جۈرئەت تاماق خىللايدىغان، گۆشسىز تاماقنى ئەسلا



www.uyghurkitap.com

يېمەيدىغان ، ھەتتا تۇز ـ تەمى تەڭشەلمەي قالغان تاماقنى ئۇدۇللا ئاپىرىپ يۇندا ئازگىلىغا تۆكىدىغان يامان قىلىقنى چىقىرىۋالدى . ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇپ ، يېلىنىشلىرىمۇ ، مېنىڭ تۆكۈۋېتىلگەن تاماقتا قاراپ ئەپسۇسلۇق ئۇھ تارتىپ قويۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدى .

شۇنىڭ بىلەن ئۇنى خۇددى ئۇنىڭ ئاكىسىنى ، ئاچىسىنى تەربىيىلىگەندەك تەربىيىلەشكە توغرا كەلدى ـ دە ، بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئوغلۇمنى داستىخان ئۇستىدىنلا بۇ ئاچچىق ئۆرۈك تۇۋىگە باشلاپ كەلدىم .

باشتا ئۇ بۇ كۆرۈمسىز ئۆرۈك دەرىخىگە قاراپ سەبىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى . بىردەم ئۆرۈككە ، بىردەم ماڭا تىكىلدى . ئۆزىنى نېمە ئۇچۇن بۇ ئۆرۈك تۇۋىگە باشلاپ كەلگەنلىكىمنى زادىلا چۈشىنەلمىدى . ياپراقلىرى ئالتۇندەك سارغىيىپ كەتكەن ، بىر شامال چىقسىلا سىرىق كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ ، قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان قىش پەسلىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان بۇ ئاچچىق ئۆرۈك دەرىخى ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ھالدا سالپىيىپ تۇراتتى .

— بۇ ئۆرۈك دەرىخىنى كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم ؟

— كۆردۇم ، بۇ بىر ئۆرۈك دەرىخىغۇ ، يەنە ئۇ ئاچچىق ئۆرۈك ، يازدا بىر تال ئۆرۈكىنى يېسەم ئاچچىقلا ئىكەن .

— شۇنداق ، بۇ ئاچچىق ئۆرۈك .

مەن ئوغلۇمنىڭ دىققىتىنى قوزغاتقاندىن كېيىن ئاساسىي گەپكە كۆچتۇم :

— بۇ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ قانداق ئۇنگەنلىكىنى بىلەمسەن ؟

— مەن قانداق بىلەي ، ئۇ ئۇنگەندە مەن بولمىسام ؟ !

— شۇنداق ، ئۇ چاغلاردا سەن يوق ، ئەمما داداڭ بار ئىدى ، ئۇ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ قانداق ئۇنگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن .

بۇ سوئال ـ جاۋابلار سەل غەلىتە تۇيۇلدىمۇ ، ئوغلۇم

كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆرۈك دەرىخىگە قارىغىلى تۇردى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ئۇ 1962 - يىلىنىڭ قارا قىش پەسلى ئىدى، سەن ئۇقمايسەن، ئۇ چاغلاردا تەبىئىي ئاپەت دەيدىغان بىر ئاپەت پەيدا بولغان، قولۇم - قوشنىلارنىڭ، بىزنىڭ، ھەممە دېھقانلارنىڭ كۈنى غۇربەتچىلىك، ئاچ - زېرىنلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. كوممۇنا دەيدىغان بىر تەشكىل قۇرۇلۇپ، دېھقانلارنى يۈز - يۈزلەپ بىر يەرگە يىغىپ، داشقازان ئېشىغا قارام قىلىپ قويغان. ھە، ئۇ چاغلاردا ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە قازان ئېسىشقا، ئاشلىق - دان ساقلاشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك نوپۇس دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىپ، ناھايىتى تۆۋەن نورما بەلگىلەپ بېرەتتى. مەيلى ئېتىزدا ئەمگەك قىلىدىغان دېھقان بولسۇن، مەيلى ئوقۇغۇچى بولسۇن، قوڭغۇراق چېلىنغان ھامان جامائەت ئاشخانىسىغا باراتتۇق - دە، قاتاردا تۇرۇپ نۆۋەت كۈتەتتۇق. ئاشخانىدىن بېرىلىدىغىنى نېمە دېمەيسەن، چوڭ نوپۇسقا بىر زاغرا، ئوتتۇرا نوپۇسقا يېرىم زاغرا، كىچىك نوپۇسقا بولسا ئالىقانچىلىكمۇ كەلمەيدىغان بىر بۇردا زاغرا ئىدى. بەزىدە جىگدە ياكى قاق سېلىپ ئۇماچ ئېتىلەتتى. يەنە تېخى قوناق پوستىدىن يېپىشقاق بىرنەرسىنى ئايرىۋېلىپ نان ئورنىدا تارقىتاتتى. شۇنچىلىك نەرسىگە قورساق تويىدۇ دەمسەن، تويۇش تۇگۇل، ئاچلىقتىن يىقىلىپ قالىدىغانلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. كىچىك باللارمۇ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى.

— ئۇ چاغدا سەن قانداق نوپۇس ئىدىڭ دادا؟

— ئالدىرىما، ھازىر سۆزلەپ بېرىمەن. بۇ يىل سەن توپتوغرا 11 ياشقا كىرىدىڭغۇ ئوغلۇم، ئۇ چاغدا مەنمۇ دەل 11 ياش ئىدىم. ئۇ چاغدىكى 11 ياشلىقلار ئوتتۇرا نوپۇس بىلەن كىچىك نوپۇسنىڭ ئارىسىدا بولاتتى. بۇنداقلارنىڭ ئوتتۇرا نوپۇسنىڭ ياكى كىچىك نوپۇسنىڭ بىرىگە تەۋە قىلىنىشى ئۇنىڭ ئائىلە تەركىبىگە ۋە ئەترەت باشلىقى بولغان ئادەمنىڭ ئەمرىگە باغلىق بولاتتى. سەن

بىلمەيسەن ، بىزنىڭ ئائىلە ئوتتۇرا دېھقان ئىدى ، بۇ مېنى كىچىك نوپۇسلار قاتارىغا قوشۇۋەتتى ، دېگەن گەپ ـ دە . شۇ زامانلاردا مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇيتتۇم ، ھە ، سەنمۇ بۇ يىل 4 ـ سىنىپتا ئوقۇيسەنغۇ ؟

— دادا ، گېپىڭىز بۇ ئاچچىق ئۆرۈك دەرىخى بىلەن مۇناسىۋەتسىز تۇرسا ، مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ زادى نېمە دېمەكچىسەن ؟

— ئالدىرىما ، مانا ھازىرلا بىلىسەن ، سەن ھېلىقى كۈنى داداڭدىن سەن نېمىشقا بۇنچە ئاغرىقچان ، نېمىشقا بۇنچە ئورۇق ، دەپ سورىدىڭغۇ ، مانا شۇ سوئالىڭغىمۇ ئەمدى جاۋاب تېپىۋالىسەن .

— شۇ چاغلاردا مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاچ يۈرەتتىم ، رەھمەتلىك بوۋاڭ بىلەن موماڭ ئۆز نېسىۋىلىرىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرەتتى . لېكىن ، مەن ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن تۈيۈقسىز ئۆلۈپ كېتىپ ، مېنى ئۇ ئاچارچىلىق دۇنياسىغا يالغۇز تاشلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، بەرگەنلىرىنى يېگىلى ئۇنىمايتتىم . يەپ قالسام ، يەۋېتىپ كۆز يېشى قىلاتتىم .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەھۋال تۈيۈقسىز ئۆزگىرىپ قالدى . جامائەت ئاشخانىسىدا زاغرا يېقىشمۇ توختىتىلدى . ئۇماچقا ئۇن ئاز كېتىدىكەن ، دېگەن باھانە بىلەن ھەر كۈنى ئىككى ۋاق ئۇماچ بەرگىلى تۇردى . ئۇماچ دېسەم ، سەن بەلكى ئۇقمايسەن ، قازاندا سۇ قاينىتىپ ، قايناپ تۇرغان سۇغا قوناق ئۇنىنى چېلىپ پىشۇرغان غىزانى ئۇماچ دەيدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئۇماچ بەرگىلى تۇردى . بىر كۈنى بىر چۆمۈچ ئۇماچنى ئايىقىمغا ئۇسۇتۇپ ، شۇنداق قوشۇق سېلىشىمغا قوشۇقتا ئاپئاق ئۆلۈك قۇرتتىن ئۈچى چىقتى ـ دە ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ ، قاتتىق ھۆ بولدۇم . بىراق ، ئىچىمدە ھېچنېمە بولمىغاچقا قۇرۇق ھۆ قىلىپ ، تۈگىشىپلا كەتتىم . ئەسلىدە بۇ ئۇماچقا ئامباردا تۇرۇپ قۇرتلاپ كەتكەن ئۆرۈك قېقىنى ئىلغاپ ئولتۇرمايلا قازانغا سالغان ۋە قاينا ـ قاينىمايلا بىزگە ئۇسسۇپ

بەرگەنكەن .
شۇنىڭدىن كېيىن نېمىلا يېسەم كۆڭلۈم ئېلىشىدىغان ، ھەممە نېمە كۆزۈمگە قۇرت بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولۇپ كەتتى . ئىككىنچى قېتىم ، ئۈچىنچى قېتىم بەرگەن ئۇماچتىمۇ غۇچچىلا ئۆلۈك قۇرت بارلىقىنى كۆردۈم .
بىراق ، ئۇماچتا قۇرت بار ئىكەن ، دەپ ئىچمەسلىككە بولمايتتى . ئۇنى ئىچمىسەڭمۇ ئاچلىقتىن تۈگەشمەي قالمايتتىڭ ، ئىچەي دېسەڭ كۆڭلۈڭ زادىلا كۆتۈرمەيتتى . مېنىڭ تېخىمۇ شۇنداق ئىدى .
ئاخىر ئەپلىك بىر چارە تاپتىم ، ئۇماچنى ئۆيگە ئاپىرىپ ئىچمەن دەپ ئەترەت باشلىقىغا يالغان ئېيتاتتىم ـ دە ، ئاياقنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ، ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىن ئۆتىدىغان چىملىق ئېرىقنىڭ قېشىدىن كاتەك كولاپ ، ئاياقتىكى قۇرتلۇق ئۇماچنى شۇ كاتەككە دۈم كۆمتۈرۈپ ، ئۈستىنى كۆمۈۋەتتىم . ئۆيگە بولسا ئاغزىمنى ئېرتقان بولۇپ ، ئۇماچقا تويغان قىياپەتتە كىرىپ كېلىپ ، ئاتا ـ ئانامدا يالغان تەسىرات پەيدا قىلدىم .
ئاچلىق دېگەن بەربىر ئاچلىق ئىكەن ، ئۇنى يوشۇرساڭمۇ چىرايىڭدىن مانا مەن دەپلا تېپىپ چىقىدىكەن . مەن «قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈك قۇرتنى يەمدىمەن» دېگەن يىرگىنچ بىلەن كۈنىگە ئىككى ئاياق قۇرتلۇق ئۇماچنى ئېرىق بويىغا تۆكۈۋەردىم . ئاران بىر ۋاخلا يېيەلەيدىغان ئالىقانچە زاغرا بىلەن يۈرۈۋېرىپ ، ئاخىر ساماندەك سارغايدىم ، ماغدۇرسىزلىنىۋېرىپ ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم . مەكتەپكە بارالماي كۆڭلۈم بۇزۇلدى .
كۈنلەر ئۆتۈپ ، كۆكلەم پەسلى يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردىن ، بۇ يەردىن تېرىپ كەلگەن بىدە بىلەن ئاز ـ تولا ماغدۇرۇمغا كەلدىم ـ دە ، ئاپتاپسىنغىلى ھويلىنىڭ كەينىگە ئۆتتۈم .
ھويلىنىڭ كەينىدە نېمە كۆردۈم دېمەمسەن ، چىملىق ئېرىق بويىغا يېقىنراق بېرىپ قارىۋىدىم ، مەن ئۇماچ تۆككەن كاتەكتىن ئونلاپ ، يىگىرمىلەپ ئۆرۈك كۆچىتى ئۈنۈپ چىقىپتۇ . ئۇ ھالدىن

مەن دەسلىپىدە ئەجەبلەندىم ، كېيىن ھەممىنى چۈشەندىم . ئەسلىدە ئېچىرقاپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تاقەتسىزلىنىشى ۋە ئەترەت باشلىقىنىڭ تېز تاماق يەپ ئىشقا چىقىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە ، داش قازانغا تۆكۈلۈپلا يەنە ئاياقلارغا ئۇسۇۋېتىلگەن ئۆرۈك قېقى ئىچىدىكى ئۇرۇقچا ئەتىياز كېلىپ يەر - جاھان ئىللىشى بىلەنلا بىخ سۈرۈپ ئۈنۈپ چىققانىكەن .

مەن ئېرىق قېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، غۇجەمەككىنە كۆكلىگەن ئۆرۈك كۆچەتلىرىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلدىم . يېرگىنچ سەۋەبىدىن كۆمگەن ئۇرۇقلىرىمنىڭ ئويلىمىغاندا بىخ يېرىپ ، كۆكلەپ چىققىنىغا خۇشال بولدۇم ، ئۆزۈملا بىلىدىغان مەخپىيەتلىكىنىڭ ئەركىن مۇھىتقا ، ساپ ھاۋاغا ئىنتىلگەن يېپيېڭى ھاياتلىق سۈپىتىدە ئاشكارىلىنىپ قالغىنىغا خىجىل بولدۇم . بۇ ھاياتلىقنىڭ يۇمران مايسىلارغا باغرى تاشلىق بىلەن ئۆگەيلىك قىلىدىغان زاماندا ، تېگىشلىك ئوزۇق بېرىشكە قۇدرىتى يەتمەيدىغان ماكاندا دۇنياغا كەلگىنىگە ئېچىندىم . ئىشقىلىپ ، ھەر خىل مۇرەككەپ ھېسلار قەلبىمنى لىقمۇلىق تولدۇردى .

«نېمىلا بولسۇن ، بۇ ھاياتلىق ئاللىقاچان دۇنياغا كېلىپ بولدى ، ئوزۇقسىز ، سۇسىز قالسىمۇ ئۆزىنىڭ شورى» دېدىم - دە ، كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەپ ، قۇدۇقتىن بىر قاپاق سۇ ئېلىپ كېلىپ سۇغاردىم . ھەر كۈنى بىر قېتىم كۆرۈپ تۇرمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدىغان بولۇپ قالدى...

— دادا ، ئۇ كۆچەتلەر كېيىن قانداق بولدى ، چاپسان سۆزلەپ بەرگىنە !

— توختاپتۇر ، شۇنىڭدىن كېيىن يىللار ئۆتتى ، زامان ئۆزگىرىپ ، قورسىقىمىزمۇ ئانچە - مۇنچە تويۇپ قالدى . كېيىلىشىمىزمۇ بارا - بارا ياخشىلىنىپ كەتتى .

بىراق ، ئاشۇ بىر توپ كۆچەتتىن پەقەت بىرىلا قاتارغا قوشۇلۇپ ، مېۋىگە كىردى . مەن تۇنجى مېۋىسىنى تېتىپ كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئاچچىق ئۆرۈك دەرىخى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە ،

تەبىئەتنىڭ بۇ ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتىم .
نېمىشقا دەمسەن ؟ چۈنكى بۇ چاغلاردا يەرگە كۆمۈلگەن ئورۇقتىن
پەقەت ئاچچىق مېۋە تۇتىدىغان دەرەخلا ئۈنۈپ چىقىشى كېرەك
ئەمەسمۇ ؟

— قارا ئوغلۇم ، ئاچچىق مېۋە تۇتىدىغان ئاشۇ ئۆرۈك دەرىخى مانا سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ . سەن ئۇنىڭغا قارا ، ئۇنىڭ ھەربىر يوپۇرمىقىغا سەپسېلىپ قارا ، داداڭنىڭ ، ياق ، داداڭنىڭلا ئەمەس ، نۇرغۇن دېھقان تاغىلىرىڭنىڭ ئەينى چاغدىكى سولغۇن ، مىسكىن چىرايى پەقەت شۇ چاغدىلا كۆز ئالدىڭغا كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاچلىق ئازابىدىن ئىڭراشلىرىنى ئاڭلىيالايسەن . قېنى ، ئويلاپ باق ، بۈگۈنكى كۈنلەردە سېنىڭ نەزىرىڭ چۈشمەيدىغان ، سەن تۈكۈرۈۋېتىدىغان غىزالار ئاشۇ چاغلاردا بولىدىغان بولسا ، داداڭ مۇشۇنچە ئاۋاق ، مۇشۇنچە ئاغرىقچان بولارمىدى ؟ رەھمەتلىك بوۋاڭ ، مەرھۇم موماڭ بىزنى مەزگىلسىز تاشلاپ كېتەرمىدى ؟ ئويلاپ باق ، ئوبدان ئويلاپ باق…

ئوغلۇم كىچىك بولغىنى بىلەن ھېسسىياتچان ، ئەقىللىق بالا ئىدى . ئۇ «مېنى ئوبدانراق كۆرۈۋال» دېگەندەك تىك تۇرغان ئۆرۈك دەرىخىگە تۇۋىدىن تارتىپ ، شاخلىرىنىڭ ئۇچىغىچە سەپسېلىپ چىقتى - دە ، بىرپەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن ماڭا :

— دادا ، بۇ ئۆرۈكنىڭ تۈۋى قۇرۇپ قاپتۇ ، ئەتىلا سۇ باشلىۋېتەيمىكىن دەيمەن ، — دېدى ۋە ئۆرۈك تۈۋىگە يېقىن بېرىپ ، ئۇنىڭ قارىيىپ كەتكەن غولىنى خۇددى قېرىنداشلىرىنى ئەركىلەتكەندەك ئاستا سىلاپ قويدى .

بىز كەتتۇق ، كېتىۋېتىپ ئوغلۇم بۇرۇلۇپ - بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ قويدى . ئاشۇ ئەھمىيەتلىك كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ يارىماس قىلىقلىرىدىن بىراقلا قول ئۈزدى .

1983 - يىلى سېنتەبىر .

# ۋېناس ، سەن نېمىشقا چولاق

خوتۇنىدىن تەلىيى چىقمىغان تەتۈر پېشانىنىڭ كۆرەر كۈنى شۇ بولسا كېرەك ، ئىككى ئەسىردەك ئۇزاق تۇيۇلغان ئىككى يىلدىن بېرى دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، چىشىمنى ـ چىشىمغا بېسىپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن ، يە يېگەندىن لەززەت يوق ، نە ئىچكەندىن ، يا ئاراملىق كۈندۈز يوق ، يا تالاشسىز ئاخشام .

ئاھ خوتۇن ، ئاھ خوتۇن : ۋەسلى پىراقىدا كۆيۈپ كۈل بولغان ، ۋىسال كۈنلىرىمۇ كېلەرمۇ ، دەپ تەمە ـ تەقەززادا يۈرۈپ ، ئارزۇ ـ ئارمان بىلەن يېتىشكەن خوتۇن ! خوتۇن دېگەن ئەسلى بۇنداق بولىدىكەن ـ دە !

راستىنى ئېيتسام ، خوتۇنۇمنىڭ كۈنداشلىق كېسىلىنىڭ گىرىپتارى ئىكەنلىكىنى توي ناغرىسىنىڭ ئاۋازى كۆچكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا بايقاپ قالغانىدىم . دەسلىپىدە ، بۇ بەلكى تاسادىپىي تۇيغۇدۇر دەپ ئويلىغانكەنمەن ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇ كېسىلى خۇددى پاخالغا چۈشكەن يانغىندەك ئەدىگىلى تۇردى ، «باش سۇنسا تۇماق ئىچىدە ، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» ، ئەل ـ كۈن ئالدىدا شەرمىسار بولمايلى ، دەپ ئۆزۈمنى ئېھتىيات چەمبىرىكى ئىچىگە مەھكەم بەند قىلدىم . لېكىن ، كىچىك ئاياغ كىيگەن تەتەيدەك تەمتىم ماڭغىنىممۇ ، ئاچچىقىمغا هاي بېرىپ ، غەزىپىمنى قامال قىلغىنىممۇ بىكارغا كەتتى . خوتۇنۇم دوقۇرۇشۇپ قالغىنىمنىڭ ئاغزىدا چىشى يوق موماي ، نارەسىدە قىز ياكى بەتبەشىرە چوكان ، ئەيىبناق ئايال ئىكەنلىكىنى ئايرىپ ئولتۇرماي قىلىدىغان گۇماننى قىلىۋەردى . ئەقەللىيسى خوتۇن جىنسلىقلارغا بەرگەن مۇسۇلمانچىلىق سالىمىنىمۇ يامان غەرەز ، ئەشەددىي

بۇزۇقچىلىق ئۇچۇن بىرىلگەن يوشۇرۇن بىشارەت دەپ چۈشەندى. شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدە بەختلىك بولۇشقا تېگىشلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ پەيزى ئۇچتى. كۈلۈپ كەلگەن بەخت ئەلچىسىنىڭ كۆزىگە توپا چېچىلدى. بىغۇبار نامىشەرىپىمۇ ئوبدانلا خىرەلىشىپ، ئۇستۇمدە مىش - مىش گەپلەر كۆپەيدى. تونۇش - بىلىشلىرىمۇ بوسۇغامغا دەسسىمەس بولۇپ قالدى.

بۇنداق دېسەم، مېنى بىلى بوش، ئەركەك تۈكى يوق بىرنېمىكىن دەپمۇ قالماڭلار، بەزىدە غۇرۇرۇمغا ئېلىپ «بۇنداق ئەسەبىي كۆنلەمچى بىلەن جان قىينىغۇچە، خېتىنى قولىغا تۇتقۇزۇپلا يەنە بىرنى ئېلىۋالمايمەنمۇ» دەپ بىلىمنى يەتتە يەردىن باغلىغان چاغلىرىمۇ بولدى، ئېرىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغىنى بىلەن ئەسلا چاتىقى بولمايدىغان كەڭ قورساق چوكانلارغا تازا ھەۋىسىم كەلدى. ھەتتا، ئۆيلەنمەستىن بۇرۇنقى ئەركىن قۇشتەك پەرۋاز قىلالايدىغان، ھېچكىمگە تۇتۇق بەرمەيدىغان نۆۋەر چاغلىرىمنى ياد ئېتىپ، يالغۇزلۇقنى ئارزۇ قىلدىم. يامىنى كەلسە ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپ كېتەرمەن دەپمۇ ئويلىدىم.

بىراق، خوتۇنۇمنىڭ ياخشى - يامان تەرىپىنى ۋىجدان تارازىسىغا قويۇپ ئۆلچەپ كۆرگىنىمدە يامان تەرىپى ھامان يېنىك كەلگىنى كەلگەندى. كۆنداشلىق ئەيىبىدىن ئۆزگە جىڭ باسقۇدەك بىرەر ئېبۇەن تاپالمايتتىم، قىسقىسى، ئۇ ئۆيىنىڭ تامامى يۈكىنى يەلكىسىگە ئالغان بىر چىدامىلىق ھامبال ئىدى. ئەمدىلا يېشىغا يەتكەن قىزىمىزغا قاراشتىن تارتىپ، ئېغىر - يېنىك ئىشلارغىچە ئالدىغا تارتىپ ئىشلەشلىرى، ياقامنى كىر قىلماي، قارنىمنى ۋاقتى - قەرەلىدە تويغۇزۇپ، مېھماننى كۈتكەندەك مېھرىبانلىق كۆرسىتىشلىرى، ئاسايىشلىق كۈنلەردە مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلىشلىرى مېنى ھېلىقى نىيەتتىن يېنىۋېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قاچان قەيەرلەردىدۇر كۆنداشلىق قىلىپ ئورۇنسىز ئازار بەرگەنلىكىنى يۈزىگە سېلىشقا پېتىنالايتتىم، ئۇنىڭ چىرايىغا بىردىنلا تېپىپ چىققان نارازىلىق ئالامەتلىرى

ھېلىلا جىلۋە قىلىپ تۇرغان كۆلكە ئىزلىرىنى يوتۇپ كېتەتتى ۋە ئورۇنسىز ئۇۋال قىلىنغاندەك قىياپەتكە كىرىپ ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ :

— كىم سىزنى كۆنلەپتۇ ، مەندىن چىرايلىق دەپ ھېسابلىسىڭىز باشقىلارنى چېكىڭىزگە گۈل قىلىپ قىسىۋالسىڭىزمۇ چاتىقىم يوق . ۋاي - ۋۇي ، مېنى كۆنلىدى دېگىلى ئىزا تارتىڭ جۇمۇ ! — دەپ چالۋاقايتتى . بىر كۈن ياكى بىر كېچە ئوچۇق چىراي بەرمەيتتى .

قىزىق ، ئۇ مېنى قاتتىق كۆنلەيتتىيۇ ، كۆنداشلىقىنى ئەسلا ئېتىراپ قىلمايتتى . بۇنداق چاغلاردا : «خوتۇن كىشى دېگەن ئۆزىنىڭ كۆنداشلىقىنى ئۆزى تۇيمامدۇ ، نېمە» دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم . شۇنداق قىلىپ ، خوتۇنۇم كۆنداشلىق قىلغاندا غەزىپىم ئۆرلەپ ، زىمىستان قىشتىكى مۇزدەك قېتىپ ، مېھرىبانلىق قىلغاندا ئەتىيازدىكى ئەگىزدەك ئېرىپ ، يەنە قېتىپ ، يەنە ئېرىپ دېگەندەك كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدىم .

ئەمما ، بۈگۈن ئۇ ناھايىتى كۆلكىلىك ۋە كەچۈرۈپ بولمايدىغان بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى . قاتقاندىمۇ شۇنداق قاتتىمكى ، ئالتىنچى ئايدىكى ئوتلۇق قۇياش ئۇستۇمگە يىقىلىپ باغرىمغا چاپلاشقان تەقدىردىمۇ ئېرىمەسلىككە قەسەم قىلدىم ، سەۋەب ماۋۇ ئىدى :

خوتۇنۇم چۈشتىن بۇرۇنقى ئىسمېنىدىن قايتىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى - دە ، كۆز قارىچۇقىنى بىرلا پىرقىرىتىپ مېھمانخانىنى چاقماق تېزلىكىدە كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن ، ماڭا سوئال قويدى :

— ئاۋۇ نېمە ؟

— نېمىنى دەيسىز ؟ — مەن ئۇ بىگىز بارمىقى بىلەن كۆرسەتكەن يۆنىلىشكە قاراپ سورىدىم .

— ئاۋۇ چولاق ئايالچۇ ؟

يۈرىكىم بىردىنلا جايىغا چۈشتى . ئۇ ئەسلىدە رادىردەك

سەزگۈر كۆزى بىلەن چاتما ئىشكاپنىڭ خېلىدىن بېرى بىكار تۇرغان تەكچىسىگە قويۇلغان سۆيگۈ ئىلاھى — ۋېناسنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ ئۆلگۈرگەنىكەن، ھەيكەلنى مەن باياتىنلا سېتىۋالغان ۋە زىننەت بولسۇن دەپ ئىشكاپ تەكچىسىگە قويۇپ قويغانىدىم.

— ئۇ ئادەتتىكى ئايال ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت، گۈزەللىك ئىلاھى، يەنە كېلىپ بىر جانسىز ھەيكەل، — دېدىم مەن خوتۇنۇمغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ.

— ئادەتتىكى ئايال بولماي نېمە، يالىڭاچ، ھاياسىز خوتۇننىڭ ھەيكىلىنى تۆرگە تىزىپ قويغىنىنى تېخى ئۇيالماي!

خوتۇنۇم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىنى ئالا ـ ئالمايلا مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئىشقا كىرگەن بولغاچقا، ۋېناس ھەققىدە بىرەر نەرسە بىلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، كېيىمىنى كاسىسى ئۈستىگە چۈشۈرۈپ، تولغان كۆكسىنى دىڭگايتىپ، نېمىگىدۇر قىيا بېقىپ تۇرغان ناتونۇش ئايالنى ئۆيگە «باشلاپ» كىرگىنىمگە قورسىقى كۆپكەنىدى. مەن بۇ «يات ئايال» نى ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن تونۇشتۇرسام‌لا ئىش پۈتىدۇ، دەپ ئويلىدىم ـ دە، گەپنى قەدىمكى روماندىن ۋە گرېك ئەپسانىلىرىدىن باشلىماقچى بولدۇم.

— خوتۇن بۇ مۇنداق گەپ...

— ھە، قانداق گەپ، قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن.

— سىلە، تولا تەتۈرلۈك قىلمىساڭلىچۇ؟!

— مەن تەتۈرمۇ تېخى!...

خوتۇن خەق بىلەن مۇنازىرىلىشىش ھەقىقەتكە يەتكىلى بولمىسا كېرەك، بىز تاكاللاشتۇق، تاكاللىشىشنىڭ دەرىجىسى بالداقمۇ بالداق ئۆرلىدى. ئاخىر، ئۇ خۇددى تۇتقاقلىقى تۇتۇپ قالغاندەك خۇدىنى يوقىتىپ ئىشكاپ تەرەپكە ئېتىلدى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئۇزىتىپ ۋېناسنىڭ گېلىنى بوغدى، بىلدىمكى، ئۇ كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەب بولغان ۋېناسنىڭ بوينىنى ئۈزمەكچى،

دەسسەپ ، يانجىپ ، كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى .
هەيكەلنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىپ قۇمغا ئايلاندۇرۇۋەتسىمۇ كارايىتى چاغلىق ، پەقەت يەتتە كويغىلا زىيان . لېكىن ، خوتۇنۇمنىڭ بۇنداق بىشەملىكىگە يول قويۇۋەرگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۇستۇمدىن ئۇششۇقلۇق بىلەن قازانغان هەربىر غەلىبىسىتى ئەرلىك نوپۇزۇمنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۇستۇنلۇكىگە تەڭداشسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتەتتى ، يەنە كېلىپ ئۇ ، بۇ بىر جىبدەلدە تامامەن يولسىز ئورۇندا تۇرۇۋاتاتتى .
ئاخىر ، ئۆزۈم چوقۇنىدىغان ۋېناسنى ۋە غۇرۇرۇمنى قوغداش ئىستىكى جىسمىمغا هېسابسىز كۈچ بەخش ئەتتى ، مۇسكۇللىرىم خۇددى ئېلېكتىر ئېقىمى ئۆتكەندەك قىسقىراپ ، مۇشتلىرىم تۈگۈلدى ـ دە ، جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم :
— قولۇڭنى تارت !
بۇنداق يۈرەكلىك ۋارقىرىغىنىمنى ئۇ ئىككى يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاڭلىدى بولغاي ، قولىنى ۋېناسنىڭ گېلىدىن بوشاتتى . ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى ، مەنمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ ، مەيدەمگە مۇشتلاپ دېدىم :
— يۈر ، سوتقا بارىمىز ، كونا ـ يېڭى هېسابنى بىراقلا قىلىشىمىز ، سەندەك ئۇششۇق ، جاهىل كۆنلەمچىنىڭ خېتىنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ ، كەشىڭنى ئاناڭنىڭ ئۆيىگە توغرىلىمىسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي !
ئۇ ماڭا تىكىلگەن پېتى قېتىپ قالدى ، بىرەر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن كۆزلىرىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرى خۇددى سۇ سېپىلگەن ئوتتەك بارغانسېرى ئاجىزلاشقا ، ئۆچۈشكە باشلىدى ، ئاغزى ئۇمچەيدى ، چىرايى سامان رەڭگىگە كىردى ، قان قاچقان لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس هەرىكەتكە كەلدى :
— بۇ گېپىڭىز راستمۇ ؟ راستىنىلا خېتىمنى بېرەمسىز ؟...
ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۇچراپ قالغان يىرتقۇچ هايۋاندىن قورققاندەك ئەندىكىپ ، ئىككى قەدەم كەينىگە چېكىندى .

بىز ئەركەكلەرنىڭ ئاياللارغا ناقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ، ئەڭ ئەپچىل قورالىمىز «خېتىڭنى بىر بەن» دېگەن دەبدەبىلىك سۆز بولسا كېرەك . توي قىلغاندىن بېرى مەن بۇ قورالنى بىرقانچە قېتىم ئىشلىتىپ كۆرگەن ، لېكىن ئۇ چاغلاردا ھەيۋە قىلىشۋاتقىنىمنى سېزىلىپ قالغانمۇ ، يا گېپىمنىڭ تېگىشلىك تورى بولمىغانمۇ ، خوتۇنۇمنى قورقۇتۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدىم . ئۇ «خېتىمنى بەرسەڭ ھازىرلا بەر» دېگەن ھامان ئوڭايسىز بىر ھالغا دۇچ كېلەتتىم ـ دە ، يىلتىزى قىرقىلغان قاپاق پېلىكىدەك سولىشىپ ، جېدەل ـ ماجىرا بىلەن تولغان ئائىلىۋى تۇرمۇشنى بىر ئامال قىلىپ تىنچلىق ئىزىغا سېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم .

«بۇ دورەم ئۇ نېمىشقا يۇمشاپ قالدى . مۇشۇ يۇمشىغانچە يۇمشاپ ، كۇنداشلىق ئادىتىنى تاشلىۋېتەرمۇ يا ؟» ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ كېتەلىشىگە ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمىدى . باياتىنقى گېپىمنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىكرەك قىلىپ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم ، ھەتتا ئامراق قىزىمنى ، ئۆيىنىڭ ھەممە روزىغارىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ، بۇنداق تېتىقسىز تۇرمۇشتىن بىر يولى قۇتۇلماق بولۇپ ، ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي ، ئۇنى تېگىشلىك يەرگە باشلاپ باردىم .

مەن ئالدىدا ، ئۇ كەينىمدە ، ئۇ خۇددى ئوت ئىچىگە سۆرەپ كېتىلىۋاتقاندەك ئاستا ماڭماقتا ئىدى ، كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىمىسامۇ ئۆپكىدەۋاتقانلىقىنى ، ھەدەپ بۇرنىنى تارتىۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇراتتىم ، ئىچىم ئاغرىغاندەك قىلغىنىمنى بىلەن ، ئۇدا يۇز بېرىپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ، مېنى ماڭغان ئىزىمدىن قايتماسلىققا ، لەۋزىمدىن يانماسلىققا دەۋەت قىلاتتى .

بىز قىيا تۇرغان ئىشىكنى شەپىسىزلا ئېچىپ يوغان قوبۇلخانىغا كىرىپ كەلدۇق ـ دە ، ئىشىك يېنىدىكى ئۇزۇن

ئــورۇنــدۇقنىڭ ئىككى بېشىدىن ئورۇن ئالدۇق . قوبۇلخانىنىڭ تۆرىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىش بېجىرگۈچى ، بۇ تەرىپىدە بىزگە كەينىنى قىلىپ بىر ئەر كىشى ئولتۇراتتى . قۇلاقلىرىنىڭ ئاستىدىن بۆرتۈپ چىققان ساقىلىنىڭ رەڭگىگە ۋە قاتلىشىپ تۇرغان گەدەن تېرىسىگە قاراپلا ئۇنى ئاتمىش ياشلارغا بېرىپ قالغان ، دەپ پەرەز قــىــلىشقا بولاتتى . ئۇ قوبۇلخانىغا يېڭىلا كىرگەن بولسا كېرەك ، سوزۇنچاق ، قارامتۇل يۈزلۈك ، سەل جۇدەڭگۈ ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ۋە پارقىراق كەڭ پېشانىسىدىن تەمكىنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئىش بېجىرگۈچى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى .

— چىدىيالمىدىم ، زادى چىدىيالمىدىم . ئۇ جېدەلخور بىلەن ئادا ـ جۇدا بولماي قويمايمەن ، باشلىق ، مەرھەمەت قىلىپ ، مېنى بۇ جېدەلدىن قۇتۇلدۇرۇڭ...

بــوۋاي تــىــتــرەيــتــتــى ، قــوللىرىنى خۇددى كېمىچى پالاق ئــۇرغــانــدەك ھــەرىكەتلەندۇرەتتى . گاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ، گاھ ئولتۇراتتى . ئېھتىمال چىشلىرى تولۇق بولمىسا كېرەك ، گەپلىرى خــۇددى ھــۇشــقــۇيــتقاندەك ئاڭلىناتتى . شىكايەت قىلىشقا قانچە ئالدىرىغانسېرى گېپى شۇنچە قولاشمايتتى .

— ئاكا زادى نېمىگە چىدىيالمىدىڭىز ، كىم بىلەن ئادا ـ جۇدا بولماقچىسىز ؟

بــوۋاي تــىــتــرەپ تــۇرغــان قــولــلــىــرىنى ئۇزىتىپ ، ئىش بېجىرگۈچىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىستاكاننى كاپ قىلىپ ئالدى ۋە بـــىــر ئىستاكان چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئىش بېجىرگۈچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى .

— بــىــزنــىــڭ ئۆيدىكى ھېلىقى جەددال بىلەن ئادا ـ جۇدا بــولمىسام زادى بولمىدى ، تاقىتىم تۈگىدى ، تامامەن تۈگىدى . قېرىغىنىمدا كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى...

— جەددال دېگىنىڭىز كىم ؟

— مېنىڭ خوتۇنۇم .

www.uyghurkitap.com

— ئۇنى ئەمرىكىنىڭ ئالغىلى قانچە يىل بولدى ؟
— 38 يىل سەككىز ئاي بولدى .
— مۇشۇ چاغقىچە بىللە ياشىدىڭلارمۇ ؟
— دۇرۇس ، بىللە ياشىدۇق .
— مۇشۇ چاغقىچە بىللە ياشاپ كەپسىلەر يۇ ، ئەمدى نىمە سەۋەبتىن ئادا - جۇدا بولماقچى بولۇپ قالدىڭلار ؟

— ھەي ، نىمە دىسەم بولار سىزگە ، — بوۋاي دىمەكچى بولغان گېپىنى يىتتۇرۇپ قويغاندەك ئەتراپىغا ئالاق - جالاق بولۇپ قاراپ چىقتى . ئارقىدىنلا ، خۇددى تۇيۇقسىز زەمبىرەك ئېتىلغاندەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى ، — تويدۇم ، بۇ كۆنلەمچى خوتۇننىڭ جىدىلىدىن جاق تويدۇم ، ئۇ يامان كۆنلەمچى ، ساراڭ ، شۇڭا...

ئىش بىجىرگۈچى سەزگۈسىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشەنمىگەندەك بوۋاي تەرەپكە ئېگىلىشتى - دە :

— گېپىڭىزنى يەنە بىر دەڭا ، — دىدى . بوۋاي ھىلىقى گېپىنى دانە - دانە قىلىپ تەكرارلىدى .

ئىش بىجىرگۈچى بوۋاينىڭ سۆزىنى خاتا ئاڭلىمىغىنىغا ئەمدى ئىشەنچ قىلدى بولغاي گەۋدىسىنى كەينىگە تاشلاپ ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى . بىر قولى بىلەن پىشانىسىنى تۇتۇپ كۆزىنى يۇمدى ، بىر قولىدا توختىماي پىرقىراۋاتقان قەلەم ئۇستەلگە تېگىپ رىتىملىق سادا تارتىشقا باشلىدى .

بىز بوۋاينىڭ غەلىتە شىكايىتىنى ئاڭلاپ ، يۈرەكلىرىمىزگە تولۇپ كەتكەن ئۆچ - ئاداۋەتنى بىر سىكۇنتقا ئۇنتۇپ ھەيرانلىق نەزىرىمىز بىلەن كۆز بېقىشىۋالدۇق ، ئىككىمىزنى ئەجەبلەندۇرگەن سەۋەب بويىچە ئېيتقاندا ، ئىش بىجىرگۈچى ئېھتىمال بوۋاينىڭ نىمە دىگىنىنى ۋە ئۆزىنىڭ نىمە ئاڭلىغىنىنى خىيالىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ ، ئۇنى تورمۇش مەنتىقىسى بىلەن ، تېخىمۇ مۇھىمى فىزىئولوگىك ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىمەكتە ئىدى .

بىرھازادىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەلگەندەك بېشىنى

كۆتۈردى ـ دە ، ئالدىدا «بولمىغۇر گەپ قىلىپ قويدۇممۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان بوۋايدىن سورىدى .

— ئايالىڭىز قانچە ياشقا كىردى ؟

— قانچە ياشقا كىردى دەمسىز ، ھېسابلاپ بېقىڭ ، بىز توي قىلغىلى سەل كەم 39 يىل بولدى . ئۇ چەددالنى 18 يېشىدا نىكاھىمغا ئالغان .

— ھىم···

ئىش بېجىرگۈچى چوڭ بىر تىنىۋالدى ، جەزم قىلىشقا بولاتتىكى ، دەسلىپىدە ئۇ بوۋاينى ئالىجوقا سۆزلەيدىغان تىجىمەل ئادەم بولسا كېرەك ، دەپمۇ گۇمان قىلغان ، مەقسەتلىك تاشلانغان سوئالغا بېرىلگەن جاۋابتىن گۇمانىغا قارشى نەتىجىگە ئېرىشكەندى .

بوۋاي زورىغا يۆتىلىپ گېلىنى ياسىۋالدى . ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلى يېنىك سەزسە كېرەك ، ئوچۇق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ياشىغىلى 39 يىل بولدى دېدىمغۇ ، ئۇ مېنى كۆرگەنلا خوتۇندىن كۆنلەپ يۈرگىلىمۇ نەق 39 يىل بولدى ، ياشلىقىمىزدىغۇ مەيلى ، شوخلۇق قىلىپ ، كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن چوكانلارغا تىكىلىپىراق قاراپ سالغانمۇ بولغىيدۇق ، مانا ئەمدى «قېرىغاندا قېرى تارتۇق ، قىلىقى ئاندىن ئارتۇق» دېگەندەك ، ساقال كۆكسۈمگە چۈشكەندىمۇ مېنى كۆنلەپ يۈرگىنىنى دېمەمسىز ؟ توۋا بىر پۈتى كۆرگە ساڭگىلىغان مەندەك بىر قېرىنىڭ قولىدىن ئەمدى نېمە ئىش كېلەتتى ، بۈگۈن ئاش ۋاقتىدىن كېيىن قارىسام ، ھاۋا ئوبدانلا ئېچىلىپ قاپتۇ . تالاغا چىقتىم ، دەرەخلىكتە ھاۋا يەپ ئولتۇراتتىم ، ئايشەمخان كېلىپ قالدى . ھە ، ئايشەمخاننى سىز تونۇمايسىز ، يېقىندىلا كۆچۈپ كەلگەن قوشنا تۇل ئايال ، يېشىمۇ ئاتمىشلاردا بارغۇ دەيمەن ، ئەمدىلا پاراڭنى باشلىۋىدۇق ، ئۇ جەددال ئاسماندىن چۈشتىمۇ ، يەردىن ئۈندىمۇ ، ئەيتاۋۇر ئالدىمىزدا پەيدا بولدى . ئۇنداقچى ،

بۇنداقچى دەپ سۇرەن سېلىپ ئايشەمخاننى قوغلىشۋەتتى. ئەمدى بولدى قىلار، دەپ تۇرسام ئۇنىڭ قارىسىغا قاراپ تىل سالغىلى تۇردى. ۋاي خۇدايىم، بۇ ماڭا نى ئىزا، نى ئاھانەت. قارىسام، تاماشا كۆرگىلى كەلگەن ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەددالنى ئۇچ قېتىم تالاق قىلدىم ـ دە، ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە سۆرەپ كەلدىم.

بىز يەنە كۆز بېقىشىۋالدۇق، ئىش بېجىرگۈچى بوۋايدىن سورىدى.

— پەرزەنتىڭلار بارمۇ؟

— بولمامدىغان، ئۆمرىمىزدە يەتتە پەرزەنت يۈزى كۆردۇق. ئالدىمىزدا بار ئۇچ، ئالدىمىزدا بارى دەيمەنغۇ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى قورۇلۇش شىركىتىدە ئىشچى، بىرى يېقىنلا بىر يەردە مۇئەللىم، بايام ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئاشۇ باللار، نەۋرىلەر ئالدىدا بولسىمۇ ئىزا تارتساق بولمامتى؟

ئىش بېجىرگۈچى خىيالغا پاتتى. خىيالدىن بېشىنى ئېلىپ بوۋايغا ۋاقتىنچە تاشقىرىغا چىقىپ تۇرۇشقا، مومىينى چاقىرىشقا ئىجازەت بەردى.

بوۋاي كەينىگە بۇرۇلۇپلا، ئىشىك تۈۋىدە بېشىمىزنى سېلىپ ئولتۇرغان ئىككىمىزنى كۆرۈپ سەل چۆچۈگەندەك بولدى. يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «نىمىدەپ مەخپىيىتىمنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايسىلەر» دېگەندەك ھومىيىپ قويدى. بىز بوۋاينىڭ ھومىيىشىدىن قورقۇپ قالمىدۇق، ئورنىمىزدىنمۇ قىمىرلىمىدۇق. چۈنكى، بىز قىزىق بىر ۋەقەنىڭ شاھىدى بولۇۋاتاتتۇق.

موماي كىرىپ كەلدى. ئۇ خېلىلا ئورۇق، ئاياغلىرى چوكىدەك ئىنچىكە، سەل دومچەك ئىدى. يۈزىنى قاپلاپ كەتكەن ئىرماش ـ چىرماش قورۇقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئولتۇرۇ-شۇپ كەتكەن كۆزىنى ۋە ئىككى مەڭزىنى چوكانلاردا بولىدىغان تولۇقلۇق ئۆلچىمىدە پەرەز قىلغاندا، ئۇ ياش ۋاقتىدا خېلى

كىلىشكەن چوكان بولسا كېرەك .

مومـاي ئۆدۆل بىرىپ ئىش بېجىرگۈچىنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇقتىن تەكەللۇپسىزلا ئورۇن ئالدى .

— هەي ، ئاچا ، قېنى سۆزلەڭ ، ئىرىڭىز سىزنى كۈنداشلىق قىلىپ يۇرۇمنى تۆكتى ، دەپ ئەرز قىلدى ، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز ؟

— قەسەم قىلىپ بەرسەممۇ بېرەي ، ئۇنى زادىلا كۈنلەپ باقمىدىم ، زادىلا كۈنلىمىدىم ، — مومايىنىڭ ئاۋازى يېشىغا ۋە تۇرقىغا ماس كەلمىگەن هالدا چاڭىلداپ چىقاتتى ، تەلەپپۇزىمۇ تولۇق ئىدى ، — هېلىغۇ هېلىكەن ، ئۇنى ياش ۋاقتىمدىمۇ بىر قېتىم كۈنلەپ باقمىغان تۇرسام !

— ئەمىسە ئۇ يالغانچىكەن ـ دە !

— ئۇ دېگىنىڭىز كىم ؟

— ئىرىڭىز بولمايچۇ ؟

— هە ؟ — مومايىنىڭ ساغرىسى ئورۇندۇقتىن ئالاهازەل بىر غېرىچچە كۆتۈرۈلدى ، — ئىرىمنى يامانلايدىغان بۇنداق گەپنى قىلماڭ ، بولمىسا مەن خاپا بولىمەن ، ئۇنى يالغانچى دېيىشكە قانداق ئاغزىڭىز باردى ؟

مومايىنىڭ چىرايى تېزدىن ئۆزگەردى بولغاي ، مۇنداقچىلا دەپ قويغان بىر ئېغىز گەپكە مومايىنىڭ مۇنچىۋالا قايناپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىش بېجىرگۈچى سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى . ئازراق توختىۋېلىپ سۆھبەتنىڭ ئەسلىي ئىزىغا قايتىپ كەلدى . ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ دېدى :

— بولىدۇ ، مەن سىزگە ناماقۇل بولاي ، ئەمما ماڭا جاۋاب بېرىڭ ، ئايشەمخاننى نېمىدەپ ئىرىڭىزنىڭ يېنىدىن قوغلىۋەتتىڭىز ، نېمىشقا ئىرىڭىزنى جامائەت ئالدىدا هاقارەتلىدىڭىز ، بۇ سەت ئەمەسمۇ ؟

موماي ئاستا قىمىرلاپ قويدى ، ئۇ هاياجانلانغاندەك قىلاتتى .

— هەي ، ئەمدى ئۇقتۇم ، كۈنداشلىق دېگىنى

مۇشۇكەن ـ دە ، موماي مىيىقىدا كۈلگەندەك قىلدى ، — ئەگەردە ئۆز ئېرىنى يات ئاياللاردىن قورۇشنىڭ ئۆزى كۈنداشلىق دېيىلسە ، ئېرىمنى كۈنلىگىنىمگە مەن ئىقرار ، ئېرىمنى قورۇيدىغان چارىلىرىمنىڭ بەزىدە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تەن ئالىمەن ، بىراق ئويلاپ بېقىڭ ، ئاق قۇشقاچ جىنىدىمۇ ئۆز جۈپتىنى قورۇيدىغۇ ؟ !

موماي سۆزىنى چورتلا ئۈزۈۋەتتى ، ئىش بېجىرگۈچىمۇ نېمىشقىدۇر موماي بىلەن تىغمۇتىغ تۇرۇپ سۆزلەشكۈسى كەلمىدى . قوبۇلخانا بىر ھەيۋەتلىك سۈكۈنات ئىچىگە غەرق بولدى ، مەن پەقەت يۈرىكىمنىڭ رىتىمىنىڭ تېزلىشىۋاتقىنىنى ، ئۇنىڭ دالادا چاپقان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىدەك كۈچلۈك دۈپۈلدىشىنى ئاڭلىماقتا ئىدىم . خوتۇنۇممۇ مىشىلداۋاتاتتى ، ئۆپكىدەيتتى .

ئىش بېجىرگۈچى يەر ئاستىدىن چىققاندەك ئاجىز ئاۋازدا مومايغا يەنە سوئال قويدى :

— ئېرىڭىز سىز بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىمەن دەيدۇ ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز ؟

پەمىمچە ، بۇ ، ئىش بېجىرگۈچىنىڭ ئاربىكى قاتماللىقنى ، ئادەمنى تۇنجۇقتۇرغۇدەك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈنلا قويغان سوئالى ئىدى . لېكىن ، بۇ سوئال كۈتۈلمىگەندە مومايغا كەسكىن تەسىر كۆرسەتتى . ئۇ ئىش بېجىرگۈچىنىڭ كۆزلىرىگە قادالغان پېتى بىر دەقىقە قېتىپ قالغاندىن كېيىن ، بىردىنلا ئېسىگە كەلدى ۋە تىترىگەن ئاۋازدا دېدى :

— خۇدا ھەققى ، ئۇ مېنى تاشلىۋېتىمەن دېمىسۇن ، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قويۇڭ ، ياشلىقىمىزدا ئارزۇلاپ ئېلىپ تېگىشكەن ، ئۇ مېنى تاشلىۋېتەرمىكىن ، دېگەن ئەندىشە ماڭا ئۆمۈربويى ھەمراھ بولۇپ كەلدى . شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇنى يات كۆزنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىماقچى بولدۇم ، ئىقرارمەن ، بۇ ئىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىم ، ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ قويدۇم ، مەن ناماقۇل…

شۇ ئارىدا باياتىن بېرى قوبۇلخانا دېرىزىسىگە قۇلىقىنى چاپلاپ، غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان بوۋاي ئىشىكتىن قاۋۇل يىگىتتەك گۈس - گۈس دەسسەپ كىرىپ كەلدى - دە، ئىتتىك مومايىنىڭ يېنىغا باردى، مومايىنىڭ بىلىكىدىن ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئىش بېجىرگۈچىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە مومايغا:

— ئۆيگە قايتايلى، كەچلىك غىزانىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، — دېدى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك تەبىئىي ئاھاڭدا.

شۇنداق قىلىپ، بىلەكلىرىنى يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەردەك گىرەلەشتۈرۈۋالغان بوۋاي بىلەن موماي يېنىمىزدىنلا ئۆتۈپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. مەخسۇس بىز ئۈچۈنلا تەييارلانغان، ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ئوينالغان بىر پەردىلىك كومېدىيىدەك تۇيۇلغان بۇ ۋەقە ئاخىر ئاياغلاشتى. بۇ «كومېدىيە» دىن بىز قانچىلىك نەپ ئالدۇق، نېمىلەرنى ھېس قىلدۇق، بۇنىڭغا ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن، ئىشقىلىپ، دۇتارنىڭ تارىسىدەك تارتىشىپ كەتكەن ئەسەبلىرىمنىڭ ئاستا - ئاستا بوشىشىپ، كۆز ئالدىمنىڭ يورۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغىنىم راست، دەسلەپتە ئاتمىشلارغا ئۇلاشقان بوۋاي - مومايىنىڭمۇ كۈنداشلىق ئازابىدىن زارلىنىپ يۈرگىنىگە ھەيران قالغىنىممۇ، كېيىن خوتۇنۇمنىڭ ئەيىبىنى كەچۈرۈپ، ئەخمىقانە دەۋادىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگىنىممۇ راست!

مەن قولۇمنى ئىختىيارسىز ھالدا خوتۇنۇمغا ئۇزاتتىم، ئۇمۇ قولۇمنى ئىككىلەنمەيلا قوبۇل قىلدى. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا قالغان ئىش بېجىرگۈچىگە چوڭقۇر تەزىمدىن بىرنى ئىنئام قىلغاندىن كېيىن بىزمۇ ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق.


بىز ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. ئىشىكتىن كىرىپلا ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئىشكاپ تەكچىسىدە ئويغا پاتقان پېتى ئۆرە تۇرغان ۋېناسقا چۈشتى. مەن ئۇنى خوتۇنۇمنىڭ كۆزىچىلا ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالدىم، ئۇنىڭ سىرلىق، قىيا باققان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۇزۇلگەن

بىلەكلىرىنى سىلىدىم ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە دېدىم :

«ھەي سۆيۈملۈك گۈزەل ئىلاھ ، قېنى جاۋاب بەر ، مۇھەببەت بىلەن كۈنداشلىق ياشقىمۇ ، قېرىغىمۇ ئورتاق ئىكەنۇ ، ئۇ سېنىڭ ۋۇجۇدىڭدىمۇ مەۋجۇتمۇ ، قاشتېشىدەك سۈزۈك ، قاردەك ئاپئاق بىلەكلىرىڭ مۇھەببەت ئاسمىنىدا چاقنىغان كۈنداشلىق چاقمىقى زەربىسىدە نابۇت بولغانمۇ ؟»

ۋېناسىنىڭ نېپىز لەۋلىرى نېمىدۇر دەپ مىدىرلىغاندەك بولدى ، مەن ئۇنىڭ سوئالىنى تەستىقلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە مېنى كىمدىندۇر كۈنلىگەندەك قىيا باققان پېتى قېتىپ قالغان كۆزلىرىدىن خوتۇنۇمنىڭ كۆزىدىن چاچرايدىغان ئۇچقۇنغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان سىرلىق نارازىلىق ئۇچقۇنى چاچرىغانلىقىنى كۆردۈم !

1982 ـ يىلى ماي .



# خەير ـ خوش باشلىق

قان قاچقان چىرايىنى تەر بىسىپ كەتكەن ئىشخانا مۇدىرى زاپخوز بۆلۈمىگە : «قىنى سەن مەۋلانجان» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى ـ دە ، باشلىقنىڭ قەيەرگىدۇر بارماقچى بولۇپ ماشىنا يېنىدا ساقلاپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى .

«ياپىرىم ، ما ئىشنى قارىمامدىغان» دېدىم ۋە چاي ئوتلاۋاتقان كۇرۇشكامنى قېرى زاپخوزغا تۇتقۇزۇپ ، تالاغا ئېتىلدىم .

بـۇ ، يېڭى ئورگانغا يۆتكىلىپ كەلگىنىمنىڭ تۇنجى كۈنى ، قـۇيـاش ئـارغـامـچـا بويى ئۆرلىگەن چاغ ئىدى . يېڭى ئورۇنغا كەلگىنىڭدە سەندە يېڭى بىر ئاكتىپلىق ، يېڭى نىشان ۋە يېڭى بىسىم پـەيدا بولىدىغان گەپ ئىكەن . تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە : «شـوپـۇرلۇق ئىشىمنى ئوبدان ئاتقۇرۇپ ، باشلىقنى ، تەشكىلنى جـەزمـەن رازى قـىـلـىمـەن» دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم . بۈگۈن تاڭ يـورۇشـى بـىـلـەن تەڭلا ماشىنا ئىسكىلاتىغا كېلىپ ، ئىلگىرىلا «نـالايـىـق» ئىشدىشىمدىن قالغان ماشىنىنى سۈرتۈپ ، تازىلاپ بەئەينى تويغا جابدۇنغان چوكاندەك پارقىرىتىۋەتكەنىدىم .

بـىـراق ، رولـغـا چـىـقـىـپ خېلى ئۇزاق ساقلىدىم ، ماڭا هـېـچـكـىـمـنـىـڭ هـاجـىتى چۈشمىدى . ماشىنامدىن مەخسۇس پـايـدىلىنىدىغان باشلىقنىمۇ بىشارەت بولمىدى . قارغىشتەككۇر قـورسـىـقـىـم كوركىراۋېرىپ ناشتا قىلمىغىنىنى يادىمغا سېلىپ قويغاچقىمۇ ، بىر بۇردا نان ۋە بىر ئوتلام قايناق سۇ تەمەسىدە زاپخوز بۆلۈمىنى كۆڭلۈم تارتىپ قالدى .

ئـىـشـخـانـا مـۇدىـرى بـىـلـەن قـىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش مـۇسابىقىسىگە چۈشكەن تەنهەرىكەتچىلەردەك قوغلىشىپ ، ماشىنا

قېشىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئورۇق ۋە ئېگىزلىكىدىن سەل - پەل مۈكچىيىپ قالغان باشلىقىم قوللىرىنى كەينىگە تۇتقان پېتى ئېشەككە باھا قويماقچى بولغان كونا بېدىكتەك ، ماشىنىنى دەۋر قىلىپ چۆرگىلەپ يۈرەتتى .

ئۇ تۈيۇقسىز تورمۇزلانغان ماشىنىدەك چىپپىدە توختىدى ۋە شارتلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ، كۆزۈمگە مىختەك قادىلىپ :

— مەۋلانجان ، شوپۇرغا قويىدىغان تەلىپىمنىڭ بىرىنچىسى نېمە ئىدى ، قېنى ئېيتىپ بېقىڭ ؟ ! — دېدى .

— ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ، ماشىنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماسلىق !

— ھە ، تۈنۈگۈنكى گەپلىرىمنى ناشتىلىق بىلەن قوشۇپ يەۋەتتىمىكىن دەپ قاپتىمەن...

ئۇنىڭ گېپى تولىمۇ تۇزلۇق ۋە تىكەنلىك ئىدى . مەن خۇددى ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك بېشىمنى سالغان پېتىم رولغا ئولتۇرۇشۇمغا باشلىقىم يەنە كەسكىن تەلەپپۇزدا بۇيرۇق قىلدى :

— چۈشۈڭ ، ماشىنىنىڭ بارلىق نازۇك يەرلىرىنى ئىدىتلاپ تەكشۈرۈپ چىقىڭ !

قۇياش تىكلىنەي دەپ قالغاندا ئورگان دەرۋازىسىدىن چىقتۇق ، ئات - ئۇلاغ ، ھارۋىلارنى ئېھتىيات بىلەن يانداپ ئۆتۈپ ، بازار ئىچىدىن ئايرىلدۇق .

ماتورى ياخشى تەڭشەلگەن ماشىنا ساي يولىدا رىتىملىق گۈرۈلدەپ ، سىلىق سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . ئاسفالتلىرى سويۇلۇپ ، يول يونىدامتىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ قالغان تېيىز گوداڭلاردىن ئۆتكەندىلا ئازراق سىلكىنىپ قوياتتى . ھارارەتلىك شولىلىرىنى سېخىيلىق بىلەن سېپىۋاتقان ياز قۇياشىنىڭ ئەكسى كۈمۈش رەڭلىك كاپوت ئۈستىدە چايقىلىۋاتقان سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان ئالتۇن شاردەك ئورۇن يۆتكەيتتى .

— دىققەت ، ئالدىمىزدا بىر چوڭقۇرلۇق بار ، — دېدى يېنىمدا ئىككى پۇكلىنىپ ئولتۇرغان باشلىق يۇمىلاق ، كىچىك كۆزلىرىنى

سۈرئەت كۆرسەتكۈچتىن ئۈزمەي تۇرۇپ ، — تېزلىكنى 70 تىن
30غا چۈشۈرۈڭ ، تۆۋەنگە سىيرىلغىلى 200 مېتىر قالغاندا تورمۇز
قىلىشقا باشلاڭ !

باشلىقنىڭ دېگىنىنى دەرھال بەجا كەلتۈردۈم ، ئۇنىڭ
چوڭقۇرلۇق دېگىنى ئەمەلدە يانتۇلۇقى 15 گرادۇسقىمۇ يەتمەيدىغان
بىر سىيرىلما بولۇپ چىققان بولسىمۇ ، يەنىلا ئۇنىڭ رايىغا باقتىم .

— ئاپلا ، بۇ بالىنىڭ دۆتلۈكىنى ، ئېگىزگە ياماشقاندا خوتنى
ئىككىنچىگە قويۇپ ، ماي تەپكىسىنى قۇلاق تۈۋىگىچە يەتكۈزۈپ
بېسىش كېرەكتە ! بولمىسا بۇ بىرنېمە دۆڭگە چىقالمىغانىنىڭ
ئۈستىگە ، تۆت كۈنگە بارمايلا كېرەكتىن چىقىدىغۇ ئاخىر...

باشلىقىمنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن ئۈچۈن ، ماي تەپكىسىدىن
ئالدىراپ تورمۇز تەپكىسىگە پۇت يۆتكىدىم ، ئاجراتقۇچ تەپكىگە
دەسسەي دەپ تۇراتتىم ، بىتاقەت بولغان باشلىق قارىداپ كەتكەن
نېپىز كالپۇكلىرىنى بىرنېمىدەپ مىدىرلاتتى ـ دە ، ئورۇق قولىنى
ئالمان ـ تالمان خوت دەستىسىگە ئۇزاتتى . نائىلاج ئۇنىڭ قولى
ئۈستىدىن سىقىمداپ تۇرۇپ ، خوت يۆتكەشكە مەجبۇر بولدۇم .

ماشىنا يېرىلىپ كەتكۈدەك گۈرۈلدەپ چۈمۈلە سۈرئىتى بىلەن
«دۆڭ»گە ياماشتى ۋە يەنە تۈز يولغا چۈشتى . باشلىقىم ئاقىلانە
كۆرسەتمىسىنىڭ ئۈنۈمىدىن سۆيۈندىمۇ ، غولچىنى يېيىپ تازا بىر
كېرىلىۋالدى ـ دە ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— باشلىق بولدۇڭمۇ ، ناھايىتى مۇھىم بىر مەسئۇلىيەت
زىممەڭگە چۈشىدىغان گەپ ، شۇڭا قول ئاستىڭدىكى ھەممە نەرسىنى
ئەنە ئاشۇ مەسئۇلىيەت يۈزىسىدىن ئەستايىدىل كۆزىتىشىڭ ،
باشقۇرۇشۇڭ ، چاتاق چىقىش ئېھتىمالى بولغانلىكى ھالقىلارنى
شەخسەن نازارەت قىلىشىڭ ، ئۆز ۋاقتىدا كۆرسەتمە بېرىشىڭ
كېرەك . مەسئۇلىيەتچانلىق دېگەن مانا مۇشۇ ، بەزى باشلىقلارنىڭ
كۈتۈلمىگەندە موللاق ئېتىشىمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ھەتتا
ئۇششاق ئىشلارغىچە چېتىلىدىغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلمىغانلىقى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك...

بۇ سۆزنى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتامدۇ ياكى ماڭا قارىتىپ دەۋاتامدۇ، ھېچنېمىسىنى ئۇقالمىدىم، ئۇ بىر يولغا، بىر سۇرئەت كۆرسەتكۈچكە قاراۋېتىپ گېپىنى يەنە داۋام قىلدى:

— شوپۇر دېگەنمۇ سېنىڭ قارىمىقىڭدىكى مۇھىم بىر شەخس، ئۇ يەنە كېلىپ ئازمايدىغان ئەۋلىيا ئەمەس، شۇنداقمۇ، ئۇنىڭ ئازىدىغان يېرىنى ئالدىن پەملەپ، دەل ۋاقتىدا كۆرسەتمە بېرىشمۇ بىر مەسئۇلىيەتچان باشلىقنىڭ تېگىشلىك بۇرچى، بۇرۇنقى شوپۇرۇمغۇ ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان ياغاچ قولاق بىرنېمە ئىدى، يۆتكىلىش تەلىپىنى قويمىغان بولسا، بەلكى ئۆزۈملا كۆتىگە تەپكەن بولاتتىم...

باشلىقىمنىڭ سۆزى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن قىسقىغىنا بىر سائەتتىن بېرىكى بىۋاستە تەسىراتىمنى باغلاپ كۆرۈپ سەل چۆچۈپ قالدىم.

بۇرۇن بەزى ئىشداشلىرىم: «كىچىكىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەپ قويغان ئادەملا باشلىققا شوپۇر بولىدۇ» دېيىشسە، مەن بۇنى باشلىق ئالدىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، نەزەردىن چۈشكەنلەرنىڭ ئۆزىنى ئاقلايدىغان گېپى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، ئەمدىچۇ؟ مەنمۇ كىچىكىمدە ئانامنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەپ قويغانمۇ نېمە؟

كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە باشلىقىمنىڭ كونا شوپۇرىغا ھېسداشلىق ئويغىنىشقا باشلىغانلىقىنى سېزىپ قالدىمۇ، بۇ ھېسداشلىقنى دەرھال قوغلاپ چىقىرىشقا، ھەممە يېرى جالاقلاپ تۇرىدىغان قارا ماشىنىنى ھەيدەپ چۆللەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈشتىن قۇتۇلغىنىمغا شۈكۈر قىلىپ، باشلىقىنىڭ بۇرۇتىدىن ئۆتۈشكە ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇردۇم.

نېمىلا بولمىسۇن، چىداش كېرەك، چىدىماي نېمە ئىلاج؟!

— دىققەت، 200 مېتىر يىراقلىقتا بىر قىزىل تراكتور كېلىۋاتىدۇ، ماشىنىنى يولنىڭ ئوڭ چېتىگە تارتىڭ، چاپسان بولۇڭ، شوپۇر دېگەننىڭ ئىنكاسى تېز بولمىسا بولمايدۇ!



www.uyghurkitap.com

«قىزىق ، مەن كېلىۋاتقان تراكتورنى كۆرەلمەيدىغاندەك ، ماشىنىنى ئەتەي سول تەرەپكە تارتىدىغاندەك گەپ بولدىغۇ بۇ ؟ !» قەلبىمدە باشلىقىمغا تۇنجى نارازىلىق ئۇچقۇنى يالقۇنجىدى .

ئۇ گىرۋەكلىرىدىن ياغ تەپچىپ تۇرغان شەپكىسىنى ئېلىپ ، تەر بىلەن كونا ياغ قاپىقىدەك پارقىراپ تۇرغان قارامتۇل يۈزىنى سۈرتۈۋەتتى ـ دە ، قولىنى رولغا ئۇزىتىپ سىگنال كۇنۇپكىسىنى ئارقىمۇئارقا بېسىۋەتتى :

«تات… تات… تات…»

ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى . نېمە ئامال ، «سەۋر قىلساڭ ، غورىدىن هالۋا پۈتەر» دەپتىكەن ، يەنىلا ئۆزۈمگە هاي بېرىپ ، كوزۇپ سۆرەپ كېلىۋاتقان تراكتورغا كۆز يېتىم ئارىلىق قالغاندا ماشىنىنى يولنىڭ «ئوڭ» چېتىگە تارتىۋىدىم ، يەنە باشلىقنىڭ سوئال ، سورىقىغا دۇچ كەلدىم :

— هوي سىز ئېشەك هارۋىسى هەيدەپ باققانمۇ ، چاق يولنىڭ چېتىگە چىقىپ كەتسە قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ ؟

بۇ سوئال جاۋابسىز قالدۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى ، چۈنكى…

بىز يول لىنىيىسى بويىچە 90 گرادۇس سولغا قايرىلدۇق ـ دە ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن ئۆتىدىغان يولغا چۈشتۇق . يولنىڭ يۇمشاق قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر بۆلىكى تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولدى .

— تورمۇز !

باشلىق بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى ، بۇ ئاۋاز باشلىققا ، بولۇپمۇ مەسئۇلىيەتچان باشلىققا شۇپۇر بولۇشنىڭ ئاقىۋەتلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتقان نېرۋىلىرىمغا خۇددى گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك تەسىر قىلدى ـ دە ، «غاچ» قىلىپ تورمۇز تەپكىسىگە تەپتىم ، ئىختىيارىمدىن ، مۆلچەرىمدىن تاشقىرى بىر كۈچ 70 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن پىرقىراۋاتقان تۆت چاقنى بىردىنلا هەرىكەتتىن توختاتتى . ماشىنا شۇ هامان قىڭغىيىپ بارخانغا چاپلاندى ۋە سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان سېرىق توپا ئارىسىغا

ئىككى غىرىچ پىتىپ ، قىڭغايغان پېتى تۇرۇپ قالدى .

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن ئالاقزادىچىلىك ۋە ئۆرتتۆپە بولۇپ چايقىلىشتىن كېيىن ئەقلىمنى ئىلكىمگە ئالدىم ـ دە ، رولغا چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ ، ئۆڭسۈلى قاچقان ھالدا تەكتىمدە تۇگۈلۈپ ياتقان باشلىققا قارىدىم .

باشلىق بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كەلدى ، بىز ئۆمىلەپ دېگۈدەك ماشىنىدىن چىقىۋالدۇق .

— ئىسىت ، ئىسىت ، — دېدى ئۇ قاپىقىنى ئاچماي ھاسىراپ تۇرۇپ ، — خىزمەت تەكشۈرۈپ كېلىۋاتقان باشلىقنى باش لەڭگەرگىچە بىرىپ قارشى ئالماقچىدىم ، پىلانىمنى بۇزدۇڭ ، يۈزۈمنى يەرگە چۈشۈردۇڭ ، ئەمدى سىنىڭ مەسىلەڭنى دەرھال ئويلىشىپ باقمىسام بولمىغۇدەك .

— مەسىلەمنى ئويلىشىپ ئاۋارە بولماڭ ، — دېدىم مەن چورتلا قىلىپ ، — ئۆزۈملا كېتىپ قالاي ، ماشىنىمىز ئۆزىڭىز ھەيدىۋېلىڭ !

شۇ ئەسنادا قارشى تەرىپىمدىن بىر يۈك ماشىنىسى چىقىپ كەلدى . قولۇمنى كۆتۈردۈم ، جىلە بولغان باشلىقنىڭ چالۋاقاشلىرىمۇ ، ھەيۋە قىلىپ قورقۇتۇشلىرىمۇ ماڭا تەسىر قىلالمىدى .

— خەير ـ خوش باشلىق ، ئامان بولۇڭ !

1989 ـ يىلى يانۋار ، ئۈرۈمچى .

## كۆن نەدىن چىقىدۇ

ساھىبخانا ئىككى رومكىغا ھاراق تولدۇرۇپ، بىرىنى سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان 50 ياشلاردىكى سىمىز، ئاق پىشماق، ستالىن پاسونىدىكى يالاڭ چاپان كىيىۋالغان بىر كىشىنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، بىرىنى ئۆزى ئېلىپ قىسقىغىنا قەدەھ سۆزى سۆزلىگەندىن كېيىن، مېھمانلارنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— ئاۋۇ ھۆرمەتلىكىمىز، باشقارما باشلىقى ئاۋۇت ئاكا بولىدۇ.

— بۇ تەرىپىدىكى مۆھتەرەم، مۇئاۋىن دىرېكتور خالىق ئاكا.

— مانا ماۋۇ پېشقەدىمىمىز، ئابدۇقادىر مۇدىر بولىدۇ.

— بۇ...

مەن «بۇلارنى ئىدارىدىمۇ، قايسىبىر يىغىندىمۇ ياكى كوچىدىمۇ، ئىشقىلىپ نەدىدۇر ئۇچراتقاندەك قىلىمەنۇ، بىرىنىمۇ تونۇيالمايۋاتىمەنا؟» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، نەزىرىمنى ساھىبخانىنىڭ قول ئىشارىتىگە بويسۇندۇرغىنىمچە، بىر - بىرىدىن سالاپەتلىك بولغان مېھمانلارغا زەن سېلىپ قاراۋاتقىنىمدا، تونۇشتۇرۇلۇش نۆۋىتى ماڭىمۇ كېلىپ قالدى. ساھىبخانا سول قولىنى مۇرەمگە قويۇپ تۇرۇپ: «بۇ ئاغىنىمىزنى ھەرقايسىلىرى ئېھتىمال تونۇمايدىلا، بۇ ساۋاقدىشىم بولىدۇ. پالانى تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدۇ، كىتابمۇ يازىدۇ» دېگەن چاغدا، سورۇن ئەھلى ئارىسىدا بىلىنەر - بىلىنمەس داۋالغۇش پەيدا بولدى. مۇبادا خاتا كۆرۈپ قالمىغان بولسام، بەزىلەر ئۆزئارا كۆز ئېقىشتۇرۇۋالدى، بەزىلەر ساھىبخانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇسى يوقتەك شاما چايناپ

ئولتۇردى . ھەش ـ پەش دېگۈچە ھاراق رومكىسى تۆت ـ بەش قېتىم ئايلىنىپ ئۈلگۈردى . مېھمانلارنىڭ مېڭىسى قىزىپ ، ئاغزى ئېچىلىشقا باشلىدى . بىرەيلەن كىمنىڭدۇر ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلمەكچى بولغانلىقىنى پىچىرلاپ تۇرۇپ ئېيتتۇيدى ، سورۇندا ئومۇمىي ھاياجان قوزغالدى ، يەنە بىرى مەن بىلمەيدىغان بىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ يېشى ئۆتۈپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن باشقارما باشلىقلىقىغا تەستىقلانمىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىۋىدى ، يەنە بىر ئومۇمىي ھاياجان قوزغالدى .

مەنمۇ ساھىبخانىنىڭ زورلىشى ئارقىسىدا ئۇلار بىلەن تەڭ ئىچىپ ئولتۇرغان بولساممۇ ، تىلىم ھېچ قىزىمايۋاتاتتى . سۆزگە ئارىلىشاي دېسەممۇ ئارىلىشالمايتتىم .

راستىنى ئېيتسام ، تونۇشمايدىغان ، نام ـ ئەمەل ، ياش ـ ساقال جەھەتتە ئۆزىدىن تولىمۇ يۇقىرى تۇرىدىغان سالاپەتلىك كىشىلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇش كىشىگە بەكمۇ قىيىن ئىكەن . ئەگەر ساۋاقدىشىم بۇ ئاخشاملىق سورۇندا مېھمانلىرى ئالدىدا ئولتۇرۇشۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالمىغان بولسا ، ئەلۋەتتە كەلمەس ئىدىم . ئەمدى چىقىپ كېتەي دېسەممۇ قاملاشمايتتى .

شۇ ئەسنادا جىم ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرگەن باشقارما باشلىقى ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— ئۇكا ، سىنى ھېلى تەتقىق قىلىدۇ ، دېدىما ؟ يەن دەمدۇ ـ ھە ؟ — دېدى ۋە ساڭگىلاپ چۈشكەن ئېڭەك گۆشلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ بېشىنى مەن تەرەپكە تېخىمۇ سوزدى ، — قېنى ئېيتىپ باقە ئۇكا ، ھاراق قارىماققا سۇزۇك سۇغىلا ئوخشايدۇ ـ يۇ ، ئەمما ئىچسە نېمە ئۈچۈن ئادەمنى مەست قىلىدۇ ؟ ئۇ قورساققا كىرىدۇ ـ يۇ ، نېمىشقا باشنى پىرقىرىتىدۇ ؟ تەتقىق قىلىپ باقە ؟ !

باشقارما باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا ، ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈۋېتىشتى . باشلىق

تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈۋىدى، قورۇقلار ئارىسىدىكى كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا كەتتى.

ماڭا ئېنىقكى، ئۇ مېنى كولدۇرلىتىۋاتاتتى، مەسخىرە قىلىۋاتاتتى. مېنىڭ ئۇنداق تېتىقسىز سوئالغا جاۋاب بەرگۈم كەلمىدى. ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە يۈزىنى ئاياپ ئۇندىمەي قويغانلىقىمنى جاۋابتا تۇتۇلۇپ قالدى دەپ چۈشەندىمۇ، گۆشنى شىلىۋالغاندەك ئورۇق، قارا چىراي دىرېكتور گەپكە ئارىلاشتى.

— كىتاب يازارمىشسەن ئۇكا تېخى، مائاشىڭ تۆۋەن بولسا كېرەك ـ ھە؟ مېنىڭ بولسا كىتاب يېزىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كىتاب ئوقۇشقىمۇ ھەۋىسىم يوق، ئارتۇقچە جاپانىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئىشخانىغا كىرىمەن ـ دە، ساپاغا ئۆزۈمنى تاشلايمەن، قىلغىلى خىزمەت بولمىسا، ئىچكىلى قايناق سۇ بار. بولمىسا ئۇيقۇمىمۇ ئوبدان...

دىرېكتورنىڭ سۆزگىمۇ مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. بىرنەرسە دەي دېسەم، ئاتام دېمەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋە ساھىبخانىنىڭ ئالدىدا ياخشى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالتە ئادەم ئۈچ بوتۇلكىنى قورۇقداپ بولغانىدى.

ئاش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ھاراق ئىچىلدى. ساھىبخانا بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى، بەش پۈتلۈق مېتال پۇلدەك يۇمىلاق كۆزلىرى ۋە دوغىلاق يۈزى لازىدەك قىزىرىپ كەتكەن مۇدىر سەنتۈرۈلگەن پېتى ئورنىدىن تۇردى ـ دە، غۇلچىنى يېيىپ تۇرۇپ:

— ئاغىنىلەر، ئەمدى بولدى قىلساق بولارمىكى، ئەتە يەنە ئىشخانىغا چىقىدىغان گەپ، — دېدى.

— نېمىدىن قورقىمىز مۇدىر؟ — دىرېكتورمۇ ئۈستەلنىڭ قىرىغا تايانغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا ئىشارەت قىلىپ، ئۇزۇن ۋە ئورۇق بارماقلىرى بىلەن بىرنەرسە كەسكەندەك پۇلاڭلاتتى، — نېمىدىن قورقىمىز ـ ھە؟ ... ئەتە كۈن تاغىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، يەنە تاغ... تاغنىڭ كەينىگە ئول... ئولتۇرۇۋېرىدۇ. بىز بولساق يەنە...

www.uyghurkitap.com



باشقارما باشلىقى قوروق رومكىنى پولاڭلىتىپ تۇرۇپ دىرېكتورنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— كۆن ... تاغنىڭ كەينىدىن چى... چىقىپ تاغنىڭ كەينىگە ئۆلتۈرىدۇ دېسىلە بولمايدۇ . بۇ... بۇ شەھەردىكى شۇنداقكەن . بىزنىڭ يۇرتتا بولسا كۆن قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ ، بۇ تەرىپىگە ئۆلتۈرىدۇ .

ئۇ تەرەپلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قولىنى يېرىم دائىرە ئايلاندۇرۇۋىدى ، رومكىدا ئىچىلمەي قالغان هاراق دىرېكتورنىڭ بېشىغا چېچىلدى . ئۇ يۈز - كۆزلىرىنى سۈرۈتكەچ بارغانسېرى قىزىپ مۇنازىرىلىشىش هالىتىگە كىردى :

— ياق ، سىلى مۇشۇ گەپ... گەپلىرىدە كەتكۈزۈۋەتتىلە ، كۆن بۇ... بۇ شەھەردىمۇ تاغنىڭ كەينىدىن چىقىپ... تاغ... تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرىدۇ . مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ تاغنىڭ كەينىدىن... چى... قىپ تاغنىڭ...

— ياق ، سىلىمۇ خا... خاتالاشتىلا . كۆن ئەسلىدە بىزنىڭ يۇرتنىڭ ، دەل بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قۇملۇقتىن چىقىپ ئاندىن شۇ ماڭغانچە بۇ شەھەرگە... كې... لىپ... ، ئاندىن يەنە قۇملۇقنىڭ بۇ تەرىپىگە بېرىپ ئولتۇرىدۇ . كىچىكىمدىن باشلاپلا كۈننىڭ قۇملۇقتىن چىققىنىنى كۆرگەنمەن .

— ياق ، يوقسۇ ، مەن... مۇ كىچىكىمدىلا كۈننىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغنىڭ كەينىدىن چىق... چىققانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن .

بۇلارنىڭ مۇنازىرىسى مۇدىرنىڭمۇ ئىلھامىنى قوزغىۋەتتى بولغاي ، ئۇمۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاۋازدا ۋارقىرىدى :

— مانا... مانا ، ئىككىڭلارلا خاتا سۆزلەۋاتىسىلەر ، كۆن تاغنىڭ كەينىدىنمۇ ئە... ئەمەس ، قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىنمۇ ئەمەس ، دېڭىزدىن چىقىدۇ .

باشقارما باشلىقى بىلەن دىرېكتور ھەيران بولغان ھالدا تەڭلا

www.uyghurkitap.com

سورىدى :

— ھە ؟

— شۇنداق ، دېگىزدىن چىقىدۇ . مەن ئىچكىرىگە بار… بارغان ، پاراخوتقا چىققان . شۇ چاغدا بىر ئەتىگىنى كۈنىنىڭ دېڭىزدىن چىققانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆ… كۆرگەن . كۈن دېڭىزدىن چىقىپ ، ئاسماندا شۇ ماڭغانچە ئىككى سائەتتە ئاندىن بۇ شەھەرنىڭ تېغىنىڭ كەينىگە يېتىپ كېلىدۇ .

— بۇ گەپ… خا… تا !

— قۇملۇقتىن ، دېڭىزدىن چىقىدۇ دېگەن گەپنىڭ ھەممىسى خاتا !

— خاتا !

— خاتا !

ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىشىۋېرىپ ياقا سىقىشىش دەرىجىسىگە بارغىلى ئاز قالدى . مۇدىر ھاراق كۆتۈرۈشلۈكرەك بولسا كېرەك ، خېلى سەگەك ئىدى ، ئۇ تۇيۇقسىز مەن تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە دېدى :

— ئۇكا ، سەن تەتقىقات قىلىدىكەنسەن . دەپ باقە ، كۈن زادى نەدىن چىقىدۇ ؟ دېڭىزدىنغۇ دەيمەن ؟

دىرېكتورمۇ ئۆز قارىشىنىڭ توغرا بولۇپ چىقىشىغا ھېچ گۇمان قىلمىغان قىياپەتتە ماڭا قارىۋىدى ، باشقارما باشلىقى ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى :

— قۇملۇقتىن…

— تاغنىڭ كەينىدىن…

— دېڭىزدىن…

— بولدى باغلىشايلى ، — دېدى مۇدىر يەنە ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ، — ئەتە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ئۇچىمىز دەرقەمدە تۇرۇپ سورايمىز . كىم ئۇتتۇرۇۋەتسە بىر قوي سويۇپ بىزنى مېھمان قىلسۇن !

— قوشۇلىمەن ، ئوغۇل بالا دې… دېگەن گېپىدە تۇ… تۇرىدۇ ، — دېدى باشقارما باشلىقى ئۇستەلنى مۇشتلاپ .

دىرېكتورمۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ قوشۇلدى . مۇدىر ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەر ئۆتكۈزىدىغان چايغا ھەتتا مېنىمۇ ئېيتىپ قويدى .

شۇنداق قىلىپ سورۇندىكىلەر تارقالدى . مەنمۇ ئىچىمگە تولۇپ كەتكەن كۈلكىنى پاتراق كۈلۈۋېتىش ئۈچۈن تالاغا ئالدىرىدىم .

1984 - يىلى يانۋار .



www.uyghurkitap.com

# ئەما

سائىتىمگە قارىۋىدىم، بۈگۈنكى ئارام ئېلىش كۈنىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئوقۇۋاتقان كىتابىمنى تاشلاپ قويۇپلا، يالاڭ چاپىنىمنىڭ يېڭىنى ساپقاچ تالاغا يۈگۈردۈم. كوچىنىڭ تاشئۆستەڭگە تاقىلىدىغان بېشىدىن چىقىپ، يالغۇز ئاياغلىق كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدىم ۋە كۆۋرۈككە يېقىنلىشىپ قالغان مومايغا يول بېرىش ئۈچۈن قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم.

بىر ئۇچىنى تېقىمغىچە چۈشۈرۈپ ئارتىۋالغان ياغلىقى ئۈستىگە پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك تەلپەك قوندۇرۇۋالغان بۇ مومايىنىڭ قولىدا بىر ئۇچى ئەگمەچ ھاسا بار ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى كۆزى بىلەن بىر تەكشىلىكتىكى بوشلۇققا تىككىنىچە، ھاسىسىنى ئۇيان ـ بۇيان يۆتكەپ، كۆۋرۈك بېشىغا قاراپ ئۇدۇل كېتىۋاتاتتى. موماي «تاق» قىلغان ئاۋازدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندەك سەل توختىۋېلىپ، ئاندىن كۆۋرۈككە قەدەم تاشلىغىنىدا، يۈرىكىمنىڭ سېلىشى بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. چۈنكى، ھەممە ئالامەتلەردىن ئەمالىقى چىقىپ تۇرغان بىر موماي ئالدىمدىلا تەۋەككۈلگە ئۆزىنى ئۇرماقچى بولۇۋاتاتتى!

ئۆستەڭنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈش ئۈچۈن خېلى يىراقتىكى كۆۋرۈككە بېرىشقا ئېرىنگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئىككى تال لىمنى جۈپلەپ ياساپ قويۇلغان بۇ ئاددىي كۆۋرۈك شۇنچىلىك تار ئىدىكى، بىر ئادەمنىڭ تاپىنى ئارانلا سىغاتتى. بەش ـ ئالتە مېتىر كەڭلىكتىكى ئۆستەڭدە بىلەي تېشى رەڭگىدىكى سەل سۈيى تۈگمەن نورىدىن چۈشۈۋاتقاندەك تېز ئاقماقتا ئىدى. بېجىرىم ئادەملەرمۇ

تاناپتىن ماڭغان سېرىكچىدەك ئېھتىيات بىلەن ئۆتىدىغان بۇ كۆۋرۈكتىن يېتىلىگۈچىنىڭ ياردىمىگىلا قاراشلىق بولغان ئەما مومايىنىڭ سالامەت ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇبادا كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا...

مەن دەرھال ئەقلىمنى ئىشقا سالدىم ـ دە، بىرقەددەم چامداپ مومايغا يېتىشىۋېلىپ مۇراجىئەت قىلدىم:

— ئانا، ئەكەسلە قولىرىنى، يېتىلىۋالاي.

— رەھمەت بالام، كۆڭلۈك ياخشى ئىكەن، — موماي ئۆزىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرىغا ھېچ مۇناسىپ كەلمەيدىغان قورۇقسىز، تېرىلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان قولىنى ماڭا ئۇزىتىپ تۇرۇپ دېدى، — يېتىلىۋالساڭ يېتىلىۋالغىن.

ئوقتەك ئېقىۋاتقان لاي سۇ ئۇستىگە خۇددى نېپىز ئاق پەردە يېپىپ قويغاندەك دولقۇنسىز ـ شاۋقۇنسىز ئىدى. ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاجىز دولقۇنلار قاسناقلارغا يېنىك ئۇرۇلۇپ، موزاي ئېمىۋاتقاندەك «شىپ ـ شىپ» شەپە چىقىراتتى. كۆۋرۈكنىڭ يېرىمىغا كەلگىنىمدە ئۆستەڭگە قارىۋىدىم، يۈرىكىم دۇپۇلدەپ، بېشىم قايغاندەك بولدى. پۇتۇمنىڭ لىمنىڭ لېۋىگىلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سەل سەنتۈرۈلۈپلا ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم. ھاسىسىنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇۋېلىپ، سول قولىدىن يېتىلەپ كېلىۋاتقان موماي بولسا، چىرايىدا ھېچقانداق تەشۋىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمىگەن ھالدا كۆۋرۈكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا دەسسەپ، داغدام يولدا مېڭىۋاتقاندەك خاتىرجەم كېلىۋاتاتتى.

كۆۋرۈكتىن ئاخىر سالامەت ئۆتۈۋالدۇق. مەن مومايىنىڭ يۈرەكلىك ۋە چەبدەس ئىكەنلىكىگە قايىل بولغان چېغىمدا كۆڭلۈمدىن: كۆزى ئوبدانلا تۇرغان مومايىنى ئۆزۈمچە ئەمە ھېسابلاپ يېتىلەپ يۈرمىگەندىمەن؟ دېگەن ئوي كەچمەيمۇ قالمىدى. كۆۋرۈك بېشىدىن ئەمدىلا چۈشۈۋىدۇق، موماي قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:



www.uyghurkitap.com

— بالام ، ھە ، بالام دەپ قوياي ، ئاۋازىڭدىن قارىغاندىمۇ يېشىڭ كىچىكتەك قىلىدۇ . رەھمەت ساڭا ، ئاۋارە بولدۇڭ ، — دېدى . موماينىڭ تەشەككۈرىدىن بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم . ئەگەر ھېلىقى قىياسىم توغرا چىقىپ قالىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ بۇ تەشەككۈرىنى شۇ تەنتەكلىكىم ئۈچۈن تەنە دەپ چۈشىنىشىمگە توغرا كېلەتتى . تەنتەكلىك قىلىپ قويغان بولماي ، دەپ ئەنە شۇ تەنتەكلىكىم ئۈچۈن مومايغا ئۆزرە قويۇش ياكى كۆڭلۈمنى تىنچىتىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىش مەقسىتىدە موماينى تېرەك سايىسىدە ئازراق ئارام ئېلىشقا دالالەت قىلدىم . بۇ چاغدا تونۇشۇم سەمەتنىڭ ئالدىمىزدىكى تېرەكلىك كوچا دوقمۇشىدا مېنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ بولغانىدىم . موماي تەكلىپىمنى قوبۇل قىلدى . مەن ئۇنىڭ كۆزىگە ھەدەپ قاراۋېرىشنى ئەپسىز ھېسابلاپ ، گەپ تەشتىم :
— ئانا ، بەكمۇ تېتىككەنلا ، تەنلىرىگە دەرد يەتمىسۇن .
موماي قولۇمدىن ھاسىسىنى ئېلىۋېتىپ ، كۆلۈمسىرىگەن پېتى ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى :
— خۇداغا شۈكۈر بالام ، كۆرمىگەن بىلەن تېنىم ساق ئىدى ، يېقىندىن بېرى سەل ساقسىز بولۇپ قالدىم ، يېزا دوختۇرخانىسىدا تەكشۈرتۈۋىدىم ، ئۆپكىڭىزدە چاتاق باركەن ، دېيىشىپ دورا بەردى . دورا خېلى پايدا قىلىۋىدى تۈگەپ قالدى . بۈگۈن مۇشۇ مېڭىشىمدا يەنە بىر تەكشۈرتۈپ دورا ئېلىۋالماقچىدىم .
بۇ جاۋاب بىلەن يۈرىكىمنى سىقىپ تۇرغان ئەندىشىدىن بىر يولى خالاس بولدۇم ـ دە ، موماينىڭ كۆزىگە سەپسېلىپ قاراشقا پېتىندىم .
ئۇنىڭ قاپىقى تېز ـ تېز ھەرىكەت قىلاتتى ، كۆز قارىچۇقى بولسا راستىنلا مىدىرلىمايتتى . بىراق ، كۆزگە ئاسانلا تاشلىنىپ تۇرىدىغان ھەرقانداق غەيرىي ئالامەتلەر ياكى ئاق داغلاردىن خالىي ئىدى . كۆز گۆھىرىدىن تارقالغان تالا ـ تالا بوز سىزىقچىلار قارىچۇق چېگرىسىغا كېلىپ خىرەلىشىپ ، قارىچۇق ۋە كۆز ئېقى

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا ھاسىل بولغان بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆل رەڭ دائىرە ئىچىگە سىڭىپ كىتەتتى . كۆز ئورنىنىڭ سەل ـ پەل ئولتۇرۇشۇپ كەتكىنىنى ھىسابقا ئالمىغاندا ، كۆز ئەتراپىدا قىل تومۇلۇقىدىكى بىرەر تال قورۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى .

مومايىنىڭ تەشەككۈرى ھىچقانداق تەنە ئەمەس ، بەلكى چىن تەشەككۈر ئىكەنلىكى ئىپىنقلانغاندا ، كۆڭلۈمدە ئۇنى دوختۇرخانىغىچە ئاپىرىپ قويۇش ئىستىكى تۇغۇلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرخانىمۇ تىرەكلىك كوچىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىدە ئىدى . دائىم كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ، كىشىگە ئۆز ئانىسىدەك بىلىنىدىغان بۇ مۆلايىم موماي بىلەن بىردەم مۇڭدىشىۋىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەھمىيەتلىك ـ دە !

مەن ھاسىنىڭ تۈز ئۇچىنى تۇتۇپ ئالدىدا مىڭىۋاتىمەن ، موماي ئەگمەچ ئۇچىنى تۇتۇپ كەينىمدە كىلىۋاتىدۇ . جىمجىت مىڭىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىممۇ ياكى شۇنداقلا سورىغۇم كەلدىمۇ ، ئىشقىلىپ مۇنۇ سوئال بىلەن سۆھبەتنى ئۇلىماقچى بولدۇم :

— ئانا ، بۇنداق قىزىق بازار كۈنىدە ئۆيدىن چىققانلىرىدا بالىلاردىن بىرىنى يانلىرىغا ئىلىۋالماپتىلىغۇ ؟ ياكى باللار يوقمىدى ؟

موماي ھاسىسىنى قويۇپ بىرىپ ، بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ ، چاپىنىمنىڭ يىڭىنى تۇتۇۋىلىپ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا جاۋاب بەردى :

— بالام بار ، بولۇپمۇ قارچىغىدەك ئوغلۇم بار . ئۇ بۈگۈن 23 ياشقا تولۇپ تۆت كۈن ئاشتى ، مانا مۇشۇ تىرەكلەرنى تىككەن يىلى تۇغۇلغانىدى .

موماي سۆزلەۋىتىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى . ئۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاسمان ـ پەلەك بوي تارتقان ، غولىغا قۇچاق ئارانلا يىتىدىغان تىرەكلەرنى كۆرسەتمەكچى بولسا كىرەك ، قولى بىلەن ئىككى رەت تىرەكلەر ئارىسىدىكى بوشلۇققا ئىشارەت قىلدى .

— ئوغۇللىرى باشقا يۇرتتا خىزمەت قىلىۋاتامدۇ ؟

ئوقۇۋاتامدۇ يا ؟

موماي سوئالىمنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا رازىمەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب بەردى :

— ئوقۇشنى بۇرۇنلا تۈگەتكەن ، ئۆيدە ئىدى . بىرەر يىلچە بولۇپ قالدى ، هازىر بىر ئىدارىدە كادىر .

مومايىنىڭ ئوغلىنى تونۇسام ئەجەب ئەمەس ، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ كۆردۈم . موماي : «كىشىلەر ئوغلۇمغا زامانغا لايىق ئات قويۇپ قويۇپتۇمىش ، ئېسىمدە تۇتالماپتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ، كۆڭلۈمدە تۇغۇلغان يەنە بىر سوئالنى هېچ تارتىنمايلا سورىدىم :

— ئوغۇللىرى بۈگۈن دوختۇرخانىغا بارىدىغانلىرىنى ئۇقماي قالغان بولسا كېرەك .

— ياق ، ياق ، ئۇقمىغىنى ياخشى بولدى ، ئۇنىڭ باغرى بەك يۇمشاق ، كۆيۈمچان ، ئۇقۇپ قالسا مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن دەپ بىر كۈنلۈك خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ،— دېدى .

مەن باشقىلاردىن كوچىلاپ گەپ سوراشنى ئانچە ياقتۇرمايتتىم . بۇ ھەقتىكى گېپىمنى توختىتاي دەپ تۇراتتىم ، موماي سۆزىنى داۋام قىلدى .

— ئۇ تۇنۇگۈن يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلدى . خىزمەت دېگەن ئاسان گەپ ئەمەس ، بالام . تۈن ھەسسىگىچە ئىشلەپتۇ ، ھېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، كىرىپلا ئۇخلاپ قالدى . بۈگۈن يەنە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، بايانتىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

ئۆزىنىڭ قانۇنىي دەم ئېلىش كۈنلىرىنىمۇ خىزمەت ئۈچۈن قۇربان قىلالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، مومايىنىڭ ئوغلىنىڭ ھېچبولمىغاندا ئىلغار خىزمەتچى ئىكەنلىكىگە كۆڭلۈمدە شەك قالمىدى . ئۇنى يەنە بىر دۆۋە ماتېرىياللار ئارىسىغا چۆككەن ، ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن مەستانە بولغان قىياپەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . مانا شۇنداق پىداكار ئوغۇل چوڭ قىلغان مومايغا مۇشۇ

پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈرگۈم كەلدى . ئوغلى ھەققىدىكى پاراڭنىڭ داۋاملىشىشىنى خالاپ تۇرغان مومايغا سەل ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ :

— ئانا ، ھەقىقەتەن ياخشى ئوغۇل چوڭ قىپسىلا ، — دېدىم مەن . موماي پەخىرلەنگەن قىياپەتتە مەن تەرەپكە بىر قاراپ قويدى . ئۇنىڭ قەدىمى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتاتتى ، شۇ تاپتا مەن ئۇنى ئەمەس ، ئۇ مېنى يېتىلەپ ماڭماقتا ئىدى .

— راست دەيسەن بالام ، ئوغلۇم ياخشى چوڭ بولدى ، ئۇ بۈگۈن مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن دېسىمۇ ئۇنىمايتتىم ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى مۇھىم ، مېنىڭ كارىم چاغلىق ، مەيلى ئىشلىسۇن ، ئۇ قانچە ئوبدان ئىشلىسە ، مەن شۇنچە خۇش بولىمەن ، ياخشى نامى چىقسا ، كىمنىڭ ئوغلىكەن دېسە سارىخاننىڭ ئوغلى دەيدۇ .

— ئۆمرۈمدە تۆت بالا يۈزى كۆرۈپتىمەن ، خۇدانىڭ ماڭا قالدۇرغىنى پەقەت ئاشۇ بىرلا ، يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا شۇنداقمۇ ، ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدىم ، يامان كۆزدىن تاشقىرى تۇتۇش ئۈچۈن كۆزتۇمارى پۈتتۈرۈپ ، تۇيدۇرماي بۆكىگە تىكىپ بەرگەنىدىم . ئوغلۇمنىڭ دادىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن ، ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتمەيلا مېنىڭمۇ كۆزۈم تۇتۇلۇپ قالدى . داۋالانسامغۇ داۋالىناتتىم ، بىراق داۋالىنىشقا خەجلەيدىغان پۇلنى ئوغلۇمنى ئوقۇتۇشقا سەرپ قىلدىم ، ئوشۇقۇمغا چالما تىزىپ يۈرۈپ ئۇنى چوڭ قىلدىم . مانا ئەمدى ئوبدان بولدى . ئۇ قاتارغا قوشۇلدى ، كېسىلىم ياخشى بولۇپ قالسا ، يەنە ئىككى - ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرسەم دەپ خۇدادىن تىلەيمەن ، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا ئۇنى ئۆيلەپ قويسىملا بولاتتى…

سۆزلەۋېتىپ ، مومايىنىڭ دېمى كېسىلىپ قالدى ، سۆز نۆۋىتى ئەمدى تەبىئىي ھالدا ماڭا كەلگەنىدى .

— ئانا ، ئوغۇللىرى ئىككى - ئۈچ يىل ئىشلىۋالسۇن ، ئۆزىگىمۇ ياخشى ، ئاز - پاز پۇلمۇ يىغالايدۇ ، سىلىگىمۇ ئېغىرلىق

چۈشمەيدۇ ، — دېدىم مەن مومايغا .
موماي قاتتىق يۆتىلىشتىن كېيىن پېشانىسىدىكى تەرنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېلىپ ، سۆزىنى ئۇلىدى :

— نېمە دەيسەن بالام ؟ ! ماڭا ئۇنىڭ بىر پۇڭ پۇلى لازىم ئەمەس . ئوغۇلنى ئۆيلەش قەرزى ئانىنىڭ بويىندا ، تىرمىشىپ يۈرۈپ ئۈچ - تۆت قوي سەمرىتتىم ، دېهقان خەقنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ، خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسىلا...

— كۆزلىرى ئاجىز تۇرسا ، قويلارنى قانداقمۇ... ، — دېدىم تەئەججۈپ بىلەن ، مومايىنىڭ قوي سەمرىتىۋاتىمەن ، دېگەن گېپىنى هېچ چۈشىنەلمەي .

— كۆزنىڭ كۆرمەسلىكى هېچ گەپ ئەمەس . كۆڭۈلنىڭ كۆرمىگىنى يامان ، خۇدا كۆزۈمدىن ئايرىغان بىلەن كۆڭلۈمدىن ئايرىماپتىكەن ، هەممە نەرسىنى تۇيۇپ تۇرىمەن ، ئۆزۈمنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايمەن . ئېتىزلىقلارغا بېرىپ ئوت ئېلىپ كېلىمەن ، سۇنىمۇ ئۆزۈم ئەكېلىمەن . بايام يېتىلىۋېلىشىڭغا كۆڭلۈڭنى ئاياپلا ماقۇل دەپ قويدۇم ، ئەگەر ئۆمرۈم بولسا...

موماي يەنە يۆتىلىپ ، قېقىلىپ كەتتى ، ئۇنىڭ هەممىنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئەمدى تىرناقچىلىك گۇمانىم يوق ئىدى . بىز قىزغىن پاراڭ بىلەن تېرەكلىك كوچىنىڭ دوقمۇشىغا يېقىنلىشىپ قالغىنىمىزدا ، تېرەك سايىسىدە تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان سەمەتنى كۆرۈپ ، يۈزۈم قىزىشىشقا باشلىدى . سەمەت ۋە مەن كونا تونۇش ، شۇنداقلا يېڭى تونۇشلاردىن ئىدۇق ، ئىككىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە پاراللېل سىنىپتا ئوقۇغان . مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى باشقا يەردە تۈگەتكەندىن كېيىن ، ئالىي مەكتەپكە كېتىپ قالدىم . يېقىندا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۆز يۇرتۇمغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن ، ياغاچچىلىق كارخانىسىدا ئىشلەۋاتقان سەمەت بىلەن قايتا ئۇچراشقانىدىم . تۈنۈگۈن ئۇ ئۆزىنى ئاغىنىسى مېهمانغا چاقىرغانلىقىنى ، مېنىمۇ بىللە ئاپىرىپ ئاغىنىلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ، ئۇ يەردە تاماشىنىڭ ناهايىتى

www.uyghurkitap.com

قىزىيدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالغانىدى. مەنغۇ تاماشا بىلەن ئـانچە خۇشۇم يوق ئادەم، شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالمـاي، تېرەكلىك كوچا دوقمۇشىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدە بەرگەنىدىم.

مومايىنى يېتىلىگەن پېتى سەمەتنىڭ يېنىغىمۇ كىلىپ قالدىم. ئىچىمدە سەمەتنىڭ ماڭا گەپ قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ مېنى خىلىدىن بېرى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپلا قويسا، پەرىشتىدەك قىرغان بۇ موماي مېنى يېتىلەتمەي، ئاخىرىغىچە ياردەم قىلىش نىيىتىمگە ھالاقىت يەتكۈزۈشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. چىرايىدىن سەل خاپىلىق چىقىپ تۇرغان ئاغىنەم كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەندەك يولنىڭ چېتىگىرەك سۈرۈلدى ــ دە، ئىككى قولى بىلەن كۆزلىرىنى كۆرسىتىپ، ئوڭ قولىنى ئىككى تەرەپكە يايدى. مەن ئۇنىڭ ئىشارىتىنى «ھە، كېچىكىشىڭدىكى سەۋەب مۇشۇكەن ــ دە، مومايىنىڭ ئىككىلا كۆزى كۆرمەيدىكەن ــ ھە!» دەۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىپ ئۇنىڭ ئەقلىگە باريكاللا ئېيتتىم. مەنمۇ قەدىمىمنى ئاستىلىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھە، ئـەمـا مـومـايـىـنى يـېـتىلەپ كېتىۋاتىمەن» دېگەندەك كۆزۈمنى يۇمچۇكلەپ، بېشىم بىلەنلا دوختۇرخانا تەرەپكە ئىشارەت قىلدىم.

— ئوغلۇم، رەھمەت ساڭا، ئەمدى ئۆزۈم كېتەلەيمەن، — دېدى موماي قەدىمىمنىڭ ئاستىلاپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ قالغاندەك. ئـۇ ھـەمـمـىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدە سەزگۈسى ئارقىلىق قىلىشىۋاتقان ئىشارىتىمىزنى بىلىپ قالدىمىكىن دەپ جىددىيلىشىپ قالدىم ۋە مومايغا گەپ قىلمايلا قەدىمىمنى ئىتتىكلىتىپ سەمەتكە قـاريـدىم. ئۇ مەندىن خاپا بولغاندەك قىلىپ كۆزىنى يەنە بىر يۇمچۇكلىدى ۋە دوقمۇشتىن قايرىلغان كىچىك كوچا تەرەپكە ئوڭ قـولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بېشىنى چايقىدى. ئۇ ئولتۇرۇش ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، دەۋاتامدۇ ياكى سەن كەلگۈچە ھېلىقى كوچا ئـاغزىدا ساقلاپ تۇراي دېدىمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا كۆپ ئويلىنىپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى، شۇڭا سەمەتكە: ساقلاپ تۇرساڭ تۇر

ياكى يولۇڭغا كېتىۋەر ، دېگەندەك قىلىپ بېشىم بىلەن دوختۇرخانا تەرەپنى كۆرسىتىپ ئاخىرقى ئىشارىتىمنى تۈگىتىپلا مومايغا دېدىم :

— ئانا ، يېقىنلىشىپ قالدۇق .

— يېقىنلىشىپ قالدۇقمۇ ؟ تۇيۇۋاتىمەن ، كۆڭلۈم كۆرۈۋاتىدۇ . ئىككى يېقىمىزدا تېرەكلەر بارغۇ دەيمەن ، — دېدى موماي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ .

يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا راستىنلا ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن تېرەكلەر بار ئىدى .

— ناھايىتى ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەر بار ئانا .

مومايىنىڭ چىرايىدا يەنە كۈلكە ئوينىدى . ئۇ ئالىقىنىنى چېكىسىدىكى قويۇق يېلىم چېپىپ تارىغان پارقىراق چاچلىرى ئۈستىگە قويۇپ ، كۆزىنى دەل باش ئۈستىگە كېلىپ قالغان كۈن نۇرىدىن دالدا قىلىپ تېرەكلەرگە قاراپ ھەۋەسلىنىپ تۇرۇپ دېدى :

— مۇنۇ چوڭ تېرەكلەرنى كۆرۈۋاتامسەن بالام ؟ ئوغلۇم مۇشۇ تېرەكلەرنى تىككەن يىلى ئەتىيازدا تۇغۇلغان . ئۇ كىچىكىدە بەكمۇ ئەقىللىق ، بەكمۇ چىرايلىق ئىدى . چاچلىرى قۇندۇزدەك قارا ، بېشىدىكى چۆرگىلىمچى ئىككى ئىدى… ھەي ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئاستىدا بىر قىزىل مېڭى بار ئىدى . شۇ مەڭ بولمىغىنىدا…

موماي سۆزلەۋاتقاندا كەينىمگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى دوقمۇشقا قارىدىم . كۆزۈم بايام تۇرغان ئىزىدا بەئەينى ئۇستا ھەيكەلتىراشنىڭ نەپىس سەمەرىسىدەك قىمىر قىلماي بىز كېتىۋاتقان تەرەپكە تىكىلىپ تۇرغان سەمەتكە چۈشتى . كۆرۈش نېرۋىلىرىم ياخشى ئىشلىمەيۋاتامدۇ ياكى كۆزۈمگە شۇنداق چېلىقتىمۇ ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئادەتتە بېلىگە تايانغان پېتى تۇرىدىغان قوللىرى پەسكە تاشلانغان ، كۆزلىرىمۇ ئادەتتىكىدىن چوڭراق بولۇپ قالغانىدى .

مەن ، سەمەت ھېلىمۇ مېنى ساقلاۋېتىپتۇ دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم ـ دە ، مومايىنى يېتىلىگەن پېتىم يولۇمنى

داۋاملاشتۇردۇم .

— كۆرۈۋاتامسەن بالام ئاۋۇ تېرەكلەرنى ، ئوغلۇم مۇشۇ تېرەكلەرنى تىككەن يىلى ئەتىيازدا تۇغۇلغان . ئۇ بەكمۇ...

موماي پەس ئاۋازدا سۆزلىگىنىچە كەينىمدىن كېلىۋاتاتتى .

1983 - يىلى يانۋار .



# بىتەلەي

يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى . تۆكۈرگەن تۆكۈرۈك يەرگە مۆز بولۇپ چۈشىدىغان بىر ئەتىگىنى بازارغا چىقىشىمغا توغرا كەلدى . چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان سوكىنا شەپكەمنىڭ چېكىلىكى بىلەن قارشى تەرىپىمدىن ئۇرۇۋاتقان قاردىن پاناھلىنىپ ، تېيىلغاق يولدا ئېھتىيات بىلەن ماڭغىنىمچە ماگىزىنغا بېرىۋالدىم ـ دە ، ئالدىغىنىمنى ئېلىپ بولۇپ ، كەشىمنى يەنە ئۆي تەرەپكە توغرىلىدىم . ماگىزىندا ناھايىتى كۆپ بولسا بەش مىنۇت ھايال بولغاندىمەن . شۇ ئارىلىقتا غەلىتە مىجەزلىك ھاۋا يەنە ئۆزگىرىپ ئۇلگۇرگەنىدى . قۇلاقنى ئۇچۇرۇپ كەتكۇدەك ھەيۋە بىلەن ئۇشقىرتىۋاتقان سوغۇق شامال ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قار قۇيۇنلىرىنى پىرقىرتىۋاتاتتى . ئاق ئۆچكە چۈپۈرىدا ئەشكەن ئارغامچىدەك تومىلىشىپ كەتكەن ئېلېكتر سىملىرى ئۆز ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك ئۇشقىرتىپ ئىرغاڭلايتتى . بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ دۇگدەرەپ كۆكتات دۇكىنىنىڭ لەمپىسى يېنىغا يېقىنلاشقىنىمدا قارا چىبەرقۇت كالتە چاپىنىنىڭ خورما رەڭ ياقىسى ئارىسىدىن كۆز قارىچۇقى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر كىشىگە كۆزۈم چۈشتى . ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىمدا تونۇش ئادىمىنى خېلىدىن بېرى تەقەززالىق ئىچىدە ساقلاۋاتقان قىياپەتتە تۇرغان بۇ ئەركەك مەن تەرەپكە بىرقەدەم سىلجىدىيۇ ، قەدىمىنى يەنە چىپپىدە توختىتىۋالدى . دەسلىپىدە ئۇنى ئۆتكەن ـ كەچكەن كىشىلەرگە غەيرىي تاۋارلارنى زورلاپ ساتىدىغان ھارامزادىلەردىن بىرى بولسا كېرەك ، دېگەن ئوي بىلەن ئۇندىمەيلا ئۆتۈپ كەتتىم . بىراق ئىككى ـ ئۈچ قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا مېڭەمگە

چاقماق تېزلىكىدە كىرىپ كەلگەن ئىككىنچى قىياس بىلەن دەسلەپكى تەخمىنىمنى يوققا چىقاردىم ، ھېلىقى كىشى بىر بولسا مېنى تونۇيدىغانلاردىن ، بىر بولسا ھاجەتمەنلەردىن دېگەن قىزىقىش بىلەن دەرھال كەينىمگە ياندىم .

ھېلىقى كىشى يولۇمدىن قايتىپ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندەك بولدى ، چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىدى . كۆتمەك قاشلىق ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، تومپىيىپراق تۇرىدىغان ئىككى مەڭزى قان سۇرتكەندەك قىزىرىپ كەتكەن بۇ ئادەم كىيىنىشلىرىدىن قارىغاندا بۇ يەرلىك ئەمەستەك تۇراتتى . پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك بار ئىدى . يوغان تۇمىقىنىڭ ئاق چۇچىلىرى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كەڭ پېشانىسىگە كۆزگە تاشلانغۇدەك قورۇق چۈشمىگىنىگە قاراپ ئۇنى 35 ياشلار چامىسىدا دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى . چېقىر ئۈجمە رەڭگىدىكى كۆزلىرىدە بولسا قانداقتۇر بىر غەم ـ ئەندىشە ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ سىياقىغا ۋە چىرايىغا ناھايىتى تېزلىكتە سەپسېلىپ چىقتىم . ئۇنىڭ مېنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمىسەممۇ ، لېكىن ئۇنى تونۇمايدىغانلىقىمغا ، چىرايىدىكى بىرەر تونۇش ئالامەتلىرىنىڭ خاتىرەمدە يوقلۇقىغا جەزم قىلدىم . ئەمما ئۇ تونۇش ئادەمنى ئۇچرىتالىغىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتقاندەك خېلىلا ھاياجانلانغانىدى . بۇ كىشىنىڭ ماڭا بىرەر ھاجىتى چۈشكەن بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە ئۇنى ئاۋۋال ئېغىز ئېچىش قېيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە تەۋەككۇل قىلىپ «بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟» دەپ سورىدىم .

— يولدىن بىرەر مۇسۇلمان ئۆتۈپ قالارمىكىن دەپ ساقلاپ تۇرۇۋىدىم ئۇكام ، — ئۇ ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ دەرھال جاۋاب بەردى ، — خۇداغا شۈكۈر ، سىلىنى

مېنىڭدەك ھاجەتمەنگە ئۇچراشتۇرغىنىغا شۈكۈر.


ئۇ قولىلىرىمنى تۇتۇۋېلىپ كىرىشىپ كەتكەن يىرىك ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى. «ئاپلا، — دېدىم مەن ئىچىمدە، — ئەگەر بىرەر كويى پۇلۇمغا ھاجىتى چۈشسىغۇ، سورىغىنىنى شۇ زامات بېرىۋېتىپ قايتىپ كېتەرمەن، مۇبادا ۋاقتىمنى زايە قىلىدىغان بىرەر ئىشقا ھاجىتى چۈشۈپ قالغان بولسىچۇ؟»

— ئۇكام، قارىسام ياخشى ئادەمدەك قىلىدىلا، — دېدى ئۇ ھولۇقۇپ، پېتى ئىنچىكە چىت پوتىسىنى يېشىپ، پاختىلىق چاپىنىنى قايرىپ تۇرۇپ، — مۇساپىرنىڭ دەردىگە يېتىپ، ئىككى ئېغىز خەت يېزىپ بەرسىلە، قاراتۇرۇپ قالغىنىمنىڭ دەردىنى بۇگۈن راسا تارتىمەن.

ئۇ ئىشىنىڭ يانچۇقىدىن پۈكلىنىپ پۇرلىشىپ كەتكەن ئىككى ـ ئۈچ ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ تۆش يانچۇقۇمدا مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان قەلەمدىن كۆزىنى ئۈزمەي مۇراجىئەت قىلدى. بۇ كىشىنىڭ خېلى جاپا چېكىش بەدىلىگە ئاندىن ئورۇندىلىدىغان ھاجىتىنى ئاڭلاپ ئازراق دىلغۇل بولۇپ قالدىم. چۈنكى، بۇنداق ئوسال ھاۋادا قەغەزنى تىزىمغىلا قويۇپ بىر پارچە سالام خەتنى پۈتتۈرۈش ماڭا پۈتۈنسۈرۈك بىر كىتاب يېزىپ چىقىشتىنمۇ تەسكە توختايتتى. بۈگۈنلا پۈتتۈرۈۋېتمىسەم زادى بولمايدىغان زۆرۈر ئىشىم مېنى ئالدىرىتاتتى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ كىشىنى مەن تونۇمايمەن، بۇ كىشى مېنى تونۇمايدۇ، شۇڭا ئۇنى پوچتىخانا ئالدىدىكى خەتچىلەر ئالدىغا بۇيرۇپ قويۇپ، ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىنى ياكى ئىشىمنىڭ جىددىيلىكىنى پەش قىلاي، دەپ ئويلىدىم.

بىراق «ئۆزى كېلىپ، ئۆزى كەتكەن يارەي» دېگەندەك يولۇمدىن قايتىپ كېلىپ، ناتونۇش كىشىنىڭ ھاجىتىنى ئاڭلاپلا پەش قاقسام قاملاشارمۇ؟

دىلغۇل بولۇۋاتقىنىمنى كۆرگەن ناتونۇش كىشى بەكمۇ



www.uyghurkitap.com

ئـوڭايسىزلىنىشقا باشلىدى . ئۇ زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى :

— ئىشلىرى بەك زۆرۈر بولسا يوللىرىدىن توسۇپ قويماي ئۇكـام ، خـاپـا بولىدىغان ئىش يوق . خەتنى بىر ئامال قىلىپ يازدۇرۇۋالارمەن . ئەمدى…

ئۇنىڭ چىرايىنى ئۇمىدسىزلىك ئالامەتلىرى قاپلىدى . قەغەز تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى ئاستا پەسكە چۈشتى . مەن كىچىكىمدىن بـاشـلاپلا باشقىلارنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈشتىن ، يىغا ئاۋازىنى توغرىدىن - توغرا ئاڭلاشتىن بەكمۇ ھەزەر ئەيلەيتتىم . شۇنداق ھـاللارنـى كـۆرۈپ قـالـدىـمـۇ بولدى ، قاتتىق بىئارام بولۇپ يـىـغـلـىـۋەتكۈم كېلىپ كېتەتتى . يىغا ئاۋازى گويا شەكىلسىز يىڭنىلەرگە ئايلىنىپ يۈرىكىمگە قادىلىۋاتقاندەك ئازابلىناتتىم .

نـاتـونۇش كـىـشـىنىڭ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئـېـيتىلغان مۇڭ ئارىلاش سۆزلىرى تەبىئىتىمگە دەرھال تەسىر قىلدىمۇ ، ئىشقىلىپ قەلبىمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە بۇ مىسكىن كىشىگە بىر خىل ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئويغاندى - دە ، ھاجەتنى راۋا قـىـلـىش نىيىتىگە كېلىپ ، ئۇنى يولنىڭ چېتىدىكى لەمپە ئاستىغا باشلاپ كەلدىم .

قەلىمىمنى قولۇمغا ئېلىۋاتقىنىمنى كۆرگەن ناتونۇش كىشى بـەك خۇشال بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، قولىدىكى قەغەزنى پـاخـتـىـلـىـق ئـىـشـتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى - دە ، ئۆزىنىڭ ئازغاشقانلىقىنى دەرھال ھېس قىلىپ قەغەزنى ئىتتىكلا يانچۇقىدىن چىقاردى .

— ھـە ، خـەتـنـى نـېـمـىـدەپ يازىمىز ؟ — دېدىم ئۇنىڭ ھولۇقۇۋاتقىنىغا كۆز سالمىغان قىياپەتتە .

— گـېـپـىـمـنـى نەدىن باشلىسام بولار ؟ — ئۇ تۇمىقىنى پېشانىسىگە ئىتتىرىپ قويۇپ جاۋاب بەردى ، — ئىشقىلىپ شۇنداقلا بىر خەت ، ئايالىمغا قارىتىپ يازايلى ئۇكام ، قانداقلا بولمىسۇن ، مەقسەتنى ئېنىق ئۇقتۇرۇش لازىم…

ئۇ خەتنى نەدىن باشلاشنى راستتىنلا بىلمەيۋاتاتتى . بىردەم تېخى يېزىلمىغان ۋە كونۋېرتقا سېلىنمىغان خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتسا ، بىردەم «ئەتنى جانابى ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك»تىن سۆز باشلاپ ، بىر ئايال كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالاتتى . بەزىدە ھېلىلا ئوچۇق تۇرغان چىرايى بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنىدەك بىردىنلا ئۆزگىرىپ دەرد تۆكۈشكە باشلايتتى ، مەن سىياھى توشلاپ كەتكەن قەلىمىمنى ماي قەلەمگە ئالماشتۇرۇۋېلىپ ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققانلا گەپنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ بىر دەمدىلا ئىككى ۋاراق قەغەزنى توشقۇزۇۋەتتىم ، ئەگەر مۇشۇنداق يېزىۋېرىدىغان بولسام… شۇڭا ئۇنىڭ قاپاقتىن تۆكۈلگەن سۇدەك ئېيتىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم .

— ئاكا ، ئېيتىدىغىنىڭىزنى يېزىپ بولۇش - بولماسلىقىمغا قارىماي ئۆزىڭىزچە ئېيتىۋەرسىڭىز قانداق؟ مەن كېرەكلىك جايلىرىنى قەغەزگە چۈشۈرەي ، خەت يېزىلىپ بولغاندا ئۆزىڭىزگە ئوقۇپ بېرىمەن ، چالا قالغان يەرلىرىنى شۇ چاغدا تولۇقلارمىز .

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ، دەسلەپتىلا نېمىدىندۇر ئەندىشە قىلغاندەك بولدىيۇ ، ئارقىدىنلا كېتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەندەك بىر ھالدا تەكلىپىمگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە قايتۇرمىلاپ سورىدى :

— ئۇكام ، بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ سىلى مەقسىتىمنى چۈشىنىپ ئۆزلىرى خالىغان گەپ بىلەن شۇنداق بىر خەت يېزىپ بەرسىلىكى ، ئايالىم خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن مېنى ئەپۇ قىلىدىغان بولسۇن . مەنمۇ سىلىدىن ئۇ ئالەم ، بۇ ئالەم رازى بولۇپ كېتەي ، شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

مەن نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇق شامالنىڭ دەھشىتىنى ئۇنتۇپ بۇ كىشىگە ئۆمرۈمدە بىر ساۋابلىق ئىش قىلىۋەتمەكچى بولدۇم ، بوگۈنكى تۇرمۇشۇمغا تۈيۈقسىز ئۇسۇپ كىرگەن بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قىزىقىپ ، تەكلىپىگە ماقۇل بولدۇم . ئۇ قوللىرىنى ھوردىۋالغاندىن كېيىن ئالدىمدا زوڭزىيىپ



www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى :

— ... شۇنداق قىلىپ ، تىرىك تۇرۇپ كىرمىگەن گۆر ، ئىنسان تۇرۇپ يېمىگەن... قالغان چاغدا بىز دېھقانلارنىڭ كۈنى تۇغدى . ئەترەتتىن بىرقانچە ئون مو يەرنى كۆتۈرە ئالدۇق . ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئەمگىكى بىلەن تۇنجى يىلى توختامنى نەقلەشتۇرۇپ ، خېلى ئېشىندۇق ، قازنىمىزمۇ ماي كۆردى . مەڭزىمىزگىمۇ قان يۈگۈرۈپ قالدى . دېھقان دېگەننىڭ قورساقتىن ۋە ئىگىن - ئاياغتىن تەڭلىكى تۈگىسە ، كۆڭلىنىڭ سۇ ئىچكىنى شۇ . يەنە بىر يىلمۇ بولدى . راسا ئىشلىۋالدۇق . كۈزدە قولىمىزدا يەنە نەق 1000 يۈەن پۇل قالدى . قوشنا - قولۇملارمۇ «مۇشۇنداق ئىشلەۋېرىدىغان بولساڭلار پات ئارىدا پۇلۇڭلار ئىككى يانچۇققا سىغمايدۇ» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى . بىز ئېتىزدىن كىرگەن كىرىمگىلا قاراپ ئولتۇرمايتتۇق - دە ! ئايالىممۇ قولى گۈل مەزلۇم ئىدى . ئەتە - ئاخشىمى قىلغان يىڭنە ئىشى بىلەن پۇلغا پۇل قوشۇۋاتاتتى . ئەمما ، شۇنداق ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمىزدە ئىشىمىزغا شەيتان ئارىلاشتى . بىر جۈمە كۈنى جاھاننىڭ خوۋلۇقىنى كۆرۈپ باقاي دەپ بازارغا كىرىۋىدىم ، ئاشپۈزۈلدا زاكىر دەيدىغان بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . تونۇشنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆيۈمگە باشلاپ كەلدىم . ئۇ قول - ئىلكىمدە ۋەجىم بار ئادەملىكىمنى كۆرۈپ ماڭا : «شۇنچە پۇلنىڭ ئىگىسى تۇرۇپ يەنە قىشتا توڭلاپ ، يازدا پىشىپ دېھقانچىلىق بىلەنلا ھەپىلىشەمسەن؟ يېتەرلىك دەسمايەڭ بولغاندىن كېيىن ، نېمىشقا بىرنى ئىككى ، ئىككىنى تۆت قىلمايسەن» دېدى . ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئازغىنا دەسمايە بىلەن ئۇرۇمچىگە ئىككى - ئۈچ قېتىم قاتناپلا باي بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى . شۇ كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ دېگەن يېقىن يولىمىدىغان؟ كۆزۈمگە توقماق - توقماق پۇللار ، ئېگىز - ئېگىز ئىمارەتلەر كۆرۈندى... شۇنچە يىل جاپا چېكىپتۇق ، پۇلنىڭ راھىتىنى بىر كۆرۈپ باقايلى ، زاكىردىنمۇ چوڭراق باي بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس ،

دەپ ئويلىدىم .

ئەتىسى ئەتىگەندىلا قېيناتامنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەن ئايالىمغا ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم. ئايالىم ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ تىرەجەپلا تۇرۇۋالدى . «تاپاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ سىياسەت يول قويىدۇ ، ئالدىرىماي ئويلىشىپ بىر ئىش قىلمامدۇق ، ناتونۇش ئادەمنىڭ كەينىگە كىرمىسىلە» دېدى . يۈرىكىمگە كىرىۋالغان «بىراقلا باي بولۇش» دېگەن جىن ، ئايالىمنىڭ تاش چىشلەپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن چىقىپ كېتەتتىمۇ ؟ گەرچە زاكىرنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئېنىق ئۇقمىساممۇ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يوللىرىنى دۇرۇس دەپ بىلدىم . ئايالىمنىڭ قارشىلىقلىرىنىمۇ «خوتۇن كىشىنىڭ كاللىسى نەگە يېتەتتى ، قېنى ، بىر باغلام پۇلنى كۆتۈرۈپ قايتايچۇ ، ئەقلىمگە قايىل بولمىغىنىنى شۇ چاغدا كۆرەرمىز» دېدىم ـ دە ، ئۇنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ، تارتىپ ، تېپىپ دېگۈدەك ئېتىزدىنمۇ ، ئۆيدىنمۇ پېشىمنى قاقتىم . بىر ئاخشىمى ئەل ئايغى جىمىققاندا زاكىر بىلەن پۈتۈشكەن يەردە ئۇچرىشىپ يۈرتتىن ئايرىلدۇق .

شۇنداق قىلىپ مەن يۇرتتىن چىقىپ كەتتىم . ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى ئىشكىمىز ئالدىدا تۇرۇپ قارىغاندا كۆزۈم يەتكۈچىلىك دائىرىدىن چىقىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ، سەپەرنىڭ تۇنجى كۈنى يېتىپ بارغان بازارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم خېلىلا ئېچىلىپ قالدى . ھەتتا ئىچىمدە ھېلىغىچىلىك تاپقان پۇلۇمنىڭ لەززىتىنى تېتىپ يۈرت كۆرمىگىنىمگە پۇشايمانمۇ قىلدىم . شۇ ئاخشىمى بىز زاكىرنىڭ بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە بولدۇق . ئۇ كىشىنىڭمۇ قولى كەڭ ئىكەن . تويغۇچە يەپ ، قانغۇچە ئىچتۇق . زاكىر ھازىرقى ئاقىدىغان سودىسى ئېشەك سودىسى ئىكەنلىكىنى ، ماڭا ياردەملىشىپ ئەرزان باھادا ئېشەك ئېلىشىپ ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئېشەك بېشىدا يۈز نەچچە يۈەن ، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپرەك پايدا قالىدىكەن . زاكىرنىڭ

غەمخورلۇقلىرىغا ئىچىمدە سۆيۈنۈپ پۈتۈن ئىختىيارىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇۋەتكەن تۇرسام بۇنداق مۇۋاپىق مەسلىھەتكە نىمىمۇ دەيتتىم ؟

ئەتىسى بىر يەكشەنبىدىن پايدىلىنىپلا ھىلىقى يېڭى تونۇشنىڭ ياردىمى بىلەن ئېشەك سېتىۋېلىپ ، چوڭ كوزۇپلۇق ماشىنا شوپۇرى بىلەن سۆزلىشىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدۇق . بەكمۇ ئەرزان سېتىۋالغان بىر چامبۇل ئېشەكنىڭ يولدا ئۆلۈپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا چوڭ چىقىمدار بولمىدىم ، چاي ـ پاي ، تاماقنىمۇ زاكىر ئېلىپ تۇردى . كېيىنچە ئېشەك سودىسىدا پايدا ئالغىنىمدا ئۇنىڭ غەمخورلۇقىغا لايىق كۆڭلىنى ئېلىپ قويۇشنىمۇ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم .

يولدا بەزىدە توختاپ ئېشەكلەرگە پىچان سېلىپ بېرىپ ، سۇغىرىپ تۇرغاندىن تاشقىرى قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا كۆڭلۈم ھېسابقا يېقىن بولۇپ قالدى . ئېشەك بېشىدا كەم دېگەندىمۇ يۈز يۈەندىن پايدا قالسا دەسمايەم بىر قاتلىنىدۇ . قايتاشىمدا دىلۇن ـ پىلۇن دېگەنلەردىن ئېلىپ بېرىپ يۇرتتا ساتسام يەنە بىر قاتلىنىدۇ . ئۇ چاغدا ئەترەتتىن كۆتۈرە ئالغان يەرنى قايتۇرۇۋېتىمەن ـ دە ، بازاردا بىر دۇكان ئاچىمەن . ئايالىم سودا قىلىدۇ . مەن بولسام يەنە قاترايمەن . ئۇ چاغدا... دېگەنلەرنىمۇ خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم .

شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق . پويىز ئىستانسىسىدا ئېشەكلەرنى مال دوختۇرلىرى تەكشۈرەيدىكەن . ئاندىن ئېشەك سېتىۋالغۇچىلار بىلەن نەرخى ـ ناۋا ئۈستىدە سۆزلىشىدىكەنمىز . شۇ چاغدا زاكىر ماڭا «سىز ئىش كۆرمىگەن ، سودا دېگەن ئىنچىكە نەرسە ، سەل ـ پەل بىخۇتلۇق قىلسىڭىز زىيان تارتىدىغان ، ئالدىنىپ قالىدىغان گەپ» دېدى . ماڭا ئېشەكلەرگە قاراپ تۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ، ھىلىقى ئىشلارغا ئۆزى ماڭماقچى بولدى . ئويلاپ قارىسام ئۇنىڭ بۇ چارىسىمۇ دۇرۇستەك بىلىندى . چۈنكى ، ئېشەك سېتىۋالغۇچىلار بىلەن خەنزۇچە كالدىرلىشىدىغان گەپ ئىكەن .

مەن ئىشەكلەرنى ۋاگونغا چىقىرىپ بىرىپ ئۆزۈممۇ قۇلىقىم ئاڭلىغان ۋە ھېلىغىچە كۆزۈم كۆرمىگەن پويىز دېگەن نەرسىگە چىققانلىقىمنىڭ خۇشاللىقىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتىمەن. يۇرتقا قايتىپ بارغىنىمدا ئايالىم ۋە قوشنا ـ قولۇملىرىمغا بار يەردە، پويىزغا چىقتىم، دېگەن گەپنى قانداق ئاھاڭدا ئېيتىشىمنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا پويىز ۋارقىراپ قالدى. پويىز بىلەن بىللە كېتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ چۈشۈپ «نەگە قاچماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟» دەپ توۋلىدىم. بىر ياخشى نىيەتلىك كىشىنىڭ گەپنى ئۆرۈپ بېرىشىگە قاراپ، ئېشەك سېتىۋالغۇچىلارنىڭ پۇلنى ئالماقچان تۆلەپ بولغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلار ھەتتا پۇل تۆلىگەن ھۆججەتنىمۇ كۆرستىشتى. مەن جىلە بولغىنىمچە «ئېشەك مېنىڭ تۇرسا پۇلنى كىم ئالاتتى» دېسەم، ئۇلار: «پۇلنى ھېلىقى كىشى ئالدى» دېدى، مېنىڭ نامىمدىكى ھۆججەتنىمۇ كۆرسەتتى. پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى تېخى مېنى ئېشەك سېتىۋالغۇچىلارغا ئېشەكنى ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپارغۇچە قارىشىپ بېرىدىغان ئادەم دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا بىر ساقچى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، پېشانەمگە بىرنى ئۇردۇم ـ دە، پويىزدىن سەكرەپ چۈشۈپ زاكىرنى ئىزدىدىم. ساقچىلارمۇ ئىزدىدى. ئەمما، ئۇ يەردىمۇ، ئاسماندىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى، پايدا ئۇياقتا تۇرسۇن، دەسمايەمدىنمۇ قۇرۇق قالغانلىقىمنى چۈشەندىم.

يىغلىدىم، قاقشىدىم، بىر پۇلسىز، بىر نانسىز يۇرۇپ، بېشىم قايغان، پۈتۈم تايغان تەرەپكە قاتراپ زاكىرنى ئۇچرىتىپ قىلىش ئۈمىدىدە يۇردۇم. ئەگەر ئۇنى تېپىۋالسام تاپقان يېرىمدە ئەدىپىنى راسا بېرىپ، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋاسىنى چىقىرىپ، دەرھال ساقچىغا سۆرەپ ئاپىرىمەن دەپ قەسەممۇ قىلدىم. ئەمما، زاكىرنى تېپىپ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىمگە يېتەلمەيلا قالماي، مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم. ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە جىنىمنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويمىغان

بولسامۇ ، هازىر ماڭا ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق . نېمە ئۈچۈن ئايالىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغاندىمەن ؟ نېمىشقىمۇ ئالدامچىنىڭ كەينىگە كىرگەندىمەن ؟ ئەمدى مۇشۇ هال بىلەن يۇرتقا بارسام ئايالىم مېنى كەچۈرەرمۇ ؟

ئۇكام ، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار مانا مۇشۇ ، كۆرگەن كۈنۈمنىڭ ئوندىن بىرى مانا مۇشۇ ، ئەمدى قانداقلا بولمىسۇن يۇرتقا قايتىش ، ئەخمەقلىقىم ئۈچۈن خوتۇن ـ بالىلىرىمدىن ئەپۇ سوراش قارارىغا كەلدىم . يۇرتقا قايتاي دەيمەنۇ ، پۇل يوق . ئايالىمدىن پۇل سوراي دېسەم يۈزۈم يوق . شۇنداق بولسىمۇ خەتنىڭ بىر يېرىگە قىستۇرۇپ قويسىلا ، مېنى ئەپۇ قىلىپ قايتىپ كېتىشكە بىلەت ئالغۇچىلىك پۇل ئەۋەتسۇن . مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردى يامان ئىكەن... ئالدانغانلىقنىڭ دەردى ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىكەن...

مەن ئۆزۈمگە چىدام بەرگىنىمچە مۇساپىرنىڭ خېتىنى يېزىپ تۈگەتتىم ، ئۆزىگە ئوقۇپ بەردىم . قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى ياساپ ، قوراشتۇرۇپ چىققان تەسىرلىك جۈملىلەرنى ئاڭلىغىنىدا ، ئۇ ئۆزىگە ئەمەس ، باشقا بىرىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىگە ھېسداشلىق قىلغاندەك كۆزىگە بىرقانچە قېتىم ياش ئالدى . خەتنى پۇكلەۋاتقىنىمدا ناتونۇش كىشى ياماق چۈشكەن يالاڭ كىيىمىنىڭ يانچۇقىنى بىر هازا ئاختۇرۇپ بەش موچەنلىكتىن بىرنى ئالدى ـ دە ، ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇكام ، ئۆزلىرىگە مىڭ رەھمەت ، لايىقلىرىدا ئەمەس ، شۇنداق بولسىمۇ مۇنۇ پۇلنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا ، بارى مۇشۇكەن ، تاماكا بولسىمۇ...

ئۇنىڭ بىچارە هالىتىگە قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىردىنبىر بايلىقى بولغان بەش موچەن پۇلنى ئېلىش ئەمەس ، بەلكى يېنىمدا كۆپرەك پۇل بولسا ئىدى ، ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىۋېتىشكىمۇ تەييار ئىدىم ، شۇڭا ئۇنىڭ قولىنى قايتۇرۇپ تۇرۇپ سورىدىم :

— ئايالىڭىز پۇل ئەۋەتسە قايسى ئادرېسقا ئەۋەتىدۇ ؟

ئادرېسىنى مۇشۇ خەتكە يېزىپ قويمىساق بولمايدۇ.

ئۇ بۇ مۇھىم مەسىلىنى ئەمدىلا ئېسىگە كەلتۈرگەن بولسا كېرەك، بىردىنلا جىددىيلىشىپ:

— تۇرار جايىمنىڭمۇ تايىنى يوق، يا بۇ شەھەردە بىر كىمنى تونۇمايمەن. قانداق قىلغۇلۇق بۇ ئىشنى؟ — دېدى.

— يۈرۈڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا كەسكىن ھالدا قىلغان ياخشىلىقىمنى ئاخىرغىچە يەتكۈزمەكچى بولۇپ، — ئۆيۈمنى كۆرۈپ قويۇڭ، مەن مۇشۇ شەھەردە ئىشلەيمەن، خەتكە مېنىڭ ئادرېسىمنى يېزىپ قويايلى - دە، پۇلنى سىز مەندىن تاپشۇرۇۋېلىڭ. ماڭا ئىشىنەمسىز؟

— ئىشەنمەمدىغان؟! بايامۇ كۆزۈم خاتا كۆرمەپتىكەن، خۇداغا شۈكۈر، ئىشىم ئوڭدىن كېلىۋاتىدۇ. كېچە ياخشى چۈش كۆرۈپ قاپتىكەنمەن...

ئۇ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە كەينىمدىن كەلمەكتە ئىدى. كېلىۋېتىپ «كېچە ياخشى چۈش كۆرۈپ قاپتىكەنمەن» دېگەن سۆزنى پات - پات تەكرارلايتتى.

1984 - يىلى ئاپرېل.



## ئۆيۈمگە ئوغرى كىردى

بىر سائەت 30 مىنۇت ، بۇ — چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت .

30 مىنۇت . بۇ — ئىشخانىدىن ئۆيۈمگە بىر قېتىم بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئەڭ قىسقا ۋاقىت . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن كەينىمدىن ئىت قوغلىغاندەك ئىككى چامدام ئارىلىقنى بىر چامدىغان پېتىم ئۆيگە كەلدىم .

قاراڭغۇ كارىدوردىكى كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆي ، سول تەرەپتە ئوچاق ، ئوڭ تەرەپتە ئىككى ئاددىي كرېسلو ، ئىشىكنىڭ كەينىدە قازان - قومۇچ ۋە ئىدىش ، تۆر تامغا يۆلەپ قويۇلغان كارىۋاتتا تۇنجى تۇغۇتىدىن يەڭگىگىنىگە ئەمدىلا بەش كۈن بولغان ئايالىم زاكىلانغان بوۋاقنى ئۆزىگە چاپلىغىنىچە ئىشىككە قاراپ ياتاتتى . كىرىشىمگىلا ئۇ يوتقاننى شارتتىدە تارتىپ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگىچە يېپىۋىدى ، بوۋاق خۇددى بىرى چىمدىۋالغاندەك قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى . ئايالىم نارازىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزىنى مەندىن قاچۇرغىنىچە بالىنى «يىغلىماڭ بالام ، قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ ؟ سوغۇقتا توڭلاپ كەتتىڭىزمۇ ؟ دادىڭىزنىڭ بىز بىلەن كارى يوق بالام ، ئۇنىڭغا خىزمەتتىن باشقىسى لازىم ئەمەس بالام…» دەپ پەپىلىگىلى تۇردى .

بۇ گەپنىڭ بالىغا ئەمەس ، بەلكى ماڭا قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى . دېمىسىمۇ ، ئوچاققا ئەتىگەندە يېقىپ قويغان ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈپ كەتكەچكە ئۆي سوۋۇپ قالغان . ئەگەر لەپىلدەپ يېنىپ تۇرغان قارنى غىرىچ قېلىنلىقتىكى ئۆگزە توسۇۋالمىسا ئىدى ، ئۆي ئىچى بىلەن تاشقىرىنىڭ پەرقىنى

www.uyghurkitap.com

ھېس قىلغىلى بولمايتتى . بىراق ، مەندە ئانا ـ بالا بىچارىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق شارائىتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ كەتكۈدەك ئامالمۇ يوق ئىدى . كىچىكرەك بىر باشلىق بولغىنىم ئۈچۈن ئىشتىن قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس . بۆلۈمنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى كۈندە بېجىرمىسەم بولمايتتى .

مەن ئايالىمنىڭ تەنلىرىگە باشتىن ـ ئاخىر سۈكۈت ساقلاپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم ـ دە ، ئوت يېقىپ ، قازاننى ئاستىم . چۈشلۈك غىزا ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بىردىنبىر ھۈنىرىمگە تايىنىپ ، ئىككى كۈن ئاۋۋال قوشنا ئايالغا كەستۈرۈۋالغان قۇرۇق چۆپ ۋە ئەتىگەندە توغراپ قويغان گۆش بىلەن خام قىيما سۇيۇقئاش ئېتىپ بەرمەكچىدىم .

قازانغا ئەمدىلا سۇ قۇيۇپ بولۇپ تۇرۇۋىدىم ، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ، توم ـ توم قاشلىرى ۋە ئۆسۈپ كەتكەن بۇرۇتىنى قىرىۋالغان ۋايىت ئەپەندى تەكەللۇپسىز كىرىپ كەلدى . مەنمۇ ئۆيىمىزگە تۇنجى قېتىم ، شۇنداقلا تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ سالاپەتلىك مېھمانغا تەمتىرىگەن ھالدا قولۇمنى ئۇزاتتىم ۋە تىنچلىق سورىدىم .

— قانداق ئەھۋاللىرى ئەپەندىم ؟

— سىزنىڭمۇ ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ ؟ ساق تۇرۇۋاتامسەن ، تېنىڭ تازىمۇ ، ئۆزۈڭ ئوبدانمۇ ؟ تىنچلىقمۇ ، ئەھۋال ئوبدانمۇ ، بالىلىرىڭ ياخشىمۇ ؟…

ۋايىت ئەپەندى تۇرۇپ قىلمايلا پەلىيىنى تومپۇچكا ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ يوغان بەدىنىنى كىرىسلوغا جايلاشتۇردى . مەنمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن سوئاللارغا ھولۇققان پېتىم جاۋاب بەرگەچ ، مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كىرىسلونىڭ بىرىگە ئولتۇردۇم .

بىلىشىمچە ، ۋايىت ئەپەندى مەلۇم نەزەرىيە تەتقىقاتى ئورنىدا ئىشلەيتتى . بىر يىل بۇرۇن بولسا كېرەك ، ئىككىمىز بىر مۇھاكىمە يىغىنىدا ئەسرا بولۇشقاندىن كېيىن قايتا ئۇچراشمىغان بولساقمۇ ، لېكىن ھەر ھالدا ناتونۇشلاردىن ھېسابلانمايتتۇق . بىراق ، كەم ئۇچرايدىغان بۇ مېھماننىڭ مۇشۇنداق قاملاشمىغان بىر

چاغدا كېلىپ قېلىشى مېنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمىدى .

ئۇ هاۋانىڭ شۇنچە سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دادلىدى ۋە ئۆي دېگەن جەزمەن ئىسسىق بولۇشى كېرەك ، دېگەندەك سوكنا كەپكىسىنى ئېلىپ ، تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ بولغان شالاڭ چاچلىق بېشىنى سىلاپ قويۇپ سۆز باشلىدى :

— ئۆيۈڭنى سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ تەسلىكتە تاپتىم ئۇكا ، بەلكى كېلىش مەقسىتىمنى بىلىشكە ئالدىرايدىغانسەن ، مەقسەت ئۆز - ئۆزىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇ ، مەن بىر ئەخلاقشۇناس ئادەم ، ئەخلاق ساڭىمۇ ، ماڭىمۇ ، جەمئىيەتكىمۇ زۆرۈر…

ئۇ مەقسىتىنى كۆڭلىدىكىدەك چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق سۆز تاللىسا بولىدىغانلىقىنى ئويلىۋالماقچى بولغاندەك ، سۇ يىغىلىپ قالغان كۆلچەكلەردەك پارقىراپ تۇرغان چوڭقۇر ۋە كىچىك كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى . مەن ئايالىمغا «بالىنىڭ يىغىسىنى توختات ، مېهمان ئەدەپسىزلىك هېس قىلىپ قالمىسۇن» دېگەن مەندە خۇپىيانە ئىشارەت قىلىۋالغاندىن كېيىن ئوپۇل - توپۇل چاي دەملىدىم - دە ، قالغان - قاتقان نانلارنى لېگەنگە ئېلىپ ۋايىت ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئىزا تارتقىنىمچە قويدۇم .

— سەن بىلەن ئۇكام ، — ئۇ بىر چىشلەم ناننى ئاغزىغا سېلىپ قارىداپ كەتكەن لېۋىنى پىيالىگە تەگكۈزۈۋالغاندىن كېيىن نە يىغا ، نە ئايالىمنىڭ بالىنى پەپىلەشلىرى قۇلىقىغا كىرمىگەندەك بەخىرامان هالدا سۆزلىدى ، — ئەخلاق — بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسى ، ئۇ ئۇستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ، ئەخلاق قارىشى باشقا ئاڭ فورمىلىرىغا ئوخشاش ، مەسىلەن ، سىياسىي قاراش ، هوقۇقچىلىق قارىشى ، پەلسەپە قارىشىغا ئوخشاشلا مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . شۇڭلاشقا…

ئايالىمنىڭ كارىۋاتنى غىچىرلىتىشى ۋە بوۋاقنىڭ يىغىسى ۋايىت ئەپەندىنىڭ سۆزىگە هالاقىت يەتكۈزدى . چۈنكى ، قايىنغان سۇنىڭ هورى خۇددى 200 يىلدىن بۇرۇنقى پار ماشىنىسىنىڭ ئىپتىدائىي تەجرىبىسىنى مېھمىنىم ئالدىدا قايتا نامايان قىلغاندەك

www.uyghurkitap.com



قازان تۈۋىقىنى تىرىقلاتقىلى تۇردى . بۇ سادا تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا بەش كۈن بولغان بوۋاقىنىڭ شەرتلىك رېفلېكسىنى قوزغىۋەتكەندى . ئېيتىلىشىچە ، پاۋلوف شەرتلىك رېفلېكسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىتقا ئوزۇق بەرگەندە يالاق بېشىغا ھەپتىلىك چىراغ ياققانىكەن . بىراق ، بىزنىڭ بوۋاق بىرقانچە كۈندىلا بۇ جەرياننى تاماملاپ ، ئۆزىنىڭ نېرۋا سىستېمىسى تەرەققىي تاپقان ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىشقا ئۈلگۈرگەندى . مەن ۋايىت ئەپەندىنىڭ چاي ئوتلاۋاتقان پۇرستىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ، قازانغا قىيما ۋە چۆپنى تاشلىغۇالماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇۋىدىم ، ئۇنىڭ يېنىك تەنبىھىسىگە داخىل بولۇپ قالدىم . ئۇ پېشىمدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ پەلسەپە ۋە ئەخلاق پەنلىرىدىن ئۆتۈۋاتقان دەرسىنى داۋام قىلدى :

— شۇڭلاشقا ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتنىڭ مۇناسىپ ھالدا ئوخشاش بولمىغان ئەخلاق ئۆلچىمى بولىدۇ . دېمەكچىمەنكى ، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ مۇناسىپ ئەخلاق ئۆلچىمى بولىدۇ . ھالبۇكى ، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە بولسا بىزنىڭ ياشلىرىمىز...

مېنىڭ ئەس ـ يادىم بىر يېرىم سائەتلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ قورساق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەچكە ، ۋايىت ئەپەندىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى . سائىتىمگە قارىدىم ، يەنە 20 مىنۇت ۋاقىت قاپتۇ . شۇڭا ، ئۇ ئەمدىلا سۆز باشلىغاندا «شۇنداقمۇ؟ شۇنداق بوپتۇمۇ؟» دېگەندەك ئۇنىۋېرسال سوئاللارنى قويۇپ سۆھبىتىگە پىشانىڭ سىلىپ بەرگەن بولسام ، ئەمدىلىكتە توغرا كەلسىمۇ ، كەلمىسىمۇ «ھە ، ھە» دېيىشكە چۈشكەنىدىم . ۋايىت ئەپەندى يوغان بۇرنىنىڭ ئۈچىدىلا ئېسىلىپ قالغان بىر تامچە سۇنى سۈرتۈۋېتىش ئۈچۈن قولياغلىق ئىزدەۋاتقاندا ئايالىم سول قولىنىڭ بېغىشىنى كۆرستىپ تۇيدۇرمايلا ئىشارەت قىلدى . بۇ «ۋاقىت توشۇپ قالاي دەۋاتىدۇ ، ئاش بولسا پىشمايۋاتىدۇ» دەۋاتقىنى ئىدى . مەن «ھە ،

هە» نى ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي ، قازانغا چۆپ تاشلىۋالاي دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتىم . ۋايىت ئەپەندى سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى :

— بىزنىڭ ياشلىرىمىز ياشانغانلارنى ، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەت قىلمايۋاتىدۇ...

كۆڭلۈمدىن «بۇ گەپ مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇۋاتامدۇ ـ نېمە» دېگەن ئوي كەچتى . ئاياغلىرىم خىجىللىق دەستىدىن دەرمانسىزلاندى ـ دە ، قىمىر قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم . پۈتۈن شەھەردە داڭقى بار بىر ئەخلاقشۇناس ئالدىدا ياشانغانلارنى ، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەت قىلمايدۇ ، دېگەن ئاتاقنى ئېلىشىم مۇمكىنمۇ ؟

— دېمەكچىمەنكى ، ياشلار ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ۋايىت ئەپەندى ، — ھە دېسە ساقالىغا ئېسىلىدۇ ، غەلىتە كىيىملەرنى كىيىشىپ ، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىشىدۇ...

چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىتنىڭ ئاخىرقى ئون مىنۇتى قالغاندا قوقاسقا دەسسىۋالغان توخۇدەك بولۇپ كەتتىم . مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا تاماققا تۇتۇش قىلايمۇ ؟ ياق ، ياق ، ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايتتى . ئەخلاقسىزلىقنىڭ پۈتۈن ئالامەتلىرى ياشلارنىڭ ئۈستىدىلا كۆرۈلۈۋاتقان بۇنداق چاغلاردا ئەخلاقسىزلار قاتارىغا ئۆتۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىمىسەم بولامدۇ ؟ ئەگەر نېمە بولسا بولسۇن دەپلا ۋايىت ئەپەندىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئۆز ئىشىم بىلەن بەند بولىۋەرسەم ، ئەخلاق ئۆلچىمىگە خىلاپ ئىش قىلغان ھېسابلانمامدىمەن ؟ ئەگەر بىرەر يىغىندا ۋايىت ئەپەندى ياشلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقى ئۈستىدە توختالغاندا مېنىڭ سەۋەنلىكىمنى تۇيدۇرماي مىسال قىلىپ سۆزلەپ ئۆتسە نېمىدېگەن سەتچىلىك ؟ ئەڭ ياخشىسى ۋايىت ئەپەندى بۇ ئۆيدە تۇغۇتلۇق ئايال بارلىقىنى ، ئۇنىڭ چۈشلۈك تاماققا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى ، جەزمەن

ماڭا يول قويغان بولاتتى ، دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئىچىمدە . شۇ ئەسنادا ۋايىت ئەپەندىنىڭ «ھە ، نەچچە كۈن بولدى ؟ » دېگەن سۆزى قۇلىقىمغا چالا ـ بۇلا كىرىپ قالدى . مەن ئۇنى «ئايالىڭ يەڭگىلى نەچچە كۈن بولدى» دەۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە ، ئالدىراپ جاۋاب بەردىم :

— بەش كۈن بولدى ئەپەندىم ، ئەمدىلا بەش كۈن !

— ياق ، ئون كۈن بولدىغۇ دەيمەن ؟

— ياق توپتوغرا بەش كۈن بولدى .

— توختاپ تۇر ئۇكا ، — دېدى ۋايىت ئەپەندى بارمىقىنى بىر ـ بىرلەپ بېسىپ ، — ھېچ خاتاسى يوق ئون كۈن بولۇپتۇ .

مەن ئۇنىڭ سوئالىنى خاتا چۈشىنىۋاتىمەنمۇ ـ نېمە ؟ دەپ ئويلىدىم ، شۇڭا چۈشەنچەمدىن گۇمان قىلىپ قايتۇرمىلاپ سورىدىم :

— نېمىگە ئون كۈن بولدى دەۋاتىلا ئەپەندىم ؟

— مېنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى» دېگەن ماقالەم رادىئودا ئاڭلىتىلغىلى ، سەنمۇ ئاڭلىغانسەن ئەلۋەتتە .

ئەپەندىنىڭ سوئالىغا بېرىلگەن جاۋابىمنىڭ خاتالىقى ۋە ئۈمىدىمنىڭ يوققا چىققانلىقى تۈپەيلى سۆھبەتتىن كۆڭلۈم سوۋۇپ تۇراتتى ، ۋايىت ئەپەندى پەلتوسىنى يېشىپلا كارىۋات ئۈستىگە تاشلىدى . ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يەردىن پات قوزغالماقچى ئەمەسلىكىگە تولۇق ئىشىنىپ «بۈگۈن مېنى خۇدا ئۇرۇپتۇ» دېدىم ئىچىمدە ، ۋايىت ئەپەندى ھېلىغىچە نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەپ زۆرۈر بولغان ئىزاھاتلارنى بەرگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كېلىش مەقسىتىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچبىر ئاڭقىرالمايۋاتاتتىم . سائەت تىلى بولسا دەل ئىش ۋاقتىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى .

ۋايىت ئەپەندىنىڭ تەنتەنىلىك نۇتقىنىڭ داۋامى ئۈچۈن يەنە 20 مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى . خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ئاچ قويىدىغانلىقىمغا

كۆزۈم يېتىپ تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغىنىمدا ۋايىت ئەپەندى مېنى ئىزدەپ كېلىش مەقسىتى ئۈستىدە سۆز ئاچتى:

— مەركەزدە ئېچىلىدىغان ئەخلاق تەتقىقات يىغىنى ئۆگۈنلۈككە باشلانماقچىكەن، — دېدى ئۇ ئىچ يانچۇقىدىن ئايروپىلان بېلىتىنى چىقىرىپ نامايىش قىلىپ، — مەن شۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىنىپتىمەن. ئەخلاق جەمئىيىتى ماڭا بەكمۇ مۇھىم ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە يۈكلەپتۇ، يىغىندا ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ ئۆتۈشۈم كېرەككەن. شۇڭا، نەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراشمەن. جەمئىيەتتىن ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنىڭ مىساللىرىنى ئىزدەۋاتىمەن. سەن ياشلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى بولغاندىكىن، ياشلار ئىچىدىكى ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنىڭ بىرقانچە مىساللىرى بىلەن تەمىنلەرمىكىن دېگەن مەقسەتتە كەلگەنىدىم.

مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق ئۇقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن چېغىمدا ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىمدىن دەل 25 مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. سەل جىددىيلىشىۋاتقىنىمنى ھېس قىلغان ۋايىت ئەپەندى سائىتىگە قاراپ قويدى.

— ئۇكام، ئىشقا چۈشۈشۈڭگە تېخى يېرىم سائەت بارغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ بەخىراmaن ھالدا.

ئۇنىڭ سوئالىغا ئاۋازىمنى بەكرەك قويۇۋېتىپ سالماق ئاھاڭدا جاۋاب بەردىم:

— 30 مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى!

ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى. مېنىڭمۇ يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. چۈنكى، ئۇنى ئۇزىتىۋېتىپلا قازانغا چۆپ تاشلايمەن ـ دە، ئاشنى پىشىش ـ پىشماسلىقىغا قارىماي ئۇسۇپ بېرىپ يۈگۈرگەن پېتىم ئىشخانىغا جۈنەيمەن.

پەلتوسىنى كىيىپ، ھەممە تۈگمىلىرىنى قائىدە بويىچە ئېتىپ، قوللىرىنى يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، ۋايىت ئەپەندى:

— جۇر ئەمىسە، يولدا ماڭغاچ پاراڭلىشايلى، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىككى ـ ئۈچ مىسالىنى ئېيتىپ بېرەرسەن، —

دېدى مېنى ئالدىرىتىپ .

مەن ئەمدى قانداق قىلاي ؟ ئەخلاقشۇناس ئالدىدا ئەخلاقلىقىمنى نامايان قىلىپ ۋايىت ئەپەندى بىلەن بىللە ماڭايمۇ ياكى ئۇنى ئۆزىتىپ قويۇپلا ئاش يېشۇرۇشقا كىرىشەيمۇ ؟ بىراق ياشلار گۇناھقا يېقىنراق تۇرىدۇ . مەن يوتقانغا پۈركەنگىنىمچە بەكمۇ بىچارە قىياپەتتە ياتقان ئايالىمغا ئاچ قويغانلىقىم ئۈچۈن چەكسىز كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتتە مەيۈسانە قاراپ قويۇپ ۋايىت ئەپەندىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم .

ۋايىت ئەپەندىنىڭ سۆزى يول بويى ئۈزۈلمىدى . ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئەخلاق توغرىسىدا ئىزاھاتلارنى تەپسىلىي بايان قىلدى . ئەمما ، مېنىڭ ياشلار ئارىسىدىكى ئەخلاقسىزلىقنىڭ مىساللىرى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا ھېچبىر ھەپىسلەم يوق ئىدى .

ئىدارىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ۋايىت ئەپەندى خوشلىشىش ئۈچۈن ماڭا تەنتەنە بىلەن قول ئۇزاتتى . ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا بۆلۈمىمىز قارمىقىدىكى ھەممە خىزمەتچىلەرگە چۈشتىن كېيىن مەجلىس ئېچىلىدىغانلىقى ، مەجلىستە مۇھىم مەسىلە مۇزاكىرىگە قويۇلىدىغانلىقى ، ھەممەيلەننىڭ بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەي جەم بولۇشى توغرىسىدا جىددىي قىلىپ تاپىلىغانىدىم . ئەمما ، مەجلىس باشقۇرغۇچى بولغان مەن توپتوغرا 40 مىنۇت كېچىكىۋاتاتتىم .

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىۋالايكى ، مەن مېھماندوست ئادەممەن . ۋايىت ئەپەندىمۇ بۈگۈنكى تاقەتچانلىقىمدىن مېھماندوست ئادەملىكىمگە ھېچبىر شەك كەلتۈرمىسە كېرەك . بىراق ، ئەخلاقشۇناس ۋايىت ئەپەندىنىڭ بۈگۈنكى بىمەنىلىكى ئەقەللىي ئەخلاق جۈملىسىگە ياتامدۇ - يوق ؟ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئامانەت .

1984 - يىلى ماي .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

# پۇشايمان

قۇياش غەربكە ئېگىلگەن چاغ.

ئۈچ ئوغۇل بالا دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان مەھەللە يولى بىلەن ئۆيلىرىگە كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ گۈزەل ياز مەنزىرىسىنىڭ قوچىقىدا ئويىنىشاتتى، شوخلۇق قىلىشاتتى. بالىلارنىڭ چوڭى ھېسابلىنىدىغان قۇدرەت بىردەم ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن كاداڭ تېرەكلەرگە مايمۇندەك ياماشسا، بىردەم ئۆزىدىن بىر ياش كىچىك بولغان ئەكبەرنىڭ گەدىنىگە چاقچاق ئۇتنى تاشلايتتى. قۇدرەت بىلەن ئەكبەردىن ئىككى سىنىپ تۆۋەن بولغان كىچىك نەبىجان بەكمۇ ياۋاش ۋە مۇلايىم ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى ئېرىقتا شاۋقۇنسىز ئېقىۋاتقان سۇغا ماي قەغەزدىن ياسالغان كىچىككىنە قېيىقنى سېلىپ قېيىق بىلەن تەڭ يۈگۈرەيتتى.

بالىلار كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، قۇدرەت يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ غۇلچىنى كەڭ يايدى ـ دە، ئەكبەر بىلەن نەبىجانغا قاراپ دېدى:

— كۆرۈۋاتامسىلەر، — ئۇ ئايلانمىسى تۈت غۇلاچ كەلگۈدەك چوڭ قېرى تېرەكنى كۆرسەتتى، — ئەنە ئاۋۇ كامارنى دەۋاتىمەن.

ئىككىيلەن قۇدرەت كۆرسەتكەن تېرەككە ۋە ئاندىن كامارغا سىنچىلاپ قارىدىيۇ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، قۇدرەتنىڭ كۆزىگە سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىشتى.

قۇدرەت ئەكبەر بىلەن نەبىجاننى مازاق قىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي قارىغۇلار، كۆزۈڭلارنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قاراڭلار، ئاۋۇ

كاماردا ھەرە ئۆۋسى بار ئىكەن .

ئۆچەيلەن ئەندىككەن ھالدا تېرەك تەرەپكە ئىككى ـ ئۈچ قەدەم سىلجىدى .

قېرى تېرەك كامېرىدا قۇدرەت خېلى بۇرۇنلا بىلىدىغان ھەرە ئۇۋىسى بار ئىدى . ئىككى تال شاخ توسۇپ تۇرغان غەلىتە تۆشۈكتىن سېرىق ھەرىلەر ئۈزۈلمەي كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى . سەللا زەن قويغاندا ۋىژ ـ ۋىژ قىلغان ۋەھىملىك ئاۋازنى ئاڭلىغىلىمۇ بولاتتى .

ئۆتكەن يىلىلا سېرىق ھەرە نەشتىرىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ كۆرگەن نەبىجان بۇ سىرلىق كاماردىن يىراقلىشىش مەقسىتىدە كەينىگە ئەمدى بىر قەدەم داجىۋىدى ، قۇدرەت ئۇنى دەرھال توختىتىۋالدى ـ دە ، جىددىي جاكارلىدى :

— ئاغىنىلەر ، ھازىر كىمنىڭ باتۇر ، كىمنىڭ قورقۇنچاق ئىكەنلىكىنى سىنايمىز . كىم ھەرە ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋېتەلىسە شۇ باتۇر ، كىم قورقۇپ قاچسا شۇ توخۇ يۈرەك...

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل مەمەدانلىق ۋە تەھدىتنى سەزگەن سېمىز ، دوغلاق ئەكبەر دەرھال نارازىلىق بىلدۈردى .

— ھەي ، ئۆيىمىزگە تېزرەك كېتەيلى ، بولمىسا تاپشۇرۇقنىمۇ ئىشلىيەلمەي قالىمىز .

قۇدرەت ئەكبەرگە ۋە نەبىجانغا بىر خىل مەنسىتمەسلىك نەزەرىدە كۆز قىسىپ قارىدى ۋە دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ :

— ھە ، كۆرۈپ قويدۇق ، ئەكبەر ، سەنمۇ بىر قورقۇنچاق نېمىكەنسەن ؟ — دېدى .

— قورقۇنچاق ؟ ! كىم قورقۇنچاق ئىكەن ؟

— قورقۇنچاق بولمىساڭ ھەرە ئۇۋىسىنى سەن چۇۋۇيسەن !

— مەن قورقۇنچاق ئەمەس ، ئەخمەقمۇ ئەمەس !

— ھە ، بىلىپ قويدۇق ، قورقىمەن دېگىنە ، بوپتۇ ، قاراپ تۇر ، مەن قورقامدىكەنمەن !

قۇدرەت بوغچىسىنى ئېرىق بويىغا پىرقىرىتىپ تاشلىدى ـ دە ،

قەددىنى رۇسلاپ ، كۆڭلىكى ئۇستىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى قېقىشتۇرۇپ ، شەپكىسىنى تۇزلەپ كىيدى . بىر تال شاخنى سۇندۇرۇپ مەھكەم تۇتقىنىچە ئۆملەپ بېرىپ تېرەككە ياماشتى . ئەكبەر بىلەن نەبىجان ساۋاقدىشىنىڭ قاراپ تۇرۇپ خەتەرگە ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ نېمە قىلارنى بىلمەي قېلىشتى .

قۇدرەت ئادەتتە دەرەخكە چىقىشقا ئۇستا ئىدى . ئۇ ھازىرمۇ ھېچقانداق پۇتاقلىرى بولمىغان ، قوۋزاقلىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن تېرەك غولىغا ئىككى ـ ئۇچلا ياماشىپ ، كامارنىڭ ئاستىغىلا باردى . ئۇ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى قوۋزاق ئارىسىغا تىركەپ ، قولىدىكى ياغاچنى كامارغا تىقىۋىدى ، گىژ ـ گىژ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا بىر توپ ھەرە ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ، ھەرىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىنچ تىرىكچىلىكىنى ، خاتىرجەملىكىنى بۇزغان تاجاۋۇزچىنى ئىزدەپ ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە ئۆزلىرىنى ئۇراتتى . ھەرىلەرمۇ ئۇنچە ئەقىلسىز ئەمەس ئىكەن ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار ئۆز ئۇۋىسىنىڭ يېنىدا مىدىرلاپ تۇرغان قولنى ، پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزنى ، ئاپتاپپەرەسنىڭ تەخسىسگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرنەرسىنى بايقىۋېلىپ ئۆچ ئېلىشقا ئاتلاندى .

ھەرە ئۇۋىسىنى يەنە بىر قېتىم كوچىلاشقا ئۇلگۇرەلمىگەن قۇدرەت تېرەك ئۇستىدىن ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە ، قوللىرى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى دالدا قىلغانچە بىرلا دومىلاپ چىم ۋە قىياقلار ئارىسىدىكى ئېرىققا ئۆزىنى يوشۇردى .

بىراق ، ئۇۋىسى كوچىلانغان ھەرىلەر ئاچچىقىدىن ئەسلا يانمىدى . ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ قۇدرەتنىڭ ئارقىسىدىن ئېرىققا يوپۇرۇلدى ، ئارقىدىنلا يولغا يېيىلىپ ، قېچىپ كېتىۋاتقان بىچارە نەبىجانغا ئولىششقا باشلىدى .

نەبىجان سىرىق ھەرىدىن ئۆلگۈدەك قورققاچقا ، ۋىژىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئۆز ئىختىيارىنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ يالاڭ چاپىنى بىلەن باش ـ كۆزىنى چۈمكەشكە ئۇرۇنۇپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى .

بۇ ھال تۆت ـ بەش قەدەم نېرىدىكى تېرەك كەينىدە پاناھلىنىپ تۇرغان ئەكبەرنىڭ يۈرىكىنى ھەرە چاققاندەكلا ئېچىشتۇرۇۋەتتى . ئۇ نەبىجاننىڭ ئېچىنىشلىق نالە قىلىشلىرىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى ـ دە ، ھېچنېمىگە قارىماي يۈگۈرۈپ كېلىپ ، نەبىجاننىڭ ئۈستىگە تاشلاندى…

بۇ ئىشلار بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا يۈز بەردى . ئەكبەرنىڭ شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن باتۇرلارچە قوغداشلىرى نەتىجىسىدە ھەربىلەر توپى بىر قانچە ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى نەبىجاننىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ، ۋىژىلدىغىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى .

خەتەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلگەن قۇدرەت ئېرىقتىن ئۆمىلەپ تۇردى ۋە پاتقاقتا بۇلغانغان ھالدا ئىككىيلەننىڭ يېنىغا كەلدى . ئەكبەر نەبىجاننىڭ كىيىملىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى . قۇدرەت ئەكبەرنىڭ چېكىسىدىكى ياڭاقتەك ھۆررەكنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى . ئۇ يا ئەكبەرنىڭ ، يا نەبىجاننىڭ كۆزىگە قاريالماي ، تۇرغان ئىزىدا توختاپ تىرنىقىنى كولاشقا باشلىدى . ئۇ پۇشايمان قىلماقتا ئىدى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئادىلە

— ئاپئاق قىزىم ، — دېدى ئايشەمخان موما سىڭلىسىنىڭ سىرىق چاچلىق يوغان قونچىقىنى ئويناۋاتقان ئادىلەگە قاراپ ، — ئۆيدە چاي توگەپ قاپتۇ ، داداڭلار ئىشتىن كەلگۈچە دۇكانلار تاقىلىپ قالمىسۇن ، يۈگۈرۈپ چىقىپ بەش موچەنلىك چاي ئەكىرىپ بەرگىنە .

ئادىلە مومىسىنىڭ پۇل تۇتۇپ تۇرغان قولىغا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ قونچىقىنى ئويناۋەردى . ئۇنىڭ ئاق ۋە دوغىلاق يۈزىدە ، قاپقارا كۆزلىرىدە بۇ سۆزنى قەستەنگە ئاڭلىماسلىققا سېلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

مومىسى كارىۋاتتىن تۇرۇپ قوللىرىنى بېقىنىغا تىرەپ بېلىنى رۇسلىۋالدى . ئاندىن دوڭغاسلىغان پېتى ئادىلەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەركىلەتتى ۋە يالۋۇرغان ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئوبدان قىزىم ، ئورنۇڭدىن تۇر ، ياخشى بالا دېگەن چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان .

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، پۇلنى ئادىلەنىڭ سىقىمىغا تىقىپ قويدى . ئادىلە خۇشياقمىغان هالدا قونچىقىنى ئۇستەل ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، پۇل بار قولىنى كەينىگە يوشۇردى ۋە مومىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ :

— ماقۇل موما ، گېپىڭنى ئاڭلاي ، ئەمما ... — دېدى كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە يېنىك تەۋرىنىپ قويۇپ .

نەۋرىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن موماي پېشانىسىگە يېنىككىنە بىرنى ئۇردى ۋە پىخىلداپ كۈلۈپ ئادىلەگە بەش پۇڭلۇق تەڭگىدىن بىرنى بەردى :

— ھۇ شەيتان ، ئالدىغىنىڭنى ئالدىڭ ، ئەمدىغۇ قوزغىلارسەن ؟

— موما ، — دېدى ئادىلە تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ ، — قارا ، تالادا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ...

ئايشەمخان موما شاپاشلاپ كىرىپ ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن يېشىل يامغۇرلۇقنى تېپىپ چىقتى ـ دە ، ئادىلەگە يېپىنچاقلىتىپ :

— مانا ، ئوبدان بولدى . يامغۇر ئەمدى كىيىملىرىڭنى ھۆل قىلالمايدۇ ، — دېدى خاتىرجەم ھالدا .

لېكىن ، ئادىلە تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ يەنە ماڭغىلى ئۇنىمىدى . موماي بولسا ئاچچىقلانمايتتى .

— موما ، يەنە بەش پۇڭ بېرە ، — دېدى ئادىلە يالۋۇرۇپ .

ئادىلە مومىسى بەرگەن بەش پۇڭنى كىچىك پورتمىنىغا سېلىپ ، ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى .

تالادا سىم ـ سىم يامغۇر ياغماقتا ئىدى . ئادىلە پورتمىنىدىكى پارچە پۇللارنى سانىغاچ كېتىپ باراتتى .

«بىر كوي ئىككى موچەن بولدى ، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە پۇللىرىنى پورتمىنىغا ئاۋايلاپ سېلىۋېتىپ ، — مومام ئىشقا بۇيرۇغانسېرى پۇللىرىم كۆپىيىۋېرىدۇ ، ھەر كۈنى ئىككى موچەنلىك بىڭگور ياكى ماروژنا يېسەم...»

ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى . ئادىلە مال ساتقۇچى ئوراپ بەرگەن بولاقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا بىر جۈپ قول كەينىدىن كېلىپ ، ئۇنىڭ كۆزىنى كاپلا قىلىپ ئېتىۋالدى :

— مەن كىم ؟

سەل ـ پەل ئۆزگىرىپ چىققان ياسالما ئاۋازدىن ئادىلە كىمدۇ بىرىنىڭ ئۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېنىق بىلەلمەي ، قىياسەن جاۋاب بەردى :

— زۇمرەت !

— ...

www.uyghurkitap.com

— پەردە !

— ...

— خاسىيەت !

قولنىڭ ئىگىسى ئاخىر ئادلەدىن سورىدى :

— سۈزگۈچمۇ ، تارغاقمۇ ؟

ئادلە جاۋاب بەردى :

— تارغاق !

ئادلە يېنىككىنە سىلانغان كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى ، ساۋاقدىشى رەيھاننى كۆردى .

كۆرۈشمىگىلى تېخى ئىككى سائەتلا بولغان بۇ بىر جۈپ ساۋاقداش بىر هازا كۆلۈشۈۋېلىپ گەپكە چۈشتى .

— سەنزە ، يەنە كەمپۈت سېتىۋاپسەن ـ دە ؟ — رەيھان ئادلەنىڭ قولىدىكى بولاققا قاراپ ئىما قىلدى ، — كەمپۈتنى تولا يېسە چىشقا قۇرت چۈشەرمىش . بىزگىمۇ بىر ئۇلۇش بېرەرسەن ؟ !

ئادلە بولاقنىڭ كىچىككىنە يېرىنى يىرتتى ـ دە ، ساۋاقدىشىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى :

— كۆردۈڭمۇ ، نېمىكەن ، ئەگەر چاينى يېگۈڭ كەلسە قولۇڭدىكى قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچ ، بۆلۈپ بېرەي .

ئادلە رەيھاننىڭ قولىدا تۇرغان قەغەز قۇتىنى ۋە قۇتا ئۈستىدىكى «سۈتلۈك پېچىنە» دېگەن خەتنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرگەنىدى .

رەيھان ئادلەنىڭ چاقچىقىدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ، قۇتىنىڭ ئاغزىنى مەردلىك بىلەن ئاچتى ـ دە ، بىر تال پېچىنىنى ئېلىپ ئادلەنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى .

— مۇشۇ بىر تاللىمۇ ؟ — دېدى ئادلە ھەييارلىق بىلەن كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ ، — قارا ، پىخسىقلىقىڭنى ، شۇنچىلىك جېنىڭغا ھەممىنى يالغۇز يەپ كېتەلەمسەن ؟

— قانداقچە ئۆزۈم يەيمەن ؟ — رەيھان كۈلكىسىنى بېسىۋېلىپ

جاۋاب بەردى، — موماغا ئاپىرىپ بېرىمەن.

ئــادىلە ئۇنىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش مومىسى تەرىپىدىن دۇكانغا ئەۋەتىلگەن دەپ ھېسابلاپ، قىزىقسىنىپ سورىدى:

— موماڭ ساڭا قانچە پۇل بەردى؟

— پۇل بەرمىدى، — دېدى رەيھان.

— سېنى ئىشقا بۇيرۇغاندىكىن ئەلۋەتتە پۇل بېرىدۇ ـ دە!

رەيھان ئادىلەنىڭ سۆزىنى «موماڭ پېچىنە سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل بەردىمۇ» دەۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ بېشىنى چايقىدى ـ دە، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

رەيــھــان ھەر قېتىم ئاتا ـ ئانىسى بەرگەن پارچە ـ پۇرات پــۇللارنى يىغىپ، ئۇ پۇلغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، مومىسىغا ئاپىرىپ بېرەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئادىلە ئۆزىنىڭ مومىسى ئۈچۈن كۆيۈنمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن تاپان ھەققى ئالغانلىقىنى ئويلاپ خىجىل بولۇشقا باشلىدى.

— جىمىپلا كەتتىڭغۇ ئادىلە؟ — دېدى رەيھان ئۇنى ئىشىك تەرەپكە تارتىۋېتىپ، — يۈر، كېتەيلى.

ئادىلە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بولۇپ، يەنە تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلدى:

— كەتمەمدۇق؟

— توختاپ تۇر، بىر قۇتا پېچىنە ئېلىۋالاي.

— بايام بىراقلا ئالساڭ بولمايتتىمۇ؟

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى.

ئــادىــلە پېچىنىلەر قويۇلغان پەشتاختا ئالدىغا باردى ـ دە، پــورتــمــىــنــدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ مال ساتقۇچىغا ئۇزاتتى.

1987 ـ يىلى ئاپرېل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئاھ ، شەپقەتلىك ئانا

پەرھات ، چۈش كۆردى .

نەپىس ئاق شايى كەبى نېپىز بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن بىپايان ئاسمان ، ئۇ ئاشۇ ئاق بۇلۇتلار ئاستىدە زەڭگەردەك كۆك گۈمبىزى ئاستىدا ئۇچۇپ كېتىپ بارىدۇ . ئۇ پەيدەك يەڭگىل ، بىر قولى بىلەن سالقىن ھاۋا دولقۇنلىرىنى يارىدۇ ، بىر قولى ئۆزى بىلەن يانمۇيان ئۇچۇۋاتقان ئاق قۇنىڭ بويىنىدا ، ئۇ راستىنىلا ئاق قۇمىكىن ؟ ياق ، ئۇ ئېھتىمال ئاق قۇ بولمىسا كېرەك . ئاق قۇنىڭ نەدىمۇ بۇنداق جىلۋىگەر ، تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھۆسن ـ جامالى ، قاراقاتتەك قارا ، تېپىشماقتەك سېھىرلىك كۆزلىرى بولسۇن ؟ ! ئۇ ئاق قۇ ئەمەسمۇ يا ؟ ياق ، ئۇ ئاق قۇ ، جىسمانەنمۇ ئاق قۇ ، ئۇ ئاق قۇدەك ئاق ، سەلتەنەتلىك بېشىمۇ ، نازۇك تېنىمۇ قاردەك ئاپئاق !

پەرھات ئاق قۇ بىلەن بىللە كەلكۈنلۈك دەريا ھاۋزىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇش تۇماندەك يېنىك ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ، يەر يۈزىگە قارايدۇ . مىڭلارچە گەز تۆۋەندىكى يەرمۇ ئۇلارغا يېقىملىق ناز قىلىدۇ . يەرلا ئەمەس ، يەر يۈزىدىكى جىمى مەۋجۇداتلار — مەخمەل يېپىنغان ياپيېشىل ۋادا ، بۇلۇتلار بىلەن پىچىرلىشىپ تۇرغان تېرەكلەر ، ئۇپۇق بىلەن سۆيۈشكەن ئېتىز ـ قىرلار ، خۇش ھىد باغۋارانلار ، ئېپار بويلۇق گۈل ـ چېچەكلەر ، ئەقەللىيسى ، دالا گىرۋەكلىرىگە يانپاشلىغان ئېدىرلار پۈتكۈل جىسمىنى كۆز قىلىپ ئۇلارغا زوق بىلەن تىكىلىشىدۇ . تونۇش چىرايلار ، ئىشقىۋاز يىگىتلەر ، مۇھەببەتلىك جانانلار كۆككە قاراپ مەجنۇنلارچە تەنتەنە قىلىشىدۇ...

ئۇ توختاۋسىز ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ ، ئۇچقانسېرى يۇقىرى

كۆتۈرۈلىدۇ ، ئۇنىڭ ھەمراھى — ئاق قۇنىڭ ئوتلۇق نەپسى ۋۇجۇدىغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ . يۇمشاق بۇلۇتلار ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ ، سادىق ھىمايىچىلەردەك تەڭ ئۇچۇشىدۇ ، بۇلۇتلار ئارىسى تولىمۇ جىمجىت ، جىمى ئالەم سۈكۈناتلىق...

ئۇلار ئۇچۇپ نەگە بارىدۇ ، قارارگاھى زادى قەيەردە ؟ پەرھات بۇنى بىلمەيدۇ . ئۇ بىلمەك بولۇپ سوئال نەزىرىدە ئاق قۇغا قارايدۇ . ئاق قۇ پەرھاتقا بىر لەۋزە شېرىن كۈلكە ئىنئام قىلىدۇيۇ ، ھېچ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ...

پەرھاتنىڭ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىدى ، سۈتتەك ئاق شولا كىرپىكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ قاپقارا كۆز قارىچۇقىغا تاشلاندى . پەرھات ئويغاندى ، ياق ، ئۇنىڭ ئويقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاچقۇسى يوق ، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان گۈزەل كۆرۈنۈشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ ، ئاق قۇ بىلەن يەنە بىردەم يانمۇيان ئۇچقۇسى ، ھاياتنىڭ جانىنى مەھلىيا قىلارلىق شېرىن دەملىرىنىڭ پەيزىنى يەنە بىردەم سۈرگۈسى كېلىدۇ...

ئۆلگۈر شولا ئاخىر ئۇنىڭغا ئەرك بەرمىدى . ھايات تىۋىشلىرى ئاررۇسىغا ھالاقىت يەتكۈزدى . ئۇ كۆزىنى ئاچتى . «تووۋا ، بۇ ھېلىقى ئاق قۇ ئەمەسمۇ ؟ »

خىيالىدىكى شېرىن چۈش بىلەن رېئاللىقنىڭ كارتىنىلىرى تېخى تولۇق ئالمىشىپ ئۈلگۈرمىگەن پەرھات كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كەرىمەنى كۆردى ـ دە ، ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى :

«قاشتېشىدەك ئاق يۈزلۈك ، ئاقپىشماق ، خالاتلىق پەرىزات چۈشۈمدىكى ئاق قۇنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ ، باھار ئايتېپىدەك يېقىملىق تەبەسسۇم ، ئاھۇنىڭكىدەك ئوتلۇق كۆزلەر ، ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ ئۇرۇلغان ئىسسىق نەپەسلەرچۇ ؟ ! »

پەرھات ھەممىنى ئۇنتۇدى ، سەزگۈسى ئىختىيارىدىن قاچتى . كەرىمە كۆزىگە قانداق تىكىلگەن بولسا ، ئۇمۇ شۇنداق تىكىلگىنىچە ياتاتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن چۈشىدىكى ئاق قۇدىنمۇ ، ئوڭىدىكى

سېستىرادىنمۇ كۆزىنى يۆتكىدى ـ دە ، كارىۋاتنىڭ ئولڭ تەرىپىگە قارىدى . ئۇنىڭ يۇزىنى لاپپىدە ئوت ئېلىپ كەتتى ، شۇ ئوت تەپتىدىن ئوتقاشتەك ۋە بەلكى كەچكى شەپەق نۇرى بىلەن بېزەلگەن رەڭدار ئۇپۇق ئاسمىنىدەك قىزاردى .

چۇنكى ، ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا ئانىلىق مېھرى تۆكۇلۇپ تۇرغان ئىللىلىق نەزىرى بىلەن قاراۋاتاتتى . سەل ـ پەل نەملەنگەن كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئېتىلىپ چىققان نۇر ئوتقاش رەڭگى بىلەن مەھكەم گىرەلەشكەنىدى . پەرھات ھارغىنلىق يەتكەن ، ئۇيقۇسىزلىق بىلەن قىزارغان ، ئىنچىكە قورۇقلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرغان كۆزلەردىن ئېتىلىپ چىققان خۇشاللىق نۇرىنىڭ ئۆزى بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغدىكى سەبىي بەستىگە تاشلانغان نۇر بىلەن تامامەن ئوخشايدىغىنىنى نەدىن بىلسۇن ؟ !

پەرھات ئومۇرتقا ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن ھوشىغا كەلگەن ، مورفىنىنىڭ ھوشسىزلاندۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ ، دۇنياغا يەنە بىر قېتىم كۆز ئاچقانىدى .

ئۇ ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا كەرىمەنىڭ كۆزىگە بۇنچىۋالا تىك ۋە ئۇزاق تىكىلگىنىدىن خىجىل بولدىمۇ ، كۆزىنى يۇمدى .

— پەرھات ، ئۆزىڭىزنى ئوبدان ھېس قىلىۋاتامسىز ؟

— ئوغلۇم ، ئاغرىقىڭ قانداقراق ؟

پەرھاتنىڭ مەقسەتلىك كۆز يۇمۇۋېلىشىدىن ئورۇنسىز ساراسىمىگە چۇشكەن ئىككىيلەن تەڭلا سوئال قويدى . ئۇ يەنە كۆزىنى ئاچتى . ئىككى جۇپ كۆزنىڭ قايسىسىغا ئاۋۋال تىكىلىشنى بىلمەي ، كارىۋات بېشىدا ئېسىلىپ تۇرغان بوتۇلكىغا قارىۋالدى . بىراق ، بۇ تونۇش بوتۇلكىغا قاراۋېرىش مۇمكىن ئەمەس ـ دە ! ئۇنىڭ نەزىرى يەنە ئېغىپ كەتتى...

بۇ نەدىمۇ دوختۇرخانا بولسۇن ، بەئەينى باغنىڭ ئۆزى ـ دە ! بۇرۇنقىدىنمۇ قېنىق يېشىل تۇسكە كىرگەن ياپراقلار ، ئوچاقتىن چاچراپ چىقىپ ، ياپراقلار ئۇستىگە قونۇۋالغان چوغدەك قىزىرىپ

تۇرغان گۈللەر ، سالقىن كۆز شامىلىدا ئىرغاڭشىپ ، نېمگىدۇر تەنتەنە قىلىشۋاتقان ئارچىلار ، ئېگىز ئاسمان ، ئالىقاندەك ـ ئالىقاندەك پارچە بۇلۇتلار ، يېشىل ھاياتنىڭ ئارامبەخش پۇرىقى ، تۇمۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرى ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ۋىڭىلداشلىرى...

پەرھات قىرقىلىپ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزۈلگەن پاكار ـ پاكار قارىياغاچلار ئارىسىدىكى تار يولدا چاقلىق ئورۇندۇقتا كېتىپ باردۇ . ئۇنىڭ كەينىدە ، ياق يېنىدا يەنىلا ئاشۇ مېھرىبان سېستىرا قىز كەرىمە ، ئۇ ، چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ ماڭدۇ . پەرھات خىيال قايىنىمىغا شۇڭغۇپ ، جىم بولۇپ قالغان چاغلىرىدا سايراۋاتقان تۇمۇچۇقلارغا جور بولۇپ پەس ئاۋاز بىلەن قايسىدۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىيدۇ .

ئەينەكتەك تۈز يولدا لەرزان كېتىۋاتقان چاقلىق ئورۇندۇق ، ئۆزى بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقان ئاق خالاتلىق كەرىمە پەرھاتنىڭ خىيالىدا بىر ھەپتە بۇرۇن كۆرگەن خاسىيەتلىك چۈشنى قايتا ئايان قىلىدۇ . ئۇ يەردە ئەمەس ، بەلكى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇپ كېتىپ باردۇ . بارلىق ئاجايىباتلار — ئاق قۇ ، ئىسسىق دەم ، ھۇزۇرلۇق بېقىشلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ چۈشىدىكىگە ئوخشايدۇ . پەقەت شاختىن شاخقا سەكرەپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ ، گۈل تاجىلىرىنى ماكان قىلىۋاتقان ھەسەل ھەرىسىنىڭ نەغمىسىلا چۈش بىلەن ئىرىك تەبىئەتتىكى ھايات ئالامەتلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ . كەرىمەنىڭ دولقۇنلۇق ناخشىسىمۇ شۇنداق ، لېكىن ئاق قۇ ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ، يانمۇيان ئۇچقانۇ ، ناخشا ئېيتمىغان !

ئون نەچچە كۈندىن بېرى پەرھات ئاشۇ ئاجايىپ چۈشنى بىر دەقىقىمۇ ئۇنتۇيالمىدى . ئۇ ھەربىر كۆرۈنۈشنى ، ھەربىر ئالامەتلەرنى ، بولۇپمۇ كەرىمە بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس بىر يىپ بىلەن باغلىنىپ تۇرغان ئالاقىنى چۈشى بىلەن سېلىشتۇردى . قىسقىسى ، ئاق قۇ بىلەن قىلغان ئاشۇ سەپىرىنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىشىنى خالاپ قالدى .

«بۇ مۇمكىنمۇ؟»

ئۇ بەزىدە كەسكىن تۈردە بېشىنى چايقاپ، ئۆز ـ ئۆزىنى مازاق ئەتكەندەك كۈلۈپ كېتەتتى، بەزىدە بولسا ھاياتنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تاسادىپىيلىقلىرىدىن ئۈمىدلىنىپمۇ قالاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنكار قىلىش بىلەن تەستىقلاش، يوقلۇق بىلەن بارلىق، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۈمىد تەڭ ياشىماقتا ئىدى. ئومۇرتقىسىنىڭ يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىشلىرى يادىدىن تامامەن كۆتۈرۈلگەنىدى.

«مەن ئۈمىدلىنىشكە ھەقلىقمۇ؟»

ئۇ تەقدىر تارازىسىنىڭ ئىككى بېشىدىكى رېئاللىقنى كېچە ـ كۈندۈز دەڭسەپ كۆرەتتى.

«مەن خەرىتىدىنمۇ نامى تېپىلمايدىغان كىچىككىنە بىر كەنتتە ياشايدىغان ئاددىي بىر تول ئايالنىڭ يالغۇز ئوغلى، كەچۈرمىشلىرىممۇ ناھايىتى ئاددىي. شۇ چەت كەنتتە تۇغۇلدۇم، تەقدىر ئۆگەيلىدىمۇ، ئۈچ يېشىمدىلا ئاتامدىن ئايرىلدىم، بۇ بەختسىزلىككە ئۇلىنىپلا كەلگەن ئېپلاس كېسەل مېنى ئەزرائىلنىڭ ئاغزىغا ئىتتەردى. لېكىن، مېنى دەپ ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قىزىقتۇرۇشىدىن ۋاز كەچكەن ئانام مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. بىراق، مەن مېيىپ بولۇپ قالدىم، ساغلام بالىلاردەك تېتىك يۈرۈشتىن مەھرۇم بولدۇم، ئانام يىغلىدى، خۇداغا، تەقدىرگە يېلىنىپ كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان داۋالارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى، مەن يەنىلا ساقايمىدىم.

ئۇ ئاخىر تەقدىرگە بوي بەردى، جېنىمنى بولسىمۇ ساقلاپ قالغان ئاللاغا شۈكۈر ـ رەھمەتلەر ئېيتىپ، يەتتە ياشقا ئۇلاشقان چېغىمدا مېنى ئوقۇشقا بەردى.

ئوبدان ئوقۇشۇم ئۈچۈن بىچارە ئانامنىڭ قانچىلىك جاپا چەككىنى ماڭا ئايان، ئۇنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى، ئۈمىد ـ ئىشەنچى مەندە ئانامنىڭ كۈتكىنىدەك ئادەم بولۇپ چىقىپ، ئۇنى

رازى قىلىش ئىرادىسىنى ئويغاتتى . ئانامنىڭ يۇدۇشى ۋە ھاسامنىڭ مەددىتى بىلەن ئوقۇش يولىدا ، توغرىسى ، كىشىلىك ھايات يولىدا جاھىللارچە تىركەشتىم .

يىللار ئۆتتى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۇم ، ئەمما يەنىمۇ كۆپرەك بىلىم ئىگىلەش ئارزۇيۇم دوكىلىقىم ، مېيىپلىقىم سەۋەبلىك سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك يوق بولدى .

بۇرۇتۇم خەت تارتقان بىر يىگىت بولۇپ تۇرۇقلۇق ھۆڭرەپ يىغلىدىم ، ئانامىمۇ يىغلىدى . بىللە يىغلىدۇق ، يىغلاپ - يىغلاپ يېشىمىزمۇ قۇرۇدى . ئاخىرىدا ئانام ماڭا ، مەن ئانامغا تەسەللى بەردۇق . كۆزۈمدىكى ياش داغلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ يىراققا نەزەر سالدىم . ئاسماندا قۇياش پارقىراپ تۇرۇپتۇ . بىراق ، قۇياش پارقىراپ تۇرغىنى بىلەن ، ھەر كىم ئۆز ئۆيىگە ئۆزى چىراغ يېقىشى كېرەك - دە .

ئاخىر مېيىپ بولسام نېمە بوپتۇ ، ئەھمىيەتلىكرەك بىرەر ئىش قىلمايمەنمۇ ، دېگەن نىيەتكە كەلدىم . ئانام بارى - يوق بىر زىرىسىنى ئالدىمغا قويدى . مەن ئۆگىنىۋالغان بىلىملىرىنى دەسمايە قىلدىم . بىلمىگەنلىرىمنى كىتابتىن ئۆگەندىم ، يىگىرمە نەچچە كىلومېتىرلىق مۇساپىنى ئۆمىلەپ ، دومىلاپ دېگۈدەك بېسىپ يۈرۈپ ، كەسىپ ئەھلىدىن مەدەت تىلىدىم .

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى دۇكانلىق كىلەمچىلىك ئۇستىخانام دۇنياغا كەلدى . كېيىنچە ئەلمىساقتىن تارتىپ قارا چىراغ يېقىپ كەلگەن بۇ چەت يېزىدا مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئېلېكتر چىراغ يورۇدى . ئىشلىگەنسېرى ئىشەنچىم چىڭىدى ، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى ئېقىن بويىغا قۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كۈچى بىلەن تاشپاختىنا ئىشلەپ ، بىر يىل ئىچىدىلا نۇرغۇن پايدا كۆردۇم . نۇرغۇن دېھقان ياشلىرى ئىشچى بولۇپ ، ھال - كۈنىنى ياخشىلىۋالدى ، يېزىمىز باي بولۇشقا باشلىدى .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئويلىمىغان يەردىن كەرىمەنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم ، ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى ۋە ئادرېسىمنى

www.uyghurkitap.com

گېزىتكە بېسىلغان ھېلىقى ئۇزۇن ئوچېركتىن بىلگەنىكەن ۋە مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ داۋالىنىپ بېقىشىمنى تەۋسىيە قىلغانىكەن .

بۇ ناتونۇش قىزنىڭ تەۋسىيىسى ئانامغىمۇ، ماڭىمۇ خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە ئۇمىد قۇياشى پارلىغاندەك بىلىندى . ئىشلىرىمنى ۋە زاۋۇتلىرىمنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا ياردەمچىمگە تاپشۇردۇم ۋە ئانامنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ شەھەرگە كەلدىم . كەرىمە بىلەن بېكەتتىلا كۆرۈشتۇق .

خەيرىيەت ، ئوپېراتسىيىمۇ خېلى ئوڭۇشلۇق بولغاندەك قىلدى ، مانا بۈگۈن يەنە ئاشۇ مېھرىبان كەرىمەنىڭ ياردىمىدە كۆتۈنمەكتىمەن .

مەن ياتقان 203 ـ كارىۋاتقا قاراش ۋەزىپىسىنى مەسئۇل دوختۇردىن سوراپ تۇرۇپ تاپشۇرۇۋالغان بۇ قىز مېنى پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگىنى يۈرگەن ، ئۇ تېخى دەككە ـ دۈككىدە قالغان ئانامغا تەسەللى بېرىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۆز قىزىدەكلا ھالىدىن خەۋەر ئالدى .

دەرۋەقە ، مەن ھېسسىياتسىز ياغاچ ياكى تاش ئەمەس ، يىگىرمە نەچچىگە كىرىپ قالغان بىر يىگىت . دەسلەپكى بىرقانچە كۈن ئادەتتىكىدەك ئۆتۈپ كەتتى ، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە نېمىنىدۇر ئويلايدىغان ، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۈيىلىدىغان بولۇپ قالدىم . كەرىمە يېنىمدا بولمىغان چاغلاردىچۇ ، ئۇنى كۆرگۈم كەلگىنى كەلگەن ، بۇ زادى نېمىشقا؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن .

ئاخىرىدا بۇ مەسئۇلىيەتچان ، ئىنسانپەرۋەر بىر سېستىرانىڭ بىر ئاجىز ، تىرىك مۈردىغا تۇتقان ھالال پوزىتسىيىسى ياكى ئاجىزلارغا ئىچ ئاغرىتىشى بولۇپ چىقىسىچۇ؟

— يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، بۇ بەلكى ئۇنداق بولۇپ چىقمايدۇ ، بارلىق ئالامەتلەر بۇنىڭغا گۇۋاھ !

— ئەگەر زادىلا ئۇنداق بولمىسىچۇ !

— بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ !

— ئەمسە، ھېلىقى چۈشكىچۈ؟
— ...
پەرھات بۈلۈتلار ئارىسىدا لەرزان ئۈچتىمۇ ياكى قولغۇاقاقا ئولتۇرۇپ تىنىق سۇ يۈزىدە ئۈزدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى خىيالەن گەپلەشكەچ، دوختۇرخانا ھويلىسىنى تۆت ـ بەش قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. كەرىمەمۇ ئىتتىرىپ ھارمىدى، پەرھاتمۇ ئولتۇرۇپ زېرىكمىدى.
ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى، تورغايلارنىڭ، قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىدىن مەست بولدى. گۈللەرنىڭ پۇرىقى، تەبىئەتنىڭ ئەركە شاملى ئۇنى مەست قىلدى. خىيال ـ پىكرى جىسمىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى ئالدىغا، ئۆزى بىلگىنىچە ھەرىكەت قىلغىلى تۇردى.
پەرھات ھېلىقى ئاق قۇ بىلەن يەنە قاتارلىشىپ ئۇچتى. شەرققىمۇ ئەمەس، غەربكىمۇ ئەمەس، توپتوغرا جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. قاياقتىندۇر لاپ قىلىپ بېسىپ كەلگەن قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇت كۆز ئالدىنى توسۇۋالدىيۇ، بۇ بۇلۇتمۇ پاتلا يوقالدى. كۆز ئالدى نۇرلاندى، تۆۋەنگە قارىۋىدى، كەڭ يەر، كۆك دالا، ئاقباش تاغلار ۋە تاغلار ئارىسىدىكى ھېچقانداق بىزەلمىگەن ئۆي كۆرۈندى. ئۇ ھەمراھىنى قولتۇقلاپ تۆۋەنگە ئوقتەك ئېتىلدى.
— سىز مۇشۇ چەت مەھەللىدە تۇرامسىز؟
— ھەئە، مۇشۇ مېنىڭ تۇغۇلغان يېرىم، ئانا يۇرتۇم!
— ۋىيەي، بۇنداق كۆرۈمسىز يەردىمۇ ئادەمزات ياشايدىكىنا؟
— شۇنداق، نېمىدەپ ئادەمزات ياشىمايدىكەن؟
— ئىسسىت ئاپئاق پەيلىرىم، ئىسسىت مامۇقتەك يۇمشاق جىسمىم!
ئاق قۇ ئوت سۈرئىتىدە تۆۋەنلەپ يەرگە دەسسەي دېدىيۇ، قانىتىنى بىر ھازا پالاقلىتىپ، يېڭىۋاشتىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

— توختاڭ، ھەي ئاق قۇ، ئاق قانىتىڭىزغا چاڭ قوندۇرمايمەن!

پەرھات چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ يېنىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كەرىمەنى ۋە تەبىئەتنىڭ جىمى يارالمىشلىرىنى كۆرگەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ يەنە چۈش كۆرگەنلىكىنى تۇيدى.

پەرھاتنىڭ دوختۇرخانىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ سۆزسىز - زۇۋانسىز تۇرۇپ قالىدىغان چاغلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. خوشلىشىدىغان كۈنىنىڭ ھارپا ئاخشىمىلا ئۇلار يەنە شۇ بۇك - باراقسانلىق يولدا كېتىۋېتىپ قانغۇچە مۇڭداشتى. پەرھات كېيىنكى قېتىم كۆرگەن چۈشىنىڭ قۇرۇق، ئاساسسىز بىر خىيال ئىكەنلىكىنى پەقەت شۇ چاغدىلا ھېس قىلىپ يەتتى.

قىزىق، چۈش دېگەنمۇ يېلىمدەك يېپىشقاق بىر نەرسە ئىكەن. پەرھات دوختۇرنىڭ بىر يىلغىچە ئوبدان كۈتۈنۈش توغرىسىدىكى تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن بېرى ھېلىقى چۈش ۋە چۈشىدىكى ئاق قۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپلا تۇردى. ئۇ ھاسىسىغا تايىنىپ، پەقەت كىچىككىنە ھويلا دائىرىسىدىلا ھەرىكەت قىلالاتتى. ئاغزىنى كۆپرەك ئىشقا سېلىپ، چارچىتىدىغان ئىشلاردىن يىراقراق تۇراتتى. يالغۇز قالغانلىرىدا بولسا ئويغاق ئولتۇرۇپ چۈش كۆرەتتى. چۈشىدە ئاق قۇ بىلەن، ئېنىقراقى كەرىمە بىلەن كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلالاتتى، ئىگىلىك ئىشلىرىدا مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ بىللە تۇرۇپ، نى - نى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىراتتى. كەنت مەركىزىدىكى قېرى توخۇمەك دەرىخىنىڭ يېنىدا ئاپئاق بىر دوختۇرخانا بىناسىنى قۇرۇپ چىقاتتى. كەرىمە ئاشۇ بىنانىڭ پەلەمپىيىدە ئاق خالات ۋە ئاق پوسما كىيىپ، ئاق قۇدەك ياسىنىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئەنە ئاشۇ دوختۇرخانىدا شىپا تاپقان يۇرتداشلىرى كەرىمەگىمۇ، كەرىمەدەك پەرىشتىنى بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى بۇ ئۇنتۇلغان يۇرتقا باشلاپ كەلگەن ئۆزىگىمۇ يۈرەك

تەشەككۇرلىرىنى تەقدىم قىلىشاتتى...

بۇمۇ چۈشمۇ ؟ ياق ، بۇ چۈش ئەمەس ، قۇرۇق خىيالمۇ ئەمەس ، بەلكى بىر جۈپ ياشنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنغان ئاشۇ جىمجىت تەنتەنىلىك ئاخشامدىكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ، بوزۇلماس ۋەدىسى ئىدى .

بىر ئاي ، ئىككى ئاي ، ھەتتا بەش ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى . پەرھاتنىڭ ئۈمىد ۋادىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ئەھدە مۇنارى ئاستا ـ ئاستا تەۋرىگىلى تۇردى . بۇنىڭغا ھەر ھەپتىگە بىردىن يېزىلىپ ، ياردەمچىسى ئارقىلىق يېزا پوچتىسىدىن يوللىنىدىغان يالقۇنلۇق خەتلەرنىڭ كۆلگە چۈشكەن تاشتەك ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ ، جاۋابسىز قالغانلىقى سەۋەب بولدى .

پەرھات بۇنى خالامتى ؟ ياق ، ئۇ قانداقمۇ خالىسۇن ، قەلب ئېتىزىدا چوڭقۇر يىلتىز سۈرۈپ ، كۆنسېرى باراقسانلاۋاتقان تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ مەزگىلسىز قىراۋ ياكى تەشنالىق دەستىدىن نابۇت بولۇپ كېتىشىنى كىممۇ خالىسۇن ؟ يۈرەك قېنى بىلەن سىراپ ئېتىپ غۇنچىلاۋاتقان گۈلىنىڭ ئېچىلمايلا توزۇشىغا كىممۇ تاقەت قىلالىسۇن ؟

پەرھات سادىق ياردەمچىسى ھاشىمنى يېزا پوچتا پونكىتىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك ماڭدۇرۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاشىم ئىشەنچكە يارايدىغان يىگىت ئىدى . مۇبادا بۇ ۋەزىپىنى شوخ يىگىت ، شوخ قىزلارنىڭ بىرەرسىگە تاپشۇرسا ، كونۋېرتنى تۈيدۇرمايلا ئېچىپ ، ھېلىغىچە ئانىسىدىن ئۆزگە ھەرقانداق كىشىدىن پىنھان تۇتۇپ كەلگەن بۇ مۇھىم مەخپىيەتنى بىراقلا ئاشكارا قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى ، ئاشكارا قىلىۋەتسىغۇ مەيلى ، ئەمما تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى تولىغۇ ، ئاخىرقى نەتىجە قىياستىن تاشقىرى چىقىپ قالسىچۇ ؟

پەرھات خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالاتتى ـ دە ، زۆرۈر ئىشلارنى ئىش يېتەكچىلىرىگە تاپشۇرۇپ ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرغانىدى . ھەربىر كۈن ئۇنىڭ نەزىرىدە نامەلۇم بىر مەنە بىلەن ئەھمىيەتلىك كۈن ھېسابلىناتتى . «بۈگۈن خەت كېلىدۇ» دېگەن ھۆكۈم قۇياش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ ، قۇياش بىلەن تەڭ پېتىپ كېتەتتى . ھاشىمنىڭ دەرۋازىدىن سولىشىپ كىرىپ كەلگىنىنى كۆردىمۇ ، ئەزايىدىكى پۈتۈن پەيلەر بوشىشىپ كېتەتتى ۋە ئېڭىكىنى يۆلىگەن پېتى خېلى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالاتتى .

ئۇ باھار ئاسمىنىدا ئويناقشىپ كۆچۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا قارايتتى . بۇلۇتلار ئارىسىدىن تۇنجى مۇھەببىتىنى يادىغا سالغان ھېلىقى تۇنجى چۈشىدىكى ئاق قۇنى ئىزدەيتتى . ئۇيۇر - ئۇيۇر بۇلۇتلار ئارىسىدا بۆسۈپ چىققان قانداقتۇر بىر كىچىك بۇلۇتنى ھېلىقى ئاق قۇغا ئوخشىتاتتى - دە ، ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى خېلىغىچە ئاشۇ «ئاق قۇ»دىن ئۈزمەيتتى .

ئۇ ھويلىنىڭ تۆت تەرىپىدە بىر دۆۋە پاختىدەك ئاقىرىپ تۇرغان نەشپۈت دەرىخىگە ، دەرەختىكى ئاپئاق چېچەكلەرگە تىكىلىپ قارايتتى . ئاشۇ چېچەكلەر ئارىسىدىن ئاق قۇنى ئىزدەيتتى . بىراق ، نەشپۈت چېچەكلىرى بۇ مەجنۇن ئاشىققا ئىچ ئاغرىتقاندەك يېنىك تەۋرىنىپ قوياتتىيۇ ، ئاق قۇ كەبى قانات قاقمايتتى .

پەرھات گۆھەرلىرى قۇرۇپ ، ئېچىشىۋاتقان كۆزلىرىنى بۇلۇتلاردىنمۇ ، نەشپۈت چېچەكلىرىدىنمۇ بىزارلارچە يۇلۇپ ئېلىپ يېنىنى يۆلەپ تۇرغان قولتۇق تاياقلىرىغا ئاغدۇراتتى . جانسىز ياغاچقا دۈشمىنىنىڭ كۆزىگە تىكىلگەندەك تىكىلەتتى . ئەسەبلىرىنىڭ مەركىزىي تۈگۈنىدە پەيدا بولغان بىر مۆرەككەپ ، ئاچچىق تۇيغۇ پارتلاش شىددىتى بىلەن كېڭىيىپ ، تومۇر - تومۇرلارنى بويلاپ پۈتكۈل ئەزايىغا تارىلاتتى - دە ، تېرە بېتىدە ھارارەت ، ئۈگە - ئۈگىلەردە تىترەش ھاسىل قىلاتتى . ئېچىنىشلىق ، مەيۈسانە ئاھ ئۇرغان ھامان ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق كۆز يېشى يەنە شۇ تاياقلارغا تامچىلاتتى . بۇ ياش — ھەسرەت - پىراق يېشى ، دەرد - پىغان يېشى ئىدى . ئۈمىد چوققىسىدىن يىقىلىپ

چۈشۈشىنىڭ ئازابلىق جەريانى ئۇنىڭ پۈچۈلانغان يۈرىكىدە ئىسيان كۆتۈرەتتى .

«ئەي كور تەقدىر ، مېنى نېمىشقىمۇ ھاسا تاياقىقا مۇپتىلا قىلغانسەن ، يارىتىشتا پېشانەمگە شۇنداق پۈتتۈڭمۇ ياكى بۇ بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى سەركەشتە قىلىۋەتكەن گۇناھىڭنى يۈزۈڭگە سالغىنىم ، ئۆزۈڭ تەقسىم قىلىپ بەرگەن قىسمەتلىرىڭگە بوي بەرمىگىنىم ، تەلەتىڭگە تىك باققىنىم ئۈچۈن بەرگەن جازايىڭمۇ ؟ مېنى بۇنىڭدىن بەتتەر دوك قىلساڭمۇ ھەتتا ھاياتىمدىن ئايرىپ ، تىرىكلىك ھوقۇقۇمنى تارتىۋالساڭمۇ سېنىڭدىن رەنجىمەس ئىدىم ، بىراق مېنى دوك يارىتىپ ، قەددىمنى سەت ، مۇھەببىتىمنى خۇنۇك كۆرسىتىپ ، كەرىمەنى مەندىن يىراق قىلغىنىڭ نېمىسى ؟ ئۇنى ئويلىمىغان يەردە قۇچىقىمغا ئىتتىرىپ ، يەنە ئويلىمىغان يەردە قۇچىقىمدىن يۇلۇپ ئالغىنىڭ نېمىسى ؟ مەن كەرىمەدىن رەنجىمەيمەن ، ئۇ گۈزەل ، تولۇن ئايدەك پارلاق ، قۇياشتەك گۈزەل ! شۇڭىمۇ ئۇ ئۆزىدەك گۈزەل ، ئۆچمەنلىكىڭدىن ، ئۇزايى بەدىنى ئەيىبتىن خالىي بىر يىگىتنى سۆيۈشكە ھوقۇقلۇق ! بىراق ، مەن ئۆزۈمدىنمۇ ، سەندىنمۇ رەنجىيمەن ، ئەبەدىي رەنجىيمەن ، بۇ رەنجىشىم مەن كۆز يۇمغانغا ، سەندىن ئۆچ ئالغانغا قەدەر ، ياق تاكى روزى قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىدۇ… »

ئۇنىڭ قايغۇ ئالامەتلىرى تېشىپ تۇرغان يوغان قارا كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزاردى ، توم ـ توم ئەگمە قاشلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر سىزىقلار پەيدا بولدى . قانچە ـ قانچە ئۇيقۇسىز كېچىلەرنىڭ ، ئارامسىز كۈنلەرنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە سارغايغان چىرايى بارغانسېرى تاتارغىلى تۇردى . تەمبەل يىگىتلەرگىلا خاس توم لەۋلىرىگە چۈشكەن تال ـ تال كۈندىلەڭ قورۇقلار تېخىمۇ روشەنلەشتى .

ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلانغان مېيىپ تېنى نېمىلا دېگەنبىلەن شۇ قارغىش تەگكۈر يانتاياقلاردىن ئايرىلالمايتتى . ئۇنىڭ جىسمانەن بىر

ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ تاياقلارنى بىزار بولۇپ تىللاشلىرىمۇ بىكار ئىدى .

ئاخىر پەرھات تاياقلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇردى ـ دە ، تولغىنىپ تۇرۇپ تەسلىكتە ئۆرە بولدى . ئاياغلىرى ئۇنى ئىختىيارسىز تۇردە ئۆيگە سۆرىدى .

ئۇ زېرىككەندى ، كۇنىنىڭ بىر تەرىزدە كۆتۈرۈلۈپ ، بىر تەزدە ئولتۇرۇشىدىن ، يەر ـ جاھاننىڭ بىر تەرزدە يورۇپ ، يەنە بىر تەرزدە قاراڭغۇلىشىشىدىن ، ۋاقتىنىڭ خۇددى قاشاڭ ئۆكۈزدەك تىرەجەپ ئىلگىرىلىشىدىن زېرىككەندى . ئۆزىگە ھېچقانداق يېڭىلىق ، ھېچقانداق ئۆزگىرىش بېرەلمەيۋاتقان كۈنلەردىن بىزار بولغانىدى . ئىگىلىكىدىكى يۇرگۈزگۈچى ۋە ئەگەشكۈچى چاقلار تاغ باغرىدا ، ئېقىن بويلىرىدا توختاۋسىز پىرقىرايتتى ، پىرقىراۋېرىپ ، ئۇنىڭ ئىگىلىكىدىكى پۇل ـ پۇچەكنىڭ سانىنى زورايتتى . بۇ پۇللار خەير ـ ئېھسان سۇپىتىدە شان ـ شۆھرەتلەر ، نام ـ ئاتاقلارنى ئېلىپ كېلەتتى . ئەمما ، پۇل ـ پۇچەكمۇ ، شان ـ شۆھرەتمۇ قەلبىدىكى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئاجىز ئىدى .

پەرھات مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنىڭ شەكىلسىز بىر قۇرۇق ئېكەككە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭسىزمۇ ھالسىراپ تۇرغان ۋۇجۇدىنى توختاۋسىز ئېكەكدەپ ئۇپرىتىشلىرىدىن زېرىككەندى . شۇڭا ، ئۇ دەھلىزدىن ئۆتۈپ ، مېھمانخانا ئۆيىگە كىردى ـ دە ، قەيەرلەردىندۇر ئاچقۇچنى تېپىپ ئاتىسىدىن مىراس قالغان قاپقارا ساندۇقنى ئاچتى . ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇزاقلاردىن بېرى ئانىسى مەخسۇس پايدىلىنىدىغان بۇ كونا ساندۇققا بىر چاغلاردا تاشلاپ قويغان خاتىرە دەپتەرنى تارتىپ قالغانىدى . ئاللىقاچان شېرىن ئەستىلىككە ئايلانغان غۇبارسىز ، دەردسىز چاغلىرىنىڭ خاتىرىسى قىزىقتۇردىمۇ ياكى بۇ ھېچقانداق مۇددىئادىن تاشقىرى قىلىنغان ئىشمۇ ، بۇلار پەرھاتنىڭ ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ ئىدى .

ئۇ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ساندۇقنى ئاچتى . ئەھمىيەتلىك ۋە

ئەھمىيەتسىز قەغەزلەرنىڭ توپىلىرىنى قېقىشتۇردى . ساندۇقنىڭ بىر تەرىپىدىكى نەرسىلەرنى يەنە بىر تەرىپىگە ئاغدۇردى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى كەندىر يىپى بىلەن تۇجۇپىلەپ باغلانغان ئون نەچچە پارچە كونۋېرتقا چۈشۈپ قالدى .

پەرھات بىر قاراشتىلا ئۆزىگە تونۇشلۇقتەك تۇيۇلغان بۇ كونۋېرتلارغا قىزىقىپ قالدى . مېڭە ھۈجەيرىلىرى بىردىنلا ھەرىكەتكە كېلىپ ، سەگەك ، تۇيغۇن ھالەتكە ئۆتتى . كونۋېرتلار ئارقىمۇئارقا يەڭگۈشلەندى . ئۇنىڭ بارماقلىرى تىترىگىلى تۇردى . كۆزلىرى بىر قاراڭغۇلىشىپ ، بىر روشەنلەشتى . كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى ، تونۇش خەتلەر ، ناھايىتى تونۇش خەتلەر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى ، پەرھات ھاياجان ئىلكىدە ۋارقىراپ تاشلىدى :

— ئاھ خۇدا ، بۇ ئوڭۇممۇ يا چۈشۈممۇ ؟ !

بۇ پەرھاتنىڭ ئوڭى ئىدى . تۇڭلۇكتىن سۇس چاڭ ـ توزانلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ چۈشۈۋاتقان ئەتىياز قۇياشىنىڭ ئۆتكۈر شولىسى ، يېقىندىلا بىر يەردە گۈرۈلدەۋاتقان ماتورنىڭ ئاۋازى ، ھويلىدىكى كەپتەرلەرنىڭ گۇگۇكلاشلىرى كۇندۇزگە ۋە ئۇنىڭ ئويغاق سەزگۈسىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى .

پەرھاتنىڭ كۆرگىنى ئۇنىڭ ئالتە ئايدىن بېرى كەرىمەگە يوللىغان سۆيگۈ خەتلىرىنىڭ ھەممىسى ۋە كەرىمەدىن ئۆزىگە كەلگەن ئون نەچچە پارچە ھاۋارەڭ كونۋېرت ئىدى .

ئۇ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆزىنى تىنچلاندۇردى ـ دە ، كەرىمە بۇنىڭدىن بىر ئاي مۇقەددەم ئەۋەتكەن ئاخىرقى خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى :

«قەدىرلىك پەرھات ، بۇ خېتىمنى قانداق باشلاپ ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيۋاتىمەن ، شۇنداقتىمۇ داۋالغۇپ تۇرغان ئوي ـ پىكىرلىرىمنى قانداق بولمىسۇن سىزگە يەتكۈزۈش تەقەززاسى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم . تۆت ئايغا سوزۇلغان شېرىن چۈشلىرىم بىردىنلا بەربات بولغان بۈگۈنكى كۈندىن ئېتىبارەن ئارىلىقىمىزدىكى ئەپسۇسلىنارلىق مۇھەببەت ئالاقىسىگە

چېكىت قويۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما بىز يەنە مۇشۇ كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان ئىككى مۇستەقىل ئادەممىز ، شۇ سەۋەبتىن يۇرىكىمنىڭ قات ـ قاتلىرىغا تولغان ئاغرىنىش ، ياق ، تەقدىردىن ، قىسمەتتىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نېسىۋە سەۋەبلىك ئاخىرقى بىرقانچە كەلىمە سۆزۈمنى قىلىۋېلىشىمغا ھەقلىق بولسام كېرەك .

كۆڭلۈم ناتىنچ بولغاچقا ، قەلىمىم تىترەۋاتىدۇ ، ھەددىدىن زىيادە بېسىمغا چىداشلىق بېرەلمەيۋاتقان نېرۋىلىرىم مەلۇم دەرىجىدە ئىتائىتىمدىن چىقتى . خېتىمدە جايىغا چۈشمىگەن ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز شور پېشانە يېتىم قىزنى ، بەختى قارا ئاجىزەنى ئەپۇ قىلارسىز ، سەل سۇيى قىن ـ قىنىغا پاتماي كۆۋەجەۋاتقان دەريانىڭ بەزىدە ئۆز ئىزىدىن چىقىپ ، تېشىپ كېتىشلىرى ئەقىلگە سىغمايدىغان مەنتىقە ئەمەسقۇ ؟ !

تۈنۈگۈن كەچ سائەت ئۇچتىن قىرىق ئالتە مىنۇت ئۆتكەندە ئانىڭىز (بۇرۇن مېنىڭمۇ ئانام ئىدى ، ئەمدى ئانا دېيىشكە ھەقلىق ئەمەسمەن ) نىڭ سىزنىڭ مۇددىئايىڭىز بىلەن يېزىلغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم ، مەن ئۇچۇن قىيامەت سائىتى ھېسابلىنىدىغان بۇ ۋاقىتنى كۆڭۈل خاتىرەمگە مەڭگۈلۈك قىلىپ ئورناشتۇرۇۋالغىنىم ئۈچۈن ھەيران بولۇۋاتامسىز ؟ مەن بۇ سائەت ـ مىنۇتنى نېمە ئۈچۈن قىيامەت دەپ ھېسابلىدىم ؟

ھۆرمەتلىك پەرھات ، بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئارتۇقچە ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ ، لېكىن داۋالغۇپ تۇرغان ھېسلىرىمنى تەسەللى تاپقۇزۇش ، تۈت ئايلىق بەختلىك چاغنى مۇشۇ باھانىدە يەنە بىر قېتىم ئەسلىۋېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ، گەپنى باشتىن باشلىماقچىمەن ، بۇ سىزگە قارىتىلمىغان ، پەقەت ئۆزۈمگىلا تەئەللۇق بىر قارار .

ئاشۇ چاغدا نېمە سەۋەبتىنكىن ، سۇرىتىڭىز ۋە كەچۈرمىشلىرىڭىز بېسىلغان بىر پارچە گېزىت مېنى جەلپ قىلغانىدى . قەسەم قىلىمەنكى ، مەن بۇ گېزىتنى ھېچ مەقسەتسىزلا

قولۇمغا ئالدىم ۋە ھېچ مەقسەتسىزلا ئوقۇشقا باشلىدىم . سىزنىڭ — بالىلار پارالىچ كېسەللىكىنىڭ ئاسارىتى بىلەن قىينىلىۋاتقان بىر ياشنىڭ كېسەللىك بىلەن ، ياق ، قىسمەت بىلەن جەسۇرلارچە ئېلىشىپ ، ئىنسانلىق سالاھىيىتى بىلەن خەلققە پايدىلىق چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكەنلىكىڭىز مېنى ئويدانلا ھاياجانلاندۇردى . مەن كىچىكىمدىن باشلاپ ئانا مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ ، ئۆگەي قولىدا قالغان بولغاچقىمىكىن تولىمۇ يۇمشاق كۆڭۈل چوڭ بولغانىكەنمەن ، راستىنى ئېيتسام ، شۇ چاغدا دوختۇر - سېسترالاردا بولىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتى مەندە غالىپ كەلگەنىدى .

كېيىن سىزگە خەت يازدىم ، كېسەللىكىڭىز شىپا تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلىدىم ، سىز كەلدىڭىز ، سىزنىڭ ئوپېراتسىيە ئۇستىلى ئۇستىدىكى جاسارىتىڭىز ، كۆڭلىڭىزگە مەزمۇت ئورناشقان ئۇلۇغ ئىشلار توغرىسىدىكى ئارزۇلار دەسلەپكى ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى .

ئەتە - ئاخشاملىرى ئانىڭىز بىلەن مۇڭداشتىم ، بالىلىق دەۋرىڭىزدىكى نۇرغۇن كۈلكىلىك ، ئەمما تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ، يىگىتلىك دەۋرىڭىزدىكى تەرىپكە ئەرزىگۇدەك خىسلەتلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ، بولۇپمۇ ئانىڭىزنىڭ بارلىق ئانىلاردا بولىدىغان مېھرىبانلىقلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان مېھرىبانلىقى ، ئاق كۆڭۈللۈكى سىزگە بولغان تەسىراتىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېلىپ ، ئاخىر غەلىتە بىر ھېسلار ئالىمىگە باشلاپ كەلدى .

ئىشىنەمسىز ، دەسلىپىدە مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى چەكلىدىم . ئۇنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولدۇم . بىراق ، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىدى . ئاخىر ، قىزلاردا بولىدىغان تارتىنىش ، يۇزى تۆۋەنلىك ، ئاجىزلىق دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ ، سىزگە تۇرلۇك ئاماللار بىلەن بېشارەت بەردىم . بېشارەتلىرىم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ بولغۇچە تاقىتىم تاق بولۇپ ، ئىچ - قارنىمنى

www.uyghurkitap.com

ئالدىڭىزدا بىراقلا تۆكۈپ تاشلىدىم.

مەن ھەرقانچە ئەقىلسىز بولساممۇ، يىگىتلەر ئالدىدا ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشنىڭ قىزلار ئۈچۈن بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغىنىنى بىلمەي قالمايتتىم. ئېھتىمال ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ بۇ قىلىقىم ئۈچۈن مېنى يەڭگىل ئىكەن دەپ ھېس قىلغان بولغىيتتىڭىز، ھەتتا قىممەتلىك تۇنجى مۇھەببىتىم شۇ سەۋەب بىلەن قەدىرسىز، ئەرزان تۈيۈلغاندۇ، شۇنچىلىك چوڭ شەھەردىن بىرەر يىگىت تاپالمىغىنىم ئۈچۈن ھەيرانمۇ بولغانسىز.

ياق، مەن بۇ ھەقتە گەپ سېتىپ ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماقچى ۋە قەدىر ـ قىممىتىمنى ئۆستۈرمەكچى ئەمەسمەن. بۇلارنىڭ ئەمدى نېمە ھاجىتى؟ بىراق، ئون ئېغىز گەپنىڭ بىر ئېغىزنى بولسىمۇ دەۋالاي!

خېتىمنىڭ بېشىدا يازغاندەك، مەن ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان. دادام ئەرلىك غۇرۇرى كەمرەك ئادەم بولسىمۇ ئوقۇشۇمنى قوللايتتى. تۇرمۇشتا تەلەيسىز بولغىنىم بىلەن، ئوقۇشتىكى تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى. توغرىسى، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولۇش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. تېخنىكومدا ئوقۇپ شەھەر دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىندىم.

بىراق، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بەختسىزلىكنىڭ كۆلەڭگىسى بېشىمدا ئەگىگىلى تۇردى. چوڭ دوختۇرخانىغا بۆلۈنگىنىمگە يايراپ يۈرگەن چېغىمدا خۇشاللىقىمغا شېرىك تېپىلدى. شېرىكىمنىڭ ئېيتىشىچە، دوختۇرخانىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ ئوغلى بولمىش ساۋاقدىشىمنىڭ تەلپى ۋە دادىسىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا مۇشۇ يەرگە بۆلۈنگەنىكەنمەن. مەن ئۇنى ئۆزۈمنى بىلگەندەك بىلەتتىم، مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى جاھاندا بىر سانايدىغان، ئەسكىلىك بىلەن داڭق چىقارغان ئاشۇ قولاقكەستىگە پاك، غۇبارسىز مۇھەببىتىمنى تەقدىم قىلىدىكەنمەن؟ قىز بولغىنىم بىلەن، مەنمۇ پۈتۈنسۈرۈك بىر

ئادەمغۇ، مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكىم ئۆز ئىلكىمدىغۇ؟
ئۇ مېنى قوغلىدى، مەن قاچتىم، ئۆچەكەشكەندەك ئۆگەي ئانامۇ پۇل ـ ئابرۇيغا بېرىلىپ، مېنى ئوتقا ئىتتەرمەكچى بولدى. دادامۇ بۇ ناھەقچىلىك ئالدىدا زۇۋان سۈرمىدى. ئەمما، شېرىن ـ شېكەر ۋەدىلەرمۇ، دوق ـ ھەيۋىلەرمۇ مېنى قورقۇتالمىدى. چوڭ شەھەردىن، چوڭ شەھەردىكى يىرگىنىچلىكلەردىن، ئىپلاس ئائىلىدىن زېرىككەن چېغىمدا پاراكەندە كۆڭلۈمدە ئۈمىد چىرىغى ياندى، تۇرمۇشۇمغا سىز كىرىپ كەلدىڭىز! ئاخىر ئەركىن مۇھەببەت بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە مەھكەم باغلىدى. مەسئۇل دوختۇرنىڭ داۋالىشى ئاز ـ تولا ئۈنۈم بەرگەن بىلەن ئۆمۈرۋايەت مېيىپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭىز توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ئاڭلىغىنىمدا ھەم ئازابلاندىم، ھەم خۇشال بولدۇم.
ئازابلانغىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ، خۇشال بولغىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ ماڭا ئېنىق. چۈنكى، ئۆزۈم چەت يۇرتتىكى قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمىسەممۇ، كېسىلىنى داۋالايمەن، چوڭ ئىش قىلىپ بەرگەن سىزنى ئۆمۈرۋايەت كۈتەلمەيمەن ـ دە!
شۇنداق قىلىپ سىز كەتتىڭىز، تەنتەنىلىك ۋەدە ۋە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتىپ قالدىڭىز، مەن شۇ ھەپتىدىن باشلاپ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىم، گۈزەل ئىستىقبال خۇشاللىقىغا تولغان خەتلىرىمنى يوللىغىلى تۇردۇم.
بىراق، شۇنچە تەشنا ـ تەقەززا بولسامۇ، سىزدىن بىر پارچىمۇ خەت كەلمىدى. يازغان خەتلىرىم ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتتى.
باشتا، چەت يۇرتنىڭ پوچتا يولى ئۇزۇن، بەلكى جاۋاب يازغۇدەك ۋاقتى چىقمىغاندۇ، دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈمنى ئالداپ يۈردۈم. مۇشۇ تۆت ئاي ئىچىدە قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كۆچىيىۋاتقان تەھدىتكە چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ چىداشلىق بەردىم.
بۇلارنى يېزىشىمدىن مەقسەت، ھېسداشلىقىڭىزنى قوزغاپ،

www.uyghurkitap.com

سىزنى پۇشايمانغا ياكى نادامەتكە دەۋەت قىلىش ئەمەس ، قەلبىڭىزنىڭ قېتىدىكى ئۆچۈپ كۇلگە ئايلانغان ئوتنى قايتا يالقۇنجىتىشمۇ ئەمەس ، پەقەت ئەقىلسىزلىقىمغا ، شور پېشانەمگە كايىش ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە بەرھەم ، تەسەللى بېرىش ! هازىر مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنىمۇ ، قىلالايدىغىنىممۇ شۇ !

ئەمدى ئاساسي گەپكە كېلەي ، ئانىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان خېتىدە ئېيتىلىشىچە ، ئۇ سىزنىڭ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ (شەيتان بەلكىم مەن بولسام كېرەك ) چوڭ شەهەرگە ئۇچۇپ كېتىشىڭىزدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىكەن . سىزمۇ ئاتا ـ بوۋىڭىزنىڭ تۇپرىقىغا مەڭگۈ باغلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن دائىم ئېغىزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدىغان سادىق ياردەمچىڭىزنىڭ سىڭلىسى بىلەن توي قىلماقچى بولۇپسىز .

دۇرۇس ، ئانىڭىز سىز ۋە ئۆزى ئۈچۈن مەندىن ئەپۇ سوراپتۇ ، ئانىڭىزغا ۋە سىزگە رەهمەت ، تىلىگىنىڭگە ئېرىشەلمىگەن دىۋانە ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ بولسىمۇ ئاڭلىسا ، دەرۋازا ئالدىدىن خۇشال هالدا ئوڭايلا كېتىپ قالىدىغۇ ، مەنمۇ مۇشۇ ئەپۇ بىلەن ماڭا مەڭگۈ يېپىق هالەتتە تۇرىدىغان بۇ مۇهەببەت قەسرىڭىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئاسانلا كېتىپ قالىمەن . مەن بىر بۇردا ناننى دەپ دەۋا قىلىدىغان ئۇششۇق ، كاج ، دىۋانە ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇهەببەت كۆڭۈل تىلىگەنگە تاپقىلى بولىدىغان بىر بۇردا نانمۇ ئەمەس !

پەرهات ، سىز بەلكى مۇهەببەت دەشتىدە پەيدا بولغان بۇ كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتنى ئانىڭىزغا دۆڭگەپ قويارسىز ، گەرچە بۇنداق دۆڭگەش مېنى ئىشەندۈرەلمىسىمۇ ، يەنىلا سىزدىن ئاغرىنمايمەن ، رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەت شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ مەن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن ، دۇنيادا ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش بولمىسا كېرەك . تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئۆز ئانامغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ئانىڭىز سىزگە مېنى ئەمەس ، ياردەمچىڭىزنىڭ سىڭلىسىنى لايىق كۆرسە ، سىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرسىڭىز مەندە

نېمە ئىلاج ؟ !

پەرھات ، سىز يەنىلا بەختلىك ، چۈنكى ئۆز ئەركىڭىز ، ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن جورا تاللاۋاتىسىز ، سىزگە بەكمۇ ھەۋەس قىلىمەن !

مەن سىزنىڭ ۋە ئانىڭىزنىڭ قارارىدىن خەۋەر تاپقان كۈنى كەچقۇرۇن ھېلىقى نائەھلىگە ئۆزلۈكۈمدىن باش ئەگدىم . ۋىجدانىمنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلدىم . ماڭا ئۆلۈم ۋە باش ئېگىشتىن ئۆزگە ئۈچىنچى بىر يول يوق ئىدى . ئۆلۈمدىن قورققان مەندەك قورقۇنچاققا شەپقەتسىز رېئاللىق ئىتتەرگەن تىك قىيادىن غۇلاپ چۈشۈشتىن بۆلەك ئامال بارمۇ ؟

شۇنداق بىر كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تىلەپ يۈرگەنلەر شۇ كۈنى كەچتىلا چاي ئاپىرىش رەسمىيىتىنى تۈگىتىپ ، توي كۈنىنىمۇ بېكىتىشتى ، ئۆگەي ئانامنىڭمۇ ، ئەركەكلىك شىددىتى كەم دادامنىڭمۇ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى . ئانىڭىزنىڭ ئىككىنچىلەپ خەت يازماسلىق توغرىسىدىكى رەھىمسىز ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى قايرىپ قويۇپ يازغان مۇشۇ ئاخىرقى خېتىم سىزگە يېتىپ بارغاندا ، بەلكى مېنىڭ تويۇم ، ياق ، ماتىمىم بولۇپ بولغان بولىدۇ . مەن ۋىجدانىم ئالدىدا مەڭگۈ گۇناھكار ، ئىرادەم ئالدىدا يۈزۈم قارا ، غۇرۇرۇم ئالدىدا ئەيىبلىكمەن ! سىزگە ، سىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىڭىزغا ھەمدەم بولالمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىمەن ! يازغانلىرىمنىڭ رىۋايەت ياكى ئويدۇرما ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئايشەمخان ئاچىنىڭ خېتىنى قوشۇپ ئەۋەتتىم .

خەير ، سىزگە بەخت تىلەيمەن ! »

پەرھات خەت ئىچىدىكى خەتنى ئاچتىيۇ ، ئۇنى ئوقۇشقا پېتىنالمىدى ، پېتىنالمىدى ئەمەس ، بەلكى ئوقۇمايلا قويدى . قىزارغان ، ياشلانغان كۆزلىرىنى تونۇش پوچېركىغا تاشلاپلا ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىدىغان ئانىسىنىڭ ، ئىشەنچلىك ياردەمچىسى ھاشىمنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىنى بىلىپ ئۈلگۈردى .

پەرھاتنىڭ ۋۇجۇدى توڭلاشقا ، تىترەشكە باشلىدى . ئۇ تالادىن

ئانىلىق تەشۋىشى بىلەن چۈجىلىرىنى سارىنىڭ ھۇجۇمىدىن ھىمايە قىلماقچى بولغان مېكىياندەك ئېتىلىپ كىرىپ، ئۆزىنى يۆلەشكە تۇتۇنغان ئانىسىنىڭ سېيماسىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى - دە، تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— ئانا، سەن زادى نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭ! — دەپ نالە قىلدى ۋە ئاجىز بەستىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۇگىلىرى بىردىنلا بوشاپ كەتكەچكە، بىر پارچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غۇلاپ چۈشتى. ئۇ ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئارىسىدا ئاپئاق ماموق پەيلىرى يۇلۇپ تاشلانغان، ئېچىنىشلىق نىدا قىلىپ، قىيقاس سېلىۋاتقان ھېلىقى ئاق قۇنى، ئاق قۇ ئەمەس، بىر پارچە قىزىل گۆشنى كۆردى. ئاشۇ تىلىنغان گۆشتىن تامچىلىغان قان گۇمبۇرلىگەن سادا بىلەن يەرگە تۆكۈلۈپ، يەرنىمۇ، يەردە قوقاسقا تاشلانغان قىلدەك تولغىنىۋاتقان پەرھاتنىمۇ لەرزىگە كەلتۈردى.

زۇلمەت ئارىسىدا ئاقار يۇلتۇزدەك چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئاق قۇ بىردىنلا مۆئەللەق ھالغا كەلدى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى. بۇ تونۇش تەبەسسۇم شۇنچىلىك جازىبىدار ئىدىكى، پەرھاتنى رەھىمسىز ئارغامچا بىلەن ئۆزىگە مەھكەم باغلىدى - دە، كۈچەپ تارتقىلى تۇردى. پەرھات ئىختىيارەن تارتىلدى. ئۇنىڭمۇ يالىڭاچ ئاق قۇ بولغۇسى، ئەدەپلىك زۇلمەت ئىچىدە ئۇنىڭغا جۇر بولغۇسى كەلدى...

— جېنىم ئوغلۇم، نېمە بولدۇڭ، نېمىدەپ كۆڭلىكىڭنى يىرتىسەن؟!

— مەن ئاق قۇ، مەن ئۇچىمەن، مەن ئۇچىمەن...

ئانا راستىنلا قورقۇپ كەتتى. ئۇ ياش تۆكەتتى، قولۇم - قوشنىلارنى ياردەمگە چاقىراتتى. خۇداغا نالە قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ئاللىقاچان ئاق قۇغا ئايلانغان ئوغلى ئالدىدا ئامالسىز ئىدى.

1989 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى.

# مەن ئوغلۇمنى ئۇردۇم

مەن ئوغلۇمنى ئۇردۇم ، قاتتىقمۇ ئەمەس ، يۇمشاقمۇ ئەمەس ، بىر شاپىلاق ئۇردۇم ، ئۇنى شاپىلاق زەربىسىگە ئەمەس ، بەلكى تۇغۇلغىنىدىن بېرى تۇنجى قېتىم قول تەگكۈزگىنىمنىڭ ئاھانىتىگە چىدىماي ھۆكۈرەپ يىغلاپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدىم . ئەمما ، ئۇ يىغلىمىدى ، ھەتتا شاپىلاق تەگكەن مەڭزىنى سىلاپمۇ قويمىدى . كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى ـ دە ، يەنە ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك دەرسلىك كىتابىنى قولىغا ئالدى .

ھەيران قالغۇدەك ئىش ، ئۇ نېمىشقا يىغلىمايدۇ ، بۇنداق چىدام ، بۇنداق سەۋر ـ تاقەت سەككىز ياشلىق بالىغا نەدىن كەلگەن ؟

مەن بىلىمەن ، ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ يۇمران تېنىگە جىسمانىي دەشنام بېرىش — ئەڭ نادان ، ئەڭ قوپال ، ئەڭ يارىماس ئاتىنىڭ ئىشى ، لېكىن ، شۇنداقمۇ چاغلار بولىدۇكى ، پەرزەنتىڭدىن ئۆتۈلگەن ئەڭ ئەجەللىك بىر سەۋەنلىك تۈپەيلى ئۆزۈڭنى زادىلا تۇتالمايسەن ـ دە ، پۈتكۈل نارازىلىقىڭنى ، ئاتىلىق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭنى ئالىقانلىرىڭغا توپلاپ ، مانا شۇنداق ئۇرۇپ تاشلايسەن !

«پالانى ئۆز بالىسىنى ئۇرۇپتۇ» دېگەن گەپ ، ئەلۋەتتە چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان گەپ ئەمەس ، شۇ سەۋەبتىن ، مېنى تاش يۈرەكلىكتە ئەيىبلەيدىغانلارمۇ تېپىلار ، ياق ، مەن تاش يۈرەك ئادەم ئەمەس ، بەلكى ئەڭ كۆيۈمچان ئاتىلارنىڭ بىرى ، پەقەت ئاشۇ كۆيۈمچانلىقلار مېنى تاش يۈرەكلەرچە قوپاللىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى . ئىشەنمىگۈچىلەر ئالدى بىلەن ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاڭلاپ

www.uyghurkitap.com

باقسۇن ، مېنى قوپاللىقىم ئۈچۈن كەچۈرەمدۇ ـ كەچۈرمەمدۇ ، ئىختىيار ئۆزىدە .

ۋەقە مۇنداق : ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلانغاندىن بۇيانقى ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئوغلۇمنىڭ مىجەزىدە غەيرىيلىك يۈز بەردى ، گەپ ـ سۆزلىرىدە ، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدا بەزىبىر غەلىتە قىلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى . ئۇ بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ بوغچىسىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ـ دە ، تۇيۇقسىز سوراپ قالدى :

— دادا ، سەن باشلىقمۇ ؟

— ياق ، داداڭ باشلىق ئەمەس ، — مەن كىتابتىن باش كۆتۈرمەيلا جاۋاب بەردىم . ئۇ يەنە سوئال قويدى :

— باشلىق بولساڭ بولمامدۇ دادا ؟

— باشلىق دېگەن بولىمەن دەپ بولۇۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە داداڭدا باشلىق بولغۇدەك ئىقتىدارمۇ يوق .

— ھىم ، سەندە ئىقتىدار يوقكەن ـ دە !

«ھىم» دېگەن ئۇرغۇ ئۇنىڭ چىش ئارىلىقىدىن چىقتىمۇ ياكى دىمىغىدىن ، بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن ، ئىشقىلىپ چىرايىغا چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ئالامەتلەر ئولاشتى . تىرىلىرى پارقىراپ تۇرغان كىچىككىنە بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئىرماش ـ چىرماش سىزىقچىلار پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ماڭا قانچە ئۇزاق تىكىلگىنىنى تۇيماپتىمەن ، ئەيتاۋۇر بىر پەستىن كېيىن ئۈستەلنى تاراقلىتىپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا تارتتى ـ دە ، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇش قىلدى .

شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغلۇمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەرگىلى تۇردى . بۇرۇن كۆز قىرىمنى تاشلاپ قويدۇمۇ ، مۇددىئايىمنى دەرھال چۈشىنىپ ، ئىشارىتىم بىلەنلا ئىش تۇتىدىغان بالا ئەمدى جىددىي تەلەپپۇزدىكى نەسىھەتلىرىمنىمۇ پەرۋايىغا ئالمايدىغان بولۇۋالدى . ئاتا ـ بالا ئارىسىدا بولىدىغان

ئەركىلىتىش ـ ئەركىلەشمە ھە دېگەندىلا سېغىنىشلىق ئۆتمۈشكە ئايلاندى .

مەنغۇ كۆپىنچە ئەر كىشىلەردەك مىجەزى خېلىلا ئېغىر ـ بېسىق بىر ئادەم ، بىراق ئەر كىشى چىدىغانغا ئايال كىشى چىدىمايدىغان ئوخشايدۇ . ئوغلىمىزنىڭ مىجەزىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئانىسىنى ئوبدانلا ئەندىشىگە سېلىپ قويدى . بىر كۈنى ئۇ ئىككىمىزلا قالغان چاغدا ماڭا :

— دادىسى ، ئوغلىمىزنى دوختۇرغا ئاپىرىپ ئوبدانراق بىر تەكشۈرتۈپ كۆرمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ ، بۇ بىچارە دەرستىن قېلىشتىن ئەنسىرەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە ؟ ! — دېدى . ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا بۇقۇلداپ كۆز يېشى قىلغىلى تۇردى .

بالىلارنىڭ ئانىسىغا راستىنلا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئادەتتە ئوغلىمىزنى ھەممە بالىلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغىنى ماڭا ئايان ئىدى . ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى يىغىسىغىمۇ ئوغلىمىزنىڭ «ئىسسىمداپ قالدىمۇ ، نېمە» دېگەن ئەندىشە بىلەن پېشانىسىگە قويغان ئالىقىنىنى زەردە بىلەن ئىتتىرىۋەتكەنلىكى سەۋەب بولغانىدى . ئۇ ئوغلىمىزنىڭ بۇ قىلغىنىغا يۈزمۇيۈز نارازىلىق بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماي ، دەردىنى كۆزىدىن ئېلىۋاتاتتى .

مەن بالىلارنىڭ ئانىسىنى ئۇنى ـ بۇنى دەپ خاتىرجەم قىلغان بولساممۇ ، ئەمما ئۆز كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلالمىدىم ، ئەكسىچە ئەندىشىلىرىمنى ئاشۇرۇۋالدىم ، دەسلىپىدە ئوغلۇمنىڭ بارلىق ئويۇن ـ تاماشىنى تاشلاپ ، جىمى زېھنىنى دەرس تەكرارلاشقا قارىتىۋاتقىنىنى ، تىرىشچانلىقىنىڭ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۈچىيىۋاتقىنىنى كۆرۈپ : «مەيلىلا ، ئۆگىنىشكە ئۆزلۈكىدىن قىزىقىپ كېتىۋاتقان بولغاندىكىن ئارتۇقچە غەم قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپ قارىغان بولسام ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ساراسىمىگە چۈشكىلى تۇردۇم .

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوغلۇمنىڭ چىرايىدىكى كۆلكە ئالامەتلىرى تامامەن يوقالدى. كۈن بويى قاپىقىنى تۈرۈۋالغىنى تۈرۈۋالغان، ئىشىكنى تېپىپ كىرىپ، تېپىپ چىقىشى، ئەرزىمەس بىر باھانە بىلەن سىڭلىسىنى ئۇرۇپ ـ تىللىشى، ھەتتا ئاشۇ ئامراق ئاسلانغىمۇ ئۇرۇپ، تېپىپ يۇرۇپ كۈن بەرمەسلىكى مېنى سەگەكلەشتۇرۇپ قويدى.

مەن باللار پسىخىكىسىغا قىزىقىدىغان بىر ھەۋەسكار بولغىنىم ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال پسىخىكا قوللانمىسىغا مۇراجىئەت قىلدىم. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رەھمىتىنى ئالغان ئادەم بولغاندىكىن، ئۆز ئوغلۇمنىڭ پسىخىك كېسىلىگىمۇ «داۋا» تاپالايمەن دەپ ئىشەندىم. ئاخشاملىرى باش كۆتۈرمەي كىتاب كۆردۈم، كېچىلىرىمۇ ئۇيقۇمنى تەرك قىلدىم، ئويلىنىۋېرىپ، كاللامنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دېدى. ئەمما، چوتنى خاتا سوقۇپتىمەن، ئىشنىمۇ ئاسان چاغلاپتىمەن. پسىخىكىدىكى «پسىخىك بىنورماللىق» دېگەن كېسەلنى تاپقان بولسامۇ، بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى، داۋالاش «رېتسىپى» ھەققىدە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم، يەنە كېلىپ بۇنداق «پسىخىك بىنورماللىق» كېسىلىگە گىرىپتار بولغان باللارنىڭ «دادىسىنى تونۇيۇقسىز كۆزگە ئىلماس بولۇۋالىدىغان، ئانىلىق مېھرىنى رەت قىلىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەرسكە بېغىشلايدىغان» كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا ھېچ نەرسە يېزىلماپتۇ. ئوغلۇمنىڭ مىجەزىدىكى بۇ ئۆزگىرىش «پسىخىك بىنورماللىق» كېسىلىگە ياتامدۇ ـ يوق، بۇنىڭغىمۇ كېسىپ بىرنېمە دېيەلمىدىم.

كىتابتىنمۇ رايىم ياندى. ئاخىر ئۈمىدىمنى ئىشداشلىرىمنىڭ مەسلىھىتىگە باغلىدىم ـ دە، ئۇلارغا ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى يىپتىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردىم. ئىشداشلىرىممۇ مەن كۆرگەن ـ كۆرمىگەن بىرقانچە پارچە قېلىن كىتابلارنى ۋاراقلاپ كۆردى ۋە ئىلاجسىز باشلىرىنى

چايقاشتى .

ئـوغلۇم بولسا ، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئاساسەن ئۈزدى . كىتاب ، تاپشۇرۇق دۆۋىسىگە كىرىپ كەتكەنسېرى ئاش ـ تاماقنىمۇ ئۇنتۇيدىغان ، ئويۇنغىلى كىرگەن قۇرداشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان ، ھەتتا بەزىدە ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان ھالغا يـەتتى . سىڭلىسى ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئاشۇ بىچارە ئاسلانمۇ ئۇنى كۆرسە دىرىلدەپ تىترەپ ، ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولۇپ كەتتى .

بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدىتى ، ئەمدىلا بوي تارتىۋاتقان يۇمران بەدىنى ، نازۇك ئەسەبلىرى بۇنداق ئېغىر روھىي يۈككە ، جىسمانىي بېسىمغا ھەرگىز چىداشلىق بېرەلمەيتتى .

مەن راستىنلا جىددىيلىشىپ قالدىم . بارا ـ بارا قورققىلى تۇردۇم ، مۇبادا كەلگۈسىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغا نىشانلانغان ئامراق ئوغلۇم ئۇنداق ـ بۇنداق بولۇپ كېتىدىغان بولسا ، ئازابقا ، پۇشايمانغا ئانىسىلا ئەمەس ، مەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم .

ئەر ـ خوتۇن تويتوغرا بىر كېچە مەسلىھەتلىشىپ چىققاندىن كېيىن ، ئوغلۇم بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلىشىپ كۆرمەكچى بولدۇم ـ دە ، بىر كۈنى كەچتە پاراڭنى باشلىدىم :

— ئوغلۇم ، ئاتا ـ ئاناڭغا دېيەلمەيۋاتقان ھەرقانداق گېپىڭ بولسا تارتىنماي ، قورقماي دەۋە !

ئـۇ قـېرىـنداش ئۇچلاشنى داۋام قىلىۋەردى . گېپىم پاشا غىڭشىغانچىلىكمۇ تەسىر قىلمىغان بولسا كېرەك ، ئاخىر سۆزۈمنى يالغۇزۇرغان تەلەپپۇز بىلەن قايتا تەكرارلاشقا مەجبۇر بولدۇم .

— ئوغلۇم ، گېپىم قۇلىقىڭغا كىرىۋاتامدۇ ، ئەگەر مۇشۇنداق يېمەي ـ ئىچمەي ئۆگىنىشكە ئۆزۈڭنى ئۇرۇۋېرىدىغان بولساڭ چاتاق چىقىدۇ . شۇڭا...

ئـۇنىڭ قـوشۇمـىسـىدا ئۇچ تال پاراللـېل سـىزىق پەيدا بولدى ـ دە ، ئاخىر ئېغىز ئاچتى :

— سەن مېنى ئۆگەنمە ، ئۆزۈڭدەك ئىقتىدارسىز ئادەم بول دېمەكچىمۇ ؟ ياق ، ئۆگىنىمەن ، قاتتىق ئۆگىنىمەن ، چوڭ بولغاندا

باشلىق بولىمەن .
— باشلىق بولۇپ نېمە قىلىسەن ؟
— نېمە قىلىسەن ؟ باشلىق بولىمەن دېدىمۇ ، بولماي قويمايمەن !
شۇ مىنۇتتا يەر ـ ئاسمان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولدىمۇ ياكى دەسسەپ تۇرغان يېرىم لەرزىگە كەلدىمۇ ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى . قەلبىمدە تىترەپ تۇرغان بىر پارچە ئوت بىردىنلا يانغىنغا ئايلاندى . تومۇرلىرىمدىكى جىمى قان قايناپ ـ تېشىپ بىردىنلا مېڭەمگە قويۇلدى . بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ بولۇپ ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسەم ، ئوغلۇمنىڭ مەڭزىگە بىر شاپىلاق سايتىمەن ، ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان پېتى ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ بۇرنى ئۈستىدە يەنىلا شۇ ئىرماش ـ چىرماش سىزىقلار…
شۇ كېچىسى كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كىرمىدى . ئامراق ئوغلۇمنى ئۇرۇپ قويغىنىمنىڭ پۇشايمىنى ئەمەس ، بەلكى ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 ـ سىنىپىدا ئوقۇيدىغان بىر سويما بالىنىڭ مۇشتەك تۇرۇپ ، ئەمەل چۈشى كۆرۈشكە باشلىغىنى مېنى ئۇخلاتمىدى .
يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام ، مەن بىلەن ئوقۇپ ، بىر ئورگاندا ئىشلەۋاتقان بارات سەۋدانىڭ يۇقىرىدىكىلەرگە خۇشامەت ـ تەزىم قىلىپ كۈچۈكلىنىپ ، ئېپى كەلسە پارا بېرىپ ، ۋىجدانسىزلارچە ئادەم سېتىپ ئەمەلدار بولغىنىنى كۆرۈۋېرىپ شۇنداقمۇ ، كېچىسىمۇ ـ كۈندۈزىمۇ باشلىق بولۇش چۈشىنى كۆرۈپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن سەسكىنىدىغان بولۇپ قالغانىدىم . قوتاندىن بۆرە چىققاندەك ، مەندەك بىر رايىش ، مۇلايىم ئادەمنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئەمەلدارلىق چۈشىنى كۆرىدىغانلارنىڭ چىقىپ قالغىنى ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلدى .
مانا كۆرۈك ، ئوغلۇم ئەمەلدار بولغۇچە قانداق ۋىجدانسىزلىقلارنى قىلار ، قانچە دوستىنى سېتىۋېتەر ـ ھە ؟ !
ئەمدى ئوغلۇمنى بىر شاپىلاق ئۇرغاندىن كېيىنكى بىر ۋەقەنى

سۆزلەپ بېرەي :

ئەتىياز ئايلىرى بولغاچ ھاۋا رايى تولا ئۆزگىرىۋاتاتتى . بىر كۈنى تۈن ھەسسىدىن باشلاپ گۈلدۈرلىگىلى تۇرغان بوراننىڭ ئەنسىز ئاۋازى بىلەن تاڭ يورۇشىغىلا ئويغىنىپ كەتتىم . دېرىزىنى ئېچىپ قارىسام قار ئارىلاش شىۋىرغان چىقىۋېتىپتۇ . ئەمدىلا يوپيۇرماق چىقىرىۋاتقان قارىياغاچ شاخلىرى توساتتىن ھۇجۇم قىلغان سوغۇق ئېقىمنىڭ زەربىسىگە چىداشلىق بېرەلمەي ، زىيادە ئېغىر يۈك كۆتۈرگەن قېرى ھامماللەدەك ئېگىلىپ قاپتۇ . قارلار چاپلىشىپ ، ئۆچكە چۈپۈرىدىن ئىشلەنگەن قوپال ئارغامچىغا ئوخشاپ قالغان ئېلېكتر سىملىرىدىن بىر توپ ئويۇنچى بالا تەك ھۇشتەك چېلىۋاتقاندەك سادا كېلىۋېتىپتۇ .

نېمىلا دېگەنبىلەن ، ئاتىلىق مېھرىدىن ئىبارەت بۇ گۈلخاننى ھەرقانچە قۇدرەتلىك شامالمۇ ئۆچۈرەلمىسە كېرەك . تېخى تۈنۈگۈنلا گويا چالا كۆيگەن چۈچۈلىدەك ئۆرتەۋاتقان ئاتىلىق مېھرىم بۈگۈنكى بۇ شىۋىرغان تۈپەيلى بىردىنلا يانغىنغا ئايلاندى - دە ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ ، ئوغلۇمغا بولغان ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىنى قوزغىۋەتتى .

مەن : «يۈر ئوغلۇم» دېدىم - دە ، ئوغلۇمنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويماقچى ، قوپاللىق قىلغان گۇناھىمنى (ھازىرچە تېخى گۇناھ ھېسابلىمىسامىمۇ ) يەڭگىللەتمەكچى بولدۇم .

ئۇ تارتىشىپ ئولتۇرمىدى ، ۋېلسىپىتىمنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىلگىرىكىدەك بېلىمدىن تۇتۇپ قۇچاقلىمىدى . يىڭنە سانجىغاندەك ئۇرۇلۇۋاتقان قار - بوراننىڭ زەربىسىدىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمىدى .

بىز دۇگدەيگەن ، شۈمشەيگەن ھالدا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق . قارشى تەرەپتىن توختىماي سىگنال ئۇرۇپ كەلگەن بىر قوڭۇر رەڭ «سانتانا»مۇ يېنىمىزغا كېلىپ غاچچىدە توختىدى .

پىكاپ ئىشكى ئېچىلدى . پىكاپتىن ئالدى بىلەن بارات

سەۋدانىڭ بېشى كۆرۈندى ـ دە ، ئارقىدىنلا ئوغلۇم بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئوغۇل بالا شوپۇرنىڭ ياردىمىدە يەرگە چۈشۈرۈلدى . «قاق ناشتىدا تۇزۇكرەك بىر ئادەمنى ئۇچراتسامچۇ» دېدىم ئىچىمدە ۋە كۆڭلۈم غەش بولۇپ ئوغلۇمنى تارتقۇشلىدىم .

— ماڭ ئوغلۇم ، سىنىپىڭغا سولىۋېتەي !

ئەجەب ئىش ، ئوغلۇم تاپىنى هۆل بولۇپ كەتكەن يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك مىدىرمۇ قىلمايتتى .

— ماڭمامسەن ئوغلۇم…

ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى ، كۆز نۇرىمىز مانان بىلەن قاپلانغان بوشلۇقتا گىرەلەشتى .

ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ تال پاراللېل سىزىق پەيدا بولدى . ماڭا خۇددى مېنى بۇگۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ بىر قارىۋالدى ـ دە ، نەزىرىنى مەندىن يۇلۇۋېلىپ قوڭۇر رەڭ پىكاپقا ، پىكاپتىن خۇددى بايۋەچچىدەك گىدىيىپ چۈشۈپ دادىسىغا قاراپ قول شىلتىۋاتقان بالىغا تىكتى .

ئوغلۇم ماڭا يەنە بىر قاراپ قويدى ـ دە ، بۇرنى ئۈستىدىكى پاراللېل سىزىقلار يوقالماستىنلا كىچىك مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ، لېۋىنى چىشلەپ يۈگۈرگەن پېتى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى…

— ئوغلۇم ، ئاستىراق ماڭ…

كۆتۈرگەن قولۇم هاۋادا ئېسىلىپ قالدى ، بوينۇمدىن ساقىپ چۈشكەن مۇزدەك سوغۇق قار سۈيى سىيرىلغان بويى دۈمبەمگە چۈشۈپ ، غولۇمنى مۇزلاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆز ئالدىمدا «يالت» قىلىپ چاقماق چېقىلدى…

چاقماق چېقىلدى ، ئوغلۇمنىڭ بۇرنى ئۈستىدە پەيدا بولغان ئۈچ تال پاراللېل سىزىقلارنىڭ سىرى ، ئەمەلدار بولۇشقا بەل باغلىغىنىمنىڭ سەۋەبلىرى خىيالىمدا بىردىنلا ئايان بولدى .

بىلىدىمكى ، ئۇ ، ئەمەلدار بولالمىغىنىم ، توغرىسى بارات سەۋدادەك قوڭۇر رەڭ پىكاپنىڭ خوجايىنى بولالمىغىنىم ئۈچۈن

مەندىن كۆڭلى قالغان ـ دە ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئەمەلدارلىق چۈشىنى كۆرۈشكە باشلىغان !

ھەي ، پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا بارمۇ ، مەن نېمىدەپ ئوغلۇمنى ئۇرغاندىمەن ، كۆرگەننىلا قوبۇل قىلىشۋېرىدىغان سەبىي بالىنى ئەمەس ، بەلكى ئىپلاسلىقلىرىنى بالىلارغا كۆرسىتىۋېرىدىغان جەمئىيەتنى ، ياق ، بارات سەۋدانى ، بارات سەۋدانىڭ ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان رەزىللىكلىرىنى شاپىلاقلاش كېرەك ئىدىغۇ ؟ !

1989 ـ يىلى مارت ، ئۈرۈمچى .



# موزاي

بۈگۈن يېزىلىق ھۆكۈمەت مەيدانىدا كىنو قويۇلىدىكەن ، دېگەن خەۋەر كەچ كىرمەستىن مەھەللىدىكى پۈتۈن بالىلار ئارىسىدا تارقىلىپ بولغانىدى .

بارات ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى تاپشۇرۇقلىرىنى ئالدىراپ ئىشلەپ بولۇپ ئىشىكلىرىدىن خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا چىقىشتى ـ دە ، چىرقىراشقان پېتى يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە يول سېلىشتى .

ئۇلار بۈگۈنكى گۈگۈمنىڭ ئادەتتىكىدىنمۇ تېز چۈشۈۋاتقانلىقىدىن قاقشىشىپ قەدەملىرىنى بارغانسېرى تېزلەتمەكتە ئىدى . چوڭلىرى كىچىكلەرنى ئالدىرىتاتتى . نېمىلا بولمىسۇن مەيداننىڭ ئالدىنقى قاتارىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق توغرىسىدا ئۆزئارا ئاگاھلاندۇرۇشاتتى . ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ چىراغلىرى ئوچۇق كۆرۈنىدىغان يەرگە كەلگەندە ، ھوشۇر ئاكا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەلدى . ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى ، بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە ، سورىدى :

— بالىلىرىم ، ئالدىڭلارغا بىر تاغىل موزاي ئۇچرىمىدىمۇ ؟

بالىلار سوئال نەزەرى بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇلاردىن بىرى جاۋاب بەردى :

— ياق ، ئۇچرىمىدى .

— ئەستاغپۇرۇللا ،— دېدى ھوشۇر ئاكا بېشىنى سىلاپ ،— ئۇنداق بولسا بوپتۇ ، يولۇڭلاردىن قالماڭلار !

— موزاي نېمە بولدى ھوشۇر ئاكا ، — دەپ سورىدى بارات

كەينىگە بۇرۇلۇپ بولغان ھوشۇر ئاكىدىن .

— چۈشتىن بۇرۇن نەسىللىك كالا موزىيىدىن بىرنى ئەكېلىۋىدىم ، — جاۋاب بەردى ئۇ ئېچىنغان ھالدا ، — قوتاندىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ ، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى . قاراڭغۇ چۈشكىچە تېپىۋالسام بولاتتى .

بالىلار ئارىسىدا بىر - بىرىنى يولنى داۋام قىلىشقا ئالدىراتقان پىچىرلاشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ئەمما ، بۇ ئاۋازلار باراتنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى . ئۇ تېخى بايىلا دادىسىدىن چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى بولغان ھوشۇر ئاكىنىڭ كالا فېرمىسىدىن نەسىللىك موزاي سېتىۋالغانلىقى ، بۇ موزاي بىلەن كېيىنچە پۈتۈن يېزىدىكى كالىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى . ئۇ ھوشۇر ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كۆڭلى غەش بولۇپ ھەمراھلىرىغا بۇرۇلدى .

— قېنى ئاغىنىلەر ، موزاي ئىزدەشكە ياردەملىشىدىغانلار مەن بىلەن مېڭىڭلار ، — دېدى بارات جىددىي تەلەپپۇزدا .

توپ ئارىسىدىن تۇرغۇن بىلەن ياسىن ھوشۇر ئاكىنىڭ : «رەھمەت سىلەرگە ، كىنوغا بېرىۋېرىڭلار» دەپ توسۇشىغىمۇ قارىماي ، باراتنىڭ يېنىغا ئۆتتى . ئۇلار قىسقىلا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن تەرەپ - تەرەپكە تارقالدى . پەرھات بىلەن تەلئەت بولسا بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە يول ئالدى .

ئىككىيلەن بارات ۋە تۇرغۇنلارنىڭ ئەخمەقلىقى ئۈستىدە كۈلۈشە - كۈلۈشە كىنو قويۇلىدىغان مەيدانغا يېتىپ كېلىشتى .

مەيداندا ئادەم ئاز ئەمەس ئىدى . يېزا بالىلىرى كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن ئورۇن ئېلىپ كىنونىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈشمەكتە ئىدى . پەرھات بىلەن تەلئەت قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا بىردەم تىمىسقىلاپ يۈرۈشتى ۋە تامدىن يۇلۇۋالغان كېسەكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ، كىملەر بىلەندۇر قىزىرىشىپ ئېكرانغا يېقىن بىر يەردە ئولتۇرۇشتى .



www.uyghurkitap.com

ئالدى بىلەن ھۆججەتلىك فىلىم باشلاندى . فىلىمدە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ، ساغلام ئۆسۈۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلاتتى .

پەرھات بىلەن تەلئەت ئۆز قۇراملىق باللارنىڭ ئېكراندا كۆرۈنگىنىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلدى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەقەلىك ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى .

ئەنە 10 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئۆسمۈر مەكتىپىدىن قايتماقتا . تۇيۇقسىز ياغقان يامغۇر ئۇنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى . ئۇ كېلىۋېتىپ يول بويىدا يىغلاپ تۇرغان بىر كىچىك بالىنى كۆرۈپ قالدى . بالا توختىماي يىغلايتتى . ئۆسمۈر كىيىملىرىنى يېشىپ بالىغا يېپىنچاقلاتتى ـ دە ، ئۇنى ھاپاش قىلىپ نۇرغۇن ئۆيلەرگە ئېلىپ باردى ، ئاخىرى ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا تاپشۇردى . بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خۇش بولۇپ ، بۇ پەزىلەتلىك ئۆسمۈرگە رەھمەت ئېيتتى . ئۆسمۈر ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىشنىمۇ خالىماي خۇشال ھالدا ئۆيى تەرەپكە كەتتى...

فىلىم ۋەقەلىكى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پەرھات يېنىدا ئولتۇرغان تەلئەتكە يەر ئاستىدىن قاراپ ، ئۇنىڭ ئېكراندىن كۆزىنى ئۈزۈپ نېمىلەرنىدۇ ئويلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . پەرھات دوستىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە پەملىيەلەيتتى . ئۇمۇ خېلى بۇرۇنلا يۈزىنىڭ قىزىشىۋاتقىنىنى ھېس قىلغانىدى . دەل شۇ چاغدا ئىككى دوستىنىڭ كۆزى قايتا ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇلار نېمىنىدۇر يادىغا ئالغاندەك گەپ ـ سۆزسىزلا ئورنىدىن تۇرۇشتى .

ئۇلار يېرىم كۈندىن بۇيان تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن كىنو كۆرۈش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكەنىدى . پەرھات ۋە تەلئەت مەيداندىن چىقىپ ئېتىزلىقلارنى ، دەرەخلىكلەرنى ئارىلاشقا باشلىدى . ئۇلار موزاينى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن چاقىرىشىپ ئۆستەڭ بويىغا كېلىۋىدى ، 100 قەدەمچە نېرىدا موزاينىڭ يېنىك مۆرەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى .

— ۋاي ، موزاي مۆرەۋاتىدۇ ، ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە ئىكەن ،

يۈگۈرۈيلى !

ئۇلار قىرلارغا پۈتلىشىپ ، ئېرىقلاردىن ئاتلاپ دېگۈدەك موزاي بار يەرگە يېقىنلاپ كەلدى .

— پەرھات ، مانا بۇياققا كېلىڭلار ، — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىككىيلەن ئاۋاز چىققان يەرگە كېلىپلا باراتلارنىڭ يېنىدا تۇرغان موزاينى كۆردى ۋە خىجىلچىلىقتىن تۇرۇپلا قالدى .

ئەسلىدە بارات ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك بىلەن موزاينى دەرەخلىكتىن تېپىۋېلىشقانىدى . موزاي ئىزدەپ يۈرگەن پەرھاتلارغا موزاينىڭ مۆرىشىنى دوراپ بەلگە بەرگەنمۇ بارات ئىدى .

— يۈرۈڭلار ، موزاينى هوشۇر ئاكىغا ئاپىرىپ بېرەيلى ، — دېدى بارات نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان پەرھات بىلەن تەلئەتكە تەكلىپ بېرىپ .

— بۇ… بۇ… بۇ قانداق بولىدۇ ، موزاينى سىلەر تېپىۋالدىڭلار ، بىز…

بارات موزاينىڭ ئارغامچىسىنى پەرھاتقا تۇتقۇزۇپ ، ئۇنى يېتىلەتتى ـ دە ، دوستلىرى بىلەن بىللە كەينىدىن ئەگەشتى .

ئۇلار يۇلتۇزلار كۈلۈپ تۇرغان ئاخشامدا مەھەللە تەرەپكە قاراپ خۇشال مېڭىپ كەتتى .

1988 ـ يىلى ئىيۇل .

## شەپەرەڭ

مۇختار يازلىق تەتىلگە كەلگەن ئاكىسى بىلەن بىللە مېھمان بولغىلى يېزىغا — تاغىسىنىڭ ئۆيىگە چىقتى .

تاغىسىنىڭ مۇختار بىلەن تەڭ دېگۈدەك بىر ئوغلى بار ئىدى . مۇختار ئۇنىڭ بىلەن تېخى كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىسمىنى ئاڭلاپ تۇراتتى ، ھەر قېتىم تاغىسىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇغان چاغدا ئانىسى مۇختارنى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ ، ئۇنىڭغا خەتنىڭ ئاخىرىغا قېرىنداش بىلەن چىرايلىق يېزىلغان «مۇختار ئۇكامغا سالام ، ئىمىنجاندىن…» دېگەن قۇرلارنى ئالاھىدە كۆرسىتەتتى . بۈگۈنمۇ تاغىسى بىلەن ئاكىسى ئامان - ئېسەنلىك سورىشىپ بولغۇچە بۇ ئىككىسى تېزلا تونۇشۇپ ئۈلگۈردى . تاغىسىنىڭ : «ئىنىڭنى داستىخانغا باشلا ، ئۇسسۇلۇق ئىچىۋالسۇن» دېگىنىگە قارىماي ، ئىمىنجان مۇختارنى قولىدىن يېتىلىگىنىچە تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

بۈگۈن مۇختار تۇرغۇن يېڭى نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشتى : كاۋىنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن پېلەك تارتىپ باراڭلارغا يامىشىشلىرى ، ئېشەكلەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ھاڭراشلىرى ، مېكىيانلارنىڭ تۇرغۇنلىغان چۈجىلەرنى كەينىگە سېلىۋېلىپ يۈرۈشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى .

ئىمىنجان شوخ ۋە قىزغىن بالا ئىدى . ئۇ مۇختارنىڭ سوئاللىرىغا ئېنىق ۋە قىزىقارلىق جاۋاب بەرگەننىڭ سىرتىدا ئۇنى ھەر خىل يېڭى نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشتۇردى .

— ئاۋۇ نېمە ؟ — سورىدى مۇختار ياپيېشىل باراڭ ئارىسىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان قاپاقنى كۆرسىتىپ ، — كاۋىمۇ نېمە ؟

ئىمىنجان مۇختارنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ كۈلكىسىنى زورغا باستى ـ دە، دېدى:

— ياق، قاپاق پىشقاندا سارغىيىدۇ، ئۈزۈپ ئاغزىنى ئاچساق، ئىچىگە سۇ ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇلار كۆپكۆك چىمەنلىكلەرنى، گۈلدۈرلەپ تۇرغان سۇ تۈگمىنىنى، ھەر خىل زىرائەتلەرنى كۆرۈپ بولۇپ ئۆيگە قايتقان چاغدا، چوڭلار كەچلىك داستىخاندا ئولتۇراتتى.

— سەنزە ئوغلۇم، — دېدى مۇختارنىڭ تاغىسى ئىمىنجاننى ئەيىبلىگەن ھالدا، — ئىنىڭنىڭ قورسىقىنى ئاچۇرۇپ قويدۇڭغۇ دەيمەن؟ — ئۇ مۇختارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

مۇختار ئولتۇرۇۋېتىپ دېدى:

— قورسىقىم ئاچمىدى. تاغا، ئىمىنجان ئاكام راستلا ياخشىكەن، ئۇ ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرسەتتى.

ھەممەيلەن باللارنىڭ تاتلىق گەپلىرىدىن زوقلانغاچ تائامغا تۇتۇش قىلدى. مۇختارمۇ ئاشتىن ئىككى ـ ئۈچ كاپام ئالدى. بىراق، كۆڭلىدە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇپ تۇراتتى. ھويلىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ئىككى شەپەرەك دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

— ئىمىنجان ئاكا، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئاسماننى ئىشارە قىلىپ، — ئۇچۇپ يۈرگەن نېمە ئۇ؟

— شەپەرەك، — دېدى ئىمىنجان دەرھال جاۋاب بېرىپ.

مۇختار شۇ ھامان گېزىتتىن ئوقۇغان «شەپەرەك بىلەن كۈن» دېگەن مەسىلىنى يادىغا كەلتۈردى ـ دە، ھەممىنى چۈشەنگەندەك دېدى:

— ھە، بىلدىم، شەپەرەك دېگەن كېچىسىمۇ ئۇچالايدۇ ـ ھە؟

ئۇلار چوڭلارنىڭ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇشتى ـ دە، ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىگە باردى. مۇختار ئىمىنجانغا ئاستا پىچىرلاپ دېدى:



www.uygurkitap.com

— ئاكا ، مەن شەپەرەڭ دېگەننى ئاڭلىغان ، ئەمما كۆرمىگەن ، بىرنى تۇتۇپ كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

مۇختار شەھەرگە قايتقاندا شەپەرەڭ دېگەن نەرسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەڭتۇشلىرىغا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . ئىمىنجانمۇ مۇختارنىڭ كۆرگەنلا نەرسىگە قىزىقىدىغانلىقىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ مۇختارنىڭ «ئاكا ، شەپەرەڭ دېگەن قانداق بولىدۇ» دېگەن سوئالىغا تەپسىلىي بىرنەرسە دەپ بېرەلىشىمۇ ناتايىن ئىدى . چۈنكى ، ھازىرغىچە شەپەرەڭنى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان تۇرقىدىلا كۆرگەن . شۇ سەۋەبتىن مۇختارنىڭ تەكلىپىمۇ ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى . ئۇ دەرھال ئېغىلنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە خادىدىن ئىككىنى تېپىپ كەلدى - دە ، مۇختارغا دېدى :

— ئۇكام ، خادىنىڭ بىرىنى سەن ئال ، بىرىنى مەن ئالاي ، شەپەرەڭ ئۇچۇپ كەلسە خادىنى قارىسىغا پۇلاڭلىتىۋېرەيلى ، ئۇ بىرەرىمىزنىڭ خادىسىغا ئۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتسە ئەجەب ئەمەس .

ئۇلار ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇۋېلىپ ، خادىلىرىنى بولۇشىغا پۇلاڭلاتقىلى تۇردى . بىرەرسىنىڭ كۆزىگە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان شەپەرەڭ چېلىققان ھامان «مانا كەلدى ، ئۇر !» دەپ ۋارقىرايتتى . بەزىدە باش ئۇستىدىلا ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەن شەپەرەڭنى ئۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىگە كايىيتتى . شەپەرەڭ نەچچە قېتىم ھويلا ئۇستىدىن دائىرىسىمان ئايلىنىپ ئۆتتى . ئۇلار يېرىم سائەتچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىرەر تال مويىنىمۇ ئۇرۇپ چۈشۈرەلمىدى ، ئاخىر تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ تۇرۇشقىنىدا ، ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى خېلىدىن بېرى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان چوڭلار بۇ تاماشىغا كۈلكە بىلەن قوشۇلدى :

— نېمە قىلىپ يۈرۈيسىلەر باللار ، — دېدى مۇختارنىڭ تاغىسى مۇختارغا لۆڭگە ئۇزىتىۋېتىپ ، ئىمىنجان خادىسىنى مىلتىق

تۇتۇپ تۇرغان جەڭچىدەك تۇتۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— شەپەرەڭدىن بىرنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ كۆرۈپ باقايلى دەيمىز.

— قېنى شەپەرەڭ دېگەن نەرسە ئەمدى كۆرۈپ باقسۇن، بېشىغا كېلىشتۈرۈپ سالمايدىغان بولسام، — دېدى مۇختار ھاسىراپ تۇرۇپ.

مۇختارنىڭ ئاكىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ خادىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن يىغىشتۇرۇپ قويۇپ دېدى:

— ئەخمەق بولماڭلار ئۇكىلىرىم، بىر كېچە ھەپىلەشسەڭلارمۇ ئۇنى ئۇرۇپ چۈشۈرەلمەيسىلەر!

مۇختار ئاكىسىنى ئۆز جاسارىتىنى كەم چاغلاۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندى ۋە ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى:

— ئەكە قولۇڭنى ئاكا، بۈگۈن ئاخشام ئىمىنجان ئىككىمىز بىرەر شەپەرەڭنى ئۇرۇپ چۈشۈرەلمىسەك...

— بالىلىق قىلماڭلار، — دېدى مۇختارنىڭ ئاكىسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — شەپەرەڭ سىلەر ئويلىغاندەك ئاددىي ھايۋان ئەمەس.

ئاكىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇختار زىل ۋە ياڭراق ئۈنى بىلەن كۈلۈپ تاشلىدى:

— قارا سېنى، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قۇشنى ھايۋان دېگىنىڭنى!

— راست، ئۇچار قۇشنى ھايۋان دېگىلى بولمايدۇ، ھايۋان يەردە ماڭىدۇ، — دېدى ئىمىنجانمۇ.

مۇختارنىڭ ئاكىسى بالىلارنى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەسلىكتە كۆندۈردى ـ دە:

— شەپەرەڭ ھەقىقەتەنمۇ ھايۋان، — دېدى ئۇ چۈرقىرىشىۋاتقان بالىلارنى تىنچلاندۇرۇپ، — شەپەرەڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئۇ ئادەتتە قۇشلارغا ئوخشاش تۇخۇم تۇغمايدۇ، تۇخۇم باسمايدۇ، بەلكى بالا تۇغىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قوي ، كالىلارغا ئوخشاش ئەمچىكى بار ، بالىلىرىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ .

مۇختار ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى ئالدىمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . ئۇ هازىرمۇ ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى ئالدىمايۋاتقانلىقىغا ئىشەنسىمۇ ، ئەمما كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلمەيۋاتاتتى . شۇڭا ، ئۇ يەنە سورىدى :

— ئەمىسە ئۇ نېمىشقا ئۇچالايدۇ !

— ئۇنىڭ قانىتى بار ، بىراق قانىتى ئادەتتىكى قۇشلارنىڭكىگە ئوخشاش پەي بىلەن قاپلانمىغان ، يەلپۈگۈچسىمان سۆڭەكلىرىنى نېپىز گۆش پەردە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ . بۇ گۆشلەر مەلۇم ھەجىمدە قـانـات يـۈزىنى ھاسىل قىلغاچقا ، ئۇ ئۇچۇش ئۇچۇن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدۇ .

بالىلار بىردەم جىم بولغاندىن كېيىن شەپەرەڭ — قۇش دېگەن قاراشتىن تەۋرىنىشكە باشلىدى .

— ئەمىسە سىز نېمىشقا ئۇنى ئۇرۇپ چۈشۈرگىلى بولمايدۇ ، دەيسىز ؟

— بىرمۇنچە ھەپىلىشىپ ئۇرۇپ چۈشۈرەلمىگىنىڭلار پاكىت ئەمەسمۇ ؟

مۇختار سورىدى :

— قاراڭغۇ تۈرسا ، قاراڭغۇدا ئادەممۇ بىرەر نەرسىنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ . شەپەرەڭنىڭمۇ كۆزى كۆرمىسە ئۇرۇپ چۈشۈرگىلى بولمامدۇ ؟

مـۇخـتـارنـىـڭ ئـاكـىـسى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈپ دېدى :

— شـەپەرەڭنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغانلىقى راست ، ئەمما ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە .

— قانداق ئىقتىدارغا ؟

— شـەپـەرەڭ ئۇچۇۋېتىپ بىر خىل ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى تارقىتىدۇ . ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تۈز سىزىق بويىچە تارقىلىدىغانلىقىنى

سىلەر ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئوقۇيسىلەر . شەپەرەڭ تارقاتقان ئاۋاز دولقۇنى ئەتراپىدىكى توسالغۇلارغا ئۇرۇلۇپ كەينىگە قايتىدۇ ـ دە ، قايتقان دولقۇن يەنە شەپەرەڭ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ . شەپەرەڭ ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تارقىلىپ ، يەنە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىنى ھېسابلاپ قايسى تەرەپتە توسالغۇ جىسىم بارلىقىنى ، ئارىلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت بىلەلەيدۇ . ئۇ ئۈلترا ئاۋاز دولقۇنىنى ئۈزلۈكسىز تارقىتىپ ۋە قوبۇل قىلىپ تۇرغاچقا ، ئورنى ئۆزگىرىۋاتقان ھەرقانداق توسالغۇ جىسىممۇ ئۇنىڭ دىققىتىنىڭ تېشىدا قالمايدۇ . سىلەر خاداڭلارنى قانچە تېز پۇلاڭشىتساڭلارمۇ ئۇ ئۇچۇش يولىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈلگۈرىدۇ .

شۇ ئەسنادا ئىمىنجاننىڭ دادىسىمۇ بۇ قىزىق مۇنازىرىگە لوقما سالدى :

— ئوكام ، بۇ جانىۋار نېمىشقا كۈندۈزى ئۇچماي كېچىسىلا ئۇچۇپ يۈرىدۇ ؟ — دېدى سوئال نەزەرى بىلەن مۇختارنىڭ ئاكىسىغا تىكىلىپ .

— تاغا ، سىز بىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتامسىز قانداق ؟ — مۇختارنىڭ ئاكىسى كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلدى .

— ياقەي ، بىز دېھقان خەقلەر بىر ئىشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئانچە ئۇقمايدىكەنمىز ، سەندەك ئوقۇغان ئادەم باشقا گەپ ـ دە ! — دېدى ئىمىنجاننىڭ دادىسى بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— ئۇنداق بولسا سۆزلەپ بېرەي ، — مۇختارنىڭ ئاكىسى سۆزىنى داۋام قىلدى ، — شەپەرەڭنىڭ كۆزى تازا تەرەققىي قىلمىغاچقا كۈندۈزى دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپ تاشقىرىغا چىقمايدۇ . بۇ ئادەت شەپەرەڭدە بۇرۇندىنلا شۇنداق شەكىللەنگەن . شەپەرەڭنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوزۇقى — پاشا ، پاشا كېچىلىرى تازا كۆپ بولىدۇ ، ئۇ كەچ كىرىشىگىلا پاشا تۇتۇپ يېيىشكە باشلايدۇ .

بۇنى ئاڭلىغان مۇختار سەكرەپ كەتتى .


— ئەمىسە شەپەرەڭ پايدىلىق قۇش ، ياق ، پايدىلىق هايۋان ئىكەن - دە !

— شۇنداق ، — دېدى مۇختارنىڭ ئاكىسى باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ ، — شەپەرەڭ پايدىلىق هايۋان . ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدا كېسەل تارقاتقۇچى پاشىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى . شۇڭا ، سىلەرمۇ ئۇنى ئۇرۇپ چۈشۈرمەسلىكىڭلار لازىم !

— ها… ها… ها…

چوڭ ۋە كىچىكلەرنىڭ خۇشال كۈلكىسى جىمجىت يېزا ئاسمىنىنى بويلاپ يىراق - يىراقلارغا تارقالدى .

1984 - يىلى فېۋرال .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قورقۇنچلۇق يەكشەنبە

يېرىم كېچىدە باشلانغان قىزىتمام تاڭ ئېتىشقا يېقىن تۇتسا كۆيگۈدەك دەرىجىگە يەتتى. سول قۇلىقىمدىن باشلانغان ئاغرىق بېشىمنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ، بوينۇمغىچە يامرىدى. گېلىم قۇرۇپ، تاماقلىرىم چاپلىشىپ كەتتى. ئىچىمنىڭ ئېلىشىشىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا قۇلاق پەردىسى ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىمدىن دېرەك بېرەتتى.

كېسەل دېگەننىڭغۇ ھەرگىز ئوبدىنى يوق. بىراق، مەن ئۇچۇن قۇلاق پەردىسى ياللۇغى ئەڭ ئېپلاس كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئالتە يىل بۇرۇن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېسەل بىلەن ئاغرىپ ئوڭ قۇلىقىمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يوقاتقانىدىم. شۇڭا، قەدىرلىك سول قۇلىقىمنى ساقلاپ قېلىش تەمەسىدە تاڭ ئېتىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدىم. پۈتكۈل ئۈمىدنى ئىنساننىڭ جېنىنى ئەزرائىلنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋالغۇچى دوختۇرلارنىڭ شىپالىق تەدبىرىگە باغلىغانىدىم. بىراق، يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا يەنە ئوخشاشلا سېكۇنتىغا قىرىق بەش كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ئايلىنىپ بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىز قۇياشقا ئالدىنى قىلغاندىلا ئاندىن تاڭ يورۇدى. سائەت ئىسترېلكىسى سەككىزنى كۆرسەتكەندە تاقىتىمنىڭ چېكى كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

شەھەرلىك 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ جىددىي كېسەللەر بۆلۈمىگە كىرىپلا بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم. نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىككى نەپەر دوختۇرنىڭ بىرى شىكايىتىمنى


ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بېشىنى چايقاپ قويۇپ:
— ھاراراتىڭىزنىڭ قىزىقتىن ئاشقانلىقىغا قارىغاندا، كېسىلىڭىز جىددىي خاراكتېرلىك ئۆتكۈر قولاق ياللۇغى ئىكەن، تېز داۋالاتمىسىڭىز بولمىغۇدەك، بۇ كېسەلنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.
ياشانغانلىقى بىلەن مېنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرغان دوختۇر تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەسنەيتتى.
— ئازراق بىلىمەن، — دېدىم كۆڭلۈمنىڭ ئېلىشىشىنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ، — كېسەل تەگكەن قولاق گاس بولۇپ قالىدۇ، ۋاقتىدا داۋالانمىسا كېسەل مىكروبى چوڭ مېڭە پوستلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.
— ھەببەلى، ئاقىۋەتى ئەنە شۇنداق ئېغىر. شۇڭا، جىددىي تەدبىر قوللىنىش كېرەك، — دېدى دوختۇر كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىن ماڭا قاراپ قويۇپ ئەزمىلىك بىلەن. مەن جىددىيلىشىشكە باشلىدىم:
— ئەمىسە ئوكۇل سېلىشقا توغرا كەلسە، ئوكۇل ئۇرۇپ قويۇڭ، بولمىسا دورا بېرىڭ دوختۇر، بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن.
— بۇنداق كېسەلگە قائىدە بويىچە ئانتىبىئوتىك ئوكۇللار ئۇرۇلىدۇ، بىراق ··· بىراق قۇلىقىڭىزنى بەش ئەزا بۆلۈمىدە بىر تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك، بۇ، بىر قائىدە.
— ئەمىسە تېز بولايلى، دوختۇر!
— ئالدىرىماڭ، بۈگۈن يەكشەنبە ئىكەنلىكىنى ئۇقمامسىز يولداش، ئاڭلىشىمىزچە، يەكشەنبىدە دەم ئېلىش لېنىن دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملىشىۋاتقان ئادەت ئىكەن، بەش ئەزا بۆلۈمىدىكىلەرمۇ ئارام ئېلىۋاتىدۇ.
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟
— ئامال يوق، — ئۇ ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە دېدى، — ئەتە

ئەتىگەن سائەت سەككىزگىچە چىداشلىق بېرىپ تۇرىسىز ـ دە !
قىزىتمام توساتتىن يەنە بىر گرادۇس ئۆرلەپ كەتكەندەك بولدى :
— چىداشلىق بېرىشنىغۇ بېرەرمەن ، لېكىن كېسەل ئارام بەرمەيدۇ . دوختۇر ، ئۆزىڭىز بىر ئامال قىلىڭ ، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي !
— دېدىمغۇ ، بەش ئەزا بۆلۈمىدىكىلەر تەكشۈرۈپ قەغەز يېزىپ بەرمىسە بولمايدۇ ، بۇ كېسەل بەش ئەزا بۆلۈمىگە تەئەللۇق ، بىلەمسىز ، بەش ئەزا دېگىنىمىز — قۇلاق ، ئېغىز ، كۆز...
— سىز يەنە يىگىرمە تۆت سائەت ساقلا دېمەكچىمۇ ؟
— توغرا ئېيتتىڭىز .
— دورا بولسىمۇ يېزىپ بېرەلەمسىز ؟
— بولمايدۇ ، كېسەل مۇقىمدالغىچە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ !
— مىكروبلار ئارام ئېلىش دېگەننى ئۇقامدۇ ، دوختۇر ئۇنىڭ ئىككىسى تۆت ، تۆتى سەككىز بولۇپ كۆپىيىۋېرىدۇ ـ دە !
ئارتۇقچە هاياجانلىنىشنىڭ ئۆز ئېغىرلىقىنى مىڭ تەسلىكتە كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان تېنىمگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ، دوختۇرغا ، قايتا ـ قايتا يېلىنىپ باقتىم . هېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىنلا ، 2 ـ دوختۇرخانىغا قاراپ يول ئالدىم .
بىر قولۇم بىلەن قۇلىقىمنى چاڭگاللاپ ئامبۇلاتورىيە ئىشىكىدىن كىرىپ كەلگىنىمدە ، يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر دوختۇر پلاندوسكوپنى بويىنىغا ئاسقىنىچە مۈگدەپ ئولتۇراتتى . هېلىمۇ شۈكۈر ، ئىشىكنىڭ قاتتىق شەپە چىقىرىپ يېپىلغانلىقى سەۋەب بولدىمۇ ، ئۇ ئۇيقۇسىدىن ئاسانلا ئويغاندى . ماڭا بىر گۆلىيىپ قاراپ قويدى ـ دە ، خۇشياقمىغان هالدا دەردىمنى سورىدى :
— قېنى ئېيتىڭ ، قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ ؟



www.uyghurkitap.com

— سول قولىقىم بېشىمنىڭ يېرىمى بىلەن قوشۇپ ئاغرىيدۇ .
— قاچان باشلانغان ؟
— تۈنۈگۈن .
— ھەي ، نېمىشقا تۈنۈگۈنلا كۆرۈنمىدىڭىز . شەنبىنىڭ كەينىدىن يەكشەنبە كېلىدىغانلىقىنى ، يەكشەنبە بولسا ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي دەم ئېلىش كۈنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدىڭىز ؟
دوختۇرنىڭ سوئالى تولىمۇ غەلىتە سوئال ئىدى . ئۇنى بۇنداق غەلىتە سوئال قويغىنى ئۈچۈن ، ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا زوڭ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدىيۇ ، لېكىن سەۋر قىلىپ دېدىم :
— ئاغرىق يېرىم كېچىدىن باشلاپ كۈچىيىپ كەتتى ئەمەسمۇ ، ھېلىمۇ ھەم بىر ئامال قىلسىڭىز .
— ھىم... بوينىڭىزنى بۇياققا قىلىڭ ! — دېدى دوختۇر بېشىمنى تۇتۇپ بوينۇمنى قايرىپ ئۇ يەر - بۇ يەرنى سىلاپ كۆردى ، — مانا ، بويۇن لىمفا تۈگۈنلىرى ئىششىپ قاپتۇ . بۇ بويۇن ئەتراپى ياللۇغلانغانلىقىنىڭ كلىنىكىلىق ئىپادىسى .
ئۇ ، قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ قويغان تېرمومېتىرغا قاراپ يەنە :
— ھارارىتىڭىز قىرىق بىر گرادۇسقا يېتىپتۇ . قىزىتمىڭىز داۋاملىق ئۆرلەۋەرسە ، ئاقسىل چۆكمىگە چۈشىدۇ ، خەۋپ دېگەن مانا مۇشۇ . ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز ؟ — دەپ سورىدى .
— ئۆلىمەن ، لېكىن سىزدەك دوختۇرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنىم ئۈچۈن ئۆلۈمدىن خەۋپسىرىمەيمەن .
— مۇنداق بولسۇن ، ئەته ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كېيىن بەش ئەزا بۆلۈمى ئىشقا چۈشسۇن ، ئەتراپلىقراق تەكشۈرۈپ كۆرەيلى .
پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقىشقا باشلىدى ، مۇسكۇللىرىم كىرىشىپ پەيلىرىم تارتىشۋاتسا كېرەك ، مۇشتلىرىم ئىختىيارسىز



www.uyghurkitap.com

ھالدا ئۇيۇشۇشقا باشلىدى . ئەمما ، يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىشتىن ئۆزگە ھېچقانداق چارە دوختۇرنىڭ قېتىپ كەتكەن يۈرىكىنى ئېرىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

— ئۇنداق دېمەڭ جېنىم دوختۇر ، بىر ئامال قىلىڭ ، ئەتە نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ .

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بىردىن جىددىي تۈس ئالدى :

— دېمىدىممۇ ، بۈگۈن يەكشەنبە ، بەش ئەزا بۆلۈمىدىكىلەر ئارام ئالىدۇ ، ئەتە كېلىڭ دېگەندىكىن ئەتە كېلىڭ !

— سىزمۇ بەش ئەزا بۆلۈمىنىڭ دوختۇرىغۇ .

دوختۇرنىڭ قېشى ئۈستىدىكى قىزىل مېڭى مېنى سەگەكلەشتۈردى ، ئۇنى ئوغلۇمنىڭ ئانگىنا كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بەش ئەزا بۆلۈمىگە كىرگەندە ، قولاق تەكشۈرۈۋاتقان ھالەتتە كۆرگەنىدىم .

— مەنغۇ بەش ئەزا بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ، لېكىن بۈگۈن بەلگىلىمە بويىچە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتىمەن . دەم ئېلىش كۈنىدە بۆلۈم ئېچىلمايدۇ . ئۈسكۈنە بولمىسا كېسىلىڭىزنى تەكشۈرەلمەيمەن ، داۋالىشىم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس !

ئۇ مەن بىلەن سوقۇشىدىغان ئەلپازدا ئىدى ، ھۆرت ـ پۆرت دەپ قويدۇممۇ بالانىڭ چوڭىغا قالاتتىم . ساقچىغا تېلېفون بېرىۋەتسە دوختۇرخانىنى قالايمىقان قىلدى ، دېگەن گۇناھ بىلەن سولىنىپ كېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى .

شەھەردىكى بارى ـ يوق ئىككى دوختۇرخانىنىڭ ھېچقايسىسىدىن نەتىجە چىقمىدى ، كېسىلىم بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقاندەك ، كېسەل مىكروبلىرى ئوتتۇرا قولاق پەردىسىدىكى نېرىپ تالالىرىنى بويلاپ چوڭ مېڭەمگە داغدۇغىلىق ھۇجۇم باشلاۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم . تەقدىرنىڭ ئۆچەكەشكەندەك ماڭا يەكشەنبە كۈنىدە كېسەل سالغانلىقىغا غەزىپىم ئۆرلەۋاتاتتى . ئەمدى ئۆيگە قايتىپ ، كېسەلنى ئۆز خاھىشىغا

قويۇۋېتىپ، دەرد تارتماقتىن ئۆزگە ئامال قالمىغانىدى.

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن، تۆت غۇلاچ كەلگۈدەك قاتارنى تۈگىتىپ، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم، دوختۇر ماڭا قاراپ ئاغزىنى مىدىرلاتتى.

مەن ھېچنىمە چۈشىنەلمىدىم، ئۇ ئاغزىنى يەنە بەكرەك مىدىرلاتتى.

يەنە ھېچنىمە چۈشىنەلمىدىم. پەقەت دوختۇرنىڭ نىمىگىدۇر ئىچ ئاغرىتقاندەك بېشىنى چايقىغانلىقىنى كۆردۈم.



# ھېيتلىق

بالىلىق دەۋرىنى ئەسلەش — بالىلىق دەۋرى بىلەن ئاللىبۇرۇن خوشلاشقان كىشىلەر ئۈچۈن تولىمۇ مەنىلىك ۋە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش، بالىلىق دەۋرى ئۇلارغا گويا بىر ئەزىم دەريانىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۈزۈپ كەلگەن نېرىقى قىرغاقتا قايتا بېرىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئۆز - ئۆزىگە: «مەنمۇ ئاشۇ يەرلەردە بولغانمىدىم؟» دېگەن سوئالنى قويۇۋېتىپ، گىرىمسەن كۆرۈنۈۋاتقان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرگە ھەۋەس بىلەن نەزەر سالىدۇ - دە، ئاشۇ قىرغاقتا يۈز بەرگەن، ئەمدى بولسا چۈشىدە كۆرگەندەك ئەسلىيەلەيدىغان كەچۈرمىشلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ...

مەن ھازىر بالا ئەمەسمەن، بەلكى بالىلىرىمنىڭ ئاتىسىمەن، بىراق مېنىڭمۇ ئاشۇ قىرغاقتا كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىم بار. بۇ كەچۈرمىشتىن كېيىنكى كۈنلەردە چىقارغان يەكۈنلىرىم ھازىر بالىلىرىمنىڭ دۇرۇس ئادەم بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشىمدىكى بىر ئۆلچەمدۇر. شۇڭا، بالىلار تەربىيىسىدە بىرەر قىيىن مەسىلىگە يولۇقتۇممۇ، شۇ ھامان ئېسىمدە قالغان تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىمەن. تۆۋەندىكىسى بۇ يىل قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى چوڭ ئوغلۇمغا سۆزلەپ بەرگەن بىر ھېكايە.

* * *

توققۇز ياش ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك، تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتكەن قۇربان ھېيت ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئاكام بىلەن ئىككىمىز

ئادەتتىكىدىن ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يېڭى كىيىملىرىمىزنى كىيىشتۇق ـ دە، ئىشىك ئالدىغا چىقىۋېلىپ دادامنىڭ نامازدىن قايتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردۇق. دادام قايتىپ كەلدى. ئۇ بىزگە ئالتە ـ يەتتە موچەندىن ھېيتلىق بېرىپ، چوڭ ئانامنىڭكىگە باشلاپ ماڭدى.

چوڭ ئانام تۇل بولسىمۇ، لېكىن سېخىي مەزلۇم ئىدى. بىزگە بەكمۇ ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ھەپتىدە بىرەر قېتىم يوقلاپ بارساق، يۈز ـ كۆزىمىزگە سۆيۈپ كېتەتتى ۋە: «قوزىلىرىم، كېلىڭلار، چوڭ ئاناڭلار سىلەرنى بەكمۇ سېغىندى!» دەپ قېتىق بولامدۇ، تۇخۇم بولامدۇ، ئىشقىلىپ يەيدىغانلىكى نەرسە بولسا ھەممىسىنى ئالدىمىزغا ئېلىپ چىقاتتى. بىزمۇ چوڭ ئانامنىڭكىدە بىرەر ئاخشام قونۇپ قېلىشنى چوڭ بەخت دەپ بىلەتتۇق. بارغىنىمىزدا موزايلىق كالىسىغا ئاتاپ يۆگىمەچ ئالغاچ باراتتۇق. ئۇ يۆگىمەچنى «كالىغا سۈت بولىدىغان ئەڭ ياخشى چۆپ» دەپ ماختايتتى ـ دە، بىزنى قوندۇرۇپ قالاتتى تاكى كۆزىمىز ئۇيقۇغا كەتكۈچە مۇڭلۇق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ چىقاتتى. ھەر يىلى ھېيتلاردا قولىمىزغا بىر ـ ئىككى كويدىن پۇل ياكى ئون نەچچىدىن تۇخۇم تۇتقۇزماي قويمايتتى.

بارساق، چوڭ ئانام ھويلىسىنى چىننىدەك پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سېپىپ ۋاتقانىكەن. ئۇ قارىمىزنى كۆرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە:

— چوڭ ئانىسى دېگەننى ئەڭ بالدۇر ھېيتلايدىغان، ئەمدى كەلدىڭلارمۇ، يولۇڭلارغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى، — دېگەچ بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، چوڭ ئانام بۇ يىل ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تېنى ساق ئىدى. سەل ئورۇقراق بولغىنى بىلەن يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا قېرىلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. چېكە چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، چىرايى پارقىراپ تۇراتتى. ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغان چىشلىرى خۇددى يالغان سەدەپ چىشتەك يالتىرايتتى.

چوڭ ئانامنىڭ ھېيتلىق داستىخىنى خېلى مول ئىكەن . ئۇ چاغلاردا قۇربانلىق قىلىش چوڭ ئانامدەك تۇل خوتۇن ئۇچۇن ئارتۇقچە ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ سېمىز توخۇدىن ئىككىنى سويۇپ ، زەرچىۋە سېلىپ ئالتۇندەك سارغايتىپ پىشۇرۇپ داستىخانغا تىزىپتۇ . ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي بىر توخۇنى بىزگە يېگۈزۈۋەتتى . دۇئادىن كېيىن ئويما ياقىلىق ئىككى خەسە كۆڭلەك ۋە ئىككى كويدىن پۇلنى پەتنۇسقا ئېلىپ ئاكام بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا قويدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ :

— لايىقىڭلاردا بولمىدى باللىرىم ، ئاز بولسىمۇ چوڭ ئاناڭلارنىڭ ھېيتلىقى ، — دېدى .

دادام تۇزۇت قىلىۋىدى ، چوڭ ئانام يېنىك تەنبىھ بەردى . دادام ئاخىر بىزنى نوقۇپ ئورنىمىزدىن تۇرغۇزدى ۋە :

— چوڭ ئاناڭلارغا رەھمەت دېمەمسىلە ؟ ! — دەپ ئاگاھلاندۇردى . بىز تەكرار ـ تەكرار رەھمەت ئېيتىشتۇق . چوڭ ئانامنىڭ تەلپى بىلەن ئاپئاق خەسە كۆڭلەكلەرنى شۇ يەردىلا كىيىۋالدۇق .

چوڭ ئانامنى ئۆيىمىزگە ھېيتلاشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋىدۇق ، چوڭ ئانام ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ چىقتى ـ دە ، ھەربىرىمىزگە بەش دانىدىن پىششىق تۇخۇم تۇتقۇزدى .

بىزنى دەپ ئالاھىدە تەييارلىغان بۇ تۇخۇملار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى ، رەڭلىرى كۆزنى ئالچەكمەن قىلىۋېتەتتى . مەھەللىمىزدىكى باللار ھەر يىلى چوڭ ئانام بىزگە ھېيتلىق بېرىدىغان مانا مۇشۇنداق تۇخۇملارنى كۆرگەندە بەكمۇ ھەۋەسلىنەتتى ـ دە ، بەزىلىرى ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىشىپ ئانىلىرىغا : «بىزگىمۇ ئابابەكرىنىڭ چوڭ ئانىسى پىشۇرغاندەك رەڭدار تۇخۇم پىشۇرۇپ بەرگىن» دەپ خەقش قىلاتتى . ھەتتا ھېيتلىق كىيىملىرى بىلەنلا توپا ئۇستىدە يېتىۋېلىپ دومىلايدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . ئىلاجسىز قالغان ئانىلار

چوڭ ئانامنىڭ ئالدىغا تەلىم ئالغىلى كېلەتتى. چوڭ ئانام ئۇلارغا قاراپ كۇلۇپ تۇرۇپ:

— ئۆز نەۋرەمنى دەپ پىشۇرغان تۇخۇملارلا ئاشۇنداق رەڭدار بولۇپ چىقىدۇ، بۇ ھۇنەر باشقىلارغا ئۆز كۇچىنى كۆرسىتەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

چوڭ ئانام باشقىلاردىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغان ئوبدان ئايال تۇرۇقلۇق، بۇ ھۇنىرىنى ئايامتى؟ ئۇ: «بۇنداق رەڭدار تۇخۇملار پەقەت ئۆز نەۋرىلىرىدىلا بولۇشى كېرەك» دەپ ھېسابلايتتى. مەنمۇ چوڭ ئانامنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى ياقتۇراتتىم. ئۇنىڭ قىزىل تۇخۇمنى ئۆرۈك يىلتىزىنىڭ پوستىدا، جىگەر رەڭ تۇخۇمنى چېقىر ئۇجمە پورىدا، شاپتۇل چېچىكى رەڭ تۇخۇمنى يۇلغۇن چېچىكىدە، كاۋا چېچىكى رەڭلىك تۇخۇمنى ئوردانىدا بويايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمەيتتىم.

ئاكامنىڭ ھەرقانداق ھېيتلىقتىنمۇ ئېشىپ چۇشىدىغان بۇنداق رەڭدار تۇخۇملارنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغانلىقىغا ھەيران ئىدىم. ئۇ بۇگۇنمۇ ھەرقانچە يالۋۇرغىنىمغا قارىماي، ئۆيگە كەلگۇچىلا تۇخۇمدىن ئىككىنى سويۇپ يەۋەتتى. مەن ئۇنى «قارنى يامان كالا، چۆل پاقىسى» دەپ تىللىۋېتىپ، تۇخۇملىرىمنى يانچۇقۇمغا سالدىم ـ دە، تالاغا يۇگۇردۇم.

مەھەللە باللىرى دائىم بىللە ئوينايدىغان تاختا كۆۋرۈك بېشىدا ئون نەچچە بالا يىغىلىپ يېڭى كىيىملىرىنى ۋە تۇخۇملىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپلا تۇخۇملىرىمنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتىشكە باشلىۋىدىم، باللار ئويلىغىنىمدىنمۇ بەكرەك ھەۋەس قىلىشتى، لېكىن سېمىز، دوغىلاق كەلگەن كېرەم جىگەر رەڭ تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ پىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئاستا بېشىنى چايقاپ:

— بۇ تۇخۇم چىرايلىق بويالغان بىلەن پوستى ئاجىز، چېكىششكە يارىمايدۇ، — دېدى ۋە تۇخۇمنى ماڭا قايتۇرۇپ

www.uygurkitap.com

بەردى . ئويلىمىغان يەردىن كېرەمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشكە باشلىغان باللارنىڭ تۇخۇملىرىمغا بولغان قىزىقىشلىرى بىردەمدىلا يوقالدى . تۇخۇملىرىمنىڭ قەدىرسىزلىنىشى ماڭا ئەلەم قىلدى . نېمىلا بولمىسۇن تۇخۇملىرىمنىڭ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرىقى شەرىپىنى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، چوڭ ئانامنىڭ تۇخۇم بوياشتىكى ئابرۇيىنى دەرھال قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى .

— پو ئاتما ! تۇخۇملىرىمنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى سەن نەدىن بىلەتتىڭ ؟ — دېدىم بىرقەدەم چامداپ كېرەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — چوڭ ئانام پىشۇرۇپ بەرگەن تۇخۇم نەدە ئاجىز بولسۇن !

كېرەم كۆرەڭلەشكە باشلىدى . ئۇ شەپكىسىگە سېلىۋالغان تۇخۇملاردىن بىرنى تاللىدى ـ دە ، چىشىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ قېنى ئەكەل ، تۇخۇملىرىم تۇگىگۈچە سەن بىلەن چېكىشىمەن ، — دەپ تۇخۇمىنى بۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا تەڭلىدى . كېرەمنىڭ تۇخۇملىرىمغا تىل تەگكۈزۈشى بىلەنلا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ ، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى . تەۋەككۇل قىلىپ تۇخۇمدىن بىرنى چىقىرىپ كېرەمگە دېدىم :

— ئەكەل تۇخۇمىڭنى ، ئالدى بىلەن چىشىمغا ئېلىپ باقاي .

— ياق ، — دېدى كېرەم كەسكىن ئاھاڭدا ، — تۇخۇمىڭدا ئىشەنچ بولسا ، مېنىڭكىنى چىشىڭغا ئېلىپ نېمە قىلىسەن ؟ ياتە نوچى بولساڭ !

— سەن يات !

— ياق ، سەن يات !

— چوڭراق چىقىرىپ بەرمەمسەن ؟

كېرەم تۇخۇمىنى تۇتۇپ بەردى ، مەن ئۇردۇم . تۇخۇملارنىڭ بىرى چارس قىلىۋىدى . ئىككىمىز تەڭلا تۇخۇملىرىمىزغا قاراشتۇق . كۆردۇمكى ، مېنىڭ تۇخۇمۇم سۇنۇپتۇ . تۇخۇملىرىم ئارقا ـ ئارقىدىن چېقىلغىلى تۇردى . مەن كېرەمنىڭ ۋە باللارنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىگە چىداپ تۇرالمىدىم . ئاخىر جېنىمدىنمۇ

ئـەتىۋار بىلىدىغان تۇخۇملىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم ! يۈرىكىمنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ، تېنىمنىڭ بوشىشىپ قولۇمنىڭ تـىـتـرەۋاتـقـانـلـىـقىنى ، پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىققانلىقىنىلا بىلىمەن . ئاخىر چوڭ ئانامنىڭ ئەمگىكىگە قىلىنغان ھاقارەتكە ، ئۇلارنىڭ مەسخىرە كۈلكىلىرىگە چىداپ تۇرالماي ، بۇرۇلۇپلا ئۆي تەرەپكە يۈگۈردۈم…

ئـېـسـەدىگەن پېتىم ئۆيگە كىرىپتىمەن . دادام ھېيتلىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ . ئاكام قالغان ئۈچ تۇخۇمنىمۇ قارىنغا ئۇرۇپ بوپتۇ . ئانامنىڭ : «بىر كىم بوزەك ئەتتىمۇ بالام ، خاپا بولمىغىن» دەپ بـەزلەشـلـىـرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى . دەپسەندە قىلىنغان ئابرۇيۇمـنى قايـتۇرۇۋالـمىغۇچە ، كېرەمنىڭ تۇخۇملىرىنى پاخشە قـىـلىۋەتمىگۈچە توختىماسلىققا قەسەم قىلدىم ـ دە ، ئىچكىرىكى ئـۆيگە كىرىپ ئىشكىنى ئىچىدىن زەنجىرلىۋالدىم . ئۆتكەن يىلى ئاقتاش مەھەللىسىدىن كەلگەن بىر نەۋرە ئاكامدىن ئۆگىنىۋالغان ، ئەمما ئىشلىتىشكە پېتىنالمىغان ھۈنىرىمنى باشلىدىم…

تـاخـتـا كـۆۋرۈك بـېـشـىغا ئىككىنچى قېتىم چىققىنىمدا ئـەتىگەندىكى باللارنىڭ بىرىمۇ تارقاپ كەتمىگەنىكەن . كۆۋرۈك سالاسۇنىدا پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ كېرىلىپ ئولتۇرغان كېرەم ھەدەپ گەپ سېتىۋېتىپتۇ . ئۇ مېنى يىراقتىن كۆرۈپ ، يانچۇقىدىن مەنـدىن ئۇتۇۋالـغان رەڭـلىك تۇخۇمـدىن بىرنى چىقاردى ـ دە ، پاراس ـ پۇرۇس سويۇپ ئاغزىغا سالدى . ئۇ ، بۇ ھەرىكىتى بىلەن مـېـنـى مـازاق قىلماقچىدى . كېرەمنى ئوراپ تۇرغان باللارمۇ قىزىق ، ئۇلار ئادەتتە مېنىڭ ئەتراپىمدىلا پىرقىراپ يۈرمەيتتىمۇ ؟ ھـازىـر ، ئـەمـدى ئـۇلار ئـوچـۇقـتىن ـ ئوچۇق كېرەم ئۈچۈن گۈپپاڭچىلىق قىلىۋاتاتتى .

— قـېـنـى كـېـرەم ، بـايـامقى تۇخۇمىڭنى چىقارمامسەن ؟ كۆۋرۈككە قەدەم قويار ـ قويمايلا ۋارقىرىدىم ، — نوچىلىقىڭنى ئەمدى بىر كۆرۈپ باقاي !

كىرەم يەنە بىر رەڭلىك تۇخۇمنى ئاغزىغا سېلىپ قوۋۇزىنى كۆپۈرۈپ تۇرۇپ سالاسۇندىن چۇشتى .

— چىقارسام چىقاردىم . ئەكېلە تۇخۇمىڭنى ، ئالدى بىلەن چىشىمغا ئېلىپ باقاي .

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ، سېمىزلىكىدىن تېرىلىرى بوغۇم - بوغۇم تۇرۇلۇپ تۇرغان قولىنى ماڭا ئۇزاتتى . بۇ سۆز بىلەن يۈرىكىم بىر ئاغدى ۋە هايال ئۆتمەي يەنە جايىغا چۈشتى . كىرەمنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ :

— ئەتىگەن سەنمۇ تۇخۇمىڭنى چىشىمغا ئالغىلى قويمىغانغۇ ، — دەپ هۆرپەيدىم . ئۇ قىلغىلى گەپ تاپالماي بىر تۇخۇمنى چىقاردى . ئۇچىنى ئۇچىغا توغرىلاپ ، يېنىككىنە ئۇرۇشۇم بىلەن تەڭلا كىرەمنىڭ تۇخۇمى پاخشە بولدى . قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتكەن كىرەم يەنە ۋارقىرىدى :


— ئەكىلە ، ئەمدى پايىنەكنى پايىنەككە ئۇرىمىز !

— ياق ، نوچى بولساڭ يەنە ئۇچ بولسا چىقار ، — دېدىم مەن ئەندىشەمنى ئاشكارىلىماي ، — ئۇچىغىلا ئۇرىمەن !

كىرەم مېنى يېڭىۋېلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەش نىيىتىگە كەلگەن بولسا كېرەك ، تۇخۇملىرىنى چىقىرىۋەردى ، مەن ئۇرىۋەردىم . كۆپ ئۆتمەي كىرەمنىڭ تۇخۇملىرى مېنىڭ يانچۇقۇمغا ئۆتۈپ بولدى . ئاخىرىدا ئەلەمگە چىدىيالمىغان كىرەم يېنىدىكى باللارغا مۇراجىئەت قىلدى :

— هوي باللار ، تۇخۇملىرىڭلارنى ماڭا ئۆتنە بېرىپ تۇرامسىلە ، — ئۇ يالۋۇرغان ئاهاڭدا دېدى ، — بىر تۇخۇم بەرگەنلەرگە ئەتە ئىككىنى قايتۇرىمەن !

باللار كىرەمدىن قورقىتىمۇ ياكى بىر تۇخۇم ئۈچۈن ئىككىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قىزىقىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر ، بار - يوق تۇخۇملىرىنى كىرەمنىڭ شەپكىسىگە تۆكۈپ بەردى . مەن بىلەن خېلى ئەپ ئۆتىدىغان ، مەن بىردىنبىر ئىشىنىدىغان ئابلەتمۇ كىرەمگە ئۈچ تۇخۇم بەردى .



www.uyghurkitap.com

مەن تۇخۇمۇمنىڭ مىڭ ، ھەتتا ئىككى مىڭ تۇخۇمغا ئۇرساممۇ ھېچ نەرسە بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم . شۇڭا ، پەقەت ئۇچىنى ئۇرۇش شەرتى بىلەنلا كېرەمگە تاقابىل تۇرغىلى باشلىدىم .

بىردەمدىلا كېرەمنىڭ شەپكىسى قۇرۇقدىلىپ بولدى . قوينۇم بولسا زىيادە سۇ ئىچكەن ئۆكۈزنىڭ قورسىقىغا ئوخشاپ قالدى . كېرەمــنىڭ تۇخۇمۇمــنىڭ كارامىتى بــارلىقىغا ئەقــلى يەتــمىدىمۇ ، گــەپ ـ سۆز قىلمايتتى . ئۇنىڭ دائىم شەلۋەرەپ چاپاق بېسىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىشقا باشلىدى . تايىنلىق ، ئۇ ئەتىگەن قازانغان ئابرۇيىنىڭ بىراقلا قولدىن كەتكەنلىكىگە ، باللارغا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلغانلىقىغا ئازابلىنىۋاتاتتى . ئابلەت ئـۇنــىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىۋىدى ، كېرەم بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى ۋە چىرايىدا قانداقتۇر ۋەھشىيلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىپ دېدى :

— ھــىم ، سەـنــزە بــىزنــى قــاپــاق چــاغلىدىڭمۇ ، ئەكەل تۇخۇمىڭنى ، مۇشۇ يەردىلا كۆرۈپ باقىمەن !

پۇتۇن ئەزايىمغا قورقۇنچ ئولاشتى . دەرھال قېچىپ كېتىش كــېرەك ، دېگەن قارارغا كەلدىم . بولمىسا كېرەم تۇخۇملىرىنى تارتىۋېلىپلا قالماي ، ھېلىقى تۇخۇمۇمنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلىپ ، مېنى يۈز كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . قولۇمنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئاجايىپ قاتتىق تۇخۇمۇمنى قوينۇمغا سالدىم ـ دە :

— تۇخۇمۇمنى نېمىشقا كۆرەتتىڭ ؟ — دەپلا «پارت» قىلىپ قاچتىم .

كېرەم سېمىز ، كېلەڭسىز بولغان بىلەن مەندىن چوڭ ئىدى . ئۇ باللارغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ : «قوغلاڭلار !» دەپ بۇيرۇق قىلدى ـ دە ، ئۆزى ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ مېنى قوغلاشقا باشلىدى .

كېرەم ھە دېگەندىلا كەينىمدىن يېتىشۋالدى . قالغان باللارمۇ ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى .

مــەن كــۇچــۇمــنــىڭ يــېتىشىچە تىرىشىپ باقماقچى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قەدىمىمنى بىراقلا ئاستىلاتتىم ـ دە ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كىيرەمنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇستۇم ، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان بالىلارغىمۇ داڭگال بولامدۇ ، تاش بولامدۇ ، ئىشقىلىپ قولۇمغا چىققانلىكى نەرسىلەرنى ئاتتىم…

قوشنىلارنى ، ھېيتلاپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن دادامنى ۋە باشقىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ھويلىغا كىرىپ سۇپىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم ـ دە ، ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدىم .

قانچە ۋاقىت يىغلىغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن . بىر چاغدا ھويلىمىزدا دۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . قارىسام ئىغىز ـ بۇرنى قانغا بويالغان كىرەم ۋە پېشانىسى ياڭاقتەك ، قاقتەك ئىششىغان بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلگەن ھالدا تۇرۇپتۇ .

كىرەمنىڭ ئانىسى پۈتۈن مەھەللىدە داڭقى بار ۋات ـ ۋات خوتۇن ئىدى . ئۇ ئانامنىڭ ھاي بېرىشىگىمۇ قارىماي ماڭا قولىنى چېنەپ ۋارقىرايتتى .

— قوپە ئورنۇڭدىن ، ھاراملىق ، بىزمۇ يۈز ـ كۆزۈڭنى قان قىلىپ قويايلى ، ياسىغان تۇخۇم بىلەن بالامنىڭ تۇخۇملىرىنى ئۇتۇۋالدىڭ بىر ، ئۇنى ئاز دەپ باش ـ كۆزىنى قان قىلدىڭ ئىككى…

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرگە چىداپ تۇرۇش تەس ئىدى . باشقا بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى گەرچە ھېچنېمە دېمەي تۇرۇشسىمۇ ، كىرەمنىڭ ئانىسىنىڭ باتۇرلۇقىدىن رازى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى .

مەن غال ـ غال تىترەيتتىم . قوينۇمغا تولۇپ كەتكەن تۇخۇملارنى كىرەمنىڭ ئانىسىدىنمۇ ، ئاتا ـ ئانامدىنمۇ يوشۇرۇشقا تىرىشاتتىم . بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمنى كۆرگەن ئانامنىڭ بۇ جېدەلگە ئارىلىششى ئىشنى بۇزۇپ قويدى . ئۇ ئاغزىنى قويۇۋېتىپ كەلگۈچىلەرگە قاراپ دېۋەيلىۋىدى . كىرەمنىڭ ئانىسى

تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى .

— قېنى ، باللىرى ئېيتىپ باقسۇن ، ئۇ ياسالما تۇخۇم بىلەن بالامنىڭ تۇخۇمىنى ئۇتتۇۋالدىمۇ ، يوقمۇ ؟

ئانامنىڭ ئاغزى بىردىنلا تۇتۇلدى . ئۇ سوراق نەزىرىدە ماڭا قارىۋىدى ، مەن كۆزۈمنى ئەپقاچتىم . بۇ ھالىمنى دادامىمۇ كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك . ئۇ مەندىن زەربە يېگەن باللاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورىدى ـ دە ، بىردىن ماڭا قاراپ :

— قېنى ، قوينۇڭدىكى تۇخۇملارنى چىقار ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ، لاغىلداپ تىترىگىنىمچە تۇخۇملارنى چىقىرىپ سۇپا ئۇستىگە قويدۇم .

— تۇخۇمنى كىمدىن ئۇتتۇۋالغان بولساڭ ، شۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەر !

ئادەتتە ئانامدىن ئانچە ھېيىقمىغىنىم بىلەن دادامدىن بەكمۇ تەپتارتاتتىم ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ھايالسىز بەجا كەلتۈرۈش ئادىتىمگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ، تۇخۇملارنى ئالدى بىلەن كېرەمگە ، ئاندىن كېيىن ئابلەتلەرگە قايتۇرۇپ بەردىم .

ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىدىغۇ ، دەپ ئويلىۋىدىم ، دادام يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قالدى :

— قوينۇڭدىكى يەنە بىر تۇخۇمنىمۇ چىقار !

بۇ گەپ بىلەن پۈتۈن ئەزايىم ماغدۇرسىزلىنىپ ، كۆزگە چېلىقىقۇدەك تىترەپ كەتتىم . دادامنىڭ مېنى مەھەللە باللىرى ئارىسىدا مات قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرسامىمۇ ، ياسالما تۇخۇمنى قوينۇمدىن چىقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم . بۇ تۇخۇمنى چوڭ باللاردىن ئاڭلىغىنىم بويىچە ئادەتتىكى تۇخۇمنىڭ پاينەك تەرىپىنى تېشىپ ئېقى بىلەن سېرىقىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ، كونا باتارېيىنىڭ لاكلىرىنى ئېرىتىپ تۇخۇمنىڭ ئۇچ قىسمىغا قۇيۇپ ئۇيۇتقانىدىم . راست تۇخۇمغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ تۇخۇم تاش بىلەن ئۇرمىسىلا چېقىلمايتتى .

دادام ياسالما تۇخۇمنى قولۇمدىن ئالدى ـ دە ، پارچە ـ پارچە قىلىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتكەندىن كېيىن دېدى :

— باللىرىم ، تۇغقانلار ، بۇگۈن ئۇلۇغ ئايەم كۈنىدە مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقۇشىمىزغا نېمە سەۋەب بولدى ؟

باياتىن بىرى بۇرنىنى تارتىپ تۇرغان كىرەم :

— بالىلىرى يالغان تۇخۇم بىلەن تۇخۇملىرىمىزنى ئۇتۇۋالغاندىكىن ... — دەپ جاۋاب بەردى .

دادام يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بۇمۇ بىر سەۋەب ، لېكىن تۇخۇم چېكىشتۇرىدىغان بۇ قىلىق ياخشى ئەمەس . بۇ قىمارغا ئوخشايدۇ . كىمكى بۇنىڭغا بېرىلىپ كەتسە ، چاتاق چىقماي قالمايدۇ . قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار ، مۇئەللىمىڭلار بۇ ھەقتە نېمە دېگەن ؟

بۇ سوئالغا ئابلەت جاۋاب بەردى :

— تۇخۇم چېكىشىش — شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار ، بۇنىڭغا بېرىلمەڭلار ، دېگەن !

دادام كىرەمنىڭ ئانىسىغا قاراپ تۇرۇپ دېدى :

— باللىرىمىز بۇنداق يامان قىلىققا بېرىلىپ كېتىپ ، مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېرىپ بەردىغۇ ، دەيمەن ؟

كىرەمنىڭ ئانىسى بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن ، كىرەمگە قاراپ سورىدى :

— بۇنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ئېيتقىنى راستمۇ ؟

ئۇ كىرەمنىڭ : «ئېيتقان» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ كايىشقا باشلىدى :

— ئەمىسە ، سەن نېمىشقا بۇنى ماڭا دەپ قويمايسەن ؟

كىرەم جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا يانچۇقىدىن مەندىن ئۇتۇۋالغان رەڭدار تۇخۇمدىن ئۈچنى چىقاردى ـ دە ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ :

— ئىككى تۇخۇمىڭنى يەپ كېتىپتىمەن ، ئەتە قايتۇرۇپ بېرەي ، — دېدى .

ئاتا ـ ئانامنىڭمۇ ، هويلىمىزغا كىرگەنلەرنىڭمۇ چىرايىغا بىردىن كۈلكە ئولاشتى . كېرەمنىڭ ئانىسىمۇ خىجالەت بولغاندەك بېشىمنى سىلاپ قويدى . مەنمۇ لىككىدە چامداپ كېرەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم .

— ئوبدان كەپسىلەر ، يۇرۇڭلار داستىخانغا ، هېيتلاپ ئاندىن قايتارسىلەر ، — دېدى دادام خۇشال هالدا ئۇلارغا قاراپ .

كېرەممۇ ، كېرەمنىڭ ئانىسىمۇ ئەتراپىدا تۇرغانلارغا ئىشارەت قىلىپ ، هېچ تۇزۇتسىزلا ئۆيگە كىردى ۋە داستىخانغا ئولتۇردى .

مەن : «بۇنداق قىمارغا ئىككىنچى هەۋەس قىلمايمەن !» دېگەن قەسىمىمنى ئىچىمدە تەكرارلىغاچ ، ئۇلارغا چاي قۇيۇشقا باشلىدىم .



www.uyghurkitap.com

# ئىنسان قەدرى

ھاشىموفنىڭ بۈگۈن بالىنىسىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئىككىنچى قەۋەتتە تۇرىدىغان بىمارلار تۈنۈگۈن چۈشتىلا ئاڭلاپ ئۈلگۈرگەنىدى . ياداڭغۇ ، ئۆڭسىز يۈزلىرىدىكى چاقىلارنىڭ تېخى تولۇق يوقىلىپ كەتمىگەنلىكىنى ، تەرەتكە بېرىش قېتىم سانىنىڭ ھېچقانچە كېمەيمىگىنىنى بىلىدىغان قوشنا ياتاقتىكىلەرنىڭ : «ھاشىموف ئاكا ، نېمىگە ئالدىرايلا ، كەم دېگەندە يەنە بىرەر ئاي ياتماملا ، ئۇنىڭغىچە ھاۋا ـ جاھانمۇ ئىللىپ قالار » دېگەن سۆزىگە ئۇ : «بۇ يەردە ياتقانىنىڭ ئەلۋەتتە ، زىيىنى يوق . بىراق ، خىزمەتلەر تاشلىنىپ قالسا بولماس » دەپ جاۋاب بېرىپ كۈلۈمسىرەپ قويغانىدى .

مەنمۇ بۈگۈن سەھەر تۇرۇپ ھاشىموفنىڭ تىزىمىدىكى سۈتىنى ئاخىرقى قېتىم ئۆز قولۇم بىلەن ئەكېلىپ بەردىم . تەكەللۇپ قىلغىنىغا قارىماي يۈز يۇيىدىغان سۈنىمۇ ھازىر قىلدىم .

ناشتىدىن كېيىن ماڭالايدىغان بىمارلارنىڭ ھەممىسى ياتىقىمىزغا كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ بەزىسى قولتۇق تايىقىغا تايىنىۋالغان ، بەزىسى بىراۋنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇۋېلىشقانىدى . ھاشىموفنى خۇددى ھەرەمگە ئۇزىتىدىغاندەك قىيالماسلىق ھېسسىياتىغا چۆمگەن كىشىلەر تىكلەپ قويغان شاملاردەك ئۆرە تۇرۇشاتتى ۋە كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى ئاياشمايتتى . بەزىلىرى ھاشىموفنىڭ تومپۇچكىسىدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرسا ، بەزىلىرى بوغچىسىنى جايلاشتۇرۇشقا ياردەملىشەتتى . كېسەل ئازابى ئەسلىرىدىن تامامەن كۆتۈرۈلگەنىدى .

يېرىم ئاي شەكىلدە دائىرە تۈزگەن بىمارلار ئالدىدا ئۆرە

تۇرغان ھاشىموف ھەركىمگە ئۆزىگە يارىشا چاقچاق قىلىپ قويۇۋاتتى . ئەلپازىدىن تولىمۇ تېتىك ۋە خۇشخۇي كۆرۈنەتتى . ئەمدىكى ئىش ، ھېلىقى قارا رەڭلىك «شاڭخەي» ياكى كۆك رەڭلىك «كېرەيسىر» دوختۇرخانا ھويلىسىغا يېتىپ كېلىپ ، كۆزەينەكلىك كاتىپ ياتاققا چىقسىلا ، ئۆز كېسىلىگە تولۇق شىپالىق بېرەلمىگەن دوختۇرخانا ۋە كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ كېلىۋاتقان بىمار ھەمسۆھبەتلىرى بىلەن خوشلىشاتتى . شۇ تاپتا ئۇ تاقەتسىزلىنىۋاتاتتى . خاتالاشمىسام ، چاندۇرماسلىق نەزىرى بىلەن ھويلا تەرەپكە پات - پات قاراپ قويۇشلىرىنى مەنلا كۆرۈپ تۇراتتىم .

— ئۇكام ، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك ، — قىرىق بەش كۈندىن بېرى ئوبدان چىقىشىپ ئۆتتۇق ، يەنە ئىزدىشىپ تۇرايلى - ھە ! خالىساڭ مېنى ئىدارىدىن ياكى ئۆيدىن ئىزدە .

قىرىق بەش كۈن ! بۇ ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بەكمۇ ئاسان ، بىراق بىمارلار ئۈچۈن قىرىق بەش كۈننى سېستىرالارنىڭ تېببىي نازارىتى ئاستىدا ئۆتكۈزمەك تولىمۇ قىيىن . لېكىن ، مەن ھاشىموف بىلەن ياتاقداش بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ، قىرىق بەش كۈننى قىرىق بەش سائەتتەك ھېس قىلدىم .

ئۇنىڭ قىرىق بەش كۈن دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىشى ، قىرىق بەش كۈن بۇرۇنقى ئىشلارنى دەرھال ئېسىمگە سالدى .

شەھەرلىك دوختۇرخانا پالاتاسىغا قوبۇل قىلىنغىنىمنىڭ بەشىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا مەن ياتقان ئىككى كارىۋاتلىق ياتاق ئۆرۈتۆپە بولۇشقا باشلىدى . ناشتىغا ئاز قالغاندا سېرىق چىراي ، بويى بەئەينى تومراق كەلگەن چوكىغا ئوخشايدىغان سېستىرالار باشلىقى چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ خامانغا دان تاتىلاشقا ماڭغان مېكىياندەك بىر توپ سېستىرانى باشلاپ ياتاققا دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەلدى - دە ، مەن كىرگەندىن بېرى بىكار تۇرۇۋاتقان كارىۋاتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى . «تايىنلىق ، يەنە بىر

ئەمەلدار كىرىپ ئورۇنلىشىدىغان بوپتۇ ـ دە» ئويلىدىم ئىچىمدە . ئۆزۈمۇ كىچىككىرەك بىر ئەمەلدار ، مەندە قانداق ئىللەت بارلىقىنىمۇ ئانچە ئۇقمايمەن . لېكىن ، ئەمەلدار دېگەننىڭ ئونىنىڭ توققۇزىدا كىبىر بولىدۇ ، دېگەن فورمۇلام بويىچە ئەمەلدارلارنى دېگەندەك ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىم . «مانا ئەمدى يوغان قورساق ، دىمىغىدا سۆزلەيدىغان ، ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى ئۇقمايدىغان بىرى كىرىپ كەلسە ، ئىككى ئاينى قانداق ئۆتكۈزگىنىڭنى كۆر !» دېگەنلەر كاللامدىن ئۆتۈپمۇ ئۈلگۈردى . ناشتىدىن كېيىن سايمان خالتىسىنى كۆتۈرۈۋالغان سېمىز ، دىقماق زاپخوز كىرىپ كارىۋاتنىڭ پۇرژىنىلىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ ، بىرنېمىلەرنى چىگىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپلا يۈرىدىغان سېسترالار باشلىقى ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ، جۇڭسەنفۇ چاپىنىنى ياقىسىغىچە تۈگمىلىۋالغان كۆزەينەكلىك يىگىتكە ئۆز ئىشىنى تەستىقلاتقاندىن كېيىن ، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى ماتراستىن تارتىپ يەڭگۈشلەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي دوختۇرخانا باشلىقىمۇ يېتىپ كېلىپ تەييارلىق ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى . بولغۇسى ياتاقدىشىمنىڭ ئەڭ تۆۋەن دېگەندىمۇ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىكەنلىكىگە گۇمانىم قالمىدى . چۈشتىن كېيىن مۇراسىم ئەمەلدارىدەك قېتىۋالغان دوختۇرخانا باشلىقى ۋە ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا سېسترا كۆزەينەكلىك يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا ، ياتاقدىشىم ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى . باشقىلارنىڭ خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى قۇرۇق قالدۇرۇپ بويىسىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرىپ كەلگەن بۇ كىشى ئاۋۋال ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويدى .

«گۈلدۈرى بار ، يامغۇرى يوق» دېگەننىڭ ئۆزى شۇدە ! كەلگۈچىنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا ، ئەمەلدارغا ئانچە ئوخشىمايتتى ، ئەمەلدار بولسىمۇ چوڭراقى ئەمەستەك تۇراتتى . ئورۇق ۋە ئېگىز بۇ كىشىنى بىر قاراپلا ئەللىكلەردىن ھالقىپ قالغان دېيىشكە

بولاتتى . يۈزى قارىيىپ كەتكەنلىكتىن چېچى ئاق كۆرۈنەمدۇ ياكى چېچى ئاقىرىپ كەتكەنلىكتىن چىرايى قارامتۇل كۆرۈنەمدۇ ، ئىشقىلىپ چىرايىنىڭ رەڭگى بىلەن چېچىنىڭ رەڭگى روشەن سىپلىشتۇرما ئىدى . توم قاشلىرى ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققان بىرقانچە تال موي دىڭگىيىپ تۇراتتى . ئىككى قوۋۇزى كۆرۈنەرلىك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، يۈزلىرىنى قىزغۇچ چاقىلار بېسىپ كەتكەنىدى . سەل دوردايراق كەلگەن جىگەر رەڭ كالپۇكى ئاپئاق سەدەپ چىشلىرىنى يۆگەپ تۇراتتى . بارماقتەك - بارماقتەك توم پاتاڭلىرى تارتىشىپ قالغانىدى . قول دۈمبىسىدىن بۆرتۈپ چىققان ئىرماش - چىرماش كۆك تومۇرلار خەرىتىلەردىكى دەريا ئېقىنىنى كۆرسەتكۈچى شەرتلىك بەلگىلەردەك كۆزگە ئېنىق چېلىقاتتى . كونىچە پاسوندىكى ئۆڭۈپ كەتكەن كاستۇمى خېلى ئۇزاق بىر يىللاردىن بېشارەت بېرەتتى . بىراق ، قويۇق قىزىل قىل تومۇرلار ئۆمۈچۈكنىڭ توردەك گىرەلىشىپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزىدىن بولسا ، قانداقتۇر بىر خىل نۇر چاقناپ ، ھاياتلىقنىڭ قەتئىي نىيىتىدىن بەلگە بېرەتتى . بىللە كەلگۈچىلەرنىڭ تەكەللۇپلىرىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك ، يۇقىرىدا ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەنلەر ياتاقدىشىمنى يالغۇز قالدۇرۇپ ، بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى . «بۇ بىچارە مانا ئەمدى كارىۋاتقا تاشلىنىدۇ - دە ، خورەكنى قىزىتىۋېتىدۇ» دېگەن قىياسىمنى يوققا چىقارماقچى بولۇپ ئەتەي شۇنداق قىلغاندەك ، ئۇ ھۆللەنگەن لۆڭگە بىلەن يۈز - كۆزىنى سۈرتكەچ كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى .

— ئۇكام ، ياتاقداش بولۇپ قالدۇق ، تونۇشۇپ قويايلى ، مېنىڭ ئىسمىم ھاشىم بولىدۇ ، — دېدى ئۇ سەل - پەل بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋە ئارقىدىنلا ئىشلەيدىغان ئورنىنى ئېيتتى - دە ، مەندىن سورىدى :

— ئىسمىڭ نېمە ئۇكام ، نەدىن سورايمىز ؟

— ئىسمىم ياقۇپ ، ئۆزۈم···

www.uyghurkitap.com



شۇنداق قىلىپ، يېڭى ياتاقدىشىم بىلەن تونۇشۇش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. «نازارەتتە ئىشلەيمەن دەيدۇ، بەلكى ئانچە چوڭ ئەمەلدار بولمىسا كېرەك، ئۇنچىۋالا تارتىنىپ كەتمىسەممۇ بولغۇدەك» دېگەن ئوي بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئىشەنچ باغلىدىم.

— ئا تىڭجاڭ... ئا تىڭجاڭ...

ئىشىكنىڭ ئاسلان مىياۋلىغاندەك ئېچىلىشى ۋە بىراۋنىڭ شىپىرلاپ مېڭىشىدىن ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلەشكەن كۆزلىرىمنى ئاچتىم. «تىڭجاڭ» دېگەن خىتابنى ئاڭلاپ كارىۋاتنىڭ پۇرژىنىلىرى دۈمبەمگە تەپكەندەك، تېزلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بۇ چاغدا بورىدىغان ئىنەكتەك سېمىز، قىرىق ياشلاردىكى بىر كىشى ياتاقدىشىمنىڭ كارىۋىتىغا ئېڭىشىپ ئۆرە تۇرۇپ چاقىرماقتا ئىدى.

— ئا تىڭجاڭ... ئا تىڭجاڭ...

بۇ چۈش بىلەن كەچ ئارىلىقىدىكى چاغ بولۇپ، ئۇنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تېخى باياتىنلا پاراڭ سېلىشقانىدۇق، بىراق نېمە سەۋەبتىندۇر، ياتاقدىشىم ئوڭدىسىغا ياتقانچە كۆزىنى ئاچمايتتى.

— هاشىموف ئاكا، هاشىموف ئاكا...

ياتاقدىشىم كۆزىنى ئاچتى ۋە ئىرەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ياستۇققا يۆلەندى، كىرگۈچىگە ئىلتىپات كۆرسەتتى.

— هەي، هۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى دېگەن قۇرۇپ كەتسۇن، ئالدىراپ يۈرۈپ هېچنېمىنى ئۇقماپتىمەن، ياتاققا كىرىپ قالغانلىقلىرىنى هېلىلا ئاڭلىدىم: «ئەستاغپۇرۇللا، قانتىم بولسا ئۇچماسىدىم» دېدىم ۋە بۇياققا يۈگۈردۈم.

يوقلاپ كەلگۈچى بىر پاي خۇرجۇنچىلىك چوڭ سومكىدىن كونسېرۋا ۋە مېۋىلەرنى چىقىرىپ، تومپۇچكا ئۈستىنى تولدۇرۇۋەتتى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ دومىلاپ كەتكەن ئالمىلارنىڭ كەينىدىن قوغلىغاچ: «ئەستاغپۇرۇللا»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

— غـوپۇرجان ، بەك جۇۋاپ كېتىپسىز ، بۇ يەرگە كېلىپ ياتقىلى تېخى ئۈچ ـ تۆت سائەتلا بولدى ، — دېدى ھاشىموف ، تومـــپۇچــكا ئۈســتىگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ ، ئـۇ گېپىنى داۋام قىلدى ، — ئوبدان كۆرۈشتۇق ، مانا كەچ كىرىپ قالدى . ئەمدى ئاۋارە بولۇپ بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئاپتوبۇس توختاپ كەتسە ، مېڭىپ بولالمايسىز . كېسەل يوقلىغۇچى ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ دېدى :

— ھېلــقى… ھېلىقى… بىرئاز ئولتۇرساممۇ كارايىتى چاغلىق . مۇختارنىڭ «ۋولگا»سىدا كېلىۋىدىم…

ھاشىموفنىڭ كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ ئېچىلدى . بۇنى كۆرگەن كېسەل يوقلىغۇچى گېپىنى تولۇقلىدى :

— ئا تىنچاڭنى يوقلىغىلى بارىمەن دېۋىدىم ، شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى خىرىدارلىق قىلدى ، مۇختارمۇ تارتىنىشمايلا ماڭدى . شۇڭا…

كېـسەل يـوقـلـىغۇچى ھاشىموفنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ، ئەكەلگەن ئالمىسىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى باللىرىغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن قايتا سومكىسىغا سېلىشقا مەجبۇر بولدى ـ دە ، «ئەستاغپۇرۇللا»نى تەكرارلىغاچ چىقىپ كەتتى . ھاشىموف بولسا ماڭا كۈلۈمسىرەپ بېشىنى چايقاپ قويدىيۇ ، ئۈنچىقمىدى .

كېـسەل يـوقـلـىغۇچىنىڭ خىتابى ئۇنىڭ نام ـ ئەمەلىنى ئاشكارىلىدى . ئەتىگەندىن بېرىقى داغدۇغىلاردىن ياتاقدىشىمنىڭ خېلى چوڭ بىر ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغانىدىم . بىراق ، ئەمەلدار بىلەن سېستىرالارنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى غەملىرىم ھاشىموفنىڭ نازىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن غەلىتە يوسۇندا ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ مۇشۇ مىنۇتتا ئۇيان ئۆرۈلۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقى ، بولۇپمۇ بايام ھېلىقى كىشىگە ئانچە قىزغىن مۇئامىلىدە بولمىغانلىقىنىڭ ئۆزى ماڭا بىر تېپىشماق ئىدى .

شۇ كۈنى ئېغىر ياتقۇ بولغۇچە ياتاق زادى تىنچىمىدى. كېلىپ ـ كېتەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ھاشىموف ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئارام ئېلىشىمغا مالاللىق كەلتۈرگىنى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى ۋە كېچىلىكىمگە خەيرلىك تىلەپ يوتقىنىغا پۈركەندى.

بەك كەچ ئۇخلىغىنىمدىن بولسا كېرەك، ئويغانسام ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆكۈنۈش ئىچىدە ناشتىلىقىمنىڭ غېمىنى قىلىۋېتىپ كۆزۈم تۇيۇقسىز كارىۋات يېنىدىكى تومپۇچكىغا چۈشۈپ قالدى. تومپۇچكا ئۈستىدە بىر كۇرۇشكا سۈت ۋە بىر نان تۇراتتى. قورۇلغان گۆش تولدۇرۇلغان بىر تەخسىمۇ بار ئىدى. يېنىمدىكى كارىۋاتتا قېلىن بىر كىتابنى ئوقۇۋاتقان ھاشىموفقا سوئال نەزىرىدە قارىدىم.

— قېنى، يۇيۇنۇڭدە چېيىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ تومپۇچكىنى ئىشارەت قىلىپ.

ھەممە ئەھۋال ئايان ئىدى. سېستىرالارنىڭ ناشتىلىق يېمەكلىكلەرنى تومپۇچكامغا قويۇپ قويۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاماق ۋاقتى بولغاندا، ئاشپەز يېمەكلىكلەر ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كارىدورغا ئېلىپ كېلەتتى ـ دە، ساپلىق بىلەن داسنى كۈچەپ ئۇرۇپ تۇرۇپ: «تاماق، تاماق…» دەپ ۋارقىرايتتى. تەلەڭگىلىرىمىزنى تۇتۇپ ئۈچ ـ تۆت غۇلاچ قاتارنى تۈگەتكەندىن كېيىنلا بىر ئۇلۇش تاماققا ئېرىشەتتۇق. بۇ يەردە قورۇلغان گۆش بەرگىنىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

ياشتا مەندىن چوڭ ۋە دىئابېت كېسىلىنىڭ خورىتىش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان بۇ نازىرىنىڭ قاتاردا تۇرۇپ مەن ئۈچۈن تاماق ئېلىۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمغا كېلىشىگىلا يۈرىكىم بىرلا ئۆرۈلۈپ، ئىسسىق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىمنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كەتتى. كارىۋىتىم يېنىدىكى ئورۇندۇق ئۈستىدە تۇرغان سۈنى كۆرگىنىمدە بولسا، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش يۈگۈردى.

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، ياتىقىمىز قەشقەرنىڭ يەكشەنبە

بازىردەك قىزىپ كەتتى . ھەر مىللەت ھەر جىنستىكى كىشىلەر توپ ـ توپى بىلەن كېلىپ تۇردى . بەزىلەرنىڭ چىن كۆڭۈل بىلەن ساقلىق تىلەشلىرى ھاشىموفنىڭ چىرايىغا كۈلكە پەيدا قىلسا ، بەزىلەرنىڭ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىشلىرى ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى ئۆچۈرۈپ تۇردى .

چۇشكە يېقىن بۇغداي ئۆڭلۈك ، بۇرۇتلۇق ، پاكارراق كەلگەن بىر كىشىنىڭ كىرىپ كېلىشى ھاشىموفنى باشقىچە جانلاندۇرۇۋەتتى . قىزىق يېرى ئۇلار ئەللىكتىن ھالقىپ قالغانلىقىغا قارىماي ، ئۆزئارا «سەن»لەپ خىتاب قىلىشاتتى .

تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ، ھاشىموف كۆزى بىلەن تومپۇچكا ئۈستىگە پاتماي كەتكەن مېۋە ـ چېۋە ، تۇخۇم ، پىرەنىكنى ، كونسېرۋالارنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ دېدى :

— كۆردۈڭمۇ ھەسەن ، مېنى كىشىلەر بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا شۇنچىلىك باي قىلىۋەتتى . ئادەملەر مېنى نېمىدېگەن ياخشى كۆرىدۇ ـ ھە !

— سېنى نېمىدەپ ياخشى كۆرۈشمىسۇن ، ئادەملەرنى دەپ ئىنقىلاب قىلدىڭ ، ئادەملەرنى دەپ ئالتە يېرىڭگە ئوق يېدىڭ ـ دە ، — ئۇ كىشى ھاشىموفنىڭ سۆزىدىكى تەنە ئاھاڭىغا ئانچە دىققەت قىلمىدى بولغاي ، سۆزىنى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئىشارەت قىلماقچى بولغاندەك ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئادەملەرنى دەپ جاپا چېكىۋاتىسەن ، ئادەملەرنى دەپ خىزمەتكە جان كۆيدۈرۈۋاتىسەن .

ھاشىموف بېشىنى ئاستا چايقاپ تۇرۇپ دېدى :

— بىلەمسەن ھەسەن ، بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى ھارام ! — ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى ، — دېمەڭكى ، يەنە ھاراللىرىمۇ بار !

— ئوھۇي ، ھەممىسى ماگىزىندىن سېتىۋېلىنغاندەك تۇرىدىغۇ ، بۇنى يەنە ھالال ـ ھارام دەپ ئايرىپ يۈرىسىنا ؟

ئۇ كۆزلىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېچىپ ھاشىموفقا تىكىلدى . ھاشىموف كۈلدى ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ دېدى :

— جەڭچى چېغىڭدىمۇ ساددا، تۈز نېمە ئىدىڭ، شۇ مىجەزىڭ ھېلىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ، — ھاشىموفنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى ۋە داۋام قىلدى، — ھەي، بەزىلەرنىڭ ماڭا شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس، — ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورىدى، — ھېلىقى غوپۇرجاننى بىلىسەنغۇ دەيمەن؟

— قايسى غوپۇرجان ئۇ؟

— ھەي، خۇپسەنلىك قىلما، بىزنىڭ نازارەتتىكى ھېلىقى ئىسيانچىچۇ؟!

ھېلىقى كىشى پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى ـ دە، دېدى:

— ھوي، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا سېنى چەت ئەلگە باغلانغان دەپ كۈرەش قىلىپ، سۆرەپ يۈرگەن غوپۇر پىكاپمۇ؟

— ئېسىڭدە بار ئىكەن، ھە ئاشۇ غوپۇر پىكاپ. بۇرۇن كىمدۇر بىرى غوپۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ قەغەزگە خىلمۇخىل پىكاپلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئاستىغا پىكاپنىڭ ئىسمىنى يېزىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ قەغەزلىرىنى ئالمان ـ تالمان يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ، لېكىن بۇ گەپ ھايال ئۆتمەيلا پۈتۈن نازارەتكە تارقىلىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ پىكاپقا ئولتۇرۇشقا ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقى ھەممە كىشىگە ئايان بولغاچقا، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى «غوپۇر پىكاپ» دەپ ئاتىلىشقا باشلاپتۇ.

ھاشىموف سۆزىنى ئالدىرىماي داۋام قىلدى:

— تۈنۈگۈندىن بىرى ئىككى قېتىم كېلىپ كەتتى. ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆتۈرۈپ كەلگەن نەرسىلىرى ئەلۋەتتە ھارام ـ دە!

— ھە، مۇنداق دە، — ھېلىقى كىشى چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك بېشىنى لىڭشىتتى، — ئۇنىڭ سەندىن تەمەيى بار ئىكەن ـ دە! ئۇنداقلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا يېقىن يولاتقۇچى بولما، جۇمۇ!

— مېنىڭچە، ئەلۋەتتە شۇنداق، بىراق ھازىر جەمئىيەتتىكى ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بار، ئۇنداقلارغا بەزىدە يول ئېچىلىپمۇ قالىدۇ. مۇنداق دېسەم مېنى ئۆزىنىڭ ئورنىدىن غەم قىلىدىكەن

دەپ قالما ، ماڭغۇ بەربىر ، لېكىن ئۇنداقلار ھوقۇق ئۈستىگە مىنسە ، سېنىڭ ـ مېنىڭ تۆككەن قانلىرىمىز بىكارغا تۆكۈلگەن بولمامدۇ ؟

ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە مۇڭداشتى ، ئىچ ـ قارنىنى بوشاتقاندىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئۇزىدى . ھاشىموف تاشقىرىدىن كىرىشىگىلا تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم :

— بايام گەپ قىستۇرۇشنى بىئەپ كۆردۇم ، ئەمدى سورىۋالاي ، سىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىدە بولغانمۇ ؟

مېنىڭ نېمىلەرنى سورايدىغىنىمدىن خەۋىرى باردەك ، ئۇ ئۆرە تۇرۇپلا جاۋاب بەردى :

— ھەئە ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىدە بولغانمەن ، — ئۇ سەل توختىۋالغاندىن كېيىن كارىۋاتقا ئولتۇرۇۋېتىپ دېدى ، — بايامقى كىشىنىڭ ئىسمى ھەسەنجان ، ئۇمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىدە جەڭچى ئىدى . ئۇنى ئارمىيىگە قوبۇل قىلغاندا ئۆزۈم تونۇشتۇرغۇچى بولغانمەن ، ھازىر ماشىنا رېمونت زاۋۇتىدا رېمونتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ . ئۆز ۋاقتىدا ئارمىيىدىكى ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ رېمونت ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى .

ھاشىموفنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىدە بولغانلىقى ھەۋىسىمنى قوزغىماي قالمىدى . ئۇنىڭ شۇنچىۋالا كەمتەر ، تۈز كۆڭۈللۈكىنىڭ ، كىشىلەرگە ئۆز جەڭچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدۇم ، شۇ تاپتا ئۇ ، كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغانىدى . ھارغىنلىقتىن ئۇنىڭ يېنىغا يەر تارتىپ تۇرغان بولسىمۇ ، تەۋەككۈلسىگە سوئالىمنى قويىۋەردىم :

— ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان بولغىيتتىلە ؟ ئۇرۇش دېگەن دەھشەت بولىدۇ ، دەپ ئاڭلايمىز ، شۇنداقمۇ ؟

— ئۇرۇشقا قاتناشماي قالاتتىممۇ ؟ ئىنقىلابقا قاتنىشىشتىن بىرلا مەقسىتىم ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئىدى ، ئۇرۇشقا قاتناشقاندىلا ،

خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشقا بىر ئۆلۈش كۈچ چىقىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولاتتىم ـ دە ! ئۇرۇشنىڭ دەھشەتلىكىگە كەلسەك ، نېمە دېسەم بولار ؟ — ئۇ پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان ئاق چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى ، — ئىشقىلىپ جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ ئۇرۇشىدىغان گەپ .

— قورقۇنچلۇقمىدى ؟

— قورقۇنچلۇقىغۇ قورقۇنچلۇق ، بىراق خەلقنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۇرۇش قىلساڭ ، ئەلۋەتتە جېنىڭنىڭ قىممىتى ساڭا ئانچە چوڭ بىلىنىپ كەتمەيدۇ ـ دە !

— ئوق تەگكەندە كىشى دەماللىققا ئاغرىق ھېس قىلمايدۇ ، دەيدۇ ، سىلىگە ئوق تېگىپ باققانمۇ ؟

— ئوق تېگىشتىن ساقلىنىش تەس ، بايام دېمىدىممۇ ، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ جەڭگە كىرىدىغان گەپ ، مانا بۇ ئىككى تاتۇق شىخۇ ئۇرۇشنىڭ يالدامىسى ! — ئۇ سۆزلىگەچ مۇرىسىنى شۇنداق ئېچىۋېدى چوڭ ـ چوڭ تاتۇقلار مانا مەن دەپ كۆرۈندى . چاپىنىنى تۈگمىلەپ بولغاندىن كېيىن سۆزىنى ئۇلىدى :

— ئۇ چاغلاردىكى گەپكە كەلسەك سۆز ئۇزۇن ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەستىدە جاندىن جاق تويدۇق . ئۇرۇشتۇق ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەردۇق . خەلقنىمۇ ئازاد قىلدۇق ، باشقىسى ساڭىمۇ مەلۇم .

سۆھبىتىمىز خېلى بىر چاغقىچە داۋاملاشتى . قوشنا ياتاقتىن كىرگەن بىمارلارمۇ چىۋىن ئۇچسا بىلىنگۈدەك جىمجىتلىقنى ساقلىدى . مۇشۇنداق سۆھبەت قىرىق نەچچە كۈندىن بېرى داۋام قىلىۋاتقاچقىمۇ ، قەلبىمدە ھاشىموفقا بولغان ئېتىقاد كۈنسېرى كۈچىيىپ باردىكى ، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ماڭا قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم .

ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى . يەنە خەلق ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىش ئارزۇسىدا ئوتتەك ياناتتى . ئۇ

كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ياق، ئۇ بىلەتتى. ئۇ بۇنىلا ئەمەس، مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلەتتى.

ھاشىموف ئىككى سائەت ۋاقتىنى دېرىزىدىن ھويلا تەرەپكە قاراش، پاراڭلىشىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئاخىرىدا ئۇ كارىدورغا چىقتى - دە، ئۆي تېلېفونىنىڭ نومۇرىنى بۇراشقا باشلىدى.

— ئۆي بىلەن كىمدۇر بىرى سۆزلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ. تىت - تىت قىلغىنى قىلغان، — دېدى ئۇ قايتىپ كىرىپ.

تېلېفون نومۇرىنى ئايلاندۇرۇش بىر سائەت ئىچىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم داۋام قىلدى، ئۇ ھەر مىنۇتتا بىر - ئىككى قېتىم سائىتىگە قاراپ تاقەتسىزلىنەتتى. ئاخىر ئۇنىڭ تاقەتسىزلىكىنى گەپ بىلەن بولسىمۇ ئاز - تولا پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن دېدىم:

— نىمىگە ئالدىراپلا ھاشىموف ئاكا، ئەتە چىقىپ كەتسىلىمۇ بولىدىغۇ؟

— ياق، — دېدى ئۇ ئىتتىك بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئاڭلىسام ئەتە نازارەتتە يىغىن بار ئىكەن، ئۇششۇك ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوندىكى دېھقانلارنى قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىنى تۈزۈش كېرەك. سەكسەن مىڭ دېھقان كۈزلۈك زىرائەتتىن ھوسۇلسىز قاپتۇدەك، بۇلارنى ئاشلىق غېمىدىن خالاس قىلىش كېرەك…

ھاشىموفنىڭ كۆزى ھويلىغا قاراپ تېشىلەي دېگەندە، ئۇنىڭ كەنجى قىزى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. قىزنىڭ چىرايى يانۋار ئاسمىنىدەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېلىلا ماتەم ئۈستىدىن كەلگەندەك قىياپەت بىلەن ئۇدۇل تومپۇچكا يېنىغا باردى - دە، ئاتىسىنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— ھوي قىزىم، خاپا كۆرۈنىسەنغۇ، ئۆيگە ۋاقتىدا قايتمىغىنىم ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، ماشىنىنىڭ شۇنچىۋالا كېچىكىپ كېلىشىنى نەدىن بىلەي، بولمىسا پىيادىلا كېتەركەنمەن.

قىز ئاتىسىغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى - دە:

— ماشىنا ئېلىپ كەلگەنسەن، ھەرقاچان!

قىز ئاغزىنى ئۆمەللىدى ۋە ئىتتىكلا توختاپ قالدى . ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر پاڭگىدە ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى ، ئاتىسىغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى . بۇ چۈشىنىكسىز ھالدىن ھەيران بولۇپ يىگىرلىشىشقا باشلىغىنىمىزنى كۆرگەن ھاشىموف چىرايىغا تەمكىنلىك كۈلكىسىنى يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ قىزىدىن سورىدى :

— ماشىنا كەلمىدىمۇ ؟

قىز بىردىن ئاتىسى تەرەپكە بۇرۇلدى - دە ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى . ھاشىموف قىزىنىڭ بۇ قارىشىدىن ئانچە ھەيران قالمىغاندەك سورىدى :

— ماشىنا بېرىشمىدىمۇ ؟ ھە ، بوپتۇ ، دومسىيىۋالمىساڭلا بولاتتىغۇ .

— ...

ھاشىموف نېمىگىدۇر كۆزى يەتكەندەك بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتتى ، سوغۇق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ تامىنىڭ نەرىگىدۇر تىكىلگەندە ، قاشلىرىدىن بۆرتۈپ چىققان ئۈزۈن مويلار تەۋرىنىپ كەتتى . ئۇ تۇيۇقسىز بىز تەرەپكە بۇرۇلدى - دە ، ئالدى بىلەن مېنىڭ قولۇمنى سىقتى ، ئاندىن قىرىق نەچچە كۈنلۈك ھەمراھلىرىغا دېدى :

— خوش ، كۆرۈشۈپ تۇرايلى ، ماقۇلمۇ ، ئەمدى مېنى ئىشخانىدىن ئەمەس ، ئۆيدىن ئىزدىسەڭلار بولىدۇ ، پاراڭلىشىمىز ، مۇڭدىشىمىز .

ئۇ قىزى تەييارلاپ قويغان بوغچىنىڭ بىرىنى چەبدەسلىك بىلەن كۆتۈرۈۋالدى - دە ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئەھۋال بىزگىمۇ ئېنىق ئىدى . مەن يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆز چانىقىمغا كەپلەشكەن ياشنى تەسلىكتە توختىتىۋېلىپ ھاشىموفنىڭ قولىدىكى بوغچىغا ئېسىلدىم . ئۇ نىيىتىمنى چۈشەندى بولغاي ، سەل توختىۋېلىپ ماڭا قاراپ دېدى :

— رەھمەت ئۇكام ، ئۇرۇش پەيتلىرىدىمۇ پىلموتنى ئۆزۈملا يۈدۈپ نە - نەلەرگە كېتەتتىم ، ھېلىمۇ ھەم كېتىۋېرىمەن...

www.uyghurkitap.com

بوغچىغا ئېسىلغان قولۇمنىڭ بارماقلىرى ئىختىيارسىز بوشىشىپ كەتتى . قويۇپ بەرسە ، مەنلا ئەمەس، قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقانلارمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆمىلەشكە تەييار ئىدى .

بىز تۇپراق بېشىغا كېتىۋاتقان كىشىلەردەك ئۈن - تىن قىلىشماي هويلا دەرۋازىسىغىچە كەلدۇق .

تالادا شىۋىرغان بولۇۋاتاتتى ، يوپۇرماقلىرىنى ئاللىقاچان ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان تېرەك شاخلىرىدىن هۇشقۇيتقان سادا كېلەتتى . توختىماي چۈشۈۋاتقان قار ئۇشۇقنى چۆكۈرگۈدەك قېلىنلىقتىكى قارنى تېخىمۇ قېلىنلاتماقتا ئىدى . پۈتكۈل تەبىئەت باهارنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىگە تەن بەرگەندەك زىمىستان ئىلكىدە ئەسىر ئىدى .

هاشىموف ۋە ئۇنىڭ قىزى قار پەردىسى ئارقىسىدا هايال ئۆتمەيلا غايىب بولدى . ئۇنى ئۇزىتىپ چىققانلار قار پەردىسى ئۈستىدە بىر گىگانت ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك قول سىلكىمەكتە ، يەڭلىرى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتمەكتە ئىدى . ماڭا قار ئاسماندىن يەرگە يېغىۋاتامدۇ ياكى يەردىن ئاسمانغا قاراپ يېغىۋاتامدۇ ، نا ئېنىق ئىدى .



# مېنى ئەيىبلىمەڭلار

بىزنىڭ ئىدارە ئادەتتىكىلا بىر ئىدارە، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ، يۇرگۇزۇۋاتقان فۇنكسىيىسىمۇ هۆكۈمەتنىڭ باشقا ئىدارىلىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بىراق، شۇنىسى قىزىقكى، سېمىز ئادەمنىڭ قورسىقىدا ئىشتان توختىمىغاندەك، بىزنىڭ بۇ ئىدارىدە زادىلا باشلىق توختىمايدۇ. «پالانى باشلىق بوپتۇ» دەپ سوزۇپراق ئېيتىپ بولغۇچە بۇ باشلىق مەنسەپ شوتىسىنىڭ يېڭى بىر ۋاخىنىسىغا دەسسەيدۇ ـ دە، قەيەرلەرگىدۇر كېتىپ قالىدۇ. مەن بولسام، بىرقانچە خوتۇنباز ئەردىن تالاق قىلىپ تاشلىۋېتىلگەن بىچارە خوتۇندەك، دەڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان باشلىق ئىشخانىسىنىڭ تاشقىرىسىدىكى كىچىككىنە كاتىپ بۆلۈمىدە ئېڭىكىمنى يۆلەپ قالىۋېرىمەن ـ دە، يەنە بىر باشلىقنى كۈتۈۋالىمەن.

شۇنداق قىلىپ، كەلگەن ۋە كەتكەن باشلىقلىرىم بىلەن ئىدارە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى خىلمۇخىل مۇناسىۋەتلەرگە هەقدار بولۇپ تۇرغىنىم ياكى هۆججەتلەرنىڭ هەننىۋاسىنى قولۇمدىن ئۆتكۈزگىنىم ئۈچۈنمۇ، مېڭەم رەڭمۇرەڭ تەسىراتلارغا تولۇپ كەتكەن، شۇڭا مېنى «تىرىك مۇناسىۋەتلەر ئارخىپى» دېيىشىمۇ بولىدۇ.

بۇنداق دېسەم، «مانا هازىرلا باشلىقلىرىنىڭ مەخپىيىتىنى ئېچىپ، يېغىرىنى تاتىلايدىغان بولدى» دەپ ئەندىشە قىلىپمۇ كەتمەڭلار. توغرا، سىلەرنىڭ ئەندىشەڭلار ماڭا چۈشىنىشلىك، باشلىقنىڭ يېغىرىنى تاتىلاپ قويۇپ بالاغا قېلىشىمنى خالىمايسىلەر، شۇنداقمۇ، ئەمما تولا دەككە يەپ، تۇمشۇقۇمغا

نەچچە قات ياماق چۈشكەن ئادەممەن ، باشلىقنىڭ چىشىغا تەگكىلىمۇ بېشىم ئون ئەمەس .

لېكىن ، ئەل ئۆمرىدە غەيۋەتتىن خالىي ئادەم بولمىسا كېرەك . مەنمۇ ئادەمزات جۇملىسىگە كىرىدىغان بىر تىرىك مەخلۇققۇ ، غەيۋەت قىلسامۇ يولى بىلەن قىلسام بولمامدىمۇ ؟ بۇ يەردە ھەم بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئىدارىمىزدىكى مەمۇرىي دەرىجە جەھەتتىن مەندىن تۆۋەن ، ئادەتتىكى خىزمەتچىدىن سەل يۇقىرى تۇرىدىغان ئاجايىپ بىر شەخس ھەققىدە ئازراق غەيۋەت قىلىپ بەرمەكچىمەن .

بۇ شەخسنىڭ ئىسمى ئابدۇللا . ئۆزىنى ئابدۇللام ، ئابدۇل ، مەمتابدۇل ، ئابدىگۇل دەۋالىدىغان چاغلىرىمۇ بار . ئۇ 44 ـ 45 لەرگە ئۆلىشىپ قالغان ، قارىماققا سالاپەتلىك ئادەم . كۆزىنىڭ سەل كىچىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۆڭكى ئاق ، قېشى ، بۇرنى ، ئاغزى خېلىلا ئۆلچەملىك . كۆڭلى توق ، دىلى خاتىرجەم تۇرغان چاغلىرىدا يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالىدۇ ، تۇرمۇشىدا ئارزۇسىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بىرەر توسقۇن پەيدا بولدىمۇ ، ئىنچىكە بۇرۇتى توساتتىن قىرىپ تاشلىنىدۇ . شۇغىنىسى ، ئۇنىڭ كىيىنىشلىرى ھەققىدە بىرنەرسە دېمەك بەكلا تەس . بەزىدە كاستۇم كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ ، كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنلىرىدىكى مودېلدەك قېتىپ يۈرگىنى يۈرگەن ، بەزىدە بولسا تۆت يانچۇقلۇق ، بەش تۈگمىلىك خادانى چاپان ، مەينەت بېسىپ كەتكەن شەپكە كىيىپ ، زامان بىچارىسىدەك تۈگۈلۈۋالىدۇ .

ئەگەر ئۇنىڭ رەسمىيەت بويىچە يىلىغا بىر قېتىم تولدۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئارخىپىنىڭ خىزمەت تەركىبى گرافىسىغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق ، ئەھۋال تېخىمۇ غەلىتە . ئىككى يىل ئالدىدا ئۇ نامەلۇم سەۋەب بىلەن بۇ ئىدارىگە ئىشقا كىرگەن ئاددىي بىر تازىلىق ئىشچىسى ، بىر يىل ئالدىدا شتاتلىق كادىر ، بۇ يىل يىل بېشىدا بولسا ، ستاتىستىكا باشقارمىسىدىكى بۆلۈمچە باشلىقى .

ئابدۇللانىڭ مەمۇرىي دىئاگراممىسىدىكى تۈز سىزىق

شەكلىدىكى ئۆرلەشكە ھەر كىم ھەر نېمە دەپ باھا بېرىدۇيۇ، كۆپىنچىسى بۇنىڭ سىرىنى ئۇقمايدۇ، بەزىلەر ئۇنى چىقىشقاق بولغاچقا شۇنداق تېز ئۆرلىگەن، دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا غايىبتىن ئامەت كەلگەن، دېيىشىدۇ. ماقۇل ئابدۇللاغا ئامەت كەلگەن، دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى، شۇنداقتىمۇ، كەلگەن ئامەتنى تۇتۇۋالىدىغانغىمۇ سەزگۈرلۈك، پەم - پاراسەت كېرەك - دە! مەسىلەن، ئامەتنى ئۇچۇپ كەلگەن بىر قۇشقا ئوخشاتساق، بۇ قۇشنى تۇتۇش ئۇچۇن نىقابلىق تۇزاق قۇرىدىغانلارمۇ، مىلتىق بىلەن ئاتىدىغانلارمۇ، يوشۇرۇن تور يايىدىغانلارمۇ، مەردلىك بىلەن دان چېچىپ، ئالداپ - سالداپ ئۆزىگە ئۆگىتىۋالىدىغانلارمۇ بولىدۇ.

— كاتىپ ئۇكا، باشلىقنىڭ ئالدى بىكارمىكىن؟

مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشىمنى جايىدا توختىتىپ بېشىمنى كۆتۈردۇم - دە، يېنىمدا قول باغلاپ، ئەتىگەندە ئېچىلغان ئاپتاپپەرەستەك ھىجىيىپ تۇرغان ئابدۇللانى كۆردۇم.

بۇ، يېڭى كەلگەن باشلىق رەسمىي ئىشقا چۈشكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئىدى. ئۇ ئىدارە ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش، يەنى ھەربىر خادىمنىڭ ئاددىي رويخېتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى.

ئابدۇللانى ئىچكىرى ئىشخانىغا كىرگۈزۈۋەتمەي قۇتۇلالمايدىغىنىمنى بىلگەچكە، تۆت يانچۇقلۇق چاپان كىيىپ، خۇددى ئېشەككە ئېگەر توقۇغاندەك، چوققىسىغا خېلىلا كىچىك كەلگەن گىلەم دوپپىنى قوندۇرۇۋالغان ئابدۇللاغا باش ئىشارىتى بىلەنلا ئىجازەت بەردىم. ئۇ ماڭا چوڭقۇر بىر تەزىم ئىنئام قىلىپ بولۇپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى.

تۆۋەندىكىسى، باشلىق ۋە ئابدۇللا ئارىسىدا بولۇنغان، مەن ئېنىق ئاڭلاپ تۇرغان سۆھبەتنىڭ ئەينەن خاتىرىسى:

— ھوي، سىز كىرگىلى خېلى ئۇزۇن بولدىمۇ، ئەجەب مەن كىردىم دېمەيسىز يا، «ئۆھۆ» دەپ بىر ئېغىز يۆتىلىۋەتمەپسىز،

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇڭ ، ئولتۇرۇڭ !

— ئۆزلىرى خىزمەتكە شۇنچىۋالا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن يەردە ، ماللىلىق يەتكۈزۈشكە نېمە ھەددىم ؟

— ياق… ياق… ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ ، كۆرۈۋاتقىنىم ئىدارىمىزدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ، مەسلەن ، ئائىلىۋى ، يۇرتى ، سىياسىي قىياپىتى ، جىنسى ، يېشى ، ئىش تۈرى دېگەندەك…

(ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق )

— بەللى ، باشلىق دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا ، راستىنى ئېيتسام ، ئىشنى ناھايىتى زۆرۈر يەردىن باشلاپتىلا ، كادىرلار قۇرۇلمىسى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ چىقىپ ، بەزىبىر ئىللەتلەرنى تۈگەتمىسە بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالغانىدى بۇ ئىدارىدە .

— ھىم ، ئېيتىپ بېقىڭ ، قايسى ئىللەت ئۇ ؟

— بۇ… دەي… دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ ، دېمەي دېسەم دىلىم…

— پاش قىلىشتىن قورققۇدەك قانداق ئىللەت ئۇ ، ئورۇنسىز ئەندىشىلەردە بولماڭ ، مانا مەن بار !

— دەپ كەلسەم بۇ غەلىتە ئىدارىدە تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىللەت بەكمۇ تولا ، ئىللەتنىڭ ئىللىتى يەنە ئاشۇ ئىپلاس يۇرتۋازلىق !

— يۇرتۋازلىق ؟

— ھەئە ، يۇرتۋازلىق ، بۇرۇنقى باشلىقنىڭ غەيۋىتى بولۇپ قالمىسۇن ، بۇ ئىدارىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن يۇرتۋازلىق ئىللىتى ئاشۇ باشلىق زامانىدا شەكىللەنگەن !

( «تۈزۈڭنى يەپ ، تۈزلۈقۇڭنى چاقاي» دېگەن شۇدە ! )

— مەسىلەن ؟

— مەسىلەن ، سىياسىي باشقارمىنىڭ باشلىقىمۇ ، مەمۇرىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ ، ھەتتا خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ ھېلىقى سابىق ئىدارە باشلىقى بىلەن بىر يۇرتلۇق ! ئىدارە بويىچە

ئۇنىڭ يۈرتلۇقلىرى جەمئىي يىگىرمە سەككىز كىشىگە يەتكەن بولۇپ، ئون سەككىزى ئەر، ئونى ئايال، ئۇلار ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى سانىنىڭ ئون يەتتە پۈتۈن يۈزدە توققۇز پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ!

(تۇۋا خۇدايىم، جاھاندا مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن - دە، ئۇ ئالدىنقى باشلىق ئىشقا چۈشۈپ ئەتىسىگىلا ئۇنىڭدىنمۇ ئالدىنقى باشلىق ئۈستىدىن دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە شىكايەت قىلغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرتداشلىرى توغرىسىدىكى پىرسەنتنى ئون تۆت دەپ مەلۇم قىلغان!)

ئىشخانىدا باشلىقنىڭ ناھايىتى شىبلىتنىڭ رىتىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي ئىست، ھەي ئىست، بىزنىڭ تىلىمىزغا «لۇق»، «لىق» دېگەن قوشۇمچىلار زادى نەدىن كېلىپ قالغان بولغىيتتى، مانا مۇشۇ «لۇق»، «لىق» مىللىتىمىزنى نېمە كويلارغا سالمىدى - ھە؟ يەنە قاچانغىچە يۈرتۋازلىق قىلىپ يۈرەرمىز، بىزدە بۇ ئىللەت قاچانمۇ تۈگەر؟

(چوڭقۇر ئۇھ تارتىش، ئۈستەلگە زەربە بىلەن تەگكەن مۇشتىنىڭ ئاۋازى)

— مەن مۇشۇ «لۇق»، «لىق» دېگەنلەرگە شۇنچىلىك ئۆچ ئىكەنمەنكى، ھەي… ھەي…

— كۆڭلۈمدىكىنى دېدىلە باشلىق، مەنمۇ پارتىيىگە كىرىشكە ئىنتىلىۋاتقان بىر ئاكتىپ بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىپلاسلىقتا ئۇچىغا چىققان يۈرتۋازلىققا خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئۆچ! مۇنداق قارىسام، ئىدارىمىز مانا ئەمدى ئۆزلىرىدەك بىر ئىنتېرناتسىئونالىزمچى، خەلقچىل ئېسىل رەھبەرگە ئېرىشىپتۇ!

(ئالدىنقى ئىككى يىلدا ئىككى قېتىم ئېيتىلغان سۆز مانا ئەمدى يەنە تەكرارلانماقتا. پەقەت باشلىق ئۆزگەرگەن، شىكايەت قىلغۇچى ۋە شىكايەت مەزمۇنى ئۆزگەرمىگەن.)

(يەنە بىر پەس جىمجىتلىق، ئابدۇللانىڭ ئېلېكترونلۇق

چاقمىقنىڭ چېقىلغان ئاۋازى )
— ھە ، ئوبدانلا مۇڭدىشىپتۇقيۇ ، ئىسمىڭىزنى سوراشنى ئۇنتۇپتىمەن ، ئىسمىڭىز نېمىتى ، ئۆزىڭىز قەيەرلىك ؟
— ئىسمىم ئابدۇل ، ھۆرمەتلىك باشلىقىمىز بىلەن بىر يۇرتلۇق .
(كارامەت دېگەن مانا ماۋۇ ، ئۇزاقى يىلدىكى باشلىقنىڭ يۇرتدىشى بولۇۋېلىپ ، ئىشچىلىقتىن كادىرلىققا ئۆتكەن ، ئالدىنقى يىلدىكى باشلىق بىلەن بىر يەرلىك بولۇۋېلىپ ، ستاتىستىكا بۆلۈمچىسىگە ئۆستۈرۈلگەن بۇ كاززاپنىڭ بىر دوملاپلا ئۆزگىرىۋالغىنىغا قارىماسىلەر ، يېڭى باشلىقنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ بىلىۋالغاندۇ ؟ )
— ھە ، مۇنداق دەڭ ، قايسى يېزىدىن ؟
— قارا دۆڭدىن .
— قارا دۆڭ دېدىڭىزمۇ ، قارا دۆڭنىڭ قەيىرىدىن ؟
— قارا دۆڭنىڭ تېرەكئالدى كەنتىدىن .
— ھە ، بىزنىڭ قارادۆڭ يېزىسىدا تېرەكئالدى دەيدىغان بىر كەنت بار دەپ ئاڭلىغىنىم يادىمدا ، مەنغۇ ئۇ يەردىن كىچىك چىقىپ كەتكەن ، شۇنداق قىلىپ يۇرتلۇق چىقىپ قالدۇق دەڭا !
— ھى··· ھى··· ھى··· بىزنىڭ ئۇ يۇرت نى ـ نى ئادەملەر چىقىدىغان يۇرت جۇمۇ !
(قەغەزنىڭ شىرىق ـ شىرىق قىلغان ئاۋازى )
— ھوي ، بۇ رويخەتتىكى مەمتابدۇللا دېگەن سىزمۇ نېمە ؟ يۇرتىڭىزنىمۇ باشقىچە بىر نېمىدەپ يېزىپ قويغاندەك قىلىدىغۇ ؟
— ھە ، بىلدىم ، بۇمۇ ئاشۇ يۇرتۋازلىقنىڭ كاساپىتى ، بۇرۇنقى باشلىقنىڭ مېنى ئۆزىگە تارتىمەن ، دەپ ئوينىغان ئويۇنى بولىمادۇ . دادامنىڭ دادىسىنىڭ دادىسىنىڭ ، دادىسىنىڭ ئاشۇ يۇرتتا تۇغۇلغانلىقىغا قاراپلا شۇنداق يېزىۋەتكەن بولماي ، ئىسمىمنىڭ بېشىغا «مەت»نى قوشۇۋالغىنىچۇ تېخى ، بىز دېگەن جىڭ قارا دۆڭلۈكتە !



www.uyghurkitap.com

(تۇفى ، دادىسىنىڭ دادىسىنىڭ ، دادىسىنىڭ دادىسىمىش ! )

— ھەم ، مۇنداق دەڭ... ئەسلىي گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك ، سىزدەك بىر ئاڭلىق ئادەمگە كىچىككىنە بولۇمچە مۇدىرلىق ۋەزىپىسى تولىمۇ كىچىكلىك قىلىدۇ ئابدۇل ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە تەشكىلىگە ئىنتىلىدىكەنسىز ، يۇرتۋازلىق قىلىشقىمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا قارشىكەنسىز ، ۋەزىپىڭىزنى ، تەشكىلىي مەسىلىڭىزنى قايتا ئويلىشايلى ، خىزمەتتىمۇ بىر - بىرىمىزنى پرىنسىپال قوللاپ تۇرايلى ، بولامدۇ ؟

— ھەممەتلىرىگە رەھمەت باشلىق ، يۇرتۋازلىق شوتىسىغا دەسسەپ ئۆگزىگە چىقىۋالغانلارنى كەسكىنلىك بىلەن غۇلىتىپ ، ھەقىقانىيەتنى ئەۋج ئالدۇرسىلىلا ئۆزلىرىدىن رازى بولۇپ قالىمەن ، ئەمەل - ئاتاق دېگەنلەر بىلەن ئانچە خۇشۇممۇ يوق .

— ئۇنداق دېمەڭ ئابدۇل ، ئەمەلنى سىزدەك ، بىزدەك ئادەملەر تۇتمىسا ، كىم تۇتىدۇ ، ئاشۇ يۇرتۋازلارمۇ ؟ !

(سۆزلەر ئۇرغۇلۇق ، جىددىي كېتىۋاتىدۇ )

— ئالدىمدا ماختىدى دەپ خاپا بولسىلىمۇ مەيلى ، لېكىنزە ، سىلىدەك ، ئادىل باشلىق كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ جۇمۇ ؟ !

(ئون ئىككى بال شامال دېگەن مانا مۇشۇ ، ئەمدى پەيىنىڭ ئۇچىمىغىنىنى كۆرۈڭلار ! )

ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئويلىغىنىمدەكلا بولدى . پەي راستىنلا ئۇچتى . ئۇچقاندىمۇ ئۇچىنچى ئالەم تېزلىكى سۈرئىتىدە ئۇچتى . ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن باشلىقىم بىر پارچە قېلىن ئانكىتنى ئالدىمغا پالاققىدە تاشلىدى ۋە ئابدۇللانى ، ياق ، ئابدۇلنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەشكىلىي مەسىلىسىنى ئويلاشماي بولمايدىغانلىقىنى ، ئىككى نەپەر تونۇشتۇرغۇچىنىڭ بىرى ئۆزى ، بىرى مەن بولىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى .

ئەمدى مەن قانداق قىلاي ؟ قانداق قىلاتتىم ، قولۇمغا ئىستائەتمەن قەلىمىمنى ئالىمەن - دە ، قارا دۆڭلۈك ئابدۇلنىڭ

ئانكېتنى تازا قاملاشتۇرۇپ تولدۇرۇۋېتىمەن، سىلەر مېنى ۋىجدانىغا خىلاپ يول تۇتتى، دەپ ئەيىبلىمەڭلار، قاراپ تۇرۇڭلاركى، مارستا ئەقىللىق ئادەملەر بار دېگەن قىياس راست چىقىپ قالسا ۋە ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇچار تەخسىگە ئولتۇرۇپ يەر شارىغا چۈشۈپ، ئىدارىمىزگە باشلىق بولۇپ قالسا، مانا مۇشۇ ئابدۇل ئۆزىنى پالانى يۇلتۇز تۇركۇمىگە قاراشلىق پالانى تۇرغۇن يۇلتۇز سىستېمىسىدىكى مارس دېگەن سەييارىنىڭ پۇستانى يېرىم شارىدىن دەپ ئېلان قىلىدۇ ــ دە، ئۇلار بىلەن يۇرتلۇق بولۇۋېلىپ، ئۇزاقتىن بېرى كۆز قىزارتىپ كېلىۋاتقان كاتىپلىق ۋەزىپەمنى تارتىۋالماي قالمايدۇ، ئېيىغا توقسان سوم نان تېگىدىغان بۇ ئىشتىن قۇرۇق قالسام، ئۇ چاغدا تۆت بالامنى نېمە بىلەن باقىمەن؟!

1987 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

# چىرايلىق چوكان

يېرىم كۈنلۈك چۆل يولى ئاخىر كەينىمىزدە قالدى ، چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرغان تومۇز قۇياشى بۇلۇتسىز ئاسمان گۈمبىزىدە تىكلەنگەن چاغدىلا ئاندىن تاشيول بويىغا جايلاشقان يېزا بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق . ئۈزۈلدۈرمەي سىگنال بېرىپ ، قايناۋاتقان قازان مىسالى قىزىپ كەتكەن بازاردىكى ئادەم ، ئات ـ ئۇلاغ ئارىسىدىن ئېھتىيات بىلەن يول ئېچىپ ، بىر كونا تام يېنىدا توختىدۇق ـ دە ، ماشىنىدىن چۈشۈپ ، بازارچىلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتۇق .

ماشىنىلىق سەپەر دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان گەپ ئىكەن ، ماشىنىدا ئولتۇردۇم دېگىنىڭ بىلەن سەكرەپ ـ قاڭقىپ ئۈچەي ـ باغرىڭ يەتكۈچە چايقىلىدىكەن ، بولۇپمۇ تومۇز كۈنلىرى خۇددى خۇمداندەك قىزىپ كېتىدىغان لاتا پىكاپ تېنىڭدىكى نەملىكنى سۈمۈرۈۋېرىپ ئاغزىڭنى قۇم تىققاندەكلا قۇرۇتۇۋېتىدىكەن ، ئالىقانچىلىك سايە ، مۇزدەك بىر چىنە دوغ كۆزۈڭدىن ئۇچىدىكەن .

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ ، دېگەندەك ، تاماق ۋە ئىچىملىك تەمەسىدە كېتىۋېتىپ ، شوپۇرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆزدىن قاچۇرۇپ قويدۇم ، مەندەك بىر راۋۇرۇس ئادەم ماشىنىنىڭ ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇقىنى يالغۇز ئىگىلەپ ، خالىسام كىرىلىپ ، خالىسام يانپاشلاپ يېتىپ ، بۇ تەرىقە چارچاپ ، چاڭقاپ كەتكەن يەردە ، يەتتە ئەزايىنىڭ ھېچبىرى بىكار تۇرمايدىغان جاپاكەش شوپۇر نېمە بولماقچىدى؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تازا بىر مېھمان قىلىۋېتەي ، دېگەن ئويۇممۇ يوققا چىقتى . بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقىمۇ بازاردا ئادەم مىغىلدايتتى .

www.uyghurkitap.com

نېمە ئامال، دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن يىگىتنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟ ئاخىر ئۆز ئالدىمغا يول تۇتماقچى بولۇپ، يول بويىدىكى يايمىچىلار قاتارىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتىم.

دەرەخلىرى شالاڭ، قاغجىراپ كەتكەن ئېرىق بويىغا يېيىلغان يايمىلار خېلى بىر يەرلەرگىچە سوزۇلاتتى. مېۋە-چېۋە سېۋەتلىرى، يېسىلغان ھارۋىلار، يەر ئۈستىگىلا تاشلانغان بورىلارغا دۆۋىلەنگەن گۈلە-قاقلار، گۆش ئېسىلغان قاسساپ كانارلىرى شۇنچىلىك زىچ جايلاشقانكى، يايمىلار كەينىدىكى كۆكۈچ ئىس ئۆرلەپ تۇرغان ئاشخانىلارغا ئۆتۈش ئۈچۈن بىر تاپانلىقمۇ بوش يەر تېپىلمايتتى. ئېرىق بويىنى بويلاپ مېڭىۋېرىپ، بىر چۆگۈن سۇ قايناغان پۇرسەتتە ئاندىن يايمىچىلارنىڭ شالاڭلاشقان يېرىگە يېتىپ كېلەلىدىم-دە، ئىككى يايما ئارىسىدىكى تار بوشلۇقتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن تەمشەلدىم، لېكىن يەنە چىپپىدە توختاپ قالدىم.

مېنىڭ قەدىمىمنى توختىتىپ، ئۆزۈمنى خۇددى ھەيكەلدەك قاتۇرۇپ قويغان نەرسە كۆزۈمگە تاسادىپىي چېلىققان بىر چوكان ئىدى.

ھەي، مەن ئۇنى چوكان دېدىممۇ؟ چوكان دېگەن تىلىم قۇرۇسۇن، ئۇ چوكانمۇ ئەمەس، قىزمۇ ئەمەس، بەئەينى بىر پەرىشتە ئىدى. پەرىشتە بولغاندىمۇ شۇنداق بىر پەرىشتە ئىدىكى، مەجنۇنتاللارنى سۆيۈپ، ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان پەرىشتىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بىراق، بۇ مەجنۇنتال، سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازلىرى، سۇ بويىدا خىيال سۈرۈۋاتقان پەرىشتە دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر دەقىقىلىك خىيالىي مەنزىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەمەلدە چوكاننىڭ ئولتۇرغان يېرى ئېشەك ۋە كالا تېزەكلىرىنىڭ ئۇۋۇندىلىرى ئارىلىشىپ، ياغ چاچقاندەكلا قارىيىپ كەتكەن قوقاستەك قىزىق توپا، ئالدىغا يېيىلغىنى ئۇيەر-بۇ يېرى سۈزۈلگەن يېشىل ياغلىق

ئـىدى ، ياغلىق ئۈستىدە بىر ئوچۇم - بىر ئوچۇمدىن بۆلۈنگەن گــازــر ، ئـۇجمە پورىدا بويالغان ئونچە تۇخۇم ، ئىككى تەلەڭگە كەلگۈدەك ئۆرۈك قېقى ۋە ئىككى چاڭگالچە نان جىگدە تۇراتتى . ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىدىن قوزغالغان توپا - چاڭ بازارنى بىر ئالغان ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن قوشۇلۇپ تىنچىق ھاۋاغا ئۆرلەپ ، گۈلە - قاقلار ئۈستىگە تاشلىناتتى . بۇ نامرات يايمىچىنى كۆزگە ئىلماي ، يايما ئۈستىدىنلا ئاتلاپ ئۆتىدىغان بىئەدەپ بازارچىلارنىڭ ناھالــلىق ئاياغلىرىنىڭ چەمىدىن چۇشــكەن توپىمۇ تۇخۇم بىلەن گۈلە - قاقلار ئارىسىنى تىنـدۇرۇپ تۇراتـتى . ئۆڭۈپ كەتـكەن ھاۋارەڭ خەسىدىن ئۇزۇن كۆڭلەك ، كۆك خادانى ئىشتان كىيىپ ، ئاندا - ساندا زەرى بار قىزىل ياغلىق چىگىۋالغان چوكان پەرىشان ، ئويچان كۆرۈنەتتى . كۆزلىرى تۇخۇمغىمۇ ، قاققىمۇ ، ئىشقىلىپ ، نىـمــگــىدۇر تــىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان ، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ، بىر پۇتىنى تىزىدىن قۇچاقلىۋالغان ، چىرايلىق زاڭقى تىزىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى .

ئۇ بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈردى - دە ، بىرەر مۇرۇۋۋەتلىك خېرىدارنىڭ ئۆزىنى بۇ زېرىكىشلىك كاسات يايمىنىڭ ئاسارىتىدىن قـۇتـۇلـدۇرۇشـىنى كۈتكەندەك ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ئۆتكەن - كەچكەن بازارچىلارغا تىكتى . مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ رۇخسارىنى تولۇق كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم .

تـوۋا ، ئــىـنـســان نـەسـلىدىنمۇ مانا مۇشۇنداق پەرىشتىلەر تۆرىلىدىكەن ، ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمىدېگەن چوڭ ، نېمىدېگەن قارا ، تاڭ شەبنىمىگە كۆمۈلگەن ، ئەمدىلا ئېچىلاي دەپ تۇرغان قىزىلگۈل غــۇنچىسىگە ئوخشايدىغان ئاغزىچۇ؟ باش باھار كۈنلىرىدە ئۆگزە گــىرۋەكــلىرىدە قېتىپ قالىدىغان مۇز نۆكچىسىگە ئوخشايدىغان بۇرنىمۇ بەكلا چىرايلىق ، بىر تال قارا يىپتەك ئىنچىكە ، ئەگىم قاشلىرى ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئاتەشدان سۈپەت نۇرلۇق كۆزلىرىنى ۋە تال - تال كىرپىكلىرىنى ئۆز مۇھاپىزىتى ئاستىغا ئالغانىدى .

سۈرتكەنسىرى ئېرىپ ، يىلىمدەك چاپلىشىپ تۇرىدىغان چاڭ ـ توزانمۇ ئۇنىڭ قىزىل بىلەن ئاق رەڭ ئاجايىپ بىر ھېكمەت تەسىرىدە سىڭىشىپ تۇرغان نۇرانە ئۆڭىنى خۇنۇكلەشتۈرەلمىگەن ، خەسە كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى ئۇنىڭ زىلۋا بويىغا ئاجايىپ سۆلەت قوشۇپ ، ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ تۇراتتى . بىلەك تومۇقىدىكى ئىككى ئۆرۈم قارا چېچى قاقرام توپا ئۈستىدە ھوشىدىن كەتكەن ئىككى قارا يىلاندەك تولغىنىپ ياتاتتى .

يالىڭاچ پۇتتىن قاپارتقۇ ئۆرلەتكۈدەك قىزىپ كەتكەن قاقاس توپا ، بېلىنىڭ ئاستى قاقاس توپا بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن گۈزەل بەدەن ، قارا يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان توزان ئاستىدىكى چىرايلىق قاش ـ كۆز ، كور خېرىدارنىمۇ جەلپ قىلالمايدىغان كاسات يايما ، بىچارىلەرچە تەلمۈرۈش...

بىر ـ بىرىگە زادى ماس كەلمەيدىغان بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىگە قاراۋەرگەنسېرى كۆڭلۈمدە خۇددى ئېچىنىشلىق بىر ناھەقچىلىككە دۇچ كەلگەندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى . يەر ۋە ئاسمان ئارىسىدىكى جىمى نەرسە ئۆز مۇۋازىنىتىنى يوقاتقان ، تېگىشلىك ئورنىدىن مەھرۇم بولغان ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلدى .

مەن يايمىدىكى ھەممە نەرسىنى بىر يولىلا سېتىۋېلىش ئۈچۈن قولۇمنى ئىختىيارسىز تۆش يانچۇقۇمغا ئۇزاتتىم ، لېكىن شۇ دەقىقىدە ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى . 30 ياشلارغا ئۇلاشقان ، تۇرخۇنغا تىقىپ تارتىۋالغاندەكلا قارا چىراي بىر ئەر كىشى ئىرغاڭلىغان پېتى كېلىپ چوكاننىڭ ئالدىغا زوڭزايدى .

— بىر... ئىككى... ئۈچ...

ئۇ يايمىدىكى تۇخۇملارنى ۋە گۈلە ـ قاق دۆۋىسىنى بىرنەچچە قېتىم ساناپ چىقتى ۋە ساردىن ئۇركۈگەن چۈجىدەك تۈگۈلۈپ ، تىترەشكە باشلىغان چوكاننى يەپ كەتكۈدەك ئەلپاز بىلەن :

— بۇ... بۇ... تۇخۇم ئۆز پېتى تۇرۇپتىغۇ . نىمىشقا... نىمىشقا سېتىپ ، سېتىپ بولمىدىڭ ، ھاراق ئىچىدىغانغا پۇل قېنى

ئەمدى ؟ — دېدى .

چوكان ئۆزىنى قانداقتۇر بىر زەربىدىن مۇھاپىزەت قىلماقچى بولغاندەك كەينىگە داجىدى ۋە :

— خاپا بولمىسىلا ، ساتاي دېسەم خېرىدار كەلمىدى ، — دېدى قورقۇمسىراپ تۇرۇپ .

— خې••• خېرىدار كەلمىسە ۋارقىرىمامسەن ، چاقىرمامسەن ؟

— ۋارقىراي دېسەم•••

— ھە••• ۋارقىراي دېسەڭ نېمە بولدى ، ئىزا تارتىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ ئۆزۈڭچە ؟

— ماقۇل ، ئەمدى ۋارقىراي .

سالاھىيىتى ماڭا تېپىشماق بولۇپ تۇيۇلغان بۇ مۇتتەھەم چويۇن توپتەك يوغان مۇشتىنى تۈگۈپ چوكاننىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ پوپوزا قىلىپ قويغاندىن كېيىن يەنە سەنتۇرۇلگەن پېتى ئادەملەر ئارىسىدا غايىب بولدى .

چوكان بىلەن بولغان ئارىلىقىم پەقەت تۆت قەدەملا كېلىدۇ . نېمىشقىدۇر قاقاس تۇپراققا مىخلىنىپ قالغاندەك بۇ يەردىن قوزغالغۇم كەلمەيدۇ . ئۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ ـ قاراپ قويىمەن . چوكان بولسا ئاغزىنى ئۇشلاپ ، كۆكرەك قەپىسىنى يەل بىلەن تولدۇرىدۇيۇ ، بۇ يەلنى يەنە ئېچىنىشلىق بىر ئۇھ تارتىش بىلەن يوق قىلىدۇ ، يەنە ئاغزىنى ئۇشلايدۇ ، كېلىۋاتقان كىملەرنىدۇ تاكى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە كۆزىتىپ ئۇنىڭغا ئانىسىغا تەلمۈرگەن كېيىك بالىسىدەك تەلمۈرىدۇ ، گاھ كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ ، گاھ ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە ھېلىقى مۇتتەھەم كەتكەن تەرەپكە قاراپ قويىدۇ•••

مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم ، ھېلىقى مۇشتۇمزورنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ نېمىدەپ يوغانچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇققۇم كېلىدۇ ، بۇ چوكاندىن ئەيمىنىپ ، تارتىنىۋاتقىنىمنى تۇيۇپ قالىمەن ، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى بىراقلا سېتىۋېلىپ ،

خەيرخاھلىقىمنى ئىزھار قىلىشقىمۇ ئەمدى جۈرئەت قىلالمايمەن .
ئـۆز ـ ئۆزۈمنى : يۇرت يات ، ئادەملەر يات ، يەنە كىلىپ سەن ئاللىقاچان ئۆيلەنگەن خوتۇن ـ باللىق ئادەم ، ئۇنىڭغا نىمىدەپ خەيرخاھلىق قىلالىتتىڭ ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ باقىمەن .
لېكىن ، ئۇنىڭ كۆز يېشى بىلەن بويالغان چىرايىغا يەنە بىر سەپسالغىنىمدا يۈرىكىمدە قوپۇرۇلغان ئاگاھ ئىستىھكامىم خۇددى ئـاتـوم بـومـبىسى تاشلانغاندەك گۇمران بولۇپ ، كۈلى كۆككە ئۇچىدۇ . بۇ ئىستىھكام خارابىسىدە يەنە دەسلەپكى تۇيغۇلىرىمدىن قوپۇرۇلغان بەھەيۋەت بىر مۇنار قەد كۆتۈرىدۇ .
شـۇ ئـەسنـادا چـوكان ئانچە ـ مۇنچە شالاڭلاشقا باشلىغان بـازارچـىلار ئارىسىدىن كىمنىدۇر كۆرگەن بولسا كېرەك ، يەنە بـىـئـارام بولۇشقا ، ئىزتىراپ ئىچىدە تاتىرىشقا باشلىدى . كۆپ ئـۆتـمـەي سـامـان تـىقىقان تاغاردەك سېمىز ، پاكىنەك ، يۈزىگە سـىـياھدان سۈركىۋالغاندەك قارا ، 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر خـوتـۇن چوكاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، ئۇنى سوراق قىلغىلى تۇردى :
— سـەن لامـزەلـلە ، ئەتىگەندىن كەچكىچە بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرغىنىڭ ئولتۇرغان ، بىر بازاردا بىر كويلۇق سودا قىلساڭمۇ كىمنىڭ دەردى ، ئەمدى ھۇجراڭغا چىراغ ياققىنىڭنى بىر كۆرەي ، سەندەك دىۋاننىڭ قىزىغا زۇلمەت قاراڭغۇسىدىن ئۆزگىسى بىكار !
بۇ خوتۇن ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسىۋالغان چوكاننىڭ ئـالـدىـدا ئاياغلىرىنى كېرىپ ، يەرگە تەتۈر كۆمۈلگەن ئاچىماق تۈۋرۈكـتەك ئۆرە تۇراتتى . كۆسەيـدەك قارا بارماقلىرى بەزىدە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالغان چوكاننىڭ بۇرنىغىچە يېتىپ بـاراتتى . ياغ تەپچىرەپ تۇرغان ساڭگىلىماچ قوۋۇز گۆشلىرىنى تىترىتىپ ئەزۋەيلىگىنى ئەزۋەيلىگەندى .
بـۇ خـوتۇننىڭ كونا تەلەڭگىنى تاراڭلاتقاندەك ئاڭلىنىدىغان يېقىمسىز ئاۋازى سودا ـ سېتىقلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىۋاتقان

بازارچىلارنى ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرگەن بىكار تەلەپلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . چوكان ھۆل چىۋىقتەك تىكمۇاتقان ئاھانەتكە ئەمدى چىداپ تۇرالمىغان بولسا كېرەك ، يۈزىنى توسۇۋالغان قوللىرىنى چۇشۇرۇپ ، ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ :

— قېينانا ، ئاغزىلىرىنى بۇزمىسىلا بولارمىكىن ، — دېدى .

— ھە ؟

ئۇ خوتۇن باشتا كۆزلىرىنى چۆچەكتەك ئېچىپ ، سېھىرلەنگەندەك قېتىپ قالدى ، ئارقىدىنلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ، ئېشەكتەك يۇمىلاپ ، ئاۋازىنىڭ بارىچە سۇرەن سالغىلى تۇردى :

— ۋاي ، خۇدايىم ، بۇ جالاپنىڭ ماڭا يانغىنىنى كۆرمەمدىغان ، ئۆز كېلىنىمنىڭ ئىزاسىنى ئاڭلايدىغان ھالغا چۇشۇپ قالدىممۇ ئەمدى ، ۋايىيەي ، ۋايجان...

بايامقى مۇتتەھەم يەنە پەيدا بولدى ، ئۇ ئانىسىنى يۆلەشتۇرۇۋېتىپ ، ئەتراپتا شام تىكلىگەندەك ئۆرە تۇرۇشقان كىشىلەر تويىغا قاراپ ، مۇشتىنى كۆرسىتىپ دېۋەيلىدى . توپلىشىۋالغانلار قۇرغۇيىنىڭ قارىسىنى كۆرگەن قۇشقاچ توپىدەك قاچ ـ قاچ بولۇپ ، تارقىلىپ كېتىشتى . ئۇ مۇتتەھەم ئۆزىنىڭ بۇ كارامىتىدىن سۆيۈندىمۇ ، تازا بىر كېرىلىۋالدى ـ دە ، ھېلىغىچە دادلاۋاتقان ئانىسىدىن سورىدى :

— ئانا ، كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتقان كىم ئۇ ، قېنى ، ماڭا بىر دەڭا ؟

— كىم بولاتتى ، ئەنە ئاۋۇ ، — دومىلاۋاتقان خوتۇن تېنىگە غايىبتىن كۇچ قېتىلغاندەك لىككىدە ئۆرە بولدى ، قولىنى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان چوكانغا چېنەپ تۇرۇپ دېدى ، — ئۇ ماڭا ياندى ، ھۆركىرىدى ، مېنى كۆزىگە ئىلـ ـمىدى...

— ھىم ، سەن... سەن تېخى ئانامغا ھۆرت ـ پۆرت دېگۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ ! مانا ساڭا نوچىلىق ، مانا ساڭا...

چوكان چىلبۆرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن بىچارە قوزىچاقتەك مەڭدەپ قالغانىدى . ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا مەڭزىگە ئىككى شاپىلاق تەگدى ، شاپىلاق تەگكەن يەر يول ـ يول قىزىرىپ چىقتى ، جاۋغىيىدىن قان ساقىدى .

شاپىلاق چىرايلىق چوكاننىڭ مەڭزىگە تەگدىمۇ ياكى مېنىڭ مەڭزىمگە تەگدىمۇ ، بىلمەيمەن ، پۈتۈن ئەزايىم لەرزىگە كېلىپ ، يۈرىكىم زىخ سانجىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . نېمىلەرنى ئويلىغىنىمنى ۋە نېمىلەرگە نىيەت قىلغىنىمنى ئۇقمايمەن ، بىر چاغدا قارىسام ، يىغلامسىراپ ، بىچارىلەرچە يېلىنىۋاتقان چوكان بىلەن ئۇنىڭ ياۋۇز ئېرى ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپتىمەن .

— بۇ بىگۇناھ ئايالنى نېمىشقا خورلايسەن ؟ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا بولمامدۇ ؟ !

مۇتتەھەم ئەرنىڭ قارا قولى ھاۋادا قېتىپلا قالدى . لېكىن ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي چېچىلىپ كەتكەن ئەقلىنى يەنە قولىغا ئالدى بولغاي ، قان تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى . تاماكا خالتىسى ئېسىپ قويغاندەك ساڭگىلاپ چۈشكەن قاپاقلىرى ئاستىدىكى يۈز مۇسكۇلى لىكىلدىغىلى تۇردى .

— ھىم ، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىدىغان نېمە ھەددىڭ بار ؟ — دېدى ئۇ ماڭا تازا بىر سەپسېلىپ چوققامدىن تاپىنىمغىچە كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن شالىسىنى چىچىپ ، — قېنى دەپ باقە ، مەن ئۇرسام ئۆز خوتۇنۇمنى ئۇردۇم ، ساڭا نېمە دەز كەتتى ؟

— خوتۇنۇڭ بولسىمۇ ئۇرۇشقا ھەققىڭ يوق .

— ھىم ، ئەمدى بىلدىم ، سەن تېخى خوتۇنۇمنى پايلاپ يۈرگەنكەنسەن ـ دە ، دەپ باقە ، سەن نېمە ئادەم ؟

ئۇ بىردىنلا ياقامغا ئېسىلدى . ھەتتا مېنى ساقچىغا ئاپىرىمەن دەپ ھەيۋە قىلغىلى تۇردى . خېلىدىن بېرى تېرەككە يۆلىنىپ ئىنجىقلاپ ئولتۇرغان ئانىسىمۇ ئاغزىنى قويۇۋەتتى . يامان نىيەتتىن

خالىي ئىكەنلىكىمنى ، بىگۇناھ چوكاننىڭ ناھەق خورلىنىشىغا پەقەت چىداپ تۇرالمىغانلىقىمنى تەكرار - تەكرار چۈشەندۈرۈپمۇ ئۇلارغا غەرەز ئۇقتۇرالمىدىم .

ھېلىمۇ ياخشى ، ئاغزىنى سۈرتكەن پېتى يېتىپ كەلگەن شوپۇرۇم بۇ كۆڭۈلسىز ھالنى كۆرۈپ ، قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى ، ئارىغا چۈشۈپ ئاران دېگەندە مېنى ئاجرىتىۋالدى . بېشەم ئەركەك تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى . ئۇ ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، خوتۇننىڭ مەڭزىگە يەنە ئىككى شاپىلاق سالدى ۋە :

— مانا قاراپ تۇر ، مەن ئۇنى مانا مۇشۇنداق ئەدەپلەيمەن ، مانا مۇشۇنداق خورلايمەن ، نوچا بولساڭ بىر نېمە دەپ باقە قېنى ، — دېدى - دە ، چوكاننىڭ ساغرىسىغا كۈچەپ بىرنى تېپىۋىدى ، ئۇنىڭسىزمۇ ئاران ئۆرە تۇرغان چوكان ئىككى قەدەم نېرىسىغا قاڭقىپ بېرىپ ، تىك موللاق چۈشتى . يايمىدىكى ھەممە نەرسە تىرىپىرەن بولدى .

— سەن...

— يەنە ئىچ ئاغرىتىپ باقە قېنى .

ئۇ چوكاننى تەپتى ، دەسسىدى ، ئورنىدىن سىلكىپ تۇرغۇزۇپ ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى .

ئاھ ، جاھاندا بۇنداق تاش يۈرەك ئادەملەرمۇ بولىدىكەن - ھە ؟ ئىسىت ، شور پېشانە چوكان ، تەقدىر سېنى كىملەرگە قارام قىلدى - ھە ؟ ئىسىت گۈزەل قامىتىڭ ، ئىسىت ياش تولغان شەھلا كۆزلىرىڭ ، ئىسىت خورلانغان ئۆمرۈڭ !

چوكان ئېرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يىگىرمە قەدەمچە ئۇزىغاندىن كېيىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جاسارەت بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى - دە ، ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ ، يولىنى يەنە داۋام قىلدى . ئۇ مۇشۇ بىر قارىشى ئۇچۇن يەنە بىر پەشۋا يېدى .

شۇ كۈنى گېپىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى ، ماشىنىغا ئولتۇرۇپلا كۆزلىرىمگە بارغانچە سەت كۆرۈنۈۋاتقان بۇ بازاردىن

ئايرىلدىم ، قولۇمدىن ھېچقانچە ئىش كەلمەيدىغان بىچارە ئىكەنلىكىمنىمۇ تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم .

بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەگە شاھىت بولغىنىمدىن بىرى خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى . كۆز ياشلىرىغا كۆمۈلگەن ئاشۇ بىچارە ، غەمكىن ، چىرايلىق چوكاننىڭ سىيماسى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھېلىقى ئاخىرقى قارىشى زادىلا ئېسىمدىن چىقمىدى . ئۇنىڭ قارىشىغا نېمە مەنە يوشۇرۇنغانلىقىمۇ جاۋابسىز تېپىشماق بولۇپ قالىۋەردى .

1984 ـ يىلى ئىيۇن .



# هېساب ۋە هېسابچىلار

سادىر ساقى ئەمدىلا قولىغا ئالغان كەچلىك تامىقىنى ئۇستەلگە «دوككىدە» قويۇپ قويدى ـ دە ، ئىشىكنى ئاچتى ، ئۇنىڭ شەپىلىك قەدەم تاشلاپ مېڭىشىدىن ، ئىشىك تۇتقۇچىنى زەردە بىلەن تارتىشىدىن ناقۇلاي چاغدا كېلىپ قالغان مېھمانغا بولغان دوق ۋە نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى .

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا يوغان بىر بوغچىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان هالدا تۇزاقتىن ئۈركۈگەن قۇشتەك قورقۇمسىراپ تۇرغان ئەنۋەرنى كۆردى ـ دە ، ئۇنىڭغا «قېنى كىرمەمسەن» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى . بۇ ئىشارەتنىڭ ئاشۇ بوغچىنىڭ يۈزى بىلەنلا بېرىلىۋاتقانلىقى ئەنۋەرگە ئايان ئىدى .

— قېنى سىلى خوتۇن ، ئەنۋەرجانغا تامىقىڭلار بارمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئەنۋەر توڭلاتقۇ يېنىغا قويۇپ قويغان بوغچىدىن ئەتەي كۆزىنى قاچۇرۇپ .

كەڭ پېشانىسىدىكى تېيىز قورۇقلارنى هېسابقا ئالمىغاندا 24 ـ 25تە كۆرۈنىدىغان بۇ مېھمان قورۇنۇپ ، تارتىنىپ دېگۈدەك مەخسۇس خانىغا كىرىپ كەلدى ـ دە ، خوجايىن كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى .

ئەپتىدىن قارىغاندا ، ئەنۋەر بەك ياۋاش ، مۇلايىم كۆرۈنەتتى . ئۇستۈن قاراشقىمۇ پېتىنالماي ، هەدەپ قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتمەكچى بولاتتىيۇ ، ئەپلەشتۈرەلمەيتتى ، ئورۇقلۇقى چىقىپ تۇرغان يۈزلىرى دەم قىزىراتتى ، دەم تاتىراتتى . بېشىنى كۆتۈرەي دېدىمۇ ، شالاڭ قوڭۇر چاچلىرى كۆزلىرىگە چۈشۈۋالاتتى .

ئۇ تارتىنغان هالدا چوكىنى قولىغا ئالدى ـ دە ، بىر تال چۆپنى تەسلىكتە ئاغزىغا سالاتتى .

— هە ، ئەنۋەرجان ، بالا ـ چاقىلار ساقتۇ ، تېنىڭلار تازا تۇرامدۇ ؟

— ئۆزلىرىنىڭ رەهبەرلىكى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك ياشاۋاتىمىز .

— شۇنداقتىمۇ ، پات ـ پات ئەهۋالىڭلىنى سوراپ تۇرايلى دېسەك ، بىزدەكلەرنىڭ ئىشى چاچتىنىمۇ تولا بولىدىكەن ، ئىشخانىغا مۇئاۋىن باشلىق بولدۇم دەپ بېشىمغا پىت سالغان ئوخشايمەن ، هېلى بىرى ئۆي دەپ كېلىدۇ ، هېلى بىرى پۇل دەپ كېلىدۇ ، ئىشقىلىپ بېشىمنى تاتىلىغۇدەكمۇ ئارامچىلىق يوق .

— توغرا ئېيتتىلا ، توغرا ئېيتتىلا .

— هە ، سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن ، ئۆيۈڭلىدىن ئەتىياز كۈنلىرى تامچە ئۆتمەيدىغاندۇ ؟

ئۆيىنىڭ سالقىنلىقىغا قارىماي ئۇستىدىن بىر چۆگۈن سۇ تۆكۈۋەتكەندەك تەرلەپ كەتكەن ئەنۋەر ئۆيىنىڭ گېپى چىققىشى بىلەن تەڭ بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى ۋە كۆزگە چۈشۈۋالغان چېچىنى قايرىۋېتىپ :

— تامچە ئۆتكەندىمۇ ، ئۆتمىگەندىمۇ ئوخشاشلا زەي ، قىشۇ ـ ياز كۈن نۇرىنى كۆرمەيمىز ، بالىمىزمۇ راخت بولۇپ قاپتۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى پەس ، ئەمما تورلۇق ئاۋازدا .

— شۇنداقمۇ ، — دېدى سادىر ساقى ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ ، — مەن تېخى ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ دەپ ئويلاپتىمەن ، لېكىنزە ، ئىدارىدە ئۆيىنىڭ قىسىلىقىدىن شۇنداقمۇ ، سىلىدەك زىيالىلاردىن تېخى ئون نەچچە ئائىلە سىلىگە ئوخشاشلا بىر ئېغىزلىق كونا ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ . گېپى كېلىپ قالسا هەل قىلارمىز دېگەن ئويدىمەن .

— سىلىنىڭچە قاچانراق هەل بولۇپ قالار سادىر ئاكا ؟

ئەنۋەرنىڭ ئەملىنى ئاتاپ خىتاب قىلمىغىنىغا ئاچچىقى

كەلدىمۇ ، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى ۋە توڭلا جاۋاب بەردى :
— خۇدا خالىسا يەنە بىر - ئىككى يىلغىچە ھەل بولۇپ قالار ، دەيمەن .
— بىر - ئىككى يىلغىچە ؟...
ئەنۋەر يوغان بىر تىنىپ قويۇپ بېشىنى سالدى . ئۇ بېشىنى سىلىپ يەر تېگىدىن قاراۋېتىپ توڭلاتقۇنىڭ يېنىدا خۇددى زۇلمەت كېچىدىكى ئۈمىد چىرىغىدەك چاقناپ تۇرغان ھېلىقى بوغچىنى كۆردى . ساددىلىق قىلىپ يادىدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس - تاماس قالغان بۇ بوغچا ئۇنىڭغا : «مېنى ئال - دە ، پارىخورنىڭ پوكىنىغا تىق » دېگەندەك قىلاتتى .
راست ، ئەنۋەر تۆت يىلدىن بېرى ئولتۇرۇۋاتقان زەي ئۆيدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا سادىر ساقىغا «ئىسسىق ئۆتكۈزۈش» قارارىغا كەلگەن ۋە ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بۇ يولنى تاللىۋالغانىدى .
— سا جۇرىن ، — دېدى ئۇ تىترەۋاتقان قوللىرىنى بىر پارچە چوغدەك كۆيدۈرۈپ تۇرغان بوغچىنى ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇپ ، — بۇ ئايالىمنىڭ ئىدارىسىدىن تارقاتقان گۆش ئىكەن ، قارىسام يامان ئەمەستەك قىلىدۇ ، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ئېلىپ كېلىۋىدىم...
سادىر ساقى ئېچىلغان داستىخاندا تۇرغان سېمىز بىر سان توڭ گۆشنى كۆردى . گۆش پەقەت بىر سانلا بولسىمۇ ، كېلەر شەنبىدىكى مېھماندارچىلىققا ئەسقېتىپ قالار ، دەپ ئويلىدى - دە ، چاپىنىنىڭ تۆۋەنكى تۈگمىسىنى ئويناپ ئولتۇرغان ئەنۋەرگە :
— بۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولاتتى ئۇكا ، ھېلىھەم ئېلىپ قالسام قالاي ، بۇنچىلىك گۆشنىڭ پارا ھېسابلانمايدىغانلىقى ئېنىقكۇ - ھە ، — دېدى ئەنۋەرنى ئۈزىتىپ چىقىۋېتىپ ، — زىيالىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەن سىياسەت بار ئەمەسمۇ ، ئۆي ئىشىڭلىنى ئويلىشىپ باقايلى ، بولامدۇ ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى .
«كۆپ دېگەندە 120 — 130 كويغا توختايدىغان گۆشكە بىر يۈرۈش ئۆينى تېگىشىۋەتكىلى مېنى ساراڭ دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ ئەخمەق » سادىر ساقى يەرگە «چىرتتىدە » تۈكۈرۈپ ، ئەنۋەر چىقىپ

كەتكەن ئىشىككە قاراپ ھومايغاچ، غۇدۇڭشىپ قويدى ـ دە، تاماكىسىنى چېشلىگىنىچە كارىۋاتقا تاشلاندى.

ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ياتالمىدى. يېشىنىپ يوتقانغا كىرىپ بېشىنى چۈمكىدى. يېقىندىن بۇيان قىزىپ كېتىۋاتقان پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش توغرىسىدىكى ئۆگىنىشلەر، قىزىل خەتلىك ھۆججەتلەر كۆز ئالدىغا كەلدى، ئويلا ـ ئويلا ئاخىر خىيال ئېكرانىدا ئاجايىپ بىر ئەقىل پەيدا بولدى. سېكۇنتىغا مىليون قېتىملاپ ھېسابلىيالايدىغان ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىقتىدارىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان مېڭىسى بىر سان گۆشىنىڭ قىممىتى ۋە «پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش»نىڭ شان ـ شەرىپى ئېلىپ كېلىدىغان پايدىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى قانچە ئون قېتىملاپ ھېسابلاپ چىقتى. ماتېماتىكىدىكى تۆت ئەمەل بەلگىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، بىر قاتار سانلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا يايدى...

سادىر ساقى بۈگۈن تولىمۇ ئەتىگەن ئويغىنىپ كەتتى. ياق، ئۇ ئۇستەلدە تۇرغان ئەينەككە قاراپلا كۆز ئېقىنىدىكى ئىرماش ـ چىرماش قان تومۇرلىرىنىڭ گېجەكلىشىپ كەتكەن قىزىل يىپتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، ئۇزۇن بىر قىش كېچىسىنى تۆت ئەمەل ئالامەتلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزۈۋەتكىنىنى تۇيدى. ئۇ ئالدىراپ كىيىندى، تۇرۇبىنى بولۇشىغا ئېچىپ، يۈزىنى بېشى بىلەن قوشۇپ يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن پىكرى خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ئادىتى بويىچە بىر نوگاي سوغۇق سۈنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ ناشتىغا تۇتۇش قىلدى. سېرىق مايغا مىلەپ ئاغزىغا سالغان بىر بۇردا ناننى ئېرەنسىزلىك بىلەن چاينىغاچ تۈن بويى ئويلىغانلىرىنى يەنە بىر قېتىم دەڭسەپ چىقىپ، بۇ مۇرەككەپ ھېسابتا قىلچە ئازمىغانلىقىغا تەمەننا قىلىپ، ئىككىنچى قەدەمنى ھېچ كېچىكمەي بېسىش قارارىغا كەلدى.

سادىر ساقى كەسكىن جەڭگە ئاتلانماقچى بولغان جەڭچىدەك ئەسنىگەن بولۇپ غۇلچىنى يايدى ـ دە، يۈرىكىنى توختاتتى. كۆرپە

ياقلىق جۇۋسىنى كىيىپ، تۇگمىلىرىنى راۋۇرۇس ئېتىپ
چىقتى. ئەينەككە قاراپ چىرايىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان تەبىئىي
جىددىيلىكتىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مۇرىسىگە بىر
پارچە كونا گېزىتنى سېلىپ ھېلىمۇ ئوتۇندەك قېتىپ تۇرغان بىر
سان گۆشنى گېزىت ئۇستىگە قويغىنىچە «بىسمىللا» دەپ
بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

بۇ چاغدا جىمىكى سائەتلەرنىڭ ئىسترېلكىسى ئەتىگەنلىك
چارەك كەم سەككىزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بەش قەۋەتلىك ئاددىي
ئۆيلەردىن خۇددى ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۇمۇلىلەردەك
چۇۋۇلۇپ چىقىشقان كىشىلەر ۋېلىسىپىتلىق، پىيادە دېگۇدەك
ئورگان تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

ئىشقا ماڭغانلارنىڭ بەزىسى بىر سان گۆشنى بەئەينى شاگىرت
قاسساپلاردەك مۇرىسىگە سېلىپ سالماق قەدەم، سۇرلۇك قىياپەت
بىلەن كېتىۋاتقان سادىر ساقىنى ھويلىدىلا كۆرۇپ ئۇلگۇردى.
بەزىلەر كوچىدا كۆردى. كۆرگەنلىكى كىشىلەر بۇ ھالدىن قىزىقىش
ۋە غەيرىيلىك ھېس قىلماي قالمىدى.

— ھوي سادىر ئاكا، ئەمدى قاسساپلىق قىلاي دېدىڭىزمۇ
نېمە؟ گۆشنى تاغارغا سېلىپلا كۆتۇرسىڭىزچۇ؟

ھەزىلكەش سېلىم سايىت سادىر ساقىنى يانداپ ئۆتۇپ
كېتىۋېتىپ، ۋېلىسىپىتىنىڭ قوڭغۇرىقىنى قەستەن جىرىڭلىتىپ
چاقچاق بىلەن سوئال قويدى. سادىر ساقى سوئالغا چىرايىنى
بۇزماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— چاقچىقىڭنى قوي ئۇكا، «ھۆكۇمەت خادىملىرى پاك -
دىيانەتلىك بولۇش كېرەك» دەپ چاقىرىق قىلىنىۋاتامدۇ، بىراق،
دەرەخ جىم تۇرىمەن دېسىمۇ شامال جىم تۇرغۇزمايدىكەن،
مۇرەمدىكى بۇ گۆش ئىدارىمىزدىكى مەلۇم يولداشنىڭ ماڭا
شۇڭغۇتقان پارىسى، شۇڭا بۇنى ئومۇمغا تاپشۇرغىلى ئېلىپ
كېتىۋاتقان دېگىنە!

— مەلۇم يولداش دېگەن كىمكەن ئۇ، — دېدى بالىسىنى

سۆرەپ يېتىلەپ يەسلىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان زۆھرە گەپ كوچىلاپ ، — يوشۇرماي ئوچۇق دەۋەرسىڭىز بولىدۇ ، بۇنداق بىنومۇس ئىپلاسلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىش كېرەكتە !

سادىر ساقى كەينىگە ئەگىشىۋالغان بىر توپ كىشىگە قاراپ ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، بېشىنى چايقىدى .

— ياش زىيالىيلارنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشنى خالىمايمەن ، بىراق ، مۇشۇنچىۋالا كۆپ گۆشنى پارا بېرىپ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ چۇشى ، يىگىرمە يىللىق پارتىيە ئىستاژى بار مەندەك بىر پاك ئادەم ئاسانلىقچە قاپقانغا چۇشىدۇ ، دەمسىلەر ؟

سادىر ساقى جىنايەتلىك بىر سان گۆشنى ئوغلاق تارتىش ئويۇنىنىڭ غەلىبىلىرىدەك مۇرىسىگە ئېلىۋېلىپ سازايە قىلغان پېتى ئىدارىسىگە كېلىپ بولغۇچە «ئەنۋەر سادىر ساقىغا پارا بەرگەنىكەن ، ئۇ پارىنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغىلى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئىشخانا ـ ئىشخانىغا تارقىلىپ كەتكەنىدى .

ئاشۇ كۈنى پۈتكۈل ئىدارە زىلزىلىگە كەلگەن بىر كۈن بولدى . بۇ پەۋقۇلئاددە خەۋەر ئۇستا ۋالىبولچىلار ئارىسىدا قاڭقىپ يۈرگەن توپقا ئوخشاش قۇلاقتىن قۇلاققا ، ئېغىزدىن ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈردى . سىرلىق پىچىرلاشلار ئاشكارا داۋراڭغا ئايلاندى . خۇشاللىق ، يىرگىنىش ، نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقان كۆزلەر ئاخىر بېرىپ بىچارە ئەنۋەرگە تىكىلدى .

ئۇ كۈندەك تۇيۇلغان بىر كېچىنى ئوخشاشلا گادىرماش خىياللار ، قىياسەن پال سېلىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ، ئەمدىلىكتە ئىشخانىغا ئەڭ بۇرۇن يېتىپ كېلىپ ، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان ئەنۋەر كۈتۈلمىگەندە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جان بېرىۋاتقان ئۆچكىدەك تىپىرلاپ قالدى . ئاۋۋال يۈرىكى رىتىمدىن ئازدى ، ئاندىن كېيىن يۈزى بىردىنلا سۇيۇق سىمابقا ئايلىنىپ ، پەسكە قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . تىترىگەن لەۋلىرى

ئارىسىدىن ئېچىنىشلىق بىر نادامەت ئېتىلىپ چىقتى .

«ئاھ خۇدا ، ئاشۇ لەھەتكە ئوخشايدىغان ئۆيدە بىر ئۆمۈر ئۆتۈپ كەتسەمچۇ ، ئەمدى بۇ يۈزۈمنى نەگىمۇ قويارمەن ؟ »

«باخشىنىڭ دېپى يېرىلسا گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچاق بوپتۇ » دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ ، ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى ئىدارە ـ ئىدارە بولۇپ تۇنجى قېتىم پارىنى رەت قىلغان شەخسىيەتسىز ، پاك ـ دىيانەتلىك ئەزىمەتنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدارە باشلىقى بەئەينى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇ سادىر ساقىنى يۈزتۇرانە بىر ھازا ماختاپ چىققاندىن كېيىن كاتىپنى چاقىردى ـ دە ، ھەرقايسى چوڭ ـ كىچىك گېزىتلەرگە ، رادىئو ئىستانسىسىلىرىغا ھېچ ھايالسىز ماقالە يېزىپ ئەۋەتىش ، چۈشتىن كېيىنلا چوڭ زالدا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش دوكلاتى بېرىلىدىغان-لىقى توغرىسىدا ئېلان چاپلىۋېتىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى .

ئىدارە باشلىقىنىڭ پىلانى بىرمۇبىر ئورۇندالدى . بۇ شۆھرەتلىك ، كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان مۇھىم تېپىنىڭ داڭقى ئىدارىدىن ھالقىپ چىقىپ پۈتكۈل شەھەرگە ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە پۇر كەتتى . ئىككى ـ ئۈچ قېتىملىق تەنتەنىلىك دوكلات يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ ، پالاق تۇخۇمدەك بەتبۇي تارقاتقىلى تۇرغان بىر سان گۆش ئاخىر قىممەتلىك ئولجا تەرىقىسىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى .

ھاسىل كالام ، ئەنۋەرنىڭ ئاياقتىكى ئاشتەك تەييار بولۇپ قالغان تەشكىلىي مەسىلىسى شۇنىڭ بىلەن يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈپ تاشلاندى . توپتوغرا ئۈچ كۈندىن كېيىن بولسا ، سادىر ساقىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقتىن مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈلگەنلىكى ، مۇناسىپ ھالدا ئايلىق مائاشىنىڭ ئىككى دەرىجە كۆتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە تەستىق چۈشتى . ئىدارە باشلىقىمۇ تېپىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلىگىنى ئۈچۈن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش بىلەن تەقدىرلەندى .

كۈنلەر ئۆتتى ، تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن خۇدىنى يوقاتقان

ئەنۋەر ئەقلىدىن ئازغىلى تۇردى . يۈز نەچچە كويلۇق پارنى دەسمايە قىلىپ مۇدىر بولۇپ قالغان ، مۇھىمى ئېيىغا ئىككى دەرىجە مائاشقا ئېرىشكەن سادىر ساقىمۇ خۇشاللىقتا بەس كېلەلمەي ئالىجوقا سۆزلىگىلى تۇردى .

يەنە نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئىدارە مالىيىسىنىڭ بۇ ئىككىيلەننى ۋە سېسىق گۆش يەپ زەھەرلەنگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى داۋالىتىشقا چىقىم قىلىدىغان راسخوتى غايەت زور بىر نامەلۇم سان شەكلىدە كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى .

1989 - يىلى فېۋرال ، ئۈرۈمچى .



# قار ياغقان كېچە

كىشىلىك تۇرمۇش گويا رەڭگارەڭ دۇنياغا ئوخشايدۇ ، تەقدىر بولسا بۇ دۇنيادىكى كۆزگە كۆرۈنمەس خوجايىن . ئانا مېھرىدىن ئايرىلىپ بولۇپ ئەقىل چىرىغىڭغا ئوت يېقىلغان ھامان سەن بۇ رەڭگارەڭ دۇنيانىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىسەن ـ دە ، تەقدىر ئاتلىق خوجايىن بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىسەن ، ئۇنى ئۆزۈڭ ئۇچۇن كەتمەن چېپىشقا كۆندۈر ، مەيلى كۆندۈرمە ، ئۇ يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت چىرمىشىپ ، گىرەلىشىپ كەتكەن ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن باشلاپ كېتىۋېرىدۇ . بەزىدە سېنى جەننەتتەك گۈزەل باغۇ ـ بوستانلار پەيزىدىن بەھرىمەن قىلسا ، بەزىدە چۆشۈڭدىمۇ كۆرمىگەن دەشت ـ باياۋانلارغا ئايرىپ تاشلايدۇ . گېزى كېلىدۇكى ، سەن ئۆمۈر مەنزىلىڭنىڭ مەلۇم دوقمۇشىدا تۇرۇپ كەينىڭگە بۇرۇلۇپ ـ بۇرۇلۇپ قارايسەن ـ دە ، بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭدا ياخشى ـ يامان تەسىراتلىرى بىلەن ئىز قالدۇرغان نۇرغۇن ئەستىلىكلەرنى كۆرىسەن ، بۇ ئەستىلىكلەر ئۆز مۇھەببەتلىرى ، شاپائەتلىرى بىلەن ياكى جەبىر ـ جاپا ، ۋاپاسىزلىقلىرى بىلەن قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان ئادەملەر ۋە ئىشلار بولۇپ چىقىدۇ ، ئۇنتۇلغانلىرى بولسا شاۋقۇنسىز دەريا ، تىكەنسىز گۈل ، جەبرىسىز باياۋان ، ھىجرانسىز ۋىسال... دۇر .

مەن دەل بۈگۈنكى كۈندە ، ھازىرقى غەنىيمەت سائەتتە قىرىق يىللىق ھايات مۇساپەمنىڭ قىرانلىق مۇنارىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ ، كەينىمگە تاشلانغان ئۇزاق يوللارغا يېنىش ـ يېنىشلاپ قارىماقتىمەن ، بۇنداق قاراش ماڭا چەكسىز لەززەت ۋە ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ، مەن يەنىلا قارايمەن ، ئۇنتۇلغىنى — كۆڭۈل

www.uyghurkitap.com

دەپتىرىمدىن چىكىتچىلىك ئىز قالدۇرالمىغان ئەرزىمەس ئادەملەر ۋە ئەھمىيەتسىز ئۆتمۈش، ئۇنتۇلمىغىنى ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغىنى — تۇرمۇشۇمغا توساتتىن ئۇسۇپ كىرىپ، توساتتىن غايىب بولغان ياكى ماڭا شەپقەت ياكى مالامەت بەخش ئەتكەن ئادەملەر ۋە ئىشلار، ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكى يەنىلا يىگىتلىك چېغىمدا تاسادىپىي ئۇچراتقان بىر قىز بىلەن شۇ قىزغا چېتىشلىق كىچىككىنە بىر ۋەقە.

* * *

ئۇ چاغلار مېنىڭ 24 ياشلىق نۆۋەر چاغلىرىم ئىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشكىلى ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بويتاق ئۆتمەكتە ئىدىم. بەزىلەر: «بويتاقنىڭ كۈنى — سەرگەردانىنىڭ كۈنى» دېيىشىدىكەن، بۇ يەكۈننى بېشىدىن ئۆتكەنلەر چىقارغان بولسا كېرەك. راست، بويتاقلىقىڭدا تاپقان ـ تەرگەننى تويۇڭغا ئاتاپ، تاپقاندا تويغۇچە يەپ، تاپالمىغاندا يىگەننى كۆشەيدىغان گەپ، تۇرمۇشۇڭغا بىردىنبىر ئەرمەك بولىدىغىنى پەقەتلا ئۆزۈڭگە ئوخشاش بويتاق دوست ـ يارەنلىرىڭنىڭ ئۇلپەتچىلىكى ۋە قاتتىق ـ قۇرۇقلاردىن راسلانغان ئاددىي داستىخان. تېپىلسا بىرەر بوتۇلكا ئاچچىق هاراق، تېپىلمىسا بىر چىنە سوغۇق سۇ.

زىمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىر شەنبىسى، گۇگۇم چۈشمەستىلا يېغىشقا باشلىغان قار پۈتكۈل زېمىننى ئاق يېپىنچا ئاستىغا يوشۇرغانىدى. ئۇشقىرتىپ يۇرگەن نەم شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى دېرىزە ئەينەكلىرىگە چاپلاپ تۇراتتى. ئىشداشلىرىم ئۆزلىرىنى ئالللىقاچان ئىسسىق ئۆيلىرىنىڭ قوچىقىغا ئېلىشقان، مەن بولسام گۆرىستاندەك ئادەمسىز، گۆردەك جىمجىت ئىش بىناسىدا جىندەك يالغۇز ئولتۇرىمەن، يۈرىكىمنى سىقىۋالغان زېرىكىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي، قەغەزلەرنى قالايمىقان جىجىلاپ،

پۈرلەپ ـ پۈرلەپ يەرگە تاشلايمەن ، پەقەت بىر بۈرجىكىلا ماڭا مەنسۇپ بولغان ، قالغان ئۈچ بۈرجىكىدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان مـۇزخـانىدەك سوغۇق ياتىقىمغا زادى قايتقۇم كەلمەيدۇ ، ئىدارە ئاشخانىسىدىن بېرىلگەن ئاددىي كەچلىك تاماقنى ئاللىبۇرۇن ھەزىم قـىلـىـپ بـولـغـان قـارغـىش تەگكۇر قورسقىم مىڭلارچە پاقا كىرىۋالغاندەك توختىماي كوركىرايدۇ ، بىنانىڭ بەش قەۋىتىدىن چـۈشـۈپ ، كـۆڭۈلسىز كوچىلارغا چىقىپ ، تاماق ئىزدەپ لالما ئىتتەك قاتراپ يۈرۈشكىمۇ ھەپسىلىم يوق ، ھەپتىدە ئاران بىر كېلىدىغان شېكەر شەنبىنىڭ بۇ تەرىقە غېرىبلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا بولسا ئىچ ـ ئىچىمدىن تىت ـ تىت بولىمەن .

شـۇنـداق تـۇرغىنىمدا كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قـالـدى . بۇنى مېنى ياتاقتا قوغلىغىلى كەلگەن مۇز تەلەت بىنا نازارەتچىسىنىڭ شەپىسى بولسا كېرەك ، دەپ بىكاردىن ـ بىكار ئەنـدىشە قىلىپتىمەن ، كەلگۈچى ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئالىمجان بولۇپ چىقتى . يالغۇزلۇق دەردىدە ساراڭ بولاي دېگەندە ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن خىزىردەك پەيدا بولۇشى ماڭا قاراڭغۇلۇقنى قاپلىغان ئاسماندا ئۈمىد قۇياشى پارلىغاندەك ئەھمىيەتلىك بولۇپ تۇيۇلدى .

— ئـابـدۇرۇسـۇل ، كۆزەتچىلىك نۆۋىتى بۈگۈن يەنە ساڭا كەلگەنمۇ نېمە ، — دېدى ئالىمجان ئىشىكتىن كىرە ـ كىرمەيلا چاقچاق قىلىپ ، — قارا سېنىڭ مۆڭلىنىپ كەتكىنىڭنى ، ئايشەمنى ئويلاپ كۆز يېشى قىلىۋاتامسەن يا ؟

— ياقەي ، بىكار بولغاندىكىن ، ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمە يېزىپ قوياي دېۋىدىم ، — دېدىم مەن ئالدىمدا چىچىلىپ ياتقان قەغەزلەرنى ئالمان ـ تالمان يىغىشتۇرۇپ .

ئـالىمجاننىڭ سىرتقا خىزمەتكە كەتكىنىگە تۆت ئاي بولغان سـۆيگۈنۈمنىڭ ئېتىنى تىلغا ئېلىشى ماڭا خۇددى ئېچىشىۋاتقان يارىغا تۇز سەپكەندەك يامان تەسىر قىلدىيۇ ، بۇ ھالىتىمنى ئۇنىڭغا سەزدۇرمـەسـلـىـكـكـە تـىـرىـشتىم ، چۈشتىن بېرى ئايشەمنىڭ

www.uyghurkitap.com

سىيماسىنى كۆز ئالدىمدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى قىلمىغىنىمنى بىلىپ قالدىمۇ ، ئادەتتە چاقچاقتىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان ئالىمجان مېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتى .

ئىشخانىدىكى پاراڭلىرىمىزمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى ، ئالىمجان بىر ھەپتىدىن بېرى مېنى قانداق سېغىنغانلىقىنى ، ياتىقىغا چىللاشقا ئالايىتەن ئۆزى كەلگىنىنى چاقچاق ئارىلاش ئۇقتۇردى ـ دە ، مېنى قارىغۇنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشتى . مەن ۋېلىسىپىتقا مىنگەشتىم ، ئالىمجان سۆرىدى ، يۇزىمىزگە شىپىلداپ ئۇرۇلۇۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ۋە نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇق شامالغا قارىماي چوڭ يول تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق .

*　　*　　*

ئالىمجان ۋە مەن ئالىي مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن باشلاپ دوست بولۇپ ئۆتكىنىمىزگە قارىماي ، مىجەز ـ خۇلقىمىزدا خېلى چوڭ پەرقلەر بار ئىدى . مەن كەمسۆز ، ئېغىر ـ بېسىق ، بارغا قانائەت قىلىدىغان رايىش مىجەز ئىدىم ، ئۇ ھەزىل ـ چاقچاقنى ياخشى كۆرەتتى . چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ، ھەتتا ئىككىمىزنىڭ ئالاقىسىگىمۇ چاقچاق ئارىلاشتۇرۇۋالاتتى . ئۇنىڭ ھەربىر چاقچىقىنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن زادى قانچىلىك ئالاقىسى بارلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈنمۇ ماڭا خېلى كاللا قاتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . ھازىرمۇ ئادەملىرى شالاڭ ، تۇمانلىق ، تېيىلغاق يولدا ۋېلىسىپىتنى ئەپچىللىك بىلەن باشقۇرۇپ كېتىۋېتىپ بۈگۈنكى شەنبىنىڭ قانداق ئاجايىپ شەنبە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بارماقتا ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ بېشارەتلىرى قاتمۇقات چاقچاق بىلەن كۆمۈلگەچكە گەپلىرىنىڭ تېگىنى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم ، ياتىقىدا نىمە كارامەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغىنىنىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم .

شۇنداق قىلىپ ، ئالاھازەل يېرىم سائەتكىچە يول يۈرگەندىن

كېيىن ئالىمجاننىڭ ياتقىغا يېتىپ كەلدۇق ، ئۇ ئىشكنى شۇنداق ئېچىۋىدى ، مەن ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىمچە بوسۇغىنىڭ ئۈستىدىلا تۇرۇپ قالدىم . كۆردۈمكى ، بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك چىرايلىق ياسانغان ئۈچ نەپەر قىز ئالىمجاننىڭ كارىۋىتىنىڭ قىرىدا خۇددى تەكچىگە بېزەك ئۈچۈن تىزىپ قويۇلغان ئالمىلاردەك رەتلىك ئولتۇرۇشاتتى . ئالىمجاننىڭ مېنى بىردىنلا ھەيران قالدۇرماقچى بولغان كارامىتى مانا شۇ ئىدى .

— قېقىپ قويغان قوزۇقتەك قېتىپ قالغىنىڭنى قارا سېنىڭ ، يۇرمەمسەن ؟ !

ئالىمجان مېنى ياتاققا ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئېلىپ كىردى ۋە چاقچاق بىلەن قامچىلاپ ، ئەدەپلەپ يۇرۇپ قىزلارنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلنىڭ قارشى تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى .

ئالىمجانمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا كونا پاسوندا سېلىنغان چوڭ بىر ياتاقنى ئوڭچە ئىگىلەپ ياتاتتى ، ياتاقنىڭ كارىۋات قويۇلمىغان بۇرجەكلىرىدە باغلام ـ باغلام كىتاب ـ ژۇرناللار ، پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكەن ئورۇندۇقلار ، داس ۋە چېلەكلەر ، تەلەڭگىلەر تاشلىنىپ تۇراتتى ، لېكىن ياتاق ئىسسىق بولغاچقىمۇ ، كىشىگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى .

ئالىمجان مېھمانلىرىغا مېنى ئۇنداق يازغۇچى ، مۇنچىلىك قەلەم ھەققى ئالىدۇ دەپ ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ تونۇشتۇردى . تونۇشتۇرۇش ئارىلىقىدا قىزلار تەرەپكە قاراپ ، باش لىڭشىتىپ سالام بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم ، ئەمما كۆزلىرىم ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەنمۇ ، قىزلارنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارى ماڭا خۇددى بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن تۇتاش چىرايلار بولۇپ كۆرۈندى ، ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن تارتىنىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، ئىشقىلىپ ئۈستەلگە داستىخان ئورنىدا سېلىنغان گېزىتنىڭ بۇرجىكىنى ئويناپ ئولتۇرىۋەردىم .

— قېنى چايغا بېقىڭ ، — دېدى قىزلاردىن بىرى ئارىدا يۇرەكنى سىققۇدەك سۇكۇناتنى بۇزۇپ ، مەن شۇ چاغدىلا مېنى چايغا

www.uyghurkitap.com

تەكلىپ قىلغان قىزنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالىدىم ۋە پىيالىنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ كۆز سالدىم.

قىزلارنىڭ ھەممىسىلا بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك چىرايلىقلاردىن ئىدى. مېنى چايغا تەكلىپ قىلغان قىزنىڭ چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى، بۇ مۇڭ پەردىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى تاناپتەك ئىنچىكە، ئەگىم قاشلىرىنى، سۇتتەك ئاق يۈزىنى ئۆز كەينىگە يوشۇرۇپ، نىپىز پەردە ئىچىدىن ناز قىلىۋاتقان ساھىبجامالدەك گۈزەل، سىرلىق قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭغا يانداشىپ ئولتۇرغان يۇمىلاق قىزنىڭ كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. بەلكى ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداق غەمسىز تۇغۇلغان بولسا كېرەك. كۆزلىرىدە، مەڭزىدىكى زىناقلىرىدا، يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان لەۋلىرىدە جازىبىلىك بىر كۈلكە ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۆسكىلەڭ، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن يەنە بىر قىزنىڭ كۆزلىرى بولسا باشقىچىلا بىر دۇنيا ئىدى. ئۇنىڭدا كۈلكىگىمۇ، مۇڭغىمۇ زادى ئوخشىمايدىغان نامەلۇم بىر مۇرەككەپ ئىپادە ئەكس ئېتەتتى، دەل مۇشۇ نامسىز، مۇرەككەپ ئىپادىدە كۈچلۈك بىر جەلپكارلىق ۋە باشقىلارنى ئەيمەندۈرىدىغان بىر خىل سۈر مۇجەسسەم ئىدى.

سومكا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولمىغان ئالىمجاننىڭ قايتىپ كېلىشى ئارىمىزدىكى تارتىنىش پەردىسىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز چاقچىقى ۋە چاقچاقتا بىرىلگەن دەل جاۋابىم مېنىمۇ بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. ياتاقنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك شوخ كۈلكىدىن كېيىن ئالىمجان ھاراق تولدۇرۇلغان رومكىنى ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، ماڭا ۋە قىزلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ:

— باشقا گەپ يوق، بۈگۈن ئۇلۇغ شەنبە ئەمەسمۇ، ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرايلى دېدۇق، قېنى، داستىخىنىمىز ئاددىي، شۇنداق بولسىمۇ تارتىنماي باققاچ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ـ دە، رومكىسىنى رومكامغا جاقىقىدە

ئۇرۇپ قويۇپ بىر كۆتۈرۈشتىلا قۇرۇتۇۋەتتى.
— قېنى ئاداش، يۈرەكلىك كۆتۈرمەمسەن رومكىنى، ئەجەب قىز بالىدەك ئولتۇرۇپ كەتتىڭغۇ ناز قىلىپ، — ئالىمجان رومكىغا لىپمۇلىق تولدۇرۇلغان هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىشكە كۆزۈم يەتمەي ئارىسالدى بولۇپ قالغىنىمنى تۇيۇپ مېنى جېدەللەتتى، — ئاز ـ تولا قىزىتىۋالمىساڭ هېلى تانسىغا چۈشكەندە پۇشايمان قىلىپ قالىسەن ئاغىنە!
ئالىمجان هاراق قۇيغاچ مېنى قىزلارغا ۋە قىزلارنى ماڭا يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردى. ئەمدى بىلدىم، كۆزلىرىدىن مۇڭ يېغىپ تۇرغان هېلىقى قىزنىڭ ئىسمى ئادالەت، كۈلكە چىراي قىزنىڭ بولسا نادىرە ئىكەن، ئۆسكىلەڭ، سۇرلۇك قىز ئالىمجاننىڭ تونۇشى بولۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى قىزنى شۇ قىز بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنىكەن.
«هاراق — گەپنىڭ يېلىمى» دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك، بىرقانچە رومكا ئىچىلگەندىن كېيىن تارتىنىش ئازلاپ گېپىمىز ئاۋۇپ قالدى، ئالىمجاننىڭ ئۇنىئالغۇ كۈنۈپكىسىنى «چاس» قىلىپ بېسىشى بىلەن ياتاق ئىچىنى بىر ئالغان شوخ تاڭگو مۇزىكىسى ھەممەيلەننى ئاياغقا تۇرغۇزدى، ئالىمجان ئۆسكىلەڭ قىزنى، مەن ئادالەتنى تانسىغا تەكلىپ قىلدۇق.
ئادالەت تانسىنى ئانچە ياخشى ئوينىيالمايۋاتاتتى. بولۇپمۇ پىرقىرىغان چاغلاردا ئاياغلىرى بىردىنلا ئۇزىراپ قالغاندەك كالامپايلىشىپ كېتەتتى. يا مەن ئۇنىڭغا پۇتلىشاتتىم، يا ئۇ ماڭا پۇتلىشاتتى. ئۇنىڭ بۇ كالامپايلىقى تاڭگونىڭ بەزى چىرايلىق پوكۇسلىرىنى تولۇق نامايان قىلىش ئىمكانىيىتىمنى چەكلىمەكتە ئىدى. ئاخىر «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق» دېگەندەك، قەدىمىمنى ئاستىلىتىپ، ئۇنىڭغا ماسلىشىشقا مەجبۇر بولدۇم، تانسىدىكى بۇ بوشلۇقنى سۆھبەت بىلەن تولدۇرۇۋالماقچى بولۇپ سورىدىم:
— ئىسمىڭىز چىرايلىقكەن، نەدە ئىشلەيسىز،

ئوقۇۋاتامسىزىيا ؟
ئۇ سوئالىمغا ناھايىتى زەئىپ ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى :
— ئىشلەيمەن .
— نەدە ئىشلەيسىز ؟
— ...
قىزىق ، ئادالەتنىڭ ئالىقىنى ياش قۇرامىغا ماس كەلمىگەن ھالدا يىرىك ئىدى . ئالىقان دۈمبىسىدىن بۆرتۈپ چىققان كۆپكۆك قان تومۇرلار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئىنچىكە ، ئۇزۇن بارماقلىرىمۇ كىشىنى ئەندىكتۈرگۈدەك سوغۇق ئىدى .
— قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟
— يىگىرمە ئىككىگە .
— تېخى توي قىلمىغانسىز ؟
— ...
ئادالەت ئاخىرقى سوئالىمنى جاۋابسىز قالدۇردى ۋە تۆيۈقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ «نېمىشقا بۇنداق سوئال قويىسەن» دېگەندەك كۆزۈمگە لاپ قىلىپ قارىۋالدى . راست گەپنى قىلسام ، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا نېمە مەنە بارلىقىنى ئاڭقىرالمىغان بولساممۇ ، لېكىن خىلىلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم ، ئادەتتە قىزلارغا ، بولۇپمۇ تېخى تولۇق تونۇشۇپ كەتمىگەن قىزلارغا بۇنداق سوئالنى قويۇش ئەدەپ مىزانىغا ئانچە توغرا كەلمەيدىغانلىقى ماڭا ئېنىق ئىدى .
— كەچۈرۈڭ ئادالەت ، ئەسلىدە بۇنداق سوئالنى قويمىسام بولاتتى ، — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ پەس ئاۋازدا .
بۇ بىر ئېغىز سۆزۈم ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە كىچىككىنە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغاندەك بولدى . باياتىن بېرى خۇددى مۇز چوكىدەك سوۋۇپ تۇرغان بارماقلىرىغا ھارارەت يۈگۈردى ، قەدەملىرىمۇ يېنىكلەپ ، مۇزىكا رىتىمىغا ماسلىشىپ قالدى .
رومكا قانچە قېتىم بوشىتىلدى ، مۇزىكا قانچە نۆۋەت تەكرارلاندى ، سائەت قانچە بولدى ، بۇنىڭ بىلەن ھېچقايسىمىزنىڭ كارى بولماپتۇ ، مەنمۇ تانسىنى پەقەت ئادالەت بىلەنلا ئويناپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپتىمەن. بىر چاغلاردا قارىسام، هاراققا بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويغان ئالىمجان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويغان پېتى مەست بولۇپ يېتىپتۇ، قالغان ئىككى قىز بولسا كارىۋاتنىڭ قىرىدا خۇددى ساتىراشخانىدا نۆۋەت ساقلاپ ئولتۇرغان خېرىدارلاردەك ئېگەكلىرىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا ئاندىن ئالىمجاننىڭ هازىرچە ئورنىدىن تۇرالمايدىغانلىقىغا، قىزلارنى بارار يېرىگە يەتكۈزۈپ قويۇش ۋەزىپىسىنىڭ تەبىئىي يوسۇندا زىممەمگە چۈشكەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى. ئالىمجاننى قىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن يۆلەشتۈرۈپ كارىۋىتىغا جايلاشتۇردۇم - دە، ئۇلارنى كەينىمگە سېلىپ، تالاغا چىقتىم.

* * *

تالادا هېلىمۇ قار چۈشمەكتە ئىدى، يەر - ئاسمان ئوتتۇرىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى ئۆز قوينىغا ئالغان قويۇق تۇمان ئارىسىدا سۇس پارقىراپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرى بىر غېرىچ قېلىنلىقتىكى قار ئۈستىدە ئەكس ئېتەتتى. تا ئېغىر ياتقۇغىچە ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ماشىنا ۋە ئادەملەرنىڭ ئىزلىرىمۇ ئاللىقاچان كۆمۈپ تاشلانغان، پەقەت ئايىغىمىز ئاستىدىن چىققان ئاۋازلار كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. پۈتۈن بىر كۈن هۇۋلاپ چىققان بوران پەسكويغا چۈشكەن، ئەمما، يالىڭاچلانغان دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرگەن سوغۇق شامال بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىمىزنى چىمداپ ئۆتۈپ كېتەتتى. قايسىبىر زاۋۇت ياكى كان تەرەپتىن كېلىۋاتقان بوغۇق ئاۋازنى هېسابقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل شەهەر ئادەمسىز خارابىدەك جىمجىت ئىدى.

بىز تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ كېلىۋېتىپ، ئۈچ - تۆت ئۆزۈن كوچىنى ئارىلاپ، بىرمۇنچە يولنى كەينىمىزگە تاشلىۋەتكىنىمىزنىمۇ تۇيماي قاپتۇق، قەيەرلەردىدۇ بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلغاندا هېلىقى ئۆسكىلەڭ قىز ئۆيىگە كىرىپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى، يەنە ئۇن مىنۇتلار ماڭدۇقمىكىن، نادىرەمۇ بىز بىلەن خوشلىشىپ بىر چوڭ دەرۋازا ئىچىگە ئۆزىنى ئالدى. ئەمدى كوچىدا پەقەت مەن ۋە ئادالەت ئىككىمىز قالدۇق. كەلگەن يەردىلا توختاپ ئادالەتتىن سورىدىم:

— ئادالەت، ئەمدى قايسى تەرەپكە ماڭىمىز، قېنى ماڭا يول كۆرسىتىڭ!

ئادالەت ماڭا يەنە «يالت» قىلىپ قارىۋالدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشى يەنىلا سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىز ئىدى. ئۇ مەلۇم بىر يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىۋەردى، مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، ئالاھازەل ئەللىك - ئاتمىش قەدەمچە ماڭدۇقمىكىن، چوڭ يولغا چىقىپ قالدۇق، ئادالەت بولسا قەدىمىنى چىپپىدە توختىتىپ نېمىلەرنىدۇر ئويلىدى، نېمىشقىدۇر ھودۇقتى. ئاخىر ئۇ تىترەپ تۇرغان ئاۋاز بىلەن دېدى:

— سىزگە راست گېپىمنى ئېيتسام بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمىسۇن، قېنى ئېيتىۋېرىڭ!

ئۇ يەنە بىر پەس توختىۋالدى. قوللىرىنى كۆكۈچ چاقماق پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىرىپ سەل - پەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ئۈستىگە قويدى ۋە چوڭ بىر تىن ئېلىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن... مەن... ئۆيۈمگە قايتالمايمەن ... — بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقتىكى، مەن بۇ سۆزنىڭ مەزمۇنىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇرغۇسىدىن چۆچۈپ كەتتىم. بۇ سۆز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە بىر قېتىم جاراڭلىغاندىلا ئاندىن ئىختىيارىمدىن قاچقان پىكرىمنى ئېلىكىمگە ئالدىم ۋە:

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، — دېگەن بىر جۈملە ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدىم.

بۇ سۆزۈمنىڭ ئادالەتكە قانداق تەسىر قىلغىنىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، ئۇ ھاڭۋاقىقان پېتى كۈلۈپلا كەتتى. قوللىرىمۇ

كۆكسىنىڭ ئۈستىدىلا قېتىپ قالدى ، پىيالىدەك يوغىناپ كەتكەن مۆڭـلـۈق كـۆزلــىرىــدىــن ئېتىلىپ چىققان نۇرغا ھەيرانلىق ، خىجىللىق ، ئۈمىد ئالامەتلىرى قوشۇلغانىدى .

«ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق» دېگەن ۋەزمىنلىك بۇ سوئالنى ئىچىمدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم ، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم دۇچ كەلگەن بۇ ۋەقەنى قانداق بىر ياقلىق قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئـويـلــىــنــىـپ نېرۋا ھۆجەيرىلىرىمنىڭ جىمى ئىقتىدارىنى ئىشقا سالدىم ، راست ، ئەمدى زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ ئاجىزەنى دەل تۈن نىسپىدە چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز تاشلاپ كېتىش بىر يىگىتنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس ، يول ئۈستىدىلا ئايلىنىپ يۈرۈپ تـاڭ ئـاتـقـۇزايلىمۇ؟ بۇمۇ بولمايدۇ . بۇنداق قەھرىتان كېچىدە ئۆپكىمىزگە سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىشىمىز مۇمكىن ، يا؟...

تەڭلىكتە قالغىنىمنى ئادالەتمۇ تۇيۇۋاتسا كېرەك ، ئۇ يەنىلا جىم تۇراتتى ، ئەڭ يامىنى غەم ـ غۇسسە ، مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى كۆزۈمدىن زادىلا يۆتكىمەيتتى . مېنىڭ پات بىر قارارغا كېلەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزى يەتتىمۇ ياكى تاقىتى تاق بولدىمۇ ، ئۇ ئاخىر ئۆزى ئېغىز ئاچتى :

— سىزنىڭ ياتىقىڭىز يوقمۇ ، قېنى باشلىمامسىز؟

بۇ كەسكىن ، جەڭ ئېلان قىلغۇچى تەكلىپكە ئەمدى نېمىدەپ جاۋاب بېرەي ، ياتىقىم يوق دەپ ئالدايمۇ؟ بۇمۇ بىر كۈلكىلىك گەپ ، ياتىقىمغا باشلاپلا كېتەيمۇ؟ ئۇ چاغدا...

ئــەستاغپۇرۇللا ، قەدىمىمنىڭ مېنى ياتىقىم تەرەپكە باشلاپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قاپتىمەن ، شۇنداق قىلىپ دەل يېرىم كېچىدە تونۇشقىلى تېخى تۆت سائەتلا بولغان بىر قىزنى باشلاپ ياتىقىمغا ئېلىپ كەلدىم ـ دە ، ئالدىغا بىر ئىستاكان ئىلمان سۇنى قويۇپ قويدۇم .

ئـادالــەت ئـەدەپ يـۈزىسىدىن ئىستاكانغا لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويدى ، ئىككىمىز بىر ھازاغىچە ئۈندىمەي ئولتۇرۇشۇپ كەتتۇق . بــىـر يـىـلـدەك تـۇيـۇلـغان بەش مىنۇتلۇق جىمجىتلىق ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

خيالىمدىن نېمىلەرنى ئۆتكۈزگىنىمنى دېمەيلا قوياي، يۈزۈمنىڭ بـارغانسېرى كۆپچۈپ ئوتقا قاقلىغاندەك قىزىشىۋاتقىنىنى تۇيۇپ تـۇردۇم، ئـۇزايـىمـدىكى قان تومۇرلىرىمنى بويلاپ يۈرىكىمگە تـىـقىلغان بولسا كېرەك، يۈرىكىم خۇددى كۆكرەك قەپەسىمنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سەكرىگىلى تۇردى، گېلىم قۇرۇپ، تاڭلايلىرىم چاپلىشىپلا كەتتى، پۇت ـ قولۇمدىن ماغدۇر قاچتى…

— ئۇيقۇڭىز كەلدىمۇ؟

— ياق… ياق…

— ئەمىسە بىرئاز پاراڭلاشقاچ ئولتۇرمامدۇق، — ئادالەت ئـارىـدىن جىمجىتلىقنى بۇزدى، — پاراڭنى سىز باشلامسىز يا مەنمۇ؟

— ئوخشاش… ئوخشاش…

— ئۇنداقتا، مەندىن نېمىشقا ئۆيىڭىزگە قايتالمايسىز، دەپ سوراڭ!

— ماقۇل، مەن سورىغان بولاي…

ئـەمـىسە ئاڭلاڭ، مەن غەمسىز باللىق چاغلىرىمنى مۇشۇ شەھەردىكى ئىناق، ئىللىق بىر ئائىلىدە ئۆتكۈزگەنىدىم. بىراق، ئەمدىلا 16 گە قەدەم قويۇپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۆيىمىزدە تاسادىپىي بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى. ئانام مەزگىلسىز قازا تاپتى. ئانامنىڭ قىرقى توشا ـ توشمايلا دادام بىر هازازۇل خوتۇن بىلەن بىر ئاخشامدىلا توي قىلىۋالدى. مېنىڭ بـارلـىق بـەختسىزلىكلىرىممۇ مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. ئۆگەي ئـانـامـنىڭ مېنى قانداق خورلىغىنىنى دېمەيلا قوياي، يىغلاپ ـ قـاقـشـاپ مـەكـتـەپنىمۇ تۈگەتتىم، كىم بىلسۇن، ئوقۇشۇمنى داۋاملاشـتـۇرۇپ يـارامـلـىق بـىـر مۇئەللىم بولۇش ئارزۇيۇم ئىمتىهاندىن كېيىنلا يوققا چىقتى. ئىشقا ئورۇنلىشىپ تۆت ـ بەش تـەڭـگە مـائـاشـقـا ئـېـرىـشسـەم، مېهىر ـ شەپقەت كۆتۈرۈلگەن ئـائـىـلـىـمـىزنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن بىراقلا قۇتۇلسام، دېگەنلەرنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم، ئەمما ئارزۇ بىلەن رېئاللىق باشقا ـ باشقا نەرسە

ئىكەن ، دادامدەك بىر ئاددىي ئىشچىنىڭ قولى ھېچ يەرگە يەتمىدى ، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ قالدىم ، ئوغۇل بالا بولۇپ يارالغىنىمدا كاۋاپچىلىق بولسىمۇ قىلىپ ، ئۆز ـ ئۆزۈمنى باقار ئىدىم دەپ ئاھ ئۇردۇم ، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا كېرەك ، دېدىم ، قېنى ئويلاپ بېقىڭ . تەقدىرىمنى ئۆزگەرتەلىگۈدەك قۇدرەت مەندە نېمە ئىش قىلسۇن ؟

ئادالـەت سـوۋۇپ ، مـۇز تـۇتـاي دەپ قـالـغان سۇنى بىر كـۆتـۈرۈشتىلا ئىچىپ تۈگەتتى ۋە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

ھەقىقىي بەختسىزلىك تېخى كېيىنكى كۈنلەردە باشلاندى . بىر كۈنى كەچقۇرۇن بازاردىن كۆكتات ئېلىپ قايتىپ كىرىشىمگىلا ئۆگەي ئانام يۈگۈرگەن پېتى ئالدىمغا چىقىپ ، مېنى ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلاپ كىردى . ئۆگەي ئـانـامنىڭ بۇ ياسالما مۇئامىلىسىدىن مەن بېشىمغا كېلىدىغان بالا ـ قازانىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم .

ئۆيگە كىرسەم چۆچەكلەردىكى جادۇگەرگە ئوخشايدىغان بىر موماي تۆردە ئولتۇرۇپتۇ ، ئالدىدا بولسا بىر دۆۋە رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەك تۇرۇپتۇ . مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ قالدىم ، ئـۆگــەي ئانام شۇ دۆۋىدىن ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ بويۇمغا چېنەپ كۆرگىلى تۇردى . ياقتۇرىدىغان ـ ياقتۇرمايدىغىنىمنى سورىدى . مەن نېمە دېيەلەيتتىم ، ماڭا تەئەللۇق بولمىغان بۇنداق نەرسىلەرنى ياقتۇراتتىممۇ ؟

بۇ مومايىنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىشىنىڭ سىرى شۇ كۈنى ئاخشىمى ئايان بولدى ، بېشىمغا ئاسمان يىقىلدى ، كۆزۈمگە پۈتۈن ئالەم قاراڭغۇ بولۇپ تۇيۇلدى . نېمە بولدى دېمەمسىز ، ئۇلار مېنى ، تېخى ئون سەككىزگىمۇ توشمىغان بىر قىزنى قىرىق بەش ياشلىق بىر ئەركەككە ياتلىق قىلماقچىكەن ، قېنى ئېيتىڭ ، بۇنىڭ ئۆزى بىر بەختسىزلىك ئەمەسمۇ ؟ توغرا بۇنىڭ ئۆزى بىر بەختسىزلىك ، ئـەمـا ، بـەخـتـسىزلىكنىڭ ئەڭ چوڭى بۇ يەردە . مېنى ياتلىق

قىلماقچى بولغان كىشى ، دادام ئۆگەي ئانامنى نىكاھىغا ئالغاندىن بېرى ئۆيىمىزگە پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان ھېلىقى بۇرۇتلۇق ئادەم ئىكەن ، ئۆگەي ئانام دەسلىپىدە ئۇنى بىزگە تۇغقىنىم دەپ تونۇشتۇرغان ، ئەمەلىيەتتە نەدە ئۇنىڭ تۇغقىنى بولسۇن ، تۇغقان بىلەن تۇغقان ئەنە شۇنداق ئىپلاس ئىشلارنى قىلامدۇ ، بۇنى پەقەت مەنلا بىلەتتىم ، ئۇلارنىڭ ئىپلاس قىلمىشلىرى ئۇستىدىن چۇشۇپ قالغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى ، ئەمما بۇنى دادامغا ئېيتىشقا يۈزۈم چىدىمايتتى . پەقەت دادامغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە نەپرەتلىنىش بىلەنلا بولدى قىلاتتىم ، بىر ئامال قىلىپ بۇ بىنومۇس ئەركەكنى دادامنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالغان ئىپلاس ئۆگەي ئانام بىلەن قوشۇپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتىم .

— ھە كېيىن نېمە بولدى ، ئۇلارنى قانداق قىلدىڭىز ؟

— ئايىغىدا چۈۋىن ئۆلمەيدىغان مەندەك بىر ئاجىز ئۇلارنى نېمە قىلالايدۇ دەيسىز ، گەپنى قىسقارتسام ، جان تالاشقىنىم ، تىركەشكىنىم ، ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ ھەممىسى كار قىلمىدى ، ئاخىر پۈتۈن ھەسرەت ـ نادامەتنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئاشۇ ئىپلاسقا خوتۇن بولدۇم ، سىز بەلكى مېنى ئەيىبكە بۇيرۇيدىغانسىز ، بىراق ، ئەيىبلەش ئوڭاي ، باشقا كەلمەستە ئۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى ، بۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى ، دېمەكمۇ ئاسان . ئەمما ، باشقا كەلگەندە ئىش باشقىچە بولىدىكەن ، شۇنچە كەڭ دۇنيادىن ساڭا ئىچ ئاغرىتقۇدەك بىرەر ئادەم تېپىلمايدىكەن .

— ئۆگەي ئانىڭىز بىلەن ھېلىقى ئىپلاسنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارا قىلىۋەتسىڭىز ، بەلكى ئىشىڭىز ئوڭغا تارتار ئىدى ، ھېچبولمىسا دادىڭىزنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەر ئىدىڭىز .

— بۇ چارە خىيالىمدىن كەچمىدى دەمسىز ، ئويلىدىم ، شۇنداق قىلماقچىمۇ بولدۇم ، ئەمما بۇ يەردە بەكلا ئىنچىكە بىر مەسىلە بار ، دادام ئۇلارنىڭ ئىپلاسلىقلىرىدىن خەۋەر تېپىپ قالسا ئىزا ـ ئاھانەتكە چىدىماي بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىنغۇ ،

سىز دادامنى چۈشەنمەيسىز ، ئۇ ساددا ، مۇلايىم ئادەم بولغىنى بىلەن يۈزىنى بەكلا ئايايدۇ . ئەھلىمەھەللىدىمۇ ، ئىش ئورنىدىمۇ خېلى ئىناۋىتى بار . ناۋادا ، ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ دادامنى دەردكە قويسام ، ئويلىمىغاندا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا ، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر تايانچىمدىن ئايرىلىپ قالمامدىمەن ؟ ئۆگەي ئانام كۆتۈرۈپ چىققۇدەك نەق پاكىتىمنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ «ماڭا قارا چاپلىدى» دەپ دادامنى ئىشەندۈرمەيدۇ ، دېگىلى بولامدۇ ؟

— راست ، بۇ راستىنلا ئىنچىكە بىر مەسىلە ئىكەن ، ھەي ... — دەپ خورسىندىم مەن يوتامغا بىرنى ئۇرۇپ .

— شۇنداق ، بۇ راستىنلا بىر ئىنچىكە مەسىلە ، شۇنداق قىلىپ ئۆز بەختىمنى ، ياش ئۆمرۈمنى دادام ئۈچۈن قۇربان قىلدىم ، بىر ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۆيىمىزدە كىچىككىنە بىر توي بولۇپ ئۆتتى . مەن بىچارە ، نەپرەتلىك دادام بىلەن ، مېھرىبان ئانامنىڭ مىسكىن قەبرىسى بىلەن ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتىم . يىرگىنىشلىك ئېرىمنىڭ كەينىگە كىرىپ ، يىراق بىر يۇرتقا كېتىپ قالدىم .

ئادالەت كۆز چاناقلىرىدىن تېشىپ ، مەڭزىگە ساقىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياشنى سۈرتتى ۋە ئۆپكىدەپ تۇرۇپ سۆزىنى ئۇلىدى :

— ئىپلاس مېنى خوتۇن قىلدىيۇ ، خوتۇنغا قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلمىدى . خالىسا تىللىدى ، خالىسا ئۇردى ، ئادەمزاتنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى . ئۇ ئىپلاس بىلەن ئۆتىدىغان كۈنلىرىمنىڭ قانداق يامان كۈنلەر بولىدىغىنىنى بۇرۇنلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن ، مەيلى قانداق كۈلپەتلەرنى كۆرمەي ، چىشىمنى ـ چىشىمغا قويۇپ بىر ئۆزۈملا تارتىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ، دادامغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىككە بەل باغلىغانىدىم . ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بەكلا ئاددىي ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىكەنمەن ، ئۇنى تەن جازاسى دائىرىسىدىلا چۈشەنگەنىكەنمەن ، بىراق تەنىنىڭ

يارىسى بىرىپ ـ بىرىپ كۆڭۈل يارىسىغا ئۆزگىرىدىكەن ، كۆڭۈل يارىسىنىڭ دەردىگە چىداش بەكمۇ تەس ئىكەن ، ئاخىر بىر كۈنى ئۇ مېنى سولاپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە دېرىزىنى بۇزدۇم ، زار ـ زار قاقشاتقان ئىت ئۇۋىسىدىن قېچىپ كەتتىم .

— ئوبدان بوپتۇ ، ئوبدان بوپتۇ ، ئۇ يەردىن جەزمەن قېچىپ كېتىش كېرەك ئىدى...

— ئالدىرىماڭ ، گەپ تېخى ماۋۇيەردە ، قېچىپ كېتىشنىغۇ كەتتىم ، ئەمما ئۇ مېنى تۇتۇۋالدى . ئۇ يۇرتىنىڭ دائىرىسىدىن چىقماستىنلا تۇتۇۋالدى ، كېيىنكى دەھشەتلىك كۈنلەردە قانداق خورلانغانلىقىمنى دېمىسەممۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىزغۇ ، كۈنلاردا «بېشىڭغا كەلگەندە باتۇر بولىسەن» دېگەن گەپ بار ئىكەن ، ئىزا ـ ئاھانەت ئاڭلاۋېرىپ قېتىپ قالدىم ، تاياق ـ توقماق يەۋېرىپ پىشىپ قالدىم ، يۈرىكىممۇ چوڭايدى ، يۈرەككە سانجىلغان نەشتەر ، تېرەمنى تىلغۇەتكەن جىسمانىي ئازاب ئاخىر مەندەك ئاجىز قىزنى قورقماس بىر باتۇرغا ئايلاندۇردى ، دۇنيانىڭ خورلۇقى مۇشۇ بولىدىغان بولسا بېشىمغا كەلگەننى كۆردۈم دېدىم ـ دە ، بىر كېچىسى ئالدىن بىلەپ ، تەقلەپ قويغان قىڭراقنى كۆتۈرۈپ ئۇ مەخلۇقنىڭ بېشىغا تەڭلىدىم .

تېنىم بىردىنلا تىكەنلىشىپ ، شۈركۈنۈپ كەتتى . ئادالەتنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، يالتىراپ تۇرغان قىڭراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، خۇددى ئەرەب چۆچەكلىرىدىكى قانخور دېۋىدەك پۈشۈلداپ ياتقان بەتبەشىرە مەخلۇققا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىمدىكى بۇ قىياپىتى قاتىلنىڭ قىياپىتىگە زادىلا ئوخشىمايتتى ، قەلبى قىساس ئوتى بىلەن ئۆرتەنگەن بىر مەزلۇم ياشلىق باھارىنى رەھىمسىزلەرچە خازان قىلغان تاش يۈرەك قاتىلدىن قان قەرزىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى ، بۇ تەلەپ تامامەن يوللۇق ئىدى .

— ئەپسۇس ، تەقدىر ماڭا يەنە يول بەرمىدى ، كىچىككىنە بىر شەپە ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى ، بىر جۈپ تۈكلۈك

قارا قول قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بىلەكلىرىمنى ئامبۇردەك قىسـتى . قىڭراقنى ئۆزۈمگە توغرىلىدىم ، بۇمۇ بولمىدى . ئۇ قانخورنى هامان بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمەن دەپ قەسەم ئىچتىم .

— ئۇنى ئۆلتۈرەلىدىڭىزمۇ ؟

ئادالەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى ۋە دېدى :

— ئۆلتۈرۈشنىمۇ ئۆلتۈرەلمىدىم ، لېكىن شۇ قورقۇنچلۇق ۋەقە سادىر بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى مەن يەنە قېچىپ كەتتىم ، ئۇ هايۋان بەلكى قورقۇپ قالغان بولسا كېرەك ، مېنى قوغلىمىدى ، شۇ قاچقانچە قېچىپ بۇ شەهەرگە قايتىپ كەلدىم .

— دادىڭىز بىلەن ئۆگەي ئانىڭىز نېمە دېدى ؟

— مەن ئۇدۇل ئانامنىڭ قەبرىسىگە باردىم ، قەبرىنى قۇچاقلاپ يىغلىدىم ، هايات بولغىنىڭدا قىزىڭ بۇ كۈنلەرگە قالارمىدى ، دەپ زارلانـدىم . دەل شۇ چاغدا ئانامنىڭ قەبرىسىگە دادامىمۇ كېلىپ قالدى ، ئۇ بۇ تاسادىپىيلىقتىن هەيرانمۇ بولمىدى ، كېچىچە ئاناڭ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن ، دەپ مەن بىلەن بىللە ياش تۆكتى . كـۆز ياشلـىرىمىز قوشۇلۇپ بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن بۇرۇنلا خوشلاشقان ئانامنىڭ غېرىبانە قەبرىسىنى هۆل قىلىۋەتتى ، دادام مـېنى ئۆيگە باشلاپ كەلدى ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەردىن خەۋەر تېپىپ ئۇلگۇرگەن ئۆگەي ئانام مېنى بوسۇغىدىنمۇ ئاتلاتمايمەن ، ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلاپ بېرىمەن دەپ ئاللا ـ توۋا قىلدى ، قولدىن بېرىپ قويغان ئەرلىك هوقۇقىنىڭ ئاز قىسمىنى بولسىمۇ قايتۇرۇۋالغان دادام مېنى بار كۈچى بىلەن هىمايە قىلدى ، ئاران دېگـەنـدە ئـۆيـگە كىرەلىگەن بولسامىمۇ ، ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا زادىلا تۈگىمىدى ، هېلىقى ياۋۇزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىش خەۋپى ماڭا خۇددى سايىدەك ئەگىشىپ يۈردى .

— قايتىپ كەلگەندىن بۇيان نەدە ئىشلەپ يۈردىڭىز ؟

ئـادالـەت يـەنـە بىر قېتىم سوغۇق كۈلۈپ قويىدى ، ئۇنىڭ كـۆزلـىرىدىن مۇڭ ئەمەس ، بەلكى نېمىنىدۇر مەنسىتمەسلىك ، كۆزگە ئىلماسلىق ئالامەتلىرى ئېتىلىپ چىقتى .

— نەدە ئىشلەيتتىم ، كىم ماڭا ئىش بېرەتتى ، قايتىپ كېلىپ ئۈزۈن ئۆتمەي كوچىغا چىقىپ كەتتىم .

— كوچىغا چىقىپ كەتتىم ؟

— ھەئە ، كوچىغا چىقىپ كەتتىم ، سىزگە غەلىتە تۇيۇلۇۋاتامدۇ ، ئويلاپ كۆرۈڭ ، ماڭا ھايات كېرەك ، ئۆمرۈم قاچانغىچە ۋاپا قىلسا شۇ چاغقىچە ياشىشىم كېرەك ، ياشاش ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەك كېرەك ، قىسقىسى پۇل كېرەك !

— ئەمسە بايا ئىشلەيمەن دېگەندەك قىلدىڭىزغۇ ؟

— ئىشلىمەيمەن ، مەن كوچىغا چىقىپ كەتكەن دېسەم ئايدەك چىرايىم بولغان تەقدىردىمۇ ئەرلەر ماڭا قارامتى ، سىزمۇ مېنى ياتىقىڭىزغا باشلاپ كېلەمتىڭىز ؟ !

— ...

ئادالەتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم ، ئۇمۇ جاۋاب كۈتمىگەندەك ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇڭ ۋە ئاچچىق كۈلكە ئارىلىشىپ تۇرغان غەلىتە شولىنىڭ چاقنىغىنى چاقنىغانىدى ، ئاشۇ شولا ئارىسىدا يەنە قانداقتۇر ئۆكۈنۈش ۋە خىجىللىق ، خاتا ئەيىبلەنگەن ، ئەمما گۇناھنى تەن ئالمىغان جاھىل باللارنىڭ قارىشىدىلا بولىدىغان نارازىلىق ئۇچقۇنلىرىمۇ بار ئىدى . ئۆزى ئۈچۈن قەستەن پىنھان تۇتۇلغان مەخپىيەتنى پاش قىلىپ تاشلىيالىغان غالىبنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچىدىغان مەسخىرە ۋە مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرىمۇ ئەكس ئېتەتتى . ئىشقىلىپ ئۇنىڭ كۆڭۈل روجىكىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان روھىي ھالىتىنى چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر مۇرەككەپ تېپىشماق ئىدى .

ئارىمىزدا يەنە قورقۇنچلۇق ۋە سۈرلۈك بىر جىمجىتلىق پەيدا بولدى . مۇشۇ جىمجىتلىق سەۋەبىدىن بولسا كېرەك ، ھېلىلا تىنچىپ قالغان كۆڭلۈم خۇددى تىنچ دېڭىز ئۈستىدە شىددەتلىك بوران كۆتۈرۈلگەندەك قايتا چايقىلىشقا باشلىدى . «تىرىق» قىلغان كىچىككىنە شەپىمۇ سۈكۈنات ئىچىگە غەرق بولغان ياتاقنى

پارتىلىتىپ، كومپەيكوم قىلىۋېتىدىغاندەك ئىزتىراپقا چۈشتۈم، ھېچقانداق شەپىگە ئىمكان بەرمەسلىك ئۈچۈن ھەرىكەت نېرۋىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق كونترول ئاستىغا ئالدىم، تىنىقىمنىمۇ ئىچىمگە يۇتتۇم.

مەن ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى، ئادالەت كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قوللىرىنى سوزۇپ بىر كېرىلىۋالدى ـ دە، سائىتىگە ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ قويۇپ:

— تاڭ ئاتقىلى يەنە ئۈچ سائەت قاپتۇ، بىكار گەپ بىلەن بىرمۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمىز، تۇرۇڭ، يېتىپ ئازراق ئارام ئېلىۋالايلى، — دېدى بەخىرامان ھالدا.

ئادالەتنىڭ بۇ گېپى بىلەن يۈرىكىم ئېغىپ، قۇلىقىمغا ئاڭلانغۇدەك دۈپۈلدىگىلى تۇردى، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك، ئادالەتنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ، توغرىسى يىگىتلىك يولىنى تۇتۇپ كارىۋاتقا بارايمۇ؟ چىرايلىق بىر قىزنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش مەندەك بۇ راۋۇرۇس يىگىت ئۈچۈن نى ئىزا، نى ئاھانەت، بۇنداق... تەڭ كېچىدە كىم ماڭا دىققەت قىلىپتۇ، ئىختىيارىمدىكى ئىككى ـ ئۈچ سائەتنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمەي يولغا سېلىۋەتسەم، ئىككىنچى تونۇماس بولۇۋالسام...

بۇ كۆڭلۈمنىڭ يېرىمىدا پەيدا بولغان ئوي ئىدى، كۆڭلۈمنىڭ يېرىمى، ياق، بىر ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي يىگىتنىڭ ۋىجدانى بۇ ئوينى ئەسلا تەستىقلىمايتتى. قىسمەتنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ يۈرىكى زېدىلەنگەن، ئىپلاسلىقنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يەتكۈچە مىجىلىپ، تىرىكچىلىك ئۈچۈنلا تېنىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان بۇ بىچارىنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا يول قويمايتتى. ئۇ ئاللىبۇرۇن كوچىغا چىقىپ كەتكەن ئەمەسمىدى، ۋىجدانەن ئېيتقاندا، كوچىغا چىقىپ كەتكەن قىزلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دېگىلى بولامدۇ، ئادالەتنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن، ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىدىن تېنى بۇلغانغان بىلەن روھى بۇلغانمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟

www.uygurkitap.com

ئۇنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى پەقەت پۇل ئۈچۈن ئەمەسمۇ، ئۇنداقتا...

— قېنى كەلمەمسىز، تاڭمۇ ئاتاي دەپ قالدى...

ئادالەتنىڭ ئازراق ناز ئارىلاشقان بۇ ئاۋازى ئەمدى كارىۋات ئۈستىدىن كېلىۋاتاتتى، مېنى شەيتان ئازدۇردى بولغاي، كارىۋات تەرەپكە قاراپ سالپتىمەن، ئۇ يېشىنىپ بولغانىدى، ئۇنىڭ ياستۇققا يېيىلغان قاپقارا چاچلىرى، قاشتېشىدىن ياسالغاندەك ئاپئاق بەدىنى، مۇڭ قايناپ تۇرغان خۇما كۆزلىرى، كۈلكە ياماشقان قىپقىزىل لەۋلىرى...

ھەيھات، بۇنداق چاغدا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ؟! ئاھ ئىگەم، كۆزۈمنى كور قىل، ماڭا تاقەت ئاتا قىلغىن، ماڭا چىدام بەخش ئەت، چەيلەنگەن گۈلنى يەنە چەيلىگۈم يوق، پاك روھ ۋە ۋىجدان ئالدىدا گۇناھكار بولغۇم يوق!!!

مەن تۇرغان يېرىمدە قېتىپلا قالدىم، يەر شارىمۇ ئايلىنىشتىن توختاپ، جىمى سائەتلەرنىڭ ئىستىرېلكىسى ھەرىكەتتىن قالغاندەك تۇيۇلدى، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئادالەتنىڭ يوتقاندا چۈمكىنىپ يېتىپ ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتكۈدەك ھۆكرەپ يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم، بىر چاغلاردا يوتقاننىڭ سىلكىنىشىمۇ توختاپ قالدى، كارىۋات تەرەپتىن ئەمدى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتقان سەبىي بوۋاقنىڭ تىنىقىدەك يېنىك ۋە رىتىملىق تىنىق ئاۋازى كەلدى، ئادالەت بەلكى چۈشىدە ئانىسىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا ئەركىلەۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ بالىلارغا خاس تاتلىق كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدىن سۆيۈندۈم ۋە ئاستا پىچىرلاپ ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدىم - دە، ئىشىكنى پەم بىلەن ئېچىپ، تاشقىرىغا چىقىپ كەتتىم...

تالادا يەنىلا قار چۈشۈۋاتاتتى، قارا بۇلۇتلاردىن پاكلانغان شەرق ئۇپۇقىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان تاڭ شولىسى قالايمىقان ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قار ئۇچقۇنلىرى بىتىدە پارقىرايتتى.

تولۇلاپ كېتىۋاتقان قوللىرىمنى ئاغزىمغا يېقىن ئاپىرىپ هوردىغاچ ئاسمانغا قارىدىم ، ئىككى پارچە بۇلۇت ئارىسىدا خۇددى مېيى تۈگەۋاتقان جىنچىراغدەك ئاجىز پىلىلداپ تۇرغان بىر تەنها يۇلتۇز كۆزۈمگە چېلىقتى . مەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم ، ئەجەب ئىش ، بۇ يۇلتۇز ئادالەتنىڭ مۆلدۈرلىگەن كۆزلىرىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى ، ئۇ پىلىلداۋېتىپ ، ئۈمىد ـ ئىستەكلىرىنى غۇۋالاشتۇرغان بۇلۇتلارغا نەپرەتلىنەتتى ، ئالەمنىڭ چەت ـ چەتلىرىگە تىكىلىپ ، بەخت يولىنى ئىزدەيتتى . ئىست ، بۇ تەنها يۇلتۇز يەنە بۇلۇتلار كەينىدە قالدى ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر يوشۇرۇنغان ئەركىن نەزىرى رەھىمسىزلەرچە ئۈزۈپ تاشلاندى ، مەن نېمىشقىدۇر بۇ بىتەلەي يۇلتۇزغا ئىچ ئاغرىتتىم ، ئەگەر قانىتىم بولسا بىردىنلا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ ، قارا يۈز بۇلۇتلارنى تىتما ـ تىتما قىلىۋەتكۈم ، تەنها يۇلتۇزنىڭ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويغۇم كەلدى . ئەنە ، بۇ يۇلتۇز يەنە كۆرۈندى ، باياتىنقىدىنمۇ بەكرەك چاقناشقا باشلىدى ، دۇرۇس ، ئۇ چاقنايدۇ ، چاقنىغانسېرى ئۇنىڭدىن يەنە يېڭى بىر قۇياش پەيدا بولىدۇ !...

ئادالەتنىڭ سائىتى ئېهتىمال توغرا ماڭمىسا كېرەك ، ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا تاڭ يورۇپ قالدى ، ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئوينايدىغانلار ، بىرىنچى ئىسمېناغا ئىشقا ئالدىرايدىغانلار كوچىلاردا پەيدا بولدى . شەھەردە هاياتلىق تىرىلدى . ئادالەتنى ئويغىتاي دەپ تۇراتتىم ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ زىل ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ قالدى .

— ئابدۇرۇسۇل ئاكا ، مەن قايتاي ، سىزنى يەتكۈچە ئاۋارە قىلىپ قويدۇم...

ئادالەت ئۇيقۇ ئۇستىدىن غالىب كەلگەنىدى . ئۇ كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئالدىمدا تۇراتتى ، ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشى شۇنچىلىك پاك ، شۇنچىلىك تەبىئىي ئىدىكى ، چۈشىدىكى كۈلۈمسىرىشىگە بەكلا ئوخشايتتى . شۇغىنىسى ، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى سەل ـ پەل ئىششىغان ۋە قىزارغان ، ئۇنىڭدىكى مۆلدۈ

ۋە بىچارىلىك كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئورنىنى جىددىيلىك ، تەبىئىيلىك ئىگىللىگەندى .

مەن ئادالەتنىڭ كۆزلىرىگە ناھايىتى تەسلىكتە قارىيالىدىم ۋە كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغىنىم بويىچە يانچۇقۇمدىن ئەللىك يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم ، نېمىلا بولمىسۇن ، بۇ ئۇنىڭغا تۆلىنىشكە تېگىشلىك ھەق ئىدى ، بىر ئاجىزەگە بېرىلگەن سەدىقە دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولاتتى .

ئۇ ماڭا «لاپ» قىلىپ بىر قارىۋالدى ـ دە .

— ئابدۇرۇسۇل ئاكا ، سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ، ماڭا پۇلىڭىز ئەمەس ، بەلكى ياخشى تىلەكلىرىڭىز كېرەك ، — دېدى ۋە پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ كوچا تەرەپكە قاراپ گۈس ـ گۈس دەسسەپ يۈرۈپ كەتتى .

قار يېغىۋاتقان شۇ ئەتىگىنى ئادالەت بىلەن خوشلاشقاندىن بېرى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى ، شۇنىڭدىن بۇيان قىياپەت جەھەتتە ئادالەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ، ياكى قىش كۈنلىرى قار يېغىۋاتقاندا پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالىدىغان چوكانلارغا سەپسىلىپ ئۆتتۇم ، لېكىن ئۇنى زادى ئۇچرىتالمىدىم . كىم بىلىدۇ ، مېنىڭ ۋە مەندەك ئەركەكلەرنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ياخشى تىلەكلىرى ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزگەندۇ !

1989 ـ يىلى سېنتەبىر .

# ئۈچ دوست

## (پوۋېست)

ئۇلار كەنت ياقىسىدىن ئايرىلغىلى ئالاھازەل ئىككى سائەتچە بولدى، كىچىك ـ كىچىك يۇلغۇن دۆۋىلىرى بىلەن قاپلانغان پايانسىز كەڭ جاڭگالنىڭ چېتى كۆرۈنۈپ، قومۇش ۋە چاتقال ئۆسۈملۈكلىرى بارغانسېرى قويۇقلىشىشقا باشلىغاندا، بوي ـ بەستى جەھەتتە ئۈچەيلەننىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدىغان ئەكرەمجان يەنە غودۇڭشىغىلى تۇردى:

— سىلەر ئىككىڭلار نەدىكى گەپنى قىلىپ ئادەمنى ئالداپ قويدۇڭلار. بۇ چۆلدە توغراقلىق، تۇرۇلغا تۈگۈل بىرەر قۇشقاچنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، يولنىڭ مۇشۇنچىۋالا ئۇزاقلىقىنى بىلگەن بولسام كەينىڭلارغا كىرمەس ئىكەنمەن...

ئۈچەيلەننىڭ ئەڭ كىچىكى ياقۇپمۇ ئەكرەمجانغا قوشۇلۇپ تەنە بىلەن دېدى:

— ئىشنىڭ مۇشۇنچىلىكىدە مەھەللىگە قايتىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك، بولمىسا بۇ چۆلدە ئىشتان ـ كۆڭلىكىمىز تۈگۈل، تېرىلىرىمىزمۇ تىتىلىپ تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ، دادام مېنى تىللايدۇ، ئۇ چاغدا...

مەھەللىدىن ئايرىلىشىدا قارا تېرەكتىن سۇندۇرۇۋالغان چوڭ بارماق توملۇقىدىكى تاياق بىلەن ئاق تىكەن، قومۇشلار ئارىسىدىن يول ئېچىپ، ھەمراھلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان ئابدۇللا ئۇلارنىڭ غودۇڭشىشلىرىغا يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ جاۋاب

www.uyghurkitap.com

بەرمەيتتى . كۆڭلىدە خېلىدىن بېرى ساقلىنىۋاتقان ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايمانىنى بولسا زىنھار تېشىغا چىقارمايتتى. پاچاقلىرىدا ، بىلەكلىرىدە خۇددى قىزىل قەلەم بىلەن سىزغاندەك قىزىرىپ تۇرغان سىزىقچىلارغا پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ ، دوستلىرى ئۈچۈن يول ئېچىشنى داۋام قىلماقتا ئىدى .

ئۇلار بالىلاردىلا پەيدا بولىدىغان خام خىيالنىڭ تۈرتكىسى بىلەنلا بۇ مۇشكۈل سەپەرگە تەۋەككۇل قىلغان . بۇنداق خىيالنىڭ ئويغىنىشىغا بىر مەھەللىلىك ، شۇنداقلا ئۆزلىرى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئابدۇسالامنىڭ ئاكىسى بىلەن بىللە تەكلىماكان چۆللىكى توغراقلىقىغا ئوتۇنغا بارغىنىدا ئۇچۇرما بولۇشقا ئاز قالغان بىر چىرايلىق تورۇلغا باچكىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكىنى سەۋەب بولغان .

— ھازىر بەربىر تەتىل قىلىۋاتىمىزغۇ ، — دېگەنىدى ئەكرەمجان ئابدۇسالامنىڭ قولىغا تۇمشۇقىنى سۈركەپ تۇرغان تورۇلغا باچكىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىچى قىزىشىپ ، — ئابدۇسالام بارالىغان توغراقلىققا بىز بارالمامدۇق ، ئۇ تاپالىغان تورۇلغا باچكىسىنى بىز تاپالمامدۇق ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يولغا چىقايلى - دە ، ئىككى - ئۈچتىن تورۇلغا باچكىسى ئېلىپ كېلەيلى !

ئابدۇللا ئەكرەمجاننىڭ ، ئابدۇسالامنىڭ تورالغۇسىغا ئىچى تارلىق قىلىپ شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تەكلىپىنى ھەر ھالدا ئورۇنلۇقتەك ھېس قىلدى ، تەتىل مەزگىلى بولغاندىكىن قىلىدىغان ئىشىنىڭمۇ ئانچە تايىنى يوق ئىدى .

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن ، بىراق ھەرقايسىمىز ئۆز ئاتا - ئانىمىزدىن رۇخسەت ئالايلى ، ئۇلار قوشۇلسا بارايلى ، بولمىسا بارمايلى ، — دېدى ئۇ توغراقلىققا قاراپ ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان ئەكرەمجانغا .

— ھوي ئاغىنىلەر ، سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارغۇ دېگىنىڭلارغا

قارشى تۇرمايدۇ ، ئەمما مېنىڭ دادامىزە...

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار گېپىنى بىر قىلىشتى ـ دە ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ، ئىنى ـ سىڭىللىرىغىمۇ تۇيدۇرماي «ئويناپ كېلىمىز » دېگەن باھانە بىلەن كەنت سىرتىغا قاراپ يول ئېلىشتى . ئۇلار توغراقلىقنىڭ قەيەردىلىكىنى ، مۇساپىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ ، ئىشقىلىپ ئابدۇسالامنىڭ ئاكىسى ئوتۇن ئېلىپ كېلىدىغان جاڭگالغا بارغانلار يۇرۇشىدىغان قومۇشلۇق يولى بىلەن يۇرۇپ كەتتى .

بۇ ئۇچەيلەننىڭ يېشىدا ، مىجەز ـ خۇلقىدا ئانچە ـ مۇنچە پەرق بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار بىر ـ بىرىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىغان ئىناق دوستلاردىن ئىدى . ھەر قېتىملىق ئىمتىھان نومۇرىمۇ 95تىن تۆۋەن چۈشمەيتتى . مەكتەپتىن يانغاندا بولسا بىللە تەكرار قىلىپ ، بىللە ئوينايتتى . قېرى ـ چۈرە ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ئىشىغا قارىشىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئالىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى . ئوقۇغان كىتابلىرى كۆپ ، ئەقىللىق ، زېرەك بولغاچقىمۇ ، ياش ۋە قەددى ـ قامەتتە ئوتتۇرىدا تۇرىدىغان ئابدۇللا ئۇلارنىڭ تەبئىي شەكىللەنگەن «باشلىقى» ئىدى . قالغان ئىككىسى بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى . ئابدۇللامۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن پايدىلىق مەسلىھەتلىرى بىلەنلا بۇنداق ئىناۋەتكە ۋە ئورۇنغا ئېرىشكەنىدى . ئۇلار مەھەللىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ئىككى تەرىپى قويۇق قومۇش ۋە سۆكسۆك بىلەن قاپلانغان چىغىر يول بىلەن بىرھازا ماڭدى . لېكىن ، مەنزىلگاھى بولغان توغراقلىقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى ، يول بارغانچە تارىيىۋاتقانلىقى ، بۇنداق تىكەنلىك يوللارغا ئۆگەنمىگەن نازۇك تەنلەرگە ھاردۇق يەتكىنى سەۋەبلىك ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى خۇددى قايناپ تۇرغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك سوۋۇپ كەتتى . قانداقتۇر بىر باللار ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىغا غىڭشىپ كېلىۋاتقان ئەكرەمجان يېلى قاچقان توپتەك بوشاپلا قالدى . ئوتلاقتا قىيغىتىۋاتقان قوزىچاقلاردەك



www.uyghurkitap.com

سەكرەپ ـ تاقلاپ كەلگەن ياقۇپمۇ بوۋايلاردەك ھاسىراپ ، قەدىمىنى تەسلىكتە يۆتكىگىلى تۇردى .

تۇرۇلغا ئۇۋا سالىدىغان توغراقلىقنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورۇشتە قىلىپ كۆرمەيلا يولغا ئاتلانغانلىقىنى ، ھەتتا يازنىڭ ئوت ئىسسىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، ئەقەللىيسى بىرەر قاپاقمۇ سۇ ئېلىۋالمىغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ ھېس قىلغان ئابدۇللا دوستلىرىغا شۇئانلا مەھەللىگە قايتىپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى ، ھەتتا بەزى يامان ئاقىۋەتلەر توغرىسىدىمۇ يېتەرلىك ئەسكەرتتى .

ئەمما ، ئابدۇللانىڭ قوماندانلىق كالتىكى بۇ دورەم تازا ئىشلىمەي قالدى . بىرىنچى بولۇپ ئادەتتە جاھىل ، بىر سۆزلۈك بولغان ئەكرەمجاننىڭ ، ئۇلاپلا «قورقۇنچاق» دېگەن لەقىمى بار ياقۇپنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى .

— يولنىڭ كۆپ قىسمى تۈگىگەندە كەينىمىزگە قايتقاننىڭ نېمە پايدىسى ، ئەگەر يېرىم يولدىن يانغىنىمىز ئابدۇسالامدەك بالىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا ، بىزنى نېمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ ؟ ھەر ھالدا توغراقلىققا يېقىنلاپ قالغان بولساق كېرەك ، مېڭىۋېرەيلى ، تۇرۇلغا باچكىسىنى ئېلىپ ئاندىن قايتايلى !

ئىككى ئاغىنىسىنىڭ ، بولۇپمۇ ئاشۇ ياقۇپ ۋەجىكىنىڭ شۇنچىۋالا قەتئىيەت ۋە ئىشەنچ بىلەن گەپ قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئابدۇللا دەسلەپكى قارارىدىن تەۋرىنىپ قالدى . بۇلارنىڭ گېپى خېلى ئورۇنلۇقتەك ، جېنى باردەك تۇيۇلدى .

«بەلكى توغراقلىققا يېقىنلاپ قالغان بولساق كېرەك ، مۇبادا توغراقلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغاندا كەينىمىزگە يېنىپ كەتسەك ، نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولار ـ ھە ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئابدۇللا بىرلا غەيرەتكە كېلىپ ، قەدىمىنى تېخىمۇ چوڭ ئالغىلى تۇردى .

يەنە بىرەر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تىلى قۇرۇپ تاڭلىيىغا چاپلىشىپلا قالدى . قويۇق قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدىغان تومۇز ھارارىتى ئۇلارنى چىلىق ـ

www.uyghurkitap.com

چىلىق تەرگە چۆمۈلدۈرۈپ، كۆڭلەكلىرىنى دۈمبىسىگە چاپلىشۋەتتى. ئاياغلىرىنىڭ ماغدۇرى تۈگەي دېگەندىلا ئەكرەمجان بىلەن ياقۇپنىڭ ئىرادىسى بىردىنلا بوشىشىپ، روھى چۈشۈپ كەتتى. بايىقى گېپىدىن يېنىۋېلىپ، قۇياشنىڭ ئوت پۈركۈپ تۇرغان ئاپتىپىدىن، يول جاپاسىدىن دادىلىغىلى تۇردى.

ئابدۇللا باسقان ئىزىدىن ئەمدى يېنىۋېلىشنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ، قومۇشلار ئارىسىدىن شارت - شۇرت قىلىپ يول ئاچقانچە مېڭىۋەردى. ئۇنىڭ خىيالىدا بايىقى تەكلىپكە كۆنمىگەن دوستلىرىغا قېيىداش ۋە توغراقلىقتا پاتلا يېتىۋېلىشنىڭ ئۈمىدى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن قومۇشلارنىڭ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقانلىقىنى، قويۇقلىشىۋاتقان قومۇشلارنىڭ توغراق دەرىخى ياشىيالايدىغان مۇھىتنىڭ يېقىنلىشىۋاتقىنىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئابدۇللانىڭ سەزگۈسى ئۇنى ئالدىمىدى. ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ، قوللىرىدىن سۆرىشىپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئاغىنە ئالدى تەرەپتىكى شالاڭ توغراق كۆچەتلىرىنى تەڭ دېگۈدەكلا كۆرۈشتى - دە، خۇشاللىقىدىن بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، سۈرەن سېلىشىپ، تەنتەنە قىلىشتى. تۇرۇلغا باچكىسىنى تاپماق تۈگۈل، توغراقلىقتا يېتىۋېلىشتىنمۇ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئويلاشماي قىلىپ قويغان بۇ ئىشقا مىڭبىر پۇشايمان قىلىۋاتقان ئەكرەمجان بىلەن ياقۇپمۇ ئۆزىنىڭ بۇ قابىل، سەزگۈر باشلامچىسىغا پەخىرلىنىش نەزىرى بىلەن تىكىلىشتى.

ئۇلار قاقىرامدا قالغان بېلىق سۇغا ئېرىشكەندەكلا جانلىنىپ كەتتى. يۈگۈرگىنى يۈگۈرۈپ، تاقلىغىنى تاقلاپ توغراقلىق ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىردى - دە، بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن توغراق شاخلىرىغا، ئاندا - ساندا ئۆسكەن قومۇشلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان توغراق غولىرىغا سەپسالغىلى تۇردى.

ئۇلارنىڭ نەزىرى ئاشۇ شاخلار ئارىسىدا قارىيىپ تۇرغان

تــۇرۇلغا چاڭگىسىنى، ئانىسىنىڭ قۇرت ـ قوڭغۇز ئەكپلىشىنى كۈتۈپ چاڭگىدىن بىشىنى چىقىرىپ تەقەززا بولۇۋاتقان كۆل رەڭ تۇرۇلغا باچكىسىنى ئىزدەيتتى. مىڭىسىدىمۇ تۇرۇلغا باچكىسىنى ئىـبـلـىـپ مـەھـەلـلـىـگە قايتقاندا تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا قانداق ماختىنىش، تۇرۇلغا باچكىسىنى قانداق بىقىش خام خىيالى ئەگىپ يۈرەتتى.

«خەپ توختاپ تۇر، — دەيتتى توغراقلىق ئارىسىدا خۇددى قىلىورغىدەك يورغىلاپ يۈرگەن ئەكرەمجان ئىچىدە، — تۇرۇلغا باچكىسىنى قولۇمغا ئىلىپ كۆرۈپ باقاي دەپ يالۋۇرسامۇ پىسەنت قـىـلـمـىـدىڭ، تىخى ماڭا يوغانچىلىق قىلدىڭ، ئەمدى تۇرۇلغا باچكىسىدىن ئىككى ـ ئۈچنى ئىلىپ قايتايچۇ، باچكامغا قارايدىغان بولساڭ، كۆزۈڭگە توپا چاچمىغىنىمنى كۆر!»

بـاشـقـىـچـىلا تىتىكلىشىپ كەتكەن ياقۇپمۇ تۇرۇپ توغراق شـىـخـىـنـىـڭ ئۈچىنى كۆرسىتىپ بىرنىمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ كـىـتـەتتى، تۇرۇپ توغراققا يامىشىپ، يەنە يىنىپ چۈشەتتى. كـۆرگـىـنىنىڭ چاڭگا ئەمەس، بەلكى غۇجمەك كونا يوپۇرماقلار ئىكەنلىكىنى تۈيۈپلا يەنە باشقا توغراق تۈۋىگە سەپەر قىلاتتى.

ئابدۇللا بولسا يالغۇز توغراقلارغىلا ئەمەس، بەلكى توغراق دەرىخى ئارىسىدا ئۆسكەن جىگدىلەرگە، ئادەمنىڭ بىلىدەك غولداپ كـەتـكەن يۇلغۇنلارغىمۇ سەپسالاتتى. بەزىدە تۇرۇلغا باچكىسىنى ئـالـداپ ئۆزىـنـى ئـاشـكـارىلىتىش ئۈچۈن، تۇرۇلغىنى دوراپ گـۈگـۈكـلايـتـتـى. دوسـتـلـىرىنى بەك چىچىلىپ كەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇراتتى.

لىكىن، ئۇلار شاخلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋىلىپ، ئۆز تىلىدا بىرنىمىلەرنى دەپ سايرىشىۋاتقان جاڭگال قۇشلىرىنىڭ ساداسىنىلا ئـاڭـلـىـيالىدى. قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ قانچە زەن سالسىمۇ، تۇرۇلغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. قۇشلارنى ئۈركۈتۈپ، ئۇۋىسىدىن قوزغاپ باقسىمۇ بىرەر تۇرۇلغىنى چىلىقتۇرالمىدى.

— ئاغىنىلەر، بۇ يەرنىڭ تۇرۇلغىلىرى بەلكى توغراقلىقنىڭ

ئىچكىرىسىگە ئۈۋا سالسا كىرەك ، بىز بۇ شالاڭ توغراقلىقتىلا يۈرسەك ، تۇرۇلغا باچكىسىنى تاپالمىغۇدەكمىز ، ھەر ھالدا ئىچكىرىلەپ باقمامدۇق ؟

— ياق ، مېنىڭچە بەكمۇ ئىچكىرىلەپ كەتمەيلى ، كۈنمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، بۈگۈن تاپالمىساق ، كېيىن كېلىپ ئىزدىمەمدۇق ؟

— ئابدۇسالامچىلىكمۇ بولالمىساق ، بىزنى يەنە ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ ؟ نېمە بولسا بولسۇن ، قورۇق قول قايتمايلى ئاغىنىلەر ، يۈزىمىزگىمۇ سەتتە !

شۇنداق قىلىپ ، ئۈچەيلەن بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ، توغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى ، ئىچكىرىلىگەنسېرى توغراقلار زىچلاشقىلى ، ئەتراپ قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى . يەنە 30 — 40 مىنۇتلار ئۆتكەندىن كېيىن تۈنجى بولۇپ ياقۇپ «قورقۇنچاق»نىڭ ئاممتى ئوڭدىن كەلدى . ئۇ : «ئەنە تۇرۇلغا چاڭگىسى» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدى ـ دە ، بىر تۈپ دوڭغاق توغراقنا يامىشىپ چىقىپ تۈكلىرى ئەمدىلا قارىيىشقا باشلىغان تۇرۇلغا باچكىسىدىن بىرنى ئېلىپ چۈشتى .

بۇ قېلىن توغراقلىقتا تۇرۇلغا ۋە تۇرۇلغا باچكىسى بارلىقىغا ئۇلارنىڭ ئەمدى ھېچقانداق گۇمانى قالمىدى . ھېلىقى توغراققا ئوخشاپ كېتىدىغان توغراقلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۆتكۈر نەزىرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمىدى ، تېپىۋالغان تۇرۇلغا باچكىسىنى قوينىغا سولىۋالغان ياقۇپمۇ ئۆزىگە كەلگەن ئامەتتىن ئەقلىنى يوقاتقۇدەك بولۇپ ، يەنە ئىككىنچى ، ئۈچىنچى تۇرۇلغا باچكىسىنى تېپىۋېلىشقا ئالدىرىغىلى تۇردى…

— ھوي ئاغىنىلەر ، قاراڭلار ، كۈنمۇ ئولتۇراي دەپ قاپتۇغۇ !— توۋلىۋەتتى ياقۇپ ئىككى تۈپ توغراق ئارىسىدىكى بوشلۇقتىن غەرب ئاسمىنىغا قاراپ ھودۇققان ھالدا ، — ئەمدى قايتايلى ، قايتمىساق چاتاق بولىدۇ !

ياقۇپنىڭ ھەرە چېقىۋالغاندەك توۋلىغان ئەندىشىلىك ئاۋازى

قالغان ئىككىيلەننى ئۈستىگە مۇز سۈيى چاچقاندەك چۆچۈتىۋەتتى . ئۇلار توغراق تۈۋىدىن توغراق تۈۋىگە يۈگۈرۈش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ ، نەۋاخ بولغىنىنى يادىدىن چىقىرىپ قويغىنىنى بىردىنلا چۈشەندى ـ دە ، قايتىش ـ قايتماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايلا كەينىگە يېنىشتى .

ئۇلار مەھەللىگە قايتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە ئىككى يېرىم سائەتچە يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى يېڭىۋاشتىن ئېسىگە كەلتۈرۈشتى . خۇددى پاقا كىرىۋالغاندەك كوركىراۋاتقان قورسىقى ، قۇم تىققاندەك قۇرۇپ كېتىۋاتقان ئاغزى مەھەللىدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىغىنى ، ھەتتا بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچمىگىنىنى ئەسلەتتى . ئۇلار ئالدىراش يول ئالدى...

ئۈچ دوست كەلگەن ئىزنى بويلاپ بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن ، غەربتىكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە — ھېلىغىچە قىزىرىپ تۇرغان قۇياش بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتتى . توغراقلىقمۇ گويا غايەت زور قارا دۇخاۋا يوپۇق بىلەن پۈركەنگەندەك ، بىر پەستىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولدى . ئۇنىڭسىزمۇ قورقۇمسىراشقا باشلىغان باللار ئەمدى سېرىق توپىغا چۈشكەن ئىزنىمۇ ، تەرەپلەرنىڭ ئىزناسىنىمۇ پەرق قىلالماي قالدى...

ئۇلار ئاخىر كەلگەن ئىزىدا توختاپ قېلىشتى . قاراڭغۇلۇقتا سىقىلىۋاتقان يۈرەكلەردە پەيدا بولغان ۋەھىمىلىك ، قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقنى ياقۇپنىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ئاۋازى بۇزۇپ تاشلىدى . ئارقىدىنلا ئەكرەمجان بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ ، بۇ كېلىشمەسلىكنىڭ ھەممىسىنى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ياقۇپقا دۆڭگىگىلى تۇردى . ياقۇپمۇ بوش كەلمەي ئاغزىنى قويۇۋەتتى . ئۇلار جېلە بولۇپ ياقا سىقىشىش دەرىجىسىگە يەتكەندىلا ، باياتىن بېرى نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقان ئابدۇللا بىردىنلا زۇۋانغا كەلدى :

— ئاڭلاڭلار ، ئەمدى بىر ـ بىرىمىزنى ئەيىبلىگەننىڭ پايدىسى يوق ، ھازىر قاراملىقتا ئەمەس ، بەلكى بىرلىككە ، ئەقىلگە تايىنىش

كىرەك ، بولمىسا...

ياقۇپ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرغىلى باشلىدى :

— ئابدۇللا ئاكا ، نېمىلا بولمىسۇن ، بۇگۈن ئۆيگە قايتىپ بارمىساق بولمايدۇ ، دادام مېنى ئۇرىدۇ ، دادامنىڭ مىجەزىنى سەنمۇ بىلىسەن !

— قايتساق قايتتۇق ، لېكىن مەن بۇ ياقۇپ دېگەن قورقۇنچاق بىلەن بىللە ماڭمايمەن !

ئۇلار ماڭماقچى بولۇشتىيۇ ، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى .

— قېنى ئېيتىڭلار ، مەھەللىمىز قايسى تەرەپتە ؟

ئابدۇللانىڭ سورىغان سوئالىغا ئەكرەمجان ئۇدۇل كەلگەن بىر تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ياق ، بىزنىڭ مەھەللە ئاۋۇ تەرەپتە ، — دېدى ياقۇپ يەنە بىر تەرەپنى كۆرسىتىپ .

— مەھەللىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ھازىر ھېچقايسىمىز ئۇقمايمىز ، شۇنداقمۇ ؟ ئەمدى سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن غىتر - غىتر قىلىشماي ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار .

ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزى نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئىككىيلەنگە خۇددى ياغدەك يېقىپ كەتتى ۋە بىر قەدەم ئالدىغا چامداپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى .

— مۇنداق بولسۇن ، — دېدى ئابدۇللا كەسكىن ئاھاڭدا ، — بۈگۈن مەھەللىگە قايتمايمىز ، قايتىمىز دېسەكمۇ قايتقىلى بولمايدۇ ، شۇڭا ، كېچىنى مۇشۇ توغراقلىقتا ئۆتكۈزۈپ ، ئەتە تاڭ يورۇشىغىلا مەھەللىگە قاراپ يولغا چىقىمىز .

— كېچىنى مۇشۇ توغراقلىقتا ئۆتكۈزىمىز ؟ — ياقۇپ چۆچۈگەن ھالدا تەكرارلىدى ، — بۇ قانداق بولىدۇ ، بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار بار ، بۇ بولمايدۇ ، بولمايدۇ...

— ياۋايى هايۋاننى يوق دىگىلىمۇ بولمايدۇ ، ئىشقىلىپ بۇنىڭدىن بىر ئامال قىلىپ ساقلىنىمىز ، بۇ مۇشۇ توغراقلىقتا بىر كېچە ئادىشىپ يۈرۈپ ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كەتكەندىن ياخشى...

ئىككىيلەن توغراقلىقتا تۈنەشكە بولمايدىغانلىقىنى ھەر نېمە دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاقىۋەتتە رەھىمسىز رېئاللىققا ، ئابدۇللانىڭ ئورۇنلۇق مەسلىھىتىگە كۆنمەي قالمىدى .

ئابدۇللا يېقىنلا بىر يەردىن پاكار ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بىر بوشلۇقنى تاپتى - دە ، ھەمراھلىرىنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى . ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ، ئارتۇقچە قورقۇنچتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە دېدى :

— قورقماڭلار ، بۇ توغراقلىقتا ئادەمگە خىرىس قىلىدىغان چوڭ ياۋايى ھايۋانلار يوق ، تازا بولسا ياۋايى مۇشۇك ، مولۇن ، ياۋايى توشقان ، تولۇمچاشقانلارلا بار ، مەن بۇنى كىتابتىن ئوقۇغان ، پەقەت نۆۋەتلىشىپ كۆزەت قىلىپ ، سەگەك بولساقلا ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ .

— راست شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق بولمايچۇ ؟ !

— چاقىدىغان ھاشاراتلار ، زەھەرلىك يىلانلارمۇ يوقمۇ ؟

— خاتىرجەم بول ، بۇنداق جاڭگالدا يىلان دېگەن نەرسە يوق ، بولسىمۇ ، قۇملۇق يىلىنى دېگەن ئادەمگە ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزمەيدۇ .

— ھە ، مۇنداق دېگىنە ئاداش ، ئەمىسە قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولغۇدەك .

ئابدۇللا دادىسىدىن ئاڭلىۋالغىنى بويىچە قومۇش يىلتىزىنى كولاپ ، سۈيىنى چىقىرىپ ، دوستلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تەشنالىقىنى ئاز - تولا قاندۇرغاندىن كېيىن ، مەسلىھەت بويىچە ئالدىنقى يېرىم كېچىنىڭ كۆزەتچىلىكىنى ئۆزى تاپشۇرۇۋالدى . چۆپلۈك ئۈستىدە سۇنايلانغان ئىككىيلەن بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى . ئابدۇللا ھەمراھلىرىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئاستا چۆرگىلەپ ، ئەتراپقا

www.uyghurkitap.com

سەگەكلىك بىلەن قولاق سالغاچ كۆزەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى .

ئۇنىڭ بۇ توغراقلىقتا ھېچقانداق يىرتقۇچ ھايۋان يوق ، دېگەن سۆزى كىتابلاردا ئېيتىلغىنى بويىچە چىقىرىلغان قىياس ۋە ھەمراھلىرىنى قورقۇنچتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن تاللىۋالغان ۋاستە ئىدى . ئەگەر مۇشۇنداق سۆز بىلەن تەسەللى بەرمىسە ، ۋۇجۇدىغا ئۇلاشقان تىترەكنى ئۇنىڭسىزمۇ زورىغا بېسىپ تۇرغان ئاغىنىلىرى يامان چۈش كۆرۈپ ئويقۇسىز قالغانىنىڭ ئۈستىگە ، ئويلىمىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى تېرىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى .

توغراقلىقنىڭ كۈندىلىك ھارارىتى قۇياش غايىب بولۇشى بىلەن تەڭلا يېنىپ كەتتى . توغراقلارنى ئارىلاپ ئۇر ۋۇاتقان سالقىن شامال مەزگىلسىز قۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتىپ ، غەلىتە تىۋىش چىقارغىلى تۇردى . نەلەردىندۇر ئۇ ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بىر ھايۋاننىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى كەلدى . كۆشەپ ياتقان قارا ئۆكۈزدەك كۆرۈنگەن توغراق كۆتەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئويلىمىغاندا يۇگۇرۇپ چىقىدىغان تولۇمچاشقانلارمۇ ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى . بوشلۇق ئەتراپىدىكى توغراقلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئېگىز بىر تۈپ توغراق كامىرىنى ماكان قىلىۋالغان ھۇۋقۇشمۇ تۇيۇقسىز سايراپ كەتتى .

بۇ ھال ئابدۇللانى قورقۇتالمىدى . ئۇ 13 لەرگە كىرىپ قالغان بالا بولۇشىغا قارىماي ، بۇنداق كېچىلىك تىۋىشلارنى كۆپ ئاڭلىغان . ئۇزاقى يىلى دادىسى جاڭگال بىلەن چېگرىلىنىدىغان بوزدا قوغۇن تېرىغاندا ئاغرىپ قالغان دادىسىنىڭ ئورنىدا كېچە - كېچىلەپ قوغۇن ساقلىغان ، قاغا قانىتىدەك قاراڭغۇ ئاخشاملىرى ئاشۇ قوغۇنلۇقتىن مەھەللىگە بىرقانچە قېتىم يالغۇز بېرىپ كېلەلىگەن .

لېكىن ، ھازىر ئۇ قوغۇن ئەمەس ، بەلكى ئاغىنىلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاۋاتانلىقىنى روشەن چۈشىنىپ تۇراتتى . قاپاقلىرىنى خۇددى تۇگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن ئويقۇنى ئۆزىدىن دەممۇدەم يىراقلاشتۇراتتى . ھاۋا بوزۇلۇپ ، بوران

چىقىپ قالمىسىدى دېگەن ئوي بىلەن پات ـ پات يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا سەپسالاتتى . قورقۇنچلۇق چۇشىدىن چۆچۈگەن ياكى ئېغىر نەپەس ئالغان ھەمراھلىرىنىڭ چىرايىغا يېقىن كېلىپ قاراپ قوياتتى . شامال ئارىلاۋاتقان ئاقتىكەنلەردىن چىقىۋاتقان ھۇشقۇيتقان ئاۋازنىڭ دوستلىرىنى ئويغىتىۋېتىشىدىن ياكى قورقۇتۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى .

— كەت ، نېرى كەت… نېرى كەت !

ياقۇپ كۆكسىگە قويۇپ ياتقان قولىنى كۆتۈرۈپ ، جۆيلۈدى ، ئابدۇللا دەرھال ئېگىشىپ ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان قولىنى ئاستا تۇتۇۋالدى ـ دە ، چۆپلۈك ئۇستىگە يېنىك قويۇپ قويدى . ئۇ تىنچلانغاندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، سەگەك تۇرۇش ئۇچۇن ئۆزىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقاندەك جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارغا قارىدى .

ئۇ ئادەتتىكىدىن خىرە كۆرۈنگەن ھۆكەر يۇلتۇزىنىڭ تىكلىنەي دەپ قالغانلىقىنى كۆردى . تۇنىنىڭ يېرىملاشقانلىقىنى ، يەنە ئىككى ـ ئۈچ سائەت بەرداشلىق بەرسىلا چولپان تۇغۇپ ، تاڭ يېقىنلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدى ـ دە ، كېيىنكى يېرىم كېچىلىك كۆزەتچىلىككە ھەمراھلىرىنى ئويغىتىشنى لايىق كۆرمىدى . چۈنكى ، ئەكرەمجان ئۆزىدىن بىرەر ياش چوڭ بولغىنى بىلەن ، تەجرىبىسىز ئىدى . ئۇ خۇددى كۆتەكتەك سېمىز بولغاچقىمۇ ئۇيقۇغا ئامراق ، كۆزەت قىلىمەن دەپ ئۇخلاپ قېلىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى . ياقۇپ بەكلا توخۇ يۈرەك ، قورقۇنچاق بولغاچقا ، كۆزەت قىلىش تۇگۇل ، بىرەر چاشقان كۆرسە ياكى ھۇشقۇيتقان ئاۋازنى ئاڭلىسىلا ۋارقىراپ تاشلاپ ، باشقىلارنىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ قويۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى .

ئابدۇللا غولاچىلىرىنى يېيىپ ، كېرىلىپ قويدى ـ دە ، دۈمبىسىنى قورۇۋاتقان سوغۇقتىن يىراقلاشماقچى بولغاندەك ئورۇن يۆتكەشنى داۋام قىلدى…

چولپان كۆرۈنۈپ ، ئاسمانغا مۇئەللەق ئېسىلغان پانۇستەك

خىرە ـ شىرە پارقىرىدى ، بىردەمدىن كېيىن ئۆت تەرەپ تەڭلا سۇزۇلۇپ ، ئاقارغىلى تۇردى .
دۇنياغا كېلىپ ، بۇ تەرىقە سۇرلۇك جاڭگالدا بىرىنچى قېتىم تۈنەپ چىققان ئەكرەمجان بىلەن ياقۇپ تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭلا ئويغىنىپ كەتتى . ئۇلار ئۆزىنىڭ قېلىن توغراقلىق ئارىسىدا ئۇخلىغىنىنى ئەمدىلا ھېس قىلغاندەك ، ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاراپ چىقتى ـ دە ، ئابدۇللانىڭ يوغان بىر تۈپ توغراق غولىغا يۆلەنگىنىچە ئۆرە تۇرغانلىقىنى ، كېيىنكى يېرىم كېچىنىڭ كۆزەتچىلىكىنى ئۇستىگە ئالماقچى بولغانلىقىنى يادىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى بىلىپ سەل خىجىل بولدى .
شۇغىنىسى ، ئاسمان خېلى ئۇزاق ئاقىرىپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئۇپۇق يۈزىدىن سەكرەپ چىقىدىغان قۇياش ئۆزىنى كۆرسەتمىدى . تاڭغا يېقىن بۇزۇلۇشقا يۈزلەنگەن ھاۋادا بىر قەۋەت مانان پەيدا بولۇپ ، پۈتۈن ئالەمگە يېيىلدى . ئۇ ئۆزىدىن سېرىق توپا ياغدۇرۇپ ، يەر ـ جاھاننى بىرەر كۈن ھەتتا بىرەر ھەپتىگىچە خۇددى گۇگۇم پەسلىدەك مانان پەردىسىگە ئوراپ تۇرىدىغان سېرىق بوراندىن بىشارەت بېرەتتى . سېرىق بوران پەقەت چۆل ئىقلىمىغا ياتىدىغان بەلۋاغلاردىلا بولىدىغان بىر خىل ھاۋارايى ھادىسىسى بولۇپ ، بوران دېگۈچىلىك بوران چىقمايتتى . بىراق ، ئۇزاق دەشتتىن قوزغىلىپ كۆچلۈك ھاۋا ئېقىمى بىلەن بىللە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئۇششاق قۇم دانىچىلىرى ئاسماندا ئۇيۇپ قالغاندەك توختىۋالاتتى ـ دە ، كۈندۈزى قۇياشنىڭ ، كېچىسى يۇلتۇز ـ ئاينىڭ يۈزىنى توسۇۋالاتتى . بۇنداق ئىقلىم بولۇپمۇ سەپەرگە چىققانلارنى خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرگە دۇچار قىلاتتى .
نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇلار مەھەللىگە قايتىشى كېرەك ئىدى . تەشنالىق ۋە ئاچلىق دەستىدىن ماغدۇرى قاچقان تەنلەر ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى . مەھەللىدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قانچىلىك بىئارام بولىدىغانلىقىمۇ ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى .
— ماڭايلى ، پاتراق ماڭايلى...

ياقۇپ قوينىدا ھىلىغىچە «پىس ـ پىس» قىلىپ ، كۆل رەڭ پەي بىلەن قاپلانغان كىچىك قاناتلىرىنى تىترىتىپ تۇرغان تۇرۇلغا باچكىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ھەمراھلىرىنى ئالدىراتقىلى تۇردى . ئەكرەمجان ياقۇپقا قاراپ : «ھەممە پىشكەلچىلىكلەرنى تېرىغان ئۆزۈڭ» دېگەندەك ھومىيىپ قويدى ـ دە ، ئابدۇللاغا مەدەت تىلىگەندەك تىكىلدى :

— ئەمىسە قايتامدۇق ؟

— قايتايلى ، قايتايلى…

— مەھەللە قايسى تەرەپتە ؟

— كۈنچىقىش تەرەپتە .

— كۈنچىقىش تەرەپ قايسى ؟

— بۇ… بۇ… بۇ…

ئىككىيلەن قولىرىنى قارىمۇقارشى تەرەپلەرگە چېنىدى ۋە : «ئەنە ئاشۇ كۈنچىقىش تەرەپ» دەپ تۇرۇۋالدى ، ئاخىرىدا ئۆزلىرى كۆرسەتكەن تەرەپنىڭ زادى قايسى تەرەپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالماي ، دۇدۇقلىغىلى تۇردى .

— ھازىر ئاسماندا كۈن يوق ، قايسى تەرەپنىڭ كۈنچىقىش تەرەپ ئىكەنلىكىگە بىرنېمە دېيىشمۇ تەس ، تۈنۈگۈنكى ئىزىمىزمۇ توپا ئاستىدا قاپتۇ . ئەمدىكى بىردىنبىر ئامال يەنىلا ئەقلىنى ئىشقا سېلىشتىن ئىبارەت !

— قېنى ، ئۆزۈڭ بىرنېمە دە ئاغىنە ، — دېيىشتى ئىككىيلەن ئابدۇللانىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ .

— ئەمىسە ئاۋۇ توغراقنىڭ تۈۋىنى كولاڭلار ، — ئابدۇللا يېقىنلا بىر يەردىكى يوپيۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان بىر تۈپ توغراق كۆچىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى يېرىم بۇيرۇق ئاھاڭدا .

ئەكرەمجان بىلەن ياقۇپ ئابدۇللانىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىگەندەك گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشتى ـ دە ، يەنە سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى .

www.uyghurkitap.com

— مۇنۇ توغراقنىڭ يىلتىزىنى كولاڭلار دەۋاتىمەن سىلەرگە ، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ ۋە ئۆزى ئالدى بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، توغراق تۈۋىدىكى قۇمساز توپىنى تارتقىلى تۇردى .

قولاقلىرىنىڭ ئاداشمىغىنىنى تۇيغان ئىككىيلەن ئابدۇللانىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ ، توغراق كۆچىتىنىڭ تۈۋىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن كولاشقا باشلىدى . ئۇلار بىر هازا هەپىلەشكەندىن كېيىن ، توغراق كۆچىتىنىڭ قارامتۇل ئۇششاق يىلتىزلىرى ئۆزىنى ئاشكارىلىدى .

ئابدۇللا توغراق كۆچىتى تۈۋىدە بىردەم چۆرگىلەپ ، تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان يىلتىزلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن :

— هازىرچە بىزنىڭ مەھەللىنى ئاۋۇ تەرەپتە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ ، — دېدى قولىنى چىنەپ تۇرۇپ .

ئەكرەمجان بىلەن ياقۇپ ئاغىنىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ توغراق تۈۋىنى كولاشنى قارار قىلغىنىنى ، يىلتىزلارغا بۇنچىۋالا سەپسېلىپ قاراپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ، ئەمدى مەھەللە تەرەپكە ھۆكۈم قىلغىنىنىڭ سىرىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى .

— گېپىڭ راستمۇ ئاغىنە ، — دەپ سورىدى ئاغزىنى قۇشقاچ كامىرىدەك ئېچىپ قالغان ياقۇپ سوئال قويۇپ ، — بىزنى نېمىدەپ توغراق يىلتىزىنى كولىتىسەن ؟

— سىلەر تېخى ئۇقمامسىلەر ، ھەرقانداق دەرەخنىڭ كۈنگە قارىغان تەرىپىدىكى ئۇششاق يىلتىزلىرى قويۇق ھەم ئۇزۇن بولىدۇ . ئىشەنمىسەڭلار قاراپ بېقىڭلار !

ئىككىيلەن توغراق تۈۋىگە تەڭلا ئېڭىشتى . مەلۇم بىر تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان يىلتىزلارنىڭ راستىنلا قويۇق ۋە ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئابدۇللانىڭ ئەقلىگە ھەيرانۇھەس قالدى .

— مەھەللىمىزنىڭ ئاۋۇ تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنە بىرئاز تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ ، ئاغىنىلەر . توغراق يىلتىزىنىڭ مەسىلىنى تامامەن توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرىشى ناتايىن ، — ئابدۇللا شۇنداق دېدى ۋە ھەمراھلىرىنى قاق بېلىدىن

ئۈزۈلگەن بىر توغراق كۆتىكى قىشىغا باشلاپ باردى.

— قاراڭلار ماۋۇ كۆتەككە، ئوبدانراق سەپسېلىپ قاراڭلار، ھەرقانداق دەرەخ غولىنىڭ توغرا كەسمىسىدە نۇرغۇن چەمبىرەكلەر بولىدۇ، بۇ چەمبىرەكلەر ھەر يىلىغا بىردىن قوشۇلۇپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ چەمبىرەكلەرنىڭ ھەرقاندىقى كۈن تەرەپكە قاراپ سوقچاق شەكىل ھاسىل قىلىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، ھېلىقى توغراق يىلتىزى كۆرسەتكەن يۆنىلىش بىلەن ماۋۇ چەمبىرەكنىڭ سوقچاق ئۇچى كۆرسەتكەن تەرەپ ئوپئوخشاش، دېمەك كۈنچىقىش تەرەپمۇ، بىزنىڭ مەھەللىمۇ ئاۋۇ تەرەپتە، يۈرۈڭلار، كەتتۇق!

ئابدۇللانىڭ ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرغان سۆزى ھېلىدىن ـ ھېلىغىچە تەشۋىش تەھلىكىسى ئاستىدا تۇرغان ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋەتتى، ئاداشقانلار ئاخىر يول تاپتى. ئۇلار توغراقلىقتىن چىقىپ بولاي دېگەندە چىرايىدىن خاتىرجەملىك كۆلكىسى يېغىپ تۇرغان ئەكرەمجان ئابدۇللادىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— ئاداش، سەن بۇنداق ئەقلىنى نەدىن ئۆگەنگەن؟

— نەدىن بولاتتى، كىتابتىن ئۆگەنگەن، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرگە كۆپرەك دىققەت قىلغان!

— ھە، مۇنداق دېگىنە، ئەتىدىن ـ كەچكىچە كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغىنىڭنىڭ، بىرەر نەرسىنى كولاپ ـ كوچىلاپ سوراپ كېتىدىغىنىڭنىڭ سەۋەبى شۇكەن ـ دە!

— توغرا دېدىڭ ئاداش، كىتابنىمۇ ئوقۇش كېرەك، ئەتراپىڭدىكى ساڭا ناتونۇش تۇيۇلغان نەرسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا سەندە بىلىم توپلىنىدۇ، نەزەر دائىرەڭمۇ كېڭىيىدۇ.

ئۇچەيلەن توغراقلىقتىن ئايرىلىپ، قومۇشلۇقتىكى چىغىر يولغا چىققاندا باياتىن بېرى ھەممىنىڭ كەينىدە ئۈنچىقماي كېلىۋاتقان ياقۇپ بىرلا تاقلاپ ئابدۇللاغا يېتىشىۋالدى ۋە ئاۋايلاپ تۇتۇپ تۇرغان تۇرۇلغا باچكىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئاداش ، ماۋۇ تۇرۇلغا باچكىسىنى سەن بېقىۋالغىن ، مەن پات - پات ئۆيۈڭگە بېرىپ كۆرۈۋالسامۇ بولىدۇ ، — دېدى ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا .

ئابدۇللا قەدىمىنى توختاتتى . ئۇ ياقۇپنىڭ قولىدا تىترەپ تۇرغان تۇرۇلغا باچكىسىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى - دە ، ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ دېدى :

— ياق ، بۇنى يەنىلا ئۆزۈڭ باققىن ، مەن ئۆيۈڭگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىپ تۇراي .

ئەكرەمجانمۇ ياقۇپنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ چىقتى :

— ئابدۇللا ئاداش ، ياقۇپ ئاغىنە بەك ئوبدان گەپ قىلدى ، بۇ تۇرۇلغا باچكىسى ئۈچىمىزگە مەنسۇپ ، شۇنداق بولغاندىكىن ، ئۈچىمىزگە ۋاكالىتەن سەن باققىن ، بولامدۇ ؟ — دېدى ئۇ يالۋۇرغان ھالدا .

— شۇنداق بولسۇن ، بۇ تۇرۇلغا باچكىسى ئۈچىمىزگە مەنسۇپ ، ئۈچىمىز ئىچىدىن ساڭا مەنسۇپ ، سەن كۆپ جاپا چەكتىڭ ، بىزنى كېچىلەپ ساقلىدىڭ ، بىزگە يول كۆرسەتتىڭ !

ئابدۇللا ئاغىنىلىرى بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئىككىيلەن ئۆزىگە ھۆرمەت بىلەن تەڭلەپ تۇرغان تۇرۇلغا باچكىسىنى قوبۇل قىلدى .

ئۈچەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى . مەھەللە دەرەخلىرى يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەندە بولسا ، بۇ ئۈچ دوستنىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى . ئابدۇللانىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدا تۇرغان تۇرۇلغا باچكىسىمۇ بۇ تەلەيلىك ئىناق دوستلارنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلغاندەك قانات قېقىپ قويدى .

1986 - يىلى ئىيۇن .

# خىجىللىق

ئامىنە بىر كۈندەك ئۆزاق تۈيۈلغان ئاخىرقى سائەتلىك دەرسنى تولىمۇ تەسلىكتە توشقۇزدى ـ دە ، مۇئەللىم سىنىپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان هامان دەپتەر ـ كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سومكىسىغا سالدى . هېساب دەرسىدىن ئېلىنغان چارەكلىك ئىمتىهان نەتىجىسى توغرىسىدا خۇددى خامانغا چۈشكەن قۇشقاچلاردەك ۋىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ دېگۈدەك ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى .

ئامىنە تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى . تازا سىڭىشىپ پىشقان توقاچتەك رەڭلىنىپ تۇرغان چىرايىدا بىر زىنىخ پەيدا بولغان ، كۆزلىرىدىنمۇ خۇشاللىق نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . جىنەستىدەك قىزىل كىچىككىنە ئاغزىمۇ يۇمۇلمايلا قالغانىدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خىيالى قاناتلىق قۇشتەك ئۇچۇپ بېرىپ ، ئاتا ـ ئانىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتە ئىدى .

«مانا ئەمدى هېساب دەرسىدىن 94 نومۇر ئالدىم . يۈگۈرگەن پېتىم ئۆيگە بارىمەن ـ دە ، ئاتا ـ ئانامغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ ئۇلارنى هەيران قالدۇرىمەن ، ئۇلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ماڭا چىرايلىق بىر كۆڭلەك ئېلىپ بېرىدۇ» دەپ ئويلايتتى ئامىنە كېتىۋېتىپ .

ئامىنە ئۆزىنى سىنىپىدىن تۈنجى بولۇپ ئايرىلدىم ، دەپ ئويلىۋىدى ، ئەهۋال ئۇنداق بولماي چىقتى . ئۇ تېز ـ تېز چامداپ كېتىۋېتىپ ، مەكتەپ هويلىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تېرەك سايىسىدە قانداقتۇر بىر قەغەزگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىكىلىپ

ئولتۇرغان ئايشەمنى كۆرۈپ قالدى . «ئۆيىمىزمۇ ، يولىمىزمۇ بىر بولغاندىكىن چاقىرىۋالمايمۇ» دەپ ئويلىغان ئامىنە يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ ، دەرەخ يېنىغا باردى ـ دە ، ئايشەمگە:

— ئايشەمگۈل ، نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن ، تۇر ئورنۇڭدىن ، ئىككىمىز بىللە ماڭساق ياخشى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ۋە ئايشەمگۈلگە بارغانسېرى يېقىنلاشتى . ئۇنىڭ ماڭغاچ ھېسابتىن 94 نومۇر ئالغان كارامىتىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ ، سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن نەتىجىسىنى ئانچە ـ مۇنچە كۆز ـ كۆز قىلىۋېلىش نىيىتىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . مۇشۇ يول بىلەن ئادەتتە ئۆزىنى ھەممىدىن بېپەرۋا تۇتىدىغان ساۋاقدىشى ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرالىشى ھەم مۇمكىن ئىدى .

ئايشەمگۈل يېنىغىلا كېلىپ قالغان ساۋاقدىشىغا «يالت» قىلىپ قاراپ قويدى ، قولىدىكى قەغەزدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەندەك يەنە بېشىنى سالدى .

ئامىنەنىڭ ئايشەمگۈلنىڭ ئۆز تەلپىگە دەرھال ماقۇل دېمىگىنىگە ۋە ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلمىغىنىغا ئاچچىقى كەلدى . ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ۋە ئۆزىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئايشەمنى ئوبدانراق بىر ئوچۇقداپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەتەي تەگدى :

— ھىم ، ئۇنۇڭ ئىچىڭگە چۈشۈپلا كېتىپتىغۇ ئايشەم ، دېسەم ـ دېمىسەم ، ھېساب ئىمتىھان نومۇرۇڭ 60 قىمۇ يەتمىگەن گەپ ، بايا نېمە ئۈچۈن ئىمتىھان قەغىزىنى قولىغا ئېلىپلا تاتىرىپ ، سارغىيىپ كېتىدىكىن دېسەم ، گەپ مەيەردىكەن ـ دە !

ئامىنە سىنىپ بويىچە ئاغزى ئىتتىك ، گەپكە ئۇستىلىقى بىلەن ساۋاقداشلىرىدىن پەرقلىنەتتى . ئۇ ھازىرمۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى . ئايشەم ئۆزىگە توك مۇئامىلە قىلغان ئامىنەمگە ھەقىقەتەن ئاچچىقى كەلدى ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .

— مۇنداق گەپ ئامىنە ، — دېدى ئايشەم ساۋاقدىشىنىڭ گېپىنى كۆڭۈلگە ئالمايلا ، — مەيەردە بىر ھېسابنى ئازراق خاتا ئىشلەپ قويۇپتىمەن . ئۆتكەن چارەكلىك ئىمتىھاندىمۇ دەل مۇشۇنداق بىر ھېسابنى خاتا ئىشلەپ قويغانىكەنمەن . مانا ھازىر مۇشۇ ھېسابنى كىتاب بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتىمەن ، چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى تاپمىسام كۆڭلۈم زادىلا ئارام تاپمايدىغاندەك تۇرىدۇ .

ئايشەم سۆزلەۋاتقاندا ئامىنەنىڭ كۆزى ئۇنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە چۈشۈپ قالدى . ئۇ قەغەز ئۈستىگە قىزىل قەلەم بىلەن يوغان قىلىپ يېزىلغان «99» دېگەن نومۇرنى كۆرگەندە ، يۈرىكى بىردىنلا ئويناپ كەتتى . پۈتۈن ئەزايىدىكى قان يۈزىدىكى قان تومۇرلىرىغا تىقىلغاندەك ، چىرايىنىڭ كۆپچۈۋاتقىنىنى ، قىزىشىۋاتقىنىنى سەزدى . گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ، بىرھازا دۇدۇقلاپ تۇرغاندىن كېيىن :

— نومۇرۇڭ شۇنچە يۇقىرىكەنغۇ ، قەغەز بىلەن كىتابنى سېلىشتۇرۇپ يەنە نېمىدەپ ئاۋارە بولىسەن ، — دېگەن گەپنى ئاغزىدىن ئارانلا چىقىرالىدى ۋە ئايشەمنىڭ يېنىغا زوڭزايدى .

ئايشەم تۈزلا جاۋاب بەردى :

— 99 ئالغىنىم بىلەن ئىمتىھاننى ياخشى بەردىم ، دېگىلى بولمايدۇ . مانا قارىمامسەن ، مۇنۇ ھېسابنى خاتا ئىشلەپ قويۇپتىمەن . ئەگەر خاتا ئىشلەپ قويغىنىمنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ ئۆز ۋاقتىدا ئوڭشىۋالمىسام ، 99 نومۇر بىلەن قانائەتلەنسەم قانداق بولىدۇ ؟

ئامىنەنىڭ يۈزى يەنە بىر قېتىم قىزاردى . ئۇ بۇ تىرىشچان ساۋاقدىشىغا ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەيلا ئازار بېرىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ 99 نومۇر بىلەنمۇ قانائەتلەنمەي ، ئىنتايىن كىچىك سەۋەنلىكنىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزىتىشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى .

ئامىنە ئۆزىدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس خىجىللىق ھېس قىلدى .

ئاتا ـ ئانىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈيىدىن بىراقلا ۋاز كەچتى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلۇپ سىنىپ تەرەپكە يول ئالدى . ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەيران بولۇپ سورىغان سوئاللىرىغا ئۇ خۇددى ئايشەمگە ئوخشاشلا :

— 94 ئالغىنىمغا قانائەتلەنسەم بولمايدۇ ، ئىمتىھان قەغىزىمنى تەكشۈرۈپ ، خاتا ئىشلەپ قويغان يەرلىرىنى قايتا تۈزىتىپ چىقماقچىمەن ، — دەپلا جاۋاب بەردى .

بۇ خىجىللىقتىن پەيدا بولغان يېڭى ئىرادە ئىدى .



www.uyghurkitap.com

# ساختا قىياپەت

بۇ شەھەردە نە ئاتا ـ ئانام ، نە ئۇلارنىڭ قەبرىسى ۋە ياكى قېيناتا ـ قېينانام بولمىغىنى ئۈچۈن ئەتىگەنلىك پەتە قىلىش ، گۆرىستانلىقنى يوقلاش ۋەزىپىسىدىن ئازاد ئىدىم . سەھەر تۇرۇپ ئايالىمنىڭ ھېيتلىق داستىخان تەييارلىشىغا ياردەمدە بولغاندىن تاشقىرى ، ئىككى ـ ئۈچ تۇركۇم مېھماننى ئۆز قولۇم بىلەن چاي قۇيۇپ ئۇزاتتىم ـ دە ، كۈن قايرىلغاندا قارا پىكاپقا ئولتۇرۇپ خىزمەتداشلىرىم ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى ھېيتلاشقا چىقىپ كەتتىم .

يادىمدا قېلىشىچە ، رەھمەتلىك دادام بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ، مۇلايىم ئادەم ئىدى . پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ ، ئارغامچا ئەشكۈچىلىك بىرەر ھۈنىرى يوق دادامنى «غازاخۇن ئۇستام» دەپ ئاتىشاتتى . قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ چىشى ئاغرىسىمۇ ، بېشى ئاغرىسىمۇ دادامدىن مەسلىھەت ئېلىشاتتى . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە كەنت بويىچە كۆز يېشى قىلمىغان ئادەم قالمىغان ، مېيىتنى ئۇزاتقاندا بولسا ، ھازىدارلارغا جىنازا تېگىشمەي قالغاندى . شۇ چاغلاردا دادامنىڭ بۇنچىۋالا ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئېرىشىشىدە نېمە خىسلەت باردۇ ، دېگەن خىياللاردا بولدۇم ، كېيىنچە بۇ سوئالغا ئۆزۈمچە جاۋاب تاپتىم . دادامنىڭ ھېيت ـ ئايەملەردە قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيىنى ئەڭ ئاۋۋال پەتىلەپ ، بىر چىنە سوغۇق سۇ قۇيۇپ بەرسىمۇ قانائەت قىلىدىغان ، ھەتتا ئۆتۈپ كەتكەن كىچىككىنە ئارازلىق ئۈچۈن ئائىلىمىزگە ئاداۋەت ساقلايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنىمۇ چالا قويمايدىغان ئادىتىنى خىسلەت دەپ ھېسابلىدىم ـ دە ، دادامدەك ياخشى ئادەم بولۇش

نىيىتىگە كەلگەنىدىم . دادامنىڭ مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم بولۇشىدىكى خاسىيەتنى مەيلى توغرا ياكى خاتا يەكۇنلەي ، ئىشقىلىپ ، دوست ـ بۇرادەر ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىمنى ھېيتىنىڭ تۈنجى كۈنىلا ھېيت ـ لىۋېلىش ئۈچۈنلا ھېيتنىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتىم .

ھازىرغۇ مەن بىر ئەمەلدار ، ئەمەلدار بولماستىن بۇرۇنمۇ خىزمەتداشلىرىمنى تۈنجى بولۇپ پەتلەشنى قولدىن بەرمەيتتىم . ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە ، ھەر كۈنى سەككىز سائەت بىللە ئىشلەش داۋامىدا ئۇنداق ـ بۇنداق دېيىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەس . ئەمەلدار بولۇپ قالغىنىمدا تېخىمۇ شۇنداق ، كىشىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان گەپ ، بەزىدە تەنقىدلەشكە توغرا كېلىدۇ . بەزىدە بولسا خىزمەت ئۈستىدە باشقىلار بىلەن گەپ تالىشىپ قالىسەن . ھېيت ـ ئايەملەردە ئەمەلدارلىق كىبىرىگىنى تاشلاپ ئاددىي پۇقرا ۋە مۆمىن مۇسۇلمان سالاھىيىتىڭ بىلەن ئۇلارنى يوقلىساڭ ، خەق سېنىڭ ئادەملىكىڭنى ھېس قىلىدۇ ، يىراقلىشىپ كەتكەن كۆڭۈللەر يېقىنلىشىدۇ .

ماشىنىغا چىقىپلا شوپۇرغا ئازادلىق كوچىسىدىكى 74 ـ قورۇغا قاراپ ھەيدەشنى ئېيتتىم . يوللاردا ئادەم ۋە ماشىنا ئانچە كۆپ بولمىغاچ ، ئۇزاق ئۆتمەي دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق . يېقىندا ئىدارىمىزدىكى بىر پېشقەدەم زاپخوز مۇشۇ قورۇدىكى بىر بىناغا كۆچۈپ كەلگەنىدى . ئۇنىڭ يېڭى ئۆيىنى مۇبارەكلەشكە چولام تەگمىگىنى ئۈچۈن ، تۈنجى پەتىگە مۇشۇ قورۇنى تاللىۋالغانىدىم .

تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى ئىچىشىم بىلەنلا زاپخوز ئالدىمغا چىقىپ ھېيتىمنى مۇبارەكلىدى ـ دە ، مېھمانخانىسىغا باشلىدى . ئالامەتلەردىن قارىغاندا ، ھېيتلىق گۆش تېخى پىشمىغاندەك قىلاتتى . ئۇ ماڭا چاي قۇيۇپ بولۇپ ئايالىغا نىملەرنىدۇر دەپ بىرنېمە قىلدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالدىم ۋە ئاشخانىغا چىقىپ ئارتۇقچە جوۋىماسلىقنى ئېيتتىم . بىراق ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ مېنى قويۇۋېتىدىغان ئەلپازى يوق ئىدى . بىرەر تەخسە قورۇمىغا بولسىمۇ

ئىغىز تەگمىسەم خاپا بولۇپ قالىدىغاندەك تۇراتتى .
ھەش - پەش دېگۈچە بىر تەخسە قورۇلغان گۆش كەلتۈرۈلدى ، ئىككىمىز بىر ئىستاكاندىن پىۋا ئىچىشكەندىن كېيىن مېڭىش تەرەددۇتىغا چۈشتۈم ، ئۇلار تۇنجى مېھمىنى بولغىنىمدىن بەكمۇ خۇشال بولۇشقانىدى . پەسكە چۈشۈۋېتىپ ئادەت بويىچە ئۇلاردىن بۇ بىنادا يەنە كىملەرنىڭ ئولتۇرىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم ، پېشقەدەم زاپىخوزنىڭ ئايالى 2 - قەۋەتتىكى ئۇدۇل ئىشىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :
— بۇ تۆت ئىغىزلىق ئۆيگە يېقىندا رىسالەت شۇجى دەيدىغان بىرى كۆچۈپ كەلدى ، — دېدى .
كۆچۈپ كەلگۈچىنىڭ قانداق شۇجى ۋە قەيەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆچۈپ كەلگۈچى بىلەن بولغان تونۇشلۇقىمىز يادىمغا چۈشتى ۋە ھېيتلاپ كېتىش پىكرىگە كەلدىم .
ھېيت بولۇشىغا قارىماي ئىشىك مەھكەم تاقالغانىدى . ئىشىك ئىككى - ئۈچ قېتىم قېقىلغاندىن كېيىن ، يېشى قىرىقلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ، ئاق ، بىلىنەر - بىلىنمەس سەپكۈن يۈزلۈك ، چاچلىرىنى تۈگۈۋالغان بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى . رىسالەتنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم - دە ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن» دېدىم . بىراق ، رىسالەت : «نېمە ئانچە ئەتىگەن كېلىۋالدىڭلار !» دېمەكچى بولغاندەك بىر قولىدا ئىشىكنىڭ قانىتىنى ، بىر قولىدا كېشىكنى تۇتۇپ ، بىر پەس تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن خۇشياقمىغان ئاھاڭدا :
— كىرىڭلار ، — دەپ ئىجازەت بەردى .
شوپۇرۇم بىلەن قېقىزىل سىرلانغان كارىدورنى ئاۋايلاپ دەسسەپ كىرىپ كەلدۇق ۋە قايسى ئۆيگە باشلىنىدىغانلىقىمىزنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدۇق . رىسالەت چوڭ ئىشىكنى جاققىدە ئېتىۋېتىپ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ ، بىر ئىشىكنى ئىچىپ يەنە :

— كىرىڭلار ، — دەپ ئىجازەت بەردى.

بىز مېھمانخانىغا كىرىپ ئەدەپ يۈزىسىدىن تارتىنغان قىياپەتتە ئىشىك تۈۋىدىكى بىر جۈپ ساپادىن ئورۇن ئېلىشتۇق. خىيالىمدا ئۇ چاي ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغىنىمىز ئۇچۇن كايىپ كېتىدۇ ۋە تۆرگە باشلاپ ھېيتلىق نازۇنېمەتلەرنىڭ ئۇستىگە يېپىقلىق تۇرغان داستىخاننى ئېچىۋېتىدۇ، مېنى تونۇپلا ئالاھىدە يوقلاپ كەلگىنىمدىن خۇشال بولۇپ سەكرەپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بەش مىنۇت، ئون مىنۇتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بىر تال تاماكىنى ئارقىمۇئارقا چېكىۋەتكىنىمدىن كېيىن، ئۇ، سىرى چۇشۇپ كەتكەن پەتنۇستا ئىككى پىيالە چاينى ئېلىپ كىردى ـ دە، ئىككى ساپانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىگدە ياغىچىدا ياسىلىپ سىر بېرىلمىگەن چاي ئۈستىلى ئۇستىگە جاققىدە قويۇپ: «ئىچىڭلار» دەپ قويۇپلا يەنە چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا مەن: «ئۇ مېنى تېخىچە تونۇمايۋاتىدۇ. ئۆزۈملا تونۇشلۇق بېرەيمۇ يا» دەپ ئويلاۋاتاتتىم. بىر تەرەپتىن شوپۇرۇم ئالدىدا خىجىل بولۇۋاتاتتىم.

بىر يىل ئالدىدا بولسا كېرەك، مەن K ۋىلايىتىگە خىزمەتكە بارغانىدىم. كەلگەنلىكىمدىن شۇ كۇنىلا خەۋەر تېپىپ ئۇلگۇرگەن بىرقانچە ساۋاقداشلىرىم ۋە كەسىپداشلىرىم مېنى يوقلاپ مېھمانخانىغا كەلدى ۋە كەچكى چايغا ئېيتىپ قويىدى.

چايغا دېگەن ۋاقىتتا يېتىپ باردىم، ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا كىچىككىرەك زال چوڭلۇقىدىكى مېھمانخانىدا ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مەن بىلەن سالاملاشتى. ئۆي ئىگىسى شەرىپىمگە ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ زىياپەتكە يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەم چاقىرغانىدى. بىر ـ بىرىدىن سۆلەتلىك ئەرلەر ئارىسىدا خېلى ئوبدانلا ياسىنىۋالغان چوكانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، ئۆي ئىگىسى ئالىمجان قىسقىلا قەدەھ سۆزى قىلغاندىن كېيىن ئىچكۈلۈك ئىچىلىشكە باشلىدى. بۇرۇندىن تارتىپ ھاراققا ئانچە خۇشۇم يوق ئىدى، بۇنى

ئالىمجانمۇ ئوبدان بىلەتتى . بىراق ، ئەل ـ ئاغىنە ، ساۋاقداش ، كەسىپداشلار جەم بولغاندا ئىچمەي بولاتتىمۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ شەھەرنىڭ سورۇن ئادىتى كەلگەن نۆۋەتنى رەت قىلىشقا يول قويمايدىكەن ، رومكا ئۇچ ـ تۆت قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ، لىگەندە پىششىق تۇخۇم ھەربىر مېھمانغا ئىككى ـ ئۇچتىن تارقىتىلىپ كەلتۈرۈلىدىكەن ـ دە ، چېكىشىش باشلىنىدىكەن ، ساقى ئۇتتۇرغۇ-چىنى ھەرگىز ئاياپ ئولتۇرمايدىكەن ، ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىلسىمۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغۇچە تىنىم تاپمايدىكەن .

تۇخۇم تاللاش تېخنىكام تۆۋەن بولغانلىقى ئۇچۈن كۆپرەك ئۇتتۇرۇشقا توغرا كەلدى . بىراق ، ئالىمجاننىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئاق ھاراق ئورنىغا پىۋا ئىچىشىمگە رۇخسەت قىلىندى .

سورۇندىكىلەرنىڭ گرادۇسى ئۆرلەشكە باشلىغاندا ، سازەندىلەر ئۆينى چاڭ كەلتۈرۈشكە باشلىدى . ئالىمجان ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىر ـ بىرىگە بېقىنىشقان ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇسسۇل تانسىغا ئايلىنىپ كەتتى .

مېنىڭ سورۇنلاردا ئۇچ ـ تۆت مۇزىكا ئۆتۈپ كەتكۈچە تانسىغا چۈشمەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى . بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدىم . سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىرەر قېتىمدىن تانسىغا چۈشۈپ بولغاندا ئالىمجان ئالدىمغا كەلدى ـ دە :

— ھوي ئاداش ، ئولتۇرۇۋېرىسەنغۇ ، سازەندىلىرىمىز ياخشى چالمايۋاتامدۇ يا ، — دېدى .

گەپ قىلمايلا كۈلۈپ قويدۇم . يەنە بىر مۇزىكا باشلانغاندا تانسىغا چۈشمىسەم بولمايدىغاندەك ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە تانسىغا چۈشمەيۋاتقىنىمنى كۆرگەن بەزى مېھمانلار تارتىنىپ قالغاندەك قىلاتتى .

مۇزىكا باشلاندى . بۇ مۇزىكا مەن ياخشى كۆرىدىغان رۇمبا تېمىسىدا ئىدى . مەن تارتىنغاندەك قىياپەتتە ئولتۇرغان ، يېشى قىرىقلاردىن ھالقىپ قالغان بىر چوكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ سىلىق سالام قىلىۋىدىم ، چوكانمۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى . تەلىيىمگە

www.uyghurkitap.com

ئۇ رومبىغا خېلى ياخشى دەسسەيدىكەن .

ھەققانىي گەپ قىلغاندا ، تانسىدا خېلى بىڭسىم بار ئىدى . بۇ يەردىلا ئەمەس ، چوڭ شەھەرلەردىمۇ ئالدىنقىلار قاتارىدا تۇراتتىم ، رومبىغا ئۆلچەملىك ۋە سىلىق دەسسىشىم سورۇندىكىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماي قالمىدى . پىرقىراپ كېتىۋېتىپ چوكان ـ قىزلارنىڭلا ئەمەس ، ئەرلەرنىڭمۇ كۆزى پۇتۇمغا تىكىلـ گەنلىكىنى بايقىدىم . بولۇپمۇ ، مەن بىلەن ئويناۋاتقان چوكاننىڭ رومبىغا بىراقلا كامىل بولۇپ كەتكەنلىكى سورۇندىكى چوكانلارنىڭ دىققىتىدە زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى . خېلى نامى بار زىيالىي ئىكەنلىكىم بۇ زىلزىلىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئورۇن هازىرلاپ بەرگەن بولسا كېرەك .

مۇزىكا ئالماشقاندا ھېچ تۈزۈتسىزلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ـ دە ، ھېلىقى چوكاننى قايتا تارتماقچى بولۇپ ئولتۇرغان يېرىنى بىلمەكچى بولۇپ كۆز يۈگۈرتتىم . كۆردۈمكى ، چوكانلارنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەنىدى . ئۆزلىرىنى تارتىشىمنى خالاۋاتقانلىقىدا گەپ يوق ئىدى . ئۇلار چوڭ شەھەردىن كەلگەن ، ئاتىقى بار بىر زىيالىي بىلەن بىر قېتىم پىرقىرىۋېلىشنى خالىماي قالاتتىمۇ ؟ بىز يەنە بىر قېتىم ۋالىسقا ئويىندۇق . سازەندىلەر تەرلىرىنى ئېرتىشىپ ، سازلىرىنى تەڭشەپ بىرەر رومكىدىن قېقىۋېلىشقاندىن كېيىن يەنە قىزىپ كەتتى . بۇ قېتىمقى مۇزىكىنى ئۆتكۈزۈۋېتەي ، ئارام ئېلىۋالاي دەپ تۇراتتىم ، بىر چوكان دەس تۇرۇپ ئالدىمغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋېتىپ :

— بىزنىمۇ تارتاي دېمەيسىز ، مەن بولسامۇ تارتىپ قوياي ، — دېدى . ئۇنىڭ قىياپىتىدىن تاقىتى تۈگىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلگىنىمدە ، ئالىمجان ئالدىمدا پەيدا بولدى ـ دە :

— ئاپلا مېنىڭ قاپاقۋاشلىقىمنى ، بايام تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، — دېدى ئۇ ئاۋۋال مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم بولىدۇ ، ئۈرۈمچىدە⋯

چوكان ئالىمجاننىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ۋە :
— سىز تونۇشتۇرمىسىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئىسمى بىزگە كۆپتىن بېرى تونۇشلۇق ، — دەۋەتتى .
كۆلكە بېسىققاندىن كېيىن ئالىمجان بۇ چوكاننى تونۇشتۇرۇپ دېدى :
— بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ، ئىسمى رىسالەت ، ھە ، رى شۇجى...
باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ : «سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن خۇشالمەن» دېگەن گەپلەرنى قىلدىم ـ دە ، ئۇنىڭ بىلىنى تۇتتۇم .
رىسالەت تانسىنى ھېلىقى چوكاندىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان دەرىجىدە ئوينايدىكەن . بىز بىر ـ ئىككى پىرقىرىغاندىن كېيىن ، ئۇ كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى :
— كەلگەنلىكىڭىزنى بۈگۈن كەچتىلا ئاڭلىدىم ، ئەسلىي بىر يەرگە ئېيتىپ قويۇۋىدى ، ئۇنىمۇ قايرىۋېتىپ مۇشۇ يەرگە ئۇدۇللا كېلىشىم .
تانسا ئويناۋاتقاندا ئايالىمدىن ئۆزگىلەر بىلەن پاراڭلىشىشنى يامان كۆرسەممۇ ، بۇ دۆرەم ئۇنداق قىلمىدىم :
— ياخشى بوپتۇ ، تونۇشۇۋالدۇق ئەمەسمۇ ؟
— سىزنى كۆرگىنىمگە خۇشال ، چۈنكى زىيالىيلارنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن ، زىيالىيلار بىلەن بىر سورۇندا بولسا ، كىشىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالىدۇ ، ئەمەسمۇ ؟
— ياقەي ، ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدۇ .
— شۇنداق بولمايچۇ ، پارتىيىمىز ھازىر زىيالىيلارنى قوللاڭلار ، دەۋاتىدۇ ، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن ، زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ئەمەسمۇ ؟
— شۇنداقلىقىغۇ شۇنداق .
— مەسىلەن ئالساق ، ھازىر مېنى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىپ قويدى . مەندىن بىرى : «سەن ھوقۇقتا تۇرامسەن ياكى

بىلىمگىمۇ؟» دەپ سورىسا، ئەلۋەتتە، ھوقۇقتىن ۋاز كېچەتتىم، نېمە ئامال، زىيالىيلارنى قوللايدىغانغىمۇ ئادەم كېرەك ــ دە.

— بۇ ياخشى بوپتۇ، زىيالىيلارنى جەزمەن قوللاش كېرەك.

— ئالىمجاندىن سوراپ باقسىڭىزلا بىلىسىز، زىيالىي دېسە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. يىغىن بولدىمۇ، زىيالىيلارنى ئەتىۋارلاش، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىگىنىم سۆزلىگەن، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن مۇشۇ رەھبەرلىك ئورنىدا زىيالىيلارنىڭ ئارقا تېرىكى بولاي دەپلا تۇرىمەن، بولمىسا...

مۇزىكا ئاياغلاشتى، ئورنۇمغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇۋىدىم، رىسالەت قوغلىشىپ كېلىپ يېنىمدىلا ئورۇن ئالدى. ئۇ گېپىنىڭ داۋامىنى ئۇلىدى:

— بىكار ۋاقىت تاپسىملا زىيالىيلارنىڭ ئۆيىنى ئارىلايمەن، ئەھۋالىنى سورايمەن. زىيالىيلارغا ھۆرمەت قىلمىساق، ئۇلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرمىسەك دېگەن گەپ قۇرۇق بولۇپ قالىدىغۇ؟

ئۇ سۆزلىگەنسېرى يېقىن كېلەتتى. گېپىنى ئاڭلىيالماسلىقىمدىن ئەنسىرىگەندەك قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگىلا كېلىپ سۆزلەيتتى. سورۇندىكىلەر باشقىچە تونۇشتا بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن، ئۆزۈمنى چەتكە تارتىشقا تىرىشاتتىم، لېكىن ئۇ سۆزلىگەنسېرى ماڭا يېقىنلىشاتتى.

— مېنىڭمۇ ئوقۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىغان ئوخشايمەن، پارتىيە مەكتىپىگە قىسقا كۇرسقا ئەۋەتىدىغانلىقىڭ گېپى بار، كېيىنچە قولۇمدا ھوقۇق بولسىلا ئۆمۈرۋايەت زىيالىيلارنىڭ خىزمىتىدە بولارمەن، دەپ ئويلايمەن.

سورۇن ئاياغلاشقۇچە بىز يەنە بىرقانچە قېتىم ئويناپ چىقتۇق. تانسا ئويناۋېتىپ ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى تولۇق ئەسلىيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئۇ مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. نەزىرىمدە زىيالىيلار ئۈچۈن گەپ قىلىدىغان بۇنداق رەھبەرلەر



www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەن ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشى كېرەك ، دېگەن پىكىر ئېنىق ئىدى . ئالىمجان ۋە بىرقانچە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ باش لىڭشىتىشى بۇنى ئىسپاتلايتتى .

زىيالىيلارنىڭ قەدرىگە يەتكەن بۇنداق رەھبەرنى ، زىيالىيلارمۇ قەدىرلىشى كېرەك دەپ ھېسابلاپ ، ئالىمجان بىلەن بىللە مېھمانلارنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ ، ئۇرۇمچىگە بارغاندا مېنى ئىزدەشنى ، ھېچبولمىسا تېلېفون بېرىپ قويۇشنى ئېيتتىم . ئەتىسى چۈشتىن كېيىنلا K شەھىرىدىن ئايرىلغانىدىم .

مانا ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ، ئۇنى ئۇرۇمچىدە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋاتاتتىم . مېنى تونۇماي قويغان تەقدىردىمۇ ، كەلگۈچىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدىغىنى ئۈچۈن ، كۆڭلۈمدە ئاچچىق پەيدا بولۇۋاتاتتى . چاينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدۇم . بىراق ، ساھىبخانا يوق چاغدا چىقىپ كېتىش يەنىلا ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى .

رىسالەت نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى نازارەت قىلماقچى بولغاندەك ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قارىۋىدى ، پەيتى كەلدى دەپ ھېسابلىدىم - دە ، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماقچى بولدۇم :

— رىسالەت ، مېنى تونۇمايۋاتىسىزغۇ دەيمەن ، مەن...

ئۇ گېپىمنى تارتىۋالدى .

— ھە ، تونۇمايدۇ دەمسىز ، سىز ئابدۇراخمانغۇ !

— يۆتكىلىپ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىغان بولسامۇ ، ۋاقتىم بەك زىچ بولغاچقا يوقلاپ كېلەلمىدىم ، — دېدىم مەن كەمتەرلىك بىلەن .

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ، — رىسالەت ئۇستەل ئۇستىگە يېيىلغان داستىخاننىڭ بۇرجىكىنى تۈزەۋېتىپ دېدى ، — ھېلىمۇ بۇرۇنقى ئورنۇڭدا ئىشلەۋاتىسىزغۇ دەيمەن ؟

— شۇنداق .

ئۇ جاۋابىمنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە تۇرۇپ ئاڭلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ھازىر قانداق ئەمەلدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى .



www.uyghurkitap.com

«ئۇ مېنى تونۇمايۋاتىدۇ» دېگەن گۇمانىم بىردىنلا يوقىلىپ چىقتى . بۇرۇنقى رىسالەت بىلەن ھازىرقى رىسالەت تامامەن ئىككى دۇنيا بولۇپ كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى . قوپاي دەپ تۇراتتىم ، ئىشىك چېكىلىپ كىملەرنىڭدۇ كىرىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى .

كىرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تونۇشىدىغان ئادەملەر ئىكەن . ئۇلار بىلەن مۇبارەكلەشكەندىن كېيىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋېدىم ، ئۇلارنىڭ بىرى مېنى ئەيىبلەشكە باشلىدى . ئاخىر تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ ئولتۇرىۋەردىم .

— ئەتىگەندىن باشلاپلا ھەرقايسىڭلارنى پەتلەپ كېلىپ قالارمىكىن ، دەپ يولۇڭلارغا قاراشقا باشلىغانىدىم . تۆرگە ئۆتۈڭلار ، تۆرگە ، — رىسالەت ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگەچ چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . يېنىمدىلا ئولتۇرغان بىرەيلەننى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي تۆرگە باشلىدى - دە ، داستىخاننى ئېچىۋەتتى . ئۇنىڭ بايامقى قىياپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، چىرايى يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋادەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى .

رىسالەت داستىخانغا ھور ئۆرلەپ تۇرغان بىر لېگەن گۆش كەلتۈردى ۋە كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان پىۋىنى ئىستاكانلارغا تولدۇرۇپ تۇرۇپ :

— ھە ، قېنى ، ئۆيدە ئەر كىشى بولماي قالدى . شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۆزۈڭلار ئەۋەتكەن قويىنىڭ گۆشى ، ئۆزۈڭلار ئەۋەتكەن پىۋا ، ئېغىز تېگىپ بېقىڭلار ، — دېگىنىچە تۇردى . بۇ چاغدا ئىككىمىز ئۇنىڭ يادىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەنىدۇق .

مېھمانلار ئۆچەكەشكەندەك بىزنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلغىلى تۇردى ، بىزنى ئۆز يانلىرىغا باشلاپ بارمىسا ، داستىخانغا قول ئۇزاتمايدىغان قىياپەتتە تۇرغان مېھمانلارغا قاراپ رىسالەت مۇنداق دېدى :

— بولدى ، سىلەر بېقىۋېرىڭلار ، بۇلار كىرگىلى خېلى ئۇزاق بولدى .

بۇ يەرگە يېيىش - ئىچىش ئۈچۈن ئەمەس ، پەقەت

ئادەمگەرچىلىك ئۇچۇنلا ھېيتلاپ كىرگەنىدىم، رىسالەتنىڭ قىلىقلىرى ۋە سۆزلىرى نەپسىمگە ئاھانەت ئىدى. ئەمدى ئۇلتۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى، ۋىجدانىم خورلۇققا چىداپ تۇرالمايتتى. مېھمانلارنىڭ «بىللە چىقايلى» دەپ ئۆلگۈدەك ئېسىلىشلىرىغا قارىماي ئۆيدىن چىقتۇق. دەھلىزدە سەي ھازىرلاۋاتقان رىسالەت شۇجىغا خوش دەپ قويۇپلا پەلەمپەيدىن پەسكە قاراپ يول ئالدۇق.

پەلەمپەيدىن چۈشكۈچە مەن پەلەمپەيگە دەسسىدىممۇ ياكى پەلەمپەي مېنى ئېلىپ چۈشۈۋاتامدۇ، ھېچنېمىنى ھېس قىلالمىدىم. ھويلىغا چۈشۈپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچاي دەپ تۇراتتىم، كىمدۇ بىرىنىڭ توۋلاۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ئا تىنچجاڭ، ھوي ئا تىنچجاڭ...

كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدىم، بالكوندا تۇرغان رىسالەتنى كۆردۈم.

— ئا تىنچجاڭ، ئا تىنچجاڭ توختىسىلا...

ئۇنىڭ چىرايى يار ئېلىپ كەتكەن توغاننى توسۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان كىشىنىڭ چىرايىدەك جىددىيلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ، ھە دەپ قول پۇلاڭلىتاتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىگەن قىياپىتى ئىككى يىل بۇرۇنقى قىياپىتىگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە؟!

ئۇ كۆزلىرىمدىن يېنىۋاتقان ئېچىنىش ۋە مەسخىرە ئوتلىرىنى كۆردىمۇ، كۆرمىدىمۇ ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا بىرھازا تىكىلىپ تۇردۇم ـ دە، ماشىنىغا چىقىپ شوپۇرغا دېدىم:

— ئىدارە ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغان قاسىم ئاخۇن ئۇستامنىڭكىگە تارتىڭ.

# ساۋابلىق ئىش

قاۋۇلوف ئوتتۇز يىلدىن بۇيان بىرىنچى قېتىم قۇربان ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ قايتىپ كەلگىنىدە، كەيپىياتى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. «ئېسىت، شۇنچە يىللاردىن بېرىقى ھېيت نامىزىنى نېمىشقا تەرك قىلغاندىمەن، پەقەت نازىر بولغىنىم ئۈچۈنمۇ؟» دەپ ئۆكۈندى ئۇ ئىچىدە.

بۈگۈنكى نامازغا ئۇنى بىر كىم چىللاپ ئاپارغىنى يوق، يېشى چوڭىيىپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى پېنسىيىدە بولغىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ ئۆيدىكىلەر ھېيت ھازىرلىقى بىلەن ئالدىرىششقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە كېلىۋاتقان ھېيت نامىزىغا قاتنىشىش ئىستىكى ئويغانغان. ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قوڭغۇراقلىق سائەتنى ئاخشاملا توغرىلاپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن سائەتنىڭ بىرەر يېرىدىن چاتاق چىقىپ قالدىغاندەك تۇن بويى كىرپىك قاقماي چىققانىدى.

ئۇ ئېسىدە قالغىنى بويىچە تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە بارغىنىدا، نەچچە مىڭ جامائەتنىڭ ئاخىرقى سەپلىرى ھەتتا كوچىغىچە سوزۇلغانىدى. ئۇ كەينىگىرەك توغرا كېلىدىغان بىر سەپتىن ئورۇن ئېلىپ، شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىنى كەينىگە قىلىۋېتىپ ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن تەكتۇشلىرى بىلەن ھېيتنى مۇبارەكلىشىۋالدى.

— قاۋۇلوف، بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ سىزنىڭكىگە ھېيتلاپ بارىمىز جۇمۇ! — دېيىشكەنىدى ئۇلار ئالدىن خەۋەر بېرىپ.

قاۋۇلوفنىڭ تەكتۇشلىرى چاقچاق قىلمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا كەنجى ئوغلىنى جىدەللىتىپ مال بازىرىدىن

بوردىغىلى ئىككى ئايچە بولغان قارا قوينى سىتىۋېلىپ ھويلىغا باغلاتقۇزدى . گۆش چانايدىغان دۆشە ۋە پالتىنىمۇ تەق قىلدى .

— بالىلىرىم ، گۆشنى چوڭ - چوڭ پارچىلاپ سېلىڭلار ، مېھمانلار رازى بولۇپ قايتىشسۇن . بۇ ھېيتنى شۇنداق ئۆتكۈزەيلى ، گۆش يەتمەي قالارمىكىن ، دەپ ئەنسىرىمەڭلار ، يەتمىسە يەنە سويىمىز ، — دەيتتى ئۇ پوت - قولىغا تەگمەي پايپاسلاپ يۈرۈپ .

قوياش ئۆرلىمەكتە ئىدى ، ئاتا - ئانىسىدىن ئەتىگەندىلا ھېيتلىق ئېلىپ ئۈلگۈرگەن باللار ھويلىغا چىقىۋېلىپ چۇرقىراشتى . قېيناتا - قېينانىسىنى پەتلەيدىغان كۈيئوغۇللار ھېيتلاشنى باشلىۋەتكەنىدى .

— بوۋا ، گۆش يەيمەن ، قۇربان ھېيت دېگەندە گۆش يەيدۇ .

قاۋۇلوفنىڭ تۇنۇگۈن ئۆيدە قوندۇرۇپ قالغان نەۋرىسى چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپلا بوۋىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى . قاۋۇلوف شۇ چاغدىلا قۇربانلىق قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى .

ئۇ ئىشىكنىڭ چېكىلىشىنى كۈتەتتى ، تاقەتسىزلىنىپ تالاغا چىقاتتى ، كىچىك كوچىغىمۇ قاراپ باقاتتى .

قاۋۇلوف شەھەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ، كېيىن ئوقۇشنى تۈگەتمەيلا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ كەتكەن . قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى كېلىپ - كەتكەن ھېيتلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ، قۇربانلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ ، قۇربانلىق باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئورۇندالغان . ئۆزى بولسا تا بۈگۈنگىچە قوشقاچ سويۇشنىمۇ ئۆگىنەلمىگەن . ئوقۇمايتتى ، قايسى بىر يىلى ئامراق نەۋرىسى كۆكيۆتەل بولۇپ قېلىپ ، توخۇ ئۆتىنى ئىچۈرۈش زۆرۈر تېپىلغاندىمۇ ، ئايالى تېپىپ كەلگەن مېكىياننى سويالماي قوشنىلارغا خەۋەر قىلدۇرغانىدى . ھەر يىلى قۇربان ھېيتنىڭ تۈنجى كۈنى ئۆز نازىرىنىڭ قوينى سويۇپ بېرىشنى خالايدىغان تۆت - بەش پىدائىي ئىشىك ئالدىدا ئەتىگەندىلا پەيدا بولاتتى . بەزىلەر ھەتتا بىرەر ئاي

بۇرۇن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ «تىزىمغا ئالدۇراتتى» . ئىككى سائەت بۇرۇن نامازدا ئۇچراشقان تەڭ دېمەتلىككىلىرىنىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھېيتىڭغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ كىرىپ كېلىشى قاۋۇلوفقا قوي سويۇش ھۈنىرىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرغانىدى . ئۇ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدىيۇ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھورى ئۆرلەپ تۇرغان گۆش قويۇلمىسا قانداق بولغىنى؟

— پاتىمە، — دېدى ئۇ ئايالىنى بىر چەتكە تارتىپ، — توڭلاتقۇدا گۆش بارمۇ؟ قاراپ باق، بىرەر تەخسە گۆش قورۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقساڭ بولاتتى.

ئايالى ئېرىنىڭ ئەمىلىدىن ئايرىلىشى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ شۇنچىۋالا يۈزسىزلىك قىلغانلىقىنى، قوي سويۇپ بېرىشكە بىرەر ئادەمنىڭمۇ كەلمىگەنلىكىنى قاۋۇلوفنىڭ يۈزىگە سېلىۋالماقچى بولدى.

— ھالىڭلار مانا شۇنچىلىك، ۋاي نازىر دەپ سايەڭلەردىن ئەگىپ يۈرىدىغانلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئەسقاتمىدىغۇ؟

— ھەي خوتۇن، نېمىدەپ جۆيلۈپ يۈرىدىغانسىلەر، كىشىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئىشى بار - دە، ئۇلار بىز ئۇچۇن تۇغۇلغانمۇ يا!

قاۋۇلوف باشتا خۇددى ئايالى ئويلىغاندەك ئويلاپمۇ باقتى. بىراق، كېيىنچە «كىم مېنى باشقىلارغا تايىنىۋالسۇن دەپتۇ. بەلكى باشقىلار ئالدىراشچىلىقتا ماڭا ياردەمگە كېلىشنى ئۇنتۇپ قېلىشقاندۇ» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى.

— بوۋا··· گۆش يەيمەن گۆش···

— دادا، ئەنە ئۇياقتا مېھمانلار ھېيتلاپ يۈرۈشىدۇ، بىز نېمە قىلمامسەن ئەمدى؟

ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى ئون نەچچە مىنۇت بولغان قاۋۇلوف ئاخىر نازارەتنىڭ پارقازان ئىشچىسى نۇراخۇننى باشلاپ ھويلىغا كىردى. ئۇ، نۇراخۇننى ئالايتەن بېرىپ تەكلىپ قىلىپ



www.uyghurkitap.com

كەلگەنىدى .

قوينىڭ پۇتى چۈشەلدى . نۇراخۇن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېدى ـ دە ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن پىچاقنى قوينىڭ بوغۇزىغا تەڭلەپ بولۇپ توختاپ قالدى :

— نازىر ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىۋەرسىلە ، كېيىملىرىگە قان چاچراپ كېتىدۇ ، بۇ يەر سىلى تۇرىدىغان يەر ئەمەس ، — دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسىگە قاراپ .

— يانلىرىدا تۇراي نۇراخۇن ، — دېدى قاۋۇلوف مەنىلىك قىلىپ ، — بۇ ھۈنەرنى مەنمۇ ئۆگەنمەكچىمەن .

نۇراخۇن سابىق رەھبىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى .

— بۇ ئاددىيلا ئىشقۇ ، ھۈنەر دېگىلىمۇ بولمايدۇ .

— ياق ، — دېدى قاۋۇلوف يەنە ، — قوي سويۇشنى ئۆگىنىۋېلىپ خۇدا بۇيرۇسا ئۆزۈمنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزۈم چىقىمەن ، كېلەركى ھېيتتا باشقىلارنىڭ قويىنىمۇ سويۇپ بېرىمەن ، مەنمۇ ساۋابلىق ئىش قىلاي دەيمەن…

— …

— ئاللاھۇ ئەكبەر .

راست دېگەندەك ، ناسوستىن چىققاندەك ئېتىلغان قىپقىزىل قاننىڭ بىرقانچە تامچىسى قاۋۇلوفنىڭ ھېيتلىق كىيىمىگە چاچرىدى ، لېكىن ئۇ خاپا بولمىدى…

1987 ـ يىلى مارت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەھەرالىق يولۇچى

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ، يول ئۈستىدىكى كىچىك بازاردا توختاپ تاماق يەۋالغاندىن كېيىن ، سۇس قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇتلار كەينىدىن يۇمىلاق مىس لېگەندەك كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇياش غەربتىكى قارلىق تاغ بېشىغا بىر ئارغامچە بويى قالغاندا يەنە رولغا ئولتۇردۇم . ئاچقۇچنى تولغاپ ، ستاتور تەپكىسىگە دەسسەي دەپ تۇراتتىم ، نېپىز بىر قەۋەت ھور چاپلاشقان كابىنكا ئەينىكىنىڭ ئەينىكىدىن بىر ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ قالدى . بۇ ئادەم ماڭا نېمىلەرنىدۇر دەپ خىتاب قىلاتتى ، ئەينەكنى يېنىككىنە چېكەتتى . «تايىنلىق يول ئۈستىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان پۇلسىز يولۇچىنىڭ بىرىدۇر ، ئىشىكنى شۇنداق ئاچتىممۇ ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىغىم تەس» دېگەنلەرنى مېڭەمدىن ئۆتكۈزۈپ ، ماشىنىنى زىۋىت قىلدىم . ماتور «گۇر» قىلىشىغىلا يان ئەينەكتىن كۆرۈنگەن باش يوقالدىيۇ ، ئەمدى قۇتۇلدۇم دەپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى باش نەق ماشىنىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى . 30 ياشلار چامىسىدىكى خېلى بەستلىك بۇ ئەركەك كىيىۋالغان ئۆرە قاسقانلىق كۆپە تۇمىقى ، كەڭ ياقىلىق تاشلانغان جۇۋىسى ۋە قولدا ئىشلەنگەن كۆندىن تىكىلگەن ئۆتۈكىدىن قارىغاندا سەھەرالىقتەك تۇراتتى . ئۇ ھەدەپ جىددىي ، ئەمما چۈشىنىكسىز قول ئىشارىتى قىلاتتى . بىردەم يالۋۇرغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويسا ، بىردەم مېنىڭ ماشىنامدا ئولتۇرمىسا زادى بولمايدىغاندەك قولىنى كېرىپ يول توساتتى . ئادەتتە بۇنداق بېشەم يولۇچىنى تىللاشنىڭ تېخى ئورنى يوق ، سىلىق گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن خېلى ئاۋارە بولۇشقا توغرا كېلەتتى . شۇڭا ، مەن يول ئۈستىدە ھەتتا ئەۋلىيا

ئۇچرىسىمۇ يېنىمدا ئولتۇرغۇزمايمەن، دېگەن قەسىمگە ئىختىيارسىز خىلاپلىق قىلىپ، زەردە بىلەن ئىشىكنى ئاچتىم، يولۇچى ئۆزىنىڭ بەستىگە تولىمۇ ماس كەلمەيدىغان ياۋاشلىق بىلەن كابىنكىغا چىقىپ ماڭا تېگىپ كەتمەسلىككە تىرىشقاندەك، ئىشىككە يېنىچە چاپلىشىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدۇم. سوغۇقتىنمۇ ياكى تارتىنىشتىنمۇ، ئىشقىلىپ سەھرالىق يولۇچىنىڭ مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

بىز مېڭىپ كەتتۇق. راستىنى ئېيتقاندا پەقەت شوپۇر بولغىنىم ئۈچۈنلا دىسپېتچېرنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇپ مۇشۇ تاشيول لىنىيىسىدىن مېڭىشقا مەجبۇرمەن. مۇشۇ يولدىن ماڭغىنىم ئۈچۈنلا بازارنىڭ 400 مېتىر نېرىسىدا، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۆسكەن بىر تۈپ يالغۇز قارىياغاچنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇرمەن، ھەر قېتىم مۇشۇ يولدىن ماڭغاندا ھېلىقى قارىياغاچقا قارىماي ئۆتۈپ كېتىشكە نىيەت قىلىمەنۇ، يەنە ئىختىيارسىز قاراپ سالىمەن. ھەتتا ماشىنامنى بىر مىنۇت بولسىمۇ توختىتىپ، قارىياغاچ تۈۋىدىكى بوران-چاپقۇنلار ئاللىبۇرۇن ئۆچۈرۈۋەتكەن بىر لەنتى ئىزغا تۈكۈرۈپ ئۆتكۈم كېلىدۇ.

ماشىنام يېرىم مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا مەن ئۆچ كۆرىدىغان ھېلىقى يالغۇز قارىياغاچنىڭ يېنىغىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى.

— ئۇ... ئۇستام، مېنى تونۇدىلىمۇ؟

بۇ يېنىمدىكى يولۇچىنىڭ سەل-پەل تىترەپ چىققان ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئون نەچچە يىل ئىلگىرى تېتىپ كۆرگەن شوپۇرلۇق ئىمتىھان سوئاللىرىدىن قالسىلا «مېنى تونۇدىلىمۇ؟» دېگەن سوئال مەن ئۈچۈن بىر قىيىن سوئال ھېسابلىناتتى. چۈنكى، سېنى قاچاندۇر بىر چاغدا، قانداقتۇر بىر يەردە كۆرگەن ۋە سېنىڭ ئۆزىنى كۆرگەنلىكىڭگە ئىشەنگەن كىشىلا ساڭا شۇنداق سوئالنى تاشلايدۇ. تونۇدۇم، دەي دېسەڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيسەن، تونۇمىدىم، دەي دېسەڭ تىلىڭ بارمايدۇ. مەن ھەي تەنتەكەي،

ماشىنامدا پۇلسىز ئولتۇرۇۋالغىنىمغا خۇش بولساق بولماسمىدى؟ تونۇشام ـ تونۇمىسام ماڭا بەربىرغۇ؟! نۆۋەتچى ماشىنىغا پۇل خەجلەشكە خەسسىلىك قىلىپ، ئۆتكۈنچى شوپۇرلارغا رودۇپايدەك يېپىشىۋالىدىغان يولۇچىنىڭ بىرىسەن، پەقەتلا شۇ! دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇنداقتىمۇ مەندىن گەپ سوراۋاتقىنى بىر تىرىك ئادەمغۇ، بەلكى قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىمدا ماڭا ياردەملەشكەن، مەسىلەن، ماشىنام لايغا پېتىپ قالغاندا چاق ئاستىغا قوراي بېسىشىپ بەرگەن هارۋىكەشلەرنىڭ بىرىسىدۇر. كۆزۈمنى يولدىن ئۈزمەي تۇرۇپ ھەر خىل ئېھتىمالغا تاقابىل تۇرالايدىغان مۆتىدىل جاۋابتىن بىرنى ئويلاپ تاپتىم:

— بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ...

يولۇچى ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ماڭا چۈشەندۈرۈشكە ئالدىراۋاتامدۇ ياكى مېنىڭ ئۆزىنى بىر يەردە كۆرگەنلىكىمگە راستتىن ئىشەندىمۇ، ئىشقىلىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە تىترەپ تۇرغان پەس ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىغاندا، بېشىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئالدىمدىكى ئەينەككە خىرە ـ شىرە چۈشكەن شولىسىدىن كۆرۈپ تۇراتتىم.

— مەن ھېلىقى... مەن ھېلىقى...

«ماڭا ئالەمنى بەرگەن ئادەم بولساڭمۇ گېپىڭنى تېزرەك تۈگەتكىن، مېنى تولا گەپكە تۇتۇپ ئاۋارە قىلمىغىن» دېدىم ئىچىمدە.

— مەن ھېلىقى... ئالتە يىل بۇرۇن دەل بۈگۈنكىدەك قىش كۈنىدە قارىياغاچ يېنىدىن ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇۋالغان كىيسەل كىشى...

ئۇنىڭ باشتا داۋانغا يامىشىۋاتقان چاغدىكى ماتور ئاۋازىدەك ئاستا، كېيىن داۋاندىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان چاغدىكى ماتور ئاۋازىدەك تېز ئېيتىلغان سۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدىم. نەزىرىمنى بىر دەقىقە يولدىن يۇلۇۋېلىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھامماللىنىڭ

ئۆز گەجگىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىنكى نەزىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرغان يولۇچىغا قاراپ چىقتىم . مانا ، ئېسىمدە ھېلىغىچە ساقلىنىپ تۇرغان بەلگە — ئۇزۇن تۈكى بار قارا مەڭ ! دەل سول قۇلىقىنىڭ كەينىدە . مەن تاتىر ماشىنىنىڭ ئاۋازىدەك گۇركىرىدىم :

— ھە ؟ شۇ سەنمىدىڭ ! ؟

مېڭەمدىن تۇتۇن ئۆرلەپ كەتتى . تۇنجى قېتىمقى ئالدىنىشنىڭ ئاچچىقى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئەخمەق قىلىنىشنىڭ خورلۇقى ئايىغلىرىمغا تەسىر قىلدى بولغاي ، ماشىنىنى غاچچىدە تورمۇزلىدىم :

— ھوي ئىپلاس ئوغرى ، لەنتى ئالدامچى ، مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ ؟ ! قېنى ، تىرىك قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرەي !

— ئۇ... ئۇستام ، مەن مانا سىلىنىڭ ئالقانلىرىدا ، تىللىسىلىمۇ ، ئۇرسىلىمۇ ئىختىيارلىرى ، مىجىۋەتسىلىمۇ ماڭا ھەرگىز ئۇۋال بولمايدۇ ، مەن شەرمەندە...

شۇ تاپتا ئۇنى قولۇم بىلەن ئۇرسام ئاچچىقىم چىقمايتتى . ئەدىپىنى ئوبدانراق بېرەي دېسەم ، يېنىمدا روكاياتكىمۇ تەييار ئىدى . بىراق ، كىچىكىمدىن دادامغا ئەگىشىپ قوشقا چىققىنىمدا ئۆكۈزنىڭ ساغرىسىغا تەگكەن ھەر تال چىۋىقنى خۇددى يۈزۈمگە تەگكەندەكلا ھېس قىلىدىغان مەن ، روكاياتكا بىلەن ئەمەس ، پەقەت مۇشتۇمۇم بىلەنلا ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن قولۇمنى كۆتۈردۈم . بىراق ، كۆتۈرگەن قولۇم غايىبتىن كەلگەن كۈچ تەرىپىدىن تۇسۇۋېلىنغاندەك ھاۋادىلا ئېسىلىپ قالدى . ئەيىبكارنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى . تارامالاپ ئېقىشقا تەييار تۇرغان ياش ئۇنىڭ ئېغىر كېسەلدىن ئەمدىلا ساقايغان ، ئەمما كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى تېخى تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن ئاجىزلارنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزلىرىنى لىق تولدۇرغانىدى .



www.uyghurkitap.com

ئۇ بەلكى خۇپسەنلىك قىلىۋاتىدىغاندۇ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى كەچۈرگۈسىز گۇناھى ۋە ھازىرقى خۇپسەنلىكى ئۇچۇن تازا دۇمبالاپ، مۇشۇ چۆلگىلا تاشلاپ كېتىشكە توغرا كېلىدىغاندۇ، بىراق مېنىڭ نەزىرىمدە ياش تۆكۈپ تۇرغان بەندىنى ئۇرۇش، ئەركىلەپ تۇرغان ئىتنى دۇمبالاش ئانچە مەردلىك ھېسابلانمايتتى. مەن قولۇمنى ئاستا يىغىۋالدىم ۋە ئۇرغاندىن كۆرە ھېلىقى يەرگە... ئۇدۇللا ئاپىرىپ بېرىش ياخشىراق، دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

مايىنى قاتتىق بېسىپ، خوتنى ئۇچىنچىدىن تۆتىنچىگە چىقاردىم، ئەمدى تۇخۇمدەك ـ تۇخۇمدەك تاشلار بىلەن تولغان پايانسىز سايىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ماي يولدا بەشىنچى خوت بىلەن ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتىم. ئالدىمدىنمۇ، كەينىمدىنمۇ ماشىنا كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھال ماڭا يېنىمدىكى يولۇچى بىلەن باغلىنىشلىق كەچۈرمىشلەرنى مېڭەمدىن ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى...

بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇنقى قىش كۈنى، ھاۋا بۇگۈنكىدەك تۇتۇق، بۇگۈنكىدەك سوغۇق ئىدى. پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئىزناسى قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاران ـ ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان چاغدا باياتىنقى بازاردىن ئۆتتۇم. يېنىك تۇمانلار ئارىسىدا تۇرغان ھېلىقى قارىياغاچقا يېقىنلىشىپ قالغان چېغىمدا، كۆزۈمگە تۇساتتىن بىر قارا نەرسە كۆرۈندى. شۇ ھامان سۇرئەتنى ئاستىلاتتىم ـ دە، ھېلىقى قارا نەرسىگە سىنچىلاپ قاراپ باقتىم. يالغۇز قارىياغاچنىڭ يېنىدا تۇرغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، بىر ئادەم بولۇپ چىقتى. بازار بىلەن خېلىلا ئۇزۇلۇش بولغان بۇ سايىدا يېگانە بىر ئادەمنىڭ تۇرغىنىدىن ئەجەبلەندىممۇ ياكى قىزىقسىندىممۇ، ماشىنىنى توختاتتىم ۋە ماتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەيلا يەرگە چۈشۈپ ھېلىقى ئادەمگە يېقىنلاشتىم. ئوتتۇرا ياشلاردىكى بۇ ئەر كىشى بېشىغا تىتىلىپ كەتكەن تېرە تۇماق، ئۇچىسىغا ئاشلانغان ياكى ئاشلانمىغان تېرىدىن تىكىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان يىرتىق جۇۋا، پۇتىغا

قونچى كېسۋېتىلگەن كونا پىيما كىيىۋالغانىدى . ياڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ تۇرغان يۈزىنى بىنەمدە قالايمىقان ئۆسۈپ كەتكەن چاتقاللاردەك سېرىق ساقال بېسىپ كەتكەنىدى. تونچە ياقىلىق كۆڭلىكىنىڭ ماشىنا سۈرتىدىغان ماتادەك ياغلىشىپ كەتكەن ياقىسى تۈكى چۈشۈپ كەتكەن ياغاق تېرە ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ ئۆز يېنىدا ماشىنا توختىغانلىقىنى ۋە بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا كەلگەنلىكىنى تۇيمىغاندەك ، ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى ھەدەپ باسقىنىچە ئېگىلىپ تۇراتتى . بەزىدە تولغىنىپ ئىڭراپ قوياتتى . مەن بىچارە ئادەمنىڭ ئەلەملىك ئىڭرىشىغا چىداپ تۇرالمىدىم . ئىنسان بولۇپ تۆرەلگەن ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان بولۇپ تۇغۇلغان بىتەلەينى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان تەقدىرنى ئىچىمدە يۈز مىڭنى تىللىدىم ـ دە ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراشقا باشلىدىم :

— بىر يېرىڭلا ئاغرىمدۇ ؟

— ...

— بەلكى بىر ياققا بارىدىغانسىلە ، ئۆيۈڭلار قاياقتا ؟

— ...

ناتونۇش كىشىدىن جاۋاب چىقمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ئېچىنىشلىق ئىڭرىشى ۋە توختىماي تولغىنىشى ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى . ئۇنى بارىدىغان يېرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى . جاۋابسىز قالغان سوئاللىرىمنىڭ ئارىسىدا ، ئۇنىڭ باش ئىشارىسىدىن مەن كېتىۋاتقان تەرەپكە قىلىنغان ئىمانى ئارانلا ئىلغا قىلالىدىم ـ دە ، ئاۋايلاپ يۆلەپ كابىنكىغا ئاچىقتىم...

— ئۇستام ئالدىلىرىدا يۈزۈم يوق ، بولماس ئىش قىلىپ قويدۇم ، تىللىسىلىمۇ ، ئۇرسىلىمۇ...

خىيالىم مۇشۇ يەرگە يەتكەندە ، يېنىمدىكى ئالدامچىغا يەنە زۇۋان كىرىپ قالدى . ئۇ ئەمدى تىترەۋاتقان قوللىرىنى

ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىغانىدى . ئەسلىدە شۇ قېتىمقى ئالدانغانلىقىمنى ۋە ئالدىنىش جەريانىمنى ئەسلەشنى ياخشى كۆرمەيتتىم . ئاشۇ جەريان قاچانكى خىيالىمغا كىرىپ كەلسە ، ئۇنى دەرھال ھەيدەشكە ئۇرۇناتتىم ، بۈگۈن بولسا نەپرەتلىك كەچمىشلەرنى ئەسلىگۈم كېلىپلا كەتتى ۋە يولۇچىغا «خىيالىمنى بۆلۈپ نېمە قىلىسەن » دېگەندەك قىلىپ ھومىيىپ قويدۇم . ئىتتىك كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ چاقلىرى كىچىكرەك بىر كاتاڭغا دۈچ كېلىپ قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى . يولۇچى مېنى ماشىنىنى قەستەن سەكرىتىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ، قوللىرىنى چۈشۈرۈپ سۆزدىن توختىدى .

— شۇ كۈنى كېسەل يولۇچىنى ئازابلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ماشىنىنى سۇ يۈزىدىكى كېمىدەك سىلىق ھەيدەپ ، يەنە بىر بازارغا يېتىپ كەلدىم . قورسىقىممۇ ئانچە ئېچىپ كەتمىگەنىدى . بىراق كېسەلچۇ ؟ ئۇ ئاز - تولا بىر نەرسە يەۋېلىشى ، ئىسسىۋېلىشى كېرەك - دە ! كېسەلنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي دەپ ، ماشىنىنى يول بويىدا توختىتىپ قويۇپ ئاشخانىغا ئۆزۈملا كىرىپ كەتتىم . ئارىدىن كۆپ ئۆتسە بىر چاي قايىنىغانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندۇ ، تۆت - بەش غۇلاچچە كېلىدىغان ئۆچىرەتنى تۈگىتىپ ، ماشىنىدا بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان كۈرۈشكا بىلەن سۇيۇقئاش ئېلىپ قايتىپ كېلىپلا ھەيرانۇھەس قالدىم . كابىنكىدا كېسەل يولۇچى كۆرۈنمەيتتى . بېشىغا قويۇپ بەرگەن ئەسكى چاپىنىم بىر چەتتە تۇراتتى . «ئاپلا ! — دېدىم مەن ئىچىمدە ، — بۇ بىچارە پۇل سورىشىمدىن قورقۇپ چۈشۈپ كەتكەنمىدۇ ؟ پۇل ئالمايدىغانلىقىمنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئەسكەرتمىگەندىمەن ؟ ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدىغۇ ؟ » تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇنى ئىزدەپ باقتىم ، بىراق ، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم . ئاخىر : ئۆيى بەلكى مۇشۇ يېقىندا بولسا كېرەك ياكى بىرەر تۇغقانلىرى ، تونۇش - بىلىشلىرى كېلىپ ئېلىپ كەتكەندۇ ، دېگەن قىياس بىلەن ئۆزۈمنى قانائەتلەندۈرۈپ ،

www.uyghurkitap.com

يولۇمنى داۋام ئەتتىم .

ماشىنا يەنە بىر تاشتىن سەكرەپ ئۆتتى .

— جېنىم ئۇستام ، ئادەم بالىسى دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمىكەن ، مەن ئۇ چاغدا...

— ھە ، ھە ! بىلىمەن ، سەن خام سۈت ئەمگەن نېمە، شۇنداقمۇ ؟

ماشىنىنىڭ جالاقلىغان ئاۋازىدىنمۇ ئۇنلۇكرەك زەردە قىلىپ ، ئۇنى جىمىقتۇرۇپ خىيالىمنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردىم...

چىراغ ياققۇدەك قاراڭغۇ چۈشكەندە ، تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتىم . تاغ يولى ناھايىتى ئوسال ئىدى . ماشىنىنىڭ بىر يەرلىرى يەرنى سىجاپ ئۆتىدىغان ئېگىز ـ پەس يوللاردا ، ھېلىلا بىر توقايدىن جىددىي بۇرۇلساڭ ، ئالدىڭدا يەنە بىر توقاي پەيدا بولاتتى . رولنى بىردەم ئوڭغا ، بىردەم سولغا ئايلاندۇرۇپ توقايلارنى ئەمدىلا تۈگەتسەڭ يەنە 45 گرادۇسلۇق پادىيوملار سوزۇلۇپ ياتاتتى . بۇنداق پادىيوملاردىن خۇددى چوجىگە ئېتىلغان ساردەك پەسكە شۇڭغۇپ ئاندىن يەنە بۇلۇتلارغا سوزۇلغان يول بىلەن دۆڭگە يامىششقا توغرا كېلەتتى . تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ئالاھازەل 15 كىلومېتىرچە ماڭغان چېغىمدا ، تېز سۈرئەت بىلەن كېلىۋېتىپ بىر كاتاڭدىن شۇنداق ئاتلىۋىدىم ، بىر مېتىرچە ئېگىزلىككە قاڭقىپ چىققان ماشىنا چاقلىرى يەرگە تېگىشىگىلا ئۇستىخانلىرىم ئۇگە ـ ئۇگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەك چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى . ئاغرىققۇ مەيلى ، ھېلىلا تۈز كېتىۋاتقان ماشىنا خۇددى دەلدۈش ئادەمدەك ئوڭ تەرەپكە قىيسىيىشقا ، رولمۇ ئوڭغا سۆرەشكە باشلىدى . بۇ ئالامەتلەر چاقنىڭ يېلى قاچقانلىقىدىن بېشارەت ئىدى . ماشىنىنى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇققا تارتىپ توختاتتىم ۋە كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشتۈم . بۇ پېشكەلچىلىكنى قارىمامدىغان ، ئارقا ئوقنىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى چاق خۇددى شاپتۇلدەك ئېزىلىپ كېتىپتۇ . زاپاس چاقنىمۇ ئىككى كۈن بۇرۇن

دەل ئــاشۇ چاقنىڭ يېنىغا سەپلەپ بولغانىدىم . بىردىنبىر چارە تېــشــىلــگــەن چــاقــنــى چــىقىرىۋېلىپ ياماشلا ئىدى . بېشىمنى قاشلىغىنىمچە دامكراتقا قول ئۇزاتتىم . بىراق ، ياردەمچى شوپۇر ئــولــتــۇرــدىــغان ئورۇننىڭ ئالدىغىلا تاشلاپ قويۇلغان دامكرات كۆرۈنمىدى . ئورۇندۇقلارنىڭ ئاستىنى ، ئارقىسىنى قاراشتۇرۇپ باقتىم ، ئۇ يەردىنمۇ تاپالمىدىم ، ھەتتا ماشىنىنىڭ كوزۇپىدىكى سېمونت خالتىلىرىنىڭ ئارىسىغىمۇ قارىدىم . دامكراتلا ئەمەس ، كونا سومكىغا قاچىلانغان سايمانلىرىممۇ يوقالغانىدى . بۇ نەرسىلەر-نى نەدىمۇ قويغاندىمەن ؟ نەدىمۇ قوياتتىم ، ئون نەچچە يىلدىن بېرى بــىــرلا يەردە — كابىنكىنىڭ ئىچىدە قوياتتىمغۇ ؟ ! يەنە كېلىپ ھېلىقى كىچىك بازاردا كۆزۈمگە چېلىقمىۋىدىغۇ ؟ كاللامغا توساتتىن بــىــر جــاۋاب كىرىپ كەلگەندە كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى ! دامكرات ۋە سايمانلىرىم مەن ئىچ ئاغرىتقان ھېلىقى كېسەل يولۇچى تەرىپىدىن ئوغرىلانغانىدى !...

مــاشــىــنا ساي يولىدا بىر خىل سۈرئەتتە كېتىپ باراتتى . ئــالــدىمدىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان هارۋىلارغا قارىتىپ بەرگەن سىگنالدىن كېيىن ، يولۇچى يەنە سۆزگە كىرىشىپ كەتتى :

— دامكراتنى ، سايمانلارنى... مەن...

— ھــە بــىــلــىــمــەن ، دېمىسەڭمۇ بىلىمەن ، ئۇلارنى سەن ئوغرىلىغان !

يولۇچىغا يەنە بىر قېتىم ھومىيىپ ، خىيالىمنى بۆلۈۋەتكىنىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردۈم...

تاغ ئىچىدىكى سوغۇق تاغ سىرتىدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە قــاتــتىق ئىدى . مەن شۇمشەيگىنىمچە يولدىن بىرەر ماشىنىنىڭ ئۆتۈپ قېلىشىنى ۋە شەپقەتلىك شوپۇردىن دامكرات ھەم شىلىملىق رېــزــىنكە تىلەپ چاقنى ياماۋېلىشنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم . سۆڭەك - سۆڭىكىمدىن ئۆتۈشكە باشلىغان سوغۇقتىن جاقىلداپ تىترەپ كەتكىنىمدىلا ، ماتورنىڭ سۈيىنى قويۇۋەتمەيدىغان بولسام

رادىياتورنىڭ كېرەكتىن چىقىدىغانلىقى يادىمدىن كەچتى . سۇنى قويۇپلىۋەتسەم ، بۇ تاغدىن نەدىمۇ سۇ تاپالايتتىم ؟ ئەگەر رادىياتورنى تـوڭلاتمايمەن ، دېسەم ماتورنى ئاستا ھەرىكەتلەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى . ئەگەر تەقدىر مەن بىلەن قېرىشىپ ئىككى ـ ئۈچ سـائەتكىچە ماشىنا كەلمەي قويسا ، باكتىكى ئالدىنقى بېكەتكىچە يېتىش مۆلچەرلەنگەن ئاخىرقى ماينىمۇ تۈگـىتىپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدى . شۇ تەرزدە ئۇياق ـ بۇياققا تەلمۈرۈپ يۈرۈپ تاڭ ئاتاي دەپمۇ قـالدى . سوغۇق ۋە ئۇيقۇسىزلىق تېنىمدىن ئاخىرقى ماغدۇرنى تۈگـىتەي دەپ قالغاندا ، كەينىمدىن بىر ماشىنا كەلدى . ھەرقانداق خەتەرنىمۇ قايرىپ قويۇپ ماشىنىنى توسۇۋالدىم ـ دە ، غۇدۇراپ تۇرغان شوپۇردىن لازىملىق نەرسىلەرنى سورىۋېلىپ ، چاقنى ياماپ تەق قىلدىم...

ماتورنىڭ ئاستىغا ئەسكى لاتىلار بىلەن بىر ھازا ئوت يېقىپ ، شـۇنداق زىۋىت قىلىۋىدىم ، رادىياتورنىڭ كېرەكتىن چىققانلىقى مـەلـۇم بـولـدى . ئـەمـدى مـاشـىنامنى سۆرىتىپ ، رادىياتورنى ئوڭشايدىغان يەرگە ئېرىشىش زۆرۈر ئىدى . مەن بىر يۆنىلىشكە كېتىۋاتقان ماشىنىلارنى توسۇپمۇ باقتىم . بىراق ، بەزى شوپۇرلار يېـنىمدا توختاتتىيۇ ، بېشىنى چايقىشىپ يەنە مېڭىپ كېتەتتى . ئـېـگىز ـ پەس تاغ يولىدا تۆت تونىنا يۈك بېسىلغان ماشىنىنى ئادەتتىكى ماشىنىلارنىڭ سۆرەپ كېتەلمەسلىكى ئېنىقلا گەپ ئىدى .

ۋاقىت ئەتىسى كۈن چۈشكە يېقىنلاشتى . خۇدا مېنىڭ ھالىمغا ئـىـچــىــنى ئاغرىتتى بولغاي — كەينىمدىن كەلگەن «خۇاڭخې» ماشىنىنىڭ شوپۇرى بىر تاغار يالۋۇرۇشلاردىن كېيىن تەلىپىمگە ئـاران كـۆنـدى . ئـون نـەچچە يىللىق شوپۇرلۇق ھاياتىمدا ئۆز مـاشـىـنـامـنىڭ تۈمشۇقىنى تۇنجى قېتىم ئۆزگە ماشىنىلارنىڭ قۇيرۇقىغا چاتتىم...

شـۇ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە تارتقان جاپا ۋە ۋاپادىن تاپقان نېسىۋەم ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ . مەن شۇ چاغدىلا ھېلىقى

تۈزكور ئوغرىنى تېپىۋالسام چايناپ پۇركۇۋېتىمەن ، دەپ قەسەم قىلغىنىمدىن بۇيان ئالتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ . نىيىتىمگە يارىشا ، ئۇنى ئىزدىدىم ، مېنى ئەخمەق قىلغان بېشەم يولۇچىغا قىياپەت جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدىغان كىشى كۆرۈنسىلا گۇمان قىلىپ يۈردۈم ، ئەمما ئۇ تېپىلمىدى . مانا هازىر «ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ» دېگەندەك ، مەن ئىزدىگەن گۇناھكار ئۆزى كېلىپ ، يېنىمدىلا ياندىشىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنى ئۇرمىغاندىمۇ ، ئۇدۇللا هېلىقى يەرگە ئاپىرىپ بېرىش كېرەك .

ۋاكۇئۇم چىراغنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بىلەن يورۇتۇلغان سۇس قارا ، تۇپتۇز يول ماشىنا چاقلىرى ئاستىغا تاشلانماقتا . يولنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولغان ساي چاشقانلىرى گاهى - گاهىدا ئالدىمدىلا پەيدا بولۇپ بىر پەس مەڭدەپ قېلىشاتتى - دە ، ئۆزىنى خالىغان ياققا تاشلاپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشاتتى . ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ - تۆت ماشىنىدىن ئۆتۈپ كەتتىم . يېنىمدىكى يولۇچى ماڭا نېمىلەرنىدۇ چۈشەندۈرمەكچى بولغاندەك چۈشەندۈرىدىغان گېپىنى مۈشۈ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە بىراقلا دەۋالمىسا كۆڭلى زادى ئارام تاپمايدىغاندەك سۆزلىگىلى تۇردى :

— ئۇستام ، سىلىگە ئىككى ئېغىز ئۆزرەم بار ئىدى . مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يۈزى ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھەققى - هۆرمىتى ئۈچۈن...

بۇ دورەم ئۇنىڭغا هومايمىدىم ، قولى ئەگرى ئادەم تۇرۇقلۇق مۇسۇلمانچىلىقنى ۋە ئاتا - بوۋامنى شىپى كەلتۈرگىنىگە بىرئاز ئاچچىقىم كەلدىيۇ ، زىنھار تېشىمغا چىقارمىدىم . چۈنكى ، يېنىمدىكى يولۇچىغا چېتىشلىق ئەسلىمىلەرنىڭ ئاخىرىغا يېتىشكە ئۈلگۈرگەنىدىم . ئۇ بىر خىل مۈڭ - زار ئولاشقان ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى :

— رەھمەتلىك دادامنىڭ قازا تاپقىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان

چاغلار ئىدى . مەن ۋە كېسەلچان ئانام كەنتنىڭ زاراتگاھلىقتا تۇتاشقان يېرىدىكى چىغلىقتا مەرھۇم دادام ئۆز قولى بىلەن سالغان چالما ئۆيدە تۇراتتۇق . ئۇ چاغلاردا دېھقانلارنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمىدى دەيلا ؟ يىل بويى دولقۇن قوزغاپ ، شورلۇق يەرلەرگە ئۈمۈچۈك توردەك زەيكەش قېزىۋەتسەكمۇ ، چىققان ھوسۇلنىڭ تايىنى بولمىدى ، پېشانىمىز شور پېتى قالىۋەردى . پاتىڭىدىكى قەرزلەر كۈنسېرى كۆپىيىۋەرگەن ئەزالارنىڭ بەزىسى ياقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشتى ، بەزىلىرى بېشىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشتى . مەن كېسەل ئانامنى ئېلىپ نەگىمۇ كېتەلەيتتىم ؟ كېتەي دېسەم كۆڭلۈممۇ ئۇنىمايتتى . مۇبادا كېتىپ قالسام دادامنىڭ بېشىنى كىم چۆرگىلەيدۇ ؟ ئۇنىڭ چىرىغىنى كىم ياندۇرىدۇ ؟ شۇ يىلى قىشتا ، ئانامنىڭ زىققە كېسىلى قوزغىلىپ ئۇنىڭ ئون جېنىدىن بىرىنى قويمىدى ، بارغانسېرى ئورۇقداپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپلا قالدى ، دوختۇر ياكى تېۋىپ چاقىراي دېسەم يانچۇقتا پۇلنىڭ تايىنى يوق . ساتا ـ ساتقۇلۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولدۇم . ئەترەتتىن شاپائەت تىلەپ باقتىم . ئۇ يەردىنمۇ قۇرۇق قول قايتتىم . ئۆيگە كەلسەم ئانام يۆتىلىپ كۆكىرىپ يېتىپتۇ . ئۇنىڭ سامانىدەك سارغىيىپ كەتكەن چىرايىغا شۇنداق قارىۋىدىم ، يۈرىكىمگە يىڭنە سانجىغاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم . دادامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى : «ئوغلۇم ، ئاناڭ سېنىڭ ھەممىتىڭگە ئامانەت قالدى . ئوبدان قارىغىن ، پەرزەنتلىك قەرزىڭنى ئادا قىل !» دېگەن ۋەسىيىتى قۇلىقىمغا قايتا ئاڭلاندى…

يېنىمدا ئولتۇرغان ئوغرىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغىنىغا بىرئاز ئەجەبلەندىم ۋە سۆزىنىڭ داۋامىغا قىزىقىپ ، سۈرئەتنى ئاستىلاتتىم .

— ئانامنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ، ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى . تەقدىرگە تەن بېرىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولسام ، ئۇ كۆز ئالدىمدىلا جان

ئۇزۇشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ چاغدا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە
ھەسرەت ـ نادامەتتە قالىدىغانلا گەپ . ئويلاۋەرگەنسېرى بېشىم
قاتتى ، يىغلاۋەرگەنسېرى كۆز يېشىم قانغا ئۆرۈلدى . ھەتتا ،
ئانامدىن بۇرۇنراق ئۆلۈشۈمنى تىلەپ ، ئۇ دۇنيانىڭ ئارزۇسىنىمۇ
قىلىپ باقتىم . ئاخىر بىر كۈنى ئانامنى يۈدۈپ ، تەۋەككۇل قىلىپ
دوختۇرخانىغا ئاپاردىم . بۇ قوشنىلار ماڭا كۆرسەتكەن ئەقىل
ئىدى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا
دېھقانلارنى ھەقسىز داۋالارمىش . پەمىمچە ئانام ئەنە شۇنداق
داۋالىنىش شەرتىگە تامامەن توشاتتى ، چۈنكى بىزمۇ نامرات
ئەمەسمۇ ؟ بىراق ، ئىش ئويلىغان يەردىن چىقمىدى . دوختۇر
بوينىغا ئېسىۋالغان بىرنېمىسى بىلەن ئانامنى تەكشۈرۈپ ، كېسىلى
خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ، ياتقۇزۇپ داۋالاشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى
ئېيتتى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، كەمبەغەللەرگىمۇ ئالدى بىلەن
رەسمىيەت پۇلى تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن . باشلىقىغا يالۋۇرۇپ
كالپۇكۇممۇ ئۇپراپ كەتتى . بىرمۇنچە ھەش ـ پەشلەردىن كېيىن
ئۇلار ئانامنى ۋاقىتىنچە داۋالاشقا كۆندىيۇ ، ئەتىسى ئەتىگەندە پۇلنى
تاپشۇرمىسام يەنە قايتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى ! ئىلاجسىز
ئانامنى دوختۇرلارنىڭ ئىنسابىغا تاپشۇرۇپ ، پۇل ئىزدەش ئۈچۈن
تۈشمۇتۈشتا قاتراشقا باشلىدىم . شۇ كۈنلەردە يېنىمدا بىرئاز پۇلى
بار دەپ جەزم قىلغىلى بولىدىغىنى بازاردا ئولتۇرۇشلۇق بىر
تۆمۈرچى ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دادا تەرەپتىن بىزگە ھۆل
يەرنىڭ نېمىدەك تۇغقان كېلەتتى . ئاخىرقى ئۈمىدىمنى تۆمۈرچىگە
باغلاپ ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم . تۆمۈرچىنىڭ كۆڭلى ئۆزى
سوقۇۋاتقان تۆمۈردەك قاتتىق ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي ، قەرز
سوراپ كىرگىنىمنى ئاڭلاپلا نامراتلىقنىڭ دەردىنى سۆزلەپ
بەردى . چىقىپ كېتەي دەپ تۇراتتىم ، ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك
قىلىپ ، پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى ئۆگىتىپ قويدى . شۇ كۈنى
چۈشتىن كېيىن توختىتىپ قويغان ماشىنىلارنىڭ ئارىسىغا
كىردىم ـ دە ، ئۆمىلەپ بېرىپ بىر ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا چىقىپ ،

بىر قاتلام يېڭى برىزېنت گىلەمنى سۆرەپ چۈشتۈم...
گىلەم ئوغرىلىغىنىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، نېمىشقىدۇر ئاچچىقىم كەلمەي قويدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئوخشاشلا يامان ئىشقۇ، مۇنداق يامان قىلىقتا ئەلۋەتتە غەزەپلىنىشىم كېرەك ئىدىغۇ؟
— شۇ موھتاجلىقتا، شۇ تەڭلىكتە تۇنجى قېتىم ئەڭ ئىپلاس، ئەڭ يىرگىنىشلىك، قورقۇنچلۇق يولغا قەدەم تاشلىدىم. تۆمۈرچىدىن شۇ ئىپلاسلىقىم بەدىلىگە ئالغان پۇل ئانامنى بەش كۈن داۋالىتىشقا ئاران يەتتى. ئەلۋەتتە، مەن بۇرۇن ئوغرى ئەمەس ئىدىم. ئوغرىلىق قىلىشنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ پەسكەش ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، شۇڭا ھەر كۈنى شۇ پەسكەشلىكىمنىڭ ئازابىدا يۈرىكىم ئوتقا قاقلىغاندەك پۇچۇلىنىپ كېتەتتى. چۈشۈمدە بۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا قولىنى چېنەپ تۇرغان ئاتامنى، بەزىدە ساقچىلارنى كۆرۈپ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. مېنىڭ بۇ ئىپلاس قىلىقىم ئاخىرقى قېتىم كېسەل قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سايمانلىرىنى ئوغرىلاش بىلەن ئاخىرلاشتى...
— ھە، تۇتۇلدۇڭلىمۇ؟ سولاپ قويۇشتىمۇ؟ — مانا مەن ئەمدى ئۆزۈم يامان كۆرىدىغان يولۇچىنىڭ سۆزىگە ئىختىيارسىز ئارىلىشىشقا باشلىدىم. ئۇ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ ئۆيدە بۇرجەككە قىسىلىپ، تۈگىلىپ ياتقان قىياپەتتە كۆز ئالدىمغا كەلگەندە يۈرىكىم «جىغ» قىلىپمۇ قالدى.
— تۇتۇلمىدىم، ياق تۇتۇلمىدىم دېگىنىم نېمىسى، تۇتۇلۇپمۇ تازا چىڭ يەردىن تۇتۇلدۇم.
— قانچە ئۆزۈن سولاپ قويۇشتى؟ ئاناڭلىغا كىم قارىدى؟
— ئانامغا مەندىن بۆلەك كىم قارايدۇ دەيدىلا، تۇتۇلغىنىمدا دەل ئانامنىڭ ئۆزىگە تۇتۇلغانىدىم. ئانامنى دوختۇرخانىدىن كېسەل پېتى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن قولۇمغا ئىككىنچى قېتىم ئوغرىلانغان نەرسىلەردىن كىرگەن پۇلغا ئانامغا دورا ـ دەرمەك

ئەكېلىپ بېرىپ يۈردۈم . بەزىدە قىممەت بولسىمۇ تۆت سەر ـ يېرىم جىڭ گۆش سېتىۋېلىپ ، شورپىسىنى گېلىدىن ئۆتۈشچە ئىچۈرەتتىم . ئۇ بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالغان پۇل ھەققىدە ئىز ـ دىرەك قىلىپ قالغۇدەك بولسا ، كۆزۈمنى باشقا ياققا تىكىپ تۇرۇپ ئۆتنە ئالدىم ، دەپلا جاۋاب بېرەتتىم . ئاخىر «قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنىدۇ» دېگەندەك بولدى . بىر كۈنى كەچتە ، ئانام يەنە پۇل ھەققىدە سوراپ قالدى . كۆزۈمنى ئېپقېچىشقا ئۇلگۈرەلمەي ، قىلغان ئەسكىلىكلىرىمگە ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئىقرار كەلگىنىمدە ، ئانام تۇتۇپ تۇرغان دورا چىنىسى قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئىككى پارچە بولدى . ئاغزىدىكى تېخى يۇتۇپ بولالمىغان دورىنى تۈكۈرۈۋەتتى . ھۆكرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئانامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم ، لېكىن ئانام ئانا ـ بالىلىق مېھرىنى مەڭگۈلۈك مۇزلىتىۋەتكەندەك ، بېشىمنى سىلاپمۇ قويمىدى . كېيىن ئوغرىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچىپمۇ باقتىم . بىراق ئانام ھالال پۇل تېپىپ ئەكېلىپ بەرگەن دورىنىمۇ يېمەي قويدى . كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىشقا باشلىدى…

بایاتىن بېرى ماشىنا ئالدىغا تېز ـ تېز يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىستولبىلار ئەمدى ھېرىپ قالغاندەك ئاستىلاشقا باشلىدى . يولۇچى تاشلانغان جۇۋىسىنىڭ يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋاتقان ئارىلىقتا قىسمەت توغرىسىدا تۈز ، ساددا كىشىلەرنى يىلتىزى ئۈزۈلگەن قامغاقتەك يۈملىتىپ يۈرۈپ ، ئۆزى خالىغان گوداڭلارغا تاشلاپ ، دەرد ـ ئەلەمگە يەم قىلىپ بېرىدىغان تەقدىر ھەققىدە ئازراق ئويلى-نىۋالدىم . دېمىسىمۇ ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كەچۈرمىشلىرى يۈرىكىمنى ئامبۇردا قىسقاندەك مۇجۇشقا باشلىغانىدى . مەن ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدا يولۇچىغا خىتاب قىلدىم :

— ئاپلا ، ئىش راستتىنلا چاتاق بوپتۇ ، بىچارە مومايىنى ئەمدى نېمە دەپ ئىشەندۈرۈش مۇمكىن ؟ ئۇ دورا يېمىسە بولمايدىغۇ !

— راست ، ئانامنىڭ مەندىن قايتقان رايىنى ، مەندىن سوۋۇغان كۆڭلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئاسانغا چۈشمىدى .

www.uyghurkitap.com

ئۆز قىلمىشىم بېشىمغا قانداق كۈنلەرنى سالمىدى دەيدىلا !
يامان ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كەلگەندە ، ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى تۇتقان بارماقلىرىمنى چىشلەپ قان قىلىۋەتتىم . لېكىن ، يەيدىغان رىزقىمىز بار ئىكەن ، زامان تۈزىلىپ ، ئوغرىلىق قىلمايدىغانلىقىمغا ھەممە كىشى ئىشىنىدىغان كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى . ئەترەتتىن كۆتۈرە ئالغان يەرنى تېرىپ ، تۇنجى يىلىلا خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىم . ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە ئۆيلەنگۈچىلىك پۇل ئاشۇرۇۋالدىم . بىراق ، قورساق تويغان بىلەن كۆڭۈل تويمىسا ، يېگىنىڭ تېنىڭگە سىڭمەيدىكەن ، ئىچكىنىڭ چىرايىڭغا چىقمايدىكەن . ئوغرىلىق قىلمايمەن دەپ قەسەم ئىچتىم دېدىمغۇ ، ئوغرىلىققۇ قىلمىدىم ، ئوغرىلىق قىلىپ قويغىنىمنىڭ پۇشايمىنى مېنى جىمغۇر قىلىۋەتتى . بارا ـ بارا ئادەم يوق جايلاردىمۇ يۈزۈم قىزىشىدىغان ، ئۆزۈمنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم . ئاخىرىدا ئىككىنچى قېتىم قەسەم ئىچتىم . ئوغرىلانغۇچىلارنى رازى قىلىۋەتمىگۈچە ھەرگىز توختىمايمەن ، دېگەن نىيەتكە كەلدىم . مانا ئىككى يىل بولدى ئارام تاپماي ماشىنا توختىتىلغان مەيدانلارغا بارىمەن ، ماشىنىلارغا قاراپ چىقىمەن ، بەزى شوپۇرلاردىن بىر چاغلاردا مۇشۇ يەردە بىرەر نەرسە يوقىتىپ قويغان ـ قويمىغانلىقىنى سورايمەن .

— ماشىنا ماشىنىغا ئوخشايدۇ ، ئادەم ئادەمگە ئوخشايدۇ ، ئۇلارنى تېپىش ئەلۋەتتە تەسكە توختايدۇ ـ دە !

— تەسكە توختىشى تۇرغانلا گەپ ئىكەن ، بىراق كۆڭۈل تۇيىدىكەن . شۇ تەرىقىدە ئىزدەپ يۈرۈپ ، ئاخىر بىرىزىنت گىلەم يوقاتقان شوپۇرنى تېپىۋالدىم . ئوغرىلانغان نەرسىنى ئۆز باھاسىدا تۆلەپ بېرىپ كەچۈرۈم سورىدىم . ئۇ ھەتتا مېنى بىر شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى ، بۇنىڭدىن ھەرگىز خاپا بولمىدىم ، ئۇ شاپىلاق ماڭا شۇنچىلىك ھۇزۇر بېغىشلىدىكى ، شۇ شاپىلاق بىلەن يۈرەك يارام شىپا تاپقاندەك بولۇپ ، سەل يەڭگىللىشىپ قالدىم ، يۈزۈمنىڭ قىزىللىقىمۇ ئاز ـ تولا كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

ئالدىمىزدا پاكار ـ پاكار دەرەخلەر ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈشكە باشلىدى . كەينىمدىن سوزۇپ سىگنال بېرىپ كەلگەن ماشىنىنى ئالدىمغا ئۆتكۈزۈۋەتتىم ـ دە ، يولۇچۇمغا شاپىلاق سالغان ھېلىقى نائىنساپ شوپۇرنى ئاچچىق گەپلەر بىلەن تىللىۋەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم . يولۇچى مېنى ئېھتىمال ئۆزىنى تىللاۋاتىدۇ ، دەپ ئويلىدى بولغاي ، تىللىغىنىمدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندەك سۆزىنى داۋام ئەتتى :

— مېنى تىللىسىلىمۇ ، ھەتتا ئۇن شاپىلاق ئۇرۇۋەتسىلىمۇ ھەرگىز خاپا بولمايمەن . ھە ، بۈگۈن يەكشەنبە ئەمەسمۇ ، ھېلىقى بازارغا ئازراق سودىلىق قىلاي دەپ بېرىۋىدىم ، ئادىتىم بويىچە ماشىنىلارغا ، شوپۇرلارغا قاراپ ئۆتتۈم . ئۇستام ، ئىسسىق چىرايلىرى يادىمدا خۇددى سۈرەتتەك ساقلىنىپ قاپتىكەن ، سىلىنى كوچىدا كۆرۈپ قالدىم ـ دە ، ماشىنىلىرىنىڭ يېنىغىچە ئەگىشىپ كەلدىم . خۇداغا مىڭ شۈكۈر ، يانلىرىغا ئېلىۋالمىغان بولسىلا ، يەنە قاچانغىچە ئازاب چېكەتتىمكىنتاڭ !...

بىز قاتار دەرەخلەر ۋە كۆجۈم ئۆيلەر ئارىسىدىكى بازارغا كىرىپ كەلدۇق . كىنودىن تارقىشىۋاتقانلارمىكىن ، ئىككى ـ ئۈچتىن كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئاستا ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا ، يولۇچى ئىچ يانچۇقىدىن بەش يۈەنلىك پۇلدىن بىرقانچىنى چىقىرىپ ماڭا ئىككى قوللاپ ئۇزىتىپ تۇرۇپ ، يالۋۇرغان ئاھاڭدا دېدى :

— ئۇستام ، مانا بۇنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا ، بۇ ئوغرىلانغان نەرسىلەر ئۈچۈن تۆلەم .

ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدۇم . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئوغرىلانغان نەرسىلەر ئۈچۈن تۆلەنگەن تۆلەمنى تۇزۇت قىلماي قوبۇل قىلىشقا بولاتتى . يەنە كېلىپ ئۆز ۋاقتىدا يوقالغان سايمانلىرىنى تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئايلىق مائاشىم بىلەن كاماندىروپكا پۇلۇمنى پۈتۈنلەي سەرپ قىلغانىدىم . بىراق ، ھازىر يولۇچىنىڭ تەڭلىگەن پۇلىغا نېمە ئۈچۈندۇر قارىغۇم كەلمەيتتى . ماشىنىنى يول بويىغا تارتىپ تورمۇزلىشىمغىلا ،

يولۇچى پۇلنى ماڭا يەنە زورلاشقا باشلىدى .

— بۇ پۇلنى ئېلىپ قالسىلا ئۇستام ، مېنى بۇ يۈكتىن خالاس قىلىۋەتسىلە ، سىلىدىن بۇ ئالەم ـ ئۇ ئالەم رازى بولۇپ كېتەي .

— ياق ، ئۆزىڭىز خىراجەت قىلىڭ ، مەن ئۇنچە نائىنساپ كىشى ئەمەسمەن !

پۇلنى قوبۇل قىلمىغىنىمنى مېنى كەچۈرمەيۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىمۇ ئۇنىڭ كۆزىدە يەنە ياش ئەگىشكە باشلىدى . بۇ — گۇناھ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇۋا ، تۇۋىدىن كېيىنكى ئۈمىد ۋە ئىشقا ئاشمىغان ئۈمىدتىن كېيىنكى ئازاب نەشتىرى بىلەن زىبدىلەنگەن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان ياش ئىدى . يولۇچىنىڭ قوللىرى تىترەشكە باشلىدى . ئاستا ـ ئاستا بوشاپ كېتىۋاتقان بارماقلار ئارىسىدىكى پۇللار ئۆزلىرىگە ھېچكىمنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلمايۋاتقىنىغا خاپا بولغاندەك خالىغان ياققا چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى .

مەن بۇ تۆلەمنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق كېرەكلىكىنى يولۇچىنىڭ نەزىرىدىكى كەچۈرۈم قىلىنىش ياكى قىلىنماسلىق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەپ باقتىم . دۇنيادا ئۆزىنىڭ گۇناھىنى چىن دىلىدىن تونۇغان كىشىنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلماسلىقتىنمۇ يامانراق تاش يۈرەكلىك بولمىسا كېرەك . بۇنداق تۆۋىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇپمۇ ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا قوبۇل قىلمىساڭ ، بۇرۇنقى جىنايەتكار ئۆز غۇرۇرى بىلەن قىلچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ئالدىڭدا تىزلانغىنىدا ، ئۇنى دەرھال يۆلەپ تۇرغۇزمىساڭ ، توۋا يەنە جىنايەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن ، بۇنىڭ سەۋەبچىسى دەل سېنىڭ ئەخلاقسىزلىقىڭ . مەن ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلدىن بىرىنىلا سۇغۇرۇۋېلىپ ، ئۇنى ئىشەندۈرەلەيدىغان تەبىئىيلىك بىلەن مۇنداق دېدىم :

— مەن رازى ، سىزدىن راستتىنلا رازى ، مۇشۇ بىر تىزنى ئالسام كۇپايە ، قالدىسىنى ئۆزىڭىز خىراجەت قىلىڭ !

يولۇچىنىڭ كۆزىدىن كۈلكە ئۇرغۇپ چىقتى . كۆزلىرىنىڭ

ئەتراپىدا بولسا «بۇ كىشىنىڭ ئەمدى باشقىلارنىڭ ھەققىگە ئۆمۈرۋايەت قول ئۇزارتماسلىقىغا مانا بىز كېپىل» دەپ يايىسىمان سەپ تارتىپ تۇرغان قورۇقچىلاردەك بىرمۇنچە ئەگرى سىزىقلار پەيدا بولدى . بۇ ياشتىكىلەردە بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ، پەقەت ھېيتلىق ئالغان بالىلاردىلا بولىدىغان ساددا ، يېقىملىق كۈلكە ئۇنىڭ چىرايىدا ئۇيۇپ قالغانىدى .

— ئۇستام ، مېنى كەچۈردىلە ، شۇنداقمۇ ؟ مانا ئەمدى مەن ئوغرى ئەمەس ، سىلىگە يەنە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار . ئۇستام ، ئۆيۈم مانا مۇشۇ يەردىلا ، ئانام بوسۇغىدا مېنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ ، كۆپ ھايال قىلمايمەن ، بىرىپ بىر پىيالە چېيىمنى ئىچىپ ، مېنى يەنە بىر خۇش قىلىۋەتسىلە !

«ھە ، ئۇنىڭ ئانىسى تېخى ھايات ئىكەن ـ دە !» دېدىم مەن ئىچىمدە . يولۇچۇمدىن ئانىسىنىڭ ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكى ھەققىدە سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىم سەۋەبىدىن كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان يوشۇرۇن ھازا بىردىنلا يوقالدى . توغرا ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قويۇش كېرەك ، مۇھىمى مومايىنى يوقلاپ قويۇش مۇھىم ـ دە !

ماشىنامنى يول بويىدا قويۇپ ، كېچىلىك كىچىك ماگىزىن ئالدىغا باردىم ـ دە ، تۆش يانچۇقۇمدىن ھېلىقى پۇلنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، ئىككى بولاق سۇتلۇك پېچىنە ۋە ئالما كونسېرۋاسى سېتىۋالدىم .

— يۈرۈڭ ئەمىسە .

يولۇچى كۈلۈمسىرىگەن پېتى ماڭا بىر پەس تىكىلدى ۋە دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان شوخ قوزىلاردەك تېتىكلىك بىلەن مېنى ئۆيى تەرەپكە باشلاپ ماڭدى .

1983 ـ يىلى ئۆكتەبىر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاينىڭ يېنىدا يۇلتۇز بار

ئومۇمىي كۆلىمى ئون كۋادرات مېتىرمۇ كەلمەيدىغان ئۆيدە تولۇپ ئولتۇرغان قىزلارنىڭ دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىلىرى، قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ تۇرىدىغان شوخ، تىنىق كۈلكىلىرى، مىجەزى ئېغىر ئادەمنىمۇ كۈلكىگە زورلايدىغان قىزىق چاقچاقلىرى ئەۋجىگە چىققان. بىراق، سورۇن ئەھلىنىڭ ئەتىۋارلىقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان گۈلسارەنىڭ بولسا چىرايىدا چۈشىنىش تەس بولغان بەزى ئالامەتلەر كۆرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ خېنىسىز بارماقلىرىدا ئەترەڭ پلاتىنىنىڭ تۈۋەنكى تۈگمىسىنى ھەدەپ پىرقىرىتاتتى. سىركۈل بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ سىزىلغان چەمبەردەك يۇمىلاق، ئاقپىشماق يۈزى سەل ـ پەل قىزارغان، مەزگىلسىز ئۇششۇكنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ياپراقتەك نۇر قاچقان كۆزلىرىدە ھارغىنلىقمۇ، ئۇيقۇسىزلىقمۇ ھېچ ئوخشىمايدىغان بىر خىل مەيۈسلۈك ئۇيۇپ قالغانىدى.

ئۇ گەپدان ۋە چاققان قىزلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ھالدا ئولتۇرۇشنى ئەلۋەتتە خالىمايتتى. غۇرۇرنى ۋە جاسارىتىنى ئەڭ قورقۇنچلۇق دەپ قارايدىغان «چاقچاق» ئاتلىق ئەزرائىلنىڭ قولىدا قۇربان قىلىۋېتىشتىن بەكمۇ ھەزەر ئەيلەيتتى. باشقىسى تۇرۇپ تۇرسۇن، پەقەت گۈلسۇمنىڭ كۆزىگە ئويچان، جىمغۇرلۇق ھالىتى بىلەن چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ئۇ مېڭىسىگە تەكەللۇپسىز كىرىپ كېلىدىغان ئىتائەتسىز خىياللارنى بىرقانچە قېتىم ھەيدەپ باقتى. ئۇيقۇسىزلىق ۋە ياكى خاتىرجەمسىزلىك ئازابىدىن تولا زارلانغان بىتاپلارغا دوختۇرنىڭ «تولا ئويلانماڭ» دەپ مەسلىھەت بېرىشى، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا بەكمۇ كۈلكىلىك،

بۇنداق مەسلىھەتنىڭ كۆلكىلىكلىكىنى گۇلسارەنىڭ مۇشۇ ئەھۋالى بىلەن تامامەن ئىسپاتلاش مۇمكىنكى ، ئاخىر ئۇنىڭ ئۆز غۇرۇرى بىلەن مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىنغان ئېھتىيات سىزىقى يوقىغانسىز خىيالىلارنىڭ شەپقەتسىز ھۇجۇمى بىلەن پۈتۈنلەي بۆسۈپ تاشلانغانىدى . ئۇ مېڭىسىنى خىيالنىڭ ئىستىبلاسىدىن تامامەن ئازاد قىلماقچى بولۇپ ، كېتىۋاتقان چاقچاقلارغا زورى بىلەن ئارىلىشىپمۇ قۇۋۋىتىيۇ ، ئەمدى ھېچنېمىنى ئويلىمايۋاتىمەن ، دەپ قانائەت ھاسىل قىلغىنىدا بولسا كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ئەگىپ يۈرگەن بولاتتى . گۇلسارە خىيال بىلەن بەند بولۇۋېرىپ تۈۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ياكى تىنىمسىز شامالنىڭ كۈچى بىلەن ھاۋادا لەيلەۋاتقان بىر تال پەيدەك ھالغا يەتكىنىدە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىلەرنى — كۈلكىلەرنى ، شاۋقۇنلارنى ، زۆھرەنىڭ تويى بولۇپ تۈيۈلۈۋاتقان رېئاللىقنى «بەلكى بۇ چۈشۈمدۇ» دەپ ئويلاپ قالاتتى . ئۇ بۇلارنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى خالايتتى . ئەمما ، زۆھرەنىڭ نېمىلەرنىدۇر سوراپ قېلىشى ، تۈيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن كۈلكىلەرنىڭ قۇلىقىغا پارتلاش ئاۋازىدەك تەسىر قىلىشلىرى بۇ خاھىشنى تامامەن يوققا چىقىراتتى .

بىراق ، بۇ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس ئىدى . زۆھرەنىڭ راستتىنلا تويى بولۇۋاتاتتى .

بۇ ئۆي — زۆھرە بىلەن گۇلسارەنىڭ ئۈچ يىللىق قەدىناس ياتىقى ، قىز تەرەپنىڭ قىزلار ئۈچۈن ھازىرلىغان سورۇنى ئىدى . تۇرمۇش ئادىتىدە قىزلارنىڭ ياتلىق قىلىنىشىدىن ئىبارەت بۇنداق ئىشنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئەمدىلەتىن ئىشىنىشكە باشلىغان گۇلسارە قىز قولدىشى سالاھىيىتى بىلەن زۆھرەنىڭ يېنىدىلا ئولتۇراتتى .

— ئېچىلىپ ئولتۇرمامسەن قىز قولدىشى ، يا ئەمدى ياتاقتا يالغۇز قېلىشىڭدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟ تولا غەم قىلما ، قاچانكى ئەرنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ ساڭا شۇ چاغدا ئەر تېپىپ بېرىمىز ،

ئېچىلە، كۈلە! ئەنە قىزلار، گۈلسارە كۈلدى...

گۈلسۈم چاقچاق ئارقىلىق گۈلسارەنى كۈلكىگە زورلىدى. گۈلسارە ئۆز غۇرۇرىنى سۇندۇرغۇچى دەپ ھېسابلايدىغان «ئەر قەدرى» سۆزىنىڭ تېگىشلىك ئازابىنى ئاستىلا ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، بېپەرۋالىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «چاتاق يوق» دەپ قويماقچى بولدىيۇ، ئەمما بۇ گەپ ئۇنىڭ بوغۇزىدا تۇرۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇ گۈلسۈمنىڭ سەل چېقىرراق كەلگەن كۆزىگە ئادەتتىكىدەك قاراپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

گۈلسۈمنىڭ چاقچىقىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە راست گەپ ئورنىدا چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۇ دېگەندەك، گۈلسارە ئۆز دوستىنىڭ تويىدا چىن كۆڭلىدىن كۈلۈشى، ئېچىلىشى كېرەك ئىدى.

تەقدىر، بار دېسىمۇ، يوق دېسىمۇ بولىدىغان نەرسە، ئەگەر بار دېيىلسە ئۇ شۇنداق قىزىق نەرسىكى، بەزىدە تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىشى ئۈچۈن ئاھ ـ ۋاھ دېگەنلەرگە، ھەتتا مەلۇم جىسمانىي ۋە مەنىۋى بەدەل تۆلىگەنلەرگە ئۆز مەرھەمىتىنى يىراق تۇتىدۇ، بەزىدە تەلەي ـ ئىقبال يولىدا تەقدىردىن ھېچ نەرسە تەمە قىلمىغانلارغىمۇ ئۇ شەپقىتىنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ. زۆھرە بىلەن گۈلسارەلەر تىرناقچىلىك تەمەسى بولغان تەقدىردىن خالىغىنىدىنمۇ ئارتۇقراق نېسىۋە ئالىدىغانلار قاتارىغا كىرەتتى.

ئىككىيلەن M ناھىيە بازىرىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچتى، بىر يەسلىدە چوڭ بولۇپ، ئوقۇشقىمۇ بىللە كىردى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندىمۇ بىر پارتىدا ئولتۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ ئېسىدە. ئىمتىھاندىن كېيىن بۇ «كىندىكى قوش»لارنىڭ بىر مەكتەپ، بىر فاكۇلتېتقا بۆلۈنگىنىچۇ تېخى!

ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن مىڭلارچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ چوڭ شەھەردە يالغۇزچىلىق دەردىنى تارتمىدى دېسىمۇ بولىدۇ، دەسلەپتە ئاتا ـ ئانىسىنى ياد ئېتىپ كۆز يېشى قىلىشقان قىزلار قاتارىدا بىر ـ ئىككى قېتىم بۇرۇنلىرىنى تارتىپ، كۆزلىرىنى

ئۈۋۈلۈشىپ باققان بولسىمۇ، قوشكېزەكلەردەك ئۆتكەن ئۆمۈر تارىخى ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا پاتلا كۆنۈپ كېتىشلىرى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك تەسەللى ئورنىدا خىزمەت قىلدى، بىرى قوش قەۋەتلىك كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە، بىرى ئاستىدا ماكان تۇتۇشتى. مەرھەمەتلىك سېخىي تەقدىرنىڭ شەكىلسىز تېرەكتەك يۆلىشى بىلەن ئوقۇشتىن كېيىن يەنە بىر ئورۇنغا تەقسىم قىلىندى. ئىشلەيدىغان ئىشى ئاز- تولا پەرق قىلىغان بىلەن بىر ياتاقتا تا مۇشۇ سائەتكىچە ئىككى يىل بىللە تۇرۇش نېسىپ بولدى.

— ۋاي قىزلار، يىگىت تەرەپ يولغا چىققانمىش!

بىر قىز ئىشىكنى ئىتتىرگەن پېتى سىرتتىن ۋارقىراپ كىرىۋىدى، گۈلسۈم توم- توم قاشلىرىنى سۈزۈپ تۇرۇپ:

— بېشىڭنى يەيدىغان، نېمە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىسەن؟ پۈتۈشكەن ۋاقىتقا خېلى بارغۇ تېخى! — دېدى.

— سىلەرنى سەگەكرەك تۇرسۇن دەيمىنا، — دېدى ھېلىقى قىز كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتتە، ئۇ ئۆز قىياسىنى راست قىلىپ ئېيتىپ سالغان ئەيىبىنى باشقا بىر قىزىقچىلىق بىلەن ياپماقچى بولۇپ گۈلسارەدىن سورىدى، — قېنى قىز قولدىشى زۆھرەنى يىگىتلەرگە ئاسانلا قوشۇپ بېرەمدۇق؟

ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەرگە ئۇزۇن قاراپ تۇرۇشقا پېتىنالمىغان گۈلسارە كۆڭلىدىكىنى ئۆز پېتىچىلا ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى.

— ئەمىسە قانداق قوشۇپ بېرەتتۇق؟ زۆھرەچە بولسا يىگىتنىڭ ئۆيىگە ھازىرلا كەتسە بولاتتى- دە!

زۆھرەگە ئوخشاشلا قىزلارنىڭ ھەنىۋاسى گۈلسارەنىڭ بۇ سۆزىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىپ پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈشتى، بىراق گۈلسارەنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى.

زۆھرەنىڭ توي قىلىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ قىز قولدىشى بولۇپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئالدىنقى كۈنى ئەتىگىنى زۆھرەنىڭ ئۆز



www.uyghurkitap.com

ئاغزىدىن ئاڭلىغان گۈلسارە دەماللىقا بىرنېمە دەپ جاۋاب بېرەلمىدى. بۇ يېڭىلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈتكەن ۋە كۈتمىگەن يەردىن چىقتى. ئۇ زۆھرەنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قادىر بىلەن توي قىلىۋېلىشىغا ئىشىنەتتى. ئەمما، ۋاقتىنىڭ بۇنداق تېز بولۇشىنى خىيالىغا زادىلا كەلتۈرمىگەنىدى. تۇرمۇشنىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشتىن ئىبارەت باسقۇچىغا بەكمۇ بۇرۇن قەدەم تاشلىۋەتكىنى ئۈچۈن زۆھرەنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماقچى بولغان گۈلسارە شۇ باسقۇچ ھەققىدە ئۆزىمۇ تۈنجى قېتىم ئويلىنىپ قالدى ـ دە، «تەبرىكلەيمەن» دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

بىر يىلدىن كېيىنكى زۆھرە ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بەند ئىدى. ئۇ سەھەر تۇرۇۋېلىپ ئىس ـ تۈتەككە كۆمۈلگىنىچە ئوچاققا ئوت ياقاتتى. سۈتنىڭ قاينىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان بالا ئۇنىڭ قۇچىقىدا يىغلايتتى. چۈشلۈك ئارام ئېلىشمۇ ئاش ـ تاماق تەييارلاش، بالا بېقىش ھەلەكچىلىكى بىلەن ھارام ئىدى. كەچلىكى يۆگەك، لاتىلارنى يۇياتتى. ئىدارىدە ئىشقا كېچىككىنى ئۈچۈن تەنقىدلىنەتتى. قاتاردىن چۈشۈپ قالاتتى...

«توۋا، — دەيتتى گۈلسارە ئۆز ئىچىدە، — كىشىلەر ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ كىشەن بىلەن نېمە ئۈچۈن ئىختىيارەن ئۆزىنى چۈشەيدىغاندۇ؟» ئۇ يەنە مېڭىسىگە لاپ قىلىپ كىرىپ كەلگەن ئۆلچەم بويىچە پۈتكۈل ھاياتىنى ئۆلچەيتتى: «ۋاقىت ئۆتىۋېرىدىكەن. بىر يىل، بەش يىل... مەن يەنە ئون يىلدىن كېيىنمۇ بۇيتاق ئۆتەرمەنمۇ؟ بۇ كىشەن بىلەن چۈشەلمەي بولماسمىكىن؟»

گۈلسارە تا ھېلىغىچە تۇرمۇشقا ئالدىنقى نەزەر بىلەن قارايتتى. شۇڭىمۇ ئۇ زۆھرەنىڭ بىرمۇنچە تەرەپلىرىنى ياقتۇرمايتتى. ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا شاللاقلىق، ئۆزىنى تۇتالماسلىق بىلەن ئەيىبلەيتتى. يات جىنسىدىكىلەر بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشلىرىگە، ھەتتا ھاياسىزلىق بىلەن كۆز

www.uyghurkitap.com

بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناشلىرىغا ، سىياسىي جەھەتتىن خاملىقىغا نەپرەتلىنەتتى . شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ دوستلۇق تارىخى داغدىن خالىي ئەمەس ئىدى .

ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا كىچىككىنە بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى . گۈلسارە بىر كۈنى زۆھرەنىڭ مۇقاۋىسى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر قېلىن كىتابنى ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى . ئۇ دوستىنىڭ بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى بىلەن بۇلغىنىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپ يول قويالمايتتى . ئاخىر ئۇ زۆھرەنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى ، خاتالىقىنى يەڭ ئىچىدىلا ھەل قىلىۋەتمەكچى بولۇپ شەخسىي سۆھبەت ئېلىپ باردى . ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا گەپ باشلىدى :

— سېرىق كىتاب ئوقۇۋاتقىنىڭنى باشقىلار كۆرۈپ قالغان بولسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقاتتى . گەپ مۇشۇ يەردىلا قالسۇن دېسەڭ ، خاتالىقىڭنى تۈزىتىشكە ۋەدە بەر !

— قانداق خاتالىقكەن ؟ — زۆھرە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە گۈلسارەدىن سورىدى ، — كىتاب ئوقۇدۇم ، يەنە نېمە بوپتۇ ؟

— تېخى بىلمەمسەن ، بۇ سېرىق كىتاب !

— سېرىق دەپ كىم دەپتۇ ؟

— ...

گۈلسارە ھەرقانچە قىلىپمۇ زۆھرەنى قايىل قىلالمىدى . لېكىن ، ئۇ پرىنسىپتىن ۋاز كەچمەسلىككە ، دوستىنى ئۇزۇل - كېسىل قۇتقۇزۇۋېلىشقا بەل باغلىدى .

زۆھرە مەكتەپتە تۇرۇشلۇق تەشۋىقات ئەترىتى تەرىپىدىن ئۇچۇقدالغاندىن كېيىن ئىككىسى خېلى ۋاقىتقىچە ماي تارتىشىپ يۈردى . ئۇلارنىڭ بۇنداق چوقۇشۇپ قېلىشلىرىنى ۋە ياخشىلىنىشلىرىنى ئائىلىۋى يىلتىزدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى .

بىر ئىدارىنىڭ باشقا - باشقا بۆلۈملىرىدە ئىشلەيدىغان ، ئاتىلاشلارغا قارىغاندا كىچىكىدىن باشلاپلا ئاداش - ئاغىنە بولۇپ

چوڭ بولغان ئىككى ئاتا ئۇلار ئەقلىنى بىلگەن چاغلاردا بىر ـ بىرى بىلەن ئېپى كېلىشمەيدىغانلاردىن ئىدى . گۈلسارەنىڭ دادىسى ئۆز ئىشىنى تاشلاپ دۇمباق چېلىپ شوئار توۋلىغۇچى كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ يۈرەتتى . كېلىپ چىقىشى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ۋە ئىنقىلابىي شىجائىتى كەم دەپ قارالغان زۆھرەنىڭ دادىسى سىڭگەن نېنىنى يېيىشكە مەجبۇر ئىدى . بۇ ئىككىيلەن بەزى ـ بەزىدە تۇتۇشۇپمۇ قالاتتى . زۆھرە ۋە گۈلسارە ئاتىلىرىنىڭ مۇنازىرىلىرىگە ئادەتتە ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمەيتتى . ئۇلار بىر تەرەپتە بازار قىزىتسا ، بۇلار بىر تەرەپتە ئۆز ئويۇنلىرى بىلەن بەند بولىۋېرەتتى . پەقەت ئايىغى يوق مۇنازىرە ئەۋجىگە چىقىپ ، ئاتىلىرىنىڭ كەكە سېپىدەك كۆپۈپ چىققان گۈرەن تومۇرلىرى ، خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرى كۆزلىرىگە مانا مەن دەپ تاشلانغاندىلا ئويۇنلىرىنى تاشلاپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويۇشقا ئادەم چاقىرىش ئۈچۈن مۇنازىرىنىڭ مۇقامىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشاتتى .

ئاتا دېگەن بەربىر ئاتا ـ دە ! زۆھرەگە دادىسىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇقتەك تۇيۇلاتتى . گۈلسارەگە ئاتىسىنىڭ پاكىتلىرى تېخىمۇ ئورۇنلۇق تۇيۇلاتتى . بۇ بىر جۈپ ئۆسمۈر مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشتە ، ئويۇن ـ تاماشادا بىللە بولغان بىلەن ، يۈمران قەلبىدە يەنىلا ئۆز ئاتىلىرىنىڭ قاراشلىرىغا مۇناسىپ بىرنېمىلەر ئەكس ئېتىشكە باشلىدى .

بىر كۈنى ، گۈلسارە مەكتەپتىن بەكمۇ خۇشال قايتىپ كەلدى . ئۇ ئىشكتىن كىرە ـ كىرمەيلا قازان بېشىدىكى ئانىسىغا ۋە قىزىل تاشلىق كىتاب جۇمللىرىنى قىزىل قېرىنداش بىلەن سىزىپ ئولتۇرغان دادىسىغا ئالىقانچىلىك قىزىل لاتىنى كۆرسەتتى .

— قىزىم ، — دېدى گۈلسارەنىڭ كىچىككىنە قولىدىن يېتىلەپ تۆر تامدىكى سۈرەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ئاتىسى ، — بىز كەمبەغەل دېھقانىنىڭ ئەۋلادى ، كەمبەغەللەرنىڭ يۈرىكى مەڭگۈ قىزىل بولۇشى كېرەك . سېنىڭ «كىچىك قىزىل ئەسكەر»لىككە

www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلىنغانلىقىڭ قەلبى قىزىل بولۇشىنىڭ باشلىنىشى ، شۇڭا…

— دادا ، مېنىڭ يۈرىكىم ئەمدى قىزىلمۇ ؟

— شۇنداق ، بىراق تېخىمۇ قىزارتىش كېرەك .

— زۆھرەنىڭ يۈرىكىمۇ قىزىلمۇ ؟

ئاتىسى گۈلسارەگە كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ بىر قارىۋالدى ـ دە :

— بىرنېمە دېيىش تەس ، ئۇ ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئەۋلادى تۇرسا ، — دېدى .

— ئۇنداقتا ، — دېدى گۈلسارە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ ، — ئۇ دەرستە مەندىن ياخشىغۇ ؟

— ئۇ دادىسىنى دورىغان ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ دادىسى ئاۋازىنى ئۇرغۇلۇق چىقىرىپ ، — دەرستە ياخشى بولغانلىق قەلبى قىزىل بولغانلىقتا تەڭ ئەمەس !

— ھە ! ؟…

گۈلسارە شۇنىڭدىن كېيىن دەرس ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى ياخشى ئىش قىلىشقا سەرپ قىلىدىغان بولدى . ئۇ سىنىپ دېجورنىلىكىنى ئىختىيارى بىلەن ھەپتە ـ ھەپتىلەپ ئۈستىگە ئالاتتى . مەيدانلارنى سۈپۈرۈپ ، سۇ سېپەتتى ، ھاجەتخانىلارنى تازىلايتتى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىچىلەردە ياكى ئادەم يوق چاغلاردا ئورۇندالسىمۇ ، بىراق ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ نامى ئەتىسىلا پۈتۈن مەكتەپكە پۇر كېتەتتى .

گۈلسارە مەكتەپتىكى تەشۋىقات ئەترىتى تەرىپىدىن كۆنگە ئىككى قېتىم دېگۈدەك تەقدىرلىنىپ كۆككە ئۈچۈرۈلغانسېرى دەرستە چېكىنمەكتە ئىدى .

زۆھرە بىر قېتىم گۈلسارەگە ياخشى ئىش قىلىشنىڭمۇ ، دەرسنى پىششىق ئۆگىنىشنىڭمۇ ئوخشاشلا زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتىۋىدى ، دەرھال رەت قىلىشقا ئۈچرىدى ، «ھاللىق ئوتتۇرا دېھقاننىڭ پۇشتى» دېگەن سۆزدىن باشقىسى ئېيتىلدى .

كېيىنكى كۈنلەردە تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ مەكتەپتىن چىقىپ كېتىشى ۋە زۆھرەنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك قوللىشى ئارقىلىق ئۆگىنىش باشلىقلىقىغا سايلىنىشى گۈلسارەگە ئەلەم قىلماي قالمىدى . بىراق ، ئاتىسىنىڭ ھەر يوغان ـ ھەر يوغان قائىدىلەر بىلەن سۆزلىمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى بالىلاردا بولىدىغان ئاسان ھاياجانلىنىپ ، ئاسان پەسكارىغا چۈشىدىغان ئالاھىدىلىك رول ئوينىدىمۇ ، ئۇ زۆھرە بىلەن يەنە بىرگە بولىدىغان بولۇپ قالدى . بەزى قاراشلىرى ئۇۋاللىقتا ، بېسىمغا ئۇچراۋاتىدۇ ، دەپ قارىسىمۇ لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى .

— گۈلسارە ، پاتراق بىرنېمە دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگىن ، — دېدى گۈلسۈم قول سائىتىگە چېكىپ تۇرۇپ ، — مانا ھازىر ئۇلار كېلىپ قېلىشتى . مېنىڭچە يىگىتلەر كەلگۈچە ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋالايلى ، ئۇلار بىردەم ناخشا توۋلاشسۇن !

قىزلاردىن بىرى گۈلسۈمنىڭ پىكرىگە قارشى چىقتى :

— يىگىت تەرەپنىڭ سوۋغىسى قولىمىزغا تەگمىگۈچە ئاللا يارىمغا بىر كۈن توۋلاشسىمۇ زۆھرەنى چىقىرىپ بەرمەيمىز !

— مانا بۇ گەپ يارايدۇ ، — دېدى يەنە بىر قىز تېز ـ تېز سۆزلەپ ، — قېنى ، يىگىتنىڭ مەردلىكىنى بىر سىناپ كۆرمەمدۇق ؟

كەمپۈت قەغىزىنى پىلىك قىلىپ ئويناپ ئولتۇرغان زۆھرە تولۇق كۆكسىنى تىترىتىپ تۇرۇپ بىر كۈلۈش بىلەنلا ھەمسۆھبەتلىرىنى ئۆزىگە قاراتتى ـ دە : «مەن ياراتقان يىگىتنى سىناپ ئولتۇرۇشنى سىزلەرگە كىم قويۇپتۇ ؟ » دەۋەتتى .

قىزلار زۆھرەنىڭ بۇ سۆزىدىن تېلىقىپ قالغۇدەك كۈلۈشتى . گۈلسارەمۇ بۇ كۈلكىگە ئىختىيارىدىن تاشقىرى قوشۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما دوستىنىڭ ھېچ ئىزا تارتماي مۇشۇنداق چاقچاقلارنى قىلغىنى ئۈچۈن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۆزىچە خىجىللىق ھېس قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ياتلىق قىلىنىۋاتقان قىز ئۇنداق ۋىتۋىلداق

بولماسلىقى ، نومۇسچانلىقنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئەتىگەندىلا زۆھرە ئۈچۈن بىر تور ياغلىق تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ دېگەنىدى :

— مەن دېمىسەم ئاغزىڭنى ئاچمايسىنا ، مە ، مۇنۇ ياغلىق بىلەن بېشىڭنى چۈمكەپ ئولتۇرارسەن .

ھەيران بولغان زۆھرە :

— بېشىڭنى چۈمكىۋال دەمسىنا ؟ — دېدى گۈلسارەگە ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ .

— ھەئە ! — گۈلسارە جاۋاب بەردى .

— بېشىمنى چۈمكەپ نېمە قىلىمەن گۈلسارە ؟ بولدى قوي .

— يۈزۈڭنى ئېچىپ ئولتۇرۇشقا ئىزا تارتمامسىنا ؟

— نېمىشقا ئىزا تارتىدىكەنمەن ؟

— تويى بولۇۋاتقان قىز تۇرساڭ !

زۆھرەگە گەپ يېگۈزەلمىگەن گۈلسارە ياغلىقنى بىر بۇلۇڭغا زەردە بىلەن تاشلاپ قويۇپ ئۆز ئىشىغا تۇتۇنغانىدى .

زۆھرەنىڭ ھېچ قىزارماي چاقچاقتا قېتىلىپ كېتىشلىرى گۈلسارەنىڭ خىيالىنى يەنە ئۆتمۈشكە قايتۇردى .

ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ رەسمىگە لايىق ئۇستىۋاش بىلەن ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشتى . ھەر خىل پاسوندا رەڭمۇرەڭ كىيىم كىيىشكەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا زۆھرە ۋە گۈلسارە ئۆزلىرىنىڭ رەسمانە كىيىملىرى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى . گۈلسارە ئۆز كىيىنىشىدىن مىڭ مەرتە رازى ئىدى . ئەسلىنى ئۇنتۇمىغىنىغا ، ئۆزگىرىپ كەتمىگىنىگە بەكمۇ پەخىرلىنەتتى . بەزى ساۋاقداشلىرى كىيىۋالغان ئۆزگە پاسوندىكى كىيىملەر كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنگەندە كۆلكىسى قىستايتتى .

ئۇلار ئوقۇشقا كېلىپ بىر يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن بولسا كېرەك ، زۆھرە خېلىدىن بېرى يىغىپ يۈرگەن پۇلىغا بىر ساراپان تىكتۈرۈۋالدى ۋە بىر كۈنى گۈلسارەنىڭ كۆز ئالدىدىلا كىيىپ



www.uyghurkitap.com

كۆردى . گۇلسارە دەسلىپىدە زۆھرەنى قەستەن چىقىشىۋاتىدۇ ، دەپ ھېسابلاپ ، يىقىلىپ قالغۇچە كۇلدى . ئارقىدىنلا دوستىنىڭ راستتىنلا شۇنداق غەلىتە كىيىم كىيمەكچى بولغىنىغا چىنپۇتۇپ ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن گەپ ئەگىتىشكە باشلىدى .

— زۆھرە ، قارىغىنا كىيىۋالغان نەرسەڭنى ، تەتىلدە شۇ پېتى يۇرتقا بارساڭ خەقلەر نېمە دەر ؟

— نېمە دەيتتى ، كىيىم كىيگەنگىمۇ بىرنېمە دەمدىكەن ؟

— سېنى تاپتىن چىقىپ كېتىپتۇ ، ئۆزگىرىۋاپتۇ دەيدۇ ـ دە !

— ئۇنداق دېگىلى بۇ ھېلىقى دەۋرلەر بولمىسا يا !

گۇلسارەنىڭ مىجەزى زۆھرەگە بەش قولدەك ئايان بولغاچقا ، بۇ گەپلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى . كېيىن يەنە ئەرزان باھالىق ئېگىز پاشنىلىق ئاياغدىن بىرنى ئېلىپ كىيىۋالدى…

موتۇ ئاۋازى ۋە يىگىتلەرنىڭ ياڭراق ناخشا ساداسى قىزلار سورۇنىنى باشقىچە جانلاندۇرۇۋەتتى . «يىگىت كەلدى» دېگەن داغدۇغىلىق سۆز غۇنچە ئېغىزلاردىن تەڭلا ئېتىلىپ چىقتى . سەزگۈر ۋە چېۋەر قىزلاردىن ئىككىسى ئىشىكنى پۇختا زەنجىرلىگەندىن كېيىن دۈمبىسى بىلەن قاناتنى تىرەپ غايەت زور تاشقى كۈچكە تاقابىل تۇرۇۋاتقاندەك كۈچەشكە باشلىدى .

— نېمانچە ھولۇقۇپ كېتىشىسىلەر ئەخمەقلەر ، — دېدى گۇلسۇم زۆھرەنىڭ باش ـ كۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ ، — ئۇلار تېخى داستىخاندا ئولتۇرىدىغۇ !

— ھە شۇنداقمۇ ، زۆھرەنى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئېلىپ كېتىشمىسۇن دەيمىزا ، — دېيىشتى ئىشىك دەملىگەن قىزلار ئورۇنلىرىغا قايتىشىۋېتىپ .

يەنە بىر قىز سۆزگە ئارىلاشتى .

— ئىشىكنى دەملەپ تۇرغىنىڭلار دۇرۇس . بىرىمىزگە بىردىن قولياغلىق چاغلىق سوۋغا بەرمىسە ئىشىكنى ئاچماڭلار جۇمۇ !

— بايام زۆھرە يىگىتنى سىناپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق

دېدىغۇ، — قىزلاردىن يەنە بىرى گەپنى تارتىۋالدى، — سوۋغا ـ پوغىدىن غەم قىلمايمىز ـ دە!

گۈلسۈم قىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ياراتمىغاندەك ئاغزىنى پۈرۈشتۈردى ۋە دانە ـ دانە قىلىپ:

— سىلەر بىلمەيسىلەر كوت ـ كوتلار، يىگىتنىڭ مەرد ـ مەردلىكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئانچە ئەھمىيەتلىك ئەمەس، گەپ يىگىت قولدىشىدا، ئۇنىڭ مەردلىكىدە.

— يىگىت قولدىشى كىمكەن؟ — سورىدى خېلىدىن بېرى پاراڭغا ئارىلاشماي ئولتۇرغان دۇتارچى قىز گۈلسارەگە قاراپ. ئۇ يىگىت قولدىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قىز قولدىشى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، دەپ پەملىگەنىدى. گۈلسارە ئۇنى بىلەتتى. بىلەتتىيۇ، بۇ ئىسمنى ئاغزىدىن چىقىرىش گۈلسارەگە قانچىلىك تەسكە توختايدىغانلىقىنى زۆھرەدىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيتتى.

— كىم بولاتتى، — دېدى گۈلسۈم ھەممىدىن چاققان كېلىپ، — ئابدۇللا!

گۈلسۈمنىڭ «ئابدۇللا» دېگەن سۆزنى خەنزۇ تىلى ئاھاڭىدىكى بىرىنچى ئۇرغۇ بىلەن سوزۇپ ئېيتىشى گۈلسارەگە باشقىچە تەسىر قىلدى. ئۇ كۆڭلىدىن «گۈلسۈم بىر بولسا ماڭا تەنە قىلىۋاتىدۇ. بىر بولسا...» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزگەندە ئاجايىپ بىر ھېس پۈتۈن بەدىنىنى شۇرقىرىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاشۇ ئۇرغۇلۇق ئېيتىلغان ئىسىم بىلەن باغلىنىشلىق قىسمىنى پۇشايمان ئارىسىدا ئەسلەشكە باشلىدى.

زۆھرە كېيىنكى يىللاردا قادىر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇرۇن كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك گۈلسارە بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسا، ئەمدى ئاشۇ پۇرسەتنىڭ كەم دېگەندە بەشتىن بىرىنى قادىر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇ ھال گۈلسارەنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەي قويمايتتى. زۆھرەگە ئاچچىق قىلاي دېسە ئىمتىھان نومۇرىدىن ياكى ئەخلاق جۈملىسىدىن ھېچبىر ئەيىب تاپالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەردىنى قايسىبىر كۈنى

زۆھرەنى ئىزدەپ ياتاقتا كەلگەن قادىردىن چىقىرىۋالاتتى. يالاڭۋاش، چاقماق كۆڭلەكلىك بۇ يىگىتنى كۆردىمۇ، يۈزى ھۇپپىدە قىزىراتتى. ئارقىدىنلا دەپتەر - كىتابلىرىنى زەردە بىلەن تاشلاپ، ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كېتەتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ ياتاقتا قادىرنىڭ كېلىپ تۇرۇشى ئازلىق قىلغاندەك ئۇنىڭ دوستى ئابدۇللامۇ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئابدۇللا ئۇلار بىلەن يۇرتلۇق بولمىغىنى بىلەن ساۋاقداش ئىدى. بوي - تۇرقىمۇ خېلى كېلىشكەن، مىجەزى مۇۋازىنەت بۇ يىگىتكە چاقچاقتا كەلگەندە سىنىپ بويىچە تەڭداش تېپىلمايتتى.

ئاشۇ كۈنلەردە زۆھرەنىڭ گۈلسارەگە يالۋۇرۇش - يېلىنىشلىرى ياكى ئابدۇللانىڭ چاقچاقلىرى رول ئوينىدىمىكىن، گۈلسارە ئوغۇللار كەلگەندە قېچىپ كەتمەيدىغان، قىزغىن مۇئامىلە قىلمىسىمۇ ئارتۇقچە يىرىكلىك قىلمايدىغان بولدى. ئۇ بەزىدە ئوغۇللار بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ گازىر - پۇرچاق چېقىشاتتى. كۆزىنىڭ ئوغۇللارنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ ئۆگىنىش ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. ئىشقىلىپ گەپ ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۈستىدە بولمىسا ئۇدۇل كەلگەندە كۈلكىگىمۇ قوشۇلاتتى. سوغۇقچىلىق ۋە قوپاللىق كۈنسېرى تۈگەپ بارماقتا ئىدى.

بىراق، بىر شەنبە كۈنى بۇنداق مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە بىر يېڭىلىق يۈز بەردى. بۇنى ئەلۋەتتە يېڭىلىق دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئەمما ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىققانىدى.

خېلىدىن بېرى ئارىلىشىش جەريانىدا ئابدۇللانىڭ گۈلسارەنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانلىقى كىمنىڭ ئەقلىگە كەلسۇن؟ راستىنى ئېيتقاندا، ھۆسن - جامال يېقىدىن گۈلسارەنى ھەرقانداق يىگىت ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئىدى. تېخى يېقىندىلا مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئوخشاشلا تولۇق نومۇر ئېلىشقان ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەشكەن، شۇ چاغدا ئەينەككە چۈشكەن بىر جۈپ شولىنى خۇپپىيانە سىلىشتۇرۇپ كۆرگەن زۆھرە

گۈلسارەنىڭ ئۆزىدىن چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ئىچىدە قايىل بولغانىدى . ئابدۇللا گۈلسارەگە مۇھەببەت ئېلان قىلىش ئىستىكىنى قادىر ئارقىلىق زۆھرەگە بىلدۈرۈپ ، ئۇنى ياردەمگە چاقىردى . زۆھرە دوستىنىڭ تۇرمۇش قارىشىدىكى بەزى نۇقسانلىرىنى ئابدۇللاغا ئوچۇق بىلدۈرۈپ بۇ نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولۇۋىدى ، قادىر قوشۇلمىدى . زۆھرەمۇ دوستىنىڭ مىجەزىدە يېقىندىن بىرى يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە ئۈمىد باغلاپ ، ئاخىر ئەلچىلىككە ئاتلاندى .

شۇ كۈنى ئۇ دوستىنىڭ كەيپى جايىدا بولغان پۇرسەتنى پايلاپ تۇرۇپ مەقسەتتىن سۆز ئېچىۋىدى ، گۈلسارە ئۆز قۇلىقىغا ئۆزى ئىشەنمىگەن ھالدا ئاغزىنى ئاچقان پېتى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى . زۆھرە سۆزىنى قايتا ئىزاھلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزى ئوتقاشتەك قىزاردى . ئارقىدىنلا كارىۋاتقا تاشلانغىنىچە ساراڭ بولۇپ قالغاندەك يىغلاشقا باشلىدى . قورقۇمسىراپ تۇرغان زۆھرەنىڭ تەسەللىلىرىنى ، بەزلەشلىرىنى ئەسلا ئاڭلىمايتتى . يىغا ئارىسىدا «خەلق مېنى ئالىي مەكتەپكە نېمىدەپ ئەۋەتتى ، مۇشۇنداق يامان يولغا ماڭسۇن دەپمۇ ، مەن بىر ئىنتىپاق ئەزاسى تۇرسام… » دەيتتى .

يىگىرمە ياشتىن ھالقىپ قالغان ، تۇرمۇش رېئاللىقىغا سول كۆزى بىلەن قارايدىغان دوستىغا نېمە دېيىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيۋاتقان زۆھرە پۇشايمان ۋە ئېچىنىش ئارىسىدا قالدى . ئۇ ئەمدى تۇرمۇش يولىنى چۈشەندۈرۈش ئەمەس ، ئۇنى يىغىدىن توختىتىش كويىغا چۈشتى .

گۈلسارە يېمەي ـ ئىچمەي يىغلاۋېرىپ ، ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەندە ئاندىن يىغىسىنى توختاتتى ، بىراق مۇھەببەت تەكلىپى قوبۇلغانلىقتىن ئىبارەت «نومۇس »نى يۇيۇۋېتىمگۈچە توختىماسلىق قارارىغا كەلدى . ئۇ بارلىق سورۇنلاردا خۇددى گۇناھكاردەك بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى . ئابدۇللانىڭ كەينىدىن يەۋەتكۈدەك ھومىياتتى . ئۇ سىنىپ ئىتتىپاق تەشكىلىگە ئىدىيىۋى دوكلاتمۇ

يازدى...

«راستتىنلا شۇنداق بولسا ـ ھە» دېگەن گۇماننى مېڭىسىدىن ئۆتكۈزگەنسېرى گۈلسارەنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى رەشك ۋە پۇشايمان بۇلۇتلىرى قاپلاشقا باشلىدى. ئۇ تۇرمۇشقا باشقا بىر نۇقتىدىن نەزەر سېلىپ بېقىۋىدى، بۇ پۇشايمان بارغانسېرى قويۇقلاشتى. دېمىسىمۇ ئابدۇللا جىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە گۈلسارەنى ئەگىپ يۈردى. بىراق، ئۇنىڭ پوچتىدىن ئەۋەتكەن (گەرچە ئۇ مۇشۇ شەھەردىن بولسىمۇ) بىرقانچە پارچە خېتىنى جاۋابسىز قالدۇرمىدىمۇ؟ تېخى ئالتە ئاي بۇرۇنلا ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئابدۇللانى «كۆزۈمدىن يوقال» دەپ رەھىمسىزلەرچە تىللاپ ھەيدىۋەتمىدىمۇ؟


گۈلسارە ئابدۇللانى خاتىرىسىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆلۈپ تۇرغان ئاق يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك بىر سىياق پەيدا بولدى. بۇ سىياق ھېلىمۇ گۈلسارەگە قاراپ ئەدەپ بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن گويا «مۇزلاپ كەتكەن يۈرىكىڭىز قاچانمۇ ئېرەر» دەپ سورايتتى. گۈلسارە بۇ خىيالىي سىياققا قارىغانسېرى يۈرىكى قانداقتۇر بىر ھارارەت تەپتىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، گۈلسۈم ئۈستىدە تۇغۇلغان گۇماننى بىر ـ بىرلەپ رەت قىلىشقا باشلىدى.

گۈلسارە خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئاكاردىيوننىڭ تىترەك ساداسى ۋە ناخشا ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كۈچەيمەكتە ئىدى. قىز قولدىشىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى بىر ـ بىرلەپ تارتىۋېلىۋاتقان گۈلسۈم يەنە تۈنجى بولۇپ سۆزلىدى:

— قېنى گۈزەل قىزلار، چېلىڭلار، زۆھرەنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن چېلىڭلار!

— ئۇلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك چالمىساق، بولدى بىزنى دۇتارچى دېمەيلا قوي، — جاۋابەن چاقچاق قىلدى يەنە بىر قىز.

تاشقىرىدا ئىشىك ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان يىگىتلەر ناخشىدىن ئىككى ـ ئۈچنى ئۇلاپ ئېيتىۋەتتى. ھەتتا، ناخشىلىرىغا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىزلارنى قوشۇپ، قىز - يىگىتنى پاتراق ئۇچراشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشتى.

قىزلار بولسا ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋېلىشقانىدى. ئۇلار كۈلۈشە - كۈلۈشە ئىشىكنى قىيا ئېچىۋىدى، يوچۇقتىن گۈللۈك قولياغلىقتىن بىرقانچىسى كىرگۈزۈلدى. گۈلسۈم گۈلسارەگە ئىتتىك بۇرۇلدى - دە، قولياغلىقلارنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ:

— قىز قولدىشى، سەن ھۆكۈم قىل، زۆھرەنى ئەمدى چىقىرىپ بەرسەك قانداق، — دېدى.

تۇرمۇش رىئاللىقىغا ئەمدىلەتىن يېڭى نەزەر بىلەن قىيا قاراشقا ئۆگىنىۋاتقان گۈلسارەنىڭ قەلبىدە كىچىككىنە ۋە ناھايىتى ئاجىز بىر ئوت يېنىشقا باشلىغانىدى. بۇ ئوت ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى مۇزلاپ تۇرغان ھېسسىياتىنى ئىسسىتىپ، گۇمان ۋە قايغۇسىنى كۆپەيتىۋاتاتتى. ئەنە شۇ ئوتنىڭ تەپتى بىلەن جانلىنىشقا باشلىغان گۈلسارەنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— ئېچىڭلار!

يىگىتلەر ئاكاردىيوننى بولۇشىغا سوزۇپ، ناخشا توۋلاپ كىرىپ كېلىشتى، زۆھرە بىلەن قادىرنىڭ كۆزلىرى ناھايىتى تېزلا تېپىشىۋالغاندىن تاشقىرى ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ۋەقە شۇ بولدىكى، ئۆزى ئوقۇغان پەندە سۆزلەنگەن ئىنسان سىگنال سىستېمىسىدىكى بىرلەمچىلىك ۋە ئىككىلەمچىلىك قانۇنىيىتىگە گۈلسارەنىڭ تۇنجى قېتىم گۇمانى تۇغۇلدى. چۈنكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭچە نېرۋىسى كۆزىنى ئەمەس، كۆزى نېرۋىسىنى باشقۇرۇۋاتاتتى!

قىز كۆچۈرۈلدى، گۈلسارە ئادەت بويىچە كىچىك ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئابدۇللا بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ قادىر ۋە زۆھرەنى يېڭى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ كەلگۈچە ئابدۇللاغا تېگىپ تۇرغان يېنىغا ھارارەت تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. كۆزنەكتىن تاشقىرىغا قارىۋىدى، ھەممە نەرسە بىراقلا يېڭىلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

كەچ .

تـوي كـۆنـىـلا ئـۆتكۆزۈۋېتىشكە توختام قىلىنغان ۋىچىركا كارامەت قىزىپ كەتكەن ، سازچىلار پەدىلەرنى ئۇلاپ ، ناخشىلارنى ئـەۋجـىگە يەتـكۆزمەكـتە ئىدى . نەغـمىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتـقان سورۇن ئەھلى گاھى ـ گاھى «ياشاپ كەت !» ، «قولۇڭغا دەرد يـەتـمىسۇن !» دېيىشىپ باركاللا ئېيتىشاتتى . سورۇن تۆرىدىن قادىر بىلەن زۆھرە ئورۇن ئېلىشقان ، ئۇلارنىڭ يانلىرىدا بولسا ئابدۇللا بىلەن گۈلسارە ئولتۇراتتى .

ساز ئـۇسـسۇل پەدىسىگە يۆتكىلىۋىدى ، ئابدۇللا ئورنىدىن تـۇرۇپ قـولـىـدىن قاس چىقارغىنىچە پىرقىراشقا باشلىدى . ئۇ پـىـرقـىـراپ يۈرۈپ قادىرنى ۋە زۆھرەنى مەيدانغا چۈشۈرگەندىن كـېـيـىـن گۈلسۈمنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، تىزلانغىنىچە ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى . گۈلسۈمنىڭ ئابدۇللانىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ تـۈزۈتـسـىزلا ئـۇسـسۇلغا چۈشۈشى گۈلسارەنىڭ ئەمدىلا ئىزىغا چۈشكەن كۆڭۈل دەرياسىدا يەنە شاۋقۇن كۆتۈرمەي قالمىدى . ئۇ بىر مەيدان ئۇسسۇل تۈگىگۈچىلىك ئارىلىقتا ئويلا ـ ئويلا ئاخىر ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولۇش سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل بىلمەسلىكى ۋە ئابدۇللانىڭ ئاياۋاتقانلىقى بىلەن باغلاپ ئۆزىگە ـ ئۆزى تەسەللى بەردى . گۈلسارەنىڭ ئابدۇللا بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغۇسى ، ئۇنىڭ يېنىدا پەرۋانىدەك پىرقىرىغۇسى بار ئىدى ، ھەتتا شۇنداق بولۇپ قالسا ئەتراپىدىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ ، ئابدۇللا بىلەن بىللە كۆز يېقىنىشىشقا رازى ئىدى . بىراق ، ئۇ ئۇسسۇل ئويناشنى راستتىنلا بىلمەيتتى . ئۆزى ئەزەلدىن يامان كۆرىدىغان نەرسىنىڭ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتىكى سىرلىق رولىغا ھەيران ئىدى !

دەل شۇ چاغدا ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ ئۇسسۇل بىلەن مەست بولۇپ كەتكەن ئابدۇللا بىلەن گۈلسۈمگە ھەۋەس قىلغان ھالدا پىچىرلاشقان ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى .

— ئۇسسۇلنى بەكمۇ ئوبدان ئوينايدىكەن ئۇلار .

— يىگىتنىڭ ئىسمى ئابدۇللا ، قىزنىڭ — گۈلسۈم ، ئۇلارمۇ

كېلەر يەكشەنبەدە توي قىلماقچى.

ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك ئاڭلانغان بۇ دەھشەتلىك جۈملىلەر گۈلسارەنىڭ يۈرىكىنى خۇددى قايناپ تۇرغان ياغقا تاشلىنغاندەك ئازابلىغۇەتتى. ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدا بىر پەسكە قېتىپ قالدى ـ دە، ئاغزىدىكى كەمپۈتنى پۈتۈن پېتى يۇتۇۋېتىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي تالاغا يول ئالدى.

گۈلسارە بىر تىنىقتىلا دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى، سۈتتەك يورۇق تۇرغان دېرىزىدىن جۈپ ـ جۈپ سايىلەرنى كۆردى. ئارقىدىنلا بىپايان ئاسمانغا كۆز تىكىپ بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى.

«ئاينىڭ يېنىدا يۇلتۇز… يۇلتۇزنىڭ يېنىدا ئاي… جاھاندا ھەممە نەرسە جۈپ ـ جۈپى بىلەن…»

1984 ـ يىلى يانۋار.



www.uyghurkitap.com

# خاتىرىلەر

يۇرتۇمدىن ئايرىلغاندىن بېرىقى ئىككىنچى قېتىملىق تۇغقان يوقلاش سەپىرىدە كېتىپ بارىمەن . بەڭۋاش خىياللىرىم بولسا ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتمۈش تامان ئۇچۇپ تۇرىدۇ . ئۆتمۈش دېسەم ياشانغانلار يادىغا ئېلىپ تۇرىدىغان ئۇزاق قارا ئۆتمۈشمىكىن دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالمىسۇن . مېنىڭ دېگىنىم ياشانغانلارمۇ ، ياشلارمۇ يادىغا ئېلىپ تۇرىدىغان يېقىنقى ئاپەتلىك ئۆتمۈش ، ھازىر ئەسلەۋاتقىنىممۇ ئاشۇ ئاپەتلىك ئۆتمۈشكە ئائىت بىر ئۆتمۈش...

1

ئۇزۇن يوللۇق پاسازىر ئاپتوبۇسى بىپايان چۆلدە كېتىپ بارىدۇ . يۇرقىراپ تۇرغان ئاچچىق توپا ئاپتوبۇس دېرىزىسىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرىپ بۇرنۇمنى ئېچىشتۇرىدۇ . ئالدىمىزدا ئاسمان ـ پەلەك قويۇن توزىتىپ كېتىۋاتقان يۈك ئاپتوموبىللىرى سەل ئۇزاپ كەتكەندە چاڭ بېسىپ كەتكەن ئەينەكتىن سىرتقا قارايمەن . يەنە ئوخشاشلا چۆل ، تىنىمسىز چۆل شامىلىدا دومىلاپ يۈرگەن يىلتىزسىز يانتاقلار ، نامسىز قەبرىلەردەك دومبىيىپ تۇرغان چاتقال دۆڭلىرى ، ئەمدىلەتىن قىزىرىشقا باشلىغان يۇلغۇنلار كۆزۈمگە چېلىقىدۇ . نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ ئادەم قاچىلانغان ئاپتوبۇس ئىچى گۆردەك دىمىق . چېكى كۆرۈنمەيدىغان چۆللەردە يۈرۈشنىڭ زېرىكىشلىكى كۆڭلۈمنى مۇجۇيدۇ . ئانچە ـ مۇنچە پاراڭ سېلىشىپ ۋاقىتنىڭ ئۆپرىتىشىدىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلماقچى بولۇپ ئىككى يېنىمنى ۋە ئەتراپىمغا قارايمەن ، لېكىن تۇمىقىنى كۆزىگە كىيىپ ئۇخلاپ ئولتۇرغانلارنى كۆرگىنىمدە خامۇش

نىرۋىلىرىم ئۆيقۇ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندۇ . كۆزۈمنى ئەمدىلا يۇمۇشۇمغا ئاپتوبۇس بىرەر كاتاڭدىن ياكى چوڭراق تاش ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتتىدۇ ـ دە ، ئۆيقۇم نەلەرگىدۇر غايىب بولىدۇ...

بۇنداق چاغلاردا ئۆتمۈشنى ئەسلەشكە ئانچە خۇشى يوق كىشىگىمۇ ئۆتمۈش بىر ئوبدان ئەمەك بولسا كېرەك ، مەنمۇ ئۆتمۈش ۋە ئۆتمۈشۈمگە ئالاقىدار كىشىلەرنى ئەسكە ئېلىشقا باشلىدىم . ئەقلىمگە كەلگەندىن باشلاپ خاتىرەمدە قېپقالغان تەسىرلىك ئىشلاردىن باشلانغان خىيالىم ئاخىر تەسىرلىك ئىشلارغا چېتىشلىق ئادەملەر ئۈستىگە كۆچتى . ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىم نامايان بولۇۋاتقان كۆڭۈل ئېكرانىمدا ئاخىر ساۋاقدىشىم ۋە قوشنىلىرىمنىڭ بىرى بولغان سابىرنىڭ سۈرىتى كېلىپ توختىدى .

سابىر ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى ئۆي دېسە ئەمەس ، كەپە دېسە كەپە ئەمەس بىر پاناھ جايدا ئولتۇرۇشلۇق زورىخاننىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى . ئەقلىمگە كەلسەم بۇ كەپە ئۆيمۇ ، زورىخانمۇ ، ئېھتىمالىم ئۇنىڭ ئېرى (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) بولسا كېرەك ، ئوڭ يۇزىدە ياڭاقچىلىك مېڭى بار كىشىمۇ ، سابىرمۇ بۇ دۇنيادا بار ئىكەن . ئانچە كۆپ ئۆتمەي بۇ مېڭى بار كىشى مەھەللىمىزدە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى . سابىر بىلەن تونۇشقان چاغلىرىم ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە . بىزنىڭ يۇرتتا ئەتىياز مەۋسۇمىنىڭ شامىلى كۆپ ، ھەر يىلى ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا تەڭتۇشلىرىم قىشچە تەييارلاپ قويغان لەگلەكلىرىنى ئۇچۇرۇشقا باشلايتتى . بىر كۈنى دادام بىلەن لەگلەك ياساپ بەر ، دەپ يەتكۈچە جېدەللەشتىم . شۇ چاغدا دادام ئۆزىنىڭ لەگلەك ياساشقا چولىسى يوقلۇقىنى ئېيتىپ ، كۆك ئاسماندا ھەممە لەگلەكلەردىن ئېگىز پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر لەگلەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— قارا ئوغلۇم ، ئەنە ئاۋۇ سابىرنىڭ لەگلىكى ، ساڭا بىر نان بېرەي ، ئۇنى سابىرغا بېرىپ لەگلەك ياساپ بېرىشنى سورا ،



www.uyghurkitap.com

ئۇ جەزمەن ياساپ بېرىدۇ ، — دېدى ۋە ئۇپچە ئاشخانىدىن كەچلىك ئۈچۈن بېرىلگەن كۆپكۆك بىر زاغرىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى .

سابىر ئىلتىماسىمغا ئاسانلا كۆنۈپ ، ئۇچۇۋاتقان لەگلىكىنىڭ يىپىنى ماڭا بەردى ۋە :

— مانا بۇ لەگلەك سېنىڭ بولسۇن ، — دېدى .

ئۇ نانىنى قولۇمدىن ئېلىپلا ئاغزىغا ئاپاردىيۇ ، يادىغا بىرنەرسە يەتكەندەك ئاغزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالدى ، بېشىنى چايقاپ نـانىنى قايتۇرۇپ بەردى . ئەمدىلا قولغا كىرگۈزگەن لەگلەكتىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ قىزىرىپ تۇرۇپ :

— ئـوغـۇل بـالا دېگەن گېپىدە تۇرىدۇ ، باياتىن بىز قول باغلاشقان ... — دېدىم كەينىمگە ئىككى - ئۈچ قەدەم يېنىپ .

— گېپىمىز گەپ ! — دېدى سابىر مەردانە قىياپەتتە ، — لەگلەكمۇ سېنىڭ بولسۇن ، نېنىڭنىمۇ ئۆزۈڭ يەۋە !

— سابىر ، قوناق نېنىكەن دەپ قالما ، بۇغداي نېنى تاپسام يەنە بىرنى بېرەي ... — دېدىم ئاخىر يالۋۇرۇپ تۇرۇپ .

سـابـىـر مـاڭـا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

شـۇ چاغدا سابىرغا ئويلاشمايلا ۋەدە قىلىپ قويغانىكەنمەن ، خېلى يىللارغىچە بۇغداي نېنى قارىسىنى كۆرمىدۇق . ھېلىقىدەك كـۆپـكـۆك زاغرىنىمۇ ئۆيگە ئېلىپ كېلىشكە يول قويۇشمىدى . سابىرغا ۋەدە قىلغان نانىنى بېرەلمىگەن بولساممۇ ، لېكىن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم ، ئۇ چاغدا ئۇ مەن دېمەتلىك بولغىنىغا قارىماي ، ئـېـغـىر - بېسىق ئىدى . قاچانلا قارىساڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن چـوڭـلارنـىـڭـكىدەك تەمكىنلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دادام ئۇنى كـۆرگـەنـدە «داداڭـنىڭ خۇيىغا تارتىپسەن ئوغلۇم» دەپ قويسا باشقىچىلا جانلىنىپ ، خۇش بولۇپ كېتەتتى .

لەگلەك سودىسىدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ئىككىمىز مەكتەپكە كىردۇق ، بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇدۇق . ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يـىـلـى ئۇ ئـوقـۇشـقـا كەلمەيلا قويدى . سابىردەك بىر ئەلاچى

ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېچىنغان مۇئەللىملەرنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ بىكارغا كەتتى...

كېيىن سابىرنىڭ كېسەلچان بولۇپ قالغان ئانىسىنىڭ ئورنىغا ھاشارغا كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم، ئۇنىڭ ھاشاردا نەچچە ئاي تۇرغىنى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. لېكىن، ئەترەتتىكى كىشىلەردىن ئۇنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىشلەمچى، پىلانچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

ناھىيە بازىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق سىنىپىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆيگە پات - پات قايتىپ تۇراتتىم، سابىر مەھەللىدە بولسىلا ئۇچرىشالايتتىم. ئۇ قولۇمدىن تۇتقىنىچە ھېلىقى كەپىسىمان ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ تامغا چاپلاقلىق تەقدىرنامىلەرنى كۆرسىتەتتى. كوممىقوناق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى ئويلاپ تاپقان كۋادراتلىق ئوغۇت كۆمۈپ ئۇرۇق سېلىش، سۇنئىي چاڭلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تەدبىرلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قاپقارا چوڭ كۆزلىرىدىن سەممىيلىكنىڭ نۇرلىرى چاقناپ كېتەتتى - دە، ئۆزىنىڭ راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى.

ئۇ بەستلىك، روھلۇق يىگىت بولۇپ چوڭ بولدى. ئاق خەسە كالتە كۆڭلەك كىيىپ، كۆڭلەك ئۈستىدىن قىزىل چىت پوتا باغلىۋالغان بەستىدىن كۈچ تېمىپ تۇراتتى. قارا كۆرپە بىلەن تىكىلگەن تەلپىكىنى سول قېشىنى باستۇرۇۋېراق كىيىۋالاتتى. كۆڭلىكىنىڭ يېڭى ۋە كۆك خادانى ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرى دائىم تۈرۈكلۈك تۇراتتى. ئەترەتتە ھەممە ئادەم قاچىدىغان سۇ تۇتۇش ئىشىغا سابىر كۆپرەك قاتناشسا كېرەك، پاقالچاقلىرىدىكى يۇمران تۈكلەرنىڭ ئۇچىدا قېتىپ كەتكەن لايلار بىزەك ئۈچۈن تاقالغان مارجانلاردەك پىلدىرلاپ تۇراتتى.

شۇ كۈنلەردە سابىرنىڭ نامى پات - پات گېزىتكە چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. سابىردىن پەخىرلەنگەن دادامنىڭمۇ بىرقانچە قېتىم ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «مانا ھەقىقىي دېھقان

بالىسى، كەتمەنگىمۇ پىشقان، يېشىدىن ئەقلى چوڭ، قولىدىن ھېچقانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگىنى ئېسىمدە.

مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭىدىغان چېغىمدا سابىر بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قالدىم، ئۇ ۋىلايەتكە كەلگەندىن كېيىن مېنى بېكەتكىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپ، قانداقتۇر بىر يىغىنغا ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى كېتىپ قالغانىدى.

بىرىنچى كۇرستا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۇ ماڭا بىر پارچە خەت يازدى. خېتىدە يەنە ئۆزىنىڭ مەن كەتكەندىن كېيىنكى يېڭى نەتىجىلىرى، كەلگۈسىدىكى پىلانلىرى يېزىلغانىدى. سابىرنىڭ بۇ خېتىنى جاۋابسىز قالدۇرغانلىقىمغا ھېلىمۇ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلىدۇ. ئۇ مېنىڭ بۇرادەرچىلىك قىلمىغىنىمغا رەنجىدىمىكىن، كېيىن خەت يازماس بولۇپلا كەتتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇپتىمەن، خىزمەت قىلىپتىمەن، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ…

## 2

ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان چۆللەردە بەش ـ ئالتە كۈن يۈرۈپ يول ئازابىدىن ھالىمدىن كېتەي دېگەندە يۇرتۇمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئاپتوبۇس بېكەتكە كىرىشىگىلا تاش سۇپا ئۈستىدە مېنى كۈتۈپ تۇرغان دادامغا كۆزۈم چۈشتى. بىز كۆز يېشى قىلىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن پىيادە يولغا چىقتۇق. بېكەتتىن ئۆيىمىزگىچە يەنە سەككىز ـ توققۇز كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. سومكىدىكى لاقا ـ لۇقىلىرىمنى مۈرىسىگە ئېلىپ توپىلىق يولدا ھاسىراپ كېتىپ بارغان دادامغا ۋە ئۇنىڭ ئۇچەك ئاقىرىپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرىغا كۆزۈم چۈشكەندە، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىنىشقا باشلىدىم. سومكىنى ھەرقانچە قىلساممۇ مېنىڭ كۆتۈرۈشۈمگە يول قويمىدى. توساتتىن دادامنىڭ بىر يىل بۇرۇنقى خېتىدە ئېشەك ھارۋىسى سېتىۋالغانلىقىنى يازغىنى ئېسىمدىن كەچتى ـ دە،

سورىدىم :

— دادا ، سېتىۋالغان هارۋىڭىز قېنى؟ ئۇنى ئالغاچ كەلگەن بولسىڭىزچۇ ؟

دادام بىر هازاغىچە ئۈندىمەي ماڭدى ۋە :

— هەي ، نېمىسىنى دەيسەن بالام ، كاپىتالىزم دەمدۇ ، يەنە بىرنېمە دەمدۇ ، ئىشقىلىپ بۇ خەقنىڭ گېپى تولا ، مىڭ بالالىقتا سېتىۋالغان هارۋىنى ئېشەك بىلەن قوشۇپ تەمىنات قەرزىگە هېسابلاپ تارتىۋېلىشتى ! — دېدى .

دادامنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ پۈتۈن قانلىرىم چېكەمگە ئۆرلەپ چىقىقاندەك بولدى ، ئاچچىقىم بىلەن :

— بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى ، خەقنى كۈن ئالغىلى قويامدۇ - يوق ، — دېيىشىمگە ، دادام :

— بالام ، بۇنداق گەپنى بۇ يەردە قىلغۇچى بولما ، سەن تۇرغان شەھەردىكى سىياسەت ئوبدانىدۇ ، لېكىن بۇ يەردە ، هەي ··· — دېدى ئەتراپىغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن .

شۇ كۈنلەردە سىياسەتنىڭ قانداقلىقى ماڭا ئايان بولغاچقا دادام بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمىدىم . دېمىسىمۇ تونۇغۇسىز دەرىجىدە خارابلىشىپ كەتكەن يۇرت هەممىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى . يول بويىدىكى كۆچۈم دەرەخزارلار ، باغلار نەلەرگىدۇر يوقالغان ، لاي بىلەن قوپۇرۇلغان كونا ئۆيلەر بۇ يەردە هېلىلا بىر مەيدان ئۇرۇش بولغاندەك خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ، مەن بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرمۇ تىنىپ كەتكەن ، ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەسكى چاپانلىق ئادەملەرنىڭ سولغۇن چىرايلىرىمۇ كىشىنى يىغىغا زورلايتتى .

ئۆيگە كەلگىنىمدىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئىككى كۈنگىچە ئۈزۈلمىدى . مېنى بالا ۋاقتىمدا كۆرگەنلەردىن تارتىپ يېقىن - يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقان ، قوشنا - قولۇملارغىچە هەممىسى كېلىپ كەتتى . سابىرنىڭ كەلمەي قويغانلىقىغا راستىنى ئېيتسام بىرئاز ئاچچىقىم كەلمەيمۇ

قالمىدى . سەۋەبىنى خېتىنى جاۋابسىز قالدۇرغانلىقىمدىن كۆردۇمىيۇ ، سابىرنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان خاپا بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى . قايتىپ كەلگىنىمنىڭ ئۇچىنچى كۈنى بولسا كېرەك ، ئاخىر چىداپ تۇرالمىدىم ـ دە ، دادامدىن سورىدىم :

— سابىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ دادا ؟ نېمىشقا مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلمەيدىكىنا ؟ كەلگەنلىكىمنى ئۇقماي قالدىمۇ ـ يا ؟

دادام بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ :

— ئۇقتى بالام ، ئۇقتى ، بۇ بىچارە ··· — دەپ بېشىنى چايقىدى .

— ئۇلار ھېلىمۇ شۇ ئۆيدىمۇ ؟

— ھەئە···

— ئانىسىچۇ ؟ سالامەتتۇر ؟

— ···

دادامدىن شۇنچە كۈچەپ بېقىپمۇ گەپ ئالالمىغىنىم ئۈچۈن ئاخىر شۇ كۈنى كەچقۇرۇن تەۋەككۇل قىلىپ سابىرنىڭ ئۆيىگە باردىم .

ئون نەچچە يىل ئالدىدا بۇ ئۆي بەك ئاددىي بولغىنى بىلەن ئەتراپىدا كۆچەتلەر كۆكىرىپ تۇراتتى . يۇلغۇن شىخى ۋە ئاپتاپپەرەس غولىدا قاشالانغان ھويلىغا بولسا كاۋا ـ قاپاق پېلەكلىرى سايە تاشلايتتى . مانا ئەمدى بۇ ھويلا قانداق ئۆزگىرىپ كەتكەن ـ ھە ! تۆت ـ بەش مېتىر نېرىسىغىچە ھېچقانداق دەرەخ بولمىغان يالغۇز ئۆي بىر ۋەيرانلىقتىنلا ئىبارەت بولدى . سويۇلۇپ چۈشكەن توپا تاملار يەردە ياتاتتى . مۇنداقچە قارىغاندا بۇنداق ۋەيرانە ماكاندا ئادەم ياشايدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . بىراق ئادەمزات ھايات ـ مامات سىزىقى ئۈستىدە جان تالىشىۋاتقان بۇنداق چاغلاردا بۇ ۋەيرانلىقتا تىرىك جان ياشىمايدۇ ، دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولامتى ؟ بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر رەندىلەنمىگەن تاختايدىن ياسالغان ئاددىي ئىشىكنى ئاستا چېكىشكە باشلىدىم .

www.uyghurkitap.com

بارغانسېرى پەسلەۋاتقان گۇگۇم پەردىسى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئاستىغا يوشۇرماقتا ئىدى . بىر چاغلاردا بۇنداق گۇگۇم پەيتىدە پۈتۈن مەھەللىنىڭ چۈقان - سۈرەنلىرى ئەۋجىگە چىقاتتى . ئېتىزدىن قايتىۋاتقان ئەزالار غىڭشىپ ناخشا توۋلاپ ئۆيلىرىگە جۆنىشەتتى . ئوت يۈرەك ياشلار نەي چېلىشىپ ، بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ مەدەنىيەت ئۆيلىرىگە ئالدىرىشاتتى . ئەنە شۇ چۈقان - سۈرەنلەر ئارىسىدا مەھەللە بويىچە ياشلارنىڭ كۆزى ھېسابلىنىدىغان سابىرنىڭمۇ ئاۋازى بولاتتى .

ئىشكنى ئىككى - ئۈچ قېتىم چەكتىم . ئۆي ئىچىدىكى بىرەر شەپىگە ئىنتىزار بولۇپ جىمجىت تۇرغىنىمدا توساتتىن يېقىنلا بىر يەردە ھۇۋقۇشنىڭ «ھۇ⋯ ھۇ⋯» قىلىپ ھۇۋلاۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ پۈتۈن جىسمىمغا قورقۇنچ ئولىشىپ ، يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى .

يەتتە - سەككىز ياش ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك . ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى دادام مېنى قۇم مەھەللىدىكى تۇغقانلارنىڭكىگە ئېلىپ باردى . بەك كەچ كىرىپ كەتكەچكە شۇ يەردە قونۇپ قالدۇق . دادام بىلەن ھويلىدىكى سۇپىدا يانمۇيان ياتتۇق . كۆكلۈمگە قانداقتۇر بىر جىن كىرىۋېلىپ ئوچۇق ئاسماندا يىلتىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى ئەمدىلا ساناشقا باشلىۋىدىم ، ھويلىنىڭ ئەتراپىدىكى تېرەكتە «ھۇ⋯ ھۇ⋯» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى . ئەقلىمگە كېلىپ ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان بۇ غەلىتە ئاۋازدىن كۆڭلۈمدە ھەر خىل خىياللار ئەگىشكە باشلىدى . بۇ ئاۋاز شۇنچە كۆڭۈلسىز ، شۇنچە غەلىتە ئىدىكى ، مەن بىلىدىغان ھەرقانداق قۇشنىڭ ياكى ھايۋاننىڭ ئاۋازىغا ھېچ ئوخشىمايتتى . ئاخىر دادامنى ئاستا نوقۇپ تۇرۇپ سورىدىم :

— دادا ، ئاڭلاۋاتامسەن ؟ بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى ؟

دادامۇ تېخى ئۇخلىمىغانىكەن . ئۇ ئاستا مەن تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ :

— بۇ⋯ بۇ⋯ ھۇۋقۇشنىڭ ئاۋازى بالام ، — دېدى سەل -

پەل دۇدۇقلاپ . مەن يەنە سوراۋەردىم :

— ھۇۋقۇش دېگەن نېمە ؟ بىزنىڭ مەھەللىدە نېمىشقا يوق ؟…

— ھۇۋقۇش دېگەن بىر شۇم قۇش ، خۇدا ساقلىسۇن بۇنداق شۇم قۇشتىن ، — دەپ جاۋاب بەردى دادام ، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ قويۇپ .

— ئۇ نېمىشقا شۇم ، دادا ؟

ئــۇ ســوئالــىمغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋىدى ، مەن تېخىمۇ يېپىشتىم . دادام پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— ھۇۋقۇش دېگەن راستتىنلا شۇم . ئەنە ئاڭلاۋاتىسەن ، ئۇ ھــەر قــېــتىم «ھۇ» دېگەندە ئاغزىدىن بىر تامچە قان ئېتىلىپ چىقىدۇ . ئۇ يەنە بىر قېتىم «ھۇ» دېيىشى بىلەن ھېلىقى قاننى يۇتۇۋالىدۇ ، شۇڭا ئۇ توختىماي ھۇۋلايدۇ . ئەگەرچەندە ئاغزىدىن تامغان قاننى قايتا يۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالسا بۇ قان يەرگە تامىدۇ ، قان چۈشكەن يەر چۆل قالىدۇ ، خاراب بولىدۇ ، خۇدا بۇنداق شۇم قۇشنى مەھەللىمىزگە ھەرگىز يولاتمىسۇن…

دادامنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا پۈتۈن ئەزايىم شۈركۈنۈپ كــەتتى . تۈگۈلۈۋېرىپ تاۋۇزدەك بولۇپ قالدىم . كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا باردىمۇ ، ناھايىتى سەت بىر قۇش ۋە چوغدەك قىزىرىپ تــۇرغان بىر تامچە قان كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بۇ قان قۇشنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى ۋە مەن مانا ئەمدى يەرگە تامىدىغان بــولــدى ، دەپ چــۆچۈپ ئويغىناتتىم ، كۆزۈمنى ئېچىپ ئاسمانغا قارىسام پۈتۈن ئاسمان تامچە - تامچە قانلار بىلەن تولۇپ كەتكەندەك كــۆرۈنــەتتى . ھۇۋقۇشمۇ توختىماي ھۇۋلايتتى . مېنىڭ چۆچۈپ ئــۇخلىيالمايۋاتقىنىمنى سەزگەن دادام ئورنىدىن تۇرۇپ تېرەككە نېمىلەرنىدۇر ئاتتى - دە ، شۇم قۇشلارنى قوغلىۋەتتى . ئۇ ئورنىغا قــايــتــىپ كېلىۋېتىپ «قۇمباغ بۇرۇن بىر ئوبدانلا جاي ئىدى ، يېرىمنى قۇم بېسىپ كەتكىنى يېتەر ئەمدى…» دەپ غودۇڭشىپ قويدى . كۆزۈم شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاندىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

www.uyghurkitap.com

ئاردىن خېلى يىللار ئۆتكەندە ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ئاۋاز قۇلىقىمغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك تەسىر قىلىپ كۆڭلۈمنى غەشلىككە تولدۇردى . بۇ گۆردەك جىمجىتلىق ئىچىدە ئىشىك تۈۋىدە ساقلاۋېرىشكە تاقىتىم تۈگىدى ـ دە ، تەۋەككۈل قىلىپ ئىشىكنى ئىتتەردىم .

ئۆينىڭ تۆر تېمىغا ئويۇپ ياسالغان ئوچاق مورىسىنىڭ ئۈستىدە جىنچىراغ كۆيۈپ تۇراتتى . سەلەركە كۆيدۈرۈلىدىغان چىراغ پىلىكىدىن تۈرتۈپ چىققان ئىس بىر تال قارا تاياقتەك ئۇدۇل تۈرۈسقا تاقىشاتتى ـ دە ، شالاڭ چەنزىلەرنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان بورا يۈزىنى بويلاپ ئەتراپقا تارقىلاتتى . ھېچقانداق سۇۋاقلىرى قالمىغان تامغا يۆلەنگەن بىر كىشى داق يەرگە سېلىنغان كونا جايىنامار ئۈستىدە مۈكچەيگىنىچە ئاغزىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىتىپ دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى . نامازدا ئولتۇرغۇچىنىڭ شالاڭ ساقىلى يېنىك تەۋرىنەتتى . ئۇ مۇشۇ تۇرقىدا ئۆز ئېتىقادىغا شۇنداق بېرىلگەنىدىكى ، نە ئىشىكنىڭ چىكىلگىنىنى ، نە ئىشىك ئېچىلىپ ، بىراۋنىڭ كىرىپ ئۆز يېنىدا تۇرغىنىنى ھېس دائىرىسىنىڭ تامامەن سىرتىدا قالدۇرغانىدى . پىلىلداپ تۇرغان چىراغ نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئىككى تامچە كۆز يېشى سېھىرلەنگەن مىس ھەيكەلنىڭ كۆزلىرى ئاستىغا قادالغان ئىككى تال مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى . رېئال دۇنيانىڭ بارلىق رەھىمسىزلىكلىرىنى ، جاننى ئۆپىراتقۇچى مۇشەققەتلىرىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇشقا تىرىشىپ ئۆز ئېتىقادىچىسىدىن ، شاپائەتچىسىدىن ئاسىي بەندىلەرگە ئىنساب ، پاكلىق ، نىجاتلىق تىلەۋاتقان بۇ كىشىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ كۆڭلىدىكى قۇتقۇزغۇچىسى بىلەن بىر جان ، بىر تەن بولۇپ كەتكەنىدى…

مەنمۇ بەئەينى بىر مۇرىت قىياپىتىدە قول باغلىغان پېتىم جايىنامازنىڭ يېنىدا يېرىم سائەتمۇ ، بىر سائەتمۇ ، ئىشقىلىپ قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى ، مەنمۇ ئىختىيارسىز قول كۆتۈرۈپ دۇئاسىغا

قوشۇلدۇم .

ئۇ كىشى نامازدىن تۇرۇپ چىراغنى پەرلەپ قويدى ـ دە ئالدىمغا كەلدى . «بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قالدىممۇ ـ نىمە؟» دېگەن گۇماننى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغىنىمدا ، ئۇ مەن بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ بولۇپ ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ دېدى :

— تۇرسۇن ئاخۇن ، كېپقاپتىلىغۇ…

«كېپقاپتىلىغۇ» دېگەن سۆز ماڭا بىرئاز غەلىتە ئاڭلاندىيۇ ، ماڭا بۇنداق سوئال قويغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بولسىمۇ بىلىپ ئاندىن چىقىپ كېتىش نىيىتىدە تەكەللۇپسىزلا چىراغنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ داق يەردە چازا قۇردۇم ، ھېلىقى كىشىمۇ خۇشياقمىغاندەك يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى . بۇنىڭدىن بۇ كىشىنىڭ مەن كۆرۈشمەكچى بولغان سابىر ئەمەسلىكى ، مېنى تونۇيدىغان بىرەرسى بولغاندىمۇ مېنىڭ ئانچە قارشى ئېلىنمايدىغان مېھمان ئىكەنلىكىم چىقىپ تۇراتتى . نېمدەپ خىتاب قىلىشنى ياكى گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تازا قىينىلىپ تۇرغىنىمدا بۇ كىشى ئۆزى ئېغىز ئاچتى :

— ھە ، ئوبدانلا بىر كېپقاپتىلا… بەك ئوبدانلا … — ئۇنىڭ قولاشمايۋاتقان گەپلىرىدىن كېلىش مەقسىتىمنى بىلىشكە ئالدىراۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم ۋە :

— مەن سابىرنى ئىزدەيتتىم ، — دېدىم .

— ھە ، سابىرنىمۇ ، — ئۇ ساقىلىنى يەنە بىر سىلاپ قويۇپ دىمىغىدا كۈلۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — تۇرسۇن ئاخۇن ، سابىردا بىرەر ئىشلىرى بارمىدى ، مانا مەن سابىر .

— سابىر؟ !

مەن تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتىم ـ دە ، بۇ كىشىگە تازا سىنچىلاپ قارىدىم . كۆز ئالدىمدا مەن ئون نەچچە يىل بۇرۇن بىلىدىغان سابىرنىڭ قىياپەتلىرى ئەكس ئېتىشكە باشلىدى . سەل ئۇزۇنراق بۇرۇن ، نېپىز كالپۇك ، چوڭ ـ چوڭ كۆزلەر…

ئاخىر ئالدىمدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ سابىر ئىكەنلىكىگە

ئىشەندىم . هازىرقى شالاڭ ۋە ئۇزۇن ساقىلىنى ، جۇدەڭگۈلۈكىنى چىقىرىۋەتكەندە ، ئۇ سابىرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . سابىرنىڭ — باللىق چاغلاردىن باشلاپلا ئۇزۇن يىل بىللە ئۆتكەن ئاغىنەمنىڭ باياتىن مىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشلىرى ، قوپال گەپلىرى ماڭا بىردىن ئېغىر كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بۇلارنى ئەسلىتىپ قويماقچى بولدۇم :

— قارا سېنى سابىر ، ئون نەچچە يىل كۆرۈشمىدۇق ، مەن كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى ، بوسۇغاڭغا دەسسەيمۇ قويمىدىڭ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ...

ئۇ مەن بىلەن سۆزلەشمەسلىككە قەسەم قىلغاندەك ئېغىز ئاچمايتتى . ئېغىز ئاچسىمۇ سۆزىنى شاخلاتمايتتى .

مەن سۆھبەتنىڭ خۇددى تېرىق ئۇندا يۇغۇرۇلغان خېمىردەك ھېچ قولاشمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئاخىر دادامنىڭ ۋە ياكى باشقا تۇغقانلارنىڭ سابىرنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك بىرەر ئىش قىلىپ قويغانلىقىغا جەزم قىلدىم ــ دە ، چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم ، بۇ قېتىم سابىرغا دەپ يېڭى نەشردىن چىققان يېزا ئىگىلىك پەنلىرىگە ئائىت كىتابتىن تۆت پارچە ئالغاچ كەلگەنىدىم . نېمىلا بولمىسۇن سابىرغا ئاتىغان ۋە بۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئاچىقىپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى . كىتابلارنى سابىرنىڭ ئالدىغا قويدۇم .

ئۇ كىتابلارنى ۋاراقلاپمۇ باقمىدى ، ماۋزۇلىرىغا مۇنداقچىلا كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بەردى .

— لازىمى يوق ، ئاۋارە بولمىسىلا...

ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا راستىنلا جۇدۇنۇم ئۆرلىدىيۇ ، ئالدىمدا مىسكىنلەرچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بۇ تاش يۈرەككە ئازار بەرگۈم كەلمىدى . چىقىپ كېتىۋېتىپ تاملارغا ئېتىكلا كۆز يۈگۈرتۈپ ئۈلگۈردۈم . ئون يىللار بۇرۇن تەقدىرنامىلەر قادالغان ئورۇن يەنىلا ئاقىرىپ تۇراتتى . ئەنە شۇ ئاق تۆت تەرەپلىكلەرنىڭ ئۈستىگىرەك

مەسچىتى ھەرەمنىڭ رەڭلىك رەسمى قاداقلىق تۇراتتى .
بىز چالا ـ بۇلا خوشلاشتۇق . ئۆيگە قانداق قايتقانلىقىمنىمۇ ئۇقمايمەن ، پۈتۈن بىر كېچە تېپىشماقلار دۇنياسىدا تۇنەپ چىقتىم .

3

ئەتىسى كىچىككىنە ھويلىمىزنى قانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتىمكىنتاڭ ، كۈننى بەكمۇ تەستە كەچ قىلدىم . تاڭ ئاتماستىنلا ئەمگەككە كەتكەن دادام قايتىپ كېلىپ كەچلىك چايغا ئولتۇرۇشىغىلا كۆڭلۈمدىكى تۈگۈننى يەشمەكچى بولدۇم .

— سابىر سىزدىن ياكى باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بىرەرسىدىن خاپا بولۇپ قالدىمۇ دادا ؟ — دېدىم مەن چاي ئوتلاۋېتىپ .

دادام ئۆز سەۋەنلىكىنى بويىنغا ئالغاندەك بىردەم سۈكۈتتە ئولتۇردى ـ دە ، ماڭا بىردىن تىكىلىپ :

— خاپا بولۇپ قالسا قالغاندۇ ، بالام . ئۇ بىزدىنمۇ ، ئۆزگىلەردىنمۇ ، يەردىنمۇ ، ئاسماندىنمۇ خاپا بولۇشقا ھەقلىق ، بېشىغا كۈن كەلگەندە ھېچقايسىمىز دەردىگە دەرمان بولالمىدۇق ، مەنمۇ ھەم شۇنداق ... — دەپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ ، بېشىنى چايقاپ قويدى .

دادامنىڭ بۇ گۇڭگا جاۋابى مېنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىۋەتتى . راستىنى ئېيتسام ، دادام ئايىغىدا چۈمۈلە ئۆلمەيدىغان ياۋاش ۋە راستچىل ئادەم ئىدى . ھېچكىمگە يامانلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ مۇشۇ مىنۇتتا خۇددى گۇناھكارلاردەك بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى . مەنمۇ باياملقى سوئالىمنىڭ ئانچە مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ گېپىمنىڭ مۇقامىنى سىلىقلاشتۇردۇم ، تۈنۈگۈن كەچتىكى غەشلىكلىرىمنى بىراقلا تۆكۈۋەتتىم .

دادام ئېيتقانلىرىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى . ئاڭلاۋېتىپ

ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك ئۆھ تارتىپمۇ قويدى . ئاخىرىدا سابىر ھەققىدە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىمنى ئالدىنئالا بىلىدىغاندەك بەزىبىر قىياسلىرىمغا كەسكىن ، ئەمما سىلىق ئىپادە بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى :

— بۇ بىچارە بىزدىنمۇ ، ئادەمزاتتىنمۇ ، بۇ دۇنيادىنمۇ خاپا ، — دەپ گەپ باشلىدى دادام تىترەپ تۇرغان ئاھاڭدا ، — بۇرۇنقى سابىرنى سەن ئوبدان بىلەتتىڭ ، ئۇ شۇنداق چېچەن ، شۇنداق ئەقىللىق بالا بولغانىدى . ئەترەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن گېزى كەلگەندە جېنىنىمۇ ئايىمايتتى . سەن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قوشنا مەھەللىدىكى نۇراخۇن دېگەننىڭ قىزىغا ئۆيلەندى . سابىر بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقىڭنىڭ يۈزىنى دەپ بۇ تويغا ئاتىدارچىلىق قىلدىم ، يېڭى كېلىن داڭ ـ تەۋسىيىنى ئاڭلىغانغا تۇشلۇق ئوبدان بالا ئىكەن . ئۇ سابىر بىلەنمۇ ، زورىخان بىلەنمۇ چىقىشىپ كەتتى . سابىر ئەتىگەندىن كەچكىچە ئەترەت ئىشى بىلەن بەند بولغاچ ، بىر ئۆينىڭ پۈتۈن يۈكى كېلىنىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىغان گەپ ئىكەن . ئۇ ئېتىز ئىشىدىن قول بوشىتىپلا ئۆي ئىشىنى قولغا ئېلىپ كېسەلچان ، ئاجىز قېيىنانىسىنى رازى قىلىۋەتتى . زورىخانمۇ كۆرگەنلا كىشىگە : «كېلىنىمنىڭ قولى گۈل ، ماڭا ئۆز قىزىمدىنمۇ چارە مېھرىبان ، قېرىغىنىمدا ئوبدان كېلىنگە ئېرىشكەنلىكىمگە مىڭ شۈكۈر» دەيتتى .

ھاۋانىڭمۇ يامغۇر ، بورىنى بولغاندەك ، ياخشى كۈنىڭمۇ يامىنى بار ئىكەن . توي بولۇپ ئالاھازەل يېرىم يىل ئۆتتى بولغاي ، بىلىكىگە قىزىل لاتا قادىۋالغانلار ئالەمنى بېشىغا كىيدى ، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشلار بولغىلى تۇردى . بىر كۈنى قاق ناشتىدىلا مەھەللىدە دۇمباق ، كاناي ئۈنى ئاڭلىنىۋىدى ، نېمە بولدىكى دەپتىمەن ، بىردەمدىلا سابىرنىڭ ئۆيى ئالدىدا پاتىپاراقچىلىق باشلاندى . ئۆگزىگە چىقىپ مورىنىڭ كەينىدە ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردۇم ، قىزىل لاتا قادىۋالغان بىر پادا ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان سايىم ساغرو قوللىرىنى كۆتۈرۈپ

بىرنېمە دېۋىدى ، يوقالسۇن دەمدۇ ، پومېشچىك دەمدۇ ، قالايمىقان كــاركــىراشــلار پــۇتۇن مەھەللىنى بىر ئالدى . يەنە ئىككىيلەن سابىرنىڭ ئىشكىنى تېپىپ ئۆيگە كىرىپ كەتكەندەك قىلىۋىدى ، قارىسام سابىرنىڭ ئايالىنى سۆرەپ چىقىۋاتامدۇ ؟ قانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم . سابىرنىڭ ئۆيىدە پومېشچىك نېمە ئىش قىلسۇن ؟ ئۇلارنىڭ تېگىنى مەن ئوبدان بىلمەنغۇ ! سابىرنىڭ دادىــسى ئۆتمۇشتە تارتمىغان كۇنى ، كۆرمىگەن گۆرى قالمىغان ئــادەم ، ئــۆلــكــە يېڭى ئازاد بولغاندا تېخى دېھقانلارنىڭ مۇدىرى بولغان ، زورىخانچۇ ، ئۇمۇ بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى ، رەھمەتلىك ئــانــاڭ بــىــلــەن بــىــر مەھەللىلىك ، سابىرنىڭ خوتۇنى قانداقچە پومېشچىك بولۇپ قالىدۇ ؟

شۇ كۇنى سايىم ساغرو ماخونىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ كاناي بــىلەن مەجلىس بار ، دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى . بىزنى ئەتىرەتكە يــىغىپ مەجلىس ئاچقاندىلا ھەممە ئىش ئايان بولدى . سابىرنىڭ قېيناتىسى ، قېينانىسى توردىن چۇشۇپ قالغان پومېشچىك ئىكەن . سابىرنىڭ خوتۇنى ئۇلارنى تارتىپ چىقىرىشقا قارشىلىق قىلىپ بىر مەيداندا تۇرۇپتۇ . بىردەمدىن كېيىن سايىم ساغرو مېنى تاشقىرىغا چىقىشقا ئىشارەت قىلىۋىدى ، ئاستا چىقتىم . ئۇ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ، كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا ۋاكالىتەن مەجلىستە گــەپ قــىــل دېــمــەمــدۇ ، ئاچچــىــقــىــمغا پايلىماي يەرگە بىرنى تــۇكۇرۇۋېتىپ مەجلىسكە كىرىپ ئولتۇردۇم ، مەن ئاشۇ سايىم ساغرونىڭ گېپىنى ئاڭلارمەنمۇ ، بىگۇناھ ، ئاق كۆڭۈل چوكانغا قاراپ تۇرۇپ بىر نېمە دەرمەنمۇ ؟ !

بــۇ كــۇنلەردە سابىرنىڭ مەھەللىدە بولماسلىقى مېنى ئويغا ســېــلىپ قويدى . كېيىن ئۇقسام قىزىل يەڭلىكلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ يۇرگەن سايىم ساغرو سابىرنى يىراق بىر يەرگە ھاشارغا ئەۋەتىۋەتكىلى ئىككى - ئۈچ كۇن بولغانىكەن .

سابىرنىڭ ئايالى شۇ ئاخشىمى كۇرەشكە تارتىلغاندىن باشلاپ ئۆيگە قايتۇرۇلمىدى . ئۇنى ئەترەتتىكى ئۇنسۇرلار بىلەن كۇرەشكە

قاتناشتۇرۇپتۇ ، دەپ ئاڭلىدۇق .

بىچارە زورىخانغا ھەممىدىن بەك يامان بولدى .

ئۇ كېلىنى ھەيدەپ كېتىلگەن كۈنى بوسۇغىدا داد ـ پەرياد قىلىپ يېتىپ قالغىنىچە يىغىدىن زادى توختىمىدى . ئۇ بىردەم كېلىنىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ، بىردەم سابىرنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ تاڭ ئاتقۇچە ئاھ ئۇرۇپ چىقاتتى . ئۇنىڭ ئۆلۈپ ـ تارتىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم ، ئۇزاق كېسەل تارتىپ ئاجىزلاپ ، تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ قالغان بۇ ئايال نەچچە كۈنلەپ ھېچ نەرسە يېمىسە ئۆلمەي قالامتى ، زورىخانىنىڭ نالىسى ئاستا ـ ئاستا پەسلەشكە باشلىۋىدى ، ئەنسىزلىكىم تېخىمۇ كۈچەيدى ؛ كۈندۈزى دولقۇنىدىن ، ئاخشىمى مەجلىستىن قۇتۇلالماي بۇ بىچارىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغانىدىم . بىر ئاخشىمى بارى يوق بىر توخۇمىزنى بوغۇزلاپ پىشۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىم . ئۇ بوسۇغىغا بېشىنى قويۇپلا ياتاتتى . ئىككى كۈن ئىچىدە شۇنچىلىك تۈگىشىپ كېتىپتۇكى ، مىدىرلاشقىمۇ ھالى قالماپتۇ . ئاۋازى پىچىرلىغاندەك چىققان بىلەن يەنىلا سابىرنىڭ ، كېلىنىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋېتىپتۇ .

بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى . كۆز ياشلىرىم ئېتىكىمنى ھۆل قىلىۋەتتى . ئاخىر سايىم ساغرو ئۇقۇپ قالسا بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن دەپ ھاشارغا تەمىنات توشۇيدىغان ھارۋىكەشتىن سابىرغا گەپ تونۇۋەتتىم...

دادام سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىدە ياش ئەگىشكە باشلىۋىدى ، ۋۇجۇدۇم بىر خىل غەزەپ ئوتى بىلەن ئۆرتەنگىلى تۇردى . ئاخىر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم .

— سايىم ساغرو دېگەن كىم دادا ، بۇ ئەبلەخنىڭ خورىكى نېمىدېگەن چوڭ ؟

مۇشتۇمۇمنىڭ تۈگۈلۈشكە باشلىغىنىنى كۆرگەن دادام بىرەر بالا تېرىپ بېرىشىمدىن قورققان بولسا كېرەك ، گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ دېدى :

— تـوختاپ تۇر بالام ، ئاۋۋال گېپىمنى تۈگىتەي ، سايىم ساغرونىڭ كىملىكىنى ئاندىن ئېيتىپ بېرەرمەن .

سـايىم ساغرو ئۇ يەردىكى گەپنى مەھەللىگە ، مەھەللىدىكى گـەپـنـى ئـۇ يـەرگە يەتكۈزگەنلەرنى قولىدىن كەلگىنىچە جازاغا تارتاتتى . ھارۋىكەش بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقتىمۇ ياكى ئۇلار بىرەر گۇمان قىلىپ قېلىپ قىيىن ـ قىستاققا ئالدىمۇ ، ئۇ مېنىڭ گەپ تونۇغانلىقىمنى ئېيتىپ سالغان ئوخشايدۇ ، ئارىدىن بىرەر كۈن ئۆتتىمىكىن ، سايىم ئىككى ـ ئۈچ ئادىمىنى باشلاپ ئەمگەك قىلىۋاتقان يېرىمگە كېلىپلا مېنى ھەيدەپ ئېلىپ ماڭدى . ئەترەتكە ئـاپـىـرىـپ سـاقـلىـمنى تارتىپ تۇرۇپ ، «سىنىپىي مەيدانىڭنى يـوقاتتىڭ ، پومېشچىككە يان باستىڭ» دېدى . بۇ ھاقارەت ماڭا ئېغىر كەلدى . ئاخىر ئۇنى تىللاپ سالپتىمەن ، شۇ باھانە بىلەن ئىككى ھەپتە ئېغىر ئەمگەككە سېلىشتى .

سابىر ھاشار مۇددىتىنى تۈگىتىپ قايتقان كۈنى دەل ھازا ئـۇسـتـىگە چۈشتى . بىچارە مېيىتنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى . ئارقىدىنلا ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى...

— دادا ، — دېدىم مەن ئالدىراپ ، — بىچارە موماي ئاخىر كۆز يۇمۇپتۇ ـ دە ، ئىست ـ ئىست...

دادام بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ دېدى :

— زورىخان قازا قىلغان بولسا قازاغا رىزا ، دەر ئىدۇق . كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى ئاشۇ كېلىنگە كەلدى . تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بۇ چوكاننىڭ قورسىقىغا تۆت ئايلىق بولغانىكەن .

— كېلىن دەمسىز دادا ، ئۇ نېمە بولۇپ قازا قىپتۇ ؟ — دەپ سورىدىم قۇلىقىمغا ئىشەنمەي .

— نېمە بولماقچىدى . سايىم ساغرونىڭ ئادەملىرى كېلىننى جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالدى ، دەپ ئەكېلىپ ئىشىك ئالدىغا تاشلاپ كېتىپتۇ...

گەپنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا زادى تاقىتىم قالمىدى . ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالىنىڭ ، ئۆز ۋۇجۇدىدىن پەيدا بولغان تۇنجى

www.uyghurkitap.com

جاننىڭ بىراقلا نابۇت بولغانلىقىنى كۆرگەندە سابىرنىڭ نېمىدەپ يىغا ـ زارە قىلىپ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان مومايىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى سۆزسىز پەرەز قىلالايتتىم . سايىم ساغرونىڭ زادى كىملىكىنى بىلىش بىردىنبىر تەقەززايىم ئىدى .

— نېمە ئانچە قورقىسىز دادا ، ماڭا بىر دەپ بېرىڭا ، سايىم ساغرو دېگەن زادى كىم ؟

دادام بىر پەس سۈكۈتكە چۆكتى ، ئۇ پىيالىدە تۈتۈۋېرىپ ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ كەتكەن چاينى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ دېدى :

— ھېلىقى كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن پاكار ، قارىمۇتۇق ئادەم يادىڭىزدىمۇ ؟

— ھە ، بۇرۇتلۇق كىشىنى دەمسىز ؟ ئۇنى دادۇيجاڭ دېدىڭىزغۇ !

— ھەئە ، دادۇيجاڭ .

— ئۇ كىشىنىڭ سايىم ساغرو بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ئىكەن . سىزدىن سورىغىنىم...

دادام قولىدىكى پىيالىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ چىرايىمغا تازا بىر سەپسىلىۋېلىپ «نېمە ئالاقىسى» دەپ تەكرارلىدى ـ دە ، مەندىن سورىدى :

— بىرەر ئادەم بۈگۈن دوپپا كىيىشى مۇمكىن ، ئەتىسى شەپكە كىيىشى مۇمكىن شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق .

— ھە ، شۇنداق ئىكەن ، دوپپىنىڭ ، شەپكىنىڭ ئاستىدىكى ئادەم يەنىلا شۇ ئادەممۇ ، ئەمەسمۇ ؟

— ئەلۋەتتە ، شۇ ئادەم ـ دە !...

دادامنىڭ بۇ سوئاللىرىغا قانداقتۇر بىر مەنە يوشۇرۇنغانلىقىنى پەملىدىم ، ھېلىقى كۈنى مەندىن ھاردۇق سوراشقا كەلگەن بۇرۇتلۇق سېمىز كىشىنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى كۆز ئالدىمدىن قايتا ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم .

ئۆيگە كەلگەن كۈنۈم كەچتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن ئارامخۇدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق ، تالادا ئاتنىڭ دۈپۈرلىشى ۋە كىشنىشى ئاڭلاندى . مەن بۇ شەپىگە ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمەپتىمەن ، بىراق ، ھەمسۆھبەتلىرىم قۇرغۇيدىن قورققان قۇشقاچتەك بىردىنلا جىم بولۇپ كېتىشتى . دادامۇ پۇرژىنىنىڭ ئۈستىدىن قاڭقىغاندەك ، يېشىغا ماس كەلمەيدىغان چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈردى .

ھەمسۆھبەتلىرىمنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، سۆپىنى بوشىتىپ قول قوۋۇشتۇرغان ھالدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ مەھەللىدىكى مويسىپىتلەردىن بىرى كەلسە كېرەك ، دېگەن ئوي بىلەن ئىشىككە تىكىلدىم .

كىرىپ كەلگىنى قارىمۇتۇق ، پاكار ، موزدۇزنىڭ كۆۋىسىدەك بۇرنى بىلەن قېلىن كالپۇكلىرى ئارىسىدا شالاڭ ، سارغۇچ بۇرۇتلىرى بار ، 45 ياشلاردىكى بىر كىشى بولۇپ ، كۆن ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا قامچا دەستىسىنى قىستۇرۇۋالغانىدى . قوللىرىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ئىرغاڭلاپ ماڭاتتى . ئۇ ئېتىنى باغلاپ قويۇپ كەينىدىن كىرىپ كەلگەن دادامغا تەكەببۇرانە قىياپەتتە قاراپ قويۇۋىدى ، دادام ئىتتىك ئالدىمغا كېلىپ يېڭىمدىن تارتىپ تۇرۇپ :

— بالام ، دادۇيجاڭ سەندىن ھاردۇق سورىغىلى كەپتۇ . جۆرە ، سالام بەر ! — دېدى .

پۈتۈن ئەپتىدىن مۇغەمبەرلىك يېغىپ تۇرغان بۇ كىشىگە سالام بەردىم . ئۇ قولۇمنى شۇنداقلا قىسىپ قويۇپ تەكەللۇپسىزلا تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇردى ۋە دىمىغىدا سۆزلەشكە باشلىدى :

— قانداق يىگىت ، دادۇيمىزنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرگەندىمىز ؟

— كۆردۇق ، — دېدىم مەن سوئالنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ ، — يامان ئەمەسقۇ ؟

— يامان ئەمەسقۇ ؟ ! — ئۇ سۆزۈمنىڭ ئۇرغۇسىغا دىققەت

www.uyghurkitap.com

قىلغان بولسا كېرەك، جاۋابىمنى تەكرارلاپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — جەزمەن ياخشى دېيىش كېرەك، داجەيدىن ئۆگىنىپ مانا مۇشۇنداق زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇق. ئۆتمۈشتە بىز كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ... — دېدى.

ئۇ بىرەر سائەتچە ئولتۇرۇپ بىر كۈنلۈك سۆزنى سۆزلەپ تۈگەتتى. قايتىشىدا ماڭا دانە ـ دانە قىلىپ:

— ئاڭلىسام سېنى مۇخبىر دەيدۇ ئۇكا، داۋۇيمىزنىڭ سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىپ قىياپەتنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، بىر يېزىۋېتەرسەن، — دېدى. ئۇ قانداق دەبدەبە بىلەن كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق دەبدەبە بىلەن قايتتى.

ئۇ بىر قوشنىمىزنىڭ ياردىمىدە ساغرىسىغا تۇخۇم قويسا ئورناشقۇدەك سەمرىپ كەتكەن چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىۋېتىپ:

— ھېلىقى يازىدىغان نەرسەڭگە ئاكاڭنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزۈۋېتەرسەن ھە ئۇكا، — دەپ قوشۇپ قويدى.

شۇ كۈنى ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقى ماڭا كىتابلاردىن كۆرۈپ يۈرىدىغان بەگلەردەك تەسىراتنى بەرگەنىدى.

مەن بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ دادامنىڭ تېپىشماقتەك سىرلىق سوئالىنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بولدۇم ۋە تاپقان جاۋابىمنى ئېيتتىم.

— سايىم ساغرو؟...

دادام ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى. كۆرۈپ تۇراتتىمكى، ئۇنىڭ قاتمۇقات يايسىمان قورۇقلار ئارىسىدا قورشىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىماقتا ئىدى. «دېمەك، سابىرنىڭ ئائىلىنى ئۆلتۈرگەنمۇ، دادامنى خورلىغانمۇ دەل ئاشۇ ئەبلەخ ئىكەن ـ دە!» دېگەن ئوي چاقماقتەك ئىز قالدۇرۇپ، گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ مېڭەمدىن كەزگەندە، پۈتۈن ئەزايىمنى نەپرەت ۋە غەزەپ قاپلىۋالدى. توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلايدىغان ئاشۇ قاتىل بۈگۈن داۋۇيجاڭ ـ ھە؟ ئۇ قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلمايلا قالماستىن، بۈگۈنمۇ كىشىلەرنىڭ گەجگىسىگە مىنىپ يۈرىدۇ!

مۇشتۇمۇمنى تۈگۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇش تەرەددۇتىغا چۈشكەنلىكىمنى كۆرگەن دادام بىردىن ھولۇقۇپ كەتتى ـ دە، مۇرەمدىن تۇتۇپ ئورنۇمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال بالام، قانداق قىلىمىز، بۇ كۈنلەر ئاسان ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى.

— دادا، مېنى قويۇپ بېرىڭ، يامىنى كەلسە ... — دېدىم مەن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ.

دادام يالۋۇرۇپ دېدى:

— قانچە ئېتىشساڭ سابىر دەك ئېتىشارسەن، يەنە سەن كېتىسەن، بىز قالىمىز، كۆتەكنى سېسىق چاغلىما، ئۇنىڭ يىلتىزى بار، قانچە تەپسەڭمۇ تەۋرىمەيدۇ، پۇتۇڭنىڭ ئاغرىغىنى ئاغرىغان...

يۈرىكىم خۇددى بىرنېمە مۇجۇغاندەك ئازابلىنىپ تۇرسىمۇ، دادامنى ئاياش يۈزىسىدىن تىنچلىنىشقا مەجبۇر ئىدىم. غوۋغا تېرىماسلىقىم ئۈچۈن دادام يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشقا تەييار ئىدى. كۆز چانقىغا توشۇپ كەتكەن ياش يامراي دەپلا تۇراتتى.

— سابىر تا يەتتە كۈنگىچە تۇپراق بېشىدا ئەگىپ يۈردى. بىچارە زورىخانىنىڭمۇ ئۇن جېنىنىڭ بىرى قالمىدى.

— بولدى دادا، داۋامىنى دېمەيلا قويۇڭ! — مەن بېشىمنى ئىككى قولۇمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ دادامنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم. چۈنكى، مىجەزىمنىڭ ئىتتىكلىكى، ئاچچىقىمنىڭ يامانلىقى ئۆزۈمگە مەلۇم ئىدى. ئەگەر ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ چىدىغۇسىز كەچۈرمىشلىرىنى يەنە ئاڭلاۋېرىدىغان بولسام دادامغا بىرەر پالاكەت تېرىپ بېرەتتىم، يا ئۆزۈمنى ئالدۇرۇپ قويۇپ، دۇتارنىڭ تارىسىدەك تارتىشىپ تۇرغان ئەسەبلىرىمنى كاردىن چىقىراتتىم.

— سەۋر قىل بالام، ئوغۇل بالا دېگەن چىدامىلىق بولمىسا بولمايدۇ، — دېدى دادام ماڭا يېقىنراق سۈرۈلۈپ، — سۆزۈمنى ئاڭلاشتىن باش تارتما، يامانلىقنى بىلىپ يەتكەندىلا يامانلىقنى

يوقاتقىلى بولىدۇ .

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدىم .

— ئۇزۇن ئۆتمەي سايىم ساغرونىڭ كەينىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان بىرەيلەننىڭ كۆڭلىگە ئاللاتائالا ئاقىلىق سېپتۇ . ئۇ سابىرنى ھەممە سىردىن خەۋەردار قىلىپتۇ . ئەسلىدە سايىم ساغرو بۇ چىرايلىق ، خۇشپىچىم چوكانغا كۆز سېلىپ يۈرگەنىكەن ، قوشنا كەنتتىكى ئاغىنىلىرىدىن چوكاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تارتىپ چىقىرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلاپتۇ . ئۇ چوكاننى دادۇيدىكى كۇرسقا يىغىۋېلىپ بىر كېچىسى… ھەي ، نېمىسىنى دەيسەن ، خورلۇقا چىدىماي چوكان ئاخىر ئېسىلىپ ئۆلۈپ ئازابتىن بىر يولى خالاس بوپتۇ…

بۇلارنى ئاڭلاپ ئىچىمدە يىغلىدىمىۇ ، تېشىمغا چىقارمىدىم .

— سابىر بۇنداق خورلۇقا چىداپ تۇرىدىغان يىگىت ئەمەس ، ئۇ بىر كۈنى پالتا كۆتۈرۈپ «سايىم ساغرونى چاناپ ئۆلتۈرىمەن» دەپ دادۇيگە بارغانىكەن ، ئۇمۇ تۇتۇلدى . ئەنزە ئاغدۇردى دېگەن گەپ بىلەن تۈپتوغرا بىر يىل قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇشتى . ئەلەم ، ئاچچىق دەستىدىن كۆز يۇمغان زورىخاننى بىز يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىكىدە قويدۇق…

— ھەي ، — دېدىم مەن شىرە ئۈستىگە بىرنى قويۇپ ، — ئەرز قىلىش كېرەك ئىدىغۇ ، ئەرز !

— ئەرز قىلمىدى دەمسەن ؟ — دېدى دادام گېپىنى مەنىسىت-مىگەن ئاھاڭدا ، — ئەرزمۇ قىلدۇق . بايام دېمىدىممۇ ، سېسىق كۆتەكىنىڭمۇ يىلتىزى بار دەپ ، ئەرزىمىز ئۆزىمىزگە يېنىپ كەلدى . ئەرز قىلغانسېرى ئۇ كۆتۈرۈلگىلى تۇردى . ئۇن نەچچە يىل ئالدىدا نەلەردىندۇر كېلىپ 2 ـ ئەترەتكە نوپۇسقا كىرىۋالغان بۇ نەرسە ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، مانا بۈگۈن دادۇيجاڭ بولۇپ يۈرىدۇ . ئۇ تېخى پۈتۈن ناھىيىدە داڭقى بار ئاكتىپ… ئەمدى ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامال يوق ئوخشايدۇ ، قېنى كۆرۈپ باقارمىز…



www.uyghurkitap.com

4

تۈنۈگۈنكى بىر كۈننى قانداق بىتاقەت ئۆتكۈزگەن بولسام ، بۈگۈنكى بىر كۈننىمۇ شۇنداق ئۆتكۈزدۈم . كەچ كىردى . قاراڭغۇلۇق ئاستا - ئاستا ھەممە نەرسىنى ئۆز قارىنىغا يۇتتى . يېقىنلا بىر يەردە بىر ھۇۋقۇش ھۇۋلاشنى باشلىۋىدى ، ئارقىدىنلا يەنە ئۈچ ، تۆتى قوشۇلۇپ مەھەللىمىزنى بېشىغا كىيدى .

مەن سابىرنىڭ ئۆيى تەرەپكە يول سالدىم . ئۇ مانا مۇشۇ چاغدا ئاندىن ئېتىزدىن قايتىشى مۇمكىن ئىدى .

يۈرىكىم باشقىچە بىر رىتىمدا سوقماقتا ئىدى . سابىرنىڭ كەچۈرمىشلىرى خۇددى كۆز قارىچۇقۇمغا مەڭگۈلۈك ئۇيۇپ قالغاندەك كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيتتى . ھەر خىل ئويلار مېڭەمدە ئەگىيتتى . ئالدىنقى كۈنى كەچتە سابىرنىڭ مۇئامىلىسىدىن نېمە ئۈچۈن رەنجىدىم ؟ تەقدىرنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى بېشىغا چۈشكەن ، ئۆزى ئىشەنگەن ، پۈتۈن ئېتىقادىنى ئايىماي تەقدىم ئەتكەن دۇنيادىن قىلچە خوۋلۇق كۆرمىگەن تەلەيسىز دوستۇمنى نېمىشقا چۈشەنمىدىم ؟ بۇ دۇنيادىن ئۆز ئىشەنچىنىڭ ، ئەقىدىسىنىڭ بەدىلىگە ئارزۇسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە نېسۋە ئالغىنى سەۋەبلىك باشقىچە ئېتىقاد يولىنى تۇتقان ئاجىزدىن نېمە ئۈچۈن ئىچىمدە كۈلدۈم ؟ قەلب يارىسىغا شىپالىق مەلھەم ئىزدەپ ، ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەقىقەتتىن ھىمايە تىلەپ ئۇزاتقان قاچىسى ئۆچ - ئاداۋەت ئوغىسى بىلەن تولدۇرۇلغان بۇ تەتۈر پېشانە يېتىمغا نېمە ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتمىدىم ؟

ئىككى يۈز قەدەمچە كېلىدىغان ئارىلىقنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پۈرسەتتە بېسىپ ، سابىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدىم - دە ، ئىشىكنى يېنىك تاقىلدىتىشقا باشلىدىم . ئىشىك ئېچىلمىدى ، ئۆيدىن بىرەر تىۋىشمۇ ئاڭلانمىدى . سابىر خۇپتەن

نامىزىغا ئۆلتۈرغان بولسا كېرەك ، دەپ تەخمىن قىلدىم . ئىچىمدە ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ نامىزىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن جايىنامازدا يانمۇيان ئولتۇرۇش ، ئۇنىڭ دوستىدىن دوستۇم ئۈچۈن نىجادلىق ، ھەقىقەت ، ئاسايىش تەلەپ قىلىش نىيىتىگە كەلدىم . بۇنىڭ ئۈچۈن پېشانەم يېغىر بولغۇچە باش ئۇرۇشقا ، پۇتۇن جىسمىمدىكى نەملىك قۇرۇپ كەتكۈچە ياش تۆكۈشكە ، ئاۋازىم پۇتۇپ كەتكۈچە دۇئا تەلەپ قىلىشقا تەييار ئىدىم .

ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدىم ، ئىشىك بېشىدىكى زەنجىر «شالاق» قىلىپ قالدى . يۇلتۇزلارنىڭ ئاجىز يورۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن تولغىما زەنجىر قاغىتۇمشۇققا ئىلىنغان ، قاغىتۇمشۇق ئۈستىگە ئالما چوڭلۇقىدا لاي چاپلانغانىدى .

سابىر نەگە كەتكەندۇ ؟ ياكى قەبرە بېشىدىمىدۇ ؟ ئويلا ـ ئويلا ئەقلىم ھېچ يەرگە يەتمىدى .

— ئوغلۇم ، ئىشىك تۈۋىدە تاڭ ئاتقۇچە ساقلىساڭمۇ بىكار .

بۇ دادامنىڭ ئاۋازى ئىدى : ئۇ سۇ تۇتقان يەردىن قايتىپ كېلىپ مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقۇمنى كۆرگەن ۋە نەگە بارىدىغانلىقىمنى پەملەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدى .

مەن بۇرۇلۇپ كەينىمدىلا تۇرغان دادامنى كۆردۈم ـ دە ، ئۇنىڭدىن ئالدىراپ سورىدىم :

دادام ئېغىر قولىنى مۈرەمگە قويدى ۋە قايتىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرۇپ :

— سابىر خېلىغىچە قايتمايدۇ . ئۇنى بۈگۈن سۇ قۇرۇلۇشىغا بەلگىلەپ ئېلىپ قايتىشتى ، — دېدى .

— سۇ قۇرۇلۇشىغا ؟ — دېدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ ، — قاچان قايتىپ كېلىدىكەن ؟

— خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ؟ ! ئۇ يەرنىڭ مۇددىتى ئۈچ ئايلىق .

— ئۈچ ئايلىق ؟ ! ئۇ يەر يىراقمۇ ؟

— مۇشۇ يۇرتقا كېلىدىغان دەريانىڭ بېشى ، دەپ ئاڭلىدىم ، ئېشەكلىك ئۈچ ـ تۆت كۈن ماڭارمىش .



www.uyghurkitap.com

— بۇ قانداق بولغىنى؟!

ھۇۋقۇشلار سوئالىمغا جاۋاب بەرگەندەك تۆت تەرەپتە تەڭلا ھۇۋلاشقا باشلىدى. مەن قولىقىمنى مەھكەم ئېتىۋالدىم، دادام يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا، سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر داڭگال تېپىۋېلىپ دەرەخلەرگە كۆچ بىلەن ئاتتى. ئۇ يەنىلا توختىماي ھۇۋلاۋاتقان ھۇۋقۇشلارنى تىللاپ تۇرۇپ غۇدۇڭشىدى:

— قېرىپتىمەن بالام، يەتكۈزەلمىدىم...

سابىر ھاشارغا ھەيدىلىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەن بولسا كېرەك، ئاتپوسكا ۋاقتىمنىڭ قەرەلى توشۇپ قېلىپ قايتىش تەرەددۇتىغا چۈشتۈم. زېرىككەن چاغلىرىمدا ئوقۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن كىتابلىرىمنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ تەكچىدە توپا بېسىپ تۇرغان بىر ئاق كونۋېرتنى ئۇچرىتىپ قالدىم. كونۋېرتنى ئېلىپ يىرتىۋىدىم، ئىچىدىن تۈمارچىلاپ پۈكلەنگەن بىر پارچە خەت چىقتى. بۇنىڭ سابىرنىڭ خېتى ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق گۇمان قىلمىدىم. چۈنكى، ئۇ ئون نەچچە يىل مۇقەددەم ماڭا ئەۋەتكەن خەتمۇ دەل مۇشۇنداق پۈكلەنگەنىدى.

— سابىرنىڭمۇ بۇ خەت؟ — دەپ سورىدىم ھەرىكىتىمگە دىققىتىنى بۆلۈپ خىجىل بولغان قىياپەتتە قاراپ تۇرغان دادامدىن.

دادام جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتتى. كونۋېرتنىڭ ئۈستىنى چېكىپ تۇرۇپ يەنە سورىدىم:

— ئىككى يىل بۇرۇن يېزىلغان بۇ خەت ئەجەبا...

گەپىمنىڭ قالغىنىنى ئەدەپ يۇزىسىدىن ئاغزىمدىن چىقىرالمايۋاتقىنىمنى سەزگەن دادام:

— خەتكە يېزىلغان مەقسەتتىن خەۋىرىم بار ئىدى. ئۇنى سېلىۋېتىشنى ماڭا تاپشۇرغان. ساڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەي دەپ ... — دېدى ۋە «مەنمۇ بۇ خەتنى ئەمدى ساڭا بېرەي، دېگەن يەرگە كېلىۋىدىم» دەپ قوشۇپ قويدى.

خەتنى ئاچتىم، سالام ۋە ساقلىق ئۇچۇرىدىن كېيىن خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«بېشىمغا كەلگەن كۈنلەرنى ۋە تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىمنى بۇ خەتتە يېزىپ تۈگىتەلمەيمەن، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كەلگەن زەربە، دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىش مېنى ھالاك قىلىدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق ياش تۇرۇپلا تۈگىشىمەنمۇ؟ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم ماڭا تار تۇيۇلۇۋاتىدۇ. بۇ دۇنيادا مېنىڭ دەردىمگە يېتىدىغان ئادەم بارمىدۇ؟ ئويلا ـ ئويلا ئاخىر سېنى يادىمغا ئالدىم، سەندىن ھىمات تىلەش قارارىغا كەلدىم، مەن ئەرز قىلىشىم كېرەك. يۇرتتىن چىقىپ كېتىمەن، ئەرز قىلىشىمغا بىرەر ياردەم بېرەلەرسەنمۇ، قېشىڭغا بارسام ھىمات بولالارسەنمۇ؟ ئەگەردە ئەرزىم ۋاقتىنچە ھەل بولماي قالسا بۇ ناھەقچىلىك تۈگىگۈچە يۇرتقا قايتمايمەن، ئۈچام يالىڭاچ، گېلىم ئاچ قالمىغۇچىلىك ھەق ئالغىلى بولىدىغان بىرەر ئىش تېپىپ بېرەلىسەڭ، كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرسام، مۇشۇ ھاجىتىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بېرەلەرسەنمۇ؟ تېزلىكتە جاۋاب بېرىشۋەت، خەتنى داداڭ نۇرمەھەممەت ئاخۇنغا يازساڭ ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ...»

تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىم بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن خەت تىترەۋاتقان قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. سۈپىدا تۈۋرۈكتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. دادامنىڭ كۆزىدە خىجالەت ۋە كەچۈرۈم سوراش ئىپادىسى، مېنىڭ قەلبىمدە بولسا ئاچچىق ۋە پۇشايمان...

سابىرنىڭ كىچىككىنە خېتىنى ئوقۇغان كۈنىنىڭ ئەتىسىگىلا لېۋىمنى چىشلىگىنىمچە يۇرتتىن ئايرىلغانىدىم. مانا بۈگۈن، ئارىدىن يەنە سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن يۇرتۇمغا قاراپ كېتىپ بارىمەن، ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىنلا سابىرنى كۆرىمەن، يۇرتۇمنى كۆرىمەن، سابىرنىڭ ئۆز تەقدىرىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ھايات بەيگىسىدە جەۋلان قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ھېلىقى ئۆلگۈر ھۇۋقۇشلارنىڭ يۇرتۇمدىن ھەيدىۋېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىپ تۇرىمەن، چۈنكى ھېسسىياتىم ئەزەلدىن مېنى ئالداپ باققان ئەمەس...

1985 ـ يىلى يانۋار.

# نادامەت يېشى

مەن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئىشلىرى خادىمى بولغىنىم ئۈچۈن ، ھەپتىلىك خىزمەت كۈنۈمنىڭ ئالتىدىن بىرىنى — جۈمە كۈننى نىكاھ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئاجراتقانىدىم . بۇ كۈن باشقا ئىش كۈنلىرىدىن ھېچبىر پەرقلەنمەيدىغان سەككىز سائەتلىك بىر ئىش كۈنى بولسىمۇ ، ماڭا قالغان بەش كۈنلۈك چارچاشتىنمۇ بەكرەك چارچاشقا توغرا كېلەتتى . ئۇزۇن - ئۇزۇن ئەرز - دادلارنى ، يىغلىنىش - يالۋۇرۇشلارنى ، ھەيۋە - دوقلارنى زېرىكمەي ئاڭلاپ چىقاتتىم . تىتىلىپ تۈگەي دەپ قالغان قېلىن نوپۇس دەپتەرلىرىنى قايتا - قايتا ۋاراقلايتتىم . خىلمۇخىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇراتتىم . ئاخىرىدا ئىشخانامدىن بەزىلەر خۇشال - خۇرام ئۇزىسا ، بەزىلەر تەنىلەرنى ، ھەتتا ئاھانەتلەرنى ھەدىيە قىلىپ كېتىپ قېلىشاتتى . يېشىم ئۇلغىيىپ ئۆزۈمنى توختىتىۋالغىنىم ئۈچۈنمىكىن ياكى ئالتە - يەتتە يىلىنىڭ بارلىق جۈمە كۈنلىرىنى بىر تەرزدە ئۆتكۈزۈۋېرىپ سەزگۈرلۈكۈم گاللىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمىكىن ، ھەر خىل قىياپەتلەرگە ئانچە زەن قويۇپ كەتمەيدىغان ، قىلنى قىرىق يېرىشقا ھەۋەس قىلمايدىغان بىر كەسپىي ئادەت مەندە يېتىلىپ قالغانىدى . ئەمما ، شۇنداق دېيىلگەندىمۇ ھەر جۈمە كۈنى ئىشخانا تەرەپكە قەدەم تاشلىغىنىمدا يۈرىكىم ئىختىيارسىز سىقىلىشقا باشلايتتى . قۇياشنىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بىر سەكرەپ غەربكە ئۆتۈپ قېلىشىنى ، بىر كۈنلۈك شاۋقۇن - سۈرەنلەرنىڭ ئۇپرىتىشىدىن بىر يولى خالاس بولۇپ كېتىشىمنى خالاپمۇ قالاتتىم .

بۇگۇن ئىشقا چۇشۇش ۋاقتى بىلەن تەڭ ئىشخانا ئالدىغا يېتىپ كەلگەن چېغىمدا، ئالتە - يەتتە جۇپ كىشى مېنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ئوخشىمىغان ياشلاردىكى بۇ كىشىلەرنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ يول بېرىشلىرىگە قارىماي، ئىشىكنى ئېچىپ ئىش ئۈستىلىمنىڭ ئالدىدا سىرى چۇشۇپ كەتكەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. مېنىڭ قىلغان تۇنجى ئىشىم ئاسما كالېندارنىڭ ئىككى ۋاراقنى بىراقلا يىرتىپ تاشلاپ، 6 - ئاينىڭ شەنبە كۈنىنى كۆرسىتىدىغان چىسلا ۋاراقنى چىقىرىپ قويۇش بولدى.

— قېنى، كىم بۇرۇن كەلگەن بولسا شۇ كىرسۇن! — سىرتىمدىن تامغىنى ئېلىۋېتىپ، ئىشىك ئالدىدا قىستىلىپ تۇرغان كىشىلەرگە دېدىم.

ئىشىك ئالدىدا تاراق - تۇرۇق ۋە «مەن»، «سەن» دېيىشلەر باشلىنىپ كەتتى. ئالدىمدىكى ئورۇندۇقنىڭ «غىچىر» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قىزىل ۋە سېرىق قەغەزلەرگە بېسىۋاتقان تامغىنى تاشلاپ قويۇپ ئالدىمغا قارىدىم. ئورۇندۇقتا چىرايلىق كەلگەن غۇنچە بوي، رەڭگىروھى تاتىراڭغۇ، ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپراق كەتكەن بىر قىز ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ توي خېتى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ۋە تەقى - تۇرقىدىن قارىغاندا ياش ئۆلچىمىگە توشىدىغانلىقىنى پەملىدىم - دە، ئۇنىڭ يىگىتىنى ئىزدەپ ئىشىك ئالدىغا نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم. بىراق، دېۋەيلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدىن بۇ قىزنىڭ قۇرامىغا ماس كەلگۇدەك بىرەرسىنى كۆرمىگىنىم ئۈچۈن ئۇدۇللا ئۆزىدىن سوراشقا توغرا كەلدى:

— ئۇكام، ماڭا ئىككى تەرەپنىڭ يۈزمۇيۈز رازىلىقى كېرەك. يىگىتىڭىز قېنى؟

— ...

— ۋاقىتنى زايا قىلماڭ، ساقلاپ تۇرغانلارنى كۆرمەيۋاتامسىز؟

— …

قىز سورىغان سوئاللىرىمنى ئاڭلىمىغاندەك نۇرى قاچقان كۆزلىرىنى ماڭا تىككەن پېتى بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئاخىر كەسپىي تەجرىبەمنى ئەسكە ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم ـ دە، ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىمنى پاراللېل قىلىپ جۈپلەپ، ئالىقانلىرىمنى ئېچىپ يۇقىرىغا كۆتۈردۇم.

— ئاجراشقىلى كەلدىم.

قىزنىڭ نېپىز، ئەمما قوقان قەغىزى چاپلاپ قويۇلغاندەك بۇدۇر ـ بۇدۇر بولۇپ كەتكەن لەۋلىرى ئاستا مىدىرلىۋىدى، ئۇنى ئېپىنىاق دەپ قىياس قىلىپ ئىشارەت بىلەن سوئال سورىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈممۇ بىرئاز خىجىل بولۇپ قالدىم ۋە ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇۋېلىش مەقسىتىدە بايامقى سۆزۈمنىڭ ئاجراشقۇچىلارغىمۇ باب كېلىدىغانلىقىنى ئاستىرتىن بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم:

— ھە، ئاجراشماقچىمۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئېرىڭىزنىڭ يۈزمۇيۈز ماقۇللۇقىنى ئاڭلىمىساق بولمايدۇ، مۇشۇ يەردىلا مۇرەسسە قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويامدۇق تېخى.

— ياق… ياق… جېنىم ئاكا، يارىشىپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس…

ھېلىغىچە ئۈنسىز قالغاندەك ئولتۇرغان قىز بىردىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە تېخىمۇ بەكرەك تاتارغان چىرايىدا قورقۇنچ، ۋەھىمە بەلگىلىرى پەيدا بولدى. «ياراشتۇرۇش» دېگەن سۆزۈمدىن ياۋايى ھايۋاندىن قورققاندەك قورقۇپ كەتكەن قىزنىڭ شىددەتلىك يۇرەك سوقۇشى ئۆي ئىچىدە كېيىدىغان نىمكەش ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ جىددىي كەيپىياتىنى پەسەيتمەكچى بولۇپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدىم ۋە ئاجراشماقچى بولغان تەقدىردىمۇ ئېرى بىلەن بىللە كەلمىسە بولمايدىغانلىقىنى كەسكىنرەك ئاھاڭدا ئېيتىۋىدىم، ئۇ بىر خىل مىسكىن ھالەتتە:

— ئۇ كەلمەيدۇ، — دېدى.

مەن ئېرىنى باشلاپ كەلمىسە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چىقىپ كېتىشكە ئۈندىشىم، قاتتىقراق گەپ قىلىپ، ئۇنىمىسا نىكاھ قانۇنىنىڭ ئۆزۈم يادلىۋالغان مۇناسىپ ماددىلىرى ۋە شەرھلىرىنى شىپى كەلتۈرۈشۈم تامامەن مۇمكىن ئىدى. بىراق، بۇ قىز مەندىن قەرزىنى سۈيلەۋاتقاندەك قەتئىيلىك بىلەن كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرسا ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ بىراق، ۋاقىت قىس، بىرمۇنچە كىشى ئانىسىنىڭ يەم ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قارلىغاچ باللىرىدەك ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىشىپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇكام، گەپ ئاڭلاڭ، ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش سەۋەبىڭىز ھەرقانچە ئورۇنلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ئېرىڭىزنىڭ رازىلىقىسىز بىر تەرەپ قىلالمايمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— توي رەسمىيىتى مېنىڭ رازىلىقىمسىز بېجىرىلگەن يەردە، ئاجرىشىش رەسمىيىتى ئېرىمنىڭ رازىلىقىسىز بېجىرىلسە بولماسمۇ!

قىزنىڭ ئاغزىدىن ئالدىن تەييارلىۋېلىپ ئېيتىۋېلىش پۇرسىتىنى مۇشۇ دەقىقىغە توغرىلاپ قويغاندەك ئېتىلىپ چىققان بۇ سۆز مېنى خېلىلا ھودۇقتۇرۇپ قويىدى. «قىزنىڭ رازىلىقىسىز رەسمىيەتنى كىم بېجىرگەندۇ؟... قەيەردە بولاتتى. بۇ بازاردا نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بىرلا ئورۇن بارغۇ، بېجىرگۈچى پەقەت بىرلا مەنغۇ؟» ئويلىغانسېرى گاڭگىراشقا باشلىدىم، ئاخىر ھەيران بولغان ئاھاڭدا قىزدىن سورىدىم:

— ئېرىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟

— ھۆسىيىن.

— ھە؟ ھېلىقى ھۆسىيىن مۇدىرمۇ؟

— ياق، ھە ئاشۇ.

— سىز خانقىزمۇ؟

ئۇ بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ سوئالىمنى تەستىقلىغاندا ئىچىمدە «ئاپلا» دېدىم ـ دە، پېشانەمگە «پاق» قىلىپ بىرنى ئۇردۇم.

نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا راستىنى ئېيتسام مەن بىر لىللا ئـادەم ئىدىم . ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن سۈنئىلغان سوۋغىلار نـەزىرىمدىن ۋە قوبۇلۇمدىن ھامان چەتتە ئىدى . قايسىبىر يىلى تەشكىل تەرىپىدىن بېرىلگەن چوڭ تەقدىرنامىنى ئېلىپ كېلىپ تۆر تامغا ئېسىپ قويغان چېغىمدا خوتۇنۇممۇ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەن . ئۇ چاغلاردا مەن باش ئاغرىتىدىغان بۇ خىزمەتنى ھەتتا ياخشى كۆرەتتىم ، جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر ئالدىمغا كېلىپ مېنىڭ قولۇمدىن قىپقىزىل توي خېتىنى ئېلىشقىنىدا ، قوشۇلۇش تـەقـەززالـىقى بىلەن كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان ئۈنتۇلماس سائەتلىرىنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ خۇشاللىقىدا ماڭا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويغىنىدا ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم . بـــىراق ، ھوقۇق پەشۋاسى بىلەن ئىختىيارىم قولۇمدىن كېتىپ قالغاندا سادىر قىلىپ قويغان بىر ئىشىم مېنى كۆڭۈلسىزلەندۈرۈپ مۇشۇنداق بىر مىجەزگە گىرىپتار قىلغانىدىكى ، شۇ قىلمىشىمنىڭ قـۇربـانـى بـولـمـىش خانقىز ھېلىقى گەپنى قىلغاندا يۈزۈمنىڭ قىزارغانلىقىنى ئۆزۈممۇ تۇيدۇم - دە ، بىر يېرىم يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىش «لاپ» قىلىپلا كۆز ئالدىمغا كەلدى .

باھار ئايلىرىنىڭ بىر جۈمە كۈنى ، ناشتا قىلغىلى ئەمدىلا شىرە ئالدىغا كېلىۋىدىم ، ھويلا ئىشىكى چېكىلدى . ئىشىك ئېچىلىشىنى كـۈتـۈپ تۇرمايلا ھۆسيۈن مۇدىر كىرىپ كەلدى . مەن ئۇنىڭ بـىـمـەھـەل كـېـلـىـشـىدىن بىرئاز ھەيرانلىق ھېس قىلدىمىۇ ، ھەيرانلىقىمنى چاندۇرمايلا ئۇنى شىرە ئالدىغا سېلىنغان كۆرپىگە تەكلىپ قىلدىم .

ھۆسيۈن مۇدىر 40 تىن ئېشىپلا ھالقىغان ، ئۇزۇن يۈزلۈك ، چوقۇر ئادەم ئىدى . پارقىراپ تۇرىدىغان ئالا كەدىنى باشلىقىنى قانچە چۆكۈرۈپ كىيسىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئەڭ يـامـان سـۆز بـىـلـەن تىللايدىغانلار «تاز» سۆزىنى تاللىۋالغان . شورلۇق يەردىن ئۈنگەن قومۇشلاردەك شالاڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى

پاكىز قىردۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ ، قارامتۇل يۈزى يەنە قارا پېتىچە خۇددى ياغلاپ قويغان قاپاقتەك پارقىرايتتى .

ئۇ كىچىك بالىنىڭ بېلىدەك توملۇقتىكى پۇتلىرىنى تەسلىكتە چازانە قىلىپ ، قوي قېرىنچىلىك ساڭگىلىغان قۇچىقىغا ئالدى ـ دە ، كېلەڭسىز تېنىنى جايلاشتۇرۇپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ قارىئۆرۈك ئۇرۇقچىسىچىلىك چېقىر كۆزلىرى سۇس ھاجايان نۇرلىرىنى چاقنىتاتتى . بىر ـ ئىككى ئېغىزدىن رەسمانە تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ، ئۇ چاي ئوتلىغاچ ئۆينىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى :

— ئۆيمۇ يامان سېلىنماپتىكەن ، بىزنىڭ قورۇلۇش ئەترىتى سالغانغۇ دەيمەن ، شۇنىسى ، كىگىز سەل چېنىپ قاپتۇ . ھە ، ئېسىمگە كەلدى . بىزدە باھاسى ئەرزان گىلەم بار ، ئەگەر ، كېرەك بولسا…

— گىلەم دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق ، كېيىنچە ئېلىۋالارمىز ، — دېدىم مەن جاۋابەن .

ئاردا كىچىككىنە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ئۇ قوزىنىڭ بېشىدەك چوڭلۇقتىكى مۇشتۇملىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يالغاندىن ئەسنىۋالغاندىن كېيىن سۆزگە كىرىشتى :

— بۈگۈن ئالدىلىرىغا بىر ھاجەت بىلەن كېلىۋىدىم ، ئەمدى ، قانداق بولىدىكىن دەپ…

— قولىمىزدىن كەلسە راۋا قىلارمىز ، — دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ . ئۇ ھاياجىنىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بىر پارچە پەتە لازىم ئىدى ، ھېلىقى نادىراخۇننىڭ قىزى بىلەن ئۆي بولۇپ قالايلى دېۋىدۇق .

— نادىراخۇننىڭ ؟

— ھەئە ، ئۇ 2 ـ يىلىك سانائەت ئىدارىمىزدىكى كۆنچىلىك سېخىدا ئىشلەيدىغان ياۋاش ئادەم ئىدى . يېقىندا كۆزىگە كىسلاتا

چاچراپ كەتكەن باھانە بىلەن مېيىپ بولۇپ قالدى بىچارە ، شۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ بولسىمۇ...

— يامان بوپتۇ بىچارىگە ، ئۇنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى بارمىكىنە ؟

— ھەئە ، بار ، بىرلا يالغۇز قىزى بار ، بۇ يىل 17گە ، ياق 18گە تولدى .

ئۇ ، قىزنىڭ يېشىنى ئېيتقان چاغدا دۇدۇقلاپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كىشىنىڭ ئىشى تۇپەيلى ئوبدانلا بىر جايلانغىنىم ئۈچۈن ماڭا ئېھتىيات تولىمۇ زۆرۈر ئىدى . شۇنداقتىمۇ قىز تەرەپنىڭ يېشىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدىغانلىقى سەۋەبلىك قىزنى بىللە ئېلىپ ئىشخانىغا بېرىشنى ئېيتىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇم .

ھۆسيۇن قادىر ئىشخانامغا چۈشكە يېقىن كىرىپ كەلدى . بىراق ، ئۇنىڭ يېنىدا قىز يوق ئىدى . ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر جۈپ ياشنى بىر گۆلىيىش بىلەن قوغلىۋېتىپ ئورنىغا ئۆزى كېلىپ ئولتۇردى ـ دە ، ئەتىگەندە كۆرۈشكىنىمىزنى يادىدىن چىقىرىۋەتـ كەندەك «پەتە ئالغىلى كېلىۋىدىم» دېدى . مەن ئۇ يېتىپ كەلگۈچە نوپۇس دەپتىرىنى ۋاراقلاپ قىزنىڭ يېشىنى ئېنىقى بىلەن بىلىپ ئۈلگۈرگىنىم ئۈچۈن «ساۋاق»نى ئەستىن چىقىرىپ ، گەپنى ئۆزۈپلا ئېيتتىم :

— خانقىز تېخى 17 ياش ئىكەن ، نىكاھلىنىش يېشىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى سىلىگىمۇ ئايدىڭ ، شۇڭا...

— خاتا يېزىلىپ قالغان ئوخشايدۇ ، يېشىغا يەتكەنلىكىگە دادىسىمۇ گۇۋاھلىق بەرگەن .

ئۇ گېپىمنىڭ بىلىگە تېپىۋەتتى . ئۇنىڭغا نوپۇس دەپتىرىنى كۆرسىتىپ تۇغۇلغان يىل ، ئاي ، كۈنى دېگەن گرافىلارنى كۆرسەتكۈچ بارمىقىم بىلەن چېنەپ باققان بولسامۇ قىلچە پىسەنت قىلمايتتى . تالىشا ـ تالىشا ئاخىرىدا ھۆسيۇن قادىر تەگەشكە باشلىدى :



www.uyghurkitap.com

— 17 ياش بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەن بۇرۇنقى خوتۇنۇمنىمۇ 16 يېشىدا ئالغان. پارتىيىگە شۇنچە يىل ئىشلىگىنىمىز بىرەر ياشقا ئارا تۇرماسمۇ؟!

ئۇ مېنىڭ يۇمشىمايدىغىنىمغا كۆزى يېتىپ چىچاڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ھۆسۈيۈن قادىر مەغرۇرانە قىياپەتتە ئىشخانىغا يەنە كىرىپ كەلدى. ئۇ چىرايىغا ھېچنېمىنى، ھېچكىمنى مەنسىتمەسلىكنى نامايان قىلىدىغان مۇغەمبەرلىك كۈلكىسىنى يۇگۈرتكىنىچە چۈشتىن بۇرۇن ئولتۇرغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. يانچۇقىدىن «مودەن» ماركىلىق تاماكىدىن بىرنى چىقىرىپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ئالدىمغا بىر كونۋېرتنى تاشلاپ قويدى. كونۋېرت ئىچىدىكى قىزىل خەتلىك ئىش قەغىزىگە چوڭ - چوڭ قىلىپ مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«بازارلىق ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى خادىمىغە:

خۇ جۇرېننىڭ تەلىپىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇنىڭ تۆھپىسى ۋە خىزمەت ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ خانقىز بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلدۇق. سەۋەب كۆرسەتمەي دەرھال بېجىرىلسە. ئەگەر خۇ جۇرېننىڭ تۇرمۇش ئىشلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىسا، يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا زىيان كۆرۈلسە…»

خەتنى ئوقۇپ تۇگەتمەي تۇرۇپلا قەغەزنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بېسىلغان يوغان يۇمىلاق تامغا ۋە شەخسىي مۆھۈرگە كۆزۈم چۈشۈپ پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. چۈنكى، شۇ كۈندىن بىر ئايچە بۇرۇن ئوخشاش پوچېركىلىق، ئوخشاش تامغىلىق بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغانىدىم. خەتتىكى ئوخشىمايدىغان مەزمۇن شۇ ئىدىكى، ئۇ خەتتە خۇ جۇرېننىڭ ئۈچ باللىق ئايالى بىلەن ھېچقانداق ئاساسسىزلا ئاجرىشىش تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىم تەنقىد قىلىنغانىدى.

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ قولۇمدىكى سەل تىترەۋاتقان

تامغىلىق قەغەزگە پىسەنت قىلماسلىققا مەندە يەنە قانداق ماغدۇر بولسۇن؟ توي خېتىگە تامغا باسماسلىققا قانداق ئىلاج بار؟

خانقىزنىڭ ئۆز ياشلىق باھارىنىڭ نابۇت قىلىنىشىغا سەۋەبكار بولغان زومىگەرانە ئارىلىشىشقا ئېتىراز بىلدۈرۈپ ئېيتقان ھېلىقى سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە يەنە بىر قېتىم جاراڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن خىيالىمنىڭ يىپىنى كەستىم. نىكاھ رەسمىيىتى ئەنە شۇ تەرىقىدە بېجىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي تويىنىڭ بەكمۇ كاتتا ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. راست، «قېنى كارامىتىمنى كۆرۈپ باق» دېگەندەك ماڭمۇ توي باغىقى ئەۋەتكەنىكەن. بىراق، ئۇنداق تويغا نېمىدەپ باراتتىم؟ قانۇننى ئۆز خاھىشىغا بويسۇندۇرغانلارنىڭ نەپسانىيەت تەنتەنىسىگە ئورتاق بولۇش ئۈچۈنمۇ؟ نەپسى ئالدىدا ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان غۇنچىدەك سەبىي قىزنىڭ يېنىدا گىدىيىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئوچ بالىلىق خوتۇننى رەزىل يوللار بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ھوقۇق قامچىسىدا قامچىلاپ ھەيدىۋەتكەن تاش يۈرەكنىڭ يىرگىنىشلىك ھەجىيىشىدىن ھۇزۇر ئېلىش ئۈچۈنمۇ؟ ۋە ياكى بىر نارەسىدە قىزنىڭ سارىنىڭ ئىپلاس تىرناقلىرى ئاستىدا قالغان چۇجىدەك داد - پەرياد ئۇرۇشلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈنمۇ؟

توي خەۋىرىنى ئاڭلاپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مەن خانقىزنىڭ ئېرىنىڭ كەينىدە — ھۆسيۈن قادىر زورلۇق بىلەن ئەمرىگە ئالغان ياش، گۈزەل خوتۇننى كۆز - كۆز قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى ۋە ئابرۇيىنى نامايىش قىلىپ كوچىدا كېتىۋاتقىنىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدىم. ئۇ بۆرىنىڭ كەينىگە كاچ تەقدىر ئارغامچىسى بىلەن چېتىلغان قوزىدەك ئېرىدىن ئۇركۇپ - ئۇركۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، تال چىۋىقتەك قامىتى ئېرىنىڭ پور توغراق كۆتىكىدەك كىلەڭسىز بەستىگە تولىمۇ ماس كەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ گۈزەل ئىدى. ئاشۇ خانقىز، ياق ئاشۇ گۈزەللىكنىڭ ئۇندىن بىرى ساقلىنىپ قالغان ھازىرقى گۈزەل خانقىز مۇشۇ دەقىقىدە مېنىڭ

ئالدىمدا ئولتۇراتتى !

مەن بارلىق ئەپسۇسلىرىمنى ۋە ئېچىنىشلىرىمنى زورىغا بېسىۋېلىپ مۇرەسسە قىلىشنىڭ گېپىنى يەنە بىر تەكرارلىۋىدىم، كۈتكەن ۋە كۈتمىگەن ئەھۋاللار بەربىر سىكۇنتتىلا يۈز بەردى. دەسلىپىدە ئۇ يالۋۇرۇشلىرىنىڭ بىكار كەتكەنلىكىگە، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ دۇنيادىن تۈگەپ كەتكىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك جىمىپ قالدى. ئارقىدىنلا مەڭزىدىن كۆز شامىلى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئاخىرقى ماغدۇرىنى تۈگەتكەن، سولىشىشقا يۈز تۇتقان گۈل تاجىسىدىن سىرغىغان ئاداققى شەبنەمدەك ئىككى تامچە ياش سىيرىلىپ چۈشتى. ئاندىن ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىققان يىغىسىنى باسالماي ئېسەدەپ تۇرۇپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى.

— ئا… ئاكا، ياش ئۆمرۈمگە ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى سورايمەن. سىلىنىڭمۇ بالىلىرى باردۇ، يارىشىش زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش…

ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلارمۇ ئۆز تەقەززاسىنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ خانقىزنىڭ دەردلىك سۆزلىرىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. خانقىز قولياغلىقىنى چىقىرىپ سەلدەك ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈۋالدى ـ دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئانامدىن كىچىكىمدىلا ئايرىلغانىكەنمەن، چوڭ بولدۇم، مەكتەپكە كىردىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان دادامنىڭ ھوشۇقىغا چالما تىزىپ يۈرۈپ كۆيۈنۈشى ئارقىسىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردۈم. ئۇزاقتىن بېرىقى ئارزۇيۇمنىڭ دەۋتى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقتىمدا ئويلىمىغان يەردىن دادامنىڭ قوشۇلماسلىقىغا دۇچ كەلدىم. كىچىكىمدىن باشلاپ ياخشى ئوقۇشۇم ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن، ھەتتا كۆزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ياخشى كۆڭلۈمنى رەت قىلىپ ئالىي مەكتەپتە

www.uygurkitap.com

ئوقۇشۇمنى قوللاپ كېلىۋاتقان دادامنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ قېلىشى مېنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. سەۋەبىنى ئۆزىدىن سورىغىنىمدا ئۇ ھېچنېمە دېمەي، ئۇھ تارتىپ بېشىنى چايقايتتى، بەزىدە ئانامنىڭ ۋاقىتسىز قازا تاپقىنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكەتتى. كېچىلىرى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋېتەتتى. دادامنىڭ قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن ئازاب بىلەن ئۆزىنى قىيناۋاتقانلىقىنى، نامەلۇم بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە ئۆز ئىرادىسىگە قارشى يول تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلىشقا باشلىغان چېغىمدا، بىر كۈنى ھۆسيۈن قادىرنىڭ ئىشىكىمىزدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۆزۈمنى ئوتتۇنخانىنىڭ كەينىگە قانداق يوشۇرغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن، دالدىدا تۇرۇپ گەپلىرىگە قۇلاق سالدىم. دادامغا: مېنى ئۆزى بىلەن توي قىلىشقا كۆندۈرسە ئىدارىدىن بېرىلىدىغان خىراجەتتىن داۋاملىق بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىنى، تويدىن كېيىنلا مېنى قانداقتۇر مۇھىم ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىسا قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. يۈرىكىم بىردىنلا مۇزلاپ كەتكەندەك بولۇپ، ئىلكىمدىن ئىختىيارىم قاچتى. چاچلىرىمنى يۇلغىنىمچە مەكتەپ تەرەپكە يۈگۈردۈم. بىراق، مەن كېچىككەنىدىم. ئىمتىھان ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن، ئوقۇش ئامىتى مەندىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. ياش تۆككەن پېتى قايتىپ كېلىپ، دادامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. داداممۇ ماڭا قوشۇلۇپ يىغلىدى. ئەھۋالنى تەشكىلگە مەلۇم قىلىشىمدىن ئەنسىرىدى.

ھۆسيۈن قادىرنىڭ سايىسى ئىشىكىمىز ئالدىدىن زادى نېرى كەتمىدى. ئارىغا چۈشكەن بىر چوڭ كىشىدىن ھۆسيۈن قادىرنىڭ مېنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغاندا ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم، ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدىم، بىر قۇتا زەھەرلىك دورا تېپىپ كېلىپ يېنىمدا ساقلىدىم. ھەر قېتىم بۇ يورۇق جاھان

بىلەن خوشلاشماقچى بولغىنىمدا ، ئاجىز ، تايانچسىز دادام كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى . ئانامنىڭ قەبرىسىگە قانچە قېتىم تاشلانساممۇ قەبرىدىن ئاۋاز كەلمىدى...

خانقىز سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يۈرىكىم ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك مۇجۇلۇشقا باشلىدى . ئەگەر ئۆز سالاھىيىتىمنى ئەسكە ئالمىغىنىمدا ئىدى ، چاناقلىرىمغا پاتماي يار ئېلىپ كېتەي دەپ قالغان ياشلىرىم ئۇدۇللا ئالدىمدا يېيىقلىق تۇرغان سىرىق قەغەزگە تۆكۈلۈشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ سەل توختىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى :

— مېنىڭ ئۇنىڭغا تەگمەسلىك ، ياشلىقىمنى نابۇت قىلماسلىق ، قىزلىق غۇرۇرۇمنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن جىمى تىرىشچانلىقىم قەدەم ـ قەدەمدە بىتچىت قىلىندى . ئاقىۋەتتە مەن توي بولۇۋاتقان سورۇنغا ئېلىپ بېرىلدىم . توي كۈنى تۆككەن ياشلىرىمغا تاش بولسىمۇ ئېرىپ كېتەر ئىدى . بۇ كاتتا توي مەن ئۈچۈن بەئەينى ماتەم بولدى . چېلىنغان سازلاردىن مەندىن يۈز ئۆرۈگەن تەقدىرىنىڭ سوغۇق كۈلۈشلىرىنى ، چەيلىنىش ئالدىدا تۇرغان ياش گۈلۈمنىڭ نالىسىنى ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان قۇتۇلۇش ئۈمىدىنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىدىم . ئۇستۇېشىمغا كىيگۈزۈلگەن رەڭگارەڭ كىيىملەر ماڭا بىر خىللا ئاق بولۇپ كۆرۈندى . مەن دادام بىلەن خوشلاشقاندا تەڭلىكنىڭ تۈگمىنىدە قايتا ـ قايتا يانجىلغان يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققان ياش ئېتىكىمنى ھۆل قىلدى .

ھۆسىيۈن قادىرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىندىم . تۆت تام مېنى تۆت تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان قارا قولللاردەك بىلىندى . توغرا ، مېنىڭ ئېلىپ كېلىنگىنىم گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ، ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن جاھازىلار تىزىلغان ئۆي ئىدى . نازۇنېمەتلەرمۇ مول ئىدى . بىراق ، مەن قەپەسكە سولانغان قۇشتەك ، پۈتۈن مەنۋى ئەركىنلىكلەردىن مەھرۇم قىلىندىم . مەكتەپ ، كوللېكتىپ ھايات

كۆز ئالدىمدىن زادى نېرى كەتمىدى . «مۇھەببەت» دېگەن سۆز بارلىكى كىتاب مەندىن نېرى قىلىنىدى . دەردىمنى تۆكۈپ بىرەر مىسرا شېئىر يېزىپ قويسام ئۆلگۈچە تاياق يېدىم .
ئۆتكەن يىلقى ئەتىياز بولسا كېرەك ، مەھەللە ياشلىرى ئارىسىدىكى ئوغۇللار بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپتىمىشمەن ، ئۆزگە بولسا بىرەر قېتىممۇ ئوچۇق چىراي ئاچماپتىمىشمەن . ئۇ ماڭا «ئوتقاشتەك ئىسىل ئۆي تەييارلاپ بەردىم ، نازۇنېمەتلەرنى ئالدىڭغا دۆۋىلەپ قويدۇم . سېنىڭ يەنە نېمەڭ كەم ؟» دەپ سوراق قويدى...
خانقىز سۆز ئارىسىدا ئىسەدەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «زادى نېمە كەم» دېگەن سوئالنى ئىختىيارسىز ئۆز ـ ئۆزۈمگە قويۇپ باقتىم ۋە بىرقانچە خىل جاۋابنى چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم ، بىراق ، ھېچقانداق جاۋابتىن قانائەت ھاسىل قىلالماي تۇرغىنىمدا ، خانقىز سۆزىنى ئۇلىدى :
— ئۇ تېخى ھېچنېمە كەم ، ئەمەس دەپ ھېسابلايدۇ . ئەگەر ئۇ نېمە كەم ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولسا ئىدى ، ئۇن نەچچە ياشتىكى مېنى 45 ياشتىكى ئۆزگە راۋا كۆرمەس ، ھېسسىياتتىن ، مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان نىكاھنى ھوقۇق ، مال ـ دۇنيا بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئۇرۇنماس ئىدى .
شۇ ۋەقەدىن كېيىن ھويلىغا تېخىمۇ مەھكەم قاماپ تاشلاندىم . ھەممە جانلىقلار ئويغىنىدىغان ، قۇشلار ئەركىن قانات قاقىدىغان پەسىلدە ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئۆرۈك چېچەكلىرىنى تاماشا قىلىش پۇرسىتىدىن ، ئەركىن ئەمگەكتىن مەھرۇم قىلىندىم .
تۈنۈگۈن ئۇنىڭغا دادامنى كۆرمىگىلى ئىككى ئاي بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ مۆھلەت تەلەپ قىلدىم . مەقسىتىم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇ قەپەستىن مەڭگۈ قۇتۇلۇش ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيۇپ قالدىمۇ ، رۇخسەت قىلمىدى . ئۆزى بىلەن بىللە بېرىپ كىنو كۆرۈشۈمگە ماقۇل كەلدى . بۇ مېنىڭ

تۇرمۇشلۇق بولغىنىمدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم كىنو كۆرۈشۈم ئىدى. كىنودا غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ئۇچراشقان يېرى كۆرۈنگەندە ھاياجانلىنىپ يېنىك چاۋاك چېلىپ تاشلاپتىمەن. ئېرىم بولغۇچى مېنى شۇ گۇناھىم ئۈچۈن كىنوخانىدىن سۆرىگەن پېتى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ، تۆھمەت تىللىرىنى ياغدۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇردى. ۋارقىراپ، نالە قىلىپ باقتىم، ئاۋازىم نەگىمۇ يېتەتتى؟

بۈگۈن ئەتىگەن پۈتۈن بالا - قازانى ئالقىنىمغا ئېلىپ ئۇ ئۇخلاۋاتقان چاغدا يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى سۇغۇرۇۋالدىم - دە، دەرۋازىدىن چىققىنىمچە ئالدىلىرىغا كەلدىم. ئاكا، مەن قانۇندىن ھىمايە تىلەيمەن، خورلاندىم، يەتكۈچە ئازابلاندىم، ئەمدى چىدىيالمايمەن. ئۆلۈۋېلىشقا رازىمەنكى، ئەمدى ئاشۇ ئىت ئۇۋىسىغا قايتمايمەن! ۋاقىت تېخى ئەتىگەن، ئەمدى 19 ياشقا كىردىم، دۇنياغا قايتىدىن تۇغۇلۇپ ھەممىنى يېڭىۋاشتىن باشلىغۇم بار، ئاز - تولا پايدىلىق ئىش قىلغۇم بار، ئاكا، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، سىلىنىڭمۇ قىز بالىلىرى باردۇ...

خانقىز ئەلەملىك كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندە كۆز ياشلىرى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن. بىراق، ياش دېغى ئىككى مەڭزىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مېنىڭ قوبۇل قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغانلاردىن بىرقانچىسى ھېلىغىچە مىشىلداپ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى. بەزىلىرى بولسا يىرگىنىش، غەزەپ ئوتلىرى چاقنىغان كۆزلىرىنى ئاللىقاياققىدۇر تىككەن.

سۆھبەت داۋامىدا خىيالىمدىن كەچكەن ئويلارنى ۋە مۇرەككەپ ھېسلارنى قەلەم بىلەن ئىپادە قىلىش قىيىن. بىراق، ئاشۇ مۇرەككەپ ھېسلار ئارىسىدىن ھەقىقەت ئارقىلىق چىڭكىلەپ ئالغان دادىل پىكىرلىرىمنى ئىككى ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىدىم - دە، خانقىزنى ئۇزىتىپ قويدۇم. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلسە ئون مىنۇتلاردىن كېيىن دادىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. دادىسى ئازاب خۇمدانىدا ئۆرتەنگەن بىچارە قىزىنى يەنە بىر قېتىم، پەقەت بىرلا

قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن خۇدادىن كۆزىگە بىر دەقىقىلىك نۇر تىلەپ نالە ـ پەرياد قىلىدۇ.

مەنچۇ؟ مەن نېمە قىلىمەن؟

مەن قولۇمدىكى تامغىنى بار كۈچۈم بىلەن قورۇدۇم ۋە ئىچىمدە: «خاتىرجەم بولۇڭ خانقىز، پۈتۈن ئەھۋالنى سوتقا مەلۇم قىلىمەن، ھەتتا ئەرز قىلىمەن، مېنى نېمە قىلسا قىلىشسۇن، مېنىڭمۇ قىزىم بار، باشقىلارنىڭمۇ قىزى بار، ئۇلارنىڭ ياشلىق گۈلىنىڭ ھوقۇق تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دەپسەندە بولماسلىقى ئۈچۈن ھېچنېمەمنى ئايىمايمەن!» دېدىم ـ دە، يەنە بىر جۈپ كىشىنى ئالدىمغا چاقىردىم.

1983 ـ يىلى مارت.



www.uyghurkitap.com

## سەرەڭگە

(باللار ئۇچۇن)

ئۇلار ئىشتىن قايتىپ تۇرۇشىغىلا مېھمان كېلىپ قالدى. يارمۇھەممەت كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان ئاغىنىلىرىگە قىزغىن ئىلتىپات كۆرسەتتى ـ دە، ئۇلارنى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ تۆرگە تەكلىپ قىلدى. قەدىناسلىرى بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، تاشقىرى ئۆيگە چىقىپ ئايالىغا دېدى:

— چىمەن، چاي دەملەشكە تېخى تەرەددۇت قىلماپسەنغۇ، بىلەمسەن، ئۇلار مېنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىم، ئۆيىمىزگىمۇ تۇنجى قېتىم كېلىشى.

— بىلىمەن، — دېدى نېمىگىدۇر قېيىداۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا چىمەن، — قايناق سۇ يوق تۇرسا قانداق قىلاي؟

ئادەتتە مېھمان بوسۇغىدىن ئاتلىغان ھامان پايپېتەك بولۇپ، داستىخان راسلاشقا باشلايدىغان چىمەننىڭ بۈگۈنكى بىپەرۋالىقىنى ھېچ چۈشەنمەيۋاتقان يارمۇھەممەت بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ دېدى:

— قارا سېنى، قايناق سۇ بولمىسا قايناتمامسەن، يا مېنى مېھمانلار ئالدىدا ئۆلتۈرەي دەمسەن!

ئېرىنىڭ تەگەشكە باشلىغىنىنى كۆرگەن چىمەن گەپنى چاقچاققا بۇراپ دېدى:

— قايناق سۇنى نېمىدە قايناتىمەن؟

— ئاپلا، ما خوتۇننى، ئوچاقتا بولماي نېمىدە بولاتتى؟

— ئوچاققا ئوتنى نېمىدە ياقىمەن؟

يـارمـۇھـەمـمـەت گـەپنىڭ سـەرەڭگـە ئۇستىدە كىتىۋاتقىنىنى بىردىن ھېس قىلىپ يانچۇقلىرىدىن ، ئوچاق بېشىدىن ، ئۇستەل ، ئـورۇنـدۇقـلارنـىڭ ئاستىدىن سەرەڭگە ئىزدەشكە باشلىدى . ئۇ ئـۆزىـنـىـڭ سەرەڭگە توختاتمايدىغان يامان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى . بەزىدە ئۆيدىكى سەرەڭگىنى بىر يەرگە ماڭغاندا يانچۇقىغا سېلىۋالاتتىيۇ ، بارغان يېرىگە تاشلاپ كېلەتتى ، چىمەن ھەپتىسىگە ئـون قـاپ سـەرەڭـگـە ئـېـلـىـۋەرسىمۇ يارمۇھەممەت تۈگىتىپ ئۈلگۈرەتتى . بەزىدە مېھمان كەلگەندە ، ئىككى يۈز يۈەندەك مائاش ئالىدىغان بۇ ئۆي ئىگىلىرى ئىككى پۇڭلۇق سەرەڭگىنىڭ ئۆكسۈپ قېلىشى تۈپەيلى جىددىيچىلىككە چۈشكەندە ، چىمەن يارمۇھەممەتنى ئەيىبلەشكە باشلايتتى :

— بەڭگى بار ئۆي دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، سەن بەڭگىنىڭ سەۋەبىدىن… سەن بەڭگى…

يـارمـۇھـەمـمـەت خىجىلچىلىقتا تاشقىرىقى ئۆيىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى . ئۇ بىرنەرسىلەرگە باھانە قىلىپ ئىچكىرىكى ئـۆيـگـىـمـۇ بـىرنەچچە قېتىم كىرىپ چىقتى . ئەمما ، سەرەڭگە تاپالمىدى . ئۇ ئاخىرىدا يەنە ئادىتى بويىچە چىمەنگە مۇراجىئەت قىلدى :

— يۈگۈر خوتۇن ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ بىرەر تال بولسىمۇ سەرەڭگە سوراپ كىر ، مانا مەيەردە قاپ بار ئىكەن .

چىمەن تولا سۈركەۋېرىپ ئاقىرىپ كەتكەن سەرەڭگە قېپىنىڭ فوسفورىنى سىلاپ تۇرۇپ ناز ئارىلاش خاپىچىلىق بىلەن دېدى :

— ئۆزۈڭ سورا ، بۇ ھويلىدا مەن سەرەڭگە تىلەپ كىرمىگەن ئۆي قالمىدى .

يـارمـۇھـەمـمـەت ئـاغـىـنـىـلـىـرىـنـىڭ «يېنىمىزدا بىردەم ئـولـتـۇرساڭچۇ» دېگەن ئۆتۈنۈشىگە «مانا ھازىر» دەپ قويۇپ ، ئايالىغا يالۋۇرۇشنى داۋام قىلدى :

— ئەر كىشى تۇرۇپ سەرەڭگە تىلەپ چىقسام بولماس ، يۈزۈم ئۆچۈن بولسىمۇ…



www.uyghurkitap.com

— شۇ ئەسنادا مەردان بوغچىسىنى ئاسقىنىچە مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى . يارمۇھەممەت ئايالىغا يالۋۇرۇشتىن ئوغلىغا بۇيرۇق چۇشۇرۇشكە ئۆتتى :

— مەردان ئوغلۇم ، قوشنىلاردىن سەرەڭگە سوراپ كىرگىنە .

— مەردان ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگىنى بىلەن ئەقىللىق بالا ئىدى . ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىراپ جىددىيلىشىپ تۇرغان ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگىنىدە ، سەل ـ پەل ھەيران بولغان بولسا ، دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ھەممىنى چۇشەندى . ئۇ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرغان دادىسى بىلەن كارى بولماي بوغچىسىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويدى ـ دە ، ئۇششاق ـ چۇششەك نەرسىلىرىنى ساقلايدىغان قەغەز ساندۇقچىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن سۆرەپ چىقىرىپ ئاغزىنى ئاچتى . ئۇ دادىسىنىڭ : «نېمە سۆرەلمىلىك قىلىسەن» دەپ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ساندۇقچىنى تېزلىكتە قاراشتۇرۇپ چىقتى ۋە بىر قاپ سەرەڭگىنى ئېلىپ دادىسىغا ئۇزاتتى :

— مانا سەرەڭگە ؟ !

يارمۇھەممەت «قۇرۇق قاپ بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېگەندەك قاپنى ئېچىپ كۆردى ـ دە ، سەرەڭگىنى چىمەنگە ئۇزىتىۋېتىپ خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزىنى ئوغلىغا تىكىپ تۇرۇپ سورىدى :

— بۇنى بۇرۇنلا ساندۇقىڭغا تىقىپ قويغان ئىكەنسەن ـ دە ، شەيتان !

مەردان قاراقاتتەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— بازاردىن سېتىۋالغان ، تېخى تۈنۈگۈنلا .

— قايسى پۇلغا ؟

يارمۇھەممەت ئوغلىغا بىر ـ ئىككى ئايدىن بېرى بىرەر پۇڭ پۇل بەرگەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرەلمەي مۇشۇ سوئالنى قويغانىدى .

— سەن تاشلىۋەتكەن ھېلىقى ئىككى پۇڭچۇ !

www.uyghurkitap.com

«تاشلىۋەتكەن ئىككى پۇڭ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغىنىدا مۇنداق بىر ۋەقە يارمۇھەممەتنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى:

بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن بولسا كېرەك، بىر دەم ئىبلىش كۇنى يارمۇھەممەت چېچىنى يۇيۇۋېتىپ ئاخىرقى قېتىم داسقا ئېڭىشكەندە بىر پۇڭلۇق تەڭگە پۇلدىن بىرى «شىرت» قىلىپ تۆش يانچۇقىدىن يۇندىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئەھۋالغا تاسادىپىي كۆزى چۈشۈپ قالغان مەردان يۇندا تۆكۈشكە تەمشىلىۋاتقان دادىسىنىڭ قولىدىن داسنى ئالدى. يارمۇھەممەت يۇندا تۆكۈشكە چىقىپ كېتىۋاتقان مەرداننىڭ كەينىدىن: «ھوي مەردان، تالادا يۇندا ئارىسىدىن تەڭگىنى ئىزدەپ يۈرمە يەنە، قوشنىلار كۆرۈپ قالسا يۈزۈڭگە سەت» دەپ ۋارقىرىغانىدى.

يەنە بىر كۇنى ئاتا ـ بالا ئىككىسى بايراملىق كىيىم ـ كېچەك ئېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتى. ئۇلار مىڭ ـ مىڭ ئادەم قايناپ تۇرغان بىر چوڭ ماگىزىنغا كىرىشتى. يارمۇھەممەت پۇل ساناۋاتقاندا پۇل ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ قالغان بىر پۇڭلۇق تەڭگە يەرگە چۈشۈپ كەتتى ۋە جىرىڭلىغىنىچە دومىلاپ پەشتاختىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. بىر خېرىدارنىڭ «پۇلىڭىز چۈشۈپ قالدى» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىغا: «كېرەك يوق، بىر پۇڭ پۇل دېگەن…» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەردلىكىنى نامايىش قىلغان يارمۇھەممەت ئوغلىغىمۇ «بىر پۇڭ پۇل ئۈچۈن يەنە ئاۋارە بولۇپ يۈرمە!» دەپ قويغانىدى. بىراق، كىيىم ـ كېچەكنى ئېلىپ بولۇپ ماگىزىندىن قايتىپ چىقىۋاتقان يارمۇھەممەت كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى، ئۆزىگە يېتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان مەردانىنى كۆردى. ئۇ ئادەم يوق يەرگە كەلگەندە مەردانىنى: «خالايىق ئالدىدا بىر پۇڭنى دەپ يۈزۈمنى چۈشۈردۈڭ، كىمنىمۇ دورايدىغانسەن» دەپ ئەيىبلىگەنىدى.

يارمۇھەممەت شۇ تاپتا «ئۆزىنى دورىمىغان» ئوغلىدىن ھەقىقەتەن سۆيۈنمەكتە ئىدى. ئۇ، ئوچاقتا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ قويۇپ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

# بوراندا

## (باللار ئۈچۈن)

ئېلىجان مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققاندا، چۈشتىن كېيىنلا كۆتۈرۈلگەن شامال قارا بورانغا ئايلانغانىدى. يەر - جاھان دۇم كۆمتۈرۈلگەن قازان ئاستىدا قالغاندەك قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆككەن، بەش قەدەم نېرىدىكى دەرەخ غوللىرىمۇ خۇددى سايىدەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. ۋەھىمىلىك شاۋقۇن سېلىپ گۈرۈلدەۋاتقان بوران ئەمدىلا چاشقان قۇلاق بولغان سۆۋادانلارنىڭ شاخلىرىنى يادەك ئەگمەكتە ئىدى.

ساۋاقداشلىرىنىڭ بىللە كېتىش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىمۇ ئېلىجاننىڭ دادىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش قارارىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىۋاتقان بوراندىن پاناھلىنىش مەقسىتىدە دەرۋازا قانىتىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، تامغا يۆلەندى.

ئېلىجان بۇ يىل توققۇز ياشتا ئىدى. ئۇ تىنچ مۇھىت ۋە ئارتۇقچە ئەركىلىتىشكە ئۆگىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئادەتتە بەكمۇ نازۇك، قورقۇنچاق ئىدى. يىراقتا كېلىۋاتقان ماشىنا، تراكتورنىڭ سىگناللىرىمۇ ئۇنى ۋەھىمىگە سالاتتى. پوجاڭزا ئېتىۋاتقان ياكى قاتتىقراق شەپە چىقىدىغان سورۇنلارغا يېقىنمۇ يولىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ چېتىدىرەك بولغاچقا، چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ مەخلۇقلارنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كامارلىرى بار دەرەخلىك يولدىن يالغۇز ماڭالمايتتى. مەكتەپتىن قايتىدىغان چاغلاردا ھاۋا سەل - پەل تۇتۇلدىمۇ، ئۇ دەرۋازا

ئالدىدىن بىر قەدەممۇ سىلجىماي ، دادىسىنىڭ چىلان تورۇق ئات بىلەن يېتىپ كېلىشىنى ۋە ئات كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ كېتىشىنى كۈتەتتى .

ئېلىجان دادىسىنى كۈتە ـ كۈتە ئارىدىن ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ بەزىدە دەرۋازا كەينىدىن بېشىنى چىقىرىپ قولى بىلەن چاڭ ـ توزانلارنى توسۇپ تۇرۇپ ، دادىسىنىڭ يولىغا دىققەت بىلەن قاراپ باقاتتى . ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاش ئۈچۈن دىققىتىنى جەملەيتتى . بەزىدە بوراننىڭ دەھشەتلىك گۈرۈلدىشى بىلەن پەيدا بولغان ۋەھىمىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈستىكىدە بارماقلىرىنى قۇلىقىغا مەھكەم تىقىپ ، ئۆزىنى يەنە دەرۋازا كەينىگە ئالاتتى .

بوران ئەزۋەيلەپ ئەزۋەيلەيتتى ، پەسكارىغا چۈشەي دېمەيتتى .

ئۇ ، دادىسىنىڭ بىغەملىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋىدى ، ئىسسىق ياش بىلەن قوشۇلغان توپا ـ چاڭ كۆزلىرىنى تۇز قويغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى ، بىراق كۆز يېشى قىلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقى ، يېنىدا ئۆزىنى بەزلەيدىغان ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى ئېلىجانغا بارا ـ بارا ئايان بولۇشقا باشلىدى . «يەنە بىرەر سائەت ئۆتسە قاراڭغۇ چۈشىدىغان چاغمۇ بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ، «مۇبادا دادام مېنى ئېلىپ كېتىشكە كەلمەي قويسا قانداق قىلغۇلۇق ؟»

بوراننىڭ يەر ـ ئاسماننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا گۈرۈلدىشىنى ئاڭلاۋەرگەنسېرى ئۇ يۈرىكىنى چوكىيىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . بولۇپمۇ مۇئەللىمنىڭ دەرس ئۆتۈۋېتىپ باتۇر بالا بولۇش ئۈچۈن قورقۇمسىز بولۇش توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرى ئېسىگە چۈشكەندە ، ئېلىجان ئۆزىدە بىر خىل شىجائەتنى سەزدى .

«تـوغرا» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ، «مەندىن كىچىك باللارمۇ بوراندىن قورقمىغان يەردە مەن قورقامدىم . ھەر

كۆنى دادام مېنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەمدۇ؟»

ئېلىجاندا راستىنلا ئىشەنچ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دەرۋازا كەينىدىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، بورانغا قارشى يۈرۈپ كەتتى.

ئېلىجاننىڭ بويى خېلى ئېگىز بولغان بىلەن ئورۇق، ئاجىز ئىدى. غەرب تەرەپتىن سوقۇۋاتقان بوران بەزىدە ئۇنى ئىتتىرىپ تېرەكلەرگە يۆلەپ قوياتتى. ئېلىجان دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان دەرەخلەر ئارقىلىق مەھەللە يولىنى ئىلغا قىلىۋالاتتى ـ دە، ئاياغلىرىنى يۆتكەشكە باشلايتتى. سۆگەتلەردىن سۇنۇپ چۈشكەن شاخلارغا پۇتلىشىپ يىقىلغان يېرىدىن سەنتۈرۈلگىنىچە تۇرۇپ بەزىدە ئۇدۇل، بەزىدە يېنىچە ئىلگىرىلەيتتى...

ئېلىجان هويلىغا كىرىپلا دادىسىنى چىلان تورۇق ئاتنىڭ يېنىدا كۆردى. دادىسى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تاشلىۋېتىپ ئېلىجاننى قۇچاقلاپ دەس كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە ئېلىپ كىردى ـ دە، ئېلىجاندىن ئەپۇ سورىغان قىياپەتتە دېدى:

— بالام، بۈگۈن شەهەرگە كىرمىسەممۇ بوپتىكەن، بىر هارۋا ئوغۇتنى دەپ سېنى...

ئاتا ۋە ئانا ئېلىجاننى پاكىزە يىغلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ كۆزىگە ئەپۇ سوراش نەزىرى بىلەن شۇنداق بىر قاراپلا هەيران قالدى.

ئېلىجان يىغلىمىغانىدى. ئەكسىچە، كۆزىدە بىر خىل ئوت چاقنايتتى. ئۇ دادىسىنى مەهكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ مەردانە ئاهاڭدا دېدى:

— دادا، مەن بوراندىن قورقمىدىم، بوراندىن قورقمايدىغان بولدۇم. ئەمدى مەكتەپتىن ئۆزۈم قايتىپ كېلىۋېرىمەن!

— يارايسەن، ئوغۇل بالا دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ! — دېدى ئاتىسى ئېلىجاننىڭ مۈرىسىگە رازىمەنلىك بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈل

## 1

توۋا دەيمەن ، بېدىك لىللا گەپ قىلىدىغان زامانمۇ بولىدىكەن . ئۈچ ھەپتە مۇقەددەم ، ئالدىمدا كېتىۋاتقان چامبۇل قىچىرنى سېتىۋالماقچى بولغىنىمدا ، مال بازىرىدىكى بېدىكلەر ئۇنى «تۆگىدەك كۆتۈرۈشلۈك ، ئۆكۈزدەك چىدامىلىق ، جەرەندەك ئايىغى بار» دەپ ئاغزىغا كۆپۈك كەلگۈچە ماختاشقان ، مانا شۇ تاپتا ئۇ چىنە ـ چەينەك ۋە گەزلىمىگە ئوخشاش سالمىقى بار مال قاچىلانغان ئۈچ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ، قىليورغىدەك يورغىلاپ ماڭماقتا ئىدى . ئىنچىكە ، كۈچلۈك ئاياغلىرىنى پاختىدەك يۇمشاق قۇمدىن ھېچ كۈچەنمەيلا سۇغۇرۇۋالاتتى . باش ئۇستىدىلا ساڭگىلاپ تۇرغان قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپىمۇ ئۇنىڭغا ھېچبىر كار قىلمايتتى . ناھىيە بازىرىدىن ئايرىلغان ئۈچ سائەتتىن بېرى بىر خىل سۈرئەت بىلەن مېڭىۋاتقان قىچىر ئۆز ئېگىسىنىڭ ھالىغا يەتسە ئىدى ، قەدىمىنى ئاستىلاتقان بولاتتى . نېمىلا دېگەنبىلەن ھايۋان بەرىبىر ھايۋان ـ دە ! تازا ھاۋىسىغا كەلگەن تونۇرنى ئەسلىتىدىغان ئىيۇن ئايلىرىنىڭ كۆيدۈرگۈچ تەپتى ھالىمنى بارغانسېرى خارابلاشتۇرۇۋاتاتتى . دوزاخ ئازابىمۇ بۇنىڭدىن بەتتەر بولماس ! قىزىپ كەتكەن رېزىنكە چەملىك ئايىغىم ، ئىجازەتسىز كىرىۋالغان قوقاستەك قۇم بىلەن قوشۇلۇپ پۇتلىرىمنى كاۋاپ قىلماقتا ئىدى . ئادىشىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن ئۇچارقاناتنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئەلپازدا قىزىپ كەتكەن قۇرغاق قۇملۇق ھاۋاسى تېنىمدىكى سۇ

تەركىبىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۇمۇرەتتى . ئاغزىم قۇرۇپ ، تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ ، نەپەسلىرىم قىسىشقا باشلىغاندىلا بار كۈچۈمنى توپلاپ يۈگۈرەيتتىم ـ دە ، قېچىرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ ، تارتقۇغا ئېسىپ قويغان سۇدانىنى يېشىۋېلىپ بىر ـ ئىككى يۇتۇم سۇ ئوتلايتتىم . ئىچكەن سۇيۇم ، خۇددى سېۋەتتە سۇ توختىمىغاندەك بىردەمدىلا تەرگە ئايلىنىپ چۆل ھاۋاسىغا سىڭىپ كېتەتتى . كەيىپ ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كېتىۋېتىپ ، قارارگاھىمغا تەقەززالىق بىلەن قارايتتىم . بىراق ، ئارانلا ئېچىلىۋاتقان كۆزلىرىمگە ئوي مەھەللە ئەمەس ، بەلكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا سەلدەك تېشىپ ئۆركەشلەۋاتقان ئېزىتقۇدىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . رەۋەندىلەرنىڭ ئېشەكلىرى قالدۇرغان ئىزدىن باشقا ئىزناسى بولمىغان ، ئاتلىق يولۇچىغا يېرىم كۈنلۈك ھېسابلىنىدىغان بۇ يول تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام ، بۇ جەھەننەم يولىدىن پەقەت پۇل ئارزۇسى بىلەنلا مېڭىۋاتاتتىم . چەرچىن مال تىجارىتىنى باشلىغىنىمدىن بېرى ئىككى يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، دەسمايەمۇ ھەر ھالدا بەش ـ ئالتە قاتلىنىپ بولدى . بىراق ، ھەر نەرسىنىڭ چوڭى بولسا بولىدىغان ئوخشايدۇ . يېڭى ماللار بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان كاتتا دۇكىنى بار سودىگەرلەر بازارنى ئىگىلەپ بولدى . مەن ئۈچۈن بىردىنبىر يول — مانا مۇشۇنداق گۆر ئازابى تارتىپ ، يىراق يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ چار بازارچىلىق قىلىش ئىدى . مەئىشتىم ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس . شۇنداقتىمۇ پۇل دېگەن مېھرى ئىسسىق نەرسە ، كۆپ بولسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ ـ دە !

ئوي مەھەللە دېگەن نام راستتىنلا بىكار قويۇلمىغان ئوخشايدۇ ، ئالىقانچىلىك سايغا زار بولۇپ ، تەۋەككۈل قىلغان سەپىرىمنىڭ پۇشايمىنىنى يېگەچ بىر بەلدىن ئېشىشىمغىلا كۆز ئالدىمدا قازانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر بوستانلىق نامايان بولدى .

www.uyghurkitap.com

دۆڭدە تۇرۇپ قارىغاندا بۇ «قازان» بەكمۇ كەڭرى، بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. قارىيىپ تۇرغان تېرەكلەر يول ـ يول بەلۋاغلارنى ھاسىل قىلغان، قىچىلار ئەمدىلا چېچەكلىگەن بولسا كېرەك، مەھەللىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە پارچە ـ پۇرات سېرىقلىقلار سوزۇلۇپ ياتاتتى. تېخى ئورغاق تەگمىگەن بۇغدايلىق بولسا، قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىناتتى، ئوخشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان قوناقلارنىڭ قارامتۇل يېشىل يوپۇرماقلىرى ئاقىرىپ تۇرغان ئېگىزلىقلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ كۆرۈنەتتى. قۇملۇقنىڭ چېتىگە يېيىتىلغان، ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان غايەت زور بۇ رەسىم تاكى ئاق باش تاغلارنىڭ باغرىغىچە سوزۇلاتتى.

قارارگاھنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئاياغلىرىم بىردىن كۈچلىنىپ، بېلىمگىمۇ ماغدۇر كىردى، ياردائلىقتىن پەسكە قاراپ سوزۇلغان تار، يىلانباغرى چىغىر يولدىن تاقلاپ دېگۈدەك مېڭىپ ئۆي مەھەللىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم.

تومۇزنىڭ سۇ قاچۇرىدىغان ئىسسىقى قېچىرغىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇ يانباغىردىن چۈشۈپلا تۈنجى بولۇپ ئۇچرىغان قىرى سۆگەت تۈۋىگە كېلىپ، چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا يىغىلىپ قالغان سۇدىن قانغۇچە ئىچىۋالدى ـ دە، چىملارنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈپ يېيىشكە باشلىدى.


بىچارە جانىۋارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. «مەيلى، ھاردۇقىنى چىقىرىۋالسۇن» دېدىم ۋە چۇلۋۇرىنى بوشاتتىم. مەنمۇ كونا تۈگمەن كۆلىسىدىن شىرىلداپ چۈشۈۋاتقان مۇزدەك سۇدىن راھەتلىنىپ ئىچتىم، باش ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ چىملىقتا يانپاشلىدىم. «پاھ مۇشۇ يېشىل ماموق كۆرپىدە قولۇڭنى ياستۇق قىلىپ يېتىپ، قۇشقاچلارنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلىغاچ بىر ئۇخلىۋالساڭ ـ ھە؟» دەپ ئويلىدىم. دېمىسىمۇ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىۋاتاتتى.

ئۆخلىغان ياكى ئۆخلىمىغانلىقىمنى بىلمەيمەن . دادامنىڭ «ئورنۇڭدىن تۇر» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ، يەنە سەگەكلەشتىم . بۇ سېزىم ، بەلكى دادامنىڭ سۆزىنى مۆھۈر بىلىدىغانلىقىمدىن پەيدا بولغان بولسا كېرەك ، ئورنۇمدىن تۇردۇم . ئېسىمدە قېلىشىچە ، مەن كىچىك چاغدا دادامۇ كىچىككىنە بىر چار بازارچى ئىدى . بىراق ، دەسمايىسى ھەر قېتىم ئىككى ـ ئۈچ قاتلىناي دېگەندە بىرەر پالاكەتكە گىرىپتار بولاتتى ـ دە ، دەسمايىسىدىن قۇرۇق قالغاندىن باشقا ئاز بولمىغان دىشۋارچىلىقلارنى يۇدۇۋالاتتى . پەلەكنىڭ چاقى ئوڭ چۆرگىلەشكە باشلىدىمۇ ، ئۇ يەنە ئورۇۋېلىنغان بېدە قايتا كۆكلىگەندەك كۆكلەيتتى . يىپ ـ يىڭنە بولامدۇ ، سۇزگۈچ ـ تارغاق بولامدۇ ، بىرنەرسىلەرنى سېتىپ تۇرمۇشىمىزنى قامدايتتى . شۇغىنىسى ، دولىمىز ئاپتاپ كۆرگەندە ئۇنىڭغا قېرىلىق يېتىپ قالدى . تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىۋىدىم ، «مۇشۇككە ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن» دېگەندەك ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپلا كەتتى . ئۇ : «ئوقۇساڭغۇ ياخشى بولاتتى ، ئەمدى بىكار يۈرگۈچە كەسپىمنى قولۇڭغا ئال . ئاز ـ تولا نان تەگسە ئەجەب ئەمەس ، قولدەك ئىشلەپ ، بەگدەك ياشا ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ» دېدى ۋە ئازغىنا دەسمايە بىلەن تېرىلىرى پارقىراپ كەتكەن قول ناغرىسىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدى .

«پۇرسەتنى قولدىن بەرمە ، تىجارەتتە ھالال بول ، ھۇرۇنلۇقنى تەرك ئەت» دېگەنىدى ئۇ دەسلىپىدە .

ھەش ـ پەش دېگۈچە قۇياش غەربكە ئېگىلدى ، تومۇز ئازابىدىن ئۇيقۇ بىلەن پاناھلانغان ئوي مەھەللە ئاستا ـ ئاستا ئويغانماقتا ، سالقىننى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئورمىغا ئالدىراۋاتقانلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرى ، قىيقاس ـ چۇقانلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى . مەن بەربىر كۆكچاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ دۇكان ئاچىدىغان بايلاردىن ئەمەس . شۇڭا ، كوچا ئارىلاشنى باشلىشىم لازىم ئىدى . مەخسۇس ياسالغان ساندۇقلىرىمنىڭ تارتقۇلۇقلىرىنى بوشاتتىم ، يېشىل

www.uyghurkitap.com



چۆپ ، سۇزۇك سۇ ، سالقىن ھاۋادىن قىيالمايۋاتقان قېچىرىمنىڭ ساغرىسىغا بىرقامچا ئۇردۇم ـ دە ، قول ناغرامنى دىڭگىرلاتقىنىمچە ، ئۇچرىغان كوچىنىڭ بىر بېشىدىن كىرىپ كەتتىم .

2

تاڭ... تۇڭ... تاڭ... تۇڭ...

ناغرامنىڭ ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان يۈزلىكى قىزىق شامال تەپتىدىن چىڭىپ كېتىپتۇ ، ئاۋازى بەك ساز ، ياڭراق چىقىۋاتاتتى . ئەگەر قۇلىقى ئېغىر بولمىسىلا ، مەن كېتىۋاتقان كوچا بويىدىن ئىككى يۈز قەدەم كېلىدىغان ئۆيلەردە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرمۇ بۇ مەھەللىگە بىر چەرچىن مالچىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئاسانلا خەۋەر تاپالايتتى . تۇلۇمدەك تومپىيىپ چىققان قورسىقى ئېغىرلاشقان بولسا كېرەك ، قېچىرىمنىڭ ئايىغى ئاستىلاپ قالغانىدى . ھەدېگەندە ئۇچ ـ تۆت دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتىم . دەرۋازا قاناتلىرى خۇددى مىخلاپ قويغاندەك جىم تۇراتتى .

— ئۇكام ، توختاپ تۇرۇڭا ، — كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن قېلىن تاختايلار بىلەن ياسالغان دەرۋازا شەپە بىلەن ئېچىلىپ ، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال بېشىنى چىقاردى ، — سىزدە ھىلھىلە ياغلىق بارمۇ ؟ ھاۋارەڭدىن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى .

قېچىرىم خۇددى ئىنسان زۇۋانىنى ئۇقىدىغاندەك چىپپىدىلا توختىدى . تۇنجى خېرىدارىم بولغۇچىغا دەرھال جاۋاب بەردىم :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئاچا ، ھىلھىلە ياغلىقنىڭ ھاۋا رەڭدىكىسىمۇ ، قىزىلىمۇ بار .

بۈگۈنكى تۇنجى سودام خېلى جايىدىن چىققاندەك تۇراتتى . چوڭ دەرۋازا ، دەرۋازا ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تەكلەر ، يېگەن چۆپلىرىنى كۆشەپ بولغان كالىنىڭ ، ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن

موزاينىڭ مۆرەشلىرى ، قويلارنىڭ قوزىلىرىنى قىچقىرىشلىرى بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ خېلى ھاللىق ئادەملەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى . ھاللىقلار بىلەن سودا قىلساڭ ، ئەلۋەتتە باھادا تەسرەك كېلىشىدىغان گەپ ، بىراق بىرەر موچەننىڭ مەردىن كەچسەڭلا مەردلىكىڭ نامايان بولاتتى ــ دە ، كۆپرەك بىرنەرسە ساتالايتتىڭ.
گەزلىمە ، ياغلىق ، رومال دېگەندەك نەرسىلەر قاچىلانغان ساندۇقنى بىر پەستىلا يەرگە چۇشۇرۇپ ئاغزىنى ئېچىۋەتتىم . خۇددى سېھىرگەرلەردەك ، ئالىيپىشىل ياغلىقلارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى سۇغۇرۇپ ھېلىقى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزىۋەردىم . ئۇنىڭ كۆزى رەڭدىن ـ رەڭگە يۆتكىلىپ ، ئالا چەكمەن بولماقتا ئىدى . ئۇسما قويۇۋالغان قاشلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشلىرىدىن ھاۋارەڭ ھىلىھىلە ياغلىقلىرىملا ئەمەس . رەڭگارەڭ رەختلىرىممۇ كۆڭلىگە خوپ كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .
ئۇ ھاۋارەڭ ياغلىقتىن بىرنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى .
— قېنى ، نەرخىنى دەپ بېقىڭ ئۇكام ، كېلىشەلىسەك ، قىزىمغىمۇ بىرنى ئالىمەن تېخى !
باھانى ئېيتىۋىدىم ، ئۇ يۇمىلاقىنا كەلگەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىر ياغلىققا ، بىر كۆزۈمگە قارىغان پېتى :
— سەھرالىقنىڭ كۆزىگە توپا چاچىمەن دەمسىزوي ، ئۇكام ، سەھرالىق بولغىنىمىز بىلەن ئاق ـ قارىنى خېلى پەرق ئېتىمىز جۇمۇ ، — دېدى .
ياغلىقنىڭ باھاسى ئۆزە دېگۇدەك ئەمەس ، سېتىۋالغان ۋە ساتىدىغان باھانىڭ ئارىلىقىدا ماڭا قالىدىغىنى چاي پۇلىغا چاغلىقلا بىرنېمە ئىدى . ئەگەر شەھەردە تىجارەت قىلىۋاتقان بولسام ، تولا باھا تالىشىدىغان بۇنداق خوتۇنلارغا يولۇقتۇممۇ ، «قىممەت كۆرسىلە باشقا دۇكاندىن ئالسىلا» دەپلا ئىشنى بولدى قىلغان بولاتتىم . ئەمما : «زىيان تارتسامۇ مەيلى ، ئەتىگەنلىك سودىنى قولدىن بەرمەي» دېدىم ـ دە ، ئۇنىڭ دېگەن يېرىگە كۆنەكچى

بولدۇم . شۇنداق قىلىپ ئايالنىڭ چىرايى مۆلدۈردىن كېيىنكى ھاۋادەك ئېچىلىپلا كەتتى . ئۇ ياغلىقنىڭ ھەر خىلىدىن ئىككى - ئۈچىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن نېمىنىدۇر ئويلاپ قالغاندەك ھويلىغا قاراپ :

— ئاپئاق قىزىم ، بۇياققا چىققىنا ، — دەپ ۋارقىرىدى .

— مانا چىقتىم .

دەرۋازىدىن ئون توققۇز - يىگىرمە ياشلاردىكى بىر قىز ئانىسىنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالماقچى بولۇپ تاقلاۋاتقان قوزىچاقلاردەك يۈگۈرۈپ چىقتى . ئۇ ئانىسىنىڭ قولىدىكى ياغلىققا سەپسېلىپ تۇرۇپ سورىدى :

— نېمە ئىش ئاپا ، يەنە ياغلىق ئالغىلى تۇرۇپسىز - دە !

— ياغلىقلارنىڭ قايسى رەڭدىكىسىنى يارىتىسەن ، قىزىم ، سېنى ئۆزى تاللاپ ئالسۇن دېدىم .

قىز ياغلىقلارنى بىردىن - بىردىن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن :

— قاندىقى بولسا بولۇۋېرىدۇ ، ئەسلىدە ئالمىساقمۇ بولاتتى ، ياغلىقىممۇ يېتىپ ئاشىدۇغۇ ! — دەپ قويدى .

دېگەنبىلەن ، قىز بالا بەربىر رەڭنىڭ ئاشىقى ، قەغەز بولسىمۇ رەڭگى بولسىلا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماي قويمايدۇ . قىز ساندۇقتىكى رەختلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىجا قىلىپ ماڭا قارىغاندىلا ، ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم .

ئۇ ئەيمەنگۈدەك چىرايلىق ئىدى . تاناپتەك قاشلىرىنى ، قاراقاتتەك كۆزلىرىنى ، شېشىدەك سۈزۈك لەۋلىرىنى ، جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايىنى بىرلا كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ قۇملۇقلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇنداق سەھرايى كەبىردە تۇغۇلغانلىقىغا گۇمان قىلاتتى . كىيىۋالغان كۆڭلىكى سۈنئىي تالالىق نېپىز رەختتىن تىكىلگەن بولسىمۇ ، زىلۋا ، تولغان بەستىگە بەكمۇ ياراشقانىدى . بىلەك توملۇقىدىكى بىر ئۆرۈم قارا چېچى ئېگىشكەن چاغلىرىدا

رەخت توپلىرى ئۈستىدە يىلاندەك تولغىناتتى.

ھەققانىي گەپ قىلسام، شەھەرلىك بولغىنىمغا، نۇرغۇن يەرلەرنى ئارىلاپ چىققىنىمغا قارىماي، بۇنداق پەرنىزاتنى ئۇچرىتىشىم تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى.

— بايۋەچچە، ماۋۇ تاۋارنىڭ...

— ھوي ئۇكام، تىجارەتچى دېگەن ھاڭۋاقتى بولمايدىغان، قىزىم سىزدىن تاۋارنىڭ نەرخىنى سوراۋاتىدۇ!

ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ قايتۇرمىلاپ سورىغان سوئاللىرى مېنى ھوشۇمغا كەلتۈرۈپ، خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى.

قىز ياغلىقلارنى چىگىپ كۆرەتتى، رەختلەرنى بويىغا چىنەپ ئانىسىنىڭ باھاسىنى ئاڭلايتتى. ھەربىر رەڭ بىلەن ئۇچراشقىنىدا ئۇ گۈزەللىكىنىڭ باشقىچە بىر كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە نامايان بولاتتى. «ئادەم ئەسكىسى» ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى دېگەن تەمسىل ئانچە دۇرۇس بولمىسا كېرەك، چۈنكى ماتا كىيىم كىيگەن تەقدىردىمۇ بۇ قىز يەنىلا گۈزەل ئىدى.

شۇ ئەسنادا، ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ھەممىمىزنىڭ نەزىرىنى بىر تەرەپكە قاراتتى. كېلىۋاتقىنى تامدەك يوغان چىلان تۇرۇق ئاتقا مىنگەن بەستلىك، شاپ بۇرۇتلۇق بىر ئەر كىشى ئىدى. ئۇ يالتىراپ تۇرغان جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن ئېگەر ئۈستىدە شۇنچىلىك مەغرۇر ئولتۇراتتىكى، بىر قارىماققا ئات بىلەن بىر تەن بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يېنىمىزغا شەپە بىلەن يېتىپ كېلىپ، چەبدەسلىك بىلەن تىزگىن سىيرىدى، بويىنىنى تىك تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئات ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، تۇيۇقسىز تورمۇزلانغان پىكاپتەك چىپپىدە توختىدى. كەلگۈچى قاملاشقان بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، تۇتقىنىنى تۇتقان پېتى تۇرغان ئىككىيلەندىن:

— نېمە قىلىۋاتىسلەر ئىككىڭلار بۇ يەردە؟ — دەپ سورىدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ بېشىنى ئاستا چايقىدى، — خوتۇن خەق

دېگەننىڭ لاتا ـ پۇتىغا كۆزى تويمايدۇ ـ دە .

ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداقمۇ ياكى بىرەر ئىشقا خاپا بولغانمۇ قاپىقىنى ئانچە ئاچمايتتى . ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدى بىلەن قىزى جاۋاب بەردى :

— دادا ، قاراڭا ، بۇ كىشىدە ئوبدان ماللار بار ئىكەن .

كەلگۈچى بۇ چىرايلىق قىزنىڭ دادىسى ئىكەن . ئۇ ساندۇقلىرىغا خالار ـ خالىماس قاراپ قويدى ـ دە :

— يەكشەنبە كۈنى ئالغىنىڭلار يەتمەمتى ، — دېدى ئايالىغا بۇرۇلۇپ . ئايالى خېلى گەپدان بولسا كېرەك ، ھازىر جاۋابلىق بىلەن دانە ـ دانە قىلىپ دېدى :

— ئۆزۈمگە بىرنېمە ئالغىلى قويۇپتىمەنمۇ ، قىزىمىزنى دەپ سودا قىلىۋاتقىنىمنى كۆرمەيۋاتامدىلا !

— شۇنداق بولسىمۇ… دەيمىنا…

— قىزلىرىنىڭ ھازىر چىرايلىق ـ چىرايلىق كىيىپ يۈرىدىغان ۋاقتى ، — دېدى ئايال قىزىنىڭ ماڭلاي چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ ، — كىمنىڭ قىزىكەن دېسە ، ئالدى بىلەن پالانى ئاخۇننىڭ قىزى دەيدۇ خەقلەر ، ئاندىن كېيىن ھەنپىخاننىڭ قىزى دەيدۇ ، جۇمۇ !

— بوينۇڭلاردا شاپتۇل قېقىپ كەتتىڭلارغۇ تازا ، نېمە قىلساڭلارمۇ پاتراق بولۇڭلار ، ئۇنى ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ ، قارامەدەك قىلاي دەمسىلە يا ؟

قىزنىڭ دادىسى ئېتىنى دەرۋازا يېنىدىكى قېرى ئۈجمىگە باغلاپ قويۇپ ، قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا جايلاشتۇردى ـ دە ، ھويلىغا كىرىپ كەتتى .

سودىمۇ ئاياغلاشتى ، قانچىلىك مال ساتتىم ، قانچىلىك پۇل تاپشۇرۇۋالدىم ، ھېسابلاپ ئولتۇرۇشقا ھەپسىلەم بارمىدى . ھېسابلىسامۇ ھېسابتا ئازىدىغىنىم ئۆزۈمگە ئايدىڭ ئىدى . ساندۇقلىرىمنى باغلاپ تۇراتتىم ، قىزنىڭ ئانىسى مېنى ئۆيگە كىرىپ ئۇسسۇلۇق ئىچىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى . بۇ مۇنداقچىلا

www.uyghurkitap.com

ئېيتىلغان سەمەرقەند تەكلىپى بولسىمۇ ، تەۋەككۇل دەپلا قوبۇل قىلسام ، بىر قاراشتىلا يۈرىكىمگە ئوت سالغان ھېلىقى قىزنى يەنە كۆرۈۋېلىشىم مۇمكىن ئىدى . بىراق ، سىلىتقىنىنى تۇزۇت قىلدىم ـ دە ، ساندۇقلىرىمنى قېچىرغا ئارتىپ يولغا راۋان بولدۇم .

قول ناغرامنى چالاتتىميۇ ، ئىختىيارسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارايتتىم . قىزنىڭ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك زىل تەلەپپۇزى ، جازىبىلىك كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمەيتتى .

توغرىسىنى ئېيتسام ، ھەر قېتىم بىرگە ئوقۇغان ياكى تەڭ دېمەتلىك ھېسابلىنىدىغانلارنىڭ چىن مۇھەببەت ۋە ئىللىق ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئىسپاتى بولمىش پەرزەنتلىرىگە كۆزۈم چۈشكەندە كۆڭلۈم بىر قىسما بولىدىغان ، تۇرمۇشۇمدا قانداقتۇر بىر بوشلۇقنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم . دېمىسىمۇ يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپ قالدىم ، خۇددى دادام ئېيتقانىدەك ، ئۇچار قانات بولۇپ قالغان تەقدىرىدىمۇ چاڭگا تىزىپ ، ئۇۋا ياسايدىغان ۋاقتىم يېتىپ كەلگەنىدى .

دادامنىڭ تۇرمۇشۇم ئۈچۈن غەم يېيىشى ئەلۋەتتە ئورۇنسىز ئەمەس ، ئانام بولسا خېلى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەن ، بىرەر قىز بىلەن پۈتۈشكەندىن كېيىن دادامغا مەسلىھەت سېلىشىم ، شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى ئوڭلاپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىشىم زۆرۈر ئىدى . بەزىدە مېنى ئەگىپ يۈرگەن قىزلارنى دەڭسەپمۇ كۆردۈم . بىراق ، قولياغلىق ، يىپ ـ يىڭنە سېتىۋېلىش باھانىسىدە كەچكىچە كۆزۈمگە كىرىۋالىدىغان دىلبەر بەكمۇ شاللاق بولۇپ تۇيۇلدى ، كوچىدىن ئۆتكەندە ھويلىمىزغا بىر كۆز سېلىۋالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان شاھزادەمنىڭ پاناقلىقى ئىچىمنى ئىلىشتۇرۇۋەتتى ، ئاخىر : «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا ، دەپتىكەن ، قېنى ھازىرچە پۇل تېپىپ تۇراي ، رىزقىمنى خۇدا ئۆزى بېرەر» دېگەن يەرگە كەلگەنىدىم . بۈگۈن بىرەر خاسىيەت بارمۇ ئىشقىلىپ تەقدىرىمگە پۈتۈلگەن قىزنىڭ ئاشۇ قىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم . ئۇنىڭ مەن ئۈچۈنلا يارالغانلىقىغا چىنپۈتتۈم . خاتالاشمىسام ، ئۇ دىلبەرگىمۇ ،

شاھزادەمگىمۇ ئوخشىمايتتى . شەھلا كۆزلىرى بەئەينى بىر سۈزۈك رۇجەكتەك ، ئۇنىڭ پاك ئىچكى دۇنياسىنى ، سەبىي ، غۇبارسىز قەلبىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇراتتى .

3

داغدام يوللاردىن تارتىپ ، ساندۇق يۈكلەنگەن قېچىر پاتقۇچىلىك بولغان كوچىلارغىچە ئالا قويماي ئارىلاپ كېلىۋاتىمەن . قول ناغرامنىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ داڭگىرلىتىپ قويىمەن ، خېرىدار جەلىپ قىلىدىغان چارىلەرنىڭ ھەرقاندىقى خىيالىمغىمۇ كىرىپ قويمايدۇ ، خۇددى بازارغا ئالدىراۋاتقان ئۆتكۈنچى يولۇچىدەك ، بېشىنى چۆكۈرۈپ كېتىۋاتقان قېچىرغا ئارىلاپ قامچا ئۇرۇپ قويىمەن . تىجارەت ۋە پايدىنىڭ كاللامدىكى سالمىقى توساتتىن يېنىكلەپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ . شۇ سەۋەبتىنمىكىن ، ماللىرىم ئانچە خېرىدار تاپالمىدى . پەقەت غەرىبكە ئېگىلگەن قۇياش يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەن قارا بۇلۇتلار تۆككەن بىردەملىك يامغۇردىن كېيىن ، ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۈنچىلەرنى يۇمشىتىش ئاۋارىچىلىكىدىن ۋاز كەچكەن دېھقانلار قول تراكتورلىرىنى ھەيدەپ ئۆيلىرىگە قايتىشقا باشلىغاندىلا ، مېنى ئۇچرىغان يەردە توختىتىۋالىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى .

قۇياش قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا چۆكتى . تاغ تەرەپتىن كېلىشكە باشلىغان سالقىن شامال يېزا كوچىلىرىنى ئۇنچە ھىدى بىلەن تولدۇردى . ئوتقا قاقلانغاندەك سولىشىپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى بارا - بارا جانلىنىپ ، يېنىك شۇۋىرلاشقا ، كەچكى شەپەق نۇرىغا يۈزلىنىپ پارقىراشقا باشلىدى . تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرىغىنىچە نەم ئېرىقلاردا تۈگۈلۈپ ياتقان كۈچۈكلەر ، مەيدىسىنى ھۆل يەرگە چاپلاپ سەگىدەۋاتقان توخۇلار ئۆز تىرىكچىلىكلىرىنى باشلىۋەتتى ، يانباغىردىن قايتقان بولسا كېرەك ، ئۆكۈزلەرگە يېنىچە مىنىۋالغان باللار ئۆزى بىلگەن مۇقامغا

غىڭشىپ سۈرەن سېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۈيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئىشىك تۈۋىگە چىقىۋالغان يېرىم يالىڭاچ گۆدەكلەر ناغرامنىڭ ئاجايىپ ئاۋازىغا ھەۋەس قىلىشتىمۇ، كەينىمدىن ئەگىشىپ خېلى يەرلەرگىچە باراتتى. توختىغان يېرىمدە ئەتراپىمنى ئورىۋېلىپ بازار قىزىتىشىپ بېرەتتى.

— ئاغىنە، بىرىنچى نومۇرلۇق باتارېيە بارمۇ؟

سىلىق، ئەمما جاراڭلىق ئاۋاز خىيالىمنى بۆلۈپ تاشلىدى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە شاخ يايغان ياڭاق دەرىخىگە يانداپ قويۇلغان بىر قاناتلىق ئىشىك، ئىشىك ئالدىدا قولتۇق تايىقى تايىنىۋالغان، سول پۇتىنى سازلىقتىكى تۈرنىدەك سەل ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان بىر يىگىت تۇراتتى. يېشى مەندىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان، بويى ئۆسكىلەڭ، قوشۇما قاشلىق بۇ يىگىت تولىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى. توختاۋسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، قېلىنراق كەلگەن كالپۇكى، ئۈستىرا تەگمىگەن قاپقارا بۇرۇتى ئۇنىڭغا سالاپەت بېغىشلايتتى. قوپال ئىشلەنگەن بادام دوپپىسى، تولا يۇيۇلۇپ ئۆڭۈپ كەتكەن كۆك كىيىمى ئۇنىڭ مەئىشىتىدىن دېرەك بېرەتتى.

— باتارېيە بولۇشىغۇ بار ئىدى، — دېدىم مەن بېشىمنى سىلاپ قويۇپ ئۆكۈنگەن ئاھاڭدا، — ئاستىدىكى ساندۇقنىڭ ئەڭ تېگىگە قاچىلاپتىكەنمەن.

ئۇ پارقىراپ كەتكەن قولتۇق تايىقىنى سۆرىگەن پېتى يېنىمغا كەلدى-دە، يالۋۇرغان ئاھاڭدا دېدى:

— نېمىلا بولمىسۇن ماڭا تۆت دانە باتارېيە سېتىپ بەرسىڭىز، رادىئو ئاڭلىمىسام پاخدەكلا بولۇپ قالىدىكەنمەن، يىراققا باراي دېسەم تېخى...

— ھەي، ساندۇقلارنىڭ ھەممىسىنى چۇشۇرۈۋېتىپ، ئاندىن كېيىن ئالىدىغان گەپ-دە!

— سىزگە ياردەملىشەي، بولامدۇ؟

ئۇ، بىر سائىتىمگە، بىر ئاسمانغا قاراۋاتقىنىمدىن يولغا

ئالدىرايدىغانلىقىمنى بىلىۋالدى بولغاي، بىرەر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى:

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ بىر قولىنى مۈرەمگە قويۇپ تۇرۇپ، — ھەرقاچان شەھەرگە كېتىمەن دەۋاتىسىز كېرەك، بۈگۈن كېچە ماڭا مېھمان بولۇڭ، پاراڭلىشىمىز، سىزنى زېرىكتۈرمەيمەن، شۇنچە ماللار بىلەن كېچىدە يول يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ تازا ئەپسىز.

توكۇر يىگىتنىڭ گېپى ماڭا قېرى كالىغا پىچاق ياققاندەك ياقتى، دېمىسىمۇ ئۈچ - تۆت سائەتلىك چۆل يولىنىڭ ئازابى يادىمدا ئىدى. ئەسلىدىكى خىيالىم بويىچە بولغاندا، چۆل يولىغا چۈشۈش ئۈچۈن ھېلىقى قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتمەكچى، ناغرامنى بولۇشىغا دىڭگىرلاتماقچى، ئىش ئوڭدىن كەلسە، ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالماقچىدىم. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا يەنە بىر قېتىم كەلسەم ئېسىمدە ساقلانغۇدەك سەپسېلىۋالاتتىم.

بىراق، يەر شارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشنى تېزلەتكەندەك، گۈگۈم ناھايىتى ئىلدام قىستاپ كېلىۋاتاتتى، قىز بالا كۆز باغلانغاندا تالا - تۈزگە چىقمايدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىتنىڭ تەلىپىگە تۈزۈتسىزلا ماقۇل بولدۇم، ئۇنىڭ چاققانلىقى ئويلىمىغان يەردىن چىقتى. قېچىرنى بىرىمىز يېتىلەپ، بىرىمىز ھەيدىگەنچە ناتونۇش ھويلىغا مىڭ بىر جاپا بىلەن كىرگۈزدۇق.

4

قۇياش بىر كۈنلۈك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، رۇخسارىنى يوشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كەچكى شەپەق تېخى ئۆچمىگەندى. باراڭغا ياماشتۇرۇلغان تەكلەرنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ئاسمان جىمىرلاۋاتقان دانە - دانە يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنەتتى. شەپەق شولىسى بىلەن يورۇپ تۇرغان ئۈزۈم دانىلىرى شۇ قەدەر رەڭلىنىپ، جۇلالىنىپ كەتكەندىكى،

كىشىگە ھېقىقتىن ياسالغان نەپىس سەنئەت بۇيۇمىنى پېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىغا ئېسىپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ ھويلىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى كىشىنى ئازادىلىك ھېس قىلدۇراتتى، تەك ئېرىقلىرى بەكمۇ ئەپچىللىك بىلەن قوراشتۇرۇلغان رېشاتكا بىلەن قورشالغان، ئۆي تېمى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان سۇپا سېپتا سۇۋۇلۇپ ئاقارتىلغان، ھويلىمۇ پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى، سالقىن، ئارامبەخش ھاۋا كۆڭۈلنى كۆتۈرەتتى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە تېخى ئېلېكتر يوق، — دېدى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆلگۈرگەن ھېكىمجان پەنەر چىراغقا ئوت يېقىۋېتىپ، — قېنى سۇپىغا ئولتۇرۇڭ، مەن ھازىرلا چاي دەملەيمەن.

قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ ساندۇقلارنى جايلاشتۇرۇپ، قېچىرنى ئېغىلغا سولىۋەتتۇق، شىرە ئۈستىدىكى رادىئوغىمۇ زۇۋان كىرگەنىدى. مەن سۇپىدىكى گۈللۈك كىگىزدە ئولتۇرۇۋېتىپ، ئوتۇن ئوشتۇۋاتقان ھېكىمجاندىن سورىدىم:

— ئاتا ـ ئانىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ، ئاغىنە، — مەنمۇ ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە ئاغىنە دەپ خىتاب قىلدىم، — بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرامدىغانسىز؟

ھېكىمجان تازا ئەپلىشىپ بەرمەيۋاتقان قولتۇق تايىقىنى سۆرەپ يۈرۈپ ئوچاققا چۆگۈن ئاسقاچ جاۋاب بەردى:

— دادام رەھمەتلىك بۇرۇنلا قازا قىلغان، ئانام بار، يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بۈگۈن ئۇ خامان ساقلايمەن دەپ كەتتى.

— خامان ساقلايمەن دەپ… كېچىچە قايتمامدۇ ئەمدى؟

— قايتمايدۇ، خاماننى مەن ساقلاي دېسەم زادى ئۇنىمىدى، مېنى ئاياپ شۇنداق قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرىمەن، قاتتىقراق تۇرسام، كۆڭلى ئاغرىپ قالامدىكىن دەپ قورقىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، قانچە مو يەرنىڭ خامىنى ئۇ؟

— تۆت مو يەرنىڭ، يەرنى قايتۇرۇۋېتەيلى دېسەم، دېھقان

خەق يەردىن ئايرىلسا بولمايدۇ ، دەيدۇ . ئۆزگە جاپا سالغىنى ـ سالغان ، ھەممە پەرۋىشنى ئۆزى قىلىپ چىقىدۇ .

— سىزمۇ قارىشىپ بېرىدىغانسىز ؟

ھېكىمجان مىس چەينەكتە چاي دەملەپ كەلدى . سۈيى قېچىپ قالغان ئاق نان بىلەن چاي ئىچىشكە باشلىدۇق . ئۇ چىبىنى پۇۋلەپ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەردى . قاراڭغۇ چۈشۈپ ھاۋا سالقىنلاشقانسېرى قانداقتۇر بىر مەززىلىك ، شېرىن خۇش پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى ، سەزگۇ ئەزالىرىمنىڭ ئادىشىشىدىن گۇمان قىلىپ ، كۆكسۈم تولغۇچە نەپەس ئېلىپ باقتىم ، سەزگۈلىرىم ئاداشمىغانىدى . ئۇ خۇش پۇراق باغ تەرەپتىن يېنىك ئەسكەن شامالغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى . ھويلا داڭلىق فرانسىيە ئەتىرى بىلەن يۇيۇلغاندەك ، مەست قىلغۇچى پۇراق بىلەن تولماقتا ئىدى .

ھېكىمجان كۆكرەك قەپىسىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ـ پەسىيىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك :

— قانداق ، دىمىغىڭىزغا خۇش پۇراق ئۇرۇلۇۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ ، مەن ئالدىراپ سورىدىم :

— بۇ نېمە خۇش پۇراق ئاغىنە ، تولىمۇ مەززىلىككەنغۇ ؟

ئۇ پىيالەمنى تولدۇرۇپ ، بىر پارچە ناننى تاشلاپ قويغاندىن كېيىن :

— ھازىرچە چاي ئىچىۋېلىڭ ، سەل تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىمەن ، — دېدى .

— چاينى ئوبدان ئىچىۋالدىم ، قېنى ئېيتىڭا ، زادى نېمىنىڭ پۇرىقى بۇ ؟

ھېكىمجان تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىمنى چۈشەندى بولغاي ، داستىخاننى يۆگەپ قويۇپ ، پەنەر چىراغنى قولىغا ئالدى ـ دە ، كەينىدىن مېڭىشىمنى تەلەپ قىلدى .

بىز باغ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدۇق ، ئۇ چىراغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، باغنىڭ تۆر تەرىپىگە ئىشارەت قىلدى . مەن

ھەيرانلىقىمدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قاپتىمەن .

كىچىككىنە باغ چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن خىيالىي دۇنيادەك گۈزەل ، رىۋايەتلەردە سۈرەتلەنگەن باغى ئىرەمدەك كۆركەم ، گۇناھسىز بەندىلەر ئۈچۈن ياسالغان جەننەتتەك چىرايلىق ئىدى . يەردىمۇ ، بوشلۇقتىكى تەشتەكلەردىمۇ رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ، گۈل ياپراقلىرىدا كەچلىك شەبنەمنىڭ دانچىلىرى سىمابتەك سىرغىيتتى ، ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ تۇنجى نۇرلىرىنى قانغۇچە سۈمۈرۈش تەمەسىدە تەييارلىنىپ تۇرغان غۇنچىلار ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشاتتى . چىراغ يورۇقىدا مۇشۇنچىلىك جۇلالانغان گۈللەرنىڭ قۇياش نۇرىدا قانچىلىك جازىبىدارلىق بىلەن چاقنايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى .

— مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەتىرگۈل ، — دېدى گۈللىرىگە ھەۋەس ۋە ئىپتىخار بىلەن قاراپ تۇرۇپ ھېكىمجان ، — چۈشىنىۋاتامسىز ، ھەممىسى ئەتىر ، مانا بۇ سېرىق ئەتىر ، مانا بۇ قىزىل ئەتىر ، بۇنى ئوي مەھەللە ئەتىرسى دەيمىز ، بۇنى...

ئۇ چىراغنى گۈللەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ تۇرۇپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى .

گۈل دېگەننى مەنمۇ تولا كۆرگەن ، بىراق ئۆمرۈمدە بۇنداق سەرخىل ئەتىرگۈللەرنى كۆرمىگەندىم . ھەربىر يېڭى نامنى ئاڭلىغاندا بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇللاشتىن ئۆزگە ئامالىم يوق ئىدى .

ھېكىمجان گۈللەر ئارىسىدىن يول ئېچىپ مېنى باغ مەركىزىگە باشلاپ بېرىپ ، نەقىشلىك تەشتەككە ئېلىنغان بىر تۈپ گۈلنى تەرىپلەشكە باشلىدى . ئۇ سۆزلەۋېتىپ ، ياپراقلارنى ئاۋايلاپ سىلايتتى ، ھۆسنىگە تولۇپ ئېچىلغان ھەربىر تال گۈلنى بەرگىدىن سىلىق تۇتۇپ بۇرنىغا يېقىن ئېلىپ كېلىپ پۇراپ ھوزۇرلىناتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇھ تارتاتتى .

— كۆرۈۋاتامسىز ، بۇ سورتنى ئالاھىدە پەرۋىش بىلەن يېتىشتۈردۈم . بىر تۈپ گۈلنىڭ شېخىدا تۆت رەڭلىك گۈل

ئېچىلىدۇ . مانا قاراڭ ، قىزىلى بىرمۇ ، ئاق رەڭدىكىسى ئىككىمۇ...

بۇ بىر تۈپ گۈلنى راستىنلا گۈللەرنىڭ پادىشاھى دېيىشكە بولاتتى . مەيلى رەڭگىنىڭ خىلمۇخىللىقىدا بولسۇن ، باشقا ئەتىرگۈللەردىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىپ تۇراتتى ، شاخچىلىرىمۇ توم ۋە ئېگىز ئىدى .

«نامىمۇ ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان ، بىر تەرىپى تاغقا ، بىر تەرىپى قۇملۇققا تۇتىشىپ تۇرغان بۇ سەھرا راستىنلا گۈزەللىك دۇنياسى ئىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم ۋە سورىدىم :

— بۇ سورتقا نېمىدەپ ئىسىم قويدىڭىز ؟

— قەلبىگۈل ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ھاياجانلىنىپ .

— قەلبىگۈل دېدىڭىزمۇ ، چىرايلىق ئىسىم ئىكەن ، بىراق ئۆز ئىسمىڭىز بىلەن ئاتىسىڭىزمۇ بولىدىكەن...

ھېكىمجان بىردەم توختىۋېلىپ دېدى :

— سىزگە نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولار ؟ لېكىن بۇ گۈلگە شۇ ئىسىمدىن ئۆزگىسى بىكار ، ئاغىنە !

— نېمىشقا ؟

— يۈرۈڭ ، — دېدى ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ ھويلا تەرەپكە تارتىپ ، — ئۇزۇن يول يۈرۈپ چارچاپمۇ قالغانسىز ، ياتقاچ پاراڭلىشىمىز .

مەن قېچىرغا قاراپ چىققۇچە ھېكىمجان سۇپىغا ئورۇن راسلاپ بولۇپتۇ . نېپىز يوتقاننى ئايىغىمىزغا تاشلاپ ، يانمۇيان قويۇلغان تەكىيىگە باش قويدۇق .

## 5

سەھرا ئاخشىمى تولىمۇ سالقىن ۋە جىمجىت بولىدىكەن . بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىكنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن جىمى جانلىقلار ھالسىزلانغان بولسا كېرەك ، ئەتراپ زىيادە تاۋۇشلاردىن خالىي

ئىدى . خامان ساقلاۋاتقانلارغا ھەمراھ بولغان ئىتلارنىڭ سەگەكلىرىلا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قاۋاپ قوياتتى . نەلەردىندۇر پەيدا بولغان قاسىراقلىق قوڭغۇزنىڭ گۇڭۇلداپ كېلىپ پەنەرگە ئۆزىنى ئۇرۇشلىرى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزاتتى .

تەسەۋۋۇرۇمدا ھېلىقى نازىنىن قىزنىڭ ھويلىسىمۇ مۇشۇ يەرگە يېقىنلا بىر يەردە تۇراتتى . ئۇ بەلكى مۇشۇ مىنۇتتا غەمسىز ھالدا ئۇيقۇغا كەتكەندۇ ، بەلكى شېرىن چۈشلەر قوينىدا تولغىنىۋاتـقاندۇ ، مېنىڭ ئۆزىنى ئويلاۋاتقىنىمنى بىلسە ئىدى ـ ھە ؟ !

ھېكىمجاننىڭ ئاۋازى شېرىن خىياللىرىمنى ئۈزۈپ تاشلىدى .

— تۇيۇۋاتامسىز ، مانا بۇ پۇراۋاتقىنى ھېلىقى تۆت رەڭلىك گۈلۈمنىڭ پۇرىقى ، — ھويلا تېمىنى بويلاپ ئۆسكەن تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى يېنىك شىۋىرلىدى . شامال ئېلىپ كەلگەن ئەتىر پۇرىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى ، — قەلبىگۈلنىڭ ھىدى !

ئۇ ياتقان ئورنىدا ئولتۇردى . كۆكسىنى تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى .

— ھەي ، — دېدى ئۇ خورسىنغان ھالدا ، — نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ، سىز گۈللەرنىڭ ھىدى ئارىسىدىن بۇ ئالاھىدە ھىدنى پەرق ئېتەلمەيسىز ـ دە ! بۇنىڭغا ئالاھىدە سەزگۈ كېرەك ، ئاغىنە !

ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى ، مەن ھويلىغا تولۇپ كەتكەن خۇش پۇراقتىن مەست بولۇۋاتاتتىمىيۇ ، ھېكىمجان تەرىپلىگەن ھىدنى پەرقلەندۈرۈشكە ئاجىز ئىدىم .

مەنمۇ تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارىغا ھەيران بولغان ھالدا سورىدىم :

— قەلبىگۈلنىڭ پۇرىقى راستىنلا ئۆزگىچىمۇ ، سىز ئۇنىڭ ھىدىنى راستىنلا پەرقلەندۈرەلەمسىز ؟

— يالغان ئېيتىپ نېمە قىلاي ، مىڭ خىل گۈل ئارىسىدىن ، مىڭ خىل پۇراق ئارىسىدىن قەلبىگۈلنىڭكىنى پەرقلەندۈرەلەيمەن .

— قانداق قىلىپ ؟

— بۇنى ئۆزۈملا بىلىمەن .

ھېكىمجاننىڭ تېپىشماق تۈسىنى ئالغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى قىزىقىشىم ئېشىۋاتاتتى . بۇنىڭ تېگىدە قانداقتۇر بىر مۇھىم سىرنىڭ بارلىقىنى جەزملەشتۈرمەكتە ئىدىم .

— بايام سىزدىن ھېلىقى گۈلگە نېمە ئۈچۈن قەلبىگۈل دەپ ئىسىم قويغىنىڭىزنى سورىغانىدىم ، ھازىر ئىككىمىزنىڭلا ئۈيقۇسى قېچىپتۇ . قېنى ئاڭلاپ باقامدۇق ؟

— ھېكىمجان سەل ئارسالدى بولۇپ قالدى ـ دە :

— سۆزلەپ بەرسەم بېرەي ، مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ سىردىن خەۋەردار ، — دېدى ماڭا يۈزلىنىپ .


ئۇ چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى .

— بۇ بىر قىزنىڭ ئىسمى ، مەن ياخشى كۆرىدىغان ، لېكىن ۋەسلىگە يېتەلمەيۋاتقان بىر قىزنىڭ ئىسمى .

— ۋەسلىگە يېتەلمەيۋاتقان دەمسىز ؟

— ئەزبىرايى خۇدا ، سۆزۈم تۈگىگۈچە لوقما سالماڭ ، دېدىمغۇ . بۇ ، بىر قىزنىڭ ئىسمى . قەلبىگۈل باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ، ئۇمۇ مۇشۇ مەھەللىدە تۇرىدۇ ، كىچىكىمىزدىنلا بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقىمۇ ، ئىشقىلىپ يېشىمىز ئۇلغايغانسېرى بىر ـ بىرىمىزنى كۆرمىسەك تۇرالمايدىغان ، كۆرۈشسەك قىلغىلى گەپ تاپالمايدىغان بولۇپ قالدۇق . شۇنداقتىمۇ ، ھەر ئاماللار بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇردۇق . كۆڭۈل سىرىمىزنى ئايان قىلىشتۇق . ئەمما ، بۇنداق چاغلار ئۇزاققا بارمىدى . بىر كۈنى قەلبىگۈل مېنى ئىزدەپ كەپتۇ ، ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىدىن يامان ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە شەھەردىن ئەلچى كەلمەكچىكەن .

— ئاپلا ، — دەۋەتتىم مەن ئالدىراپ ، — نېمىشقا شۇ چاغقىچە قۇدا چۈشمىگەنسىلەر ، بالدۇرراق بىر ئىش قىلىدىغان گەپ ئىدىغۇ ؟ !



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— لوقما سالماڭ دېۋىدىمغۇ ، — دېدى ئۇ مېنى يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ ، — قەلبىگۈلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالدىم - دە ، ئانامغا مەسلىھەت سالدىم ، ئانام ماڭا بەكمۇ كۆيۈندۇ ئەمەسمۇ ؟ ئۇ ھەدېگەندىلا قوشۇلۇپ كەتمىدى . «ئۇ ، باي ئادەملەرنىڭ قىزى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن بىر يېتىم ، بوي يەتمىگەن يەرگە قول ئۇزاتمايلى» دەپ تۇرۇۋالدى ، ئاخىرىدا يالۋۇرۇشلىرىمغا چىداپ تۇرالماي ، داستىخان ھازىرلىدى - دە ، ئەلچىلىككە باردى .

— مانا ، ئەمدى ياخشى قىپسىلەر ، ئاغىنە !

ئۇ ماڭا ھومايغاندەك قارىۋالدى ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇردى .

— ياخشى قىلىشنىغۇ قىلدۇق ، ئەمما قەلبىگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەلچىلەرنى بوسۇغىدىنلا ياندۇرۇپتۇ . ئانام بىچارە قايتىپ كېلىپ ئەلەمگە چىدىماي خېلى كۆنلەرگىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ، قازا قىلغىلى ئون نەچچە يىل بولغان دادامغا قايتا ھازا ئاچتى .

— ئۇلار نېمىدەپ رەت قىلىدىكەن ؟

— نېمىدەپ رەت قىلاتتى ، — ئۇ ئەمدى ، قويغان سوئاللىرىمغا چالۋاقىماي جاۋاب بېرىشكە باشلىغانىدى ، — ئۇلار باي ، بىز نامرات - دە ! ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن يېرىم جان ئەمەسمۇ !

— بۇ زادى قاملاشماپتۇ ، بايمۇ ، نامراتمۇ خۇدانىڭ بەندىسى ، بىر - بىرىگلارنى ياخشى كۆرۈشكەندىن كېيىن بولمىدىمۇ ؟ شۇنداق قىلىپ قانداق بولدى ؟ شەھەردىن ئەلچىلەر كەپتىمۇ ، ئۇلارغا بېرىۋەتتىمۇ قىزنى ؟

— قانداق بولاتتى ، ئەلچىلەرمۇ كەپتۇدەك ، قەلبىگۈل ئۇزى ئۇنىماپتۇ ، ئانىسىنىڭمۇ ماقۇل دېگۈسى بار ئىكەن . بىراق ، دادىسى قەلبىگۈلنىڭ رايىغا بېرىپتۇ . ئۇ قىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ ، ئۇ : «قىزىمنى يېزىنىڭ تېشىغا چىقارمايمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ ، ئەلچىلەرنىڭمۇ چالمىسى سوغا چىلىشىپ كېتىپ قاپتۇ .

— بۇ قاچانقى ئىش ؟

— ئۇزاقى يىلى ئەتىيازدىكى ئىش.

— كېيىن قانداق قىلىشتىڭلار ؟

— ئۇلار قەلبىگۇلنى تالا ـ تۇزگە چىقارمايدىغان بولۇۋالدى ، ئاشىق ـ مەشۇقلار ئالدىدا ھەرقانداق توسقۇنلۇقمۇ ئۆز رولىنى يوقىتىدىكەن ، يەنە ئايدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇچرىشىپ تۇردۇق .

— ھازىرمۇ شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق .

— بۇ ھال قاچانغىچە داۋاملىشار ئەمدى ؟

— خۇدا ئۆزى بىلەر…

يۈرىكىم ئېچىشىشقا باشلىدى ، تۈنجى مۇھەببىتىنىڭ ئوتىدا ئۆرتىنىپ ، ۋىسال ئارزۇسىدا قىينىلىۋاتقان بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ تەقدىرىگە ئىچىم ئاغرىدى . ھېلىقى گۈزەلگە كۆزۈم چۈشكەندىن باشلاپ تازا ئۆتسە يېرىم كۈن ئۆتكەندۇ ، بىراق ئۇنى بىر دەقىقە يادىمدىن چىقىرالمىدىمغۇ ؟ يەنە بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا ئوت بولۇپ يانمىدىممۇ ؟ جۇدالىقنىڭ ئازابى ، ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ۋەسلىگە يېتىش تەقەززالىقى نېمە كويلارغا سالمايدۇ ـ ھە ؟ !

ھېكىمجان مەن شەھەردە ئەسرار بولۇشقان يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى ، چىرايى كۆڭۈلگە سىڭىشلىك ، سۆھبىتى دىلغا يېقىن ، ئاق كۆڭۈل بالا ئىدى . ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ، مۇشۇنداق يىگىتلەر بىلەن دوست بولۇشساڭمۇ ، ھەرنېمەڭنى قۇربان قىلساڭمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى ، ھېكىمجاننىڭ كەچۈرمىشلىرى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھېسداشلىق ئوتىنى يالقۇنجىتىشقا باشلىدى .

— ئاغىنە ، تويلۇق ئۈچۈن قانچە پۇل كېرەك ، تارتىنماي ئېيتىۋەر ، سىنىڭكى ، مېنىڭكى دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ، مۇرادىڭلارغا يەتسەڭلار مەن خۇشال بولىمەن .

ئۇنىڭ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكىنىدىن ھېچ نەرسە چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالدىم :

— گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامسەن ، — ئۇنىڭغا قانداقلارچە سەنلەپ خىتاب قىلغىنىمنىمۇ تۇيماي قالدىم ، — تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى پۇل دېسە جان بېرىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالما ؛ مال دېسەڭ ئەنە تۇرۇپتۇ ، بىرەر قىزنىڭ تويلۇقىدىنمۇ ئاشىدۇ تېخى .

مەقسىتىمنى جىددىي تەلەپپۇز بىلەن بايان قىلساممۇ ئۇ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈۋەردى ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى :

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت ، ئاغىنىدارچىلىققا يارايدىكەنسەن ، لېكىن ھازىر مەنمۇ بېيىپ قالدىم .

ئۇنىڭ «بېيىپ قالدىم» دېگىنىنى زادى چۈشىنەلمىدىم . ئەتراپىغا قاراپ ، كۆرۈنگۈدەك بىساتلىرىغا قانچە زەن سالساممۇ بايلىقىنىڭ ئالامىتىنى چېلىقتۇرالمىدىم .

— ھەيران قالما ، ئاداش ، مېنىڭ بايلىقىم ئاشۇ باغدا ، ئۇنىڭدىن باشقىسى مانا مۇنۇ يەردە !

ئۇ قولى بىلەن كۆكسىنى ئۇرۇپ قويدى ۋە يەنە دېدى :

— گېپىمنىڭ داۋامىغا قۇلاق سال دېدىمغۇ ، قەلبىگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېنى نامرات كۆرگەنلىكىدىن خاپا بولغىلى بولمايدۇ ، سىياسەت ياخشىلانغاندىن كېيىن دېھقانلار مەسئۇلىيەت ئېتىزىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىگە ئىگە بولدى . مەن مۇشۇ ھالىم بىلەن نېمىمۇ قىلالايتتىم ؟ ئانام ئەلچىلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، مېنى مۇشۇنداق ناكا قىلىپ قويغان كېسەلنى يۈزمىڭنى قارغىدىم ، خىيالدىن كۈن بويى بېشىمنى ئالالمىدىم . گېلىمدىن ئاش ـ تاماقمۇ ئۆتمىدى ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئەقلىمدىن ئازاي دېگەندە ، كۆزۈم دادامدىن قالغان بىر تەشتەك گۈلگە چۈشتى ، ھەربىر تال يوپۇرماقتىن ئۈمىد نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇم . قەلبىگۈل ئۆز ۋاقتىدا بۇ گۈلنى بەكمۇ ياقتۇراتتى . باش ئەتىيازدا ئېچىلغان گۈلنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلسام ، ئالەمنى بەرگەندەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر تۇپ گۈلنى ئەقىدە قىلىپ پەرۋىش قىلىش نىيىتىگە كەلدىم . مەھەللىمىزگە كەلگەن بىر ئۇلاقچىدىن نەچچە ئۇلاق بولامدۇ ، بىخ

www.uyghurkitap.com

ئۇلاق بولامدۇ ، ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالدىم . ئۇ تېخى چوڭ شەھەرلەرگە بارغاندا يېڭى سورتلارنىڭ بىخلىرىنى ئالغاچ كەلدى ، كىتاب بىلەنمۇ دوست بولۇپ قالدىم . مانا كۆردۈڭ ، ئاخىر ئەجرىم بىكارغا كەتمىدى ، نۇرغۇن يېڭى سورتلارنى يېتىشتۇردۇم ، ھېلىقى سەرخىل ئەتىرگۈل ھەممە سورتلارنىڭ ئانىسى ، قەلبىگۈلنىڭ نەزەرى چۈشكەن گۈل ، شۇڭا ئۇنىڭغا قەلبىگۈل دەپ ئات قويۇۋالدىم .

— ھە ، مۇنداق ماددىي جەھەتتىن باي بولغاندا يەنە بىر خىل بايلىققىمۇ موھتاج بولىدىكەن ، ئاغىنە .

— گۈللىرىڭنى كىشىلەرگە سېتىپ بېرەمسەن ؟

سوئالىمنىڭ بىرئاز قوپالراق بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيدۇم ، بىراق ھېكىمجان بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلمىدى ، تۈزلا جاۋاب بەردى :

— ساتمايمەن ، ئىشقىلىپ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىمەن ، ھېلىقى قەلبىگۈلگە بەزىلەر بەش يۈز يۈەن باھا قويۇشتى ، بىلەمسەن ، ھازىر مەھەللىمىزدىكى كىشىلەر گۈل ئۆستۈرۈشكە قىزىقىدىغان بولۇپ كەتتى ، بايلىقنىڭ دەرىجىسىنى پۇل ، ئات ـ كالا بىلەن ئەمەس ، گۈللىرىنىڭ سورتى ، سانى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى .

مەن بۈگۈن مەھەللە ئارىلاۋېتىپ ھويلىلارنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە قويۇلغان ئەتىرگۈللەرنى كۆرگەنلىكىمنى يادىمغا كەلتۈردۈم ۋە ئۇنىڭدىن سورىدىم :

— بۇغۇ ياخشى بوپتۇ ، بىراق سىلەرنىڭ توي ئىشلىرىڭلارنى ھەل قىلىش كېرەك ـ دە !

— ئالدىرىما ، بۇمۇ ھەل بولىدۇ ، — جاۋاب بەردى ھېكىمجان ئىشەنچ بىلەن .

بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان گۈل ھىدى تەسىر قىلدىمۇ ياكى تۇن ھەسسىسىگە يېقىنلىشىپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ ئۇيقۇ قىستاشقا باشلىدى . ھېلىقى گۈزەل قىزنى كۆز ئالدىمدا ساقلاشقا تىرىشىپ ۋە چۈشۈمدە كۆرۈشكە ئىشىنىپ ، ئاستا كۆزۈمنى يۇمدۇم .

## 6

بىراۋنىڭ ھويلا ئىشىكىنى يېنىك تاقىلدىتىشى بىلەنلا ئىككىمىز تەڭ ئويغىنىپ كەتتۇق ، ئالدىراپ كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ھېكىمجان ئىشىكنى ئاچتى .

— كىرىڭلار ، كىرىڭلار ، — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن .

ئەر - ئايال بولۇپ ئون نەچچە كىشى ھويلىغا كىرىپ كەلدى - دە ، خالىغان يەرلىردىن ئورۇن ئېلىشتى . ھېكىمجان ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلغاچ ، باغقا كىرىپ كەتتى .

قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ، دەستە - دەستە نۇر تال باراڭلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ ، ئۈزۈم ساپلىرىنى ۋە يوپۇرماقلارنى يورۇتماقتا ئىدى . مەن بۇ جامائەتنىڭ نېمە ئۈچۈن قاق ناشتىدا بۇ يەرگە كېلىشكەنلىكىنى قىياس قىلىپ ئۈلگۈرگۈچە ، ھېكىمجان يېڭىلا ئېچىلغان بىر دەستە ئەتىرگۈلنى ئېلىپ چىقتى . جامائەت دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭ قولىغا تەلمۈرۈشتى .

— مانا بۇ گۈل ياشلارغا مۇۋاپىق ، بۇنىسى چوكانلارنىڭ ، بۇ چوڭ ياشلىق كىشىلەرگىلا يارىشىدۇ…

ھېكىمجان ھەربىر كىشىگە بىر تالدىن گۈلنى تارقىتىپ بەردى . ئۇلار گۈلنى خۇددى مۇكاپات ئېلىۋاتقان قەھرىمانلاردەك ئېھتىرام بىلەن تاپشۇرۇۋېلىشتى . چوكانلىرى قۇلىقىغا قىستۇردى ، ئەرلەر بولسا مەيدە يانچۇقىغىلا جايلاشتۇردى .

ھېيتلىق ئالغان باللاردەك خۇشال بولۇشقان كىشىلەر ھېكىمجانغا قايتا - قايتا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى .

— بۇ نەدىن كەلگەن كىشىلەر ، گۈل تاقاپ نېمە ئىش قىلىدۇ ، — سورىدىم مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ كىرگەن ھېكىمجاندىن .

ئۇ چۈشەندۈرۈپ دېدى :

— ھەيران قېلىۋاتامسەن ، ئاغىنە ، بۇگۈن بۇ مەھەللىدە توي بار ئەمەسمۇ ؟

— تــوي ! — دېدىم مەن يەنىمۇ ھەيران بولۇپ ، — توي بولسا ، سەندىن گۈل سورايدىغان ئادەت بارمۇ ؟

— بۇرۇن بۇنداق ئادەت يوق ئىدى ، ھەممە ئادەم قورساقنىڭ غېمى بىلەن قالغاندا گۈل ئىسگە كېلەتتىمۇ ؟ ھازىر دېھقانلارنىڭ قورسىقى تويدى ، ئۇستۇبېشى يېڭىلاندى ، شۇنىڭ بىلەن تويغا بىر تالدىن گۈل تاقاپ بارىدىغان ئادەت پەيدا بولدى ، بايام كىرگەنلەر ئۆز ئۆيىدە گۈل ئۆستۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلەر ، ئۇلارغا بىرەر تەشتەكتىن گۈل يېتىشتۈرۈپ بېرىشىم كېرەك تېخى !

— ھە ، مۇنداق دېگىن ، بۇ بەكمۇ ياخشى ئادەتكەن ، لېكىن جاپا چېكىپ ئېچىلدۇرغان گۈلنى سەندىن بىكارغا ئېلىپ كېتىشسە بولامدۇ ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن ، مېلىڭغا خېرىدار چىقمىسا ئېچىڭ پۇشامدۇ ؟

— ئــەلــۋەتــتە پۇشىدۇ . «خېرىدارىڭ بولمىسا ، زىبالىقىڭ نەئەتىۋار» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان ـ دە ، لېكىن...

— بارا ـ بارا چۈشىنىپ قالىسەن ، ئاغىنە ، دۇنيادا قۇربىڭـ نىڭ يېتىشىچە بىر ئىش قىلىپ ، باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماقتىن بەكرەك خۇشال بولارلىق ئىش بولمىسا كېرەك .

— ھــېكىمجان بالام ، كىشىلەر تويغا كېتىشىۋاتىدۇ ، سەن تېخى قوزغالماپسەنغۇ ؟

ئــىــشــىــكــتــىــن سۆزلىگەچ كىرىپ كەلگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئايال مېنى كۆرۈپلا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان نەزەرىنى ئوغلىغا يۆتكىدى ، ھېكىمجان مېنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇ كايىغىنىچە بىرىپ بىر كۆرپىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ـ دە ، ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ئاستىمغا سېلىپ بەردى .

ھېكىمجاننىڭ ئانىسى تازا چىرايلىق قېرىغان مەزلۇم ئىكەن ،

چېكە چاچلىرى پاختىدەك ئاقىرىپ بولغان بولسىمۇ، چىرايى ئارتۇقچە قورۇقتىن خالىي ئىكەن، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە ھېكىمجاننىڭ يېپىشىۋېلىشى بىلەن تويغا مەنمۇ بارماقچى بولدۇم. ئېيتىلىشىچە، تويى بولغۇچى يىگىت ھېكىمجاننىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىكەن.

— مۇنداقلا بارساڭ، مۇساپىر ئىكەنلىكىڭ چېنىپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ پىيالىنىڭ ئاغزىدەك چوڭلۇقتا ئېچىلغان بىر تال ئەتىرگۈلنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، — توي قىلمىغان يىگىتلەر ئادەتتە گۈلنى قولىدا ئېلىۋالىدۇ.

ئىككىمىز توي بولۇۋاتقان سەيناغا كىرىپ كەلگىنىمىزدە، سۇپىلاردا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان مېھمانلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سورۇننىڭ تۆرىنى بىكارلىدى ۋە سۇپىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ھېكىمجاننى يۆلىگىنىچە يۇقىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ تۇزۇتىگە ھېچكىم پىسەنت قىلمىدى. مەنمۇ ھېكىمجاننىڭ يېنىغىلا باشلاندىم.

دېگەندەك بۇ ھويلىمۇ ئەتىرگۈلنىڭ خۇش پۇراق ھىدىغا تولغانىدى. دەسلىپىدە ناتونۇش كىشىلەر تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئىززەت تۇپەيلى ئىزا تارتىپ قالدىمۇ يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىدىم. جىمجىتلىق بۇزۇلۇپ، كۇلكە ـ چاقچاق ئاۋۇشقا باشلىغاندىلا، تام بويلاپ ئولتۇرۇشقان مېھمانلار قاتارىغا ئاستىرتىن كۆز سېلىشقا باشلىدىم. بەزى مېھمانلارنىڭ تۆش يانچۇقىغا بىر تالدىن گۈل قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. يىگىتلەر قوللىرىدا ئويناپ ئولتۇرغان گۈلنى بەزەن ـ بەزەن مەززە قىلىپ پۇراپ قوياتتى. پەقەت، سورۇنغا بىزدىن كېيىنرەك كەلگەن ۋە ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىلا ئورۇن ئالغان بىر كىشىنىڭلا يا قولىدا، يا مەيدىسىدە گۈل كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇنىڭغا بىرلا قاراش بىلەن تونۇش شاپ بۇرۇتنى، سۇرلۇك چىرايىنى تونۇپ قالدىم. ئۇ يۈرىكىمگە ئوت يېقىۋەتكەن ھېلىقى نازىنىننىڭ دادىسى ئىدى. قانداقتۇر بىر يەرلىرى قىزىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ كىشى نېمىدىندۇر

قورۇنغاندەك ئۇندىمەي ئولتۇراتتى ، ھېكىمجاندىن باشلاپ قول سۇيى بېرىلىپ ، داستىخان سېلىندى ، يەنە ھېكىمجان خۇش ئەتكەندىن كېيىنلا توي ئەھلى ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇغا قول ئۇزىتىشتى .

مەن قولۇمنى يالىغاچ ، قىزنىڭ دادىسىنى كۆزىتەتتىم ، ئۇ ھېكىمجاننىڭ مەيدىسىدە چاقناپ تۇرغان قىپقىزىل ئەتىرگۈلگە پات - پات قاراپ قوياتتى ، گۈل ھىدى بىلەن تولغان ھويلا ھاۋاسىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈرەتتى ۋە ھېكىمجاننىڭ كىشىنىڭ ئۇچىيىنى ئۈزۈۋەتكۈدەك كۈلدۈرۈۋېتىدىغان چاقچاقلىرىغا ئارىلاشقۇسى كېلەتتىيۇ ، قانداقتۇر بىر دەرد بىلەن قىينىلىۋاتقاندەك ياكى نېمىدىندۇر خۇدۇكسىنغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىۋالاتتى .

مېھمانلار ئۇزاشقا باشلىدى ، ئەتىگەندە ھېكىمجاندىن گۈل سورىغان جامائەتنىڭ بىرى ئۆيىنىڭ يېقىنلىقىغا قارىماي ئىككىمىزنى ئۆز ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئاپىرىپ قويىمەن دەپلا تۇرۇۋالدى ، ئىلاجسىز ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ھېكىمجاننىڭكىگە قايتىپ كەلدۇق .

7

نېمىشقىدۇر ، گۈزەللىكلەر بىلەن تولغان بۇ يېزىدىن ئايرىلغۇم كەلمىدى . ئەمدىلا تونۇشقان ، لېكىن قەدىناسلاردەك ئىجىل بولۇپ كەتكەن ئاغىنەمدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتقىنىمدىن ئۆزگە يەنە بىر قۇدرەتلىك يوشۇرۇن كۈچ مېنى بۇ يەرگە باشلاپ تۇراتتى ، قېيىناتا ، قېيىنانا بولغۇچىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان ، ھەر قانداق كاتتا تويغىمۇ يېتىپ ئاشىدىغان پۇل - مېلىم غورۇرۇمنى ئۆستۈرۈپ ، ئىرادەمگە ئۈمىد بېغىشلايتتى . بۇ يەردىن كېتىپ قالدىممۇ ، ئىلكىمدىكى ئالتۇن ئاچقۇچ ئۆز رولىنى يوقىتىدىغاندەك ، ئەڭ مۇھىم بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغاندەك ھېس

قىلاتتىم .

ئويلا ـ ئويلا ، ئاخىر سېتىلماي قالغان ماللىرىمنى قېچىرغا يۈكلىدىم ـ دە ، ھېكىمجانغا كەچتە قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇپ ، مەھەللە ئارىلاشقا چىقىپ كەتتىم .

بۈگۈن تىجارەت ۋە پايدا دېگەنلەر يادىمدىن تامامەن كۆتۈرۈلگەن ، ناغرامنى خېرىدار جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ھېلىقى قىزنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن چالماقتا ئىدىم . يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھەربىر دەرۋازىغا تىلەمچىدەك تەلمۈرۈپ ئۆتەتتىم .

قۇياش تىكلەنگەن چاغ بولغاچقىمۇ ، بۈگۈنكى ھاۋا تۈنۈگۈنكىدىنمۇ بەتتەر قىزىپ كەتكەنىدى . ئەتىگەندە كۆك ئاسماننىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە لەيلىشىپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئاپتاپ تەپتىدە كۆيۈپ تۈگىگەندەك نەلەرگىدۇر غايىب بولغان ، يولىدىن ئادىشىپ قالغاندەك تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېسىپ قويىدىغان شامالمۇ مەشتىن ئېتىلىپ چىققان يالقۇندەك ئوت تەپتىنى ئېلىپ كېلەتتى .

خىيالىمدا مەھەللىنىڭ جىمى كوچا ـ كويلىرىنى كەم دېگەندە بىر ـ ئىككى قېتىم ئايلىنىپ بولدۇم ، دەپ ئويلايمەن . بىراق ، مېنى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ قىلىۋاتقان ھېلىقى ھويلا خۇددى ئەپسانىلەردىكى بىر ئەپسۇن بىلەن غايىب قىلىۋېتىلىدىغان سىرلىق قەلئەلەردەك ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى . دەرۋازىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى كۆرۈش سەزگۈلىرىم ئىتائىتىمدىن قاچقانمۇ ، ئىشقىلىپ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىم بىكارغا كېتىۋاتاتتى . ئۆز ـ ئۆزۈمگە : «سەن ئۈچۈن ، مۇشۇ مەھەللىنىڭ بىر ئىتى بولۇپ تۆرەلمىگەندىمەن . ئەمدى شۇنداقلا بولدى قىلمايمۇ» دەيتتىم ۋە ئىچ ـ ئىچىمدىن مەيۈسلىنەتتىم . «پالاننىڭ ئۆيى قەيەردە» دەپ سوراشمۇ ئەپسىز ئىدى . ماقۇل ، سورىغانمۇ بولاي ، ھېلىقى گۈزەلنىڭ ئىسمىشەرىپى نېمە ؟

كاللامدا «سول تەرەپكە قارا» دېگەندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى ، سول تەرىپىمگە قارىدىم . قېلىن ياغاچلاردىن قىلىنغان دەرۋازا

www.uyghurkitap.com

قاناتلىرى ئېتىكلىك ئىدى، نوچىدەك تىك تۇراتتى. تۇچتىن قىلىنغان يوغان هالقىلار كالۋالىقىمنى ئەيىبكە بۇيرۇپ چەكچەيگەن كۆزلەردەك غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئەتىگەندە تاشلاپ بېرىلگەن يەم ـ خەشەكلىرىنى كۆشەپ بولغان كالىنىڭ سوزۇپ مۆرىشى نىشانىمدىن ئاداشمىغانلىقىمنى تەستىقلايتتى.

كەلگەن جايىمدا توختىدىم ـ دە، ئۈمىدلىك كۆزلىرىمنى دەرۋازىغا تىكىپ ناغرامنى داڭگىرلىتىشنى داۋام قىلدىم. مۇبادا، بۇگۈن هاۋارەڭ ياغلىقلارنى بىكارغا بەرگەندەك بىرىۋەتكەن مەرد تجارەتچى يادىدىن كۆتۈرۈلمىگەن بولسا، تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان خېرىدارلىرىم يۈگۈرۈشكەن پېتى ئالدىمغا چىقىشى تەھقىق ئىدى.

بەش مىنۇت، ئون مىنۇت، هەتتا يىگىرمە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، موزاي ۋە قويلارنىڭ مۆرەۋاتقان كالىغا جور بولۇپ ئومۇمۇخور ئېيتىشىدىن ئۆزگە هويلىدا هېچقانداق سادا يوق، ناتونۇش ئاۋازدىن چۆچۈشكە باشلىغان ئۆلگۈر توخۇلارمۇ بىرەر تىۋىش ئاڭلاشقا ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى.

تەقەززالىقىم ئاياغلىرىمغا مەدەت بەردى، بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ دەرۋازا ئالدىغا يېقىنلاشتىم ـ دە، ئاستا ئىتتىردىم، دەرۋازا ئېچىلمىدى، تىپىرلاۋاتقان ۋۇجۇدۇمغا شەيتىنىم يەنە ئارام بەرمىدى. مەزمۇت قاناتلار ئارىسىدىكى بەش ئىلىك كەلگۈچىلىك يوچۇقتىن ئاستا ئىچكىرىسىگە نەزەر تاشلىدىم.

— كىم سەن، بۇ يەردە ماراپ يۈرگەن؟

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن يۈرىكىم يېرىلغۇدەك قورقۇپ كەتتىم. چۆچۈگەن پېتىم كەينىمگە بۇرۇلۇۋىدىم، شاپ بۇرۇتلۇق ئۆي ئىگىسىنى كۆردۈم. ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى سىيرىگەن پېتى گۆلىيىپ تۇراتتى. كۆز قارىچۇقلىرى مېنى يەۋېتىدىغان ئەلپازدا قېتىپ قالغانىدى.

— مەن... مەن... سىلەرنى بىرەر نەرسە ئالامدىكىن دەپ...

ئۇ، ئاتتىن دىككىدە يەرگە چۈشتى ۋە قامچىسىنى پىرقىرىتىپ تۇرۇپ:

— كۆزۈڭ نەگە كەتتى ، دەرۋازىنىڭ تاقاقلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ ، — دېدى ماڭا يېقىنلىشىۋېتىپ ، — قېنى ئېيت ، مېلىمنى كۆزلەمسەن ياكى باشقا نەرسەمنىمۇ ؟ !

بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىۋالغاندەك دۇدۇقلاپ قالدىم .

— خا... خاتا ئويلاپ قالمىسىلا ، ھېچ نەرسە... ھېچ نەرسە...

ئۇ مېنى قىستاپ كەلدى ـ دە ، كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ :

— ھېچ نەرسە ، يالغان ئېيتما ، قىزىمنى يولدىن ئازدۇراي دەمسەن ؟

— ياق... ياق... ياق .

دەرۋازىغا كەينىمنى قىلىپ تۇرغاچقا ، چېكىنىشكىمۇ ئامالىم يوق ئىدى .

— گېپىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ، قىزىمنىماراپ يۈرگىنىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، تۇنۇگۈن قارىشىڭنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى مېنى تۇيمىدى دەمسەن ؟

— ياق... ياق...

ئاغزىمدىن ياق ـ ياق دېگەندىن ئۆزگە گەپ چىقمايتتى ، «ياق» دېگىنىم يالغان ئېيتقىنىم بولسىمۇ ، «ياق» دېمەكتىن ئۆزگە ئامالىم يوق ئىدى .

— تېز يوقال بۇ يەردىن ، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن ، يەنە قىزىمنى ماراپ يۈرگۈچى بولساڭ ، ئىككى پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن...

قېچىرىمنى يېتىلىگىنىمچە ئالمان ـ تالمان يولۇمغا چۈشتۈم .

ئۇ مەن دوقمۇشتىن قايرىلغۇچە نازارىتىنى قىلچە بوشاشتۇرمىدى .

مانا ، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال ، دېگىنى مۇشۇ ، يېرىم كۈن تەرلەپ ـ پىشىپ تاپقان دەرۋازا تۈۋىدىن ئاھانەت بىلەن ھەيدەلدىم ، بۇ ئەلەمنى ئەمدى نەگىمۇ سىغدۇرارمەن ، ئەمدى بۇ بوسۇغىغا قانداق دەسسەش مۇمكىن» دېدىم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە زەردە بىلەن .

ئەمما ، تاقاقلىق تۇرغان دەرۋازىدىن نېمىشقا ماردىم ؟ بۇ

كىمنى گۇمانلاندۇرمايدۇ؟ ئەگەر باشقا بىرى ئۆز ئۆيۈمنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاشۇنداق مارىسا، مەن نىمە دەيتتىم؟

ئەڭ يامىنى ئۇنىڭ قىزىنى ماراۋاتقىنىمنى بىلىۋالغىنى ئىدى. بىراق، ساندۇق ـ ساندۇقلاردا رەڭمۇرەڭ مېلى بولغان مەندەك بىر كېلىشكەن تىجارەتچى يىگىتنىڭ ئۆز قىزىنى مارىغانلىقىغا خۇشال بولماي، ئەكسىچە چالۋاقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەك تەس ئىدى.

ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن، يامان چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ۋەقە ھەددىدىن زىيادە ئالاقزادە قىلىۋەتكىنى ئۈچۈنمىكىن، پىكرىم بىر يەرگە يىغىلمايتتى ـ يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەيتتىم. ھېلىلا ئاياغلاشقان ۋەھىمىلىك جەرياننى ئەسلەش خۇددى قىيامەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەندەك قورقۇنچلۇق ئىدى.

ئەمدى بۇ مەھەللىدە تۇرۇۋېرىشنىڭ ئورنى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئىچىمدە: «ئۆمرۈم بويى بۇ تەرەپكە ئالدىنىمۇ قىلىپ سالماسمەن» دەپ خورسىندىم ۋە «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك ئىنائەتچان قېچىرىمنىڭ ساغرىسىغا زەرب بىلەن بىرقامچا ئۇردۇم، قېچىر تۇنجى قېتىم ماڭا ئېتىراز بىلدۇرۇپ چىچاڭشىپ قويدى ـ دە، يەنە ياۋاشلاپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ يورغىغا چۈشتى. يەنە ئۇزاق ئۆتمەي ئەسەبىيلەرچە بۇيرۇق بىلەن نوختىسىنى قاتتىق سىلكىدىم. چۈنكى، بۇ مەھەللىدىن ئايرىلىشنىڭ ماڭا ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم كۆزۈم يەتكەنىدى. كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغان خىيالىي تەسەۋۋۇردا، مېنى مەھلىيا قىلىۋالغان ھېلىقى گۈزەل تاسادىپىي پەيدا بولغان ئۇقۇشماسلىق ئۈچۈن، مەندىن يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئەپۇ سورىغاندەك قىلاتتى. ئارقىدىنلا ھېكىمجاننىڭ ھاسىسىنىڭ توكۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولاتتى ـ دە، ئۇ كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن ئىرادەمدىن قايتماقچى بولغىنىمغا مېنى مەسخىرە قىلاتتى، ئاجىزلىقىم، يۈرەكسىزلىكىم ئۈچۈن

ئەيىبلەيتتى .

نېمە ئۈچۈن كۆڭلۈمدىكى دەردنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولىمەن؟ نېمىشقا ئۆزۈم ئىشەنگەن كىشى بىلەن ئورتاقلاشمايمەن، ئارزۇيۇمغا يول ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

بۇ يەردىن بۇگۈن كەتسەممۇ، ئەتە كەتسەممۇ بولۇۋېرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېكىمجانغا ۋەدە بېرىپ قويغان ئەمەسمىدىم؟ ئايسىز ئاخشامنىڭ سۈرىمۇ باشقىچە قورقۇنچلۇق ئىدى، ئويلا ـ ئويلا ئاخىر قېچىرىمنى باشقا يولغا سالدىم ـ دە، بىردىنبىر تونۇش ئۆينى كۆزلەپ كەينىمگە ياندىم.

8

— ئاغىنە، يولۇڭغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى، — دېدى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان ھېكىمجان قارامنى كۆرۈپلا، — تىجارىتىڭ قانداق، ساندۇقلىرىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغاندۇ؟

ئۇ ئىككى ـ ئۈچ قەدەم چامدىدى ـ دە، ئالدىمغا كېلىپ قېچىرىمنىڭ چۇلۋۇرىنى تالاشقانچە ھويلىغا تارتتى. ئۇ چىراغ يورۇقىدا چىرايىمغا سەپسالدى، ئۇندىمىگىنىمنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى:

— ھوي، چىرايىڭدىن مۇز يېغىپلا تۇرىدۇ، قارىغاندا، بازىرىڭ ئانچە ئاقمىغان ئوخشىمامدۇ، نېمە؟

ھېكىمجاننىڭ كۆزىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇۋالدىم، بولمىسا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشىم، چانىقىمغا پاتماي قالغان كۆز ياشلىرىمنى قارا يامغۇردەك تۆكۈۋېتىشىم مۇمكىن ئىدى.

ئاياغلىرىغا ماغدۇر قوشۇلغاندەك تېتىكلىشىپ كەتكەن ھېكىمجان باشقىچە خۇشال كۆرۈنەتتى، يۇمۇلماي قالغان لەۋلىرىدىن قانداقتۇر ھاياجان بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قېچىرنى باغلىۋەتكەندىن كېيىن مېنى ئىنتىزگەن پېتى سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە،

كۆلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— نېمە ئانچە چىرايىڭنى پۈرۈشتۈرۈۋالدىڭ ، خۇددى كەكرى چاينىۋالغاندەك ، تىجارەت دېگەن بۇگۈن ئاقمىسا ، ئەتە ئاقىدىغان نەرسە ، خۇشاللىقىمغا ئورتاقلىشىشنى خالىمامسەن يا ؟ !

ھېكىمجاننىڭ خۇشاللىقى مېنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىمنى باسالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم . «تايىنلىق ، ناھايىتى بولسا ئىشتىن سىرتقى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغاندۇ يا بولمىسا خامانىڭ بەرىكىتى چىقىپ قالغاندۇ» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە .

بىراق ، بايىملا ئۇزۇلگەن بولسا كېرەك ، ئۇ مەيدىسىگە پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال ئەتىرگۈل تاقىۋالغانىدى . مانا مۇشۇ گۈلنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك ئىدى . مەن ھېكىمجاننىڭ ئانىسى كەلتۈرگەن پىيالىنى قولۇمغا ئالدىم . جىمى پىكىر ـ خىيالىمدا ھۆكۈمران بولۇۋاتقان غەشلىكلەرنى بىر مىنۇت بولسىمۇ ئۇنتۇشقا تىرىشىپ :

— قېنى ئېيتە ، نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭ ، — دەپ سورىدىم ، باغدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ھېكىمجاندىن .

ئاۋازىمنىڭ خۇددى ئېلېكترونلۇق روياللىڭ ئاۋازىدەك تىترەۋاتقانلىقى ئۆزۈمگە بىلىنىپ تۇراتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشىم ، مۆرىتى كەلسە ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى .

ئۇ ئۆز مەيدىسىدىكى گۈلدەك سەرخىل ئېچىلغان بىر تال گۈلنى كۆڭلىدە كىمنىڭدۇر تۆش يانچۇقىغا ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويىدى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىن كەلكۈندەك تېشىۋاتقان دەردنى ، كۆز چانقىمدا تولۇپ كەتكەن ياشنى سەزمەيۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى .

مانا ، تۇرمۇش دېگەن شۇنداق نەرسە ، سەن غەم دېڭىزىدا دولقۇنلار بىلەن چېلىشىپ يۈرگىنىڭدە ، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى تولۇق ھېس قىلالمايسەن ، باشقىلار خۇشاللىقىنىڭ تەختىدە يايراپ يۈرگىنىدە بولسا ، سېنىڭ ئازابلىرىڭغا ئورتاقلىشىش يادىغا كەلمەيدۇ ، بۇ سىزنىڭ خاتاسى ئەمەس ، بەلكى مەنىۋى

ئىنتىلىشىنىڭ ئېزىشى .

ھېكىمجان ھاياجىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىنلا باياملقى سوئالىمغا جاۋاب بەردى :

— ئاغىنە ، قەلبىگۈلدىن نىشانە كەلدى ، ئاتا ـ ئانىسى يۇمشاپ قاپتۇدەك ، ئۆزلىرى بېشارەت بېرىپتۇ ، پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك ئەمدى !

— نېمە سەۋەب بىلەن يۇمشاپ قاپتۇ ؟ بىردىنلا بېيىپ كەتكەن بولساڭ كېرەك بەلكىم .

— نېمىسىنى دەيسەن ، بېيىپ كېتىش بىزگە نېسىپ بولۇپ قالسا كاشكى ، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، تەئەللۇقاتىمىزدا قىلچىلىك ئۆزگىرىش يوق .

— ئۇنداقتا ئۇلار نېمىدەپ ؟...

— ھازىرچە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن ، ئىشقىلىپ ئىنسابقا كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ ، نېمىلا بولمىسۇن بۈگۈن داستىخان تاشلىغىلى بېرىشىمىز كېرەك ، ئاغىنە ، سېنىمۇ خىزمەتتە بولار دەپ ئويلايمەن .

بۇ ھەقىقەتەن خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ۋەقە ھېسابلىناتتى ، ھېكىمجان نەچچە يىل ۋە نەچچە ئاينى مۇشۇ ئۈمىد ، مۇشۇ ئارزۇدا ئۆتكۈزمىدى ؟ قەلبىگۈلنىڭ ۋىسالى ئۇنى قانچىلىك تەقەززا قىلمىدى ؟ ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپسا ، يۈرىكىمدىكى جاراھەت ئەلۋەتتە يەڭگىللەپ قالاتتى ، ئىچ ـ قارنىمنى بىر يولىلا تۆكۈپ ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقىمۇ يول ئېچىلاتتى .

— داستىخان ھازىرلاشقا قانچىلىك نەرسە كېتىدۇ ، لازىمنى ئېيتىۋەرگىن ، ئەنە ئاۋۇ ساندۇقتا تۇرۇپتۇ ، يەتمىسە يەنە يولىنى قىلارمىز ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەبئىي تەلەپپۇزدا .

— ئاتىغىنىڭ بولسا مەيلى ، بولمىسا بىزدىنمۇ ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسە تېپىلىپ قالىدۇ ، — دېدى ئۇ رازى بولغان ھالدا ، — يەنە تېخى داستىخان تاشلاشقا بىللە بېرىشىپ بېرەرسەن ؟

— مەنمۇ ؟

ھېكىمجانغا ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق ئىشقا داخىل بولۇپ

باقمىغىنىمنى ئېيتتۇۋىدىم، ئۇ يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى.
— ھەر ھالدا بۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ قويغىنىڭ يامان كەتمەيدۇ، بۇ ئىش سېنىڭ بېشىڭدىمۇ بار ئەمەسمۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ ياردىمىڭ مەندىن ياندۇ.
ھېكىمجاننىڭ دېگىنى دۇرۇس ئىدى، قول قولنى يۇيسا، قول يۈزنى يۇيىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە، يەرلىك كىشىنىڭ «يولباشلىغۇچى» بولۇپ بېرىشى بىلەن ئىشىم ئوڭغا تارتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.
ھېكىمجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئانىسى داستىخان تاشلاشقا بېرىشتىن باش تارتىپتۇ، ئۇ ئۆتكەن قېتىم بارغاندا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تەرگىش قىلىپ: «ھېكىمجاندەك ئوغلۇم بار، ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بېرىمەن دېسەممۇ قولۇمدىن كېلىدۇ، ئۆتكەن دورەم ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككىنچى دەسسىمەيمەن دەپ قەسەم قىلىۋەتكەن، ئالدى بىلەن ئۆزرە قويسۇن، ئاندىن كېيىن قەسىمىمنى بۇزىمەن» دەپ تاش چىشلەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھېكىمجان ئانىسى بىلەن كېڭىشىپ بولغۇچە پۇرسەت ساقلاپ تۇراتتىمۇ؟ ئۇ ئاخىر ئانىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مېنى ۋە شىرەم تۇغقان كېلىدىغان بىر ئايالنى بۇ ئىشقا تەيىن قىلىپتۇ، بىراق گەپ ـ سۆزدە يەنىلا مەن ئالدىغا چىقىدىكەنمەن.
ئاخىرى بۇ ساۋابلىق ئىشقا ماقۇللۇق بىلدۈردۈم، گەپ ئارىلىقىدا ھېكىمجاننىڭ تۇغقىنىمۇ كېلىپ قالدى. داستىخانغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئوراپ، ئۇنىڭغا كۆتۈرتكۈزدۈم ـ دە، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئەلچىلىككە قەدەم قويدۇم.



گۇگۇم جىمى مەۋجۇداتنى ئۆز قوينىغا ئالغان. ھاۋا خېلى سالقىن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى ھېلىلا تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. قاپاق تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ يېنىك شىلدىرلاشلىرى خۇددى مېڭەمگە كىرىۋالغان چاشقان نېرۋىلىرىمنىڭ ئەڭ زىل



www.uyghurkitap.com

يەرلىرىنى كىتىرلىتىپ غاجىلاۋاتقاندەك يامان تەسىر قىلاتتى . پەقەت تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن ، يىل - يىللاپ پەرۋىش قىلغان ، ئۈمىد گۈلى چېچەكلەۋاتقان ھېكىمجاننىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇشلا كاردىن چىقاي دەپ قالغان ئەسەبلىرىم ئۈچۈن بىر تەسەللى ئىدى .

ھېلىقى ئايال كىچىك قەدەملەر بىلەن كەينىمدىن پايپاسلاپ كېلىۋاتاتتى . مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا تۈگىمەس خىيال بىلەن بەند ئىدىم . ھېكىمجاننىڭ چىداملىقلىقى ، ئۈمىدۋارلىقى كۆڭۈل جامىمغا مەدەت مەلھەملىرىنى تۆكەتتى . مەيلى قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرسۇن ، ياخشى كۆرگەن كىشىمنىڭ دەرۋازىسى تۈۋىدىن مەيلى ئىتتەك قوغلىناي ، مۇرادىم ھاسىل بولغۇچە چىداشلىق بېرىشكە ، ھېكىمجاننى ئۆرنەك قىلىشقا بەل باغلاۋاتاتتىم .

— ئۇكام ، قەلبىگۈللەرنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ كەتتىڭىز !

ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم . تونۇش چوڭ دەرۋازا ، تۈچ ھالقىلار ، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخ…

يەر سىلكىنىپ ، ئاسمان پىرقىرىغاندەك بولدى ، تۈيۇقسىز كەلگەن قارا بوران ئۈمىد شامىمنى ئۆچۈرۈپ ، ئەقلىمنى كور قىلدى . پۈتۈن جىسمىمنى سوغۇق تەر قاپلاپ ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى…

دەرۋازا ئېچىلدى . ئېسىمگە كەلسەم ، ھېلىقى شاپ بۇرۇتلۇق كىشى تال باراڭلىقتا ئېسىلغان چوڭ گازۋاي چىراغنىڭ يورۇقى بىلەن كۇندۇزدەك يورۇپ تۇرغان ھويلىدا تۇرۇپتۇ .

تـوۋا ، نـېـمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ جاھاندا ، ھېلىقى نازىنىن قەلبىگۈل - ھە ؟

مۇشۇ مىنۇتتا يەرگە دەسسەپ تۇرۇۋاتامدىمەن ياكى ئاسماندا مۇئەللەق تۇرۇۋاتامدىمەن ، ئۇخلاۋاتامدىمەن ياكى ئويغاقمۇ ، ھەممىسى نائېنىق ئىدى . پۈتۈن جىسمىمدىكى قان بىردىنلا بېشىمغا يىغىلىپ چېكىلىرىمنى كۆپتۈرگەن ، يۈرىكىم مۇزخانىغا چۈشۈپ

كەتكەندەك قېتىپ قالغانىدى…

— قېنى ، سۈيغا ئۆتۈڭلار !

ھېكىمجاننىڭ تۇغقىنى جەينىكىمگە نوقۇپ قويغاندىن كېيىنلا ، خۇددى ئەقلىمدىن ئازغان سەۋدايىدەك ئۇنىڭغا قاراپ چەكچىيىپلا قالدىم .

ۋاقىت ئۇقۇمىنى يوقاتقان بولسام كېرەك ، بىر چاغدا چوغدەك گىلەملەر سېلىنغان سۇپىدا ئولتۇرۇپتىمەن ، ئالدىمدا مەزە تۇرۇپتۇ . ھېلىقى ئايالنىڭ قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن قېنىق دەملەنگەن چايدىن بىر پىيالە ئىچكەندىن كېيىنلا پىكرىم ئىلكىمگە ئۆتۈشكە باشلىدى . رېئاللىق نېمىدېگەن رەھىمسىز ـ ھە ؟ ئەمدى بۇ رېئاللىقنى چۈشكە ئايلاندۇرۇپ قىياس قىلىش ۋە ئۇنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىش ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك ھېسابلىناتتى . ئاللىقاچان كۆكۈم ـ تالقان بولغان گۈزەل خىيالنى ئۆمۈرلۈك سىر قىلىپ ، ئۇنى تاكى گۆرگىچە ئېلىپ كېتىش ، «قول سۇنسا يەتكۈدەك ئىچىدە» دېگەندەك ، تاشاي دەپ قالغان كۆز ياشلىرىمنى يۇتۇۋېتىش كېرەك ئىدى .

چايدىن كېيىن ، ئەقلىمنى تامامەن قولۇمغا ئالدىم ـ دە ، پەگاھتا ھېلىغىچە ھومايغان ھالدا قاراپ تۇرغان ئۆي ئىگىسىگە يەر تېگىدىن قاراپ ئېغىز ئاچتىم :

— ئەمدى… ئەمدى… قەلبىگۈل گۈلدەك چوڭ بولۇپ قاپتۇ ، ئەمدى ، قىز بالا دېگەننى ئەمدى…

ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆزلىرى چوڭىيىپ ئاخىرقى چەككە يەتكەندە ئۇيلىمىغان يەردىن ۋارقىراپ كەتتى :

— بىكار گەپنى قويۇپ كەشلىرىنى توغرىلاشسىلا بولارمىكىن ، چايمۇ ئىچىلىپ بولدى ، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر…

ئەلپازىدىن ، ئەگەر ھازىرلا يوقالمايدىغان بولساق ، بىزنى ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بىراق ، نەتىجىسىز قايتقاندىن كېيىن ھېكىمجانغا نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك ؟

مەن بۇ چاغدا بارلىق سىرلىرىمنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە دەپنە قىلىپ، ھېكىمجانغا ئاخىرىغىچە ياخشىلىق قىلىش قارارىغا كېلىپ بولغان بولسامۇ، لېكىن كاللامدا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەردىن «ھېكىمجان بۇلارنىڭ نىيىتىنى خاتا چۈشىنىپ قالمىغان بولغىيتتى» دېگەن گۇمان ئەگىپ يۈرەتتى. مەيلى ئۇ خاتا مۆلچەرلىگەنمۇ بولسۇن، شۇنداقتىمۇ ھېكىمجان ھەققىدە بۇلارغا بىر - ئىككى ئېغىز بولسىمۇ لىللا گەپ قىلىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم - دە، يۆتىلىپ قويۇپ ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ دېدىم:

— ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلىسىلا ئاكا، بىز قەلبىگۈلنى سوراپ كېلىۋىدۇق...

— قىزىمنىڭ بېشى باغلاقلىق، خاپا بولسىڭىزمۇ ئېيتىپ قوياي ئۇكام، ھەممىمىز مۇسۇلمان ئادەمكەنمىز، — دېدى ئۆي ئىگىسى بايامقى ئەلپازى بىلەن، — چۈشتىن كېيىن ھويلىمىزنى بىكار مارىمىغان ئىكەنسىز، شۇ چاغدىمۇ كۆڭلۈمگە شۇنداق گۇمان چۈشۈۋىدى. مال - دۇنيارىڭىزغا بەك ئىشەنچ قىلسىڭىز كېرەك، پۇلۇم بولغاندىكىن، سورىساملا ھەرقانداق ئادەم قىزىنى بېرىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىماڭ، بىز دېھقان خەق بولساقمۇ مال - دۇنياغا كۆزىمىز توق. بايام دېدىمغۇ، قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق، بۇنىڭغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن دەرۋازىمىزنى ماراپمۇ يۈرمەڭ، بولمىسا مەھەللىمىزگە ئىككىنچى ئاياغ باسالمايدىغان قىلىۋەتمەي يەنە!

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، يەنە بىر پەسكە گاڭگىراپ قالدىمىۇ، كۆز ئالدىم لاپپىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ، مېنى قەلبىگۈل بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قويۇۋاتىدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان، بېشى باغلاقلىق دېگەندە دەل ھېكىمجاننى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ ئارىلىقتا تۇۋرۇك كەينىدىن قەلبىگۈلنىڭ چىرايى غىل - پال قىلىپ كۆرۈنۈپ قالدى، ئاندىن كېيىن ئانىسى بىلەن دادىسىغا ئىشارەت قىلدى ۋە قولىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. مەن

پۇرسەتنى غەنيمەت بىلىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ خىجىلچىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ :

— ئاغىنىمىز ھېكىمجان قەۋەتلا ياخشى يىگىت، — دېيىشىمگىلا، ئۆي ئىگىسى يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، قولۇمنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ دېدى :

— ئۇكام، بايامقى گەپلىرىمنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، مەن سىلىدىن ئىككىلا ئالەم رازى بولۇپ كېتەي، ھەي، مېنىڭ يۈزسىزلىكىمنى قارىمامدىغان .

مەن گېپىمنى ئۇلىدىم :

— يىگىت بىلەن قىزدىغۇ گەپ يوق، بىز ئەمدى ھەرقايسىلىرىنىڭ بىر ئېغىز رازىلىقىغا قاراشلىق، توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى، ئۇبدانراق ئويلىنىپ بىرنەرسە دېيىشسىلە بولارمىكىن ؟

— ئۇزاق سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، قىزىمىزنى ئىككى قوللاپ تۇتتۇق .

— بۇ دورەمقىسى تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى، — دېدىم مەن داستىخاننى قويۇۋشقا ئىشارەت قىلىپ، — تويلۇق ئىشنى چايدا مەسلىھەتلەشسەك، توي ۋاقتى توغرىسىدا كېيىن بىرنەرسە دېيىشەرمىز .

ئۆي ئىگىلىرى بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— تويلۇق دېگەن گەپلەرنى قىلىشمىساقمۇ بولىدۇ، ئەمدى مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار ھەرقايسىلىرىغا، ھېكىمجانغا خوپ كېلەمدىكىن...

— بىز يەتكۈزۈپ قويايلى، ئېيتىۋەرسىلە .

قەلبىگۈلنىڭ دادىسى خىجىل بولغان قىياپەتتە بېشىنى سىلاپ قويدى ـ دە، دېدى :

— قىزىمىزنى بەك ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغاچقا شۇنداقمۇ، مەن بەك ئامراق، بىردەم كۆرمىسەم كۆزۈمدىن ئۇچىدۇ،

ھەرقايسىلىرىغا خوپ كەلسە ھېكىمجاندىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىمەن ، بەلكىم ئۇنى مەندىن ئايىماس .

ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىۋاتاتتى . ئۇزۇن ۋە قارا كەلگەن قاشلىرى ئاستىدىكى سۇر يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئۆز كۆرۈنۈشىنى ئۆزگەرتكەن ، قارىچۇقلىرىدىن چاچراۋاتقان خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى كىشىگە بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى بېرەتتى .

— قېنى ئېيتسىلا ئاكا ، توخۇ سۇتىدىن ئۆزگە نەرسە بولسىلا بەلكىم ئۇ ھاجەتلىرىدىن چىقالايدۇ ، — دېدىم مەن ئىشەنچ بىلەن ، ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئاڭلىسام كۇيئوغلىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق بىر تەشتەك ئەتىرگۈلى بار ئىكەن ، قوشنىلار بەك ماختىشىۋاتىدۇ ، شۇ ئەتىرگۈلنى ماڭا ھەدىيە قىلىۋەتسە ، يا بىر شاخ كۆكلىتىپ بەرسە ، قىزىمنى كۆرگەن كۆزدە كۆرسەم···

## 10

دادامنى ئەندىشىدىن خالاس قىلىش مەقسىتىدە بىر پارچە خەت يوللاپ بۇ يەردە يەنە ئون كۈنچە تۇرۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇۋەتتىم ۋە توي ھازىرلىقى ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ خىزمەت قىلىۋاتقانلار قاتارىغا قوشۇلدۇم ، ھېكىمجاننىڭ ھۆرمىتىمۇ چوڭ ، دوستلىرىمۇ كۆپ ئىكەن . شۇنداقتىمۇ ھېكىمجان بىلەن قەلبىگۈلنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش يولىدا بىر ئۆلۈش كۈچ چىقىرالىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتىم .

ئەلچىلىك ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالغان كۈندىن بىر ھەپتە كېيىن ئوي مەھەللە تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەنلىكى بىلەن ، نۇرغۇن مويسىپىتلەرنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن بىر كاتتا توي بولۇپ ئۆتتى ، مېھمانلار قىز - يىگىت نامىدىن تەقدىم قىلىنغان بىر تالدىن گۈلنى تاقىشىپ ، پۈتۈن مەھەللىنى خۇش پۇراق ئىچىگە

غەرق قىلىۋەتتى، چىرايلىق بېزەلگەن ھارۋىغا جايلاشتۇرۇلغان سورتلۇق ئەتىرگۈل قىز كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قەلبىگۈللەرنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئالاھىدە ياسالغان سۇپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى...

يۇز ئاچقۇدىن كېيىن مەن شەھەرگە قايتماقچى بولدۇم. «ئاۋارە بولماڭلار، پات ئارىدا يەنە كېلىمەن» دېگەن گەپلىرىمگە پىسەنت قىلىشمىغان ھېكىمجان، قەلبىگۈل ۋە يېڭى دوستلىرىم مەھەللىنىڭ چېتىگىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى، ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋاتقىنىمدا ئاجايىپ دوستلۇقنىڭ يالدامىسى بولغان ماڭا تەئەللۇق ئاق ئەتىرگۈل ياپراقلىرىدا كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن مەرۋايىت مۇنچاقلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا چاقنىماقتا ئىدى. ياق، چاقناۋاتقىنى مەرۋايىت ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق يېشى، پاك قەلبلەرنىڭ سۈزۈكلۈكى، چىن دوستلۇقنىڭ قەدرىگە يەتكەن يۈرەكنىڭ كۈلكىسى، ھايات مەنىسىنى چۈشەنگەن قەلبنىڭ ئىقرارى ئىدى.

قۇملۇقتا كېتىۋېتىپ ئارقامغا يېنىشلاپ قاراپ، كەلگۈسى تۇرمۇشۇمنىڭ بۆشۈكى بولمىش ئۆي مەھەللىگە قول پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ دېدىم:

— ئېھ، ئاجايىپ ماكان، مەن ساڭا يەنە كېلىمەن، پات ئارىدا كېلىمەن!

1987 - يىلى ئىيۇن.

# ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، ئۇپۇق يۈزىدە پەردە ئاسقان كۆكۈش بۇلۇتلار كەينىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ تال-تال نۇرلىرى سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ سارغىيىۋاتقان يوپۇرماقلىرىنى بىر قەۋەت ئالتۇن سۈيى يالاتقاندەك پارقىراتماقتا. ئۇ يەر-بۇ يەردە لەيلەپ يۈرگەن نېپىز شايىدەك تۇمانلار ئاستا ئۇرۇۋاتقان سوغۇق شامالدا نەلەرگىدۇ غايىب بولماقتا.

ئەخمەتجان ئانىسى تەييارلاپ قويغان سۈتلۈك چاي بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن گالستۇكنى چىگىپ، بوغچىسىنى ئاستى-دە، ئىشىكتىن چىقتى.

— يەنە مەكتەپكە ماڭدىڭمۇ، ئاخشام قىلغان گەپلىرىم بۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ — دېدى ھويلىدا تۈنۈگۈن ئورۇغان ئاخىرقى ئورۇم بېدىلەرنى باغلاۋاتقان دادىسى ساۋۇت قارى.

دادىسىنىڭ مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى ئەخمەتجانغا ئايان ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تۈنۈگۈن كەچتە مەكتەپكە بارماي، ئوتالغۇ ئىشىغا ياردەملىشىش ھەققىدە خېلى قاتتىق جېكىلىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئەگەر ئىختىيار ئۇنىڭچە بولسا ئەخمەتجان تا كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقۇچە مەكتەپنى تاشلاپ، ئېتىز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. مەكتەپكە بارمىسا نۇرغۇن دەرستىن قالىدۇ. ئۆگەنگەنلىرىنىمۇ يەپ كېتىشى مۇمكىنغۇ، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز غايىسىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ؟ مۇئەللىمگە ۋە ساۋاقداشلىرىغا قانداق يۈز كېلەلەيدۇ؟ ئۇ، دادىسىنىڭ «ئائىلىمىزدىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئۈچ-تۆت كۈن

ئېتىزغا چىقىپ ، قوناقلار ئارىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاپ ، شامال يۇرۇشىدىغان قىلىۋېتەيلى ، بولمىسا بۇغداي ئېتىزىغا تېرىغان كەنجى قوناقلىرىمىز پىشماي قالىدۇ» دېگەن سۆزىنى ۋاقتىنچە بىر ياققا قايرىپ قويۇش قارارىغا كەلدى . بىراق ، 13 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئەخمەتجان دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئەلۋەتتە چۈشىنەتتى ، شۇڭا ئۇ ، ئاخشاملا كۆڭلىگە پۈككەن پىلانى بويىچە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۈچ ـ تۆت دوستىنى ياردەمگە چاقىرىپ دادىسىغا قول ـ قانات بولماقچى بولدى ـ دە ، غىپلا قىلىپ ئىشىكتىن چىقىپ ، مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردى .

بىر كۈنلۈك دەرسنى ۋە ئەتىلىك تاپشۇرۇقلىرىنى تۈگىتىپ دوستلىرىنى باشلاپ ئۆيىگە قايتقان ئەخمەتجان هويلىغا كىرىپلا دادىسىنى پەرىشان هالدا كۆردى . دادىسى بېشىنى ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىپ ، بېدە توغرايدىغان دۆشەكۆتەك ئۈستىدە زوڭزايغىنىچە ئولتۇراتتى . ئۇ ئەخمەتجانلارنىڭ چۇۋۇلدىشىپ كىرىپ كەلگەنلىكىنى تۇيدىيۇ ، بېشىنى كۆتۈرمىدى . ئەخمەتجانمۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . دادىسىنىڭ بىرەرسىدىن خاپا بولۇپ قالغاندا ياكى بىرەر ئىشقا چارىسىز قالغاندا ئاشۇ چوڭ كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدىغانلىقىنى ئەخمەتجان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ ، «بەلكى گەپ ئاڭلىمىغىنىمغا ئاچچىقى كېلىۋاتسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلدى ـ دە ، ئەهۋالنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ كۆتەكنىڭ يېنىغا كەلدى :

— دادا ، مەكتەپكە بارمىسام دەرستىن قالىدىكەنمەن ، شۇڭا ، — ئۇ سەل دۇدۇقلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ، — قاراڭ ، مانا بىز هازىر بەش بالا ، بۈيرۇغان ئىشىڭىزنى بىر دەمدىلا تۈگىتىۋېتىمىز ، — دېدى .

ساۋۇت قارىي بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەخمەتجانغا قاراپ قويدى ۋە نېمىدىندۇر ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقىدى . دادىسىنىڭ ۋارقىراپ كەتمىگىنىدىن كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ئەخمەتجان ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ كەتمەن ۋە ئوتىغۇچلارغا قول

ئۇزىتىۋىدى ، ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن ئانىسى ئۇلارنى توختىتىۋالدى :

— بالىلىرىم ، بولدى ، ئاۋارە بولماڭلار ، — دېدى بىر خىل مەيۈسانە ئاھاڭدا ، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ قوناقلىرىمىز خام قالىدىغان بولدى .

ئەخمەتجان نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي :

— ئانا ، نېمە بولدى ، قوناقلىرىمىز نېمىشقا خام قالىدىكەن ،— دېدى سوئال نەزەرىدە ئانىسىغا قاراپ ، — بىز ھازىرلا ئىشقا كىرىشەيلى .

ئانىسى ئەخمەتجانغا «داداڭدىن سورا» دېگەندەك قىلىپ دادىسى تەرەپكە ئىشارەت قىلدى . ئۇ دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى :

— نېمە گەپ دادا ، قوناق نېمىشقا خام قالىدىكەن ؟

دادىسى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ :

— ئوغلۇم ، ساڭا دەپ بەرگەن بىلەنمۇ بىكار . قاراپ تۇرۇپ چەككەن جاپالىرىمىز بىكارغا كېتىدىغان بولدى ! — دېدى ئەخمەتجاننىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ .

ساۋۇت قارىي ئوغلىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئايالىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى . ئەسلىدە ھاۋارايى پونكىتى بۈگۈن كېچىدە سوغۇق ئېقىم كېلىدىغانلىقى ، مەزگىلسىز قىرو ئۇششۇكى پەيدا بولىدىغانلىقى ، ئەگەر كەنجى زىرائەتلەر مۇشۇ ئۇششۇكتىن ئامان ئۆتۈپ كېتەلىسە يەنە بىر قېتىملىق ئۇششۇككىچە پىشىپ ئۈلگۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن ، شۇڭا ئۇن نەچچە مو يەردىكى كەنجى قوناقنىڭ ھوسۇلىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ساۋۇت قارىي نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرغانىدى .

بۇ خەۋەر ئەخمەتجاننىڭ قەلبىگىمۇ ساراسىمە ئېلىپ كەلدى . چۈنكى ، دېھقانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىغا تايىنىدۇ - دە ، ئەگەر شۇنچە كۆپ قوناقلار پىشماي قالسا ، بۇ يىل بويى تەرلەپ - پىشىپ ئىشلىگەن ئائىلە ئۈچۈن بىر يوقىتىش بولىدۇ ، ئەلۋەتتە !

www.uyghurkitap.com



ئەخمەتجاننىڭ يۈرىكى خۇددى ئۈششۈك تەگكەن زىرائەت ياپراقلىرىدەك تىترەشكە باشلىدى ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىۋىدى ، ھېلىلا ئوچۇق تۇرغان ھاۋادا بۇلۇتلار بىر يەرگە ئالدىراۋاتقاندەك سۈرۈلۈشكە باشلىغىنىنى كۆردى ، تېنىمۇ ئاللىقاچان يېتىپ كېلىشكە باشلىغان سوغۇقتىن قورۇلۇشقا باشلىدى . «ئۈششۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا زادى ئامال يوقمىدۇ ؟» ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ نېمىلەرنىدۇر ئويلىدى ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن باش قوشۇپ پىچىرلىشىشقا باشلىدى...

— ھوي ئەخمەتجان ، نېمە قىلىۋاتقىنىڭلار بۇ ؟ — ۋارقىرىدى دادىسى تامنىڭ تۈۋىدە ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى دۆۋىلىنىپ ياتقان تاشلاندۇق قوناق شاخلىرىنى ئارغامچا ـ تانىلار بىلەن باغلاۋاتقان باللارغا قاراپ ، — ئۇنى تاشلىۋېتىمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار ! ئويىنىشىۋاتامسىلەر يا ؟

ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى چاقچاق قىلىشىۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇلار قانداقتۇر بىر ئىشەنچنىڭ تۈرتكىسىدە غەيرەت بىلەن ئىشلىشەتتى . ئەخمەتجاننىڭ ئالدىراشچىلىقتا دادىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۇدەكمۇ پۇرسىتى يوق ئىدى . ئۇلار باغلام ـ باغلام قوناق شاخلىرىنى يۈدۈپ يۈگۈرۈشكەن پېتى ، ھويلا بىلەن ئېتىز ئارىسىدا ئون نەچچە قېتىم قاتنىدى .

ئولتۇراي دەپ قالغان قۇياش سۇر بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇنغاندا كەنجى قوناق ئېتىزلىرىدىن كۆپكۆك تۈتۈن ئۆرلەشكە باشلىدى .

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن . كۆك ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقان قۇياش قۇرۇق ئوت ـ خەسلەر ئۈستىدىكى خىرۇستالدەك ئاپئاق قىرولار ئۈستىدە سوغۇق نۇر چاقنىتىشقا باشلىدى . قىر باغرىدا ئۈششۈپ كەتكەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ياپراقلىرى سوغۇق توپا يۈزىگە چاپلىشىپ ياتاتتى . ساۋۇت قارىي ۋە ئەخمەتجانلار بولسا قىردىن ـ قىرغا ئاتلىشىپ يۈرۈپ ، يوپۇرماقلىرىنى خەنجەردەك تىك تۇتۇپ تۇرغان كەنجى قوناقلارغا تويماي قارىشاتتى . ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ

ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدە خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنايتتى . ساۋۇت قارىينىڭ خۇشاللىقىنىڭ چېكى يوق ئىدى . ئۇ كەنجى قوناقلارنىڭ ئۇششۇك دەستىدىن نابۇت قىلىنمىغانلىقىغىلا ئەمەس ، بەلكى ئوغلىغا ئەقىل كىرىپ قالغانلىقىغا خۇشال ئىدى .

ئۇلار بىر قىر ئۇستىگە كەلگەندە ساۋۇت قارىي قەدىمىنى توختاتتى ـ دە ، هاياجىنىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپ باللاردىن سورىدى :

— باللىرىم ، سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارغا ، ئىس بىلەن قوناقلارنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭلارغا هەيرانمەن ! بۇ ئەقىل سىلەرگە نەدىن كەلدى ؟

باللارنىڭ كۆزلىرى تەڭلا ئەخمەتجانغا تىكىلدى . ئەخمەتجان دادىسىغا قاراپ ئۇنلۇك ئاهاڭدا :

— بۇ ئەقىل مەكتەپتىن كەلدى ، كىتابتىن كەلدى ! — دەۋەتتى .

بۇ چاغدا تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئون نەچچە دېهقان ئۇلارنى ئورىۋېلىشقانىدى .

— تۇۋا ، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — مانا مېنىڭ كەنجى قوناقلىرىم تامامەن نابۇت بولۇپ كەتتى . ساۋۇت قارىينىڭ بولسا كۆكەرگەن پېتى تۇرىدۇ .

يەنە بىر دېهقان سۆزگە قوشۇلدى :

— مېنىڭ ئېتىزلىرىم ساۋۇت قارىينىڭ ئېتىزى بىلەن تۇتاش ئىدى . قوناقلىرىم تۈنۈگۈنكىدەك تېمەن تۇرۇپتۇ ، — دېدى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىنىپ ، — باللىرىم ، بۇ نېمە گەپ ئۆزى ؟

— ئاكىلار ، بىز قۇرۇق قوناق شاخلىرىنى قىر ـ قىرلارغا ئاپىرىپ ئوت يېقىپ ، ئىس قويدۇق . يەرنىڭ بېتىگە تەكشى تارىغان بۇ قويۇق ئىس خۇددى بىر قېلىن يوتقاندەك هەممە ئىسسىقلىقنى ساقلاپ قالدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىستىمۇ مەلۇم ئىسسىقلىق بار . شۇڭا ، سوغۇق هاۋا كەنجى قوناقلارغا زىيان يەتكۈزەلمىدى . بۇ ،

مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىمىزنىڭ پايدىسى !

ئەخمەتجاننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا توپ ئىچىدە بارىكاللا ساداسى كۆتۈرۈلدى . ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەقىللىق ئوغلى بارلىقىدىن پەخىرلەنگەن ساۋۇت قارىي ئەخمەتجانغا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— ئوغلۇم ، ساۋاقداشلىرىڭنى ئۆيگە باشلا . چېيىڭلارنى ئىچىپ بولۇپ مەكتەپكە مېڭىڭلار ، بىلىم ئالىدىغان ئىش بولسا كېچىسىمۇ ئوقۇڭلار !

ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بەئەينى شوخ قوزىچاقلاردەك سەكرىشىپ ، ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

1984 - يىلى سېنتەبىر .



# ئانا ۋە بالا

دىلشات چۈش كۆرۈۋاتاتتى ، چۈشىدە چىرايلىق قەلەمنى يوقىتىپ قويغان گۈلسۈم ئاۋازىنىڭ بارىچە يىغلايتتى . ئۇ «ۋاي چىرايلىق قەلىمىم» دەۋاتامدۇ ياكى «ۋاي چىشىم» دەۋاتامدۇ ، ئېنىقلىنىپ ، «چ» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان بىر سۆزنى تەكرارلاپ نالە - پەرياد قىلاتتى . دىلشات چۈشىدە گۈلسۈمنى بەزلەپ يىغىدىن توختاتتى . ئەمما ، «چ» بىلەن باشلىنىدىغان يىغا ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى :

— ۋاي چىشىم... ۋاي چىشىم...

دىلشات ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاخىر چۆچۈپ ئويغاندى . كۆزىنى ئۇۋۇلىدى ، ئاندىن ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان ئانىسىدىن ھودۇققان ھالدا سورىدى .

— ئانا ، نېمە بولدۇڭ ، نېمە بولدۇڭ؟...

— ۋاي چىشىم ، ۋاي چىشىم...

ئانىسىنىڭ ئېڭىكىنى تۇتقان پېتى نالە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دىلشات چىش ئاغرىقىنىڭ ئانىسىغا يەنە ئازاب سېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، ئۇ بىردەم ئاق پاختىنى تۇزغا چىلاپ ئانىسىغا ئۇزاتسا ، بىردەم سامساق ئاقلاپ تەڭلەيتتى ، بىردەم ئانىسىنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى لۆڭگە بىلەن سۈرتەتتى .

دىلشاتنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ ئىلاجسىز قېلىۋاتقىنىنى سېزىپ ، ئۇنى قورقۇتماسلىق ئۈچۈن ئاۋازىنى بېسىۋالدى - دە ، دېدى :

— بالام ، سەن ئۆيدە ئۇخلاپ تۇر ، مەن دوختۇرغا بېرىپ

كۆرۈنۈپ كېلەي .

— يالغۇز قالسام قورقىمەن ، — دىلشات بەكمۇ ئېچىنىشلىق قىياپەتتە تۇگۈلۈپ تۇرۇپ يالۋۇردى ، — مەنمۇ سەن بىلەن بىللە بارىمەن .

ئانا دىلشات بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمىدى . دىلشات سەككىز ياشقا كىرگىنى بىلەن ئۆيى چەتتە ، كېچە بولسا سۈرلۈك ، ئۇ راستتىنلا قورقۇشى مۇمكىن ئىدى .

ئۇلار ئىشكنى مەھكەم تاقاپ ، ئەل ئايغى بېسىققان كوچىلار بىلەن دوختۇرخانىغا ماڭدى .

نۆۋەتچى دوختۇر ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن دىلشاتنىڭ ئانىسىنىڭ ئېغىز بوشلۇقىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ، كېسەل تارىخى دەپتىرىنى ئالدىغا يېيىپ قويۇپ سورىدى :

— چىشىڭىز ئاغرىشقا باشلىغىلى قانچە كۈن بولدى ؟

— بىرەر ئايچە بولۇپ قالدى .

— چىشىڭىز كېچىسى ئاغرىمدۇ ، كۈندۈزىمۇ ؟

— بەزىدە كۈندۈزى ، كۆپىنچە كېچىسى ئاغرىيدۇ .

دوختۇر دەپتەرگە نېمىلەرنىدۇر يازغاندىن كېيىن ئويلىنىۋېلىپ دېدى :

— ياش تۇرۇپ چىشىڭىز تۇگىشەي دەپتۇ ، ئاغرىغان چىشنى يۇلۇۋەتمىسەك بولمايدۇ .

دىلشاتنىڭ ئانىسى دىلشات بىلەن تەڭلا چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالاقزادە بولۇپ سورىدى :

— بىرلا چىشىمنىمۇ ؟

دوختۇر شىپىرىسقا ئوكۇل سۈيۈقلۇقىنى سۈمۈرۈۋېتىپ جاۋاب بەردى :

— ھە ، بىرلا چىشنى . بىراق ، بىر چىشنى يۇلۇۋەتكەن بىلەن ئىش تۇگىمەيدۇ ، باشقىلىرىمۇ ئاغرىشقا ، بوشاپ كېتىشكە باشلايدۇ...

ئانا بۇنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولدى ۋە چىشىنىڭ ئاغرىقىنى

ئۇنتۇپ «بۇ قانداق بولغىنى، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنىمۇ ياشىماي تۇرۇپ: كوماك بولۇپ قالارمەنمۇ» دەپ ۋايسىغىلى تۇردى.

دوختۇر چىرايلىق گەپلەر بىلەن دىلشاتنىڭ ئانىسىنى بەزلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

— بۇ، كىچىكىڭىزدىن باشلاپ چىش تازىلىقىغا دىققەت قىلمىغىنىڭىزنىڭ كاساپىتى، بۇرۇن قەنت - گېزەكنى كۆپ يەيتتىڭىزمۇ؟

دىلشاتنىڭ ئانىسى بىردىن سەگەكلەشتى - دە، ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، ئاڭلىسام چىشىم چىققاندىن تارتىپلا تاتلىق نەرسىلەرگە ئامراق ئىكەنمىشمەن، — ئۇ يېنىدا تۇرغان دىلشاتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇشۇ ئوغلۇمدەك ۋاقتىمدىمۇ قەنت - گېزەكنى تولا يەيتتىم.

— بولۇپمۇ ئاخشاملىرى كۆپ يەيتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

دىلشاتنىڭ ئانىسى دوختۇرنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك سۆزلەۋاتقىنىدىن ھەيران بولدى:

— شۇنداق، شۇنداق، ئاخشاملىرى يېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن چىشىمنى چايقاشقا ھۇرۇنلۇق قىلاتتىم، ئەتتىسىمۇ...

— مانا، ھەممە ئىش ئايان بولدى، — دېدى دوختۇر ئۆز گېپىگە قۇلاق سېلىۋاتقان دىلشاتنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — تاتلىق نەرسىلەرنى، مەسىلەن ئېيتايلۇق، قەنت، كەمپۈت، مېۋە - چېۋە ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى يېگەندە چىش ئارىلىقلىرىدا قەنت ماددىسى قالىدۇ. ئاخشاملىرى تاتلىق نەرسىلەرنى يەپ بولۇپلا ئۇخلىغاندا ئېغىز بوشلۇقىدىكى مىكروبلار، ۋىرۇسلار قەنت ماددىسى ئارىسىدا تېز كۆپىيىدۇ - دە، چىشنى، چىش مىلىكىنى، ھەتتا چىش نېرۋىلىرىنى بۇزۇشقا باشلايدۇ. بۇ، چىش ئاغرىقىغا، چىشنىڭ مەزگىلسىز چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

دىلشاتنىڭ ئانىسى دوختۇرنىڭ سۆزىنى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ تەستىقلىدى. ئۇ دىلشاتقا قاراپ قويۇپ دوختۇرغا دېدى:

— ئۇنداقتا چىشنى ئاسراش ئۈچۈن تاتلىق نەرسىلەرنى يېمەسلىك كېرەك ئىكەن ـ دە !

— ياق ، بۇنداق دېيىشمۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەس ، — دېدى دوختۇر بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ، — تاتلىق نەرسىلەر بەدەننى گىلۇكوزا ۋە ۋىتامىن بىلەن تەمىنلەيدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن تاتلىق يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق يەپ تۇرۇش كېرەك . بىراق ، يېگەندىن كېيىن ئېغىزنى چايقاش ، چىش ئارىلىقلىرىدا قالغان قەنت ماددىسىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك .

دوختۇر ئۇكۇل يىڭنىسىنى دىلشاتنىڭ ئانىسىنىڭ چىش مىلىكىگە سانجىۋىدى ، دىلشاتنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى . ئۇلار دوختۇرنىڭ ئىككى كۈندىن كېيىن ئاغرىق چىشنى يۇلدۇرۇشقا كېلىش توغرىسىدىكى تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىشتى .

— ئانا ، چىشىمنى چايقايمەن ، — دىلشات بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئانىسىغا دېدى ، — ئەمدى ئاخشاملىرى كەمپۈت يەپ يېتىپ ئۇخلايدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتىمەن !

ئانىسى دىلشاتقا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا دادىسى سىرتقا خىزمەتكە مېڭىشتا ئۇنتۇپ قويۇپ كەتكەن چىش پاستىسى بىلەن چوتكىنى ئەكېلىپ بەردى .

1985 ـ يىلى ئاۋغۇست .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيسى

## لەگلەك

يەر ـ زېمىن يېشىل تون يېپىنغان ، ئەگىز سۇلىرى ئېرىقلاردا تولۇپ ئېقىۋاتقان باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى . تاڭ بىلەن تەڭ چىقىشقا باشلىغان سەلكىن شامال ، يېڭى يوپۇرماقتىن جالا تاقاشقان ئەۋرىشىم سۆگەت نوتىلىرىنى ئېگىپ ، چاشقان قۇلاق بولغان سۇۋادان شاخلىرى ئارىسىدىن شۇۋىرلاپ ئۆتمەكتە ئىدى . چىگىت چوڭلۇقتىكى غورىلار ئۇستىدىن ئاجرىغان قۇرۇق چېچەكلەر ھاۋادا بىردەم پىرقىراپ يەرگە چۈشەتتى ـ دە ، قىر بويلاپ دومىلاپ ئوي ـ ئازگاللارغا تاشلىناتتى . قۇياش تەپتىگە قاقلىنىپ قۇرۇپ كەتكەن يوللاردا يېنىك چاڭ كۆتۈرۈلەتتى . بىپايان ئېتىزلاردا بوي تارتقان كۆزگى بۇغداينىڭ مايسىلىرى شامال يۆنىلىشىگە قاراپ تەكشى ئېگىلگەندە ئاچ يېشىل رەڭگە كىرىپ ، ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلاتتى .

ئاق تاش ، كۆك تاش ،
دەريا بويىدا سۇزۇك تاش .
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟

ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئولتۇرغان شىرمەمەت بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ، تۇنۇگۈندىن بېرى كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىققان بۇركۈت شەكىللىك لەگلىكىنى ئېسىپ قويغان يېرىدىن ئاۋايلاپ ئالدى ـ دە ، تالاغا يۈگۈردى .

ئۇ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىنىڭ كەينىدىكى

ئاختاما قىلىنمىغان تۈزلۈككە كېلىپلا دوستى سادىرنى كۆردى . سادىرنىڭ قولىدىمۇ ئۇزۇن قاناتلىق بۈركۈت لەگلەك تۇراتتى . ئۇ ، لەگلىكىنى لەپىلدىتىپ كەلگەن شىرمەمەتنى كۆرۈپ دېدى :

— ئاداش ، هازىر شامالمۇ ياخشى ، باشلامدۇق ؟

شىرمەمەت سادىرغا دەرهال جاۋاب بەرمىدى . ئۇ لەگلىكىنى مۇشتۇمچىلىك بىر داڭگال ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ ، شامال كۈچىنى دەڭسىگەچ ، ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى دەل مۇشۇ يەردە لەگلەك ئۇچۇرغاندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى .

بۇ يىل 11 ياشقا كىرىپ قالغان شىرمەمەتنىڭ ئىككى يىل بۇرۇنلا لەگلەك ئۇچۇرۇشقا هەۋىسى چۈشۈپ قالغانىدى . ئۇنىڭدىن بۇرۇن هەر يىلى ئەتىياز ، كۈز پەسىللىرىدە ئۇ تەڭتۇشلىرىنى ۋە ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ لەگلەك ئۇچۇرۇشلىرىنى تاماشا قىلاتتىيۇ ، ئۆزى لەگلەك ياساپ ئۇچۇرۇشقا ئانچە قىزىقمايتتى . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئاكىسى شىرئەلى بولسا پۈرسەت تاپسىلا لەگلەك ئۇچۇرتاتتى . دادىسى ئاكىسىغا :

— ئوغلۇم ، ئەمدى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنىنى ئوينىماي ، كىتابىڭنى ئوقۇساڭچۇ ، — دېيتتى كايىپ .

بىراق ، ئاكىسىمۇ بوش كەلمەيتتى .

— بۇنى كىچىك بالىنىڭ ئىشى دېمىسەن ، دادا ، ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى فرانكلىنمۇ 20 نەچچە يېشىدا لەگلەك ئوينايتتى . ئۇمۇ شۇ لەگلەكنىڭ ياردىمى بىلەن چاقماق چېقىلىشنىڭ سىرىنى ئاچقان ، ئېلېكتر زەرەتلىرىنىڭ يۆتكىلىش قانۇنىيىتىنى تاپقان !

ئاكىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئۆزىچە قالتىس دەپ هېسابلىغان شىرمەمەت شۇنىڭدىن باشلاپ لەگلەككە ئىشتىياق باغلاپ قالدى . ئۇ فرانكلىن ، زەرەت دېگەنلەرنى ئانچە چۈشەنمىسىمۇ ، ئەمما ئاكىسىنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . كېيىنچە ئۇ ئاكىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر ۋاراق قەغەزگە بورىدىن سۇغۇرۇلغان قومۇش يېرىندىسىنى چاپلاپ لەگلەك ياسىدى .

ئانىسىدىن سوراپ ئۇچ ـ تۆت غۇلاچ يىپ ئالدى ، كېيىن ئۇنىڭ ياسىغان لەگلەكلىرى يىلدىن ـ يىلغا چوڭىيىشقا ، ئۇچۇش ئېگىزلىكى يۇقىرىلاشقا باشلىدى . مانا ئەمدى ئۇ ھەر خىل قۇش شەكلىدىكى لەگلەكلەرنىمۇ ياسىيالايدىغان بولدى .

سادىرنىڭ ياسىغان لەگلىكى ئۆزىنىڭكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى سەزگەن شىرمەمەت ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى ئۇنى مۇسابىقىگە تەكلىپ قىلدى . ئۇلار قورۇدىكى جىمى باللارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن مۇسابىقە ئېلىپ باردى . بىراق ، ئۇ يېڭىدىن ياسىغان بۈركۈت شەكىللىك لەگلىكىنىڭ ئۈچ تال يىپىنى قانچە تەڭشەپ باققان بولسىمۇ ، لەگلەك 30 — 40 مېتىر كۆتۈرۈلۈپلا موللاق ئاتقىلى تۇردى . سادىرنىڭ تۆت چاسا لەگلىكى بولسا ، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قۇيرۇقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ تازا ئېگىز ئۇچۇشقا باشلىدى . باللارنىڭ سادىرنىڭ لەگلىكىگە قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشلىرى ، موللاقچى كەپتەردەك پىرقىراۋاتقان بۈركۈت شەكىللىك لەگلەككە قاراپ چۇرقىرىشىپ زاڭلىق قىلىشلىرى شىرمەمەتكە خېلى هار كەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قورۇدىكى لەگلەك ياساش ئۇستىسى ، دېگەن ئورنىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالماي ، يىپلىرىنى يىغىشتۇردى ـ دە ، قىزارغان هالدا بىر سادىرغا ، بىر باللارغا قاراپ ۋارقىرىدى :

— نېمىگە چۇرقىرايسىلەر ؟ سادىرنىڭ تۆت چاسا لەگلەك ، مېنىڭ بولسا بۈركۈت لەگلەك . تۆت چاسا لەگلەك قانداقمۇ بۈركۈت لەگلەك بىلەن تەڭلىشەلەيدۇ ؟ سادىر نوچى بولسا مېنىڭكىدەك بۈركۈت لەگلەك ياسىسۇن ، كېلەر يەكشەنبە كۈنى بەسلىشىمىز !

بۇ ، ئۆزىنى ئاقلايدىغان بىردىنبىر باهانە ئىكەنلىكىنى شىرمەمەت ئوبدان بىلەتتى . ئۇ ، بىر ھەپتىدىن بېرى ئويلا ـ ئويلا ئاخىر سەۋەبىنى شامالنىڭ ئوڭ كەلمىگەنلىكىدىن ، لەگلەك ئۇچۇرغان يەرنىڭ ئويمان ئىكەنلىكىدىن كۆردى . ئۇ ئۇلۇشكۈن

ئەل ئايغى جىمىققاندا مۇشۇ تۇزگە كېلىپ لەگلەكنى سىناپ بېقىۋىدى، يەنە كۆڭۈلدىكىدەك كۆتۈرۈلمىدى. ئۇ ئەھۋالنى ئاكىسىغا ئېيتتى. ئاكىسى ئۇچىنچى تىك يىپنى تەڭشەپ بېرىۋىدى، بۇركۇت لەگلەككە جان كىرىپ ئېگىز ئۇچىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، سادىرنىڭمۇ بۇركۇت شەكىللىك بىر لەگلەك ياسىۋالغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى چاقىرغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالمايمۇ قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئەتراپىغا يىغىلغان بىر توپ بالىلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ سادىرغا خىتاب قىلدى:

— باشلىساق باشلىدۇق، ئەمما مېنىڭ لەگلىكىم چوڭ، ئەنە ئاۋۇ ئېگىزلىككە بېرىپ قويۇپ بېرىمىز، — شىرمەمەت 100 قەدەمچە نېرىدىكى دۆڭنى كۆرسىتىپ دېدى.

سادىر لەگلىكىنىڭ يىپىنى يۆگەپ بولۇپ يەنە توختىۋالدى ۋە:

— نۇرمەھەممەت ئاكام، ئۇ يەردە لەگلەك ئۇچۇرماڭلار، دېگەن. توك سىملىرىدىن چاتاق چىقىدىكەن! — دېدى.

شىرمەمەت بۇنى سادىرنىڭ بىر باھانىسى دەپ چۈشەندى-دە، كەسكىن ھالدا دېدى:

— ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ، چاتاق چىقسا مەن مەسئۇل.

— سەن قانداق مەسئۇل بولالايسەن؟ ئۇچۇرساق مۇشۇ يەردە ئۇچۇرايلى، — دېدى ئىشەنچكە تولغان كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ سادىر.

— مەن مەسئۇل دېدىممۇ، مەن مەسئۇل، — شىرمەمەت مەيدىسىگە ئۇرۇپ ۋارقىرىدى، — دادام بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىۋالىمەن، قېنى يۈرۈڭلار!

زاۋۇت باشلىقى نۇرمۇھەممەت ئاكىنىڭ شىرمەمەتنىڭ دادىسى ئىكەنلىكى ھەممە بالىلارغا ئايان ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ مۇناسىۋەتنى قەستەن ئەسكەرتىپ تۇرۇپ، باھانە تاپتىڭلار دېيىشى سادىرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۇردى. ئۇ بالىلارنى باشلاپ ھەربىي

كۆرەكتىن ئۆتۈۋاتقان ئەسكەرلەردەك قەدەملەر بىلەن ئىگىزلىككە قاراپ كېتىۋاتقان شىرمەمەتنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. دېھقانچىلىق سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتى قورۇسىنىڭ يان تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان سېغىز توپىلىق بۆ دۆڭدە قاتار كەتكەن سېمنتلاپ تۇۋرۇكلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئىككى تۇۋرۇكنىڭ ئارىسىغا ئېلىنغان ترانسفورماتور قاپاق ھەرىدەك گىژىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى. سەپ تارتىشقان باللار بۆ يەرگە يېتىپ كەلدى. شىرمەمەت بىلەن سادىر خالىغان جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشىپ، لەگلەكلىرىنى ئۇچۇرۇشقا تەييارلىنىشتى.

— قويۇپ بېرەمدۇق؟

— قويۇپ بەرسەك بەردۇق.

— بىر... ئىككى... ئۈچ!

ئىككى ياردەمچى لەگلەكلەرنى تەڭلا قويۇپ بەردى. شىرمەمەت ۋە سادىر غالتەكلىرىدىكى يىپلىرىنى بوشاتقانچە كەينىگە قاراپ 20 قەدەمچە يۈگۈرۈشتى ـ دە، توختاپ يىپ سىيرىشقا باشلىدى.

— ئۇچتى... ئۇچتى...

— سادىر ئاكا، يىپنى قويۇۋېتىڭچۇ!

— ئەنە شىرمەمەتنىڭ لەگلىكى تىكلەندى!

باللار ئالىقانلىرىنى چېكىسىگە قويۇشۇپ، كۆزلىرىنى ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرىدىن دالدا قىلىشقانلىرىچە ئاسمانغا قاراپ چۇرقىرىشاتتى. ئىككى لەگلەكچى غالتەكلىرىدىكى يىپلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەنىدى. لەگلەكلەرنىڭ تارتىشى بىلەن پىرقىراۋاتقان غالتەكلەردىن تاق ـ تاق قىلغان ئاۋاز چىقاتتى.

غالتەكلەر ئايلىنىشتىن توختىدى. بىر جۈپ بۈركۈت ئاسماندا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۆز لەگلىكىنىڭ سادىرنىڭكىنى پەستە قالدۇرۇپ تىكلەنگەنلىكىنى كۆرگەن شىرمەمەت خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئەنە ، كۆردۈڭلارمۇ ؟ لەگلىكىم راست بۇركۇتتەك ئۇچقىلى تۇردى . سادىرنىڭكى بولسا ھېرىپ قالغان ساردەك پالاقشىۋاتىدۇ !

شىرمەمەت لەگلىكىنىڭ يىپىنى يېنىدىكى سىمتاناپ تۇۋرۇكنگە باغلاپ قويۇپ ، بىر تاشنىڭ ئۈستىدە زوڭزايدى . ئۇ ، جىمى باللارنىڭ ئۆزىگە زوقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دېدى :

— لەگلەك دېگەننىڭچۇ ، ئۈستىدىكى ئىككى تال يىپىنى قىسقىراق ، ئۇچىنچى يىپىنى ئۇزۇنراق قىلغۇلۇق . شۇنداق بولسا مېنىڭ لەگلىكىمدەك تىكلىنىدۇ ، — ئۇ سادىرنىمۇ لەگلىكىنىڭ يىپىنى تۇۋرۇككە باغلاتقۇزۇپ يېنىغا چاقىردى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئۇلۇغ ئالىم فرانكلىنمۇ لەگلەك ئۇچۇرغان ، ئۇنىڭ لەگلىكىمۇ مېنىڭكىدەك تىكلەنگەن . ئۇنىڭمۇ ئۈستىدىكى ئىككى تال يىپى قىسقا ، ئۇچىنچىسى ئۇزۇن ئىكەن ، ئۇ ئالىم لەگلەك ئۇچۇرۇپ چاقماقنىڭ ، ئېلېكتر زەرەتلىرىنىڭ سىرىنى ئاچقان…

شىرمەمەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان بىر بالا ئاسمانغا قاراپ تۇيۇقسىز توۋلىۋەتتى :

— ھوي قاراڭلار ، ئىككى لەگلەكنىڭ يىپلىرى ئىلىشىپ قاپتۇ !

ھەممەيلەن چۆچۈگەن ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاسمانغا قاراشتى . دېگەندەك بىردىنلا ئۇرغان كۈچلۈك شامالنىڭ كاساپىتىدىن موللاق ئاتقان لەگلەكلەرنىڭ يىپلىرى 50 مېتىرچە ئېگىزلىكتە بىر - بىرىگە ئىلىشىپ قالغانىدى . بىر - بىرىنى ئايلىنىپ پىرقىراۋاتقان لەگلەكلەر بولسا بارغانسېرى تۆۋەنلەۋاتاتتى .

شىرمەمەت بىلەن سادىر كاردىن چىقىۋاتقان لەگلەكلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۇچۇن يىپلىرىنىڭ تۇۋرۇككە باغلانغان ئۇچىنى شارتىلا قىلىپ ئۈزۈۋېلىشتى - دە ، ئىككى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى .

ئۇلار لەگلەكلىرىنى كۆچەپ سىلكىشىپ ئەمدىلا ئون نەچچە



www.uyghurkitap.com

قەدەم يۈگۈرۈۋىدى، قايچىسىمان چىرماشقان يىپلار ئىككى تال يالىڭاچ مىس سىمىنىڭ ئۈستىدىن باستى ۋە «چاراس ـ چۇرۇس» قىلىپ ئوت چاقناپ، مىسلارنىڭ بىرى يەرگە چۈشتى. لەگلەكلەرمۇ يىپىدىن ئايرىلىپ، شامالغا ئەگىشىپ لەپەڭلىگەن پېتى ئۇچۇپ كېتىشتى.

بۇ ئويلىمىغان ۋەقەدىن چىرايى تامدەك ئۆڭۈپ كەتكەن شىرمەمەت بىردىن سادىر تەرەپكە بۇرۇلدى ـ دە، گۇناھنى ئۇنىڭغا دۆڭگەشكە باشلىدى:

— چاتاقنى سېنىڭ لەقۋا لەگلىكىڭ چىقاردى، بولمىسا مېنىڭ لەگلىكىم چۈشۈپ كېتەمتى!

— سېنىڭ لەگلىكىڭ پەسلەپ كېتىپ، ئاندىن مېنىڭ لەگلىكىمگە چىرماشتى، — دەپ گەپ ياندۇردى كەمسۆز يۇرىدىغان سادىر خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ تۇرۇپ، — بۇ يەرگە كەلمەيلى دېسەم ئۆزۈڭ ئۇنىمىدىڭغۇ؟

بىر قولىدا يىرتىلىپ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن لەگلەكنى كۆتۈرۈۋالغان زاۋۇت باشلىقى نۇرمەھەممەت ئاكىنىڭ بىر توك ئىشچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ چۇرقىرىشىۋاتقان ئىككى بالا جىم بولدى.

نۇرمەھەممەت ئاكا ئۇدۇل شىرمەمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، بېگىز قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ سېنىڭ ئىشىڭغۇ دەيمەن، — دېدى.

— ياق، بۇ سادىرنىڭ لەگلىكى، — دېدى شىرمەمەت دادىسىنىڭ قولىدىكى لەگلەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مېنىڭكى بەكمۇ يىراققا ئۇچۇپ كەتتى!

سادىر ئىككى قەدەم چامداپ نۇرمەھەممەت ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خىجىل بولغان ھالدا:

— بۇ راست مېنىڭ لەگلىكىم، ئۇ ئىشنى مەن كەلتۈرۈپ

چىقاردىم ، ئەمدى ئىككىنچى بۇ يەرگە كېلىپ لەگلەك ئۇچۇرمايمەن ، — دېدى .

«چاتاق چىقسا مەن مەسئۇل» دېگەن گېپىنى سادىرنىڭ ئاغزىدىن چىقىرىۋەتمىگىنىگە ۋە دادىسىنىڭ قولىدا تۇرغان لەگلەككە سەپسالمايلا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئۆز بويىنغا ئالغانلىقىغا ئىچىدە خۇشال بولغان شىرمەمەت تۇيۇقسىز دادىسىنىڭ سورىقىغا يەنە دۇچ كەلدى :

— شىرمەمەت نېمىشقا يالغان سۆزلەيسەن ؟ — دېدى ئۇ قولىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان لەگلەكنىڭ قۇيرۇق تەرىپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — مانا بۇ يېرىنى سەن بويىغان ئەمەسمۇ ؟ سەۋەنلىكنى بويىنۇڭغا ئالساڭ بولمامدۇ ؟

پاكىت ئالدىدا يالغانچىلىقى ئاشكارىلانغان شىرمەمەتنىڭ يۈزلىرى لاپپىدە ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولدى ۋە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى :

— بۇ… بۇ… مېنىڭ لەگلىكىم ، — ئۇ ، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ يىغلامسىرىدى ، — باللارنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن مەن… !

نۇرمەھەممەت ئاكا ئوغلىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ :

— بۇ يەرگە كېلىپ لەگلەك ئۇچۇرۇپ چاتاق چىقارغىنىڭنى مۇئەللىمىڭگە دەيمەن ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سېنى تەنقىدلەپ ، باللارغا ئىبرەت قىلسۇن . مانا قارىغىنا ، — ئۇ ، يەردە تولغىنىشىپ ياتقان توك سىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — توك توختاپ ، جىددىي رېمونت ئىشىغا تەسىر يەتتى . بۇغۇ مەيلى ، ئوڭشاپ ئۈلگۈرىمىز ، بىراق…

— بىراق ، توك دېگەن غەلىتە نەرسە ، ئۇ ئۆزىگە چېقىلغان ئادەمگە رەھىم قىلىشنى بىلمەيدۇ ، قاراڭلار ، ھازىرغۇ سىم ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ ، ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ چاتاق چىقسا ، مەسىلەن ، لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا يامغۇر يېغىپ كېتىپ

يېپىنى ھۆل قىلىۋەتسە ياكى ئۈزۈلۈپ چۈشكەن توك سىمىنى تۇتۇۋالساڭلار يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقامدۇ؟ — دېدى نۇرغۇن سايمانلار سېلىنغان سېرىق كۆن قاپنى يانپىشىغا ئېسىۋالغان توك ئىشچىسى .

شېرمەمەت ۋە سادىر ئۆزلىرى سادىر قىلىپ قويغان سەۋەنلىككە چوڭقۇر ئېچىندى ـ دە ، بۇنىڭدىن كېيىن بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى .

1984 ـ يىلى فېۋرال .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# پىلە قۇرتى

ماي ئېيىنىڭ باشلىرى ، تاغ بېشىدا پارقىراپ تۇرغان كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ، باراڭنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇرغان ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، باراڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە شىرە ئالدىدا ئولتۇرغان ئايگۈلنىڭ يۈزىنى يورۇتماقتا ئىدى . شىرەدە يېيىقلىق تۇرغان كىتاب ۋارىقىغا چۈشكەن يۇمىلاق شولا بەئەينى بىر كۈمۈش تەڭگىدەك كۆرۈنەتتى .

ئايگۈل قېرىندىشىنىڭ ئۈچىنى چىشلىگىنىچە خىيالغا پاتقانىدى . يوغان ــ يوغان ئوتلۇق كۆزلىرى كىتابتىكى بىر جۈملە سۆزگە مىختەك قادالغان ، نۇرلىنىپ تۇرغان مەڭزىمۇ توقاچتەك قىزىرىپ كەتكەن ، پەقەت ئوغلاقنىڭ مۈڭگۈزىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچىلا توختاۋسىز تەۋرىنەتتى .

ئۇ كىتابتىكى ھېلىقى سىرلىق قۇرغا قانچە تىكىلسىمۇ كۆڭلىدىكى چىگىش سوئالىغا زادى جاۋاب تاپالمايتتى . جاۋاب تاپالمىغانسېرى جىلە بولاتتى ، جىلە بولغانسېرى پىكرى چېچىلاتتى .

بۇ يىل ئەمدىلا 11 ياشقا قەدەم قويغان ئايگۈل خېلى ئەقىللىق چوڭ بولغانىدى . ئۇ ئۆزگە ناتونۇش ، يات تۇيۇلغان نەرسە ۋە ھادىسىلەرگە يېپىشقىنى يېپىشقانىدى . يۇزىگە شامال ئۇرغاندا ، دادىسىدىن شامال ھەققىدە سوئال سورايتتى ، ياز ئاخشىمى كۆك گۈمبىزىگە قادالغان ئالتۇن مىختەك جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆزىگە تاشلانغاندا بولسا ، مومىسىدىنمۇ ، ئانىسىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ قېشىدا كىم بولسا شۇنىڭدىن يۇلتۇزلار توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى .

بۈگۈن ئۈچىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا تۇيۇقسىز بىر

كېلىشمەسلىك يۈز بەردى . مۇئەللىم دەرس تېكىستىدە ئۇچرىغان «پىلە قۇرتى» توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا سوئال قويدى :

— ساۋاقداشلار ، پىلە قۇرتى دېگەن قانداق قۇرت ، پىلە قۇرتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر ؟

سىنىپتا بىرپەس جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرديۇ ، ھەممەيلەننىڭ كۆزى بىردىنلا ئوتتۇرا قاتاردا ئولتۇرغان ئايگۈلگە تىكىلدى . چۈنكى ، ئۇلار ئايگۈلنى ئۆزلىرى بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ ، دەپ ھېسابلىشاتتى . يەنە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ داڭقى بار پىلە قۇرتى بېقىش تېخنىكى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى .

ئايگۈل قولىنى كۆتۈرمەكچى بولدى . بىراق ، «پىلە قۇرتى» دەپ ئاڭلىغىنى بىلەن پىلە قۇرتى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى بىردىنلا يادىغا ئېلىپ ، نىيىتىدىن ياندى .

ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭمۇ ، ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ ئۈمىدىنى يەردە قويدى . مۇھىمى ، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى كۆپچىلىككە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى . مۇئەللىم پىلە قۇرتى ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ سۆزى قۇلىقىغا كىرمىدى . ئۇ دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى جىرىڭلىشى بىلەنلا سىنىپتىن يادىن ئايرىلغان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كېلىپ ھېلىقى تېكىستنى ئالدىغا يايدى…

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ھويلا دەرۋازىسى «تاراق» قىلىپ ئېچىلدى ـ دە ، ئايخان كىرىپ كەلدى . ئۇ ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك ئولتۇرغان قىزىنى كۆرۈپ ، ئادەتتىكىدەك ئەركىلەتمەكچى بولۇپ :

— ئاپئاق قىزىم ، قارا سېنى ، ئاپاڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، سۆيۈپ قويايمۇ دېمەيسىنا ! — دېدى ۋە كۈلگەنچە كېلىپ ئايگۈلنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى .

ئايگۈل ئانىسىغا ئەركىلىمىدى ، ئەكسىچە كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى .

www.uyghurkitap.com

بۇ ھال ئايخاننى ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇ قىزىنىڭ ئاپئاق قوللىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجراتتى ـ دە ، كۆز جىيەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ، قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ :

— قىزىم ، نېمە بولدى ، سېنى بىرەرى بوزەك قىلدىمۇ يا؟ — دېدى ھولۇققان ھالدا .

ئايگۈل يەنە ئۈندىمىدى . قوللىرىنى ئانىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ كۆزىنى ئۇۋۇلاۋەردى ، كۆزلىرىدىن تەپچىپ چىققان ياش بىردەمدىلا قول دۈمبىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى .

— قىزىم ، زادى نېمە بولدى ساڭا ياكى تاپشۇرۇقتىن تۆۋەن نومۇر ئاپسەنمۇ ، مۇئەللىمدىن تەنقىد ئاڭلىدىڭمۇ ؟

— ...

ئايگۈلنىڭ كۆزىنى كۇچەپ ئۇۋۇلاۋېتىپ تۇيۇقسىز : «قۇرت ، قۇرت» دەپ ۋارقىرىشى ، ئۈندىمەي يىغلاۋېرىشى قانداقتۇر ئەندىشىلەر قاينىمىغا غەرق بولغان ئايخاننى تەئەججۇپلەندۈرمەي قالمىدى . ئۇنىڭغىچە ئايگۈل ئانىسىنىڭ مۈرىسىدە بىر سوزۇلۇپ ، بىر تۈگۈلۈپ ئۆمىلەپ يۈرگەن ئىككى تال ئاپئاق قۇرتنى ئانىسىغا كۆرسىتىپ ئۈلگۈردى .

— قورقما قىزىم ، قورقما ، بۇ ئادەم چاقىدىغان قۇرت ئەمەس ، بۇ پىلە قۇرتى ، يىپەك قۇرتى...

ئايخان قىزىنى بۇ پىلە قۇرتلىرىنى ئالا قۇرت دەپ خاتا چۈشىنىپ قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى ۋە مۈرىسىدىكى قۇرتنى ئۈرۈپ چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى .

چىرايىدىكى خاپىچىلىق نەلەرگىدۇ غايىب بولغان ئايگۈل بىردىنلا جىددىيلەشتى ـ دە :

— ئاپا ، بۇ قۇرتلارنى ئۈرما ، ئۇنى ماڭا بەر ، بولامدۇ؟ — دېدى ۋە ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ، كۆزلىرىگە تەلمۈردى .

— بوپتۇ قىزىم ، بۇ قۇرتلارنى ساڭا بەردىم ، — دېدى ئايخان كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىراق ، شۇنىمۇ دەۋالاي ، قۇرتلار بىرلا مىدىرلىسا جىنىڭ چىققۇدەك قورقۇپ ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ

يۇرمە جۇمۇ !

گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئايگۈل يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ، ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە كۆكىرىپ تۇرغان ئۈجمە دەرىخىدىن بىر تال يوپۇرماق ئۈزۈپ كەلدى ۋە قۇرتخانىدىن ئاپىسىغا يامىشىپ كەلگەن ئىككى تال قۇرتنى ئاۋايلاپ ئېلىپ يوپۇرماق ئۈستىگە قويدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى ئانىسىغا ئەگىشىپ پىلە قۇرتى باققان يەرگە بىللە بارغاندا، ئۇ يەردە مانا مۇشۇنداق قۇرتلارنى كۆرگەن ۋە بۇنداق قۇرتلارنىڭ ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن بېقىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىۋالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ ئايگۈل مەكتەپتىكى كۆڭۈلسىزلىك ھەققىدە ئانىسىغا بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى، بۇ قۇرتلارنى ئۆز قولى بىلەن بېقىپ، پىلە قۇرتىنىڭ بېقىلىش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

ئايگۈل دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ھويلىدا تاشلىنىپ ياتقان بىر سېۋەتنى تېپىپ كەلدى، سېۋەتكە ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى قۇرتلارنى جايلاشتۇردى. ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە سېۋەتنى ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس، كۈن نۇرى تىك چۈشمەيدىغان ئىچكىرىكى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ پەرىزىچە بۇ بۇلۇڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 15 گرادۇس ئەتراپىدا ئىدى. ھارارەتمۇ، نەملىكمۇ ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن ئۆلچەم دائىرىسىدە ئىدى.

ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى قۇرت بىلىنەر ـ بىلىنمەس چوڭىيىپ قالدى. تېرىسىنىڭ رەڭگىمۇ ئاچ قارا رەڭدىن بوز رەڭگە ئۆزگەرگىلى تۇردى. بوغۇملىرى بارغانسېرى روشەنلىشىپ، بوغۇم ئارىلىقلىرى ئۇزىراشقا باشلىدى. ئايگۈل مەكتەپتىن كەلدىمۇ، ئالدى بىلەن ئۈجمە دەرىخىدىن يېڭى، پارقىراق يوپۇرماقلارنى ئۈزۈپ، سولىشىپ قالغان يوپۇرماقلار ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرگەن قۇرتلارغا تاشلاپ بېرەتتى ـ دە، قۇرتلارنىڭ كونا يوپۇرماقلاردىن يېڭى يوپۇرماقلارغا قانداق

www.uyghurkitap.com

ئۆتۆشىنى ، كۆز بىلەن پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئاغزى بىلەن يوپۇرماقلارنى يەپ ، ھەرە چىشىدەك ھالغا كەلتۈرۈشلىرىنى قانغۇچە تاماشا قىلاتتى ـ دە ، قورسىقى تويۇپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ، خۇددى بىرەر تىۋىش ئاڭلاۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالغان قۇرتلار بىلەن خۇشلىنىشىپ ، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇش قىلاتتى . ئەتىگىنىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈگۈرەيدىغىنى ئاشۇ بۇلۇڭ ئىدى .

ئايگۈل بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا قۇرتلىرىنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە ، بىر قۇرتنىڭ ساماندەك سارغىيىپ ، ئارقا تەرىپىگە چاپلىشىۋالغان كىچىككىنە بىر تامچە سېرىق سۇنى سۆرەپ ، تەسلىكتە ئۆمىلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى . بۇ ھال ئۇنىڭغا بەكمۇ غەيرىي ۋە ئېغىر تۇيۇلدى . ئۇ بىچارە قۇرتنىڭ قانداقتۇر بىر ئىپلاس كېسەل بىلەن ئازابلىنىۋاتقىنىنى ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئانچە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ قالدى . ئۇ نېمىلا بولسۇن ، قۇرتلىرىغا بىرقانچە تال يوپۇرماق تاشلاپ بەردى ـ دە ، ھويلىغا چىقىپ شىرە ئالدىغا ئولتۇردى . تاپشۇرۇقنى ئىشلىگەچ ئانىسىنىڭ يولىغا قارىغىلى تۇردى .

ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى تامامەن ئىگىلەپ بولغان تەشۋىشلىرىمۇ ۋاقىتقا ئەگىشىپ چوڭايماقتا ئىدى . كۆزى دەپتەردە بولسىمۇ ، كۆڭلى يەنىلا ھېلىقى ئاپەت گىردابىغا يېقىنلىشىپ قالغان قۇرتتا ئىدى . نەزىرىدە ئۆزى ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى پىلە قۇرتى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان ، مەھەللىمۇ مەھەللە ئارىلاپ ، كىمنىڭدۇر كېسەل تەگكەن قۇرتلىرىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ئانىسى ئۆز قىزىنىڭ بۇ قۇرتىنىمۇ قۇتۇلدۇرالايتتى .

ئايگۈل ئانىسىنىڭ قارىسىنى كۆرە ـ كۆرمەيلا غەمكىن ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەت قىلدى :

— ئاپا ، ھېلىقى قۇرتۇمنىڭ بىرى ئاغرىپ قاپتۇ ، دەرھال كىرىپ كۆرۈپ بېقىپ دورا بەرسەك بولاتتى !

ئايخان قىزىنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ ،

ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى ـ دە، قىزنىغا ئەگىشىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كۆرگىنى كېسەل تەگكەن ئاۋارە قۇرت ئەمەس، بەلكى كۆپكۆك بىر تال يوپۇرماق ئۇستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان ئۆلۈك قۇرت بولدى. يەنە بىر قۇرت خۇددى ھەمراھىغا ماتەم تۇتقاندەك، ئۇنىڭ يېنىدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى قاراپ تۇراتتى.

ئايگۈل ھەرىكەتتىن قالغان ئۆلۈك قۇرتنى كۆرۈپ ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلىغىلى ئاز قالدى. ئايخان كۆزىگە ياش ئېلىپ، ماتەمدار قىياپەتتە تۇرغان قىزىنىڭ مۇڭغا ھەمدەم بولغاندەك، يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ قويدى ـ دە، قىزىدىن:

— بۇ قۇرت سېرىق سۇ كېسىلى بىلەن ئۆلۈپتۇ، بۇنداق كېسەلنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن قىزىم؟ — دەپ سورىۋىدى، ئايگۈل «بىلمەيمەن» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى.

— بۇ كېسەل قۇرتقا بىرىلىدىغان يېمەكلىكنىڭ تازىلىقى ناچار بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، چاڭ ـ توزان بىلەن، بولۇپمۇ سېغىز توپا بىلەن بۇلغانغان يوپۇرماق بىرىلسە پىلە قۇرتىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، مانا شۇنداق كېسەل پەيدا قىلىدۇ. ئۇجمە شېخىنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى يېڭى چىققان يوپۇرماقمۇ پىلە قۇرتى ئۇچۇن زىيانلىق.

— مەن يوپۇرماقلارنى پاكىز قېقىۋېتىپ بەرگەنىدىمغۇ؟

— سەن يوپۇرماقنىڭ پاكىز تۇرغىنىنىلا كۆرىسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە قونۇۋالغان چاڭ زەررىچىلىرىنى كۆرەلمەيسەن. شۇڭا، مەن ساڭا دەسلىپىدىلا يوپۇرماقنى پاكىز سۇدا چايقىۋېتىپ بەر دېگەنىدىمغۇ؟

ئايگۈل ئۆز سەۋەنلىكىنى دەرھال بويىنغا ئالدى ۋە ئانىسىدىن يەنە سورىدى:

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ئاپا؟

— ئەمدى بۇ ئۆلۈك قۇرتنى دەرھال ئېلىۋېتىش كېرەك،

www.uyghurkitap.com

بولمىسا ئاۋۇ ساق قۇرتمۇ يۇقۇملىنىدۇ .

— يۇقۇملىنىدۇ؟ قۇرت دېگەنمۇ يۇقۇملىنامدۇ؟

— يۇقۇملىنىدۇ . قۇرتتىكى بۇنداق كېسەلنى بىر خىل مىكروب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئەگەر ساق قۇرت بۇنداق مىكروب بىلەن بۇلغانغان يوپۇرماقنى يېسە ، ئوخشاشلا شۇ كېسەللىگە گىرىپتار بولىدۇ . چوڭ قۇرتخانىدىكى قۇرتلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆلۈپ كېتىشىمۇ ئاشۇ سەۋەبتىن .

ئايگۈل ئۆلۈك قۇرتنى ئاۋايلاپ ئالدى ـ دە ، تالاغا ئاچىقىپ كىچىككىنە ئورا كولاپ ، دەپنە قىلدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى ، غەمكىن ھالىتىنى تەسۋىرلەشمۇ تەس ئىدى .

ئارىدىن يەنە يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتتى . ئايگۈلنىڭ ئېھتىيات بىلەن پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا ھايات قالغان بىر تال قۇرت قېرىنداش قەلەم توملۇقىدا چوڭ بولدى . پىلە قۇرتىنىڭ بېقىلىش جەريانى ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئون نەچچە بېتىنى تولدۇردى . ئايگۈلنىڭ خۇشاللىقىمۇ قۇرت بىلەن تەڭ زورىيىپ ، پىلە قۇرتى ھەققىدىكى بىلىمىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى .

دەل ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئايگۈلنىڭ بارى ـ يوق بىر تال يالغۇز قۇرتى يەنە «ئاغرىپ» قالدى . مۇبادا بۇ قۇرت ئەمدى ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالىدىغان بولسا ، ئۇنى ھېسابسىز ئازابقا دۇچار قىلىپ ، نادامەت ئوتىدا ئۆرتەپ ، سەبىي يۈرىكىدە يارا پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى .

ئايخان يەنە ئاۋۋالقى قېتىمدىكىدەك ، ئاغزى ئۇمچىيىپ ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىشقا باشلىغان قىزىغا ئەگىشىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئىتتىك بىرىپ سېۋەتكە قارىدى .

ئايخان قىزىنى ھەيران قالدۇرۇپ ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۈلكىسىنى چۈشىنەلمەي داڭقېتىپ تۇرغان قىزىغا قاراپ خۇشال ھالدا دېدى :

— ئوبدان قىزىم ، مەن سېنى تەبرىكلەيمەن ، پات ئارىدا ئەمگىكىڭنىڭ مېۋىسىنى كۆرىسەن !ھەيرانلىقىنى باسالمايۋاتقان

ئايگۈل ئانىسىغا سوئال قويدى :

— ئاپا ، بىچارە قۇرتۇم ئاغرىق ئازابىدا مىدىرلىيالمايۋاتسا ، ئەمدى سەن مېنى زاڭلىق قىلغىلى تۇردۇڭغۇ ؟

ئايگۈل شۇنداق دېدى - دە ، يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ دومسايدى .

— ماڭا قارا ، — دېدى ئايخان قىزىنى ئۆزىگە قارىتىپ ، — قۇرتۇڭ ئاغرىپ قالمىغان ، بەلكى ئۇچەككە كىرگەن ، پىلە قۇرتى دېگەن ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ئۇچەككە كىرىدۇ . بۇ قۇرتلارنى ساڭا ئېلىپ كەلگىنىمدە ئۇ بىرىنچى ئۇچەكتىن چىقىپ بولغان . ئىككىنچى قېتىم ئۇچەككە كىرگەندە ، بەلكى سەن تۇيماي قالغانسەن . مانا بۇ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچەك . پىلە قۇرتى ئۇچەككە كىرگەندە بىر - ئىككى كۈنگىچە ھېچ نەرسە يېمەي ئۇخلايدۇ . ئۇچەكتىن چىققاندىن كېيىنلا تېرە تاشلاپ ، يېڭى بىر ئۆسۈش مەزگىلىگە كۆچىدۇ . ئەمدى سەن مۇنۇ سېۋەتكە سۈپۈرگىنى تاشلاپ قوي . ئۇ نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئاغزىدىن يىپەك چىقىرىپ تور توقۇپ ، غوزەك باغلاشقا باشلايدۇ !

راست دېگەندەكلا ، ئايگۈل باققان پىلە قۇرتى ئەتىسى كەچتىلا ئۇچەكتىن چىقىپ تېرە تاشلىدى - دە ، سۈپۈرگىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ، ئاغزىدىن پارقىراپ تۇرغان يىپەك تالالىرىنى چىقىرىپ ، تور توقۇغىلى تۇردى . يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا قۇرت كۆزدىن غايىب بولۇپ ، قۇرت ئورنىدا ئاپئاق بىر تال پىلە غوزىكى پەيدا بولدى .

ئايگۈلنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى ئۇ بىردەم سەكرەيتتى ، تاقلايتتى ، بىردەم ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ سۆيۈپ كېتەتتى .

— ئاپا ، مەن بۇ پىلە غوزىكىنى خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويىمەن ، دادامغىمۇ خەت يېزىپ بۇ يېڭىلىقتىن خەۋەردار قىلىمەن ، — دېدى ئۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا پىلە غوزىكىنى ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ، — مۇھىمى ، پىلە قۇرتىنىڭ

پىلىگە ئايلانغانغا قەدەر بولغان جەريانىنى ساۋاقداشلىرىمغا سۆزلەپ بېرىپ ، ئۇلارنى رازى قىلىمەن !

ئايخان قىزىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا :

— ئالدىرىما ، بۇ غوزەكنى كۆزگە چېلىقىدىغان سالقىن بىرەر يەرگە قويۇپ قويغىن ، يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن غوزەك ئىچىدىكى پىلە قۇرتى لىچىنكىسى كېپىنەككە ئايلىنىپ غوزەكنى تېشىپ چىقىدۇ . سەن ئۇنى بىر ۋاراق قېلىن قەغەز ئۈستىگە قويۇپ قويساڭ ، ئۇ مىڭلاپ تۇخۇم چىقىرىدۇ . پىشقان بۇ تۇخۇملارنى ساق ـ سالامەت قىشتىن ئۆتكۈزسەڭ ، ئەتىياز كېلىپ ھاۋا ـ جاھان ئىللىشىغىلا ھەربىر تال تۇخۇمدىن بىردىن پىلە قۇرتى پەيدا بولىدۇ . سەن مۇشۇ جەريانلارنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئورۇندىساڭ ئاندىن پىلە قۇرتى ھەققىدە بىر پۈتۈن بىلىمگە ئىگە بولالايسەن .

— ماقۇل ئاپا ، نېمە قىلىشىمنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرسەڭلا بولدى ، قالغىنىنى ئۆزۈم ئىشلەۋېرىمەن ، پىلە قۇرتى بېقىشنىڭ جاپالىقلىقىنى ، يىپەكنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئاخىر بىر كۈن ساۋاقداشلىرىمغا سۆزلەپ بېرىمەن .

ئايگۈل ئاپىسىغا شۇنداق دېدى ـ دە ، ئالىقىنىدا گۆھەردەك جۇلالىنىپ تۇرغان پىلە غوزىكىنى چىرايلىق بىر قەغەز قۇتىغا سېلىپ ، تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويدى .

1987 ـ يىلى فېۋرال .

# كىتاب

ئەسقەر مەكتەپتىن قايتىپ ، ھاسراپ ـ ھۆمۈدىگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە ، بوغچىسىنى كارىۋاتقا چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ ، ئىشتىن ئەمدىلا يېنىپ ، باش ـ كۆزىنى يۇيۇۋاتقان دادىسىغا :

— دادا ، ئەتە بىزنى سىلەرنىڭ زاۋۇتۇڭلارغا ئېكسكۇرسىيىگە ئاپىرىدىكەن ، ئاپىنسا مۇئەللىم شۇنداق دېدى ، — دېدى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ .

— ھە ، شۇنداقمۇ ، — بەكرى ئاكا ئوغلىنىڭ كارىۋاتتا چېپچىلىپ ياتقان كىرلەشكەن ، يىرتىق كىتاب ـ دەپتەرلىرىگە ئېچىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى ، — بېرىڭلار ، زاۋۇتىمىزنى ئوبدانراق كۆرۈڭلار !

بەكرى ئاكا ئوغلىغا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىيۇ ، سىرلىق كۈلۈمسىرەپ قويدى .

ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن ئەسقەر بىردەم ئويۇن بىلەن ، بىردەم رەسىملىك كىتاب بىلەن مىلىكە بولۇپ ، بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقان كۈننى تەسلىكتە كەچ قىلدى . ئۇ ئاپىنسا مۇئەللىمدىن ھېلىقى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن تارتىپلا ئەتىنىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىغانىدى . ئەتە يېتىپ كەلسە ساۋاقداشلىرى بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ قاۋۇل ، ئەقىللىق دادىسىنىڭ باسما زاۋۇتىدا قانداق چەبدەسلىك بىلەن ئىشلەيدىغانلىقىنى تاماشا قىلماقچى ۋە دادىسىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغىمۇ قابىللىقى ، ئۇستىلىقى بىلەن راسا ماختىنىۋالماقچى بولغانىدى . ئۇنىڭچە ، بۇ ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن

ھېلىقى چوڭ گەپ قىلىدىغان ئادىمۇ ، ھېلىقى تازىلىق ئىشچىسىنىڭ قىزىمۇ ئۆزىگە بولغان كۆزقارىشىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ ، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان ، ئىززەتلەيدىغان بولاتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئەسقەر كۈتكەن تاڭمۇ ئاخىر يورۇدى . ئۇ مەكتەپكە ھەممىدىن ئەتىگەن يېتىپ باردى ۋە بىرى بىرىدىن ئۇزۇن بولغان تۆت سائەتلىك دەرسنىمۇ تەقەززالىق ، تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ بولدى . چۈشتىن كېيىن ئۇ كۈتكەن مىنۇت ئاخىر يېتىپ كەلدى . بىر توپ باللار كۆكتىن ئۇچۇپ ئۆتكەن كۆكلەم تۇرنىلىرىدەك سەپ تارتىپ ، ئاينىسا مۇئەللىمگە ئەگەشكەن پېتى باسما زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى .

زاۋۇت تولىمۇ كەڭ ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى . ئېگىز ۋە چوڭ بىنالار ، سېخ ئۆيلىرى ياپيېشىل ئاكاتسىيە دەرەخلىرى ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ، تاراقلىغان ساداسى قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىنالار ۋە دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئاسفالت يولدىن دۆگىلەك قەغەزلەرنى كۆتۈرۈۋالغان تۆمۈر قولۇق ماشىنىلار ، تاغدەك دۆۋىلەنگەن كىتابلارنى سۆرەپ كېتىۋاتقان كىچىك ئاپتوموبىللار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . ئىشقىلىپ ، زاۋۇت ئىچى بىر خىل قايناق ھايات ، كەسكىن جەڭ كەيپىياتى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى .

— ساۋاقداشلار ، قۇلاق سېلىڭلار ، — دېدى ئاينىسا مۇئەللىم زاۋۇت ھويلىسىدا ئەتراپقا ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن قاراۋاتقان باللارغا قاراپ ، — بۈگۈنكى ئېكسكۇرسىيىمىزنى زاۋۇتنىڭ ئىش تەرتىپى يەنى مەشغۇلات تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بارىمىز . ئىشچى تاغىلارنىڭ ، ھەدىلەرنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىغا ، كىتابنىڭ بېسىلىش جەريانىنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئوبدان سەپسېلىڭلار ، ئېكسكۇرسىيە ئاياغلاشقاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە جەم بولۇپ ، ئۆز تەسراتلىرىمىز ئۈستىدە سۆزلىشىمىز ، — دېدى ۋە ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرگە قالايمىقان

چىقىلىماسلىقنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەندىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا بالىلارنى ھەرپ قۇيۇش بۆلۈمىگە باشلاپ كىردى.

بۇ يەردە ئىككى رەت قىلىپ تىزىلغان پاكار ماشىنىلار بىر خىل رىتىمدا ئاۋاز چىقىرىپ توختىماي ئايلىنىپ تۇراتتى. تال ـ تال قوغۇشۇن ھەرپلىرى رىتىملىق ئاۋازغا ئەگىشىپ، كىچىككىنە ئوقۇرسىمان نوكەش ئارقىلىق تۆۋەنگە تاشلىناتتى.

— بۇ ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى، بۇ ماشىنا توك ئوچىقى ئارقىلىق قوشۇغۇن بىلەن بىسمۇت قېتىشمىسىنى ئېرىتىپ، تۇچىتىن ئىشلەنگەن ھەرپ قېلىپىغا قۇيىدۇ ۋە ئۇنى تېزلىكتە سوۋۇتۇپ، ئۆلچەملىك ھەرپكە ئايلاندۇرىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى ھەرپ قويۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بالىلارغا تەپسىلىي، ئۇقۇمۇشلۇق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئارقىدىنلا ئۇلار ھەرپ قۇيۇش بۆلۈمىگە تۇتاش بولغان نابور (ھەرپ تىزىش) سېخىغا ئۆتتى.

نابور سېخىدىكى رەتلىك قويۇلغان كاسسىلار ئۆزىنىڭ ئۇششاق كاتەكچىلىرى ۋە ھەيۋىتى بىلەن بالىلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— بۇ نابور سېخى، — دېدى سېخ مۇدىرى بالىلارغا چۈشەندۈرۈپ، — ھەرپ قۇيۇش بۆلۈمىدىن كەلتۈرۈلگەن ھەرپلەر قوشما ھەرپ، يەككە ھەرپ، تىنىش بەلگىلىرى ۋە ھەر خىل سان ـ سىپىرلار، فورمۇلىلارغا ئائىت ھەرپ، بەلگىلەر بويىچە كاسسىدىكى ئەنە ئاۋۇ كاتەكچىلەرگە قاچىلىنىدۇ. نابورچىلىك (ھەرپ تىزغۇچى) لار كېرەكلىك ھەرپلەرنى كاتەكچىلەردىن تېرىپ ئېلىپ سۆزلەرگە، جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇپ تىزىپ چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن كوررېكتور ئوقۇپ، خاتاسىنى تۈزىتىپ، بەتچىلىك (بەت ياسىغۇچى) كە تاپشۇرىدۇ.

بەزى بالىلار بىر دۆۋەت پاتقۇچىلىك چوڭلۇقتىكى نۇرغۇن

كاتەكچىلەرگە قاراۋېرىپ ، كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى ۋە ھەيران قالدۇرغۇدەك سۈرئەت ۋە ئەقىل بىلەن ھەرىپ تىزىۋاتقان ئىشچىلارنىڭ قابىلىيىتىگە چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى .

ئېكسكۇرسىيە باشلانغاندىن بېرى ئەسقەرنىڭ ئەس ـ يادى دادىسىدا ئىدى . ئۇ دادىسىنىڭ قايسى ئىش تۈرىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . بۇ توغرۇلۇق دادىسىدىن بىرەر قېتىممۇ سوراپ باقمىغانلىقىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئەپسۇسلىناتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز دادىسىنى قوللىرى كۆسەيدەك قارىيىپ ، باش ـ كۆزى مورا قۇرۇمدىغان كىشىنىڭكىدەك ئىسلىشىپ كەتكەن بۇ نابورچىكلار قاتارىدا كۆرۈشنى خالىمايتتى .

ئوقۇغۇچىلار نابور سېخىدا بەتچىكلەرنىڭ كارامىتىنى ۋە كوررېكتور بۆلۈمىدىكى كوررېكتورلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ ، كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن ستېرەئوتىپ (بەت قۇيۇش ) ئورنىغا يېتىپ كەلدى .

ستېرەئوتىپ ئۆيى تۆت چاسا كەلگەن ، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئۆي بولۇپ ، تورۇسنى بويلاپ لەيلەپ يۈرگەن ئاقۇچ ئىس ـ تۈتەك ئادەمنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇراتتى . بىر تەرەپتە پەشتاما تارتىۋالغان ئىككى ـ ئۈچ ئىشچى نابور سېخىدىن ھارۋىغا بېسىپ ئەكېلىنگەن تەييار قوشۇغۇن بەتلەرنى كۆچەپ تۇرۇپ كۆتۈرۈپ ، ستېرەئوتىپ ماشىنىسىنىڭ تەگلىكىگە قويۇۋاتاتتى . يەنە بىر ئىشچى ئۈست ـ ئۈستىلەپ شىلىم سۈركەپ ، قېلىنلاشتۇرۇلغان قەغەزنى بەت ئۈستىگە يېپىشتۇراتتى . ئۇلار شۇنچىلىك جىددىي ۋە تېز ئىشلەيتتىكى ، ستېرەئوتىپ ماشىنىسىنىڭ توك ئوچىقى تارقاتقان كۈچلۈك ھارارەت ۋە ماشىنىنىڭ يېنىدىن پۈرقىراپ چىقىۋاتقان قىزىق بۇس تەپتىدىن تەرلەپ كەتكەن چىرايلىرى خۇددى ئوتقاشتەك قىزارغانىدى .

يەنە بىر تەرەپتىن پەشتاما ۋە ماسكا تارتىپ ، قولاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان يالاڭ قولاقچا كىيگەن بىر كىشى تاشلاندۇق

قوغۇشۇن ھەرپلەرنى بۇس ئۆرلەپ تۇرغان چوڭقۇر قازانغا تاشلاپ ، كۇچلۇك ئوت تەپتىدە ئېرىتمەكتە ئىدى . ئۇ بەزىدە سىمابتەك لىغىرلاپ تۇرغان سۇيۇق قوغۇشۇننى ئۇزۇن ساپلىق چۆمۈچ بىلەن قازاندىن ئېلىپ ، تەقلەنگەن ستىراتىپ ئۇستىگە قويۇپ ، ئۇيۇل قوغۇشۇن بەتلەرنى تەييارلايتتى .

چوڭقۇر قازان ۋە قازاندا توختىماي داۋالغۇپ ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان قوشۇغۇن ئېرىتمىسى ئەسقەرنىڭ تېنىنى شۇركۇندۇرۇۋەتتى . بۇ خەتەرلىك ، پاسكىنا جايدا كۈچلۈك ھارارەت ۋە قوشۇغۇن ئېرىتمىسى بىلەن ھەپىلەشكۈچى ئىشچى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغاتتى .

شۇ ئەسنادا ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇ باتۇر ، ئەمگەكچان ئىشچىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئوبدانراق كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك ، ھېلىغىچە سەپنىڭ كەينىدە تۇرۇۋاتقان زاۋۇت باشلىقى بىردىنلا سەپ ئالدىغا ئۆتتى ۋە بۇ ئىشچىغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ :

— بۇ ئىشچى تاغائلار زاۋۇتىمىزنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى بەكرى بولىدۇ . ئۇ سىلەرگە ئاتاپ دەرسلىك كىتاب چىقىرىش ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەيدۇ ، — دېۋىدى ، قازاندىن كۆزىنى ئۈزمەي ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالغان ئەسقەر ئۆز - ئۆزىگە : «بەكرى» دېگەن سوئالنى بەردى .

ئۇنىڭغىچە ھېلىقى ئىشچى قولاقچا ۋە ماسكىسىنى ئېلىپ تاشلىۋىدى ، ئەسقەر بىردىنلا ۋارقىراپ تاشلىدى :

— دادا ، بۇ سەنمۇ ؟

ئەسقەر بۇ نەمۇنىچى ئىشچىنى مەھكەم قۇچاقلىدى ، ياق ، ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان دادىسى بىلەن بىر جان - بىر تەن بولۇپ كەتتى . ئۇ باياتىن بېرى بۇ كىشىگە بىرقانچە قېتىم قارىغان بولسىمۇ ، قولاقچا ۋە ماسكىلىق دادىسىنى تونۇيالمىغان ، ھەتتا دادىسىنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى .

ئەسقەر ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلاندى، ھاياجانلانغانلىقىدىن يىغلىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئۇ دەسلەپىدە دادىسىنى قانداقتۇر بەھەيۋەت ماشىنىلارنىڭ ئالدىدا كۆرۈپ، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا راسا بىر ماختىنىۋالماقچى بولغانىدى. ئۇ ھېلىھەم دادىسىدىن پەخىرلىنىشكە، ماختىنىشقا ھەقلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خۇددى ئۆيدىكىدەك ئەركىلەپ قويىدى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆزلىرىگە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىكىلىپ چىقتى.

بەكرى ئاكا زاۋۇت باشلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىشنى شاگىرتىغا تاپشۇرۇپ، باللار بىلەن بىللە باسما سېخىغا باردى.

باسما سېخى بەك كەڭ ۋە ئېگىز بىر زال بولۇپ، بۇ يەردىكى ماشىنىلار تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇلار ماشىنىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ھەر خىل ئىقتىدارى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن يەنە مۇقاۋا بېسىش ماشىنىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، تۈپلەش سېخىنى بىرمۇبىر ئارىلاپ، ئىنچىكىلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەقلىنىۋاتقان دەرسلىك كىتابلارنى كۆرگەندە ھەممەيلەن تەڭلا:

— ئەسلىدە كىتابلىرىمىز مۇنداق تەييارلىنىدىكەن ـ دە! ... — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

قۇياش غەربتىكى سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچى بىلەن تەڭلەشكەندە ئوقۇغۇچىلار زاۋۇت ھويلىسىدىكى باراڭلىقتا ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلەشتى.

دادىسىنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقان ئەسقەر تۇنجى بولۇپ سۆز ئالدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— مەن دادامنىڭ، ئىشچى تاغىلىرىمنىڭ، مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن كىتابلىرىمنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن، دادامنىڭ ۋە ئىشچى تاغىلىرىمنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ قەدرىگە

يېتىمەن ! — دېۋىدى ، باراڭلىقتا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراپ كەتتى .

بەكرى ئاكا بىلەن ئاينىسا مۇئەللىممۇ مەنىلىك هالدا كۆز بېقىشىۋالدى . ئۇلار ئەسقەرنىڭ ۋە باشقا بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشلۇقلىرىنى ئاسرىماسلىقتەك ناچار قىلىقلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىش هەققىدە بىرلىكتە تاپقان چارىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەرگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى .

1989 - يىلى ئاۋغۇست .



www.uyghurkitap.com

# ئىنسانغا مۇھەببەت

نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى كۆتۈرۈپ بېكەت دەرۋازىسىدىن كىرىشىمگىلا ئەينىكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىۋېلىشقان ۋە ئىشىك ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان يولۇچىلارغا كۆزۈم چۈشتى ـ دە ، جىمى كۈچۈمنى ئاياغلىرىمغا توپلاپ ، بىر پەستىلا ئاپتوبۇس يېنىغا يېتىپ كەلدىم .

كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئاپتوبۇسقا چىقىۋالماقچى بولۇۋىدىم ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىلەت تەكشۈرگۈچىنىڭ «بولۇۋاتقان ۋەقەنى كۆرمەيۋاتامسەن ؟» دېگەندەك قىلىپ ھومىيىشى مېنى چىپپىدە توختىتىپ قويدى . مەن كىشىلەر توپىغا كۆز تاشلىدىم .

توپ ئوتتۇرىسىدا 35 ياشلاردىكى بىر ئەر كىشى جىگەر رەڭ ياقىلىقتىن كالتە چاپان كىيىپ ، يېشىل يۇڭ ياغلىقنى ئىككىدىن ئارتىلدۇرۇپ چىگىۋالغان چوكاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دەپ يالۋۇرماقتا ئىدى . 10 — 12 ياشلاردىكى ئىككى ئوغۇل بالا چوكاننىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلغىنىچە يىغلاپ يېلىنىۋاتاتتى .

— ئاپا ، كەتمىگىن ، كەتسەڭ ئاكام مېنى ئۇرىدۇ .

— جېنىم ئاپا ، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەت ، مەنمۇ كېتىمەن .

— ...

— ئوبدان خوتۇن ، مېنىڭغۇ نېمە دېسەڭ مەيلى ، باللارنىڭ بولسىمۇ يۈزىنى قىل ، كېتىپ نېمە قىلىسەن ، بوپتۇ ئەيىبىمنى بوينۇمغا ئالاي ، دېگىنىڭنىمۇ بۈگۈنلا ئېلىپ بېرەي ، — دەيتتى ھېلىقى ئەر كىشى چوكاننىڭ كۆزىگە يېلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ

تۇرۇپ .
مەن ، چوكاننى بۇ ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلدىم . چوكان بولسا ھېچنېمە ئاڭلىمىغان كىشىدەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى . ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ قالغان كىيىملەرنى كىيىۋالغان يىغلاڭغۇ باللارنىڭ پوتلىلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يۈرەكنى تىترەتكۈدەك ئاھاڭدا يالۋۇرۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ پەرۋايىدىن چەتتە ئىدى .
ئاق خەسىدىن قىلىنغان كالتە كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن بېلىنى باغلىۋالغان ئەر كىشىنىڭ بۇ ھالدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك ، ئۇ يالۋۇرۇش ـ يېلىنىشلىرىنى بىراقلا توختىتىپ «نەگە بارساڭ بار ، ساڭا ئەمدى يالۋۇرىدىغان ئاغزىم يوق» دەپ ۋارقىراپلا باللىرىنىڭ قوللىرىنى ئانىسىنىڭ پېشىدىن سىلكىپ ئاجرىتىپ ئۇلارنى دۈشكەلىگەن پېتى كېتىپ قالدى .
ئىشىك «غارت» قىلىپ ئېچىلىشىغىلا ھەممىمىز ئاپتوبۇسقا ئېتىلىپ ئۇدۇل كەلگەن يەردىن ئورۇن ئالدۇق . ھېلىقى چوكانمۇ كەينىمگىلا جايلىشىۋالدى .
كۆكۈچ سىرلىق ئاپتوبۇس تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازىدىن بېشىنى چىقارغاندا ئەتىگەنلىك شەپەق تارقاپ ، كۈن چېچىلىشقا باشلىغانىدى . سۈزۈك ماي ئاسمىنىدا چاقناۋاتقان ئاپتاپ دېرىزىدىن ئېتىلىپ كىرىپ يولۇچىلارنىڭ باشلىرىنى ياكى يۈزلىرىنى لىپ ـ لىپ قىلىپ يورۇتۇپ ئۆتەتتى .
خاتىرەمدە قېلىشىچە ، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس «گۈر» قىلىپ قوزغالدىمۇ ، يولۇچىلار بىردىنلا جانلىنىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى جايلىشاتتى ياكى يېنىدا ئولتۇرغان سەپەرداشلىرى بىلەن تونۇشۇۋېلىشقا ئالدىرايتتى . بەزىلەر يىراق سەپىرىنىڭ تۇنجى مىنۇتى خۇشاللىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايتتى ، ئۆزئارا چاقچاق قىلىشاتتى . بىراق ، بۈگۈنكى ئەھۋال ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى . كۈلكە ـ

چاقچاق ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پىچىرلىشىپ سۆزلەشكەن ئاۋازمۇ يوق، بەزىلەر خۇددى بىر نېمىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ياكى زورمۇزور سەپەرگە ئاتلىنىۋاتقاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۇندىمەي ئولتۇرۇشاتتى. ئىشقىلىپ بۇگۇنكى سەپەرنىڭ بىر يېرى سەل غەلىتە ئىدى. بىراق، يېنىمدىكى ئورۇندۇقتا مەن بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بىر چار ساقال كىشى بۇ جىمجىتلىققا چىداپ تۇرالمىغان بولسا كېرەك، ھېلىقى چوكان تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇكام، ئۆزلىرى نەگە بارىدىلا؟

مېنىڭ مۇنداقلا كۆزتىشىمچە، بۇ ئايال ئاپتوبۇسقا چىققاندىن بېرى بەئەينى غىل - پال قىلىپ ئۆتۈۋاتقان تېرەكلەرنى سانىماقچى بولغاندەك دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەيۋاتاتتى. ئۇ ناتونۇش كىشىنىڭ ئۆزىگە سوئال قويىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنمۇ، سەل چۆچۈگەندەك بولۇپ كۆزىنى دېرىزىدىن يۇلۇۋالدى - دە، خالار - خالىماس جاۋاب بەردى.

— كۇچاغا.

— ھە ئۇنداقتا يولىمىز بىر ئىكەن - دە، — بادام دوپپىلىق، چار ساقاللىق كىشى بېشىنى لىڭشىتقاچ ئالدىنى چوكان تەرەپكە توغرىلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سورىدى، — بايامقى كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئېرى بولامدۇ ئۇكام؟

— ھەئە.

— ھېلىقى باللارمۇ سىلىنىڭ بولامدۇ؟

— ھەئە.

— سىلىگە ئۆگەي ئەمەستۇ؟

ئارقىمۇئارقا قويۇلغان سوئاللارغا ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىۋاتقان چوكان كېيىنكى سوئالدىن بىرەر ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدىمۇ، چار ساقال كىشىگە قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس ئالىيىپ قويۇپ يەنە دېرىزىگە قارىۋالدى.

تەخمىنەن ئاتتە - يەتتە كىلومېتىر يول باستۇقمىكىن، شەھەر

سىرتىدىكى سايغا ئەمدىلا ئۆلىشىۋىدۇق ، ماتوردىن كېلىۋاتقان غەلىتە ئاۋازنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك ، شوپۇر ئاپتوبۇسنى تورمۇزلاپ ، يولنىڭ چېتىدە توختاتتى . سەپىرىنىڭ قاق ناشتىدا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغان يولۇچىلار دۈپۈرلىشىپ يەرگە چۈشۈپ ماتورنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كوچىلاۋاتقان شوپۇرنىڭ ئەتراپىغا گۇررىدە ئولاشتى - دە ، نەتىجىسىز ئۇرۇنۇشلارغا سەپسېلىپ قاراپ تۇرۇ-ۋېرىشتىن بىردەمدىلا زېرىكىپ ، بىردىن ، ئىككىدىن تارقىلىشقا باشلىدى .

ھېلىقى چار ساقال كىشى 40 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بويى ، سېمىز كەلگەن بىر ئايال بىلەن قانداقتۇر بىرنېمىلەر توغرىسىدا قىسقىغىنە پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ئېرىق بويىغا بېرىپ قاتتىق گىردىنى غاچىلىغاچ يېگانە ئولتۇرغان چوكاننىڭ يېنىغا كەلدى . چوكان سەپەرداشلىرىغا قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويدىيۇ ، ئۈندىمىدى ، چار ساقال كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يەنە گەپ تەشتى .

— ئۇكام ، ئەرلىرى بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالغانمىدىلە نېمە ؟

— ھەي ئىست ، قىزىلگۈلدەك باللار ئىكەن ، يىغلىشىپلا قالدى بىچارىلەر ، — سېمىز ئايال ئىڭىشىپ تۇرۇپ دېدى ، — ئۇكام ماڭا قارىسىلا ، ئەرلىرى يامان ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ ، سىلىگە بەكمۇ يالۋۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسىلىمۇ باللارنى تاشلاپ قويمايدىغان گەپ ئىدى . شۇنداق چىرايلىق چوڭ بولغان باللار ئىكەن ، ئانىسىز تەس بولىدىغان بولدى - دە ، ئۇلارغا .

سېمىز خوتۇننىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا چوكاننىڭ يۈزىگە قىزىللىق ئۆرلەشكە ، ئاندىن كېيىن ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى مۇڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى . سېمىز ئايال دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاق داكا ياغلىقىنىڭ بۇرجىكى بىلەن ئۇنىڭ

يېشىنى سۈرتۈۋىدى ، چوكان زىيادە يەل بېرىلگەن شار بىردىنلا يېرىلىپ كەتكەندەك گىرىپتىشىن كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىنى توسۇغان پېتى ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى .

— يىغلىمىسىلا ئۇكام ، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ، — چار ساقال كىشى ئۇنىڭ يىغىسىدىن بىئارام بولغاندەك دېدى ، — ھېچقىسى يوق . چىنە - قاچىلار قانچە ئاۋايلىغان بىلەنمۇ يەنە جاراڭ - جۇرۇڭ تېگىشىپ كېتىدۇ ، سەن - پەن دېيىشىپ قالغان بولسىلا يەنە يارىشىۋالغىلى بولىدۇ . مۇنداق بولسۇن ، يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلاردىن بىرنى توسۇپ سىلىنى سېلىپ قوياي ئۇكام ، قايتىپ بېرىپ ئەرلىرى بىلەن يارىشىپ قالسىلا .

يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن يولۇچىلارمۇ سېمىز ئايال بىلەن تەڭلا چار ساقال كىشىنىڭ نەسىھىتىنى بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلىدى . ئىككى - ئۈچ ئايال چوكاننىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنى بەزلەشكە ، تېگىشمەيۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈشكە تۇتۇندى .

— نەسىھەتلىرىگە رەھمەت ئاكا ، — دېدى چوكان مەيۈسانە ئاھاڭدا ، — مەن قايتمايمەن ، ئۇ ماڭا قول سالدى ، ھەممە نېمىدىن ئۆتسەممۇ تاياقتىن ئۆتمەيمەن !

— ھە ، ئۇلار ئۇرۇشۇپ قاپتىكەن - دە ؟ !

— بۇ چوكاننىڭمۇ دەردى بار ئىكەن .

— بولدىلا ، سەن ئۇنى يەنە ئېچىتما !

شوپۇرنىڭ توپ ئارىسىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىمۇ قايناپ تۇرغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بىردىن بېسىقىپ قالدى . شوپۇر ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كىشىلەرگە ئاپتوبۇس ماتورىنىڭ قانداقتۇر مۇھىم زاپچىسىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكىنى ، بىكەتتىن ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەن بولغاچقا قايتىپ بېرىپ زاپچاسنى ئالماشتۇرۇپ يولغا چىقسىمۇ قونالغۇغا ئۈلگۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ سۆز ئويلىمىغان يەردىن شەرتسىز قوبۇل قىلىندى .

ئۇلارنىڭ خۇددى ئاپتوبۇستىن چاتاق چىقىپ قېلىشىنى تىلەپ تۇرغاندەك بۇ گەپكە ئاسانلا ماقۇل كېلىشى ماڭا قىزىق ۋە سىرلىق تۇيۇلدى. چۈنكى، بايام ئېيتقىنىمدەك، بۇرۇنقى سەپەرلىرىمدە بۇنداق ھالنىمۇ ئەلۋەتتە ئۇچراتمىغانىدىم.

چار ساقال كىشى ۋە سېمىز ئايال ھېلىقى چوكاننىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە ئاپتوبۇسقا ھەممىدىن بۇرۇن چىقتى. سەپەرداشلىرىمىمۇ بۇلارغا ھەدەپ يول بېرىپ ئاكتىپلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

بېشى توغرىلانغان ئاپتوبۇس ئىتتىكرەك ماڭغان ھارۋا سۈرئىتى بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. چار ساقال كىشى ۋە سېمىز ئايالغا ياندىشقان ئالتە ـ يەتتە كىشى چوكاننىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئۇنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك پاراڭ سوقماقتا ئىدى.

— ھەي، ئۇرۇشقۇدەك، يامانلاپ ماڭغۇدەك نېمە ئىش بولغىيتتى بۇ؟

— بىر ئۆي دېگەندە 360 كۈن سىلى ـ ئۆزلىرى بىلەن ئۆتمەك تەس، بەلكى بىر ـ بىرى بىلەن گەپ تالىشىشتىن كېلىپ چىققان جېدەلدۇر!

يەنە بىرەيلەن «لاتا ـ پاتىنىڭ جېدىلىمۇ يا؟» دېۋىدى، باياتىن بېرى يېشى قۇرۇپ كەتكەن كۆزىنى ئەتەي ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغان چوكان پىسسىڭىدە كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى يولۇچىلار ئارىسىغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. بايامقى نەسىھەتنىڭ ئۇنۇم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چار ساقال كىشى چوكان ئاڭلىماي قالمىسۇن دېگەندەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ دېدى:

— مانا قارىمامدىلا ئۇكام، خۇدا باللىرىنىڭ دادىغا يېتىپتىكەن، بىر سەۋەب بىلەن كەينىمىزگە قايتۇردى. بۇمۇ بىر ئىرادە، ئىرادىگە پۈتمەي ئامال يوق، ئەرلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ سالغان بولسىلا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ناماقۇل بولسىلا، «خاپا بولمىسىلا ئاتىسى، يېنىكلىك قىلىپ سالغان بولسام

كۆچۈللىرىگە ئالمىسىلا» ، دەپ باقسىلىچۇ قېنى ، ئەرلىرىنىڭ «ۋاي خوتۇن ، ھەممە سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى» دېمىگىنىنى كۆرەي !

ئاپتوبۇستا ماتور ئاۋازىنى بېسىپ چۇشكۇدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى . چوكانمۇ بۇ كۈلكىگە ئىختىيارسىز قوشۇلۇپ سېمىز ئايالنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى . ئاپتوبۇس قوزغالغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بايامقى بېكەتكە يەنە كىرىپ كەلدى . مېنىڭ يەنە بىر ھەيران قالغىنىم ۋە تېگىگە يېتەلمىگىنىم شۇ بولدىكى ، چوكاننىڭ ئېرى ئىككى ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويغان پېتى ئاپتوبۇس كېلىۋاتقان تەرەپكە كۆز تىككىنىچە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى . باللار ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆزلىرىگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقان ئانىسىنى ئالدى بىلەن كۆرۈپ ھېيتلىق ئالغاندەك خۇشال بولدى ـ دە ، ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن دادىسىغا بىرنېمىلەرنى دېگەچ چۇرقىراشقان پېتى ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى . چوكانمۇ ئىشىك ئېچىلىشىغىلا ئېتىلىپ چۈشۈپ باللىرىنى خۇددى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغاندەك قۇچىقىغا تارتتى . باللار ئانىسىنىڭ چىرايىغا تويماي قارايتتى . ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر ئۆزگىرىشنى كۆرمەكچى بولغاندەك سەپسالاتتى ، قايتا قوزغالغان ئانىلىق مېھرىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەيتتى .

بىر ھازا قۇچاقلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دەرۋازا يېنىدىكى سۈپىدا ھېلىغىچە ھېچنېمە كۆرمىگەندەك قىياپەتتە قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان ئاتا تەرەپكە تەڭلا تاشلاندى . دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگەن ئانىسىنى خۇددى ئۆزلىرىدەك قارشى ئالمايۋاتقانلىقىغا نارازى بولدى بولغاي ، چوڭ ئوغۇل ئازراق ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى ـ دە ، دادىسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى . مەنمۇ يولۇچىلار قاتارىدا كۆرۈپ تۇراتتىمكى ، ھېلىقى بالا دادىسىنىڭ سىلكىشىدىن

خاپا بولۇپ دومسىيىپ ، تىرنىقىنى كولىغاچ ئاستا قەدەملەر بىلەن ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى . ئانا ـ بالىنىڭ قايتا جەم بولغان چېغىدىكى خۇشاللىقلىرىغا ئورتاقلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇملىرى بارا ـ بارا ئۆچۈشكە باشلىدى . چار ساقال كىشى ۋە ھېلىقى سېمىز ئايال بىرەر كېلىشمەسلىك ھېس قىلغاندەك ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش جىمىپ كەتكەن يولۇچىلارغا كۆز يۈگۈرتۈۋالدى ـ دە ، مەنىلىك ئىشارە قىلىشىۋېلىپ دەرۋازا تەرەپكە ئاستا قەدەم تاشلىدى . بىكار تۇرۇۋېرىشتىن زېرىكتىمۇ ، مەنمۇ يولۇچىلار ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ چوكاننىڭ ئېرى تۇرغان يەرگە باردىم ۋە ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ چىقتىم .


ئۇ ئوتتۇرا بوي كىشى بولۇپ ، قويۇق ۋە ئۇزۇن بۇرۇتى قارامتۇل سوزۇنچاق يۈزىگە خېلى سۆلەت بېغىشلاپ تۇراتتى . ئادەتتە ھامماللىق ياكى باشقا ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانسا كېرەك ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشاڭغۇ ئىدى . قوۋۇزلىرى سەل ـ پەل ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەچكە ياڭاق سۆڭەكلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى .

ئۆز يېنىغا كەلگەن كىشىلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى ئىپادە قىلىدىغان قاراش بىلەن دەرۋازا يېنىدىكى تېرەكنىڭ ئۇچىغا قارىغىنىچە تىك تۇرغان ئەركەك ياخشى ياكى يامان نىيەت بىلەن ئۆزىگە تۈنجى بولۇپ ئېغىز ئاچقان كىشىنى ئۇرۇۋېتىدىغان ئەلپازدا قوشۇمىسىنى تۈرگەنىدى . يولۇچىلار ئارىسىدا ھېلىقى چار ساقال ، دوغىلاق يۈزلۈك كىشى ھەممىدىن جۈرئەتلىك بولسا كېرەك ، ئۇ سالماق قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئەدەپ بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇكام ، قارىسىلا ، ئاياللىرى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن يەنە قايتىپ كەلدى ، ئەنە ئۇ يەردە باللىرى بىلەن كۆز يېشى قىلىۋاتىدۇ . ئۇ سىلىگە ناماقۇل بولماقچى .

ئۇنىڭ ئاۋازى دانە ـ دانە ۋە شۇنچىلىك يېقىملىق چىقتىكى ، چوكاننىڭ ئېرىنى ئاخىر زۇۋان سۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى :

www.uyghurkitap.com



— ئاكا ، ساقاللىرىنى دېمىسەم تىللىۋېتەتتىم جۇمۇ ! مەن بىلەن نېمە چاتاقلىرى ؟ ئۇنداق ۋاپاسىز خوتۇننىڭ ماڭا كېرىكى يوق !

ئۇنىڭ نەيزىدەك قادىلىپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن چار ساقال كىشىنىڭ جەزمەن ئاچچىقى كېلىدۇ ۋە ئۇمۇ بىر ـ ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالىدۇ ، دەپ جەزم قىلىۋىدىم ، ئىش مەن ئويلىغاندەك بولمىدى . چار ساقال كىشى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۆز نەسىھىتىنى داۋام قىلىشتىن يالتايمىدى :

— ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە ئۇكام ، ئاياللىرىغىمۇ كۆپ نەسىھەت قىلدۇق . ئۇمۇ سىلىنى ، بالىلارنى تاشلاپ كېتىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى . بىز ئەر كىشىلەر ئېغىرراق بولمىساق بولمايدۇ .

بۇ نۆۋەت چوكاننىڭ ئېرى قايتا گەپ ياندۇرمىدى .

چار ساقال كىشىنىڭ سۆزلىرى چوكاننىڭ ئېرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغىنىنى كۆرگەن سېمىز خوتۇن نەسىھەتنى داۋاملاشتۇردى :

— ئۇنداق قىلمىسىلا ئۇكام ، بىز ئايال كىشىلەرنىڭ ئاغزىمىز ئىتتىكرەك ، ھەدېسە ئاغزىمىزغا كۈچەيمىز . بايام سىلى ئاياللىرىغا شۇنچە چىرايلىق گەپ قىلىۋىدىلىغۇ ، ئۇنىڭ لەۋزىلىرىنى يەردە قويغىنى يامان بولدى . سىلىنىڭمۇ قول ئۇزاتقانلىرى ياخشى بولماپتۇ . جۇرسىلە ئۇكام ، مەن سىلىنى ئۆزۈم ياراشتۇرۇپ قويىمەن .

باشقىلارمۇ «مانا ياغدەك گەپ بولدى ، ئەمدى بولدى قىلايلى» دېيىشىگىلا سېمىز ئايال ئەركەكنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتىۋىدى ، ئۇ ئۇندىمەيلا سۇپىدىن چۈشتى ۋە بېشىنى سالغىنىچە سېمىز خوتۇنغا ئەگەشتى .

كىشىلەرنىڭ ئېرىنى ئۆز ئالدىغا باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چوكان ۋىللىدە قىزىرىپ يەر ئاستىدىن ئېرىگە قارىغاچ

ئىزا تارتقان پېتى ئالدىغا ئىككى ـ ئۈچ قەدەم تاشلىدى.

بالىلارنىڭ بىرى دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىر قولىدىن تۇتۇپ ئانىسى تەرەپكە سۆرەشكە باشلىدى.

ئەر ـ خوتۇن قايتا ئۇچراشتى، چوكان ئۆز سەۋەنلىكىنى بوينىغا ئالغاندەك كۈلۈمسىرەپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئويناۋېتىپ «خاپا بولمىسىلا» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن مىڭ تەسلىكتە چىقاردى. ئەر كىشى دېگەن ئەلۋەتتە ئاياللاردەك تارتىنچاق ئەمەس، ئايالىنىڭ بۇنداق كۈلۈمسىرىشىنى ۋە ناماقۇل بولغانلىقىنى كۆرگەن ئېرى 40 قا يېقىن يولۇچىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ئالدىدىلا ئايالىنىڭ قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇپ ئۇنىڭغا «جۇر خوتۇن، ئۆيگە كېتەيلى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى» دېدى ۋە ئۇنى دەرۋازا تەرەپكە تارتتى.

ئۇلار بالىلىرىنى قوللىرىدىن يېتىلىگىنىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك پاراڭلاشقاچ دەرۋازىدىن چىقىپ دوقمۇشقا بۇرۇلدى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇلار ئېھتىمال خۇشاللىقىدا ئىسسىنى يوقاتتى بولغاي، ئۆزلىرى ئۇچۇن كۆيۈپ ـ پىشقان كىشىلەرگە خوش دەپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. مەن بۇ ئەدەپسىزلىكتىن باشقىلار رەنجىمىسىمۇ ھېلىقى چار ساقال كىشى ۋە سېمىز خوتۇن جەزمەن رەنجىيدىغان بولدى، دېگەن ئوي بىلەن ئۇلارغا كۆز تاشلىدىم. بىراق، ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇشاللىقتىن ئۆزگە ھېچقانداق غەيرىي ئىپادە كۆرمىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نېمە ئۇچۇن رەنجىمىگەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم ۋە ئاخىرىدا «مەن تېخى ياش، بەلكى تۇرمۇشنىڭ بۇ تەرىپىنى ئۇقمىسام كېرەك» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئالىلقاچان قارىسى يوقىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چار ساقال كىشىدىن سورىدىم:

— ئاكا، سىلىنىڭ بۇ ئائىلە بىلەن تۇغقانچىلىقلىرى بارمۇ؟

ئۇ پەرۋاسىز ھالدا جاۋاب بېرىپ «يوق» دېدى. مەن يەنە: «ئۇنداقتا كونا تونۇشلاردىن بولسىلا كېرەك» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ يەنە قىسقىلا قىلىپ «بۈگۈن ئەتىگەندىلا تونۇشتۇم» دەپ جاۋاب

قايتۇردى .
ھەممە قىياسلىرىم يوققا چىقىپ ھەيرانلىقىم يەنە ھەسسىلەپ ئاشقاندا «ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئىشى ئۇچۇن شۇنچىلىك كۆيۈپ - پىشىشتىن نىمە پايدا» دىگەن سۆز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپتىمەن . چار ساقال كىشى ، سىمىز ئايال ۋە باشقا يولۇچىلار گىپىمدىن تولىمۇ ئەجەبلەنگەن بولسا كىرەك ، كۆزلىرىنى چوڭ - چوڭ ئىچىپ چىرايىمدىن بىر نەرسە كۆرمەكچى بولغاندەك بىر ھازا تىكىلىپ قارىدىيۇ ، گەپ قىلمىدى .
ئاپتوبۇسنىڭ زاپچىسىمۇ ئالماشتۇرۇلۇپ بولدى . بىز يەنە بىكەتتىن چىقتۇق ، شۇنىسى قىزىق ئىدىكى ، بۇ قىتىمقى سەپەرنىڭ كەيپىياتى ئەتىگەندىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى .
كىشىلەر قىزىق - قىزىق گەپلەرىبلەن چاقچاق قىلىشىۋاتاتتى . ئىككى سائەتلىك ۋاقىتنىڭ بوشقا كەتكىنىگە خۇشال بولغاندەك ناخشا ئىيتاتتى ، كۇلۇشەتتى .
1984 - يىلى ئىيۇل .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

# يالغۇز تېرەك

ئېلاخۇن چۆچۈپ ئويغىنىپ تۆشلۈككە قارىۋىدى ، بېلىق قورسىقىدەك ئاقارغان ئاسماننىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسىنى كۆردى . ئارقىدىنلا تەكىيىدىن بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ، ئەندىشە بىلەن نەزەر تاشلىدى . تۆشلۈكتىن ئېتىلىپ كىرگەن بىر دەستە يورۇق بىلەن بىر تەرىپى خىرە يورۇتۇلغان تۆۋرۈك ئۆز جايىدا تىك تۇراتتى ، ئۇنىڭ سىلىقلانمىغان يۈزىدە ھېچقانداق دەز ياكى سۇنۇق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى . ئېلاخۇن نەزىرىنى تۆۋرۈكتىن يۆتكەپ ، ئوك يېنىدا قاتار تىزىلىپ ياتقان تۆت بالىسىغىمۇ بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى . نىمكەش چىت يوتقاندىن بېلىنىڭ ئۈستىنى چىقىرىۋېلىشقان بالىلار قول ۋە ئاياغلىرىنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ، يېنىك نەپەس ئېلىشىپ ، خاتىرجەم ئۇخلىماقتا ئىدى .

ئېلاخۇن قوشنا ھويلىدىكى چۈجە - خورازنىڭ قىسقا - قىسقا چىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ، كۆز ئالدىدىن ھېلىمۇ كەتمەيۋاتقان قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنىڭ چۈش ئىكەنلىكىگە ئىشەندى . ئۇ كىگىزگە تىرىۋالغان جەينەكلىرىنى ئاستا بوشىتىپ ، بېشىنى تەكىيىگە تاشلىدى - دە ، خىيال سۈرۈشكە باشلىدى .

ئېلاخۇن چۈشكە ئىشىنەتتى . بىر چاغلاردا مەرھۇم ئاتىسىنىڭ تاڭ ئالدىدا كۆرگەن ياخشى - يامان چۈشىنىڭ چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۆڭىدا ھامان بىر كۈنى ئايان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەنلىرى ۋە بىر - ئىككى قېتىملىق چۈشىنىڭ تاسادىپەن توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۇنى چۈشكە ئىشىنىشكە ئادەتلەندۈرۈپ قويغان بولسا كېرەك ، بىرەر ياخشى چۈش كۆرۈپ قالدىمۇ بولدى ، ئادەتتە بىر خىللا تۇرىدىغان چىرايى ئېچىلىپ كېتەتتى ۋە بىر قانچە

كـۈنگچە چۈشنىڭ ئۆز تۈرمۈشىدا ئايان بولۇشىنىڭ تەمەسىدە يۈرەتتى . يامان چۈش كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتەتتى .

— ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكى دېمەك — مەن ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ، باياتىن كۆرگەن چۈشىگە ئۆزىچە تەبىر بېرىپ ، — ماڭا بىرەر يامانلىق تېگىدىغان بولسا كېرەك ياكى بىرىكىم ماڭا يامانلىق ئويلاۋاتامدىكەن ؟ ياكى بۇ ئاغرىق - سىلاقتىن بېشارەتمۇ ؟ نېمىلا بولسا بولسۇن ، بىرەر نەرسىنى بېشىمدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلىۋېتەي .

ئېلاخۇن يامان چۈشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە مەنبەلەرنى ئاختۇرۇشقا ، قىياس قىلىشقا باشلىدى .

ئەتىگەنلىك ئاسمان بۇلۇتسىز ئىدى . ئوچۇق ئاسماندا تېزدىنلا يورۇپ كەتكەن تاڭنىڭ نۇرى بۇ كىچىكرەك ئۆيىنى تولدۇرۇپ ، بالىلارنىڭ رەھمەتلىك ئانىسى بىر چاغلاردا ئۆز قولى بىلەن تىككەن كەشتىلىك تەكىيە باشلىقىنى ۋە ئېلاخۇننىڭ قويۇق كەكە ساقاللىق قارامتۇل يۈزىنى ، كەڭ پېشانىسىنى يورۇتتى . ئۇنىڭ توم ، كۆتمەك قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى تورۇسقا تىكىلگەنىدى .

بەزى سەھەر ۋە ئاخشاملاردا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۇيقۇسىدىن مەھرۇم قالغان ئېلاخۇننىڭ قوغۇنلۇق كەپىسىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان بۇ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا مۇشۇنداق ئوڭدا ياتقىنىچە قانچە قېتىم ۋە قانچە ئۇزاق تىكىلگەنلىكى نامەلۇم . ئىشقىلىپ ئادەمنىڭ يوتىسىدەك ئۇجمە ياغىچىدىن قىلىنغان تۈۋرۈك بىلەن تىرەلگەن ئەگرى - دوقاي جىگدە لىمى ، لىم ئۈستىگە شالاڭ ياتقۇزۇلغان بادىرىلارنىڭ سانى ئۇنىڭغا يادا بولۇپ كەتكەنىدى . ئۆگزىنىڭ تېشىلىپ كەتكەن يېرىدىن بورا چۈۋۈقلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى . كاكۇلىسى چۈشۈپ كەتكەن تامدا يامغۇر سۈيىنىڭ يالىشىدىن پەيدا بولغان يول - يول ئېرىقلار كۆرۈنۈپ

تۇراتتى .

ئېلاخۇن ئاشۇ غەلىتە كۆرۈنۈشلەردىن بىرەر كارامەت كۆرگەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە ، ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىنىپ ، ئىشىك تۈۋىگە ماڭدى . ئۇ ، تەكچىدىن يوغان بىلەيتاشنى تېپىپ كېلىپ ، پەگاھتا تامغا يۆلەكلىك تۇرغان پالتىسىنى ئالغىنىچە شارتىلدىتىپ بىلەشكە باشلىدى .

ھە ، ماڭا كىمنىڭ يامان كۆزى تېكىلگەنلىكىنى بىلىۋالدىم ، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە تۈنۈگۈن كىمدۇر بىرىدىن دادۇي سېكرېتارىنىڭ ئۆي سېلىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقانلىقى ۋە بۇ ئۆينى ئۆزىگە ئەمەس ، باشقا بىر كىمگە تەييارلاۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپ ، «ئۆزىنى پەردازلىغىنىنى قارىمامدىغان ، پاختەك دوم بولۇپ ئۇچۇۋىدى ‹ئۇ ئاپەتلىك يىللارنى شۇنداق ئاتايتتى› ، كوممۇنىستلارمۇ نەپسىگە چوغ تارتىدىغان بولۇپ كەتتى . ھېلىغۇ كوممۇنىستلارنىڭ سېكرېتارىكەن ، ئەۋلىياسىنىڭمۇ قولى ئىچىگە ئېگىلمەيدىغىنى يوق . ئاچچىق ساۋاق تېخى يادىمدىن چىقمىدى !» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى .

ئېلاخۇن پالتىنى بىلەيتاشقا كۈچ بىلەن سۈركەۋېتىپ ، يەتتە يىل بۇرۇنقى بىر ئىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

ئاشۇ كۈنلەردە سېكرېتارىنىڭ يېڭى مەھەللىگە ئايىۋانلىق ئۆي سالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر پۇر كەتتى . دېمىسىمۇ ھەرە ، پالتا بىلەن قوراللانغان بىر بۆلەك كىشىلەر ئەترەتنىڭ مۇداپىئە ئورمانلىقىدىن ، باغلاردىن ھەدەپ ياغاچ كېسىشكە باشلىدى . بىرمۇنچە كىشىلەر بىر ـ ئىككى تالدىن ياغاچ «ياردەم» قىلىشتى . غەلىبە مېۋىسى قاتارىدا تەقدىم قىلىپ بېرىلگەن بىر يېرىم ئېغىزلىق ئاددىي ئۆيدىن ئۆزگە ھېچ نەرسىسى بولمىغان ئېلاخۇن سېكرېتارغا نېمىسىنى ياردەم قىلالىسۇن ؟ بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆزلىرىنى سېكرېتار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن دەپ ئاتىۋالغان ئىككى كىشى پەيدا بولۇپ ، كىچىك ئۆيىنىڭ ئىككى تال يارامىلىق

لىمنى سۇغۇرۇۋالماقچى بولدى . لېكىن ، ئېلاخۇن ئۇلارنى ئىككى تال چىشىمنى سۇغۇرۇۋالساڭلار رازىمەنكى ، لىمنى بەرمەيمەن ، دەپ قۇرۇق قول قايتۇردى . ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى . ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ، مەھەللىدىن بىر كۈنلۈك نېرىسىدىكى تاغ ئارىسىغا ئۈچ ئايلىق سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا ئەۋەتىلدى...

ئېلاخۇن ئۆيىنىڭ كەينىگە چىقتى . ئۆي تېمىغا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئۆسكەن يالغۇز تېرەكنىڭ غولىغا پالتا سالاي ، دېۋىدى . ئوتتۇرانچى ئوغلى ئابدۇراخمان كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ، پالتىنىڭ سېپىغا ئېسىلدى :

— دادا ، بۇنى كەسمە ، لىم بولغاندا بىزمۇ ئەركىنىنىڭ ئۆيىدەك ئوبدانراق ئۆي سېلىۋالايلى ، — دېدى ئۇ يالۋۇرغان ئاھاڭدا .

— دادا ، تېرەكنى كەسمىسىڭىزچۇ ، — دېدى كەنجى ئوغلى ، — ئاۋۇ شېخىدا سوپىسوپىياڭنىڭ چاڭگىسى بار .

باللىرىنىڭ سۆزلىرىدىن ئېلاخۇننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالدى . ئۇنىڭمۇ خۇددى باللىرىغا ئوخشاش بۇ تېرەكنى كېسىۋېتىشكە كۆزى قىيمايتتى . قايسىبىر يىللىرى ئېتىزلار سالالاشتۇرۇلغاندا چېقىۋېتىلگەن ئۆيى بۇ يېڭى مەھەللىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەندە تامنىڭ يېنىغىلا قەلەمچە قىلىپ تىكىلگەن بۇ تېرەك كۆز ئالدىدا كەنجى ئوغلى بىلەن تەڭلا ئۆسۈپ چوڭ بولدى . ئوزاقى يىلى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېكىتىپ بېرىلگەن بۇ تېرەكنى يېڭىلىماقچى بولغان ئۆيگە لىم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان . ئۆتكەن يىلى ئۇ ھۆددىگە ئالغان يېرىدىن كىرگەن ئازراق كىرىمى بىلەن ئۆي سېلىۋالماقچىدى . بىراق ، يەنە قۇربى يەتمەي قالدى . ئاخىر ئۈمىدىنى بۇ يىلقى كۈزلۈك يىغىمغا باغلاپ قويدى . ئەمما ، ئۇ بۈگۈن سەھەردە يەنە يامان چۈش كۆرۈپ قالدى...

ئېلاخۇن مەيۈس ھالدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان باللىرىغا بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە



www.uyghurkitap.com

پالتىنى ئېگىز كۆتۈردى... تېرەك قاراسلاپ يەرگە يىقىلدى . باللار يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېچىنىش نەزىرى بىلەن بۇزۇلغان سوپىسوپىياڭ ئۇۋىسىغا ، ئاندىن تېرەكنىڭ كېسىك بېشىدىن كۆز يېشىدەك تەپچىپ چىقىۋاتقان سۇ دانچىلىرىغا قارىدى .

ئېلاخۇن ياغاچنى قانداق ئاپىرىش كويىدا بولۇۋاتقاندا هويلىنىڭ تالدىن توقۇلغان ئىشىكى ئېچىلىپ ، سېكرېتار كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى . ئۇ يەردە ياتقان ياغاچقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن سۆز باشلىدى :

— ئېلاخۇن ، نېمە قىلغىنىڭ بۇ ، بىز هەممىنى تەق قىلىپ قويغان . ئىش بېشىدا تۇرۇپلا بەرسەڭ بولاتتىغۇ !

ئېلاخۇن ، قارا ئۇنى ، ياغاچ سۆيلەپ كەلگەن تۇرۇقلۇق قەستەنگە خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىنى دېگەنلەرنى ئويلىدى ، ئۇنىڭغا قۇرۇق تەكەللۇپ قىلدى :

— سېكرېتار ، ياغاچنى هازىرلا ئاپىرىپ بەرمەكچىدىم ، خوش ، ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىنى بولسىمۇ كۆرۈپ كەتسىلە .

— ئۇكا ، بوسۇغاڭلا ئەمەس ، ئۆيۈڭنىڭ قانداقلىقىمۇ ماڭا ناهايىتى ئېنىق ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتايلى ، قېنى ، كىچىك بېشىنى مۇرەڭگە ئال !

— بۇ... بۇ ... ئۆزۈملا ئاپىرىپ بېرەتتىم .

— قېنى ، بىر ياردەم قىلىۋەت ئۇكا .

ياغاچنىڭ چوڭ بېشىنى سېكرېتار ، كىچىك بېشىنى ئېلاخۇن كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىقىشتى . ئەتىگەنلىك چېيىنىمۇ ئىچىشكە ئۈلگۈرمىگەن باللار خۇددى جىنازا كەينىدىن ئەگەشكەندەك ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىشاتتى .

سېكرېتارنىڭ ئۆيى مەهەللىنىڭ چېتىدىكى دەرەخلىكتە ئىدى . ئۇلار هە ـ هۇ دېيىشىپ بىر چۆگۈن سۇ قاينىغۇچىلىك پۇرسەتتە سېكرېتارنىڭ ئۆيى ئالدىغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، ياغاچنى تەڭلا مۈرىسىدىن ئىرغىتىشتى . بۇ يەردە ئەترەت كادىرلىرى ، ئەهلى ـ مەهەللىلىكلەر بولۇپ بىرنەچچە كىشى ئۆز هۈنىرىنى نامايىش

قىلىشىپ، ئۆي سېلىشقا تۇتۇش قىلىشۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى سېغىز چەيلەپ لاي پىشۇرۇشسا، بەزىسى كېسەك توشۇپ، تام قوپۇرۇشۇۋاتاتتى. سېكرېتار بىلەن ئىبلاخۇننىڭ ياغاچ كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بۇ كىشىلەر بىر ـ بىرىگە كۆز قىسىشىۋالدى ـ دە، ئىشلىرىنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— قاراپ باقە ئىبلاخۇنكا، بۇ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينىڭ پىلانلىنىشى ساڭا يارامدۇ؟ ئىشىكنى كۈنچىقىشقا قىلماقچىمىز. كاۋا ـ قاپاقلىرىڭ ياخشى ئاينىيدۇ، سېنىڭچە قانداق؟ — سورىدى بىر ياش يىگىت.

— ئىبلاخۇن ئۆزىگە قارىتىپ قويۇلغان بۇ سوئاللاردىن گاڭگىراپ قالدى، ئەجەبا سېلىنىدىغان بۇ ئۆي سېكرېتارغا تەئەللۇق ئەمەسمىدى. نېمىشقا ئۇلار مەندىن بۇنداق سوئاللارنى سورايدىغاندۇ!

سېكرېتار ئىبلاخۇننىڭ ھەيران قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دېدى:

— ئىبلاخۇن، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەي، كونا خامانني يەنە سورۇپ ئولتۇرمايلى، بۇرۇنقى سەۋەنلىكىمنى سېنىڭ ئالدىڭدا بوينۇمغا ئالىمەن. باللىرىڭ ئۇششاق، قىيىنچىلىقىڭنى ئويلاپ بۇ ئۆينى ساڭا ئاتاپ سېلىۋاتىمىز، مەيلى، سەن ئېپكەلگەن ياغاچنى بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىگە لىم قىلايلى، بىز سېنى ئاۋارە قىلمايلى دەپ بۇ ئىشنى سېنىڭ سەمىڭگە سالمايلا باشلىۋەتتۇق. قانداق، بوپتۇمۇ؟

— رەھمەت، رەھمەت، ياغاچ ـ تاشنىڭ، ئەمگەكنىڭ ھەققىنى...

— خاتىرجەم بول، باللىرىڭ بىلەن بۇ ئۆيگە ئوبدانراق جايلىشىۋالساڭ، بىز شۇنىڭدىن خۇش.

— راست ـ راست، ئىبلاخۇن ئاكا، تېخىچە ئىشەنمەيۋاتامسەن، جۆرە قوپۇرغان تاملىرىمىزنى كۆرۈپ باق. ساڭا يارامدۇ ـ

يارىمامدۇ ! — دېيىشتى بىرقانچە ياشلار ئىبلاخۇننىڭ بىلىكىدىن تارتىپ تۇرۇپ .

ئىبلاخۇن سېكرېتارنىڭ ، كۆپچىلىكنىڭ مېھرىبانلىقىدىن ھاياجانلاندى . شۇ تاپتا ئۇ كوممۇنىستنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئوچۇق كۆرگەندى . ئىبلاخۇن ئەسلىدىن كەم سۆز ئادەم ئىدى . شۇ تاپتىمۇ ئۇ ئارتۇقچە سۆز قىلالمىدى . بىراق ، چىرايىدىن سۆيۈنۈش ، ھاياجان ۋە ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى .

1982 ـ يىلى دېكابىر .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سايلام

ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈر باسقۇچلىرىدىن بىرى بولغان جامائەت رايىنى سىناش توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات بېرىلگەندىن كېيىن ، كىشىلەر نازارەتچى خادىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالىقانچىلىك جەدۋەلدىن بىردىن ئېلىشتى ـ دە ، يەنە ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى .

ھايال ئۆتمەي قەلەملەر شىتىرلاشقا ، قەغەزلەر قاتلىنىشقا باشلىدى . بەزىلەر تولدۇرۇلغان جەدۋەللىرىنى نازارەتچىگە تاپشۇرۇۋېتىپ ، خالىغان ئىشلىرىغا تۇتۇندى .

بىراق ، دېرىزە ئالدىدىكى ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئىككى بېشىدىن ئورۇن ئېلىشقان ئىككى كىشى سىنىپ كۆچۈش ئىمتىھانىدا قىيىن سوئالغا دۇچ كەلگەن ئوقۇغۇچىدەك مۇشتۇمى بىلەن بېشىنى تىرىگىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى .

ئۇلارنىڭ بىرى مۇئاۋىن مۇدىر ئابدۇكېرەم ئىدى . ئۇنىڭ تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ يانتۇ تەرىپىدەك قىيپاش قاشلىرى ئاستىدىكى قىيسىق كۆزلىرى ئالدىغا يېيىلغان جەدۋەلدىكى «مۇدىر» دېگەن كاتەكچىگە مىختەك قادالغان ، چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەڭ سېھىرلىك ، جەلپ قىلىش كۈچىگە باي بولغان بۇ ئەمەل كونا مۇدىرنىڭ پېنسىيىگە چىقىپ كېتىشى سەۋەبلىك تا ھازىرغىچە بوش تۇراتتى . ئۇ بۇ بوشلۇقنىڭ ئىسلاھات داۋامىدا تولدۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىيۇ ، جامائەت رايىنىڭ ھېسابقا ئېلىنىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى .

«ماڭا زادى قانچە كىشى ئاۋاز بېرەر ؟ — دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئىشخانىغا قاراشلىق ئون نەچچە كىشىنى كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر

ئۆتكۈزۈپ ، — ھېچبولمىغاندا يېرىم سان ، ياق تۆتتىن بىرى ، ياق··· » ئۇنىڭ خىيالى ئاخىرىدا يۆتكىلىپ كەلگىنىگە ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان داۋۇت ئۈستىدە توختىدى . بىراق ، تېخى يېقىندا ئۆزى ئۇنىڭ ئۆي مەسىلىسى توغرىسىدىكى پرىنسىپسىز تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلغان ئەمەسمىدى ؟

يېشىش قىيىن بولغان بۇ تەڭلىمە ئۈستىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرغان قىياپەتتە ئولتۇرغان يەنە بىر كىشى داۋۇت ئىدى ، ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن زېھنىنى سەرپ قىلىۋېتىپ بارماقلىرى ئارىسىدىن تاشلانغان نەزىرى توساتتىن ئابدۇكېرەمنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىغا چۈشۈپ قالدى . داۋۇت يوتىسىغا يېنىككىنە بىرنى شاپىلاقلاپ قويۇپ تاماكا ئىسى بىلەن قارىداپ كەتكەن بارماقلىرى ئارىسىغا قەلىمىنى قىستۇرغىنىچە ئابدۇكېرەمنىڭ ئالدىغا سۈرۈلۈپ ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ پىچىرلىدى :

— ئا جۇرېن ، قول ئاستىلىرىغا ئۆتكىنىمدىن بېرى سىلىنى ئا جۇرېن ، ئا جۇرېن دەپلا يۈرۈپتىمەن ، ئۇلار نامزاتلارنى تولۇق ئىسمى بىلەن يېزىڭلار دەۋاتىدۇ . شۇڭا···

— تولۇق ئىسمىم···

ئابدۇكېرەم تولۇق ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن داۋۇتنىڭ جەدۋەلگە كۆز قىرىنى سېلىۋىدى ، پارقىراپ تۇرغان قەلەم ئۇچىنىڭ «مۇدىر» دېگەن كاتەكچىگە توغرىلانغانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىن يورۇپ ، مۇشۇنداق جىددىي مىنۇتلاردا ئۆزىنى كۆكرەك كېرىپ ياقلاپ چىققان شەخسىيەتسىز ئەزىمەتنى قايتىدىن تونۇپ قويماقچى بولغاندەك داۋۇتنىڭ چىرايىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ قارىۋالدى···

ئارىدىن بىر سوتكا ئۆتتى . چۈشتىن باشلاپ تاكى ئىشتىن چۈشكۈچە داۋام قىلغان ئىشخانا يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە داۋۇتنىڭ تەلىپى ھەل قىلىندى . ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئۆزگىلەرنىڭ ئىشى ئۈچۈن «جان كۆيدۈرىدىغان» مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ پاسكىنىچىلىقتىن

قورقماي شەخسەن ئۆزىنىڭ چوتكا تۇتۇشى ئارقىلىق ئاقارتىلىپ ، سەرەمجانلاشتۇرۇلدى .

ئەمما ، جامائەت رايى سىنىلىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېچىلغان بىر چوڭ يىغىندا كىشىلەر ئابدۇكېرەمنىڭ چىرايىنىڭ ھاكلانغان تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشتى . يىغىندىن كېيىنكى ئىشەنچلىك پاراڭلاردىن ۋە مەخپىيەتچىلىك قارىشى تۆۋەنرەك بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا ، بىرمۇ كىشى ئۇنىڭ مۇدىر بولۇشىنى قوللاپ ئاۋاز بەرمەپتىكەنمىش...

1984 ـ يىلى مارت .



www.uyghurkitap.com

# بۇمۇ بىر ھېكايە

كەچلىك غىزادىن كېيىن قولۇمنى كىتابقا ئۇزىتاي دەپ تۇراتتىم، ئىشىك چېكىلىپ قالدى. كارىۋاتتىن چۈشۈپ، پۇتۇمغا ئاياغنى سېپىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرسام، قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن قوشنىمىز غوپۇرنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپلا قۇلاقچىسىنىڭ يىپى باغلانمىغان قۇلاقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— باللار بۈگۈن تېلېۋىزوردا ناخشا-ئۇسسۇل بار ئىكەن دېيىشىۋاتىدىغۇ؟ ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن! — ئۇ جاۋاب كۈتمەيلا، ئىشىكنى ئاۋازسىز يېپىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

بىزنىڭ خېلى چوڭ ھېسابلىنىدىغان بۇ ھويلىمىزدا ئون نەچچە ئۆيلۈك كىشى ياشايتتۇق، ھويلىغا يېڭى كۆچۈپ كەلگىنىمىزگە قارىماي، قوشنىلىرىمنىڭ بىرقانچىسى بىلەن ئانچە-مۇنچە تونۇشۇپمۇ ئالدىم. بولۇپمۇ، مېنىڭ چوڭ دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزورۇمنىڭ بولغانلىقى بۇ ھويلىدا يېڭىلىق ھېسابلانسا كېرەك، ھەر كۈنى كەچتە تەييارلىق مۇزىكىسى بېرىلىشكە باشلانغاندىلا ئۈچ-تۆت قوشنام ئۆيگە دۈپۈرلىشىپ كىرەتتى-دە، تۆردىن ئورۇن ئېلىشاتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ مېنى ئۆز بىلىۋاتقىنىغا ئىچىمدە خۇشال بولۇپ چاي قۇياتتىم، گازىر-پۇرچاق تەڭلەپ ئىلتىپات كۆرسىتەتتىم.

قوشنام غوپۇرنىڭ باياتىنقى قىسقىغىنا سۆزىمۇ مېنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. راستتىن دېگەندەك ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا دائىملىق مېھمانلىرىم

www.uyghurkitap.com

تەكەللۇپسىز كىرىپ كېلىشىپ، تېگىشلىك جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

— قېنى ئەپەندىم، تېلېۋىزورىڭىزنى بىر ئېچىۋېتىڭا، — دېدى غوپۇر ئالدى بىلەن سۆز باشلاپ، سائىتىمگە قارىسام ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. مەن ئىلاجىسىز كۆرۈۋاتقان كىتابىمنىڭ ئارىسىغا بىر تال تاماكا قەغىزىنى قىستۇرۇپ قويدۇم ـ دە، تېلېۋىزورنى ئاچتىم. ئېكراندا ئېلانچىك پەيدا بولۇپ نۆۋەتتىكى نومۇرنى مەلۇم قىلىشى بىلەن تەڭلا، لەرزان مۇزىكا ساداسى ئۆينى بىر ئالدى. ھەر خىل سازلارنى تەڭكەش قىلىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان ئوركىستىر ئېكراندىن ئاستا ـ ئاستا سۇرۇلۇپ بىر ناخشىچىغا ئورۇن بەردى. يۈرەكنى تىترەتكۈدەك ياڭراۋاتقان ئەرچە يالغۇز ناخشا قوشنىلىرىمغا ھەقىقەتەن ياراپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇلار قىمىر قىلىپمۇ قويماستىن ئاڭلىشاتتى.

— ئەپەندىم، ئاۋازنى پەسەيتىۋەتسىڭىز قانداق؟

ھويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان قوشنام داۋۇت ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. مەنمۇ قوشنىلىرىمنى خۇشال قىلىمەن دەپ ئاۋازنى بەك چوڭ قويۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى ئاغرىتىۋەتكىنىمدىن سەل ـ پەل خىجىل بولدۇم ـ دە، ئاۋازنى پەسەيتتىم.

— يەنە پەسرەك!

مېھمانىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداي دېسەم، ئاۋازسىز سۈرەت كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى، ئورۇندىماي دېسەم... ئىككىلىنىۋاتقىنىمنى كۆرگەن داۋۇت ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، ئاۋاز بۇرىغۇچنى ئەڭ كىچىك شكالىغا تولغاپ قويدى. مەن بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشكە باشلىدىم.

— توختاپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە مانا مۇشۇ ئارتىسنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەي، — دېدى داۋۇت تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئېلىپ ئۈزدىكلەرگە ھاياجان بىلەن، — بۇ ئارتىسنى مەن تونۇيمەن، تونۇيمەنلا ئەمەس، خېلى كۆپ كۆرگەنمەن. ئۇ

شۇنچىلىك ھاكاۋۇر نېمىكى، ئۇچرىغان ئادەمگە سالام قىلىپمۇ قويمايدۇ. كوچىلاردا قانداق ماڭىدىغانلىقىنى دېمەمسىلەر، خۇددى بىر يەرنىڭ گېنېرالىدەك. بىر كۈنى قارىسام تاماكىسىنى پىنەكچىلەپ تۆت غېرىچ يۆگىۋاپتۇ، تۇتۇنىنى تېخى جاۋغىيىدىن پۇركەۋاتامدۇ؟!

— جاۋغىيىدىن پۇركەيدۇ دەيدۇ يا، ئۇدۇل ئاسمانغا قارىتىپ پۇۋلەيدۇ، — داۋۇتنىڭ گېپىنى تارتىۋالغان غوپۇر ناخشا ئېيتىۋاتقان ئارتىسنى دوراپ بېرىش ئۈچۈن ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ناخشا تۈگەپ، ئېكراندا ئېلانچىك پەيدا بولغاندا قوشنىلىرىم قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىم بولۇپ دەرھال ئېكرانغا ئالدىنى قىلىشتى.

بۇ قېتىمقى نومۇر — لەپەر ئىدى. بىر جۈپ ياش ئارتىس ۋە ئارتىسكا ئۆزلىرىنىڭ چاققان ئۇسسۇللىرى بىلەن تېز - تېز ناخشىلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە سۆز تاشلىشىپ سەھنىدە پىرقىرىماقتا ئىدى. قىسقىغىنا جىمجىتلىقتىن كېيىن غوپۇر يەنە سۆز باشلىدى:

— ياپىرىم، ئارتىس دېگەننى سەھنىدىلا كۆرسە بولغۇدەك، ئەنە ئاۋۇ كىشىنى ھېچقايسىڭلارمۇ بىلمەيسىلەر، بۇنى ئادەتتە كۆرۈپ قالساڭلارمۇ ئارتىس ئىكەنلىكىگە ئەسلا ئىشەنمەيسىلەر. بۇ مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق. ئاتا - ئانىسى بۇرۇن كەمبەغەلنىڭ كەمبەغىلى ئىدى، بۇنىسىمۇ شۇلارنى دورىغان. ئادەتتە كۆرسەڭلار ياغلىشىپ كەتكەن شەپكىسى قازان تۇتقۇچقا، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى بولسا دەسمالغا ئوخشايدۇ.

غوپۇرنىڭ سۆزىنى داۋۇت تارتىۋالدى:

— ئۇنى مەنمۇ تونۇيمەن. تونۇيمەنلا ئەمەس يېقىندىن كۆرگەن. نەدە دەيسىلەر؟ ھېلىقى خەلىچخان زاسۇيپەزنىڭ غالتىكى ئالدىدا!

— ھا... ھا... ھا...



www.uyghurkitap.com

يەنە نومۇر ئالماشتى ، يېڭى ئاي شەكىللىك دائىرە تۈزگەن سازەندىلەر ئومۇم مۇزىكا ئورۇنداشقا باشلىدى . غوپۇر تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك سۆز باشلىدى :

— مانا... مانا ... مانا ... مەن ئاۋۇ سۇنايچىنى تونۇيدىكەنمەن ، ئۇ ئۆز ئابرۇيىنى ساقلاشنى بىلمەيدىغانلا بىر ئادەم . ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى خاڭدىكى تويغا باردىڭلارغۇ دەيمەن ، ئەنە شۇ سۇنايچى قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپى ئۈستىدىلا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ، سۇناي چالغىلى تۇرۇپتۇ . ئىككى قوۋۇزى ئېسىلىپ ، ئىككى چىلگىدەك بولۇپ كېتىپتۇ ، پوكانىدەك قىزىرىپتۇ . ئۈستىۋېشى چاڭ - توزان...

ئۇنىڭ ئاۋازى بوك - بوك چىقاتتى . تازا قىزىپ سۆزلەۋاتقاندا قۇلاقچىسىنىڭ قۇلاقلىرى ئۇيان - بۇيان سىلكىنىپ گاھ تېگىشەتتى ، گاھ ئىككى تەرەپكە سالپىياتتى .

يېرىم سائەتلىك سەنئەت نومۇرى ئەنە شۇ تەرىقىدە ئاخىرلاشتى . قايسىبىر ئارتىس ئېكراندا كۆرۈنگەندە ، غوپۇر مەندىن : «ئەپەندىم ، سىلى ھېچقايسىسىنى تونۇيمايدىغان ئوخشىمامدىلا ؟ » دەپ سوراپمۇ قويدى .

شۇ ئاخشىمى مېنىڭ كۆڭلۈم بۆلەكچىلا غەش بولۇپ كەتتى . غەشلىكىمنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئېنىق بىلمەيمەن . ئىشقىلىپ شۇنداق قارارغا كېلىپ قويدۇمكى ، ئەتىدىن باشلاپ ھېلىقى قوشنىلىرىمنى بوسۇغامغا دەسسەتمەيمەن . ئۇلار مەندىن رەنجىسە رەنجىۋەرسۇن .

1982 - يىلى ئىيۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياقۇت كۆزلۈك ھالقا

يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش تىكلىنەي دەپ قالغان چاغ، چىرايلىق قىزغۇچ سومكىسىنى مۈرىسىگە ئارتىۋالغان ئازادگۈل يەكشەنبىلىك سودا ـ سېتىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراپ قەدەم تاشلاۋاتقان ۋە بازار قىزىقچىلىقلىرىنى تاماشا قىلىپ ئېرەنسىز كېتىۋاتقان كىشىلەر ئېقىمى ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. چوكانلىق چاغلىرىنىڭ سۈبھى پەسلىدە تۇرغان بۇ چوكاننىڭ كېلىشكەن قەددىنى يىكتەك تۇتۇپ، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن مېڭىشلىرى كىشىگە تەمكىنلىك بىلەن بەخىرامانلىق تۇيغۇسىنى بېرەتتى. مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ بۇدۇر قىلدۇرۇۋالغان سارغۇچ، ئەمما پارقىراق چاچلىرى بىر خىل رىتىم بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ـ چۈشۈپ تۇراتتى.

ئازادگۈل شۇ مېڭىشىدا شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەرلىكلەرلا ئەمەس، بەلكى بۇ شەھەرنى بىلىدىغانلارمۇ توخۇ سۈتىدىن ئۆزگە ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ چوقۇنىدىغان بۇ ماگىزىنغا كىرىپ ـ چىقىدىغانلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. ماگىزىننىڭ پۈتبول ۋارىتاسىدىنمۇ كەڭرەك ئىككى ئىشكى شۇنچىلىك قىستا ـ قىستاڭ ئىدىكى، ئۆرە تۇرغۇچىلىك ماغدۇرى بولغان بىرەر توكۇر ئادەم توپ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇۋالدىمۇ، چۈمۈلىچىلىك كۈچ چىقارمايلا ماگىزىنغا كىرىپ كېتەلەيتتى. بىزنىڭ ئازادگۈل توكۇرلارنى يۇدۇپ نەلەرگە ئاپىرىپ كەلگۈدەك بىچەرىملاردىن ئىدى. ئۇ مۈرىسىنى ئىككى قېتىم ئىرغىتىپلا

يوچۇق ئېچىپ ئىككى قولى بىلەن قىممەتلىك ئالتۇن ھالقىسىنى سىقىمدىغىنىچە توپ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇۋىدى، بىردەمدە ماگىزىننىڭ ئىچىدە ئۆزىنى كۆردى. 1 - قەۋەتتىكى رەڭمۇرەڭ گەزلىملەر ئۇنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتالمىدى. يېڭى پاسوندىكى ئۆي جاھازلىرىمۇ، گۈلزارلاردا ئېچىلىپ تۇرغان چېچەكلەردەك رەڭ تالىشىپ تۇرغان سۇنئىي گۈللەرمۇ ئۇنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتالمىدى. ئۇ تونۇگۇن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان يۆنىلىش بويىچە مېغىزرەڭ تۇپلىيىنىڭ پاشنىسى بىلەن مەرمەر پەلەمپەيگە توكۇلدىتىپ دەسسىگەن پېتى 2 - قەۋەتكە چىقىپ، مىللىي بۇيۇملار پوكەيىگە كەلدى.

«پاھ، قوشنا ئاياللارنىڭ دېگىنى راست ئىكەن - دە! ئالتۇن ئۈزۈكلەر تېخى سېتىلىپ بولماپتۇ!» ئازادگۈل ئاچ ئادەم ئاشقا ئېتىلغاندەك پەشتاختىغا ئېڭىشتى.

ئاغزى ئېچىقلىق چىرايلىق قۇتىلاردا تۇرغان ئالتۇن ئۈزۈكلەر ۋە ئۈزۈكتىكى قىپقىزىل ياقۇتلارغا كۆزى چۈشكەندە، ئازادگۈلنىڭ چىرايلىق يۈزى گۈلدەك ئېچىلىپ، كۆز قارىچۇقىدىن بولسا ئالتۇن ياكى جىلۋىدار ياقۇتنىڭ جۇلالىسىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل نۇر چاقناپ كەتتى.

كېچىدىن بېرى ئەنە شۇ قوش كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ئىشتىياقىدا تاڭ ئېتىشنى كۈتۈپ قانچىلىك ھاياجانلانغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. تونۇگۇن ئۇ مەھەللىدىكى قوشنىلىرىنىڭ ئۈزۈك توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى ئاڭلاپ ئۈزۈندىن بېرى يىغىپ كەلگەن پۇللىرىنى جەملىگىنىدە، كەملىگەن پۇل ئۈچۈن يولدىشىنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكىنىدە قانچىلىك خۇشال بولغان ئىدى - ھە؟ ئۇ چاغدا ئازادگۈل قوش كۆزلۈك ئۈزۈكتىن بىرنى سېتىۋېلىپ بارماقلىرىغا سېلىپ بىرەر سورۇنغا قاتنىشىۋالسىلا، ھېچ نەرسىگە ھەۋەس قىلمايدىغانلىقىغا ئۆز - ئۆزىگە قەسەم بەرگەنىدى.

— ماۋۇ قوش كۆزلۈك ئۈزۈك قانچە پۇل؟ — سورىدى ئۇ

مال سانقۇچىدىن .

— ...

ئازادگۈل ئۈزۈكنىڭ باھاسىنى ئاڭلاپ پۇل چىقىرىشقا تەييار تۇرغان قولىنى دەرھال سومكىسىدىن تارتىۋالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئاڭلىۋالغان باھا بويىچە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك بىلەن يىغىپ كەلگەن پۇلى ئۈزۈك باھاسىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىگە ئاران چىقىشاتتى . ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي كۆزلىرىنى يۇمۇۋىدى ، ئۆز ئېرىگە قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بىر ھالدا يېقىنچىلىق قىلىدىغان ھېلىقى قوشنا چوكانىنىڭ ئىككى بارمىقى ئۈستىدىكى يالتىراپ تۇرغان قوش چېكىتلەر كۆز ئالدىدىن غىل - پال قىلىپ ئۆتۈپ قالدى . ئازادگۈل ھېلىغىچە ئالتۇن ئۈزۈك ئەمەس ، مىس ئۈزۈكمۇ سېلىپ باقمىغان بارماقلىرىنى كۆز ئالدىغا يېقىن ئەكېلىپ ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى - دە ، سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتقىنىچە پەلەمپەي بىلەن ئاستا پەسكە چۈشتى .

ئۇ سومكىسىنى مۇرىسىگە تاشلاپ ، ھازىرچە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قىممەت باھالىق بۇيۇمى ھېسابلىنىدىغان ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسىنى قۇلاقلىرى بىلەن قوشۇپ قاماللاپ ماگىزىندىن چىقىۋىدى ، كۆزى سۈت رەڭ بولكىۋاي ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ قانداقتۇر بىر قىزىقچىلىققا داخىل بولۇۋاتقان كىشىلەر توپىغا چۈشتى . ئۇ پەلەمپەيدە تۇرۇپ توپ ئارىسىغا مۇنداقچىلا قارىۋىدى ، كىشىلەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن پارقىراپ تۇرغان ساپسېرىق بۇدۇر چاچلارنى كۆردى ، ئەنە شۇ چاچلار ئۇنىڭ قەدىمىنى توپ تەرەپكە سۆرەپ كەتتى .

ئازادگۈل ھېلىقى سېرىق چاچلىقلارغا قاراپ قىستىلىشىپ تۇرغان تۆت - بەش ئەركەكنى ئۇيان - بۇيان ئىتتىرىپ يۇرۇپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتىۋالدى . چىرايلىق چوكانلارنىڭ بەزى يولسىزلىقلىرىمۇ ئۇلارنىڭ چىرايلىقلىقى ئۈچۈنلا ئەركەكلەر تەرىپىدىن ئەپۇ قىلىنسا كېرەك ، ئەركەكلەر ئۇنىڭغا ئالىيىشقىمۇ


جۇرئەت قىلالمىدى بولغاي ، چوكاننىڭ قوپال قىلىقلىرىغا سۈكۈت ساقلاشتى ، ھەتتا ئۆزلۈكىدىن يولنى بوشاتتى .

توپ ئارىسىدا قورشىلىپ تۇرغانلار ئۈچ - تۆت ئەر - ئايال چەت ئەللىكلەر ئىدى . ئۇلار يېقىنلا بىر يەردىكى پائالىيىتىنى ئەمدىلا تۈگەتكەن بولسا كېرەك ، بەزىلىرى ماشىنىغا چىقىپ لاقا - لۇقىلىرىنى جايلاشتۇرۇۋاتاتتى ، بەزىلىرى فوتو ئاپپارات ۋە قول سومكىلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ئۆزلىرىنى ئۇزاتقۇچى (ئۇلار شۇنداق دەپ چۈشەنگەن بولسا ) كىشىلەرگە قول ئىشارىسى قىلاتتى . ئۇزاتقۇچىلار سىپىدىن ھەش - پەش دېگۈچە بىر - ئىككى قەدەم ئالدىغا سىلجىپ ئۇلگۈرگەن ئازادگۈل مېھمانلارنىڭ تەقى - تۇرقىغا ئىككى - ئۈچ قېتىم سەپسېلىپ چىقتىيۇ ، ئۇلارنىڭ پۇزۇر كىيىن- مىگىنىنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدى . قېلىن رېزىنكە چەملىك ئاياغ ، ئادەتتىكى رەختتىن تىكىلگەن تار ئىشتان ، خەسە چىت كۆڭلەك... ئازادگۈل بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باھاسىنى ئۆز ئىچىدە يىگىرمە يۈەنگە سۇندۇردى .

«قوشنا ئاياللار چەت ئەللىكلەرنى بەكمۇ باي كېلىدۇ ، دەيتتى . ئۇلارنىڭ بايلىقى... » ئۇ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ، ئېگىز بويلۇق ، قاڭشارلىق 45 ياشلار چامىسىدىكى بىر خانىم تومپىيىپ تۇرغان سومكىسىدىن ئەپچىلگىنە بىر فوتو ئاپپاراتنى چىقاردى - دە ، ئازادگۈلگە توغرىلىدى . بۇ خانىم ئازادگۈلنىڭ بەكمۇ تەبىئىي تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ بەرگىنىگە خۇشال بولغان بولسا كېرەك ، ئاپپاراتنى كەينى - كەينىدىن چېكىلدىتىشقا باشلىدى . بىراق ، ئاپپاراتنىڭ چېكىلداشلىرى بىلەن ئازادگۈلنىڭ بىرمۇ چاتىقى يوق ئىدى . ئۇ بۇ چەت ئەللىك خانىمنىڭ بارلىق مال - دۇنياسىنىڭ ھېلىقى تومپىيىپ تۇرغان سومكىسىدا ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەشتۈرۈپ كۆزىنى ئاشۇ سومكىغا قادىغانىدى .

چەت ئەللىك خانىم بىر پىلىيونكىنىڭ يېرىمىنى تۈگەتكۈچە

www.uyghurkitap.com



ئەدەپ ساقلاپ تۇرۇپ بەرگەن بۇ جۇڭگولۇق چوكاندىن تەسىرلىنىپ ئۇنى ئەركىلىتىپ قويماقچى بولدىمۇ، ئىشقىلىپ ئىككى قەدەم چامداپ ئازادگۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۆزىگە ۋە سومكىسىغا تىكىلىپ تۇرغان ئازادگۇلنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئازادگۇل بۇ چەت ئەللىكنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە ئۇقمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆتكەن يىلى ياقۇت كۆزلۈك ھالقىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېرىگە مەسلىھەت سالغان چاغدىكى كۆلۈمسىرەش ئارىدىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ چىرايىدا قايتا جىلۋە قىلماقتا ئىدى.

چەت ئەللىك خانىم ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغان ھەمراھلىرىغا بۇرۇلۇپ كۆلۈپ قويدى ـ دە، ئازادگۇلنىڭ ئاقپىشماق ـ يۇمىلاق يۈزىگە نۇر قېتىپ جۇلالىنىپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسىنى سىلاپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېدى:

— …

ئازادگۇل ھەرەمنى كۆرسەتكەندەك قىلىپ بىگىز قولىنى نەلەرگىدۇر چىنەپ تۇرۇپ ئۆز تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ ھەرەمنىڭ ياقۇتى، ئالتۇنمۇ جىڭ… — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ھالقىسىنىڭ قىممىتىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئېچىلغان ئالىقانلىرىنى ئىككى قېتىم جۇپلىدى…

چەت ئەللىك خانىم ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى، ھالقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەنە بىرنېمىلەرنى دېدى.

ئازادگۇل چەت ئەلچە گەپنى ۋە خانىمنىڭ ئىشارىتىنى نېمە دەپ چۈشەنگەنلىكىنى ئۇقمايمىز، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىز بىر پىكىر كىرىپ كەلدى. قوشنىلار … دەۋاتاتتىغۇ؟ دەپ ئويلىدى. ھالقىسىنى قۇلىقىدىن شىرتلا قىلىپ چىقىرىپ چەت ئەللىك خانىمغا ئىككى قوللاپ تۇتتى. چەت ئەللىك خانىم ھالقىنى ئېلىپ ئالىقىنىغا قويۇپ بىگىز قولى بىلەن ئاۋۋال ھالقىنى كېيىن ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئازادگۇلمۇ ھالقىنى ۋە چەت ئەللىك خانىمنى

كۆرسىتىدىغان ئىشارەتلەرنى كۆڭلىدىكىدەك تاماملىدى.

چەت ئەللىك خانىم ئازادگۇلنىڭ ئىشارىتىنى نېمە دەپ چۈشەنگەنلىكى بىزگە نامەلۇم، ئەمما ئۇ تەشەككۇر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتنى بەجا كەلتۈرگەچ ھالقىنى سومكىسىغا سېلىپ قويدى ـ دە، سومكىسىدىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر قىزىل قۇتىنى ئېلىپ دوستانە چوكاننىڭ بايامقى ئىشارىتىنى تەكرارلاپ ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

قۇتا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پارقىراق نۇرى ئازادگۇلنىڭ كۆزىگە ھەرەمنىڭ ياقۇتى تارقاتقان نۇردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.

ئازادگۇلنىڭ كۆزى قۇتىدا قالدى، چەت ئەللىك خانىمۇ ھەمراھلىرىنى ساقلىتىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلغاندەك ئالدىراپ ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا ئادەملەر ئارىسىدا كۆك ئىس قالدۇرۇپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

— قاراڭلار، مانا بۇ چوكانغا چەت ئەللىكلەر ئاجايىپ بىر قۇتا بەردى.

— ئامەت دېگەن شۇدە، ئەمدى ھېلىقىدەك ھالقىدىن نەچچىنى سېتىۋالماي...

كىشىلەر گۇررىدە كېلىپ ئازادگۇلنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. سانسىزلىغان كۆزلەر چەت ئەل يېزىقى چۈشۈرۈلگەن نەپىس قۇتىغا تىكىلدى.

ئازادگۇل قۇتىنى مەھكەم تۇتقىنىچە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ خىيالى ئىككى پىكىر ئارىسىدا پەرۋاز قىلاتتى.

— «ئاچايمۇ؟»، «ئاچمايمۇ؟»

قانداقتۇر بىر سېزىم ئۇنىڭغا «ئاچ!» دېگەن بۇيرۇقنى بەردى، ئۇ جامائەتنىڭ ئىچىدىلا قۇتىنى ئېچىپ، ئىچىگە قاراپلا داڭ قېتىپ قالدى. چۈنكى، قۇتىنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە بەكمۇ تونۇش بولغان، تېخى ئالدىنقى كۈنلا بىر دوستى ئۆزىگە سوۋغا

قىلىۋەتكەن لەۋ گىرىمىدىن يەنە بىرى تۇراتتى !

ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلار پىخىلداپ كۈلۈشۈپ ، باشلىرىنى چايقىشىپ ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى .

ھېلىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ، ئازادگۈل شېرىن چۈشلەرنى كۆرگەن بۇ مەيداندا ئەمدى بىر يېگانە ھەيكەل قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ ھەيكەل — بىر قولىدا قانداقتۇر بىر قۇتىنى ، بىر قولىدا بولسا قۇلىقىنى تۇتقان سۈرەتتە ئىدى .

1985 - يىلى مارت .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارىي
www.uyghurkitap.com

# خىسلەتلىك سالام

ياز كۈنلىرىنىڭ مەلۇم بىر يەكشەنبىسى . قۇياش تازا قىيامىغا يېتىپ چىچىلغان چاغ . خىرۇستالدەك سۈزۈك ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق .

زۇلپىقار چالا ـ پۇچۇق ناشتا قىلدى ـ دە ، تالاغا چىقىپ ، ئەتىگەننىڭ ساپ ھاۋاسىدىن كۆكسى تولغۇچە نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، سەككىز ياشلىق سىڭلىسى ئىبادەتنى كەينىگە ئەگەشتۈردى ۋە ئۆيىگە يېقىنلا يەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىغا قاراپ يۈگۈردى .

ئۇ ئۆستەڭ بويىغا كەلدى . ئۆستەڭدە كىچىك ـ كىچىك ئۆركەش ياساپ ، سۆگەت تاللىرى بىلەن سۆيۈشۈپ ئېقىۋاتقان سۈنى يۈزىگە ۋە بېشىغا چىچىپ ، مېڭىسىنى تېخىمۇ سەگىتتى ـ دە ، يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلغىلى تۇردى .

ئىككىيلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە كەكرى ، كاككۇك گۈلى ، پاقا لېشى دېگەندەك ئوت ـ چۆپلەردىن بىر ئەر قۇچاقچە يىغىۋالدى . ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتتە تىنىمسىز سايراۋاتقان تۇمۇچۇق بىلەن بىردەم ئويۇن قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئولجىسىنى قولتۇقلىرىغا قىستۇرۇپ ئۆيىگە قاراپ راۋان بولدى .

زۇلپىقار ئېلىپ كەلگەن ئوت ـ چۆپنى قويغىلى سالقىنراق يەر تاللاپ يۈرگەندە ، ھويلا بۇلۇڭىدىكى كاتەكنىڭ تور سىملىق قاپقىقىنى ئېچىپ ، كاتەككە قاراپ ئولگۈرگەن ئىبادەت ئۇنىڭغا ئىتتىك بۇرۇلۇپ :

— ئاكا ، قارىغىنا ، توشقاننىڭ بىرى يوق تۇرامدۇ ، نېمە ؟ — دېدى جىددىيلەشكەن ھالدا .

زۇلپىقار مۇۋاپىقراق يەر تاپالماي كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئوت ـ چۆپنى تۇرغان يېرىگىلا تاشلىدى ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ كاتەككە بېشىنى تىقتى.

ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئانچە چوڭ بولمىغان توشقان كاتىكىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى چالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. كاتەكتە پەقەت تۈكىگە قىزىل سىياھ سۈرتۈلگەن چىشى توشقانلا دۈگدەرەپ تۇراتتى. كۆك سىياھ سۈركەلگەن ئەركىكى بولسا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

— ئاپلا، — دېدى زۇلپىقار كاتەكتىن بېشىنى چىقىرىپلا، — توشقانلىرىمنىڭ بىرى قېچىپ كېتىپتۇ ـ دە! كاتەكنى چوڭقۇرراق كولىساممۇ بوپتىكەن!

ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىغان ئىبادەتنى بەزلەپ قويدى ـ دە، يىغىسىنى تەسلىكتە بېسىۋېلىپ، توشقاننىڭ قېچىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغانلىكى يەرلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشنى باشلىۋەتتى.

نېرىقى يېزىدىكى نەۋرە ئاكىسىنىڭ قېشىدىن تېخى تۈنۈگۈنلا ئېلىپ كەلگەن بۇ سورتلۇق توشقاننىڭ ئويلىمىغان يەردىن غايىب بولۇپ كېتىشى ئىبادەتنىلا ئەمەس، بەلكى بۇ توشقانلارنى قانداق بېقىش پىلانىنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغان زۇلپىقارنىمۇ خېلى ئوبدانلا خاپا قىلىپ قويدى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر جۈپ توشقان ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تۈنۈگۈنلا پۈتكۈل مەھەللە بالىلىرى ئارىسىغا يېيىۋەتكەن. مەسىلىھەت بويىچە بۈگۈن بالىلار ئاغىنىلىرى چۈشتىن كېيىن بۇ بىر جۈپ توشقاننى كۆرگىلى زۇلپىقارلارنىڭ ئۆيىگە كەلمەكچىدى.

«ئۇلار كەلسە، ئەمدى بىر جۈپ ئەمەس، بەلكى يالغۇزلۇقتىن زېرىككەن، كاتەك تېمىغا چاپلىشىپ سالپايغان بىرلا توشقاننى كۆرىدۇ، زۇلپىقار پوچى دېگەن ئاتنى كۆتۈرەمدۇ ئۇ ئەمدى؟»

زۇلپىقار بىر ھازا كۆزىتىپ يۈرۈپ توشقان قاچقان تۆشۈكنى، يەنى سىم تورلۇق قاپقاقنىڭ يوغان بىر كۆزىنىكىنى تەسلىكتە

تېپىۋالدى ۋە ئۇنى ھېچ ھايالسىز تۇزتىۋەتكەندىن كېيىن، سىڭلىسىغا قاراپ دېدى:

— تەييارلان ئىبادەت، توشقاننىڭ ئىزىنى ئىزدەپ، نەدىن بولسىمۇ تاپمىساق زادى بولمايدۇ، يۈر كەتتۇق!

ئۇلار بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە بولۇپ، ئىز ئىزدەشنى ھويلىدىن باشلىۋەتتى. ھويلىدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلارنى بىرلا ۋارقىراپ كۆزدىن يىراق قىلغاندىن كېيىن، خۇددى يىگىنە ئىزدىگەندەك ئېگىشىپ ھويلىنىڭ سىرتىغا چىقىشتى ۋە ئۇزۇن ماگىمايلا يۇملاق - يۇملاق ئىزلارنى چېلىقتۇرۇشتى.

— بۇ مۇشۇكنىڭ ئىزى، — دېدى ئىبادەت يۇمشاق توپا ئۆرلەپ تۇرغان قىرغا چۈشكەن ئىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

زۇلپىقار سىڭلىسىنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقتى:

— نەدىكىنى مۇشۇكنىڭ ئىزى بولسۇن، مېنىڭ توشقىنىمنىڭ ئىزى، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ باق، مۇشۇك دېگەن شۇنچە يىراققا تاقلىيالامدۇ؟

ئىبادەت ئاكىسى بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمىدى، ئۇ مۇشۇك بىلەن توشقاننىڭ قەدەم ئارىلىقىنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە بىلمىسىمۇ، ئەمما ئاكىسىنىڭ تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن ھودۇقۇپ، ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەن كەيپىياتىنى ھېسابقا ئالمىغانىدى. سەللا زىتىغا تېگىپ قويىدىمۇ، ئاكىسى ئۆزىنى ئاياپ ئولتۇرماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

ئۇلار توشقان قەدىمى بىلەن تەڭ قەدەم تاشلاپ، بۇرنى يەرگە تەگكۇدەك ئېگىشىپ، قىردىن - قىرغا، ئېتىزدىن يولغا ئاتلىدى ۋە شۇ مېڭىشىدا مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىكى تېرەكلىك ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى.

ئۇلار شۇ يەرگە كەلگەندە توشقان ئىزىنى يوقىتىپ قويدى. ئىككى كوچا قوشۇلىدىغان، ئادەم ۋە ئۇلاغ ھارۋىلىرى توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇ يولدا كىچىككىنە توشقان ئىزى كۆمۈلۈپ

كەتمەي قالمايتتى .

زۇلپىقار بىلەن ئىبادەت هويلا ئالدىدىن ئۆتىدىغان بۇ يول ئاغزىنى پۈتۈن بىر دائىرە بويىچە كۆزىتىپ چىقتى . ئاخىرىدا بۇ كۆزىتىشمۇ خالتا كوچىغا كىرىپ قالدى .

دىمەك ، هويلىدىن قىچىپ چىققان توشقاننىڭ تا مۇشۇ يەرگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى قىل سىغمايدىغان ئەمەلىيەت ئىدى ، ئەگەر ئىز تېپىلمايدىكەن ، ئۇنىڭ باشقا تەرەپكە يۆزلەنگەنلىكىنى ياكى مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىشتىن هېچقانداق ئۈمىد يوق ئىدى .

شـۇ چـاغـدا ، زۇلـپـىـقـارنىڭ كۆزى تېرەكلىك هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بەخىرامان سەگىدەپ ئولتۇرغان بىر ئاقساقاللىق بوۋايغا چۈشۈپ قالدى . ئاشۇ بوۋايدىن يوقالغان توشقاننىڭ ئىز ـ دېـرىـكـىـنـى قىلىپ بېقىش شۇ زاماتلا ئۇنىڭ يادىدىن كەچتى . بوۋاينىڭ كۆزى ساق بولسىلا كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن توشقاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى كۆرمەي قالمايدىغانلىقىغا ئۇ شەكسىز ئىشەندى .

— هوي ، بۇ يولدىن بىر ئاق توشقان ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەن ئـادەم بارمۇ ؟ — زۇلپىقار بوۋايدىن تۆت ـ بەش قەدەم يىراقتا تۇرۇپ ، ئالدىرىماي سورىدى .

— ...


بـوۋايـىـنىڭ ئۆزىگە مۇنداقچىلا قاراپ قويۇپ ، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن زۇلپىقار بوۋاينى گاس بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى ۋە ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ :

— هوي بوۋاي ، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن ، بۇ يەردىن بىر ئاق توشقاننىڭ ئۆتكىنىنى كۆردىڭىزمۇ ، يوق ؟

بـوۋايـدىن يەنە سادا كەلمىدى . ئۇ بۇ دورەممۇ زۇلپىقارغا «يالت» قىلىپ كۆز تاشلىۋېلىپ ، قوش قانىتى يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈنۈشنى داۋام قىلىۋەردى .

— ئىبادەت ، بۇ گاس قېرىغا ئاڭلىتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ ۋاقتنى ئۆتكۈزۈپ قويمايلى ، — دېدى زۇلـپىقار تىكلىنەي دەپ

www.uyghurkitap.com



قالغان قوياشقا قاراپ قويۇپ جىددىيلىشىپ .
ئۇلار توشقان ئىزىنى ئىزدەشنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، لېكىن ئىزدىگەن دائىرىسى يەنىلا ئاشۇ يول ئاغزىدىن نېرىغا چىقمىدى . يېقىن ئەتراپتىكى دەرەخ تۈۋىنى ، شاخلاپ كەتكەن لويىلارنىڭ ئارىسىنىمۇ چەتتە قالدۇرمىدى . ھەتتا يول بويىدا توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان تېرەك كۆتىكىنىڭ كامىرىغىمۇ سىنچىلاپ قاراپ باقتى . ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، ھېلىقى «گاس» بوۋاي ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى قىزىقىش بىلەن كۆزىتىپ ، كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بىر كۈلكىلىك ئىشنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ، ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغاندى . نېمىشقىدۇر ، بەزىدە بېشىنى چايقاپمۇ قوياتتى .
ئىبادەت ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ يەنە شۇ بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى . ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ، يەنە بىر قېتىم ئىلتىجا قىلىپ بېقىش ئويىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ :
— بوۋا ، سىلىنى يەنە ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇق ، دۈمبىسىگە كۆك رەڭ سۈركەلگەن بىر ئاق توشقاننىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىنى كۆردىلىمىكىن ؟ — دېدى ۋە بوۋاينىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ، قول باغلاپ تۇردى .
ئويلىمىغاندا بوۋايغا زۇۋان كىردى . ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە :
— مۇشۇ يولدىن تېخى ھېلىراقتا بىر ئاق توشقان ئۆتكەندەك قىلدى ، — دېدى ۋە ئىبادەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، توشقان كەتكەن تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى .
ساقىلى ئۇچەك ئاقارغان بىلەن ، بوۋاينىڭ ماغدۇرى تېخى تولۇق ئىكەنلىكى بوۋاي بىلەن كېتىۋاتقان ئىبادەتنى ھەيران قالدۇردى . «گاس» بوۋاينىڭ بىردىنلا ھەرىكەتكە كېلىپ ، توشقىنىنى ئىزدىشىپ بېرىۋاتقانلىقى بولسا ، بىر تەرەپتە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالغان زۇلپىقارنى تېپىشماقلار دۇنياسىغا باشلاپ كىردى .

www.uyghurkitap.com

بوۋاي ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ يۈرۈپ، توشقان ئىزىنى بىردەمدىلا تېپىۋالدى ۋە ئىبادەت بىلەن بىللە ئىز قوغلىشىپ يۈرۈپ، قۇرۇپ كەتكەن ياڭاق كۆلچىكىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

— ئوبدان قىزىم، سىز مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇڭ، توشقان دېگەن سەزگۈر نەرسە، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي ياڭاق كۆلچىكىدىكى ئەجدىھادەك تولغىنىشىپ تۇرغان بىر توپ قارا يىلتىزنىڭ ئاستىدا تۈگۈلۈپ ياتقان توشقاننى ئالدى بىلەن كۆرۈپ.

بوۋاي ھەيرانلىقىنى تېخىچە باسالماي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ تۇرغان زۇلپىقارنىمۇ خۇددى ئىبادەتنى جىملىگەندەك جىملەپ قويۇپ، كۆلچەك يېنىدىن بىر تۇتام كەكرى ئوتنى يۇلۇۋالدى ــ دە، توشقانغا تەڭلىگەن پېتى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كۆلچەككە چۈشتى.

ئۇ كەكرىنى تەڭلەپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئاق توشقاننى ئاسانلا تۇتۇۋالدى، ئۇنى ئىبادەتكە مەھكەم قۇچاقلىتىپ قويۇپ، ھويلا تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى.

— توختاپ تۇرسىلا بوۋا، بىز تېخى سىلىگە رەھمەت ئېيتمىدۇق، — دېدى خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان زۇلپىقار بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ.

بوۋاي توختىدى ۋە كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ خىجالەت ئالامەتلىرى تۈكۈلۈپ تۇرغان كۆزىنى ئۆزىنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇۋاتقان زۇلپىقارنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى ــ دە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان تۈگۈننى بىردىنلا يېشىۋەتتى.

— بالام، ماڭا رەھمەت ئېيتمىساڭمۇ ئېيتما، لېكىن ئەدەپنى يادىڭدا تۇت. ئۆزۈڭ ئوبدان بالىدەك قىلىسەنۇ، ئەقىل ــ پاراسەتتە سىڭلىڭغا يەتمەيدىكەنسەن. چوڭلارنى كۆرگەندە سالام ــ سائەت قىلىشنى ۋە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى سىڭلىڭدىن ئۆگەن. باشقىلاردىن ياردەم سورىغىنىڭدا تېخىمۇ شۇنداق قىل، چۈنكى

ھۆرمەت قىلغان ئىززەت تاپىدۇ ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .

بوۋاي گۇس ـ گۇس قەدەم تاشلىغىنىچە كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىغا پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلىپ ، سىڭلىسىغا بولسا باشقىچە مۇئامىلىدە بولغىنىنىڭ سىرىنى ئەمدى چۈشەنگەن زۇلپىقار باياتىنقى قوپاللىقىغا بەكمۇ ئۆكۈندى . سالام ـ سائەت ، ئۆزئارا ھۆرمەتتىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ يوقىتىشقا بولمايدىغان بىباھا ئەڭگۈشتەر ئىكەنلىكىنى چىن كۆڭلىدىن ھېس قىلدى . ئۆزىگە مېھرىبان ئۇستازلارچە ساۋاق بەرگەن بوۋىسىنى ھۆرمەت نەزەرى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئالا ئاسلان

شەمشىنۇر مەكتەپتىن ئالدىراش قايتىپ كەلدى ۋە مىياۋلاپ ، سوۋۇنۇپ ئالدىغا چىققان ئالا ئاسلاننى مۇنداقچىلا ئەركىلىتىپ قويۇپ ، داستىخاندا تۇرغان قاچا ـ قومۇچلارنى يىغىپ ، قازان بېشىغا ئېلىپ باردى .

ئۇنىڭ ئانىسى قوشنا مەھەللىدە ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قالغان بوۋىسىنى يوقلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى . دېھقانچىلىقنىڭ قاتىلاڭچىلىق مەزگىلى بولغاچقا ، دادىسى تاڭ بىلەن تەڭ چىقىپ كېتىپ ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا قايتىپ كېلەلەيتتى . ئەتىگەندە شۇ پېتى تاشلاپ قويۇلغان قاچا ـ قومۇچلارنى يۇيۇش ، چاي قاينىتىش ئىشى بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ، شۇڭا ئۇ دەرستىن سىرتقى جىمى ۋاقتىنى ئۆي ئىشلىرىغا سەرپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى .

شەمشىنۇر ئازراق سۇ ئىسسىتىپ ، سۇيۇقئاش سۈيى قېتىپ كەتكەن قازاننى پاك ـ پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ، چىنە ـ قاچىلارنى سۈرتۈپ قازان بېشىغا دەستىلەپ قويدى . ئوچاق بېشىنى ، ئاشتاختىنى سۈرتەي دەپ تۇرۇشىغا ئويلىمىغان پالاكەتتىن بىرى يۈز بەردى . ئالدىراشلىق ۋە دىققەتسىزلىك تۈپەيلى ئۇنىڭ جەينىكى لىككىدە تۇرغان چىنە ـ قاچىلارغا تېگىپ كېتىپ ، «جاراڭ ـ جۇرۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا يەرگە چۈشۈپ ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى !

شەمشىنۇر جاراڭلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى . ئۇ قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان چىنە پۇچۇقلىرىغا قاراپ بىرھازا قېتىپ

قالدى ـ دە ، نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىردىنلا چۈشەندى .

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ شەمشىنۇر ئويلا ـ ئويلا ، ئاخىر يولغا چىقىش ئالدىدا ئانىسى بېرىپ كەتكەن بىر يۈەن پۇلنى خەجلەپ ، چىنە ـ قاچىلارنى قاداقچىغا قادىتىپ ، مىجەزى چۇسراق كەلگەن دادىسىنىڭ غەزەپ ، قارغىشىدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولدى . بىراق ، قاداقچى قەيەردە ، چوڭلىرى قۇلاقتەك ، كىچىكلىرى قوناقتەك پارچىلىنىپ كەتكەن بۇ چىنە ـ پىيالىلەرنى قاداپ بىر پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ ؟

شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى بوغۇم ـ بوغۇم قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ئاياغ ئاستىدا مىياۋلىغان پېتى سۈركىلىپ يۈرگەن ئالا ئاسلانغا چۈشۈپ قالدى ـ دە ، يوشۇرۇن بېشارەتكە ئېرىشكەندەك ، چوڭ بىر تىنىق ئېلىۋالدى . ئەمدى ئۇ ئامال تاپقانىدى .

ياز ئاسمىنى پاتلا ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يوشۇردى . چوڭ ـ چوڭ يۇلتۇزلارنىڭ ئۈچ ـ تۆتى ئۇپۇق ئۈستىگە ئۆرلەپ ، خۇددى تاغ ئۈستىگە يېقىلغان نۇرلۇق شامدەك گىرىمسەن پارقىرىغىلى تۇردى . شەمشىنۇرنىڭ دادىسىمۇ سۇ تۇتقان يەردىن قايتىپ كەلدى . ئۇ لاي بىلەن قارىيىپ كەتكەن كەتمىنىنى «گۇس» قىلىپ پەگاھقا قويدى ۋە ئۆيگە كىردى .

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئالدىغا چۆگۈن بىلەن لۆڭگە ئېلىپ كەلگەن قىزىنىڭ ھەر ئىككىلا قولىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقىنى ، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭمۇ ئانچە قاملاشماي بەرمەيۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدى ـ دە ، چاي ئىچكەچ ، شەمشىنۇرنىڭ چىرايىغا سەپسالدى .

شەمشىنۇر نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر ، نۇرلۇق كۆز گۆھىرى خۇددى ئەينەك ئۈستىگە قويۇلغان قارا ساقىدەك توختىماي يۆتكىلىپ تۇراتتى . قول ـ پۇت ھەرىكىتىمۇ ئانچە قاملاشماي بەرمەيۋاتاتتى .

شەمشىنۇر سەزگۈر ، چېچەن دادىسىنىڭ ئۆزىدىكى

مەخپىيەتلىكنى بەربىر بايقاپ قالدىغانلىقىغا ئىشەندى ـ دە ، مەخپىيەتلىكنى ئۇنىڭ سوئال ـ سورىقىغا دۇچ كەلمەستىن بۇرۇن ئۆزلۈكىدىن مەلۇم قىلىپ ، تەبىئىيلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلماقچى بولدى . دېمىسىمۇ ، ئۇ بۇ مەخپىيەتلىكنى تازا بولسا ئىككى ـ ئۈچ مىنۇتلا ساقلاپ قالالايتتى . دادىسى كۈندە ئۈچ ۋاخ چاي ئىچىدىغان تونۇش چىنىنىڭ بۈگۈن باشقا بىر تۈنكە قاچا بىلەن ئالمىشىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلسىلا ھەممە ئىش ئاشكارا بولاتتى .

— دادا ، — دېدى شەمشىنۇر ئاۋازىدىكى تىترەكنى بېسىشقا تىرىشىپ ، — ئالا ئاسلان چىنە ـ قاچىلارنىڭ ھەممىسىنى چېقىۋەتتى ، ئۇ چاغدا مەن قاچا ـ قومۇچلارنى ئەمدىلا يۇيۇپ بولۇپ تۇراتتىم .

— نېمە دېدىڭ ، ھەممىسىنىما ! ؟

— ھەئە ، ھەممىسىنى !

شەمشىنۇر ئاۋازىنى ئىمكانقەدەر سىلىق ، تەبىئىي چىقىرىشقا ئۇرۇنسىمۇ ، لېكىن يەنىلا يەر ئاستىدىن چىققاندەك پەس ، كېكىردىكىگە مۇشتلاۋاتقاندەك تىترەپ چىقتى . كۆڭلىگە مارجاندەك تىزىۋالغان سۆزلىرىمۇ يالغان ئېيتىشنىڭ تەسلىكى بىلەن تامامەن بۇزۇلۇپ كەتتى .

شەمشىنۇرنىڭ دادىسى ئوتلاۋاتقان چېيىنى دوككىدە قويۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئوچاق بېشىغا بېرىپ ، ئۇ يەردە دۆۋىلىنىپ تۇرغان بىر دۆۋە چاقچۇق پارچىسىنى كۆرگەندىلا ئاندىن قىزىنىڭ شۇم خەۋىرىگە ئىشەندى .

دېھقانچىلىقتىن ئۆزگە ھېچقانداق كىرىمى بولمىغان بۇ ئائىلىنى تېجەپ ـ تۆشەپ يۈرۈپ تەسلىكتە جۇغلىغۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتىنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى . شۇنچىلىك چىنە ـ قاچا سېتىۋېلىشقا كېتەرلىك پۇل كۆز ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتكەندە بولسا ، زادىلا چىداپ تۇرالماي قالدى . ئاخىر ئۇ قىزىغا گۈركىرىدى :

— قىنى ئېيتە ، بۇ چىنە ـ قاچىلارنى نېمىشقا چېقىۋەتتىڭ ؟
— مەن... مەن چاقمىدىم ، ئالا ئاسلان... ئالا ئاسلان بۇلۇڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چاشقاننى كۆرۈپ شۇنداق... شۇنداق بىر ئېتىلىۋىدى ، چىنە ـ قاچىلارغا ئۇرۇلۇپ كەتتى...
شەمشىنۇر يالغان ئېيتىشنىڭ ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ مۇشكۇل ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى . تىنىمسىز دۈپۈلدەۋاتقان يۈرىكىنى توختاتماقچى بولۇپ ، يېنىك يۆتىلىپ باقتى ، لېكىن ئۇمۇ بىكارغا كەتتى . يۈزى ئوت ياققاندەك قىزىشىپ ، تىلى قوغۇشۇن بىلەن قاتۇرۇلغاندەكلا ئېغىرلاشتى . سۆزلەۋېتىپ ، بۇلۇڭدىن ئۆتكەن چاشقاننىڭ ئۆملەشلىرىنى ، ئاسلاننىڭ چاشقانغا ئېتىلغان چېغىدىكى سۇرلۇك تۇگۇلۇشىنى ئىختىيارسىز دوراپ كەتتى .
— ئۇنداقتا ، گۇناھ مۇشۇ ئاسلاندىكەن ـ دە ، ھۇ سېنى...
دادىسى پۈتى ئارىسىدا مىياۋلاپ ، ئۆملەپ يۈرگەن ئالا ئاسلاننى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى ـ دە ، ئۇنىڭ جىمى سەۋەنلىكلىرىنى بىرمۇبىر يۈزىگە سالغاچ ، كۆتۈرۈپ تالاغا ئېلىپ ماڭدى :
— بۇ ئۆلگۈر مۇشۇكنى كۆزدىن يوقاتماي بولمايدۇ . ئۆتكەن يىلى بىر جىڭ گۆشنى ھارام قىلدى ، ئەمدى كېلىپ چىنە ـ قاچىلارنى چېقىشقىچە بېرىپ يەتتى ، مۇبادا...
ئۇ ئالا ئاسلاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تراكتورنىڭ كوزۇپىغا تاشلىۋەتكەندە ، شەمشىنۇرنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلدى ـ دە ، ئۆز سەۋەنلىكىنى بىچارە ئاسلانغا دۆڭگەپ ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغىنىغا پۇشايمان يېدى .
ئالا ئاسلاننى ئېلىپ كېتىۋاتقان تراكتور بارغانسېرى يىراقلاپ ، شەمشىنۇرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى . ئۇ يول بويىدا تراكتورنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇردى ـ دە ، كۆز يېشىنى سۈرتكەچ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ، دادىسىغا ، ئۆزىگە ئورۇن راسلىدى .

www.uyghurkitap.com

شەمشىنۇر زادىلا ئۇخلىيالمىدى . ئۇ يوتقاننىڭ بىر بۇرجىكىنى تۇگۇپ ، تۇرمەللەپ تۇرۇپ ياتسىمۇ كۆزىگە بەربىر ئۇيقۇ كەلمىدى . تراكتورغا كۈچ بىلەن ئىرغىتىلغان ئالا ئاسلاننىڭ بوشلۇقتىكى تىپىرلاشلىرى ، ئۆزىدىن ئاغرىنغاندەك مىياۋلاشلىرى كۆز ئالدىدىن بىر دەقىقىمۇ نېرى كەتمىدى .

ئۆزاقى يىلى بوۋىسىنىڭكىدىن قويىنىغا سولاپ ئېلىپ كەلگەن بۇ ئالا ئاسلانغا ئۇ بەكمۇ ئامراق ئىدى . ئالا ئاسلان هازىر چوپچوڭ مۈشۈك بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، نەزەرىدە ئۇنىڭ جىسمىمۇ ، ئىسمىمۇ يەنىلا ئالا ئاسلان ئىدى . ئۇ ئالا ئاسلان بىلەن ، ئالا ئاسلان ئۇنىڭ بىلەن شۇ قەدەر ئىچەكىشىپ كەتكەنىدىكى ، شەمشىنۇر مەكتەپكە ماڭغاندا ئالا ئاسلان ئۆز تىلى بىلەن نېمىلەرنىدۇر مىياۋلاپ ، ئىشىك ئالدىغا باراتتى . مەكتەپتىن قايتقاندىمۇ يەنە شۇنداق مىياۋلاپ ئالدىغا چىقاتتى . ئەمدى بولسا ئالا ئاسلان يوق ، ئىشىك ئالدىدىن قىرىشقاندەك ئۆتۈپ قالغان لەنەتلىك تراكتور ئۇنى يىراققا ، ناھايىتى يىراققا ئېلىپ كەتتى ، ئۇ ئەمدى ئالا ئاسلاننى كۆرەلمەيدۇ !

شەمشىنۇر چۈشىدە ئالا ئاسلان بىلەن ئوينىشىپ ئولتۇرغان چېغى يىپىلغان ئىشىك تۇيۇقسىز تىرىقلاپ قالدى . ئاندىن كېيىن ئالا ئاسلاننىڭ يىغلىغاندەك ، ئۇۋالچىلىقتىن نالە قىلغاندەك مىياۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

شەمشىنۇر ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ يوتقىنىنى ئۆرۈپ تاشلاپ ، يېرىم ئۆرە بولدى . ئەگەر ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچقان تەقدىردىمۇ ئۇيقۇسى سەگەك دادىسىنى ئويغىتىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . «دادىسى ئۇ چاغدا ئۇنى قانداق قىلار ، تىللارمۇ ياكى ئالا ئاسلاننى بىرلا دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ ؟ !»

ئالا ئاسلان : «ئىشىكنى ئاچ شەمشىنۇر ، سەن نېمانچە تاش يۈرەك ، دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇدۇڭمۇ» دېگەندەك قىلىپ مىياۋلاپ

بەردى . شەمشىنۇر ئىشىك تەرەپكە قانچە قېتىم ئىنتىلىپ ، يەنە توختاپ قالدى .

ئۇ ئەمدى قانداق قىلسۇن ؟

بىرلا ئامال ، دادىسى ئالدىدا يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بويىنغا ئېلىپ ، ئالا ئاسلاننى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى كېرەك ـ دە !

شەمشىنۇر كەسكىن بىر قارارغا كەلدى ـ دە ، ئىككىلەنمەي دادىسىنى تەۋرەتكىلى ، تىترەپ تۇرغان ئىلتىجا بىلەن چاقىرغىلى تۇردى :

— دادا ، دادا ، ئويغانغىنا ، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى .

دادىسى ئۇنى كۆپ تەقەززا قىلمىدى . ئويغىنىپ كۆڭلىكىنى يېپىنچاقلىدى ۋە چىراغ ياقتى .

— دادا ، مەن ساڭا يالغان ئېيتتىم ، ئەسلىدە چىنە ـ قاچىلارنى مەن چېقىۋەتكەن ، گۇناھ مەندە ، ئالا ئاسلاننى… ئالا ئاسلاننى…

دادىسىنىڭ چىرايىدا ئويلىمىغان يەردىن كۈلكە پەيدا بولدى . ئۇ قىزىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ دېدى :

— بولدى قىزىم ، يالغان سۆزلەشنىڭ ئازابىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن ، سەۋەنلىكىڭنى بويۇنغا ئالغىنىڭ ئوبدان بولدى . ئوبدان بالا دېگەن ھەرقانداق چاغدا يالغان سۆزلىمەسلىكى كېرەك . خاتىرجەم بول ، ئالا ئاسلىنىڭنى مەن ئۆزۈم ئېلىپ كىرەي ، چىنە ـ قاچىلارنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق ، ئەتىلا سېتىۋالىمىز…

ئۇ ئىشىكنى ئۆز قولى بىلەن ئاچتى ، ئىشىك قاناتلىرى ئارىسىدىن مۈشۈك پاتقۇدەك يوچۇق ئېچىلغان ھامان ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن ئالا ئاسلان غۇلىچىنى كېرىپ تۇرغان شەمشىنۇرنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى .

— خاپا بولما قىزىم ، — دېدى دادىسى ئالا ئاسلاننى ئەركىلىتىپ قويۇپ ، — ساڭىمۇ ، ئاسلىنىڭغىمۇ ئازار بېرىپ قويدۇم ، سېنى يالغان سۆزلىگىنى ئۈچۈن ساۋاق ئالسۇن دەپلا

شۇنداق قىلدىم . ئاسلىنىڭنىڭ قايتىپ كېلىدىغىنىنى بىلەتتىم ، شۇڭىمۇ ئۇخلىغان بولۇپ ياتقانىدىم .
— دادا ، خاتىرجەم بولۇڭ ، ئەمدى ئىككىنچى يالغان سۆزلىمەيمەن !
شەمشىنۇر دادىسىغا ، ئۆزىگە ۋە ئالا ئاسلانغا تەنتەنىلىك ۋەدە بەردى .

1989 ـ يىلى ئىيۇن .



# ئالىمجان ئۇيالدى

ئالىمجان تولىمۇ شوخ ۋە كەپسىز بالا ئىدى . بەزىدە قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ چېچىنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە باغلاپ قويۇپ بىھۇدە كۆڭۈلسىزلىك ۋە كۈلكە پەيدا قىلسا ، بەزىدە كىمنىڭدۇر دۇمبىسىگە ھەجۋىي رەسىم سىزىپ ، دەرس ئىنتىزامىنى بۇزاتتى . مەكتەپتىن يانغاندا بولسا ، يولۇچىلارنىڭ ئات - ئېشەكلىرىنى ئۈركۈتۈپ ، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرگە سەۋەبچى بولاتتى . ئايسىز ئاخشاملىرى قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا مۆكۈنۈۋېلىپ ، قارىسى كۆرۈنگەنلا كىشىنىڭ ئالدىغا ئىتتەك ھاۋشىپ يۈگۈرۈپ چىقاتتى - دە ، يۈرىكىگە ئەنسىزلىك سالاتتى . مۇئەللىمىنىڭ تەربىيىسىمۇ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى . چىڭ يېرى كەلسە : «بۇنداق شوخلۇقنى ئىككىنچىلەپ قىلمايمەن» دەپ ۋەدە بېرەتتىيۇ ، كۈن ئۆرۈلۈپ ، تاڭ ئاتسىلا بۇ ۋەدىسىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈپ تاشلاپ ، يەنە قانداقتۇر شوخلۇقلارنى ئويلاپ تاپاتتى .

بۈگۈن ئالىمجان يەنە ئىككى - ئۈچ ساۋاقدىشى بىلەن بىللە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ، يوغان قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە تۇيۇقسىز قەدىمىنى توختاتتى - دە ، بىر مەھەللىلىك مۇھەممەتجان ۋە ئىمىنجانلارغا قاراپ دېدى :

— ھوي ئاداشلار ، مەن سىلەرگە بىر ئويۇن قىلىپ بېرەيمۇ ؟ باياتىن بېرى بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ، ئۇدۇل كەلگەن

تاش ـ چالمىلارنى تېپىپ كېلىۋاتقان ئالىمجاننىڭ تۇيۇقسىز تىلغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىككىيلەن :

— قانداق ئويۇن قىلىپ بېرىسەن ، ئېيتە قېنى ، — دېدى .

ئۇلار ئالىمجاننى مۇئەللىمنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلىپ ، پەسكارىغا چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاشقانىدى .

— ھەي ، شۇنىمۇ ئۇقمامسىلەر قاپاق باشلار ، مەن ئويۇن قىلىپ بېرىمەن ، سىلەر كۆرىسىلەر ، خۇشال بولىسىلەر ، شۇ ! ئەمما ، بىرلا گېپىم بار ، ئويۇن قىلىپ بەرسەم مۇئەللىمگىمۇ ، ئاتا ـ ئانامغىمۇ چېقىپ قويمايسىلەر جۇمۇ ! ؟

باشتا ئالىمجاننىڭ «ئويۇن قىلىپ بېرىمەن» دېگەن گېپىگە قىزىققان ئىككىيلەن ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ سەل ئارىسالدى بولۇپ قېلىشتى . چۈنكى ، ئالىمجاننىڭ قانداق ئويۇن قىلىپ بېرىدىغىنى ، بۇنداق ئويۇننىڭ جەزمەن چەكتىن ئاشقان ئويۇن بولىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلەتتى . ئەگەر ئالىمجاننىڭ چەكتىن ئاشقان ئويۇنىغا ئىشتىراك قىلغىنىنى مۇئەللىم ئۇقۇپ قالسا ، سۆزسىزكى ، تەنقىد ئاڭلىماي قالمايتتى . شۇڭا ، ئۇلار ساۋاقدىشىنىڭ بۇ تەكلىپىگە يا ياق ، يا ماقۇل دەپ جاۋاب بەرمىدى .

ئۇلارنىڭ ئىككىلىنىپ قالغىنىنى تۇيغان ئالىمجان تاڭلىيىنى چېكىلدىتىپ تۇرۇپ ، بېشىنى ئاستا چايقىدى ۋە :

— ھەي ، توخۇ يۈرەكلەر ، تېخى سىلەرگە ئويۇن قىلىپ بېرەي دېسەم قورقۇپ ، ئۇنۇڭلار ئىچىڭلارغا چۈشۈپلا كەتتىغۇ . ئويۇن ئوينىغانغا نېمە بولاتتى . بوپتۇ ، مۇئەللىم ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسا ماڭىلا دۆڭگەپ قويساڭلار ئىش پۈتمىدىمۇ ، — دېدى مەيدىسىگە قېقىپ تۇرۇپ .

مۇھەممەتجان بىلەن ئىمىنجان ئادەتتە بۇ شوخ ساۋاقدىشىدىن خېلى ئۈبدانلا تەپتارتاتتى . توغرىسى ئۇنىڭ ھەزىل چاقچاقلىرىغا نىشان بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى . ئالىمجان گېپىگە

كىرمىگەن ھەرقانداق ساۋاقدىشىدىن چاقچاق باھانىسىدە ئۆچ ئېلىۋالماي قويمايتتى .
ئىككىيلەن ئالىمجاننىڭ راستتىنلا قىزىشىشقا باشلىغىنىنى كۆرۈپ ، بىر - بىرى بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى ۋە ئالىمجانغا قاراپ كۈلۈمسىرەشتى .
— يۈرۈڭلار ، سىلەر ئاۋۇ ياغاق دەرىخىدىن يوغان - يوغان يوپۇرماقلاردىن بىرقانچىنى ئۈزۈپ كېلىڭلار !
ئالىمجان ئىككىيلەنگە بۇيرۇق بېرىپ بولۇپ ، يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا باردى - دە ، ئىككى تەرەپكە ئوبدان سەپسېلىپ چىقىپ ، بىر كىمنىڭ كەلمەيۋاتقىنىغا ئىشەنگەندىن كېيىن تېزلىكتە زوڭزىيىپ ئولتۇردى . بوغچىسىدىن قەلەمتىرىچىنى چىقىرىپ ، قاتتىق توپىنى ھەدەپ كولىغىلى تۇردى .
ساۋاقداشلىرى تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغۇچە ئۇ يول ئوتتۇرىسىدىن جەينەككە كەلگۈچىلىك چوڭقۇرلۇقتىكى بىر كاتەكنى كولاپ پۈتكۈزدى - دە ، كاتەك ئۈستىگە ئىنچىكە چىۋىقتىن تۆت تال قويۇپ ، ئۈستىگە ياغاق يوپۇرمىقىنى تاشلىدى . يوپۇرماق ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت توپا چېچىپ ، كاتەكتىن چىققان توپىنى ئەتراپىغا يېيىتتى . ئەڭ ئاخىرىدا بىر تۇتام سۆگەت شېخى بىلەن كاتەك ئۈستىنى سۈپۈرۈپ ، يول يۈزىدىن ھېچقانداق چانمايدىغان ھالغا كەلتۈردى - دە :
— چاپسان بولۇڭلار ، ئاۋۇ قوناقلىققا كىرىپ مارىلاپ ئولتۇرىمىز ، بازاردىن يانغان بىرەر ئېشەكلىك يولۇچى بۇ يەردىن ئۆتكەندە قانداق تاماشا چىقىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر ، ھەي… ھەي… بۇنداق تاماشىنى…
ئۇچەيلەن دۈپۈرلەشكەن پېتى يول بويىدىكى قوناقلىققا كىردى - دە ، قويۇق ئۆسكەن قوناق يوپۇرماقلىرىنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى ئالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تومۇز مەزگىلى بولغاچقا ، ھاۋا تولىمۇ دىمىق ئىدى . نەپەس ئېلىشنىڭ تەسلىكىگە قارىغاندا ، قۇياشنىڭ جىمى ھاراراتى مۇشۇ قونالىقتا يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى . جانغا راھەت بېغىشلايدىغان سەلكىن شامالدىن دېرەك يوق ئىدى .

ئۇلار قوناقلىقتا يېتىۋېرىپ ، تىنجىقتىن تەرلەپ كەتتى . باشلىرىدىن تەپچىپ چىققان تەر پېشانىسىنى بويلاپ كۆزلىرىگە قۇيۇلۇپ ، خۇددى قىزىلمۇچ قۇيغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى ، قوناق يوپۇرماقلىرىدىن تۆكۈلۈپ بويۇنلىرىغا يېپىشىۋالغان شىلىمشىق توپا گەجگىسىنى ھەدەپ قىچىشتۇرغىلى تۇردى .

— جىم يېتىڭلار ، ئۇنۇڭلارنى چىقارغۇچى بولماڭلار ، — دەيتتى ئالىمجان تەرىنى تۇرۇپ ، تومۇز ۋە توپا دەستىدىن ۋايسىغىلى تۇرغان ئىككىيلەنگە قاراپ ، — ئويۇن دېگەننىڭ قىزىقى مانا مۇشۇ يەردە ئاغىنىلەر !

ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتۈپ كەتتى . قۇياشمۇ غەربتىكى تاغ بېشىغا يېقىنلىشىپ قالدى . ئۇلارنىڭ تاماشا كۆرۈشكە تاقىتى تاق بولغانسېرى ، ئۆچەكەشكەندەك يولدىن بىرەرمۇ يولۇچى ئۆتمىدى . ئالىمجانمۇ ئۆزىنىڭ تاماشىسىنىڭ نەتىجىسىز قالغانلىقىغا تەن بەرگۈسى كەلمەي ، قايتىپ كېتىپ بۇنداق بىھۇدە جاپادىن بىر يولىلا قۇتۇلماقچى بولغان ئاغىنىلىرىنى ھەدەپ جىملەۋەردى .

— ئەنە قاراڭلار ، ئاۋۇ تەرەپتىن بىر ئېشەكلىك يولۇچى كېلىۋاتىدۇ ، — ئالىمجان خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى ، — تاماشىنى ئەمدى كۆرىسىلەر ، دېمىدىممۇ ، يولدىن جەزمەن يولۇچى ئۆتىدۇ دەپ !

ئۇچەيلەن چاشقان مارىلاۋاتقان مۈشۈكتەك مارىلىشىپ ، يىراقتىن كېلىۋاتقان يولۇچىنىڭ قارىسىنى بىر مىنۇتمۇ نەزەرىنىڭ تېشىدا قالدۇرمىدى ، يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى زورىغا بېسىپ ، دەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن تېشىغا چىقاردى .

ئەمما ، ئۇلارنىڭ تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن تاماشىسى يوقىغا

www.uyghurkitap.com

چىقتى . ھېلىقى يولۇچى يولنىڭ نېرىقى ياقىسىدىن ئۆتۈپ ، ئېشىكىنىڭ ساغرىسىغا ياغاچ سانجىغانچە كېتىپ قالدى .

ئالىمجان تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ، ئېشىكىنى يوشۇرۇن كاتەككە دەسسەتمىگەن يولۇچىنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇردى ۋە قوناقلىقتىكى بۇ جاپالىق يوشۇرۇنۇشقا ئۆزىمۇ چىدىيالمىغان بولسا كېرەك ، چىچاڭشىپ قويۇپ :

— مېڭىڭلار ، ھازىرچە قايتىپ كېتىپ تۇرىمىز ، تاماشىنىڭ قالغىنىنى ئەتە ئەتىگەندە كۆرىمىز ، — دېدى - دە ، قولىنى سىلكىپ قايتىش سەپىرىگە يول ئالدى .

ئالىمجان ساۋاقداشلىرى بىلەن مەھەللە ئاغزىدىلا خوشلاشتى ۋە ئۇلارغا ئۆزى ئويلاپ تاپقان تاماشىنىڭ يۈز بەرمەي قالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ ، ئۆيىگە يېتىپ كەلدى . ئۇ تاپشۇرۇقلىرىنى چالا - بۇلا ئىشلەپ بولۇپ ، كەچلىك غىزاغا تۇتۇنغاندا گۈگۈم چۈشۈپمۇ قالدى .

دەل شۇ ئەسنادا ھويلا سىرتىدىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى :

— ئۇلۇغ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كاتەك كولاپ قويغان ئاشۇ كەپسىزلەرنى دېمەمدىغان ، قاراپ تۇرۇپ ئابدۇقەييۇم ئاكامغا بالا تېرىپ بەردى !

— مۇشۇنداق يامان قىلىقنى قىلغان كىمنىڭ بالىسىدۇ ئۇ ؟ !

— ئاشۇ كەپسىز مەكتەپ بالىلىرى بولمامدۇ !

ئالىمجان بۇ گەپلەرنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپ ، زادى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ، چاي ئوتلاۋاتقان ئاتا - ئانىسى ھودۇققان پېتى دەرۋازا تەرەپكە ئېتىلدى . قوشنىلاردىن بىرى ئالىمجاننىڭ بوۋىسىنى يۆدەپ ، يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى .

كۆردىكى ، ئامراق بوۋىسى ئىنجىقلىغان پېتى سۇپىدا ياتاتتى . بۇ ھال ئالىمجاننىڭ تېنىنى تىكەنلەشتۇرۇۋەتتى . بولۇنغان

گەپلەردىن بوۋىسى نېرىقى مەھەللىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، چامبۇل ئېشەكنىڭ ئايىغى ھېلىقى يوشۇرۇن كاتەككە چۈشۈپ، مۈدۈرۈپ كەتكەن سەۋەبلىك بوۋىسىغا بۇ تەرىقە تالاپەت يەتكەنلىكىنى، يىقىلغان ئورنىدا ئىڭراپ ياتقان بوۋاينى ئۇچراتقان يولۇچىلارنىڭ ئۇنى يۈدۈپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى-دە، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىنى بىردىنلا چۈشىنىپ سەبىي يۈرىكى پۇشايمان ئوتىدا ئۆرتەنگىلى تۇردى.

نامى تېخى نامەلۇم بولغان كەپسىز بالىغا ياغدۇرۇلغان لەنەت، نەپرەت ئاۋازى ھويلىنى بىر ئالدى. بوۋاينىڭ ئوشۇقىدىن چىقىپ كەتكەن پۇتىنى توختىماي سىلاپ ئولتۇرغان دادىسى:

— گۇناھ باللاردىمۇ بار، بىز ئاتا-ئانىلاردىمۇ بار، ھەرقايسىمىز ئۆز بالىلىرىمىزدىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى، ئەھۋالنى مەكتەپكىمۇ مەلۇم قىلايلى، مۇشۇنداق يامان قىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان بالىغا ئوبدانراق نەسىھەت قىلماي بولمايدۇ، — دېۋىدى، بۇ چەتتە ئىچ ئاغرىتىش ۋە پۇشايمان ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇۋاتقان ئالىمجان پاڭڭىدە يىغلىدى ۋە بوۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بوۋا، يولدىكى كاتەكنى مەن كولىغان، سىزنىڭ بۇ كاتەككە چۈشۈپ كېتىشىڭىزنى زادى ئويلىماپتىكەنمەن، ئەمدى ئىككىنچىلەپ بۇنداق قىلمايمەن، — دەپ مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى.

— خەپ، سېنىڭ مۇشۇ گەپ ئاڭلىمايدىغان قۇلىقىڭنى يۇلۇۋەتمىسەم، كۆڭلۈم بايىلا تويغانىدى، — ئالىمجاننىڭ دادىسى غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئالىمجاننىڭ قۇلىقىنى سوزۇشقا تەمشىلىۋىدى، باياتىن بېرى ۋايجانلاپ ياتقان ئابدۇقەييۇم بوۋاي بىردىنلا تەكىيىگە يۆلەندى-دە، ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— بولدى، كىچىك بالىنى ئەدەپلەشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئالىمجان بالام ئەمدى قىلمايمەن دېدى، مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىمۇ

يېتەرلىك ، — دېدى ۋە ئالىمجانغا قاراپ ، — ئۇبدان بالا دېگەن گېپىڭدە تۇرىدۇ ، شۇنداقمۇ بالام ، — دەپ سوراپ قويدى .

ئالىمجان قىزىرىپ كەتكەن كۆزىنى ئۇۋۇلاشتىن توختاپ بوۋىسىغا ۋە دادىسىغا يۈزلەندى ـ دە ، ئىشەنچلىك هالدا بېشىنى لىڭشىتتى . بوۋاي ئاغرىق ئازابىنىڭ يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى هېس قىلدى بولغاي ، چىرايىدىن قەتئىيەت ، ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرغان نەۋرىسىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى .

1989 ـ يىلى فېۋرال .



# گۈلنۇرنىڭ خاتالىقى

گۈلنۇرنىڭ تۇيۇقسىز قىزىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى خېلىلا ھودۇقتۇرۇپ قويدى . ئۇلار قىزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ئۇنى خالاغا ئېلىپ چىقىۋاتقانلىرىدا بىلىشتى .

— ۋاي ، گۈلنۇر بەكلا قىزىپ كېتىپتۇغۇ ، — دەپ توۋلىۋەتتى ئانىسى گۈلنۇرنى يۆلەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئەندىككەن ھالدا ، — ھارارىتى قولنى كۆيدۈرۈپلا تۇرىدۇ !

گۈلنۇرنىڭ دادىسى ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنىڭ پېشانىسىگە ئالىقىنىنى قويدى ۋە ئايالىنىڭ دېگىنىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندى . ئۇ ئۇستەلگە تاشلاپ قويغان قول سائىتىگە «يالت» قىلىپ قارىۋالدى ـ دە :

— ما ئىشنى قارىمامدىغان ، تاڭ يورۇشقا بىرقانچە سائەت بار ئىكەنغۇ ، — دەپ تىت ـ تىت بولغىلى تۇردى . ئۇ قىزىنىڭ خېلىدىن بېرى ئۇيان ئۆرۈلۈپ ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى ، تىنىقىنىڭمۇ تېزلىشىپ قالغانلىقىنى بايىلا تۇيغان ۋە كۈندۈزى تولا ئويناپ چارچىغانلىقتىن خاتىرجەم ئۇخلىيالمايۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلىغانىدى .

— ۋاي خۇدايىم ، گۈلنۇرنىڭ ئىچى سۈرۈۋاتىدۇ ، تەرىتىدە قىزىل ـ قىزىل بىرنەرسىلەر تۇرامدۇ نېمە ؟

گۈلنۇرنىڭ دادىسى ئايالىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى بىلەن تەڭ يېلىنىڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ، ئىتتىكلا خالاغا چىقتى .

ئۇ قىزىنىڭ تەرىتىدە قان ئۆتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە ، ئۇنى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئۇچەي ياللۇغىغا گىرىپتار بولدىمىكىن دەپ گۇمان قىلدى . شۇنداق ئىكەن ، گۈلنۇرنى ھېچ ھايالسىز

دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماي بولمايتتى . تاڭ ئېتىشىنى ، دوختۇرلارنىڭ ئىشقا چۈشۈشىنى كۈتۈش ، كېسەل مىكروبىنىڭ كۆپىيىشىدىن ، قىزنىڭ ئازابلىنىشىنى كۈتۈشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى .

ئۇ گۇماننى ئايالىغا ئېيتىشنى لايىق كۆرمىدى ۋە قىزنى كىيىندۈرۈپ ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى .

ئاۋغۇست ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي ، تاڭ خېلىلا سالقىن ئىدى . ئۇ ئادەمسىز جىمجىت كوچىلاردىن ئۆتۈپ دوختۇرخانا ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئۇدۇل كېسەلخانىغا بېرىپ ، نۆۋەتچى دوختۇرنى تاپتى .

بىراق ، باشقا بىر ئىشدىشىغا ۋاكالىتەن نۆۋەتچىلىكتە تۇرغان بۇ دوختۇر تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بولۇپ چىقتى . ئۇ كاۋاپتەك قىزىپ ، سامانىدەك سارغىيىپ ، دادىسىنىڭ قۇچىقىدا كۆزىنى ئاران ئېچىپ ياتقان گۈلنۇرغا ۋە يالغۇز قىزىنىڭ ئەندىشىسىدە قىزىدىنمۇ بەكرەك بىئارام بولۇۋاتقان ئاتىغا قاراپ تەسىرلىنىپ قالدى ، گۈلنۇرنى نۆۋەتچى بۆلۈمدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرىنى ئۆيىدىنلا ئويغىتىپ كېلىش ئۈچۈن بىر سېستىرانى ماڭغۇزدى .

ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇ دوختۇرنىڭ ئۆيى دوختۇرخانا ھويلىسىدا ئىكەن . قويۇق قاشلىق ، ئۆسكىلەڭ ، سالماق كەلگەن بۇ دوختۇر نۆۋەتچى بۆلۈمگە كىرىپلا ئىڭراپ ياتقان گۈلنۇرنى تەكشۈرۈشنى ۋە كېسەل تارىخى بىلەن تونۇشۇشنى باشلىۋەتتى .

— ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغى ، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا تېرمومېتىرغا تىكىلىپ تۇرۇپ ، — قىزىڭىزنى ھازىرلا ياتاققا ئالىمىز ، ئۈچەي سۈيۈقلۇقىنى ئانالىز قىلغاندىن كېيىن ئاندىن داۋالاش تەدبىرلىرىنى تۈزىمىز .

گۈلنۇرغا ئانتىبىئوتىك ئوكۇل ئۇرۇلدى . فىزىئولوگىك تۇز سۈيى ئاسما قىلىندى ، ئىككى تابلېتكا سېرىق دورا ئىچۈرۈلدى . دادىسى قىزىنىڭ ھەربىر تىنىقىغا دىققەت قىلىپ ، كىرپىك قاقماي

تاڭ ئاتقۇزغان بولسىمۇ، يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان يوغان تاش ئاخىر ئىرغىتىپ تاشلاندى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا كېسەلخانىدا پەيدا بولغان ئايالىمۇ يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتقان قىزىنى كۆرۈپ، كۆڭلىنى تىندۇردى ۋە كۆز چاناقلىرىنى تولدۇرغان كۆز يېشىنى سۈرتۈۋەتتى.

تاڭ يورۇپ، دوختۇرخانا جانلىنىپ كەتتى. كۈن تىكلىنەي دېگەندە گۈلنۇر يوغان ـ يوغان كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ زورۇقۇپراق كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ تۇنجى ئالامىتى ئىدى.

چۈشتىن كېيىن گۈلنۇرنىڭ ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا توغرا، جانلىق جاۋاب بېرىشكە، چاقماقتەك سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

— ھېلىمۇ بۇ قىزچاقنى كېسەلنى قوزغالغان ھامان بۇ يەرگە ئېلىپ كەپتىكەنسىلەر. بولمىسا، سىلەرنىمۇ، بىزنىمۇ خېلى ئاۋارە قىلغان بولاتتى، — دېدى كارىۋات يېنىدا پەيدا بولغان ھېلىقى دوختۇر گۈلنۇرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مەنىلىك قىلىپ.

— ھېلىمۇ سىزنى يەتكۈچە ئاۋارە قىلدۇق دوختۇر، — دېدى گۈلنۇرنىڭ ئانىسى دوختۇرغا تەشەككۈرنى بايان قىلىپ، — تۈن نىسپىدە سىزنى ئۇخلىغىلى قويمىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ياق، ياق، بۇ دوختۇرنىڭ ئادەتتىكى بۇرچى، كېسەل قاچان يېتىپ كېلىدىكەن، دوختۇر شۇ ھامان تەييار بولۇشى كېرەك ـ دە!

گۈلنۇرنىڭ دادىسى گۈلنۇرنىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ھەدېسە زۇكام، قورساق ئاغرىقى، ئېغىز ياللۇغى، كېكىردەك ئىششىقى دېگەندەك ئۇششاق كېسەللىكلەردىن خالىي بولالمايدىغانلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلغاندىن كېيىن، قانداق قىلغاندا قىزىنىڭ ئۇچەي ياللۇغىغا ئوخشاش بۇنداق كېسەللەرگە

گىرىپتار بولمايدىغانلىقىنى سورىدى.

دوختۇر گۈلنۇرنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇردى ــ دە، ئۇنىڭ سوئالىغا قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ دېدى:

— قىزىڭلاردا ئەڭ ئاۋۋال مۇۋاپىق چېنىقىش ۋە تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشۈڭلار كېرەك. مەسىلەن، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئۇچەي ياللۇغىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى جەمئىيەتتىن، زور كۆپ قىسمىنى ئۆزۈڭلاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر قىزىڭلارنىڭ ئادەتتىكى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى ئېيتىپ بەرسەڭلارلا، بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ.

— قېنى سوراڭ.

— قىزىڭلارنىڭ ئادەتتە قول يۇيىدىغان ئادىتى بارمۇ؟

— بار، ئۇ تاماقتىن بۇرۇن قول يۇيۇشقا ئادەتلەنگەن.

— خوش، تاماق ۋاقتىدىن ئۆزگە ۋاقىتلاردا ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى يەمدۇ؟

— بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ يانچۇقىدىن پارچە ـ پۇرات پۇلنى كەم قىلمايمىز، بىر قىز ئەمەسمۇ؟

— ھە، ئۇ مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشىدە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يېيىشكە ئامراق ئىكەن ـ دە!

— ياق، ئۇ باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنداق ئادىتى بولمىسا كېرەك، بىزمۇ داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىمىز.

— تاماق يېگەندە قوللىرىنى پاكىز يۇيىدىكەن، ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەرنىمۇ ئېلىپ يېمەيدىكەن، ئۇنداق بولسا بۇ كېسەلنى نەدىن يۇقتۇرۇۋالغاندۇ؟

دوختۇر ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، پېشانىسىنى تۈتتى ۋە بىر پەسكە ئۇندىمىدى.

— دوختۇر، پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنى يېيىشنىڭ بالىلارغا قانداق زىيىنى بار؟

— پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنى يېيىشنىڭ زىيىنى كۆپ

ئەمەس ، بىراق گەپ ئۇ نەرسىلەرنى قانداق يېيىشتە . مەسىلەن ، ئالايلى ، بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ئۇششاق يېمەكلىكلەرنىڭ بەزىسى خۇسۇسىيلار تەرىپىدىن ياسالغان ، دۆلەتنىڭ يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تازىلىق شارائىتىدا ياسالغان . بۇنداق يېمەكلىكلەردە ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك ئاقسىل ، ۋىتامىن ۋە ھەر خىل مىنېرال تۇزلار كەم بولغىنىنىڭ ئۈستىگە ئايرىملىرى يەنە زىيانلىق مىكروبلار ، ۋىرۇسلار بىلەن بۇلغانغان . بۇنداق زىيانلىق ماددىلار ، ئورگانىزمى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن ، ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى تۆۋەن بالىلار ئۈچۈن تېخىمۇ زىيانلىق . بۇ بىر تەرەپ .

— يەنە بىر تەرەپ ، بالىلار ئادەتتە كۆرۈنگەنلا نەرسىنى تۇتۇشقا ئامراق ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قوللىرى سوپۇنلاپ يۇيۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا خىلمۇخىل مىكروبلارنى ، ۋىرۇسلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ . ئۇلار قولىنى يۇيۇشقىمۇ ئۇلگۈرمەي ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ، مېۋە - چېۋىلەرنى قولى بىلەن تۇتۇپلا يەيدۇ ، ھەتتا ھۆل قولىنى ئاغزىغا سېلىپ ، شۈمىدۇ ، بۇنداق ھاللاردا كېسەل قوزغاتقۇچى مىكروبلار ۋە ۋىرۇسلار ئېغىز بوشلۇقى ئارقىلىق ھەزىم قىلىش يولىغا ئۆتۈپ ، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىغا ئېرىشىدۇ - دە ، شىددەت بىلەن كۆپىيىشكە باشلايدۇ . ئېغىزدىن كىرگەن مۇنداق مىكروبلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەم بەدىنىدىكى مىكرو ئورگانىزمغا قارشى تەركىبلەر تەرىپىدىن چەكلىنىپ ، ئۆلتۈرۈپ تاشلانسىمۇ ، بىر قىسمى جەزمەن كېسەل پەيدا قىلىدۇ . ئادەتتە يۇيۇلمىغان قولدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىنى مىكروسكوپ ۋە باشقا ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق ، ئۇنىڭدا دىزېنتېرىيە تاياقچە باكتېرىيىسى ، زۇكام ۋىرۇسى ، جىگەر ياللۇغى ۋىرۇسى قاتارلىق نۇرغۇن زىيانلىق مىكرو ئورگانىزملارنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز .

— سىلەرگە يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي ، پۇل — مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، بىر خىل پاسكىنا نەرسە . پۇلنىڭ ئوبوروت جەريانىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر ، ئاشۇ

پۇل زىيانلىق مىكرو تەنچىلەرنى توشۇغۇچى ئەڭ ئاكتىپ ۋاستە. تىجارەت ئورۇنلىرىدا ۋە بانكىلاردا پۇلنى دېزىنفېكسىيە قىلىش تەدبىرلىرى تېخى مۇكەممەللەشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئەمەلىيەت تېخىمۇ شۇنداق. بالىلار پۇل تۇتقان قوللىرى بىلەنلا يېمەكلىك ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ - دە، كېسەلنىڭ ئېغىزدىن كىرىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭلارمۇ؟

— چۈشەندۇق، چۈشەندۇق...

گۈلنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارقىمۇئارقا باش لىڭشىتىپ، دوختۇرنىڭ بۇنچىۋالا چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىشتى.

— بالىلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىشىنى تامامەن بالىلاردىن كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇلار تېخى كىچىك، نېمىنىڭ زىيانلىق، نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئانچە ئۇقمايدۇ. لېكىن، ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇشكە يېتەكلىشى كېرەك - دە.

قىزىتمىسى چۈشۈپ، خېلىلا يېنىكلەپ قالغان گۈلنۇر كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپ، دوختۇرنىڭ سۆزىنى تولۇقى بىلەن ئاڭلىدى. بەزىبىر گەپلەرنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ، دوختۇرنىڭ سۆزىدە ئۆز ئاتا - ئانىسىنى ئەيىبلەش مەنىسىنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭقىرىۋالدى.

ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەيىبلەنگىنىگە ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولۇۋاتقىنىنى بىلەتتى. دېمىسىمۇ، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ يېمەسلىكىنى تاپىلاپ تۇراتتى. ئۇمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈۋېرەتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا...

ئۇ ئاخىر ئۆزىنى باسالمىدى. كۆزىگە ياش ئېلىپ دوختۇرغا ۋە ئاتا - ئانىسىغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى - دە:

— مەن سىلەرنى ئالداپ قويدۇم. سىلەر بەرگەن پارچە - پۇرات پۇلغا مەكتەپكە بېرىشتىمۇ، مەكتەپتىن قايتىشتىمۇ كۆرگەنلا ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يەپ، قەلەم، ئۆچۈرگۈچ ئالدىم



www.uyghurkitap.com

دەپ يالغان ئېيتىپ قويدۇم...

— قىزىم ، بەك ياخشى بالا ئىكەنسىز ، ئۆزىڭىزنىڭ كەمچىلىكىڭىزنى ئېتىراپ قىلدىڭىز ، ئەمدى ئۇنى تۈزىتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، بولمىسا ساقىيىشىڭىزغا تەسىر يېتىدۇ !

دوختۇرمۇ ، گۈلنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ قىزنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقىدىن بەكلا سۆيۈندى ۋە ئۇنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئەركىلىتىپ قويدى .

ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى .

1985 - يىلى فېۋرال .



www.uyghurkitap.com

# سىرىق سەبدە

## 1

ئاتقان پاختىدەك ئاپئاق بۇلۇت دېڭىزىنى پەستە قالدۇرۇپ يەر يۈزىدىن ئون مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان جەنۇب ئاسمىنىغا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى . رېئاكتىۋ ماتورىنىڭ بىر خىل رىتىمدا گۈرۈلدىشى بەئەينى ئەللەي ناخشىسىغا ئايلىنىپ يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇيقۇ قۇچىقىغا غەرق قىلىۋەتكەن ، ئوڭ يېنىمدىكى يېشى توختالغان بىر كىشى ئانا سۈتىگە قانغان ۋە بۆشۈككە بۆلەنگەن بوۋاقتەك ، قويۇۋېتىلگەن يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ ، يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى .

بىراق ، جىددىي ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ كېتىۋاتقىنىمدا يېنىمدىكى كىشىدەك مەززە قىلىشىم مۇمكىنمۇ ؟ گېزىتخانا باشلىقىنىڭ قولىدىن ئايروپىلان بېلىتىنى تاپشۇرۇۋالغان دەقىقىدىن باشلاپ ئويلايدىغىنىم بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى قانداق قىلىپ قانائەتلىنەرلىك ھالدا ئورۇنداش مەسىلىسى ئىدى . ھازىرمۇ ھەم خىزمىتىمنىڭ تەرتىپى ئۈستىدە پۈتۈن زېھنىم بىلەن باش قاتۇرماقتا ئىدىم . دەسلەپكى لايىھەمگە قايتا ـ قايتا تۈزىتىش كىرگۈزەتتىم ، ئۆزۈمگە ئىشەنچ بېغىشلايتتىم .

— يولۇچىلار دىققەت ، ئايروپىلانىمىز يەنە ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن شەھەر ئايرودرومىغا قونىدۇ . بىخەتەرلىك بەلبېغى باغلىۋېلىڭلار . ھازىر يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇز ئىككى گرادۇس…

بىر يېرىم سائەتلىك ھاۋا سەپىرىدىن كېيىن ئايروپىلان ئايرودرومىغا سىلىق قوندى . يۈك ـ تاقلىرىمنى ئېلىپ زال

ئىشىكىدىن چىقىشىمىغىلا ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى دوغىلاقىنا كەلگەن بىر يىگىت ئالدىمغا كەلدى ـ دە، سالام بېرىپ سورىدى:

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇخبىر سىز بولامسىز؟

— ھەئە. مەن بولىمەن، ئىسمىم...

مېنى ئالغىلى كەلگەن «شاڭخەي» ماركىلىق پىكاپ شەھەرگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. شوپۇر يىگىت گەپداندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ تۈنجى قېتىم ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، شەھەر ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىنى توختاتتى ـ دە، گەپنى بۇرىدى:

— مۇخبىرلىق دېگەن ئوبدان خىزمەت جۇمۇ، شەھەر ـ شەھەرلەرگە بېرىپ تۇرىدىغان گەپ، كىرمىگەن چوڭقۇر، چىقمىغان دۆڭ قالمايدۇ، بۇنى خىزمەت دېگەندىن كۆرە، تاماشا دېگەن تۈزۈك. بۇنداق خىزمەت پېشانىسى ئوڭ كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ...

ماشىنىنىڭ ئالدى ئەينىكى ئارقىلىق ئاسفالت يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاسمانغا بوي سوزغان قارا تېرەكلەرگە كۆز تاشلىغاچ دېدىم:

— ھەي، سىلەرگە شۇنداق تۇيۇلىدۇ، بارغان يەرگە مەيلى ئۇ دۆڭ بولسۇن، ئويمان بولسۇن، ۋەزىپە بىلەن بارىدىغان گەپ، ۋەزىپە ئورۇندالمىسا، مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. خاتا قىلساڭ، تەنقىدنىڭ چوڭى بار تېخى!

— مەسىلەن، بۇ قېتىممۇ ۋەزىپە بىلەن كەلدىڭىزمۇ، — شوپۇر يىگىت ئېشەك ھارۋىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن ياندىۋالغاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ قويۇپ سورىدى، — قانداق ۋەزىپە بىلەن كەلدىڭىز، قارىغاندا ۋەزىپىڭىز بىزنىڭ ئىدارە بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ. مۇئاۋىن مۇدىرىمىزنىڭ كېچىكىپ قالماسلىقىم توغرىسىدا قايتا ـ قايتا تاپىلاپ كېتىشلىرى بىكار ئەمەس ـ دە!

www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىمقى مۇخبىرلىق ۋەزىپەم ھېچقانداق مەخپىيەتلىككە چېتىلمايتتى . بىراق ، ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشمەستىن تۇرۇپ نىشانىنى ئاشكارىلاپ قويۇشمۇ ئاقىلانىلىك ھېسابلانمايتتى . شۇنداقتىمۇ گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراپ ، شوپۇر بايامقى سوئالنى جەزمەن ئۇنتۇدى ، دەپ ھېسابلىغان چېغىمدا ئۇنىڭدىن سورىدىم .

— سىلەردە مېۋە ـ چېۋىنى يېڭى پېتى ساقلاش تەتقىقاتىدا يېڭى ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى دەپ ئاڭلىدۇق ، شۇنداقمۇ ؟

ئۇ مەن ئۇزاتقان تاماكىنى ماشىنىنىڭ ئوت تۇتاشتۇرغۇچىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن :

— ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنىغۇ ئۇقمايمەن ، ئىشقىلىپ ئۇنۇم چوڭ دەيدۇ ، بىر ھەپتە ئالدىدا تەبرىكلەش يىغىنىمۇ ئاچتۇق تېخى .

— بۇ تەتقىقاتنى كىم ئېلىپ بېرىپتىكەن ؟

— نۇرمان ئېلىپ بارغانمىش ، — ئۇ «مىش» قوشۇمچىسىنى ئالاھىدە ئاھاڭ بىلەن سوزۇپ ئېيتتى ـ دە ، قوشۇپ قويدى ، — ھە راست ، بىلمىسىڭىز كېرەك ، بىزدە نۇرمان دەيدىغان بىر چوكان بار .

— قانداقراق چوكان ئۇ ؟ — شوپۇر يىگىتنىڭ تەلەپپۇزىدىن گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە ، سورىدىم ، — نۇرمان ھەققىدە تېخى ھېچ نەرسە بىلمەيمەن .

ئۇ ئىككى قېتىم سوزۇپ سىگنال بېرىۋېتىپ ، ماشىنىنىڭ رولى يېنىغا سانجىپ قويۇلغان بىر تال سېرىق سەبدە گۈلنى قولىغا ئېلىپ پىرقىرىتىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، سوئالىمغا جاۋاب بەردى :

— قانداق چوكان بولاتتى ، ئوقۇرى ئېگىز چوكان ، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ ، رەھبەرلەرنىڭ گېپىگىمۇ ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمەيدۇ ... ئۇ مېنىڭ نۇرماننى سوراپ قالغىنىمدىن بىرنەرسە چۈشىنىۋالغان بولسا كېرەك ، گېپىنى تېزدىنلا ئۆڭشىۋالدى ، — گېزىتكە يازىدىغان ئوخشىمامسىز ئۇنى ، ۋاي...

ۋاي . نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ، سورىسىڭىز ، ئۆزى كېلىشكەن ، سېرىق سەبدەگە ئوخشاش چىرايلىق ، ئەمما پۇرىقى يوق... قالغىنىنى كېيىن بىلىۋالارسىز...

كېيىنكى سۆھبىتىمىز قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا بېسىقىپ قالدى . شوپۇر يىگىت قانداقتۇر بىر مۇقامغا غىڭشىغاچ ئالدىغا تىكىلىپ ، ئات ـ ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ ئارىسىدىن يول ئېچىپ بارماقتا ئىدى . مەن بولسام ئۆز خىيالىم بىلەن بەند ئىدىم .

## 2

ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى بىناسىغا يېتىپ كەلگىنىمدە خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغانىكەن .

مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىمگىلا شوپۇر يىگىت ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا مىس ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرغان سېمىز ، قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ، بادام دوپپىلىق بىر كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ماڭا تونۇشتۇردى :

— مانا بۇ ، كومىتېتىمىزنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رەجەپ قادىر بولىدۇ ، — ئۇ ئارقىدىنلا ماڭا بۇرۇلۇپ رەجەپ قادىرغا مېنى تونۇشتۇردى ، — سىلى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتقان مۇخبىر يولداش...

— قارشى ئالىمىز ، قارشى ئالىمىز ، ھارمىغايسىز ، جاپا چەكتىڭىز .

رەجەپ قادىر ئورنىدىن چاچراپ دېگۈدەك تۇردى ـ دە ، ئىككى قولىنى سوزغىنىچە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى . ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي مېنى يالغۇز كىشىلىك ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆزى پەستىنرەك ئورۇن ئالدى .

رەجەپ قادىر قىرىق بەش ياشلاردىن ھالقىغان ، سوقچاق يۈزلۈك ئادەم ئىدى . كۆتمەك قارا قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ ۋە

سەل ـ پەل قىزىرىپ تۇرغان كۆزلىرى خېلى سورلۇك كۆرۈنەتتى. كـۆزلـىـرىنىڭ قۇيرۇقىدىن باشلانغان ئۈچ تال چوڭقۇر قورۇق سىمىز بۇرنىنىڭ ئەتراپىدىن چىكىسى تەرەپكە سوزۇلغان كىچىك قـورۇقـچـىلارنى كېسىپ ئۆتكەنىدى. ساقىلى سانتۇالغۇدەك ئاز بولغاچقىمۇ ئىككى گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. سۆزلىگەندە يۈز مۇسكۇللىرى تاۋۇشنىڭ سالمىقىغا ماس هالدا تىترەپ تۇراتتى.

ئۇ چاي ئۈستىلىنى چېكىشۈدى، تاشقىرىدىن ئەللىك ياشلارنىڭ قـارىـسـىـنـى ئـالـغـان، ئـەمما قەددەم بېسىشلىرىدىن يىگىتلىك چـاغـلـىـرىـدىكى چاققانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا جىنىنىڭ بارىچە تىرىشۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى ـ دە، مـاڭا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ، رەجەپ قادىردىن ئۆزىگە نېمە خىزمەت بارلىقىنى سورىدى.

— تـۇراخـۇن، قـۇلاق ئـاڭـلامـدۇ، يوقمۇ، نەچچە قېتىم ئېيتتىم، ئىشخانامغا مېهمان كەلسە چايمۇ تەڭ كەلتۈرۈلسۇن دەپ.

تۇراخۇن دېگەن بۇ ئادەم «بۇ كىشىنىڭ يوغانچىلىقىنى كۆرۈپ قويۇڭ» دېگەندەك ماڭا «يالت» قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

هايال ئۆتمەي چايمۇ كەلتۈرۈلدى. رەجەپ قادىر مېنى چاي ئوتلاشقا دەۋەت قىلىشۋېتىپ سۆزگە كىرىشتى:

— ئەتىگەن ئىشقا كېلىشىمگىلا تېلېفون «جىرىڭ» قىلىپ قالدى. ئالسام بىزنىڭ مۇدىر ئىكەن، ئۇ ئۈرۈمچىدە مەجلىستە ئـەمـەسـمـۇ، سـىـزنـىـڭ بـۇگـۇنـكـى ئـايـروپـىـلاندا بۇ يەرگە كـېـلـىـدىـغـانـلـىـقـىـڭـىـزنـى، كـومـىـتېتىمىز ھەققىدە ماقالە يـازىـدىـغانلىقىڭىزنى ئېيتامدۇ، شۇ ھامان شوپۇر مۇختارجاننى چاقىردىم، ھازىرلا ئايرودرومغا يۈگۈر، مۇخبىر يىگىت ساقلاپ قالمىسۇن، دېدىم. شۇنداق ئەمەسمۇ مۇختارجان؟

— شۇنداق… شۇنداق… — شوپۇر يىگىت جاۋاب بەردى، — مۇدىر بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى، بەكمۇ…

رەجەپ قادىر تۇراخۇنغا لاقا ـ لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈپ مېنى

مەمۇرىي مەھكىمە مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىغاندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلۇپ دېدى :

— مۇخبىر ئۇكام . ھەي قاراڭا مېنى ، تېخىچە ئىسمىڭىزنى سورىۋالمىغىنىمنى ، ئىسمىڭىز نېمە بولىدۇ ئۇكام ؟

مەن ئالمان ـ تالمان مۇخبىرلىق كىنىشكامنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتقاچ دېدىم :

— ئىسمىم ئالىم بولىدۇ ، گېزىتخانىنىڭ...

— بولدى... بولدى ، تونۇشۇپ قالدۇق ، بۇ نەرسىنى كۆرسەممۇ بەرىبىر ... — ئۇ قولۇمنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ دېدى ، — ھازىرچە دەم ئېلىپ تۇرۇڭ ئۇكام ، كەچكە يېقىن مۇنۇ مۇختارجان سىزنى ئىزدەيدۇ ، ئاز ـ تولا پاراڭلىشىۋالايلى ، تونۇشۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ ؟ ھى... ھى... ھى...

ئورنۇمدىن تۇردۇمىيۇ ، ئادىتىم بويىچە ۋاقىتنى چىڭ تۇتماق بولۇپ دېدىم :

— رەجەپ ئاكا ، مالال كەلمىسە كومىتېتلىرىدىكى نۇرىمانغا چۈشتىن كېيىن كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويساق ، ۋاقىت بەك قىس .

رەجەپ قادىر قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئىشخانىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان تۇراخۇنغا بۇيرۇق قىلدى :

— قېنى تۇراخۇن ، تەجرىبىخانىغا تېلېفون بېرىڭ ، نۇرىمان كېلىپ كەتسۇن ، كەلگەندە ماڭا بىر يولۇقۇپ ئۆتسۇن !

تېلېفون تېزدىنلا ئۇلاندى . تۇراخۇن تەلىپىمنى قارشى تەرەپكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ، تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئۇرۇمچىدىن كەلگەن مۇخبىرمۇ ھە ، ھازىر ۋاقتىم يوق ، كېيىنچىرەك بىر گەپ بولار...

تۇرۇپكىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز شۇنچىلىك قاتتىق ۋە دانە ـ دانە ئىدىكى ، بىر مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ ئېنىق ئاڭلىماقتا ئىدىم .

بىردىن قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى . «ئۇرۇمچىدىن كەلگەن مۇخبىر دېگەننى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ پىسەنت قىلمىغىنىنى قاراڭ ، نېمە دېگەن چوڭچىلىق !» دېگەنلەر كاللامنى كېزىپ چىقتى . شوپۇر يىگىتنىڭ بايامقى سۆزلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى .

جىددىي تەلپۈنگە قىلىنغان بىپەرۋالىقتىن پەيدا بولغان كۆڭۈلسىزلىكىمنى بىلگەندەك ، رەجەپ قادىر بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى ، ھېسداشلىق قىلغان ئاھاڭدا دېدى :

— ھەي ، ئېشەككىمۇ خۇدايىم بىلىپ مۈڭگۈز بەرمىگەن ، ئەگەر ئېشەكنىڭ مۈڭگۈزى بولسا ، پۈتۈن ئىنساننى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ بولاتتىكەن ، ھېلىمۇ ئايال كىشى بولۇپ قاپتۇ ، بولمىسا...

سومكامنى كۆتۈرگەنچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم ، شوپۇر يىگىت «بايام مەن نېمە دېگەنىدىم» دېگەندەك ماڭا بىر قارىۋالدى .

3

ياتاققا ئورۇنلاشقاندىن كېيىنمۇ تۇزۇكرەك ئارام ئالالمىدىم . نۇرىماننىڭ بايامقى توڭ گەپلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاۋەردى . چۈنكى ، باشقا بىرى ئەمەس ، دەل مەن يازماقچى بولغان كىشى ماڭا شۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتاتتى . باشلىقىمنىڭ ئېيتىشىچە ، مېۋە - چېۋىنى يېڭى پىتى ساقلاش تەتقىقاتىنى ئاشۇ نۇرىمان تاماملىغان ئىمىش ، مېۋە - چېۋە ماكانى بولغان شىنجاڭدا بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئەمەلدە قوللىنىلىشى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىمىش ، ئۇ ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى مۇدىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، نۇرىمان ھەققىدە ئوچېرك ئېلان قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىكەن .

راستىنى ئېيتسام ، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ھاكاۋۇرلۇقتا ئۇچىغا چىققان ۋە رەھبەرلىككىمۇ ، ئادەتتىكى



www.uyghurkitap.com

ئىشچىغىمۇ ياقمايدىغان بىر چوكاننى ماختاپ ئۇچۇرماقچى بولغانلىقىمنىڭ سىرىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم .

بىراق ، ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ، ئۇچرىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ئوبيېكتىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆزىتىشكە ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە پاراڭلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى . رەجەپ قادىر بىلەن شوپۇر يىگىتنىڭ قارىشى نۇرىمان ئۇستىدىكى كۆزىتىشنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىناتتى .

شۇ خىياللار بىلەن چېلىشىپ تۇرغىنىمدا ئىشىك چېكىلمەيلا ئېچىلىپ مۇختارجان كىرىپ كەلدى . ئۇ رەجەپ قادىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مېنى ئالغىلى كەلگەنىكەن .

«يالغۇز ئولتۇرغاندىن كۆرە ئىككى - ئۈچ رومكا ئىچىپ ، مۇڭدىشىپ كەلسەم كېلەي» دېدىم - دە ، ماشىنىغا چىقتىم .

ئون بەش مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن رەجەپ قادىرنىڭ شەھەر چېتىگىرەك جايلاشقان قورۇسىغا يېتىپ كەلدۇق ، مۇختارجان ماشىنىدىن چۈشۈپ تۆت تونىنلىق يۈك ئاپتوموبىلى پاتقۇچىلىك كەڭلىكتىكى دەرۋازىنىڭ بىر يېرىنى بېسىۋىدى ، ئېغىر قاناتلار شىرىلداپ ئېچىلدى - دە ، كېشەك ئارقىسىغا كىرىپ كەتتى . دەرۋازا بېشىدىكى چىراغمۇ لاپپىدە ياندى .

— قېنى ، كىرسىلە ئالىمجان ئۇكام ، كىرسىلە…

رەجەپ قادىر تال باراڭلىرى ئاستىدىن پەيدا بولدى . ئۇ دەرۋازىنىڭ كارامەتتىكە ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز سېلىۋاتقىنىمغا قاراپ :

— پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى دېگەن مانا مۇشۇ ، دەرۋازا قاناتلىرى ئېلېكتر كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېچىلىپ - يېپىلىدۇ ، — دېگەچ كۇنۇپكىنى قايتا - قايتا بېسىپ كۆرسەتتى ۋە — بۇ ئىمارەتنى شەھىرىمىزنىڭ ئۇستىلىرى لايىھىلەپ ياسىغان ، قالتىسمىكەن ، — دەپ سوراپ قويدى .

— قالتىسكەن ، — دېدىم مەن بۇ كارامەتكە قىزىقىپ .

رەجەپ قادىر مېنى قورۇ - جاينى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ

قىلدى . ئۆيلەر ھەقىقەتەن قالتىس سىلىنغانىدى . شىپاڭنىڭ چەگىللىرىگە نەقىش ئويۇلۇپ سىرلانغاچقا كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . تاملارغا ئويۇلغان گۈللۈك نەقىشلەر شىپاڭغا ئېسىلغان ئاسما چىراغ يورۇقىدا يالتىراپ تۇراتتى ، مېھمانخانىنىڭ تام - تورۇسلىرىنى بېزەشكە زامانىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلگەنىدى .

مېھمانخانىغا كىرىشىمگىلا ئون نەچچە كىشى كوماندا بېرىلگەندەك تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، مەن بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشتى . رەجەپ قادىر مېنى ئۇلارغا سالاھىيىتىمدىن ئاشۇرۇپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇن ئېلىشتۇق .

مېۋە - چېۋە داستىخىنىدىن كېيىن تونۇر كاۋىپى تارتىلدى . كاۋاپنىڭ قوۋۇرغا گۆشى ۋە ساپسېرىق تىلىنغان تېرىسى ئالدىمغا كېلىپ قالغىنىغا قارىغاندا ، سورۇندىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق مېھمان مەن ئىدىم . بىراق ، راستىنى ئېيتسام ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنچىلىك ئەتىۋارلىنىشىمۇ تۇنجى قېتىم ئىدى .

— ئاغىنىلەر ، بۈگۈن مۇخبىر ئىنىمىز ئالىمجان شەھىرىمىزگە يېتىپ كەلدى . ئۇ كومىتېتىمىزنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىمەكچى . ئۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىز ، شەھىرىمىز خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقتا نامى بار ، شۇڭا ئەرزىمەس داستىخىنىمىز ئۈستىدە ئىنىمىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇق . ھەمراھ بولۇش يۈزىسىدىن ھەرقايسىڭلارنىمۇ چاقىرىپ قويدۇم ، قېنى تونۇشۇش ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى ، خوشە !

رەجەپ قادىر يۆتىلىپ ، قېقىلىپ تۇرۇپ سۆزلىگەندىن كېيىن رومكىلار ئارقىمۇئارقا قۇرۇقدىلىشقا باشلىدى .

ساھىبخانىنىڭ ھارىقى ساپلا ئالىي ھاراقلاردىن ئىدى . مەنمۇ مەززە قىلىپ ئىچىشكە باشلىدىم ، گەپ - سۆزلەرمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى . يېنىمدا ئولتۇرغان ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى بىرەيلەن ئاۋۋال گەپ باشلىدى :

— مۇدىرىمىز قالتىس ئادەم جۇمۇ ، ئالىي مەكتەپتە

ئوقۇمىغان بىلەن ، سەۋيە جەھەتتە خېلى ـ خېلى كىشىلەرنى پوش دەيدۇ .

بۇ گەپنى يەنە بىرەيلەن تولۇقلىدى :

— بۇ كىشى ۋىلايىتىمىزنىڭ يەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى ئۇچۇن ئاز كۇچ چىقارمىغان ، كۆزى ئۆتكۇر ، ئادەم تاللاشنى بىلىدۇ ، قىلمەن دېگەننى قىلماي قالمايدۇ .

— ئەمـــدى مېنى ماخـتىغىلى چۇشـتۇڭـلارمـۇ ، خېلى قىزىپسىلەر ـ دە ! سىلەرزە يامان باللار جۇمۇ !

رەجەپ قادىر ئۇستەلدىن بېشىنى ئارتىلدۇرۇپ تۇرۇپ كۇلۇپ قويدى .

— مەن دېگەن بىر ئاددىي ئىشچى ، — يېنىمدىكى بىرەيلەن بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئولگۇرگەن قىرىق ياشلاردىكى بىر ئەر كىشى رومكىسىدىكى هاراقنى تامچىتىپ تۇرۇپ دېدى ، — ئەمما بىرنى بىر ، ئىككىنى ئىككى دەيمەن . ناهەقچىلىككە هەرگىز چىداپ تۇرالمايدىغان خۇيۇم بار . مەسىلەن ، بۇ قېتىم مېۋە ـ چېۋىنى يېڭى پېتى ساقلاش تەتقىقاتىدا نەتىجە چوڭ بولدى ، بەزىلەر بۇ نەتىجىنى هېلىقى نۇرىمانغا مەنسۇپ دەيدۇ ، بىكار گەپ ! — ئۇ «بىكار گەپ» دەپ قـولـىـنـى كـۆتـۇرۇۋىـدى ، رومكىسىدىكى هاراق پۇتۇنلەي چېچىلىپ تۇگىدى ، — ئەگەر مۇدىرىمىزدەك پېشقەدەملەر ئەقىل كۆرسەتمىسە ، ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ئېتى بار بىر چوكان نېمىمۇ قىلالايتتى . مۇدىرىمىز ئۇنىڭغا زىر ـ زەۋەرگىچە ئۆگىتىپ قويغان . ئەمدىلىكتە بولسا پېشقەدەملەرنى پوش ـ پوش دەپ هەممىگە ئۆزى ئىگە بولۇۋالدى .

— هـەي ، غـەيـۋەت دېـگـەنگىغۇ مەن ئۆلگۇدەك ئۆچ ، — ئابدۇقادىر دەيدىغان بىر كىشى سۆز ئارىلىدى ، — ئەمما نۇرىماننىڭ گـېـپـــنى قىلسىلا سۆز قىستۇرغۇم كېلىدۇ . ئېرى زاۋۇتتىن ئىستېپا بېرىپ قاسساپلىق قىلىۋىدى ، ئېرىدىن چاندى . مانا ئەمدى كـۆرگەنلا كىشىگە قاش ئېتىپ يۇرىدۇ ، بىرەر هەپتە تۇرىدىغان بولسىلا تويغىمۇ داخىل بولۇپ قالامدىلا تېخى .

— ها… ها… ها…

مۇختارجان بۇلۇك ئۇستەلدىكى چوك ئۇنئالغۇنى بېسىۋەتتى. مۇزىكا ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى. بىرىنچى بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈۋالغان رەجەپ قادىر توققۇز بال شامالدا لەپپەڭشىۋاتقان تېرەكتەك ئىرغاڭلىغىلى تۇردى. يەنە ئىككى - ئۈچ كىشى مۇزىكا رىتىمىگە ماس كەلمىگەن هالدا چاۋاك ئۇرۇپ تېزىنغا مۇشتلاپ رەجەپ قادىرنى ئەگىپ پىرقىراشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا، توزۇپ كېتەي دەپ قالغان بىر تال سېرىق سەبدە گۈلنى تۆش يانچۇقىغا قىستۇرۇۋالغان مۇختارجان ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئارىسىدىن يول ئېچىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئۇنىڭ قولىنى مۇرەمگە تاشلىدى. ئۇ كۆزىنى ئاران ئاچاتتى، پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقان بېشىنى تەسلىكتە كونترول قىلىپ تۇرۇپ تىلىنى چايناپ سۆزلەيتتى:

— مۇخبىر ئاكا… مەن… مەن راست دەپتىمەنمۇ نۇرىمان… نۇرىمان… ئەرگە تېگىپ كېتىدىكەن ئەرگە…

ئۇ بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى تېزىمغا تېمىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ مەست بولغانلىقىنى پەملىدىم - دە، ئاستا ئىتتىرىپ تامغا يۆلەپ قويدۇم.

4

ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا كۈن خېلى ئۆرلەپ قاپتۇ، ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ قويۇپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلۈممۇ بىرنەرسە تارتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئىستاكانغا ياڭاقچىلىك چاي سېلىپ دەملىدىم - دە، گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ ياتاقتا ئۇيان - بۇيانغا مېڭىشقا باشلىدىم. قېنىق دەملەنگەن چاي تەسىر قىلدى بولغاي، بېشىمنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشلىرىمۇ سەل - پەل يېنىكلەپ قالدى، پىكرىممۇ ئېچىلىپ كەتتى. ئاخشامقى سورۇن ۋە سورۇندا دېيىلگەن گەپلەر يادىمغا

كـېلـىـشـكـە باشلىدى . «ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خادىمى» دەپ ھېسابلانغان نۇرىمان ئۇستىدىكى شىكايەتلەر بىرمۇنچە ئۇندەش ۋە سوراق بەلگىلىرىگە ئايلىنىپ كاللامغا لىق تولۇپ كەتكەندى .

يەنە ئويلىسام يەنە شۇ ، نۇرىمان ھەققىدە قانـ تەر سىڭدۇرۇپ ئوچېرك يېزىلسا ، ئوچېرك بېسىلغان گېزىت قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ، كىشىلەرنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قالسا ئاقىۋەت نېمە بولماقچى؟ ئوچېرك باشلىقىمنىڭ نامى بىلەن ئەمەس ، مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئېلان قىلىنىدىغۇ ، نامىم نۇرىماننىڭ نامى بىلەن بىللە سېسىپ كەتسە ـ ھە؟ مۇخبىر دېگەن باشقىلارنىڭ خاھىشى بويىچىلا ئىش قىلىدىغان ، نېمىنى ياز دېسە شۇنى يازىدىغان ماشىنا ئادەم ئەمەس ، مۇخبىرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ۋىجدانى ، راست گەپ قىلىش بۇرچى بار ئەمەسمۇ؟ پارتىيە گېزىتىنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرۇشقا بولمايدۇ . نېمىلا بولمىسۇن ئەھۋالنى باشلىققا مەلۇم قىلىشىم كېرەك ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش كېرەك ، بۇنداق قىلىش ئۇنى ئاسرىغانلىق .

ئويلىغانسېرى غۇرۇرۇم خۇددى قار پومزىكى يۇمىلاتقاندەك چوڭىيىپ بارماقتا ئىدى . ۋىجدانىم بۇرچۇمنى يادىمغا سالماقتا ئىدى .

— ياخشى تۇرۇپلىمۇ ئۇكام؟

تـۇيۇقسىز قويۇلغان سوئالدىن چۆچۈپ كەينىمگە قارىدىم . ئىشىككە كەينىمنى قىلىپ خىيال بىلەن بەند بولۇۋاتقاندا كىرىپ كەلگەن تۇراخۇن لۆڭگىگە ئورالغان بىر نەرسىنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە يېنىمدىلا تۇراتتى .

— خۇداغا شۈكۈر ، ئۆزلىرىچۇ .

— خـۇداغـا شـۈكـۈر ، رەجـەپ قادىر ئۆزلىرىگە ناشتىلىق ئەۋەتكەندى .

ئۇ بولاقنى شىرە ئۈستىگە قويدى ـ دە ، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ تۇرۇپ دېدى :

— ئاخشام بەك چارچاپ كەتتىلىغۇ دەيمەن ، ھەي ، بىزنىڭ

باللارزە...

ئۇ چارچاپ كەتكىنىمنى بىلگەنىدى. مەن «ھەئە» دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، ئۇنى كىرىشلوغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ھېچبىر تۈزۈت قىلمايلا ئولتۇردى. تەكلىپ قىلىشىم پەقەت ئەدەپ يۈزىسىدىن ئىدى، ئۇ ئولتۇرار دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئۆزۈمنى قانچە زورلىسامۇ قىلىدىغان گېپىم يوق ئىدى.

— بىزنىڭ مۇدىر مانا مۇشۇنداق مەرد ئادەم — يۇقىرىدىن كەلگەنلا كىشى ئۇنىڭ چېپىغا داخىل بولماي قالمايدۇ. ئەمما، ...—

تۇراخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. مەنمۇ كوچىلاپ يۈرمىدىم، تايىنلىق، ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدۇ، دەپ جەزم قىلدىم. مېنىڭ ئانچە گەپ خالىمايۋاتقىنىمنى كۆرگەن تۇراخۇن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئارام ئېلىشىمنى تاپىلاپ قويۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللىگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. مۇشۇ مىنۇتتا ماڭا ئاراملىق كېرەك ئىدى. چىشىمنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ قويدۇممۇ ۋاتىلداپ كېتىشىنى پەملەپ تۇراتتىم. ئۇ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

مەن تۇرغان مېھمانخانىدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپى يوق ئىدى. گېزىتخانىغا تېلېفون بېرىش ئۈچۈن شەھەرلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىشقا توغرا كېلەتتى. رەجەپ قادىر ئەۋەتكەن ناشتىلىق سامسىلاردىن ئازراق يەپ روھلىنىۋالدىم ـ دە، شەھەرلىك تېلېگراف تىجارەت ئورنىغا قاراپ يول ئالدىم.

تەلىيىمگە تىجارەت ئورنىدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىكەن. بەلكىم تېلېفون ساقلاۋاتسا كېرەك، تام بويلاپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە بىر قاراشتىلا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك كېلىشكەن بىر چوكان كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. خەت ـ چەك ۋە تېلېفون ئالاقىسىنى بېجىرىدىغان ئاياللار، خەت باسقۇچىلار بېشىنى بىر يەرگە قىلىشىۋېلىپ، چوكان تەرەپكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىما ـ ئىشارەت

قىلىشىپ پىچىرلىشىۋاتاتتى .

مەن قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك پىخىلدىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە مىڭ تەسلىكتە جەلپ قىلدىم ـ دە ، تېلېفوننى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇپ ، ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئولتۇردۇم .

بىكارچىلىقتا تامدىكى شوئارلارغا ، كەسپىي ئېلانلارغا قاراپ كېلىپ ، نەزەرىم كىتاب كۆرۈۋاتقان ھېلىقى چوكاندا توختىدى . ئۇ قارىماققا يىگىرمە يەتتە ياشلار چامىسىدا ئىدى . كىيىۋالغان بادام گۈللۈك ئايالچە زەر دوپپىسى شۇنچىلىك ياراشقانىدىكى ، قۇلىقىغا قىستۇرۇۋالغان ، ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان بىر تال سېرىق سەبدە بىلەن قوشۇلۇپ قاشتېشىدەك سۇزۇك چىرايىنى تېخىمۇ ئاق ۋە جۇلالىق كۆرسىتەتتى . توم ـ توم ئىككى ئۆرۈم چېچى ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىدە تولغىنىپ ياتاتتى . كاناي پاسونىدا تىكىلگەن گۈللۈك يوپكىسى پايپاق تارتىۋالغان پۇتلىرىنى يېپىپ تۇراتتى . خورما رەڭ توپلىيىنىڭ پاشنىسى بىر غېرىچ كېلىدۇ دېسە لاپ بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن بەش بارماق ئېگىزلىكىدىن ھەرگىز كەم چىقمايتتى . ئۇنىڭ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەسلىكى كۆز ـ قېشى ھەققىدە بىرنېمە دېيىشكە ئىمكان بەرمەيتتى .

— مانا سىزنىڭ تېلېفونىڭىز .

چوكان تېلېفونچىنىڭ ئىككى قېتىم چاقىرىشى بىلەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئېسىگە كەلدى ۋە كىتابنى قاتلاپ قول سومكىسىغا سېلىپ پەشتاختا ئالدىغا باردى ـ دە ، تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى .

— ۋەي ، سادىق ئاكامۇ ؟ بىر زۆرۈر ئىش بار ئىدى سەمىلىرىگە سالىدىغان ، ھېلىقى مەن دېگەن سورتلۇق شاپتۇلدىن ئەۋەتمىدىلىغۇ ، قوغۇنمۇ تېخى يېتىپ كېلەلمىدى... شۇنداقمۇ ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە بولمايدۇ ، پاتراق ماڭغۇزۇۋەتسىلە بولاتتى... بولسا ئەتىدىن قالمىسۇن جۇمۇ ، بولامدۇ ؟

چوكان تېلېفوننى قويۇپ قويدى ـ دە ، يەنە قەيەرگىدۇر زاكاز قىلىنغان تېلېفوننى كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كىتابنى قولىغا




www.uyghurkitap.com

ئالدى .

مۇخبىرلارغا خاس سەزگۈرلۈكۈم بىلەن ، بۇ چوكاننى بىرەر باشلىقنىڭ ئايالى دەپ قىياس قىلدىم . بىراق ، ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىنلا تېلېفون بەرمەي ، پوچتىخانىغا كېلىپ پۇل تۆلەپ تېلېفون بەرگىنى بۇ گۇمانىمنى چەتكە قاقاتتى .

شۇ ئارىدا تېلېفون ئېلىنغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى . باشلىقنىڭ نەق ئۆزىنى تاپتىم . كەلگىنىمدىن بۇيانقى ئەھۋاللار ھەققىدە دوكلات قىلىپ قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم . بىراق ، ئون بەش مىنۇتلۇق سۆزلىشىشتىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى . چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغىنىم ئۈچۈن ئازراق تەنقىدمۇ ئاڭلىدىم . باشلىقنىڭ ئېيتىشىچە ، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە قايتىپ كەلمەكچىكەن .

«كۆرىمىز ، مۇدىر قايتىپ كەلسە كەلسۇن ، ئۇ ئاممىنىڭ پىكرىگە قانداقمۇ جاۋاب بېرەركىن…» دېدىم - دە ، پوچتىخانىدىن سالپايغان پېتىم چىقىپ كەتتىم .

5

باشلىقنىڭ تەنبىھىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن روھىم چۈشۈپلا كەتتى . بىراق ، ئاز - تولا جىددىيلەشمەيمۇ قالمىدىم : «مەن مۇخبىر ، تېما تاللاش ئەركىنلىكىم بار ، ئۆزۈمگە تۇشلۇق غۇرۇرۇم ۋە ۋىجدانىم بار . ئىرادەمگە خىلاپ قەلەم تەۋرەتمەيمەن» دەپ مەيدەمگە مۇشتلىغان بىلەن ، تەشكىل تاپشۇرغان تېمىنى يېزىشتىن باش تارتىشقىمۇ بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىم تېمىلار باشلىقنىڭ ئىرادىسى بويىچىلا ئەمەس ، بەلكى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسى بويىچە بېكىتىلەتتى . چۈشتىن كېيىن بازار ئايلانغاچ كاللامنى سىلكىۋېتىپ ئويلاپ باقتىم ، ئويلا - ئويلا ئاخىر «كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» بىر چارىنى تاپتىم . يەنى ، مېۋە - چېۋىنى يېگى پېتى ساقلاش تەتقىقاتى بويىچە

يېڭى مۇۋەپپەقىيەت ياراتقان پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا قاراشلىق تەتقىقات ئورنى ھەققىدە بىر پارچە ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوچېرك يېزىپ ، بىرقانچە يەرگە نۇرمانىنىڭ ئىسمىنى قىستۇرۇپ قويۇش بىلەن ئىشنى بولدى قىلماقچى بولدۇم . ئۇ چاغدا ئوچېرك گېزىتكە بېسىلسىمۇ نامىمغا داغ كەلمەيتتى ، كۆپنى خۇشال قىلالايتتىم ، ئەگەر ئوچېرك تەھرىرلىكتىن ئۆتمەي سوغۇق سارايغا ھۆكۈم قىلىنسىمۇ ماڭا بەرىبىر ئىدى ، ۋەزىپىنى ئورۇندىغان ھېسابلىنىۋېرەتتىم . يامىنى كەلسە كەسپىي سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكىگە ئىقرار قىلسامىلا ئىش ئاياغلىشاتتى .

كەچكە يېقىن پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا ئەتە ئەتىگەندە نەق مەيداننى زىيارەت قىلىشقا بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇم . ئەتىسى ئەتىگەندىلا نەق مەيداندا ھازىر بولدۇم .

تەتقىقات ئورنى جايلاشقان كىچىك ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەر ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . مۇختارجان ماشىنىسىنى ھويلىدا توختاتتى ـ دە ، مېنى بىرىنچى قەۋەتتىكى ھەر خىل تەجرىبە ئەسۋابلىرى تولۇپ كەتكەن بىر بۆلۈمگە باشلاپ قويدى . ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا رەجەپ قادىرنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى .

— قارشى ئالىمىز ، قارشى ئالىمىز...

رەجەپ قادىر كىيىۋالغان ئاق خالات ۋە ئاق پوسما ئۇنىڭ چىرايى بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇراتتى . ئۇ مېنى تەجرىبە ئۈستىلىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى . مەن ئۇقمايدىغان قانداقتۇر سۈيۇقلۇقلارنى ئىنچىكە نەيچىلەرگە قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ دېدى :

— مۇخبىر ئۇكام ، ئۆزلىرى ئەقىللىق ئادەم ، ھەممىنى ئېيتمىساممۇ بىلىدىلا ، مېۋە ـ چېۋىنى ھۆل پېتى ساقلاش ئىشى تارىختىن بۇيان ھەل بولماي كەلگەن مەسىلە ، — ئۇ ئاق خالاتلىق بىر قىزنىڭ قولىدىن لۆڭگە ئېلىپ پېشانىسىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — تىرىشچانلىقىمىز بىلەن بۇ

مەسىلە ئاخىر ھەل بولدى . بىراق ، مېۋە - چېۋىنى ئالتە ئاي يېگى پېتى ساقلاشنى بىر يىلغا ئۇزارتىش پىلانى ئۇستىدە يەنە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ . كۆرۈۋېتىپتىلا ، بۇ ئىشقا بىز پىشقەدەم كەسىپ ئەھلىلىرى قول سالمىساق بولمايدۇ . شۇنداقمۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

ئۇ يېنىدا قاراپ تۇرغان ئىككى - ئۈچ كىشىگە سوئال نەزەرى بىلەن گۆلەيدى . ئۇلار دەرھال :

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دەپ رەجەپ قادىرنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەشتى .

— سىلىگە يۈرەكلىك ھالدا ئېيتالايمىزكى ، مېۋىنى ھۆل پېتى ساقلاش ۋاقتىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىككى يىلغا يەتكۈزۈشكە ئىشەنچىم بار ، شۇنداقمۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

رەجەپ قادىرنىڭ ئىشداشلىرى بۇ قېتىم جاۋاب بېرىشتىن باش تارتتىمۇ ياكى ئۇنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قالدىمۇ ، ئىشقىلىپ دەرھال قوشۇلۇپ كەتمىدى . ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن رەجەپ قادىرغا سوئال قويدۇم :

— مېۋە - چېۋىنى ئىككى يىل ساقلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ، مۇدىر ؟ مېۋە - چېۋە دېگەن يىلدا بىر قېتىم پىشمامدۇ ؟

سوئالىمغا رەجەپ قادىردىن جاۋاب چىقمىدى . ئۇنىڭ ئىشداشلىرىمۇ بىر - بىرىگە كۆز بېقىشىۋالدى . ئۇ ئاغزىنى ئاچقان پېتى بىر ھازا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن ، كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى پەملىدى بولغاي ، بىردىنلا كۈلۈمسىرەپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى :

— ياق... ياق... ئەسلىدە بىزدە ئاشۇنداق ئەخمىقانە خىياللارنى قىلىدىغانلارمۇ بار ، دېمەكچىدىم ، مەسىلەن ، نۇرىمان...

— ھە راست ، نۇرىمان قايسىڭلار بولىسىلەر ؟

رەجەپ قادىر نۇرىماننى يادىمغا سالغاچ ، تەجرىبە ئەسۋابلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قىز - چوكانلاردىن سورىدىم .

— ئۇكام ، تەجرىبىخانىنىڭ ھاۋاسى يامان ، ئىشخانىغا چىقىپ



www.uyghurkitap.com

سۆزلىشەمدۇق ـ ھە ؟

رەجەپ قادىر ئارقىمۇئارقا چۇشكۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ، يېڭىمدىن تارتقىنىچە مېنى ئىشخانىغا باشلاپ چىقتى ، چاققانغىنا ئىشخانىنىڭ نەقىشلىك شىرەلىرىگە خىلمۇخىل مېۋە ـ چېۋىلەر تىزىۋېتىلگەنىدى ، رەجەپ قادىر مېنى نېمەتلەرنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ، بىر قېلىن دەپتەرنى ئېلىپ ئوقۇشقا تەمشىلىۋىدى ، بايامقى سوئالىمنى قايتا تەكرارلىدىم :

— نۇرىمان بۇگۈن بىر ناھىيىگە ئەۋرىشكە ئېلىپ كەلگىلى كېتىپتۇ . ھەي ، نېمىسىنى دەيسىز ئۇكام ، ئۇنىڭ باشباشتاقلىقى مانا قايسى دەرىجىگە يەتكەن ، ماڭا بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويماپتۇ . بىراق ، ئەھۋال ماڭا بەش قولدەك ئايان ، دوكلات قىلىۋەرسەم بولىدۇ…

نۇرىمان ھەققىدە ئوچېرك يېزىشتىن ۋاز كەچكەن بولسامۇ ، پۈتۈن شەھەردىكىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان بۇ چوكاننى بىر كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم . ئۇچراشقاندا مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە پەرۋاسىز قارىغانلىقى ئۈچۈن بىر ـ ئىككى ئېغىز تەنە قىلىۋېلىپ پۇخادىن چىقىۋېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى . بۇگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئۆزىنى چەتكە ئالدىمۇ يا ؟ دەپ ئويلىدىم ئاخىر .

رەجەپ قادىرنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى چۈشكىچە داۋاملاشتى . خاتىرىلىۋالغان نەرسىلىرىم بىرەر ئوچېرككە ياراپ قالاتتى . ئۇنىڭ تاماققا تەكلىپ قىلىشىغىمۇ قارىماي مېھمانخانىغا قايتىپ كەتتىم ۋە ئوچېركىمنىڭ رامكىسىنى قوراشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلدىم… قەسەمبىللا ، نۇرىماننىڭ ئىسمىنى بىرەر يەردىمۇ ئاتىمايمەن ، دېگەن قارارغا كەلدىم .

6

ئىشىك چېكىلدى ، ئورىگىنالدىن بېشىمنى كۆتۈرمەيلا دېدىم :

— كىرىۋېرىڭ .

www.uyghurkitap.com

كىرگۈچى ئەللىك بەش ياشلارغا بېرىپ قالغان، ئورۇق ۋە قارامتۇل كەلگەن، ئېگىز بويلۇق، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. قىرى بۇزۇلمىغان شىم ـ كاستۇملىرى ۋە تاقىۋالغان ھاۋا رەڭ گالستۇكى بەستىگە خېلىلا سالاپەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇ مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئىسمىم مەخسۇت بولىدۇ، ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدا ئىشلەيمەن، سىز بىلەن كۆرۈشۈش مەقسىتىدە ئايرودرومدىن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىشىم...

— ھە، ئۆزلىرى مەخسۇت ئاكىمۇ؟

كۆڭلۈمدىكى خاپىچىلىقنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ كۈلۈمسىرىدىم، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، مەنمۇ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. چۈنكى، بۇ كىشى ھەققىدە باشلىقىمدىن يېتەرلىك نەرسىلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ مەخسۇت مۇدىر بىلەن پارتىيە مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنى ئۇنداق قابىلىيەتلىك، مۇنداق ياخشى ئادەم دەپ كۆكلەرگە ئۇچۇرغانىدى.

— مېھمانخانىنىڭ تامىقى قانداقراقكەن، بۇ شەھەرنىڭ ئىسسىقى قىيناپ قويمىغاندۇ، — سورىدى ئۇ ماڭا تاماكا تۇتقۇزۇپ.

ھەممىدىن رازى ئىكەنلىكىمنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ بىر يۇتۇم چاي ئوتلىۋالدى ـ دە، كۈلۈپ قويۇپ سورىدى:

— يالغان ئېيتىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، يېمەك ـ ئىچمەكتىن رازى بولسىڭىز بولغانسىز، خىزمىتىڭىزدىنچۇ؟

ئۇ گەپنى تۇپتۇزلا قويدى. خىزمىتىمدىن رازى ئەمەسلىكىمنى بىلىۋالغانلىقى ئۇنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىدىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. باشلىقىمنىڭ باھاسىنى ئىسپاتلاشقا باشقا دەلىل ـ ئىسپاتنىڭمۇ لازىمى يوق ئىدى.

ئۇ زوۋان سۇرمەيۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئورىگىناللىرىمغا قىيا قارىۋالغاندىن كېيىن ئويچان كۆزلىرىنى ماڭا

تىكتى :

— كومىتېتىمىزغا كېلىپ نېمىلەرنى ئاڭلايدىغانلىقىڭىز ۋە نېمىلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىڭىزنى پەملىگەنىدىم . بىراق ، بۇنىڭمۇ يامىنى يوق . مۇخبىر دېگەن ھەر خىل قاراشلارنى ئاڭلىشى ، كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى كېرەك . ھەرقانداق كۆزەتكۈچى ئاۋۋال شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ، ئاندىن ماھىيەتنى بىلەلەيدۇ ، تاشقى كۆرۈنۈشتىن ھالقىپ ئۆتۈپ ماھىيەتنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس .

مەخسۇت مۇدىرنىڭ دەۋاتقانلىرى دەل پارتىيە مەكتىپىدە كۆپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەر ئىدى . ئاخبارات نەزەرىيىسىدىمۇ فورمۇلىلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى ، لېكىن ئۇنىڭ «موللا تاپقاق»لىقىغا ھېلىمۇ گۇمانىم بار ئىدى . ئۇ نېمىلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىمنى پەرەز قىلالىسىمۇ ، كاللامدىكى ئويلىرىمنى بىلىۋېلىشى ناتايىن ئىدى . شۇڭا ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتىم .

— كەلگەندىن بېرى ئەھۋال ئىگىلەۋاتىمەن ، ماقالەمنىڭ دەسلەپكى شەكلىمۇ تەييار بولۇپ قالدى .

ئۇ بىردىن كۈلۈپ كەتتى ـ دە ، مۇرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— نۇرىمان توغرىسىدا بىرنەرسە يېزىشتىن يالتىيىپ قالدىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى .

ئەمدى نېمە دېيەلەيتتىم ؟ مەقسىتىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى . بىراق ، نۇرىمان ھەققىدە ماقالە يازماسلىق قارارىغا كېلىشىمدىكى سەۋەبلەرنىڭمۇ خېلى جېنى بار ئىدى . شۇڭا ، گەپنى تۈزلا قىلىۋەردىم :

— مەخسۇت ئاكا ، ئاممىنىڭ نۇرىمانغا بولغان قارىشى ياخشى ئەمەسكەن .

— ياسانچۇق ئىكەن ، ھاكاۋۇر ئىكەن ، ئېرىدىن چېنىپتۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق… شۇنداق ، — مەن مەخسۇت مۇدىرنىڭ سۆزىنى دەرھال تەستىقلاپ دېدىم ، — ئاممىۋى ئاساسى بولمىغان بىر

چوكانىنى گېزىتتە تەشۋىق قىلىپ يۈرسەك قاملاشمايدۇ ـ دە ، تەتقىقات ئىشىنى تاماملاشتا تۆھپىسى بار دەپمۇ قويايلى ، بىراق شۇنچە كۆپ ئىللەتلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ نامىنى چاقناتقىلى بولارمۇ ؟ يەنە كېلىپ ئۇنچىلىك ياشتىكى بىر چوكانىنى گەدىنىمىزگە مىندۈرۈپ كۆتۈرۈپ يۈرسەك ، كېيىن تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتسە ، مەغرۇرلانسا…

— ھىم ، ئىللەتمىش ، ھاكاۋۇرمىش…

مەخسۇت مۇدىرنىڭ چىرايى بىردىن جىددىي تۈس ئالدى . ئۇ قەيەرگىدۇر بىردەم تىكىلىۋالغاندىن كېيىن كەسكىن قىلىپ دېدى :

— دۇنيادا ئىللەتسىز ئادەمغۇ يوق ، ئەگەر بار دېيىلسە ، نۇرماننى دېسە بولىدۇ . ئۇ قانچە كېچە ـ كۈندۈزنى ئۇيقۇسىز ، قانچە يەكشەنبىنى ئارامسىز ئۆتكۈزمىدى ـ ھە ؟ ھەي بىزنىڭ خەلق ، ئەگەر ئىللەت بار دېيىلسە … — ئۇ ياتاقتا باشقا بىرى يوقتەك ، ئۆزى ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك سۆزلىمەكتە ئىدى . مۇشتۇملىرىنىڭ تۈگۈلگەنلىكىدىن ، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس ئىدى . مەخسۇت مۇدىرنىڭ شۇنچىۋالا قايناپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلا پەرەز قىلمىغانىدىم .

— ئەلۋەتتە ، ئۆزىڭىز خالىمىغان ئىشنى سىزگە تاڭغىلى بولمايدۇ ، — مەخسۇت مۇدىر تىنچلاندى ـ دە ، سىلىق تەلەپپۇزدا ماڭا دېدى ، — نۇرمان ھەققىدە بىرنەرسە يېزىش ـ يازماسلىقنىڭ كارايىتى چاغلىق . ئۇ ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەشنى خالايدىغان چوكان ! بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز كىشىلەرگە توغرا باھا بېرىشنىڭ ، ئېقىمغا ئەگىشىپلا يول تۇتماسلىق ، ياخشى ئادەملەرنىڭ ياخشىلىقىنى كىشىلەرگە تونۇتۇش… مۇنداق بولسۇن ، ماقالىنى قانداق يازسىڭىز ئىختىيار سىزدە ، بىراق بەزى ئىشلارنى چۈشىنىشىڭىزگە ۋاقىت كېرەك . ئالدىرىمىسىڭىز ، ھەممىنى بىلىپ قالىسىز ، ئەڭ ياخشىسى ، نۇرمان بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىڭ .

— ئۇچرىشىش تەسكە توختىغۇدەك ، بۈگۈن تەتقىقات ئورنىدا

ئۇ يوق ئىكەن .

— رەجەپ قادىر بارمىكەن ، بەلكى ئۇ سىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرغاندۇ ؟

مەخسۇت مۇدىرنىڭ ھەربىر قەدىمىمنىڭ قانداق بېسىلغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغانلىقىغا گۇمانىم قالمىدى . بولۇپمۇ ئۇ رەجەپ قادىرنى ئېغىزغا ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىمگە مەنىلىك نەزەر بىلەن تىك قادالغاندا ، ئۇنىڭ قاراشلىرىغا چىداپ تۇرالمىدىم .

بەزى ئادەملەر باركى ، سۆزلىگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە قەسەم ئىچىپ تۇرسىمۇ ، كۆزى ھەممە يالغانلارنى پاش قىلىپ تۇرىدۇ . بەزى ئادەملەر باركى ، سۆزلىرى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ ، كۆزلىرى راستلىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ . مەخسۇت مۇدىر سۆزلەۋاتقاندا بولسا ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدىن بىر خىل نۇر ئېتىلىپ چىقىپ ، كىشىنى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە قىستىغاندەك قىلاتتى . شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، ئۈچ كۈندىن بۇيان چىقارغان يەكۈنلىرىمگە كۆڭلۈمدە تۇنجى قېتىم شەك پەيدا بولدى . نېمىلا بولمىسۇن نۇرىمان بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى زىيارەت قىلىشقا قوشۇلۇش پىكرىگە كەلدىم .

— ئۇنداقتا نۇرىمان بىلەن قەيەردە ئۇچرىشالايمەن ؟

مەخسۇت مۇدىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز ـ دە !

مەن زورىغا باش لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم .

## 7

مۇخبىر دېگەن بۇ نام بالا ۋاقتىمدىلا ماڭا تونۇشلۇق ئىدى . بۇ نام قۇلىقىمغا چىرايلىق ئاڭلانغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئىشقىلىپ مۇخبىر دېگەننى يۇرت رەھبەرلىرىدىنمۇ چوڭ دەپ ھېسابلايتتىم . بەزىدە ئۈچقۇسى كەلگەن تەرەپكە ئۇچىدىغان ، چۈشكۈسى كەلگەن يەرگە چۈشەلەيدىغان ئەركىن قۇش

www.uyghurkitap.com

سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلاردىكى چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر كۈنى مەھەللىگە رادىئو ئۈزىلىنىڭ مۇخبىرى كەپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا يەۋاتقان تامىقىمنىمۇ تاشلاپ ئەترەت ئىشخانىسىغا باردىم. ئۇ يەردە بىر كىشى ئەترەت باشلىقىدىن بىرنېمىلەرنى سوراپ خاتىرىسىگە ئېلىۋاتقانىكەن. مۇخبىر دېگەننىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھېچقانچە پەرق قىلمايدىغانلىقىنى، قىزىقىپ كۆرگۈدەك يېرى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئاغىنىلىرىم پەشلىرىنى قېقىپلا كېتىپ قېلىشتى. مۇخبىر بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئىشىنى تۈگەتتى ـ دە، ئېڭىكىمنى ئىككى قولۇم بىلەن تىرىگىنىمچە زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىمغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ھوي شەيتان، ئەجەبمۇ چىداپ ئولتۇرۇپ چىقتىڭغا، زېرىكمىدىڭمۇ؟

— زېرىكمىدىم!

مۇخبىر ماڭا گەپ قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك، ئامەتلىك سەزدىم، ئاغىنىلىرىمنىڭ بۇ ئامەتتىن قۇرۇق قالغانلىقىغا ئېچىندىم.

— ھوي ئوغلۇم، چوڭ بولغىنىڭدا مۇخبىر بولغۇڭ بارمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپ قالدى ھېلىقى مۇخبىر مەندىن.

— مۇخبىر ئاكا، ئويۇمدىكىنى تاپتىڭىز، قېنى ئېيتىڭا، قانداق قىلسا مۇخبىر بولغىلى بولىدۇ؟

ئۇ مۈرەمگە شاپىلاقلاپ مېھرىبانلىق بىلدۈرۈپ:

— ياخشى ئوقۇغىن، ئوبدان ئۆگەنگىن، تىلىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشىنىمەن، — دېگەندى.

ھېسابلاپ باقسام مۇستەقىل مۇخبىرلىق قىلىۋاتقىنىمغا بەش يىل توشۇپ ئىككى ئاي ئېشىپتۇ. ھېلىمۇ يادىمدا، گېزىتخانىغا تەقسىم قىلىنىپ تۇنجى يىلى ھازىرقى باشلىقىمغا ئەگىشىپ تۆت ئايلىق تۆۋەنگە چۈشكەندىلا بۇرۇن ئويلىغانلىرىمنىڭ باللارچە خىيال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن، چىگىش مەسىلىلەرگە

دۈچ كەلگەندە «مانا ساڭا مۇخبىرلىق دېگەن» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەنە قىلغانىدىم .

بىراق ، شۇ بەش يىلدىن بۇيان ئۇچرىغان چىگىش مەسىلىلەر هازىرقى ئەھۋال ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى .

مانا مۇشۇ سائەتتە بويىنۇمغا باغلانغان ئىككى ئارغامچىنىڭ بىرى ئالدىغا سۆرەيتتى ، بىرى كەينىگە تارتاتتى ، مەن بولسام قارىمۇقارشى يۆنىلىشلىك ئىككى كۈچ ئارىسىدا قىينالماقتا ئىدىم . بىراق ، مەخسۇت مۇدىر بىلەن بولغان قىسقىغىنا سۆھبەتتىن كېيىن ، كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ ئالدىغا سۆرىگۈچى كۈچ سەل ـ پەل ئاشماقتا ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆرۈنۈۋاتقان ئالامەتلەر ئادەمنى ئويغا سالماي قويمايتتى . ئەگەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئەھۋال ئۇ ئېيتقاندەك چىقىپ قالىدىغان بولسا ، ئاڭلىغان ئىنكاسلارنىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆز ـ ئۆزۈمنىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلىشقا توغرا كېلەتتى .

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، مۇخبىر بولغان كىشى مەسىلىنىڭ بىرلا تەرىپىنى ئالدىراپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتسە بولمايتتى ، يەنى ئۇنىڭ ئەكس تەرىپىنىمۇ ئويلىشى كېرەك ئىدى . بۇ فورمۇلا بويىچە بولغاندا نۇرمان ئۇۋال قىلىنىۋاتقان — كۆمۈلۈپ قالغان ، ھەسەتخورلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان شەخس بولۇشى مۇمكىن ئىدى . بۇنداق ئەھۋالغا دۈچ كەلگەن مۇخبىر قانداق قىلىشى كېرەك ؟ ئەلۋەتتە بار كۈچى بىلەن ئادالەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ، ھەقىقەتنى ئەپكار ئامما ئالدىدا نۇرلاندۇرۇشى ، ئۆز ھېسسىياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماسلىقى لازىم ئىدى .

بىر كېچىلىك باش قاتۇرۇشتىن كېيىن نۇرمان بىلەن ئۇچرىشىش قارارىغا كەلدىم . ئەتىگەندىلا قول سومكامنى كۆتۈرۈپ تەتقىقات ئورنىغا جۆنىدىم .

تەجرىبىخانا يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا چۆككەنىدى . تام بويلاپ قويۇلغان تەجرىبە ئۈستىلى ئالدىدا بىر قاراشتىلا ئەر ياكى ئاياللىقىنى پەرق ئەتكىلى

بولمايدىغان ئاق خالاتلىق خادىملارنىڭ بەزىسى شىكالىلارنى كۆزەتمەكتە، بەزىلىرى خاتىرە يازماقتا ئىدى. مەن تەجرىبىخانىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگەن بىرىدىن سورىدىم.

— نۇرمان قايتىپ كەلدىمۇ؟

— ...

— نۇرمان قايسى؟

— قايتىپ كەلدى، مانا ئالدىڭىزدا تۇرىدۇ!

جاۋاب بەرگۈچى كەينىگە شۇنداقلا بۇرۇلۇۋىدى، ھەيرانلىقىمدىن ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى. كۆرۈۋاتقىنىم تۇنۇگۈن پوچتىخانىدا ئۇچراتقان، بىرەر ئەمەلدارنىڭ رەپىقىسى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلغان ھېلىقى چىرايلىق چوكان ئىدى. «بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى» دېگەندەك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كىشىنى ھېيىقتۇرغۇدەك بىر خىل جازىبىلىك نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— مەن مۇخبىر، سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم.

دەماللىققا ئاغزىمدىن چىقىرالىغىنىم مۇشۇ ئىككى ئېغىز گەپ بولدى.

ئۇ ماڭا لاپ ئېتىپ بىر قارىۋېلىپ، دانە ـ دانە قىلىپ دېدى:

— ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇشىڭىز ھاجەتسىز، بىز ئاللىقاچان تونۇشۇپ بولغانغۇ دەيمەن؟

ئۇنىڭ چىرايىدا چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر خىل تەبەسسۇم كۆرۈندى. يۈرىكىم جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

— ھە... ھە... تونۇشۇپ بولغان، شۇنداقتىمۇ ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىۋالساق بولاتتى...

— ئەپۇ قىلىسىڭىز، ھازىر ۋاقتىم يوق.

— بۇ...

ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە قانداقتۇر زاڭلىق قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان كۈلكە جىلۋىلەندى:

— مەن بىلەن پاراڭلاشماقچى؟! ئىرادىڭىزگە خىلاپ ھالدا،

شۇنداقمۇ ؟

يۈزۈم بىردىن قىزىشىپ كەتكەندەك بولدى . بەلكى قىزىللىق قۇلىقىمغىچە يېتىپ بارغان بولسا كېرەك . ئەتراپىمغا كۆز قىرىمنى تاشلىۋىدىم ، ھەممەيلەن ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېتىپتۇ . ھېلىمۇ ياخشى ، تەجرىبىخانىدا بىراۋنىڭ سۆزىگە بىراۋ قۇلاق سالمايدىغان ياخشى ئادەت بار ئىكەن . نۇرىمانمۇ ، مەنمۇ چۈشىنىپ تۇراتتۇقكى ، تۈنۈگۈن پوچتىخانىدا قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا ئۇنىڭ سۆزى مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرىپ قالغاندەك ، مېنىڭ سۆزۈممۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ ئۆلگۈرگەندى . بىراق ، يوشۇرۇن ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلغان «ئىرادەم»نى پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بۇ چوكان ئاڭقىرىۋالغانىدى . مەن پايدىلىنالايدىغان بىردىنبىر ئامال تىل سەنئىتىنى ئىشقا سېلىپ ، بۇ يوشۇرۇن بومبا كۆمۈلگەن رايوندىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىش ئىدى . شۇڭا ، گەپنى چاقچاققا بۇراپ دېدىم :

— بولدىلا ، ئىرادە ـ پىرادە دېگەننى قويۇپ تۇرايلى ، مانا ھازىر سىزنى زىيارەت قىلماقچى بولغىنىمنىڭ ئۆزى ئىرادە !

نۇرىمان ئىسپىرتوپكىنىڭ كۆكۈچ يالقۇنى تەپتىدىن ئاپئاق كۆپۈك ئۆرلىتىپ ۋىژىلداۋاتقان مېنزۇركىنى ئىتتىكلا قولىغا ئالدى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى :

— چاقچاق قىلىشىپمۇ بولدۇق . كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، سىز بىلەن پاراڭلاشقۇدەك ۋاقىت چىقىرالمايمەن . ئۆلچەملىك سۈيۇقلۇقلار تامامەن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلىپتۇ . بۈگۈنلا ئەسلىگە كەلتۈرمىسەك ، ھەممە ئىشنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ .

— قاچان شۇنداق بوپتۇ ؟

— تۈنۈگۈن .

— تەجرىبىخانىدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان كىمكەن ئۇ ؟

— كۆرۈپ تۇردىڭىزغۇ ؟

ئىشكاپ ئۈستىدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان بىر ۋازا سېرىق

سەبدە گۈلگە كۆزۈم چۈشۈش بىلەنلا ، رەجەپ قادىرنىڭ تۈنۈگۈن مۇشۇ يەردە ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى .

نۇرمان ماڭا يەنە مەنىلىك تىكىلدى . مەن سورىدىم :

— رەجەپ قادىر ؟

— ...

نۇرمان سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدى . ئۇ ئۆز يېنىدا بىر مۇھىم شەخسنىڭ تۇرغىنىنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك ، قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن بەند ئىدى . مۇخبىرلىق ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئېتىبارسىز قالغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ياكى نۇرماننىڭ نۇرغۇن كىشىلەر ئارزۇ قىلىپمۇ ئېرىشەلمەيدىغان زىيارەتنى قوبۇل قىلىغۇسى كەلمىگەنلىكىگە خاپا بولغىنىم ئۈچۈنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇشقا باشلىدى . ئەمدى بۇ يەردە ئارتۇقچە تۇرۇۋېرىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق ئىدى . زورىغا بولسىمۇ «خوش» دەپ قويۇپ تەجرىبىخانىدىن ئايرىلدىم .

مەخسۇت مۇدىر بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە بۈگۈنكى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم رەجەپ قادىرنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئوبرازىنى فوكۇسى تەڭشەلمىگەن فوتو ئاپپاراتىدا تارتىلغان سۈرەتتەك غۇۋالاشتۇرماقتا ، نۇرماننى بولسا روشەنلەشتۈرمەكتە ئىدى .

ئىشقىلىپ ، كەيپىم ساز ئەمەس ئىدى . بۇ شەھەرگە كەلگىنىمدىن بېرى تەسەۋۋۇرۇمدا قۇرۇلغان ئىمارەتنىڭ ئۇلى لىڭشىۋاتاتتى .

## 8

قايسىدۇر بىر كىتابتىن مەلۇم مەشھۇر شەخسنىڭ «مۇخبىر» دېگەن ئاتالغۇغا «تاجىسىز پادىشاھ» دەپ تەرىپ بەرگەنلىكىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە . بۇ تەرىپ مۇخبىرنىڭ ھېلىقى شوپۇر ئېيتقاندەك «ئەركىن كەسىپ» ئىكەنلىكىگە قاراپ بېرىلگەنمۇ ياكى

چۆچەكلەردىكى ھەققانىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ، يامانلىققا بەرھەم بەرگۈچى ئادىل پادىشاھلارنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە قىياسەن بېرىلگەنمۇ ، بۇنىسى نامەلۇم . بىراق ، تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن ئادالەتكە مايىل بولغان ئىنسانىنىڭ ، مۇخبىردىن ئادالەتنى ياقىلاشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىدا گەپ بولمىسا كېرەك . شۇنداق ئىكەن ، ۋىجدان ئالدىدا بۇرچۇمنى ھېس قىلىدىغان ئادىتىم مۇشۇ تەلەپكە ئۇيغۇن ئەمەسمۇ ، مۇخبىرلىق ئورنىغا قەدەم باسقان تۇنجى مىنۇتتا ئۆز - ئۆزۈمگە مانا شۇنداق قەسەم بەرگەن ئەمەسمىدىم ؟

بىراق ، ھەق بىلەن ناھەق كۆپىنچە ھاللاردا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق گىرەلىشىپ كەتكەن گۇگۇمدەك گىرىمسەن بولۇپ كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭ يورۇقلۇق ياكى قاراڭغۇلۇق ئىكەنلىكىگە بىرنېمە دېيەلمەيسەن ، بىرلا ئامال ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈشۈڭ ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭنى ئىشقا سېلىشىڭ كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈرى يەنىلا سەزگۈ ۋە تەپەككۇر .

ياتىقىمغا كىرىپ كەلگەن تۇراخۇن تەكلىپىم بويىچە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇكام ، رەجەپ قادىر ئېيتىپ قويۇڭ دېۋىدى ، بۈگۈن كەچتە سىلىنى بىر يەرگە باشلاپ بارغۇدەك ، سائەت بەشتە ئۆزى مۇشۇ يەرگە كېلىدىغان بولدى .

— قەيەرگە باشلاپ بارغۇدەك ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىرپىسلونىڭ بۆرتۈپ چىققان پۇرژىنىلىرىنى تەكشىلەپ قويماقچى بولغاندەك ئۇ يەر - بۇ يەرنى بېسىپ تۇرۇپ :

— تۇرسۇن ۋالىينىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىشقاندەك قىلدى . ھە ، تۇرسۇن ۋالىي مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ، بەلكى تونۇشىدىغانلا ، ئۇ پەن - تېخنىكا ئىشىغا مەسئۇل ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ئوھۇي ، مۇنداق دېسىلە ! ؟

«ۋالىينىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىنىش - ھە ؟ مەن راستىنىلا

www.uyghurkitap.com

تاجىسىز پادىشاھ ئوخشىمايمەنمۇ ! »

قايسى كۈنى رەجەپ قادىرنىڭ ھۇزۇرىدىكى زىياپەت ۋە زىياپەتتىكى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ ئۆلگۈردى . ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر ھېسسىيات بىر يېقىمسىز تۇيغۇغا ئايلىنىپ ، كۆڭلۈمدە بىئاراملىق ئىنكاسىنى پەيدا قىلدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، زىياپەتلەر ئەمدى جىسمانىيىتىمنى خورىتىش ۋە پىكرىمنى خىرەلەشتۈرۈشتىن ئۆزگە ، ماڭا ھېچقانداق ھۇزۇر بەخش ئېتەلمەيتتى . بىراق ، بۇگۈن بارىدىغىنىمىز ۋالىينىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ ، ئۇ يەردە بەلكى تېتىقسىزلىق يۈز بەرمەس ، بەلكى خىزمىتىم ئۈچۈن پايدىسى تېگىپ قالار…

— بولىدۇ سائەت بەشتە ياتاقتا ساقلاي .

تۇراخۇن قوللىرىنى ئۇۋۇلىغاچ كەينىگە ياندى ، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ خۇددى جاۋابىمدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولدىيۇ ، يەنە توختاپ قالدى . بۇ ھال ئۆتكەن قېتىمدىكىدىن ھېچ پەرق قىلمايتتى . بىر سىكۇنت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئالامەتلەر سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىمدا «ئۇنىڭ ئېيتماقچى بولغان بىرەر سۆزى بولسا كېرەك ، ھېچبولمىغاندا ھاجىتى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قىياسنى ئەكس ئەتتۈردى . مەن دېدىم :

— تۇراخۇن ئاكا ، قىلىدىغان بىرەر زۆرۈر ئىشلىرى بولمىسا ، بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرامدۇق ؟

— يوقسۇ… يوقسۇ…

ھەرنېمىلەرنى دەپ ئۇنى يەنە كىرىشلوغا ئولتۇرغۇزدۇم . كەيپىياتىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن دەرھال چاي دەملەپ ، ئىستاكاننى قولىغا تۇتقۇزدۇم . ئۇ بارا - بارا كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىشقا باشلىدى بولغاي ، بىرقانچە ئېغىز پاراڭدىن كېيىن ئاساسىي گەپكە كۆچتى :

— ئۇكام ، ياق… ياق… مۇخبىر ئۇكام ، بىر گەپ بار ئىدى ،

دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ...

ئۇ ، ئىستاكاننى چاي ئۇستىلىگە قويۇپ كۆزۈمگە تىكىلدى . ئۇنىڭ مەندىن ئىشەنچ تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى .

— قېنى مۇڭداشامدۇق ، سىلى بىز ئاتا ـ بالىنىڭ ئورنىدا تۇرساق ، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىۋەرسىلە بولىدۇ ئەمەسمۇ ، — دېدىم مەن ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ .

ئۇ قوللىرىنى خۇددى خېمىر زۇۋۇلا قىلغاندەك ئېزىپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى :

— ئۇكام ، نۇرىمان دېگەن چوكانغا بەك ئۇۋال بولۇپ كېتىپ باردۇ . باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى ، تۈنۈگۈن قۇلاق سالسام ئۇنى ئارقا سەپكە يۆتكەيدىغان گەپنى قىلىشىۋاتىدۇ .

نۇرىمان توغرىسىدىكى گەپ بولغاچقىمۇ ، بىردىنلا تېتىكلەشتىم . سۆھبەتدىشىمنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ سورىدىم :

— راستمۇ ، بۇ گەپنى كىم قىلدى ؟

— ئۇكام ، مۇشۇ قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم ، — ئۇ قۇلىقىنى سىلاپ قويۇپ دېدى ، — رەجەپ قادىر بىلەن سوجاڭ شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ ، مېنى گەپ تىڭشايدىغان ئادەمكەن دەپ قالمىسىلا ، قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى ، بۇ يەردە بۇ گەپنى بىر كىمگە قىلغىلى بولمايدۇ ، ئىچىمگە پاتۇرالماي سىلىگە ئېغىز ئاچتىم .

— شۇنداقمۇ قىلارمۇ ؟

تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم . تۇراخۇن قوللىرى بىلەن ئىككى يوتىسىنى شاپىلاقلاپ سوغۇق كۈلۈپ قويىدى ـ دە ، دېدى :

— ھەي ، رەجەپ قادىرنىڭ «قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدىغان ئادەممەن» دەپ مەيدىسىگە قېقىپ يۈرۈشىمۇ بىكار ئەمەس ، موزاي قۇيرۇقىنى كۆتۈردىمۇ ، شاتراقلىماي قويمايدۇ !

ئويلىنىپ قالدىم ، نۇرىمان ھەققىدە بىلگەنلىرىم تېخى ئەتراپلىق بولمىسىمۇ ، لېكىن ھېلىغىچە بىلىپ ئۈلگۈرگەنلىرىم ئاساسىدا ئويغانغان ھېسداشلىق تەڭپۇڭ تارازىنىڭ بىر بېشىنى

www.uyghurkitap.com

بېسىپ چۈشمەكتە ئىدى . توساتتىن مەخسۇت مۇدىر يادىمغا يەتتى ـ دە ، ئىشەنچ بىلەن دېدىم :

— رەجەپ قادىر بولسا مۇئاۋىن ، يەنە مەخسۇت مۇدىر بارغۇ ؟ بۇ ئىش ئۇنىڭ سەمىگە يەتمەي قالماس !

تۇراخۇن ئۈمىدسىزلەنگەن قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ :

— دېگەنلىرىڭغۇ راست ، شۇغىنىسى مەخسۇت مۇدىر يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشلارغا ئانچە قول تىقمايۋاتىدۇ ، بۇغۇ ئۇنىڭ ئىرادىسى ئەمەس . بىراق ، ئاڭلىساق تەشكىل ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپتۇدەك ، دەم ئېلىشقا چىقارماقچى ئوخشايدۇ ، ھازىر بىر يەرگە كېتىپتۇدەك ، — دېدى .

تۇراخۇن بارغانسېرى تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى ، ياتاقتا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى .

— ئۇنداقتا ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە پىكىر بەرسەك بولماسمۇ ؟

— ھا... ھا... ھا...

تۇراخۇننى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە ، ئۇ مەندە تۇراخۇن كەمسۆز ، ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان ياۋاش ـ مۆمىن بەندە بولسا كېرەك دېگەن تەسىراتنى قالدۇرغانىدى . مانا ھازىر بولسا ، ئۆز قاراشلىرىنى دادىل سۆزلىمەكتە ئىدى .

— رەجەپ قادىرنى مەخسۇت مۇدىرنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغان يەردە كىممۇ پىكرىمىزنى ئاڭلايتتى ؟ «ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ بېشىڭغا چاچرايدۇ» ئەمەسمۇ ؟

— بۇ ئۆتمۈشتىكى گەپ...

گېپىمىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا تۇراخۇن يەنە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . كۈلگەندە شۇنچىلىك ئاچچىق كۈلدىكى ، ئۇنى دوراپ بېرىش يا تەسۋىرلەپ بېرىش ھەرقانداق قىزىقچى ، ياكى ئەدىبنىڭ قولىدىن كەلمەس ئىدى .

— ئۆتمۈشتىغۇ شۇنداق ئىدى ، بىزنىڭ بۇ يەردە ھازىرمۇ شۇنداق . بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن ، — ئۇ توختاپ ، ئاغزىنى سەل نەملىۋالغاندىن كېيىن ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرۇپ

سورىدى، — سىلى مېنى ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە لاۋازىمەتچىلىك قىلىدۇ، رەجەپ قادىرنىڭ چايچىسى دەپ ئويلامدىلا؟
تۇيۇقسىز قويۇلغان بۇ سوئال مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى، دەماللىققا بىرنەرسە دەپ جاۋاب بېرەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدىم.
ئۇ ئۆزىنى بېسۋالماق بولدىمۇ ياكى ئۆزۈن بىر ھېكايىنى باشلايدىغانلىقىدىن بېشارەتمۇ، كرېسلوغا قايتا جايلىشۋېلىپ، سوئالغا جاۋاب بەردى:
— ياق… ياق… ئۇنداق ئەمەس، مەنمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدىم، تەقدىر مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، تەقدىر دېدىممۇ؟ ياق، بەندىلەر شۇنداق قىلدى، سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا.
— قېنى، سۆزلەپ بەرسىلە، ئاكا، — دېدىم ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.
— ئۇكام، رەجەپ قادىرنىڭ ئۆيىنى كۆردىلىغۇ دەيمەن؟
— كۆردۈم.
— مەن ئاتا مىراس مىمارچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتىم. شەھەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتىدە خېلى ئەتىۋارىم بار ئىدى، ئۈچ يىل بۇرۇن رەجەپ قادىرنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنىڭ شەھەر رايونىغا سالماقچى بولغان ئۆيىنى پىلانلاشقا ۋە قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا توغرا كەلدى. شىركەت مەسئۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ماقۇل دېدىم. بىر يىلغا قالماي قۇرۇلۇشمۇ پۈتتى…
— پاھ، قوللىرىمۇ، ھۈنەرلىرىمۇ راستىنلا گۈل ئىكەن، تۇراخۇن ئاكا، — دېدىم ئۇنى ماختاپ.
— راست دەيدىلا ئۇكام، گۈلدەك ھۈنىرىم بار ئىدى. كېيىن ئۇ ھۈنىرىمنى ئىشلىتەلمەيدىغان بولدۇم.
— نېمىشقا، شۇنداق ئېسىل ھۈنەرنىمۇ تاشلىۋېتەمدىغان؟
— نېمىشقا تاشلىۋېتەتتىم، رەجەپ قادىر تاشلاتقۇزدى ئەمەسمۇ.
مەن ئۇنىڭ گېپىدىن ھېچنېمە چۈشىنەلمىدىم ـ دە، سورىدىم:

www.uyghurkitap.com

— قانداق قىلىپ ؟

— قانداق قىلىپ بولاتتى ، ئۇ مېنى دۆڭگە يىقىتتى ، پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، بىناكارلىق تەتقىقاتىغا شارائىت يارىتىپ بېرىمىز ، دېدى . ئەمەلىيەتتە لاۋزىمەتچىلىككە سالدى ، كەسپىمدىن ئايرىدى .

— نېمە ئۈچۈن ، بۇ كەسپىڭىزنىڭ كىمگە زىيىنى بار ئىكەن ؟ — تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن .

— كىمگە زىيىنى بولماقچىدى ، كېيىن بىلسەم ، رەجەپ قادىرنىڭ ئىچى تارلىقى مۇشۇ ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىكەن ، ئۇنىڭكىدەك ئىمارەتتىن بۇ شەھەردە يەنە بىرى سېلىنماسلىقى كېرەككەن !

— بۇ قانداق بولغىنى ؟ — ئەخمىقانىلىكتە ۋە يولسىزلىقتا ئۇچىغا چىققان بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ، راستىنلا ئاچچىقىم كەلدى . تۇراخۇندىن سورىدىم :

— يۇقىرىغا ئىنكاس قىلمىدىڭىزمۇ ، ئاكا ؟

— ئىنكاس قىلمامدىغان ، ئاتا مىراس ھۈنەرنىڭ ماڭا كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا چىداپ تۇرالايمەنمۇ ، — ئۇ دېمىغىنى قېقىپ قويۇپ دېدى ، — ئىنكاس قىلدىم ، لېكىن قانچە ۋارقىرىساممۇ ئاۋازىم ۋىلايەتنىڭ تېشىغا چىقمىدى . ئاسمانغا تۈكۈرگەن ئوخشايمەن ، تۈكۈرۈكۈم ئۆز بېشىمغا چۈشتى . ئاخىر دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرمەكتىن ئۆزگە ئىلاج بولمىدى .

ياتاقتا ، يىل - يىللاپ توپلانغان يوشۇرۇن كۈچ بىلەن ، بىردىنلا پارتلىغان ۋولقاننىڭ زىلزىلىسى بېسىققاندىن كېيىنكى جىمجىتلىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى . تۇراخۇن بولسا ، روشەنكى قولىدىن كەتكەن ھۈنىرىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدىغانلىقىغا ئۆكۈنمەكتە ئىدى . مەن بولسام زىلزىلىدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتاتتىم .

تۇراخۇن ئۇنتۇپ كەتكىلى خېلى يىللار بولغان خۇمارىنى قايتا

ئېسگە ئالغان بولسا كېرەك ، چاي ئۇستىلىدە تۇرغان گېزىتتىن شارت قىلىپ يىرتىۋالدى ـ دە ، قۇتامدىن موخۇركا قۇيۇپ بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا قىلىپ يۆگىدى . مەن سەرەڭگە يېقىپ بەردىم . ئۇ موخۇركىنى يۇتۇۋەتكۇدەك بولۇپ ئۇچ ـ تۆت قېتىم شورىۋالغاندىن كېيىن ، كەيپىنى ئۇچۇرۇپ قويغانلىقىغا خىجىل بولغاندەك دېدى :

— ھەي… نېمىلەرنى دەپ كەتكەندىمەن ، ئۇكام ، كۆڭۈللىرىنى چالغىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن ، نېمىلا بولمىسۇن ئىچ قارنىم خېلى بوشاپ قالدى . باشتىكى گېپىمىزگە كېلەيلى ، ئۇلار دېگىنىدەك قىلماي قالمايدۇ ، نۇرىمانغا ئۇۋال بولىدۇ . نۇرىماندەك بىر ئالتۇننى تويپا بىلەن تەڭ قىلىۋەتسە چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ زادى ؟ !

— ئالتۇننى ؟…

ئىختىيارسىز ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىدىم . بىرقانچە كۈندىن بېرى نۇرىمان توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك ياخشى سۆپەتنى ئاڭلىغىنىم ئۇچۇنمىكىن سەل ھاياجانلانماي تۇرالمىدىم :

— تۇراخۇن ئاكا ، سىلى نۇرىمان توغرىسىدا خېلى بىرنېمىلەرنى بىلسىلە كېرەك ـ ھە ؟

— بىلمەمدىغان ئۇكام ، ئۇنى كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان دېسەممۇ ھەرگىز يالغان ئېيتقان بولمايمەن . ئۆيلىرىمىزمۇ تام قوشنا ئىدى ، دادىسى رەھمەتلىك بىلەن مەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان .

— ھە ، مۇنداق دېسىلە .

تۇراخۇننىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ ، زىيارەت ئوبيېكتىم ھەققىدە ئازراق بىرنەرسە بىلىۋالماقچى بولدۇم .

— شۇنداق ، مەسلەن ئالايلۇق ، ئۇنىڭ ئوقۇمىغان كىتابلىرى يوق دېيىشكە بولىدۇ ، خىزمەتتىمۇ بەك قېتىرقىنىدۇ . ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندىن بېرى تەتقىقات تېمىسىدىن ئىككىنى ئورۇندىدى . بۇ قېتىمقىسى بىلەن ئۇچ ، ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ

گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — بولدىلا مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەن گەپ بار . ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ قويسىلا ئۇكام ، ھېچبولمىسا ئۇنىڭغا تەسەللى بولۇپ قالار ، بىلگۈلىرى كەلگەننى ئۆزىدىن سوراۋەرسىلە .

— ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئانچە قىزىقمايۋاتىدۇ ، ۋاقتىم يوق دەيدۇ .

تۇراخۇنغا سىناق نەزەرى بىلەن تىكىلدىم . ئۇ يەنە قوللىرىنى ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن :

— ئوھۇي ، سەككىز سائەت ئىچىدە ۋاقىت بولمىسا ، كەچلىكى نەگە كېتەتتى . مۇخبىر دېگەننىڭ ئامالى تولا ، مۇشۇنىڭغىمۇ كاللىلىرى يەتمىدىمۇ ، — دېدى مەنىلىك قىلىپ .

پېشانەمگە پاققىدە بىرنى ئۇردۇم ، دېمىسىمۇ ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە بېرىشىم ئەلۋەتتە مۇمكىن ئىدى . بۇ يەنە خىزمەت دائىرەمدىكى ئىش ھېسابلىناتتى . بىراق ، كاللامدىن تۇيۇقسىز بىر سوئال كېچىپ قالدى :

— ئىشكى ئالدىغا بارسام قارشى ئالمىسچۇ ؟ ئۇنداقتا بەكمۇ ئوڭايسىز بىر ئەھۋال يۈز بېرىدۇ ـ دە !

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرىدىلا ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن مېھماننى قوبۇل قىلمايدىغان ئىش بىزدە نەدە بار ؟ — ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يەنە دېدى ، — ئۇنىسىغۇ راست ، ئۇ مۇخبىر دېگەنلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنى يۈرگەن .

— نېمىشقا ؟

— بايام مەن دېمىدىممۇ ، بىزنىڭ بۇ يەردە كىمنىڭ نامى چىقسا ، ئۇنى قىرقىيدىغانغا قايچا تەييار ، مۇنداق بولسۇن ، مەن سىلىگە ھەمراھ بولۇپ باراي ، بولامدۇ ؟

مۇخبىرلىق داۋامىدا مۇخبىردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقانىدىم . لېكىن ، بىرەر ئامال قىلىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتىم . ئەنە شۇنداق

خاراكتېردىكىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئۇچېركىمنىڭ ئەڭ ياخشى باش قەھرىمانى بولۇپ چىقاتتى . شۇڭا ، تۇراخۇننىڭ پىكرىگە رازىلىق بىلدۈردۈم .

9

كـەچلـىـك تـامـاقـتـىن كېيىن ، كىچىك ئۇنىئالغۇنى تۆش يـانچۇقۇمغىلا جايلاشتۇرۇپ يېنىك قورالاندىم ـ دە ، چوڭ يول ئارقىلىق قارا سۆگەت كوچىسىغا قاراپ قەدەم تاشلىدىم .

كـەچلىك ھاۋا غەلىتە بىر تۇستە تۇتۇلغان ، پۈتۈن ئاسمان گـۈمـبـىزى تەكشى بويالغان ئەت رەڭ پەردە تارتىلغاندەك غۇۋا كـۆرۈنـەتتى ، نە غەربتىكى تاغ چوققىلىرى ، نە چوققا ئۈستىگە كـېـلـىـپ قـالـغـان قـۇياش ئـۆزىنى كۆرسەتمەيتتى . يا بوران چىقىدىغانلىقىنى ، يا يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى قىياس قىلماق تېخىمۇ قـىيىن ئىدى . يول ياقىسىدىكى ئېگىز تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرى بىرەر شەپىنى سەزگەن ئاتنىڭ قۇلاقلىرىدەك قىمىر قىلمايتتى . ئـىـشـتـىن قايتىۋاتقانلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ياكى ۋېلىسىپىت قوڭغۇراقلىرىنىڭ جىرىڭلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، پۈتۈن جاھان بىرەر مۇھىم ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى .

تـۇراخـۇن بـىلەن كېلىشىۋالغان دوقمۇشتا ئۇچراشتۇق ۋە پاراڭلاشقاچ قارا سۆگەت كوچىسىنىڭ ئۇ بېشىدىكى ئاددىي قوش قاناتلىق ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قەدىمىمىزنى توختاتتۇق .

يـۈرىـكـىـم دۈپـۈلدەيتتى ، تۇراخۇننىڭ چۈشتىن كېيىنكى تەسەللىسى بىلەنمۇ يوقىلىپ كەتمىگەن ئەندىشەم تېخىچە ئۆزىنى كـۆرسـەتمەكتە ئىدى . تۇراخۇن چىرايىمغا لاپپىدە قارىۋالدى ۋە يـۈرەكسىزلىكىمنى مەسخىرە قىلغاندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ ، ئىشىك زەنجىرىنى ئىشەنچ بىلەن شىلدىرلاتتى .

— ئىشىك ئۇچۇق !

بۇ بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى . مەن تۇراخۇننىڭ ئارقىسىدىن

ئاتىسىغا ئەگىشىپ قىز كۆرگىلى كەلگەن يىگىتتەك ئېھتىيات بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلدىم.

ھويلىدا كىگىز ئورنىچىلىك گۈللۈك بار ئىدى. گۈللۈكتە ياپىسىغا ئېچىلىپ كەتكەن سېرىق سەبدە گۈللەر بوشلۇقتا زەپە يېيىتىلغاندەك تۇتاش كۆرۈنەتتى. دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان بىرقانچە تەشتەكتىمۇ سېرىق سەبدەلەر كۈلۈپ تۇراتتى. گۈللۈكنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئازگالدىن ئۈچ تارتقان قېرى تەكلەر چىرايلىق ياسالغان باراڭغا يامىشىپ، ئۆگزىگە ئارتىلىپ چۈشكەنىدى. باراڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئورۇقلاپ قاقشالدەك بولۇپ قالغان بىر ئايال ياستۇقتا يۆلەنگىنىچە ياتاتتى.

نۇرمان قولىدىكى چىنە بىلەن قوشۇقنى قارىيىپ كەتكەن شىرەگە قويدى ــ دە، بىرىنچى بولۇپ بىزگە ئىلتىپات كۆرسەتتى.

— ئايشەمخان، كېسەللىرى چىقىپ قالدىمۇ، ئوبدان بولۇپ قالغاندەك تۇرىلىغۇ؟

تۇراخۇن ئۇدۇل كارىۋات يېنىغا بېرىپ تىزلاندى ۋە كېسەلدىن ئەھۋال سورىدى.

— قانداق ئەھۋاللىرى ئانا، ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

تۇراخۇن ئايشەمخان بىلەن ھال ــ ئەھۋال سورىشىۋاتقاندا، كۆزۈم نۇرماننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭ چىرايى خېلى ئوچۇق ئىدى. ناقولاي ۋاقىتتا كېلىپ قالغىنىمىزغا ئۆزۈم خىجىل بولۇپ تۇرسامىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارشى تۇراخۇننىڭ باھاسىنى تەستىقلاپ تۇراتتى.

ئايشەمخان دەم يۆتىلىپ، دەم سۆزلەپ دېگەندەك نۇرمانغا بىزنى ئۆيگە باشلاش بۇيرۇقىنى بەردى. نۇرمان چىراغ يېقىپ كۆرپە سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ سۇپا ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىشتۇق.

بۇ ئۆي ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدىن پەرق قىلمايتتى. پەگاھقا قويۇلغان بىر جۈپ قوپال ياسالغان كرىسلو

ۋە كىيىم ئىشكاپىدىن ئۆزگە ، كۆنچىقىش تامغا بىر كەلگەن كىتاب ئىشكاپى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۈچ بۇرجەك بۇلۇڭ ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدە ھېلىلا ئۈزۈلگەن بولسا كېرەك ، بىر دەستە سېرىق سەبدە گۈل ۋازىغا چىلانغان ھالدا تۇراتتى . كۈنپېتىش تامغا چاپلانغان ئىككى تەقدىرنامە ئۆتمۈشتىن گۇۋاھلىق بېرىپ سارغىيىپ كۆرۈنەتتى . بەلكى نۇرىماننىڭ دادىسى بولسا كېرەك ، چوڭايتىلغان بىر پارچە سۈرەت چىرايلىق رامكا ئىچىگە ئېلىنىپ تۆر تامدىكى كۆزگە تاشلىنىدىغان يەرگە ئېسىپ قويۇلغانىدى .

— ئايشەمخاننىڭ ئاياغدىن قالغىنىغا ئۈچ - تۆت يىل بولۇپ قالدى . نۇرىمان راستتىنلا ۋاپادار بالا ، ئانىسى ئۈنىڭدىن بەكمۇ رازى ، — دېدى تۇراخۇن سۆيۈنگەن ھالدا .

نۇرىمان داستىخان ھازىرلاپ ، بىزنى چايغا تەكلىپ قىلدى :

— قېنى تۇراخۇن ئاكا ، يولداش مۇخبىر چايغا بېقىشسىلا ، مەن تاماققا تۇتۇش قىلاي .

— ياق… ياق … — دېدىم مەن ئالدىراپ ، — بىمەھەل كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلغىنىمىزمۇ يېتەر ، تاماق يەۋالدۇق ، جۇۋىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

تۇراخۇنمۇ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلىدى ، ئاخىرىدا نۇرىمانمۇ چاي ئۇتلىغاچ بىزگە ھەمراھ بولدى . سىزىپ تۇراتتىمكى ، گەپ باشلاشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى .

— سېرىق سەبدەنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز ، نۇرىمان ؟ — دەپ سورىدىم مەن قىز - چوكانلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە گەپ باشلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ .

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ ، ۋازىدىكى بىر دەستە گۈلگە قارىۋالغاندىن كېيىن دېدى :

— سىز نېمىلا دېگەنبىلەن مۇخبىر - دە ! سېرىق سەبدەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىپ بوپسىز !

— سېرىق سەبدە ياخشى گۈل ، — دېدىم مەن بۇ گۈلنى قىسقىلا سۈپەتلەپ .

— چۈشىنىۋاتىمەن ، كۆڭلۈمنى ئايايلا شۇنداق دەۋاتىسىز . سېرىق سەبدەنى نۇرغۇن كىشىلەر ياخشى كۆرمەيدۇ ، لېكىن مەن ياخشى كۆرىمەن ، نېمىشقا دېسىڭىز باش ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە ئېچىلىپ تۇرىدۇ ، ئىسسىققىمۇ ، سوغۇققىمۇ چىداملىق ، يىلتىزى هۆل يەرگە ئۇلاشسىلا كۆكلەۋېرىدۇ . بىراق ، ئۇ چىرايلىق بولغان بىلەن قىزىلگۈلدەك پۇرىقى يوق ، كىشىلەر شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك...

ئارىمىزدا بىر پەس جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى ، ئايشەمخاننىڭ يۆتەلنى ياندۇرالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان تۇراخۇن ئىچ ئاغرىتقان هالدا ئۇھ تارتىپ قويدى ـ دە ، دېدى :

— نۇرىمانخان ، ئانىڭىزنىڭ زىققە كېسىلىنى دوختۇرغا يەنە بىر كۆرسەتسەك بولاتتى . بىچارە يۆتىلىپ بەك قىينىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ .

— هەي ، نېمىسىنى دەيدىلا ، ئۇلۇشكۈن دوختۇرخانىغا ئاپارماقچىدىم ، دوختۇر بىلەن پۈتۈشۈپمۇ قويغان ، باشلىقىمىزنىڭ يېزىغا بېرىپ مېۋە ئېلىپ كېلىشكە مىنى ئەۋەتكىنىنى دېمەمدىلا ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈشكەن پۇرسەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى . دوختۇر بىلەن يەنە بىر ئالاقىلىشىدىغان گەپ ئەمدى .

— هەي ... — تۇراخۇن بېشىنى چايقاپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن دېدى ، — نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاهاندا ! خۇددى ئەۋرىشكە ئېلىپ كېلىشكە باشقا بىرى تېپىلمىغاندەك . ئارقا سەپتىكىلەرمۇ يېتىپ ئاشىدىغۇ !

نۇرىمان سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ دېدى :

— يەنە كېلىپ مىنى ئەۋەتىۋېتىپ ، پۈتۈن ئۇسكۇنە ، ئەسۋابلىرىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكىنىنى دېمەملا .

گەپ رەجەپ قادىر ئۈستىدە كېتىۋاتاچقىمۇ مەن سۆھبەتكە دىققەت قىلدىم ۋە نۇرىماندىن سورىدىم :

— نېمىشقا سىزنى ئەۋەتىدۇ ؟ ئارقا سەپتە ئادەم تولۇق دېدىڭلارغۇ ؟

نۇرمان دىمىغىنى قېقىپ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ دېدى :
— بۇنى تېخى قىياس قىلالمىدىڭىزمۇ ؟ سىزنى خېلى ئەقىللىق مۇخبىرمىكىن دېسەم ، تايىنلىقكەنسىزغۇ ؟ !
ئۇنىڭ چاقچاق قىلغىنىنى ياكى تەنە قىلغىنىنى بىلەلمىدىم . قانداقلا بولمىسۇن پېشانەمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى .
— بولدى ، بۇ قېتىم سىزگە ئېيتىپ بېرەي ، قالغىنىنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىۋالارسىز . ئۇ ، بىرىنچىدىن ، سىزنىڭ مەن بىلەن ئۇچرىشىشىڭىزنى خالىمىغان ، يەنە بىرى ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە زېمىن تەييارلىغان !
كۆز ئالدىم بىردىنلا سوققان كۈچلۈك شامال تۇمانلارنى تارقىتىۋەتكەندەك يورۇپ كەتتى . نۇرماننىڭ دېگىنى توغرا ئىدى . رەجەپ قادىر راستىنلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ بىر مەيدان كومېدىيە ئوينىمىدىمۇ ؟ ئۇ ، شۇ كۈنى مېنىڭ نۇرمان بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمنى بىلەتتىمۇ ؟ كۆڭلۈمدە شۇ هامان يەنە بىر سوئال تۇغۇلدى :
— هېلىقى كۈنى نېمىشقا پوچتىخانىغا بېرىپ تېلېفون بېرىسىز ؟ بۇ ئىشنى باشقىلار بېجىرسە ياكى تەتقىقات ئورنىدىلا تېلېفون ئالسىڭىز بولمايتتىمۇ ؟
يۈزۈمنىڭ خىجالەتچىلىك دەستىدىن قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئۆزۈمگە مەلۇم بولدى . چۈنكى ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا قىلغان سۆزلىرىمنىڭ نۇرمانغا ئايان ئىكەنلىكى بىردىنلا يادىمغا چۈشكەنىدى . ئۇ مېنى ئايىدىمۇ ياكى ئۇ كېلىشمەسلىكنى ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ ، تەبئىيلا جاۋاب بەردى :
— تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن ، ئەلۋەتتە ، مېۋىلەرنىڭ هەر خىل سورتلىرى كېرەك . ئۇلارنىڭ ماڭا ئۈنى ئەكەلدۈرۈپ بەرگۈسى كەلمەيدۇ ، تېلېفون بېرەي دېسەم ، ئايلىق تېلېفون خىراجىتى تۈگىدى دەيدۇ ، تېلېفون هەققىنى ئۆزۈم تۆلىدىم .
تۇراخۇن ئاكام سۆهبىتىمىزنى قولاق سېلىپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى ، بېشىنى لىڭشىتىپ نۇرماننىڭ سۆزىنى تەستىقلايتتى .

www.uygurkitap.com

تۇرمۇش مەسىلىسى توغرىسىدا قويغان سوئالىمغا نۇرىمان ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن :

— ئائىلىۋى تۇرمۇش بەختىدىن نېسۋەم يوق ئوخشايدۇ، — دەپ خورسىنىپ قويۇپ داۋام قىلدى ، — ئىشقىلىپ بەختسىزمەن، بۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، ياخشىسى باشقا ئىشلار ھەققىدە پاراڭلاشساق قانداق ؟

— بولىدۇ ، — دېدىم مەن سۆھبىتىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ . شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە يېشىلمەي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە ھەققىدە يەنە سوئال قويدۇم :

— تۇراخۇن ئاكا ، نۇرىمان ، سىلەرنىڭ رەجەپ قادىر بىلەن بىرەر شەخسىي ئاداۋىتىڭلار بارمىدى . مەسىلەن ،...

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى ، بىردىنلا سوغۇق كۈلۈپ كېتىشتى :

— ئۇكام ، — دېدى تۇراخۇن ئالدى بىلەن سۆزلەپ ، — ئەزبىرايى خۇدا ، بىز ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىغان ، باياتىن ئالدىلىرىدا ئىچ ـ قارنىمنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈنلا سۆزلەپ قويۇپتىمەن ، بولمىسا ماڭا بەرىبىر ، بىراق نۇرىمانغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېلىغىچە چۈشىنەلمەيمەن . بىر ئۇلا ئەمەس ، يەنە بار...

ھويلا ئىشىكىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى سۆھبىتىمىزنى چورتلا ئۈزۈپ قويدى . ئارقىدىنلا ئېگىز بويلۇق ، قاۋۇل كەلگەن ، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بۇرۇتلۇق بىر ئەركەك بوسۇغا ئۈستىدە پەيدا بولدى . ئۇ مەست بولسا كېرەك ، قوللىرى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىنى تىرىگىنىچە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇراتتى . تۇراخۇن ئاكام قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىككە تاقابىل تۇرماقچى بولغاندەك بىردىنلا ئاياغقا تۇردى . نۇرىمان بولسا چەكچەيگەن پېتى قېتىپ قالدى . بۇ ناتونۇش مېھماننىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن سۆھبەتداشلىرىمغا قارىدىم . ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ كۆزى مەندە ئەمەس ئىدى .

— هى… هى… ئۇرۇمچىدىن كەلگەن كىشى سىزغۇ ، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن… نوچىغۇسىز…

ناتونۇش كىشى ئاران ئېچىلىۋاتقان كۆزىنى ماڭا تىكتى ـ دە ، مەنستىمەسلىك كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— هىم… ئايلىنىپ… ئايلىنىپ مۇشۇ سىرىق سەبدەنى تاپتىڭىزمۇ ؟ بىلىپ قويۇڭ… بۇ… بۇ… ئۇستۇڭلاردىن چۇشۇپ قالدىم ، ئەمدى مەن سىزنى بىرئاز ئاۋارە قىلىمەن…

ئۇ دوككىدە سەكرەپ بوسۇغىدىن چۇشتى ۋە دەلدەڭشىگەن پېتى ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلىدى . مەن نېمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي مەڭدەپ قالغانىدىم .

— قاسىمجان ! — دېدى تۇراخۇن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۇشۇپ ، — نېمە بولدىڭىز ، تۇزۇكلا بىر يىگىتتىڭىزغۇ ، مېھماننىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ ؟

ناتونۇش كىشى دەلدەڭشىگەن پېتى كېلىپ :

— تۇراخۇن… تۇراخۇنمۇ سەن ، — دېدى ـ دە ، قولىنى تۇراخۇننىڭ مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ كاپلا قىلىپ ياقامدىن ئالدى .

ئەمدى قانداق قىلاي ، قول ياندۇرايمۇ ؟ ئۇنداق قىلىشقا غۇرۇرۇم يول بەرمەيتتى . شۇ ئەسنادا غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ تۇرغان نۇرىمان ئېتىلىپ كەلدى ۋە ناتونۇش كىشىنىڭ قولىنى بىر سىلكىپلا ياقامدىن بوشاتتى .

— قاسىمجان ، نېمدەپ مېھمىنىمغا قول ئۇزىتىسىز ، ئۇيالسىڭىز بولمامدۇ ، — دېدى ئۇنىڭ كۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ .

نۇرىماننىڭ تەدبىرى دەرھال ئۇنۇم بەردى . ناتونۇش كىشى بىر قەدەم كەينىگە يېنىپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى :

— بۇ… بۇ كىشى نېمدەپ بۇ يەرگە كېلى… كېلىدۇ ؟

ناتونۇش كىشى تۇمشۇقى بىلەن مېنى ئىشارەت قىلماقتا ئىدى . نۇرىمان دەرھال جاۋاب بەردى :

— ئېيتىڭا قېنى ، نېمشقا كەلمەيدىكەن ، سىز بىلەن نىكاھ

مۇناسىۋىتىمىز ئاللىقاچان ئۈزۈلگەن. ئەمدى مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىششىقا نېمە ھەققىڭىز بار؟

— خىجىل بولۇڭ ئۇكام، — دېدى تۇراخۇن ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپ، — نېمىدېگەن ئەخلاقسىزلىق بۇ، بۇ مۇخبىر يىگىت نۇرىماننىڭ مېھمىنى تۇرسا، ئىككى - ئۈچ ئېغىز پاراڭلاشقانغا نېمە بوپتۇ!

— تۇراخۇن ئاكامغۇ سەن؟ بۇ… بۇ يەردە سەنمۇ بارمىدىڭ، — ناتونۇش كىشى تۇراخۇننى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تازا سەپسېلىپ قارىۋالدى - دە، بېشىنى سىلىكىۋېتىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ دېدى، — ئەمىسە ئۇلار نېمىشقا بۇ يەردە… سېنىڭمۇ بارلىقىڭنى ماڭا دېمىدى؟…

نۇرىمان بىلەن تۇراخۇننىڭ ئىتتىك بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك بولدى.

— ھوي قاسىمجان، — دېدى نۇرىمان سىلىق قىلىپ، — ئۇلار دېگىنىڭىز كىم، سىزگە نېمە دېدى؟

— ئۇلار… رەجەپ قادىرچۇ… ياق… ياق…

ناتونۇش كىشى دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇ نېمىنىدۇر خاتا قىلىپ قويۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئەپسۇسلىنىۋاتقان بالىدەك يەرگە قارىۋالغانىدى.

— ھە، ئىش مۇنداقكەن - دە! — دېدى تۇراخۇن ناتونۇش كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — سىزنى خېلى ئادەم دەپ يۈرسەم، يەنە خەقلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىدىڭىزمۇ، چوپچوڭ ئادەم بولۇپ تۇرۇپ - ھە؟ تايىنلىق، ئۇلار بۇ ئىككىيلەننى ئۇنداق قىلىپ كەتتى، مۇنداق قىلىپ كەتتى، سەن بېرىپ ئۇنى دە، بۇنى دە دېگەندۇ، ھەي بىچارە قاسىمجان، سىزدە كاللا بارمۇ يوق، بۇرۇنقى ئىشلارغىغۇ سالاۋات دەيلى، بۇ قېتىم يەنە… ھەي…

تۇراخۇن گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەۋاتاتتى.

مەن نۇرماننىڭ بۇرۇنقى يولدىشى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغان بۇ كىشى بىردەم سۇكۇتتە تۇردى ـ دە، بىردىن ئۆپكىدەشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ باياتىنقى قىلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقىنىنى ياكى ئارتۇقچە ئىچىپ تاشلىغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى باشقۇرالمايۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. نۇرمان ياغلىقىنىڭ بۇرجىكىنى چىشلىگىنىچە قانداقتۇر بىر خىياللارنىڭ قۇچىقىدا بەند بولغىنىچە سۇپىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇراتتى. تۇراخۇن قاسىمجان دېگەن بۇ كىشىگە كەينىنى قىلىپ تۇراتتى. ھېچكىمنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قاسىمجان ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ، نۇرماننىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنغان ئاھاڭدا دېدى:

— نۇرمان، مېنى كەچۈرسىڭىز، پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشىنىپ سىزگە ئازار بېرىپ قويۇپتىمەن، بىز يارىشىۋالايلى، بولامدۇ؟ بولامدۇ؟

نۇرمان ئۇنىڭغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش ئالامەتلىرى تەڭ كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. قاسىمجان بولسا بىردەم تۇراخۇنغا، بىردەم نۇرمانغا ئىلتىجا قىلاتتى، ئۆزىگە جاۋاب ئىزدەيتتى:

— بۇرۇن كىشىلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن، بۇ قىلىقلىرىم ئۈچۈن مېنى تىللىۋېلىڭ، پۇخادىن چىققۇچە تىللىۋېلىڭ... ئەمدى ھەرگىز كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرمەيمەن، ئىشىنەمسىز، مەن سىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن، بىز يارىشىۋالايلى...

قاسىمجان كۆز يېشى قىلماقتا ئىدى. تۇراخۇن ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە تەنە ئارىلاش سۆزلىدى:

— كىم سىزنى باشقىلارنىڭ گېپىگە ئىشەن دېدى ـ ھە؟ ئۇنداق ئادەم ئۆز ۋاقتىدا نېمىشقا ئەقلىڭىزنى ئىشقا سالمايسىز؟ نۇرماننى ناھەق قارىلاپ، ئۇنىڭغا سالغان ئازابلىرىڭىز ئازمۇ؟ يەنە بۈگۈن چاتاق تېرىغلى تاسلا قالدىڭىز...



www.uyghurkitap.com

— بۇ… بۇ … — قاسىمجان دۇدۇقلاپ سۆزلەيتتى ، ئۆزىنى چۇشەندۇرۇشكە تىرىشاتتى ، — ھەي تۇراخۇن ئاكا ، ئەمدى نېمە دېسەم بولار ، ئادەم بالىسى دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمىكەن ، ئۇلار ساقىلى چىققان ئابرۇيلۇق ئادەم بولغاندىكىن يالغان ئېيتماس دەپتىمەن ، بىر ئوبدان ئائىلىنى بۇزۇپتىمەن ، مەن ئەمدى ئادەم بولدۇم .

ئۇ ، ئاران - ئاران نەپەس ئالاتتى ، كۆڭلىدىكى گېپىنى بىراقلا ئېيتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى :

— بۇ ئۆلگۈرلەر بۇگۈنمۇ مېنى كولدۇرلىتىپتۇ ، كولدۇرلىتىپتۇ…

ئۇ بىردىنلا نۇرىمانغا يۈزلەندى - دە ، غەزەپ بىلەن دېدى :

— نۇرىمان ، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ ، مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇ قارا نىيەتلەرنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ ئالدىڭىزدا ھازىر قىلىمەن ، مېنى قانداق كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلدۇرمايدىغان بولسام ، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي !

نۇرىمان قاسىمجان تەرەپكە قولىنى ئۇزاتتىيۇ ، تارتىۋالدى .

— توختاڭ !

تۇراخۇن چەبدەسلىك بىلەن سىرتقا قاراپ ئېتىلغان قاسىمجاننى تۇتۇۋالدى ، ئۇنىڭ ھەدەپ تاشقىرىغا قاراپ ئېتىلىۋاتقان بەستىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ دېدى :

— قاراملىق قىلماڭ قاسىمجان ، ئۇلارنىڭ ياقىسىدىن ئالغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ قانداق يوللار بىلەن ئائىلەڭلارنى بۇزغىنىنى مەن ئوبدان بىلىمەن ، نۇرىمانمۇ ئوبدان بىلىدۇ . ھازىرچە بىرئاز كەيپكەنسىز ، قايتىپ تۇرۇڭ ، ئەتە سىز بىلەن پاراڭلىشىمەن ، بولامدۇ ؟

— ھەي تۇراخۇن ئاكا ، ئۇلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى مۇنۇ مۇخبىر ئاغىنىمىزنىڭ ئالدىدىلا ئېچىپ تاشلايمەن ، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى خەلقئالەم بىلىۋالسۇن .

قاسىمجان مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى . قارىغاندا ئۇ ماڭا ئىشىنىشكە باشلىغانىدى .

تۇراخۇن نۇرمانىنىڭ كۆزى بىلەن كۆزنى ئۇچراشتۇرۇۋالدى ــ دە ، قاسىمجانغا :

— ھازىرچە قايتىپ ئارام ئېلىڭ ، ئەتە مۇنۇ مۇخبىر ئۇكامنىمۇ باشلاپ بارىمەن ، بولامدۇ ؟

قاسىمجان بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى ، كەيپىمۇ قاياقلارغىدۇر غايىب بولغاندەك ، كۆزىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناشقا باشلىدى . ئۇ تۇراخۇننىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ دېدى :

— بۇ كۆڭۈلدىكىدەك گەپ بولدى تۇراخۇن ئاكا ، باشلاپ بېرىڭ ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن…

ئۇ ئاغزىغا تۇيۇقسىز بىرنەرسە كەپلەشكەندەك توختىۋالدى ، نۇرمانغا ئاستىرتىن قاراپ قويۇپ ، تۇراخۇندىن تىترەك ئاۋاز بىلەن سورىدى :

— ئۇنداقتا… نۇرمانچۇ ، ئۇ قاچان بارىدۇ ؟

تۇراخۇن نۇرمانغا «بۇنىڭغا نېمە دەيسىز» دېگەندەك قاراپ قويدى ۋە ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى :

— بارىدۇ ، بارغىلى ئۇنىمىسا تۇراخۇن ئاكام بار ، دەپ ئىشەنچ بىلەن يۈرۈۋېرىڭ !

ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتۇق . قاسىمجانمۇ كىچىك بالىلاردەك خۇشاللاندى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋازىدىكى گۈللەر ئارىسىدىن بىر تال سېرىق سەبدەنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئىشىكتىن چىقتى . تېنىگە باغلانغان كۆزگە كۆرۈنمەس ئارغامچا بىلەن تارتىلىپ كېتىۋاتقاندەك نۇرمانمۇ ئىتتىك بىر قەدەم تاشلىدىيۇ ، يەنە قەدىمىنى توختاتتى .

قاسىمجاننى ئۇزىتىپ كىرىۋېتىپ تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم :

— نۇرمانىنىڭ بۇرۇنقى يولدىشىمۇ ؟

— ھەئە .

تۇراخۇن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ دالاندا ئاستا ماڭاتتى . ئۇ ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى :

— بولىدىغان يىگىت ئىدى ، نۇرمان بىلەن بىر ئوبدانلا ئۆي

تۇتۇۋاتقان ، پىتنە ـ پاسات ئاخىر ئۇلارنى ئايرىۋەتتى .
— قانداق پىتنە ـ پاسات ؟
— دېمىسەممۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز .
— پىتنە ـ پاسات تېرىغۇچىلارنىڭ يا نۇرمان بىلەن ، يا قاسىمجان بىلەن چىقىشالمايدىغان يېرى بارمىدى ، كۆزلىگەن بىرەر مەقستى بارمىديا ؟
تۇراخۇن ئاكام سوئالىمنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەندەك ئۇزۇپلا ئېيتتى :
— قانداق ئاداۋەت بولسۇن ، رەجەپ قادىر ئەللىككە يېقىنلاپ قالغان ئادەم ، ئوغۇل ـ قىزلىرى ئاللىقاچان ئىككى ـ ئۈچ باللىق بولۇپ قالغان تۇرسا...
— ئۇنداق بولسا...
ئەمدى نېمىلەرنى سورىشىم مۇمكىن ، بىراق نۇرمان خىزمەتتىمۇ ، ئائىلىۋى تۇرمۇشتىمۇ ھېچقانداق خوۋلۇق كۆرمەپتۇ ، ئۇلار زادى نېمىگە ئېرىشمەكچىكىنە ؟ دېگەن سوئال ماڭا ئارام بەرمەيتتى .
ئويغا پاتقانلىقىمنى كۆرگەن تۇراخۇن بىردىنلا كەينىگە بۇرالدى ـ دە ، كەسكىن ئاھاڭدا دېدى :
— ئۇلارنىڭ نۇرمانغا ، شۇنداقلا باشقىلارغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئۆچلۈك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈڭىز كېلەمدۇ ، ئۇنداقتا ئاڭلاڭ ، بۇ ھەسەتخورلۇقتىن ، كۆرەلمەسلىكتىن ، ئىچى تارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس !
تۇراخۇن خۇددى دۈشمىنىنى ئەجەللىك تىللار بىلەن پاش قىلىۋاتقاندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىمەكتە ئىدى :
— بىز خەقلەر باشقىلارنىڭ بىرەر نەتىجىسىنى كۆردۇقمۇ ، چىداپ تۇرالمايمىز ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئۆلىنى كولىشىمىز ، تاكى بىراۋنىڭ نام ـ ئابرۇيى يەر بىلەن يەكسان بولمىغۇچە ئارام تاپالمايمىز . باشقىلار قىلغان ئىشنى مەن نېمە ئۈچۈن قىلالمايدىكەنمەن ، دەپ ئۆز ـ ئۆزىمىزگە مەدەت بېرىشنىڭ ئورنىغا ، باشقىلار نېمە ئۈچۈن مەن قىلالمىغان ئىشنى قىلىدىكەن

دەپ بىئارام بولىمىز ، ئۆزئارا ياقىلىشىپ ، قىرشىپ كۈچىمىزنى خورىتىمىز ، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن مىراس قالغان بۇ مەرەزنى تاشلىۋېتىشكە كۆزىمىز قىيمايدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھالىمىز مانا مۇشۇ !

ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرى ۋە قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن بىتاپىتەك تىترەشلىرى تۇراخۇننىڭ ئارتۇقچە ھاياجانلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى .

— ھەسەتخورلۇقنى كەسىپ قىلىۋالغانلار يەنىلا ئازساندا ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئاخىرىدا .

تۇراخۇننىڭ سۆزى نۇرىماننىڭ قەلبىدىمۇ ئەكس سادا قوزغىغان بولسا كېرەك ، ئۇ تام تەرەپكە ئالدىنى قىلىۋېلىپ زۇۋان سۈرمەي تۇراتتى . ھەسەتخورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان بىگۇناھ چوكاننىڭ قانچىلىك ئاچچىق يۇتۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشمۇ قىيىن ئەمەس ئىدى .

...

تۇراخۇن مېنى مېھمانخانا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى . يول بويى گويا سۆز قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەندەك بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمىدى .

مېھمانلار ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ، كۆپىنچە ياتاقلارنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەن ، نەلەردىدۇر شىرىلداۋاتقان تۇرۇبا سۈيىنىڭ زېرىكتۈرگۈچى ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى . كارىۋاتقا تاشلىنىپ ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا زورلاپ باقتىم . بىراق ، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمەيۋاتاتتى ، تۇراخۇننىڭ غەزەپ ئۇچقۇننى چېچىۋاتقان كۆزلىرى ، تىترەۋاتقان كالپۇكى كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولۇپ ، غەزەپ بىلەن قىلغان سۆزلىرى خۇددى تاغ ئىچىدە ئېتىلغان زەمبىرەكنىڭ ئاۋازىدەك قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى .

دېمىسىمۇ ، ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت بۇ ۋابا قان ھۈجەيرىلىرىدىكى ئىرسىيەت ئامىلىغا ئوخشاش نەچچە ئەۋلاد ئادەملىرىمىزنىڭ قەلبىدە كېسەللىك ئوچىقى پەيدا قىلىپ ، ئىچكى خورىتىش رولىنى ئوينىمىدىمۇ ؟ ئېلىسلارنىڭ قاتمۇقات



www.uyghurkitap.com

توسۇقلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ھۆرلۈك تەختىگە يېقىنلاپ قالغان باھادىرلارنى بىر ـ بىرى بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىشقا قۇتراتمىدىمۇ ؟ ئاقىللارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ ، دوستىنى دۈشمەنگە ، دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇپ ، مېھىر ـ مۇھەببەت رىشتىنى چىرىتىپ ، ئىناقلىق ئېتىزىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچمىدىمۇ ؟

ھەقىقەت بەزىدە ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ . ھەسەتخورلۇقنىڭ ئېچىنىشلىق ئولجىسىغا ئايلانغان تۇراخۇننىڭ ئېيتقىنى تامامەن توغرا ئىدى . ھەسەت تۈپەيلىدىن ياخشىلارنىڭ يولىغا ئورا كولايدىغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، ھەسەتخورلۇقنىڭ رەھىمسىز قامچىسى ئاستىدا تۇزۇپ كېتەي دەپ قالغان سېرىق سەبدەلەرنى ھىمايىگە ئېلىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى .

10

ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ دېرىزىدىن قانداق مارىلىغانلىقىنى ، تال ـ تال نۇر تالالىرىنىڭ تام ـ تورۇسقا دوقۇرۇپ يۇرگەن قويۇق تاماكا ئىسىنى قانداق تېشىپ ئۆتكەنلىكىنى سەزمەيلا قاپتىمەن . قورۇقدىلىپ قالغان ئاشقازىنىمنىڭ نارازىلىق بىلدۇرمىگىنىمۇ قىزىق ئىش . بەلكى مۇخبىرلىق ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۆز رايىمنىڭ دەۋىتىدە ۋىجدان بۇيرۇقى بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقىنىم ئۈچۈنمىكىن ، يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىكرىم نېرۋىلىرىمغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بەرمىگەن بولسا كېرەك .

ئىشىك يېنىك چېكىلگەندىن كېيىنلا سائىتىمگە قاراشقا پۇرسەت تاپتىم . ئىسترېلكا چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئىككىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . تۇراخۇن كىرىپ كەلدى . ئۇ ئۇستەلگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن قەغەزلەرگە كۆز يۈگۈرتۈۋالدى ـ دە ، نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ، تولۇپ تاشقان رازىمەنلىك نەزەرى بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلدى . ئۇ ئىستاكانغا

www.uyghurkitap.com

چاي تاشلاپ قايناق سۇ تولدۇرۇپ ئالدىمغا قويۇپ دېدى :

— قاراڭ ، كۆزلىرىڭىز قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ ، ھەرقانچە بولسىمۇ بىرنەرسە يەۋېلىپ ئاندىن ئولتۇرمامدىغان .

مەن كۈلۈپ قويدۇم ، ئۇ يېنىمغا كېلىپ مۇرەمگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمگەكنىڭ لەززىتى باشقا ـ دە ! — دەپ قويدى .

— ئەپەندىم ، سىزگە ئۆرۈمچىدىن تېلېفون بار ئىكەن ، رەجەپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئالسىڭىز بولغۇدەك !

مېھمانخانا كۈتكۈچىسىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن ئىككىمىز تەڭلا ئىشىكتىن چىقتۇق . رەجەپ قادىرنىڭ ئىشخانىسىغا بارغىنىمدا ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن .

— مۇخبىر يىگىت ، ئىشلىرىڭىز ئۇنۇملۇكمۇ ، شارائىتىمىز ياخشى ئەمەس ، ئوبدان كۈتەلمىگەن بولساق ، پىكىر بېرىۋېرىڭ ـ ھە !

مەن ئۇنى تۈنۈگۈن كەچتە ۋالىيىنىڭكىگە بارمىغانلىقىمغا نارازى بولدۇ ، دەپ قىياس قىلغانىدىم ، ئەمما ئۇ خاپا بولغاندەك كۆرۈنمەيتتى .

تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئېلىپلا باشلىقىمنىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالدىم . ۋەزىپەمنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ ئۇنى بىر خۇشال قىلىۋېتەي دەپ ئېغىز ئېچىشىمغىلا ، تۇرۇپكىدىن ئۇنىڭ جىددىي تەلەپپۇزى ئاڭلاندى :

— قايتىپ كېلىپ باشقا بىر مۇھىم ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىشىڭىزنى قارار قىلدۇق .

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز ، باشلىق ؟ ماڭا يەنە ئىككى كۈن كېرەك ، ئاڭلاۋاتامسىز ، ئىككى كۈن !

شۇنداق دېگەن بولسامۇ ، ئۇنىڭ جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە چاقچاق قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم . باشلىقىمنىڭ كەسكىن ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى :

— قايتىپ كېلىڭ ، دېگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىڭ !

— بۇ يەردىكى ۋەزىپىچۇ؟

— قالغان يېرىدە قالسۇن، مۇمكىن بولسا ئەتىكى نۆۋەتچى ئايروپىلانغا ئۈلگۈرۈڭ.

ئۇ، بۇيرۇق ئاھاڭىدا سۆزلەۋاتقاندەك قىلغان بىلەن نېمىشقىدۇر گەپلىرى قولاشمايتتى، دۇدۇقلايتتى.

— نېمىشقا گېپىڭلاردا تۇرمايسىلەر؟

— بۇ، بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا ئەمەس، يۇقىرىنىڭ ئىرادىسى، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ نۇرمانغا ۋە سىزگە پىكرى بار ئىكەن، قالغىنىنى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇقىسىز.

باشلىق تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى، گەپ ئۈزۈلدى. قارا بوراندا قالغان كىشىدەك، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. قارىغاندا، ئەھۋال ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئېنىقكى، ھەسەتنىڭ ئىبلىس قولى بىر جۈپ مېتال سىمنى بويلاپ خېلى بىر يەرلەرگىچە يەتكەن، ئاغزىدىن دۈت پۈركۈپ تۇرغان بۇ ئەجدىھا مېنىمۇ ھاپ ئېتىشكە تەييارلانغانىدى.

— ھا... ھا... ھا...

رەجەپ قادىرنىڭ كۈلكىسى مېنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ، غالىبلارچە ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— مۇختارجان، قېنى، ھېلىقىنى مۇخبىر يىگىتكە بەر، — دېدى ۋە يەنە ماڭا بۇرۇلدى، — سىزگە بىر پارچە ئايروپىلان بېلىتى لازىم بولۇپ قالىدىغانلىقى كېچىچە چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، تەييارلاپ قويدۇم، ھە.... پۇل دەمسىز، مۇنۇ مۇختارجانغا بېرىپ قويارسىز، خەير - خوش يەنە كۆرۈشەرمىز...

رەجەپ قادىرنىڭ تەلەتىگە قارايدىغانغا كۆزۈم يوق ئىدى. تېلېفون ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا بېتوندىن قۇيۇلغان تۇۋرۇكتەك قاتقان پېتىم بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، مۇختارنىڭ قولىدىن بېلەتنى شارتلا قىلىپ ئالدىم - دە، كەينىمگە بۇرۇلۇپ، لەنەت تەگكۈر بۇ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئىشىك ئالدىدا تۇراخۇن، نۇرمان ۋە قاسىمجانلار مېنى ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا ماتەمدار كىشىلەرنىڭ چىرايىدا بولىدىغان ئىپادە ئەكس ئېتەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 11

— مۇخبىر ئەپەندىم، سىزمۇ سېرىق سەبدەنى ياخشى كۆرەمسىز؟

مېنى خىيالدىن ئويغاتماقچى بولدىمۇ، ماشىنا شەھەر رايونىدىن ئايرىلاي دېگەندە مۇختارجان سىگنالنى قارىسىغا ئىككى قېتىم بېسىۋەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى. ئۇ قولۇمدا ئويناپ ئولتۇرغان بىر تال سېرىق سەبدەگە دىققەت قىلغان بولسا كېرەك.

— ياخشى كۆرىمەن، — دېدىم مەن دانە ـ دانە قىلىپ، — ئۇ باش ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە ئېچىلىپ تۇرىدۇ!

— ھە مۇنداق دەڭ، — دېدى ئۇ دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، — ئەگەر ئۇ ئەتىيازدىكى جۇتقا ئۇچراپ ئۇششۇپ كەتسىچۇ ياكى ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىپ كەتسىچۇ، يەنە ياخشى كۆرۈۋېرەمسىز؟

— ياخشى كۆرۈۋېرىمەن، ئىپلاس ئاياغلارنىڭ ئۇنى چەيلىشىگە يول قويمايمەن، ئۇنى چوقۇم چاقناتتۇرىمەن. بىلەمسىز، چاقناتتۇرىمەن!

ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدىن قانداقتۇر تۇرۇپ كەتكەنلىكىمنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. مۇختار خۇددى گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك ئىسقىرتىپ قويۇپ دېدى:

— نىمىشقا ھاياجانلىنىپ كېتىسىز، ئەپەندىم، سېرىق سەبدەنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەنغۇ، — ئۇ رول يېنىغا قىستۇرۇلغان سېرىق سەبدەنى ئېگىكى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — نىمىسىنى ياخشى كۆرىسەن، دەپ سورىمامسىز، ئۇنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرۈشكە كۆزۈم يوق، پەقەت ئۇنىڭ توزۇپ كېتىشىنىلا ياخشى كۆرىمەن، توزۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالىمەن، سېرىق سەبدەنىڭ توزۇۋاتقىنىنى كۆرۈش نىمىدېگەن راھەت ـ ھە، مانا مۇشۇنداق…

ئۇ سېرىق سەبدەنى ئېلىپ ماشىنا دېرىزىسىدىن تاشلىغاندا ، پۈتۈن ئەزايىم پاخالغا چوغ تاشلانغاندەك بىردىنلا ئوت ئېلىپ كەتتى . ۋارقىراشلىرىممۇ ، قول ئۇزىتىشلىرىممۇ نەتىجىسىز قالدى .

— ماشىناڭنى توختات ئەبلەخ !

گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىم مۇختارنىڭ پۈتىنى تورمۇز تەپكىسىنى بېسىشقا مەجبۇر قىلدى . ئالمان ـ تالمان يەرگە چۈشتۈم . رەھىمسىز چاقلارنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالغان سېرىق سەبدەنى ئاۋايلاپ يەردىن ئالدىم ـ دە . مۇختارغا گۆلەيدىم :

— ئاڭلاپ تۇر ، ئەبلەخ ، سېرىق سەبدەنىڭ توزۇغىنىنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن ! ئۇنى توزۇتمەن دېگىنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشۈڭ .

سەپەر سومكامنى كۆتۈرگەن پېتىم ئايرودرومغا قاراپ كېتىۋېتىپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم . ھەممە يەر — ئاسمانمۇ ، زېمىنمۇ تۇتاش ئېچىلىپ كەتكەن سېرىق سەبدەدەك كۆرۈنۈپ كەتتى .

1987 ـ يىلى ئاپرېل .



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاق كەپتەر

بۈگۈن يەكشەنبە بولۇشىغا قارىماي، تۇرغۇن تازىمۇ ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. دادىسىنىڭ «ئارام ئېلىش كۈنى بولغاندىكىن، قېنىپراق ئۇخلىۋالسۇن» دېگەن مەقسەتتىكى كۆيۈنۈشلىرىمۇ، ئانىسىنىڭ مومايلارچە نەسىھەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، تۇرغۇن ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگىلا جايلاشتۇرۇلغان كەپتەرخانىدىكى 10 نەچچە كەپتەرنىڭ تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا باشلانغان قانات قېقىشلىرى، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، تىنىمسىز گۈگۈكلاشلىرى ئۇنىڭ كۆزىدىكى ئۇيقۇنى نەلەرگىدۇر قوغلىۋەتكەن. توغرىسى، كېچىلەپ چۈشىگە كىرىپ چىققان كەپتەرلەرگە بولغان ھېرىسمەنلىكتىن تۇغۇلغان بىتاقەتلىك ئۇنى شېرىن ئۇيقۇدىنمۇ ۋاز كەچتۇرگەنىدى.

تۇرغۇن ئەس - يادىنى كېچە - كۈندۈزلەپ ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان بۇ كەپتەرلەرنى توپتوغرا ئىككى ئايدىن بېرى بېقىپ كەلمەكتە ئىدى. باققاندىمۇ ئوتتۇرانچى ئاكىسى بىلەن ئورتاقلىشىپ بېقىۋاتاتتى.

تۇرغۇنىنىڭ يادىدا، بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە بۇرۇن، ئۇ ئادەتتىكى بىر سەۋەب بىلەن كەنتنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قېلىن جىگدىلىكتە تۇرىدىغان ساۋاقدىشى سەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدى. ئۇ ھويلىدا ئويناپ يۈرۈپ، بۇلۇڭتا تاقاشقان بىر جىگدە دەرىخىنىڭ شېخىغا بەند قىلىنغان پەغەزنىڭ توغرا ياغىچىدا خۇددى يىپقا تىزىلغان مەرۋايىتتەك قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بىر توپ ئاق

كەپتەرنى كۆرۈپ قالدى ۋە كەپتەرلەرگە دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي بىرھازا تىكىلگەندىن كېيىن سەمەتتىن سورىدى :

— ئاداش ، ئاۋۇ كەپتەرلەر كىمنىڭ ؟

— كىمنىڭ بولاتتى ، ئەلۋەتتە مېنىڭ ـ دە !

— ھەممىسى سېنىڭكىمۇ ؟

— ...

سەمەتنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ بەرگەن جاۋابى تۇرغۇننىڭ سەبىي قەلبىدە ئالەمشۇمۇل ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئويغاتتى . ئۇ يەنە سورىدى :

— بۇ كەپتەرلەرنى كىم باقىدۇ ئاداش ؟

— ئەلۋەتتە مەن باقىمەن ـ دە !

سەمەت ساۋاقداشنىڭ ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىك ئارىسىدا تۇرۇپ قويغان سوئالىغا يۈرەكلىك ھالدا جاۋاب بەردى ـ دە ، ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ ، قۇلاقنى يارغۇدەك ھوشقۇيتىۋەتتى . پەغەزدە ھېلىدىن ھېلىغىچە گۇگۇلىشىپ تۇرغان كەپتەرلەر تۇرغۇننى ئوبدانراق تاماشا قىلىۋالسۇن دېگەندەك ، ھوشقۇيتقان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايئاق قاناتلىرىنى يېيىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى .

كۆز ئاسمىنى ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە زۇمرەتتەك كۆك ، ئاسماندا غەربكە قىيسايغان قۇياشتىن ئۆزگە يا ئالىقانچىلىك بۇلۇت ، يا كۆزگە كۆرۈنگۈدەك تۇمان يوق ئىدى . ئاسماندا قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەر ئاسمان رەڭگى بىلەن شۇنچىلىك روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتىكى ، ئۇلار بەئەينى كۆك تاۋارغا چاپلانغان سەدەپتەك يىراق ـ يىراقلاردىنمۇ كۆزگە ئۇچۇق چېلىقاتتى . كەپتەرلەر قۇياش يۈزىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولسا ، ئايئاق قاناتلىرى خۇددى كۈمۈشتەك پارقىراپ ، كۆكتىن چۈشۈۋاتقان ئاقار يۇلتۇزدەك چاقنايتتى . قانىتى ئاستىغا ئورنىتىلغان نەيچىلەر بىر توپ شوخ بالا تەڭ ئىسقىرتقاندەك زىل ، ئىنچىكە سادا تارقىتاتتى . سەمەت كۈچەپ تۇرۇپ يەنە ئارقىمۇئارقا

www.uyghurkitap.com

ئىككى مەرتە ئىسقىرتتى . ئۆگزىنى مەركەز قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ پىرقىراپ قايتىپ كېلىپ پەغەزگە يېقىنلاشقان كەپتەرلەر يېڭىۋاشتىن كۆك قەرىگە خۇددى يادىن ئايرىلغان ئوقتەك ئۇچۇدى ۋە ماھىر سېرىكچىلەردەك موللاق ئاتقىلى تۇردى...

— سەمەت ، كەپتەرلىرىڭ قالتىسكەن جۇمۇ ؟

— قالتىس بولمايچۇ ؟ ھە ، ھەۋىسىڭ كەلدىمۇ ؟

— ...

تۇرغۇن سەمەتنىڭكىدىن قايتىپ كېلىپ كەچلىك غىزاسىنىمۇ يېمىدى . شىرە ئالدىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ باقتى ، لېكىن كاللىسىغا ھېچ نەرسە چۈشمىدى ، ئاخىر دەپتەر ـ كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، سۇپىغا تاشلىنىپ ئۇن ـ تىنسىز كۆزىنى يۇمدى .

بۇ ھال ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ ، ئانىسىنىمۇ ئەندىشىگە سېلىپ قويدى . ئۇلار ئامراق ئوغلىنى ئاغرىپ قالدىمىكىن دېگەن گۇمان بىلەن پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ، ئۇنى ـ بۇنى سوراپمۇ كۆردى . تۇرغۇننىڭ بۇ تەرىقە جىمغۇر بولۇپ كېتىشىنىڭ سىرى ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئاشكارا بولدى .

— ۋاي ۋۇي ، نېمە بولدىكىن دەپتىمەن ، — دېدى تۇرغۇننىڭ دادىسى يوغان بىر تىن ئېلىپ ، — ئوقۇشۇڭنى ئوبدان ئوقۇساڭ بولدىغۇ ، كەپتەر باقمەن دېسەڭ بېقىۋەرمەمسەن ! ؟

تۇرغۇننىڭ دادىسى ھەممە ئىشنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىلىدىغان چېۋەر ئادەم ئىدى . ئۇ يېرىم كۈن تۇتۇش قىلىپ چىرايلىق بىر قەپەس ياسىدى ۋە ئۇنى كەپتەرخانىنىڭ ئۇستىگە جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ، تۇرغۇننىڭ ئاكىسىنى بۇيرۇپ ، بازاردىن ئۈچ جۈپ كەپتەر ئەكەلدۈردى .

تۇرغۇن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئۆگزىگە چىقتى ۋە كەپتەرخانىدا ئۈنلىشىپ ، ئاكىسى تاشلاپ بەرگەن داننى تالىشىپ يەۋاتقان كەپتەرلەرنى كۆردى .

بىراق ، ئۇنىڭ كۆرگىنى سەمەتنىڭ پاختىدەك ئاق ، قاردەك

سۇزۇك موللاقچى كەپتەرلىرىگە ئوخشمايدىغان كەپتەرلەر بولۇپ چىقتى .

«ئەمدى نېمە ئامال ، كەپتەر باقمەن دەپ دادامنى ۋە ئاكامنى ئاز ئاۋارىچىلىككە سالمىدىم ، — دەپ ئويلىدى تۇرغۇن قەپەس ئالدىدا سالپىيىپ تۇرۇپ ، — كۆك بولامدۇ ، ئاق بولامدۇ ، بەرىبىر كەپتەرغۇ ، بېقىۋېرەي» دېدى ۋە بىر ئوچۇم داننى ئېلىپ كەپتەرلەرنىڭ ئالدىغا چاچتى…

ئۇزۇن ئۆتمەي ، تۇرغۇننىڭ بۇ كەپتەرلەرگە ۋە كۆز ئالدىدىلا كەپتەرگە ئايلانغان باچكىلارغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى . كۈندۈزى مەكتەپتە ئۆزىنىڭ كەپتەر بېقىۋاتقىنى ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىسە ، مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىنلا ئۆگزىگە يۈگۈرىدىغان بولدى .

بىراق ، تۇرغۇننىڭ ئوتتۇرانچى ئاكىسىمۇ بۇ كەپتەرلەرنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى . ئۇ دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغاچقا ، كەپتەرلەر بىلەن بىللە بولىدىغان چاغلىرى تۇرغۇننىڭكىدىنمۇ كۆپ بولاتتى ، تۇرغۇن مەكتەپتىن قايتقاندا ئۇنىڭغا كەپتەرلەرنى قانداق باققانلىقىنى ، قانداق ئۇچۇرۇپ ، قانداق ئويناتقانلىقىنى سۆزلەپ ئىنىسىنىڭ تارلىقىنى قوزغايتتى . تۇرغۇن بۇ كەپتەرلەرنى ئۆز تەشەببۇسى بىلەنلا بېقىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ، ئاكىسىنى چەتلەشتۈرمەكچى بولسىمۇ ، ئاكىسىمۇ كەپتەرلەرنى ئۆزى سېتىۋېلىپ كەلگەنلىكىنى ، كۆپرەك باققانلىقىنى پەش قىلىپ ، تۇرغۇننىڭ ئالدىدا ھەرگىز بوش كەلمەيتتى…

بۈگۈن تۇرغۇننىڭ شۇنچىۋالا ئەتىگەن تۇرۇپ كېتىشىدىمۇ ئاكىسىنىڭ پىچەنلىككە كەتكەنلىكى ، بىر ـ ئىككى كۈنگىچە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقى مۇھىم بىر سەۋەب ئىدى . ئۇ كەپتەرلىرىگە پۈتۈن بىر كۈن ئوڭچە خوجا بولماقچى ، قانغۇچە ئۇچۇرۇپ ، كەپتەر ئويۇننى يالغۇز تاماشا قىلماقچىدى .

تۇرغۇن ئانىسى ئەمدىلا سېغىپ كەلتۈرگەن بىر پىيالە

ئىسسىق سۇتنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى ـ دە ، شوتىغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىقتى . كەپتەرلەرنى ئالدىدىن ئاشقۇچە دان تاشلاپ تويغۇزغاندىن كېيىن ، قەپەس ئىشىكىنى شارتتىدە ئېچىۋەتتى . كەپتەرلەر ئوقتەك ئېتىلىپ ، كۆك قەرىگە ئوقچۇدى...

تۇرغۇن ئانچە كەڭ بولمىغان ئۆگزىنى ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئايلىنىپ چىققۇچە نەلەرنىدۇر پىرقىراپ ، قاناتلىرى تالغان كەپتەرلەر ئۇچۇپ قايتىپ كېلىشتى ـ دە ، ئۆرۈك شېخىغا ئورنىتىلغان ئېگىز پەغەزگە قونۇپ ، پەيلىرىنى كۆپتۈرۈپ ، قىپقىزىل تۇمشۇقلىرىنى سۈركەشكىلى تۇردى .

شۇ ئارىدا تۇرغۇننىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئويناپ كەتتى ، چۈنكى ئۇ كۆك كەپتەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان بىر ئاق كەپتەرنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى .

«ئاھ ، ئاق كەپتەر ، سەن مېنى ئۆزۈڭگە قانچىلىك جەلپ قىلمىدىڭ ، قانچە قېتىم چۈشۈمگە كىرمىدىڭ ، مېنى قانچىلىك ئىنتىزار قىلمىدىڭ — ھە ؟...»

تۇرغۇن كۆزىگە پەرىشتىدەك ئاق كۆرۈنۈۋاتقان كەپتەرنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن تىنىقىنى توختاتتى . مېڭە ھۈجەيرىلىرى چاقماق تېزلىكىدە ئىشقا كىرىشتى ۋە پىكرىدە يېڭى بىر پىلاننى پەيدا قىلدى . ئۇ كەينىچە مېڭىپ ھويلىغا قايتتى . قەيەردىندۇر بەش ـ ئالتە غولاچ كەلگۈدەك بىر باغلام شوينىنى تېپىۋالدى ۋە ئۆمىلىگەن پېتى ئۆگزىگە چىقىپ ، كەپتەرخانىغا يېقىنلاشتى . شوينىنىڭ بىر ئۇچىنى كەپتەرخانا ئۈستىدىكى چوڭ قەپەسنىڭ ئىشىكىگە چىگىپ ، ئىشىكنى ھاڭغىرقاي ئېچىپ قويدى ـ دە ، قەپەس ئىچىگە بىر ئوچۇم داننى چېچىپ بولغاندىن كېيىن شوينىنىڭ بىر ئۇچىنى سۆرىگىنىچە ئۆگزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە دۆۋىلەنگەن كۆممىقوناق شېخىنىڭ كەينىگە يوشۇردى .

— بىيە... بىيە... بىيە...

قەپەس ئىچىدە خۇددى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان ساپسېرىق

قوناق پەغەزدە پىتلىنىپ تۇرغان كەپتەرلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتتى بولغاي ، ئالدى بىلەن بىر كۆك كەپتەر قەپەسكە قاراپ شۇڭغۇدى ، ئارقىدىنلا باشقا كۆك كەپتەرلەرمۇ ھېچ ئارسالدى بولمايلا كەپتەرخانىغا چۈشتى .

بىراق ، ھېلىقى چىرايلىق ئاق كەپتەر بولسا گويا ناتونۇش كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن تارتىنغان تارتىنچاق مېھماندەك كەپتەرخانىدا دانلاپ ، شوخلۇق قىلىشقا باشلىغان كەپتەرلەرگە ھەۋەس قىلغاندەك قاراپ قوياتتىيۇ ، پەسكە شۇڭغۇشقا پېتىنالمايۋاتاتتى . تۇرغۇن بولسا يۇمشاق ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن قىچقىرىپ ، يالۋۇرۇپ ، ئۇنى قەپەسكە تەكلىپ قىلاتتى . ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا تولدۇرۇۋالغان قوناقلارنى كەپتەرخانا ئۈستىگە سېخىيلىق بىلەن چاچاتتى .

نەپسى تارتىنىشتىن ، قورقۇشتىن غالىب كەلدىمۇ ياكى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىشى ئاغزىدىن سېرىق سۇ ئېقىتتىمۇ ، ئاق كەپتەر ئاخىر پەسكە قاراپ ئۇچتى ـ دە ، كۆپ تۇزۇت قىلىپ تۇرمايلا قەپەس ئىچىگە كىرىپ ، ھەقەمسايىلىرى ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ دان تېرىپ يېيىشكە باشلىدى .

سەزگۈر ، چېچەن تۇرغۇن پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى . ئۇ ھاياجاندىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن قەپەس ئىشىكىگە چىگىلگەن شوينىنى «شارت» قىلىپلا تارتىۋەتتى ، قەپەس ئىشىكى قاتتىق يېپىلدى . كەپتەرلەر تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن چۆچۈپ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولۇشتىيۇ ، دۇمبىسى قەپەسنىڭ يۇلغۇندىن قىلىنغان شادىلىرىغا تەگدى . بۇ يات قەپەستە ، تېخى قوشۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ناتونۇش ھەمراھلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭسىزمۇ يۈرەكئالدى بولۇپ ، يېتىرقاپ تۇرغان ئاق كەپتەرمۇ قەپەس تاملىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ باقتى . بىراق ، بۇ نەتىجىسىز ئۇرۇنۇشلاردىن كېيىن ئاللىقاچان ئۆزىگە كەلگەن كۆك كەپتەرلەر بىلەن دان تاتىلاشنى داۋام قىلىۋەردى .

«ئەمدى نەگە قاچارسەنكىن ، — دېدى تۇرغۇن ئۆز ـ ئۆزىگە قەيەستىن تىركىشىپ تۇرغان ئۇلجىسىنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىۋېتىپ ، — ئىلگىرى كىمنىڭ كەپتىرى بولساڭ بول ، ئەمدى مېنىڭ بولدۇڭغۇ ئاخىر » .

تۇرغۇن بۇ ئاق كەپتەرنىڭ سەمەتنىڭ ھېلىقى كەپتەرلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە تۇيۇپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇنى سەمەتنىڭ كەپتەرخانىسىدىن ئوغرىلىمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ خۇدا بەرگەن ئولجىسى دەپ ھېسابلىدى . كەپتەرنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ ، ئاپئاق قاناتلىرىدىكى ئۇزۇن پەيلىرىنىڭ تۆت ـ بەشىنى كەندىر يىپى بىلەن مەھكەم باغلاپ ، كىچىكرەك بىر قەپەسكە سولىدى ۋە بۇ «ئاق پەرىشتە»سىنىڭ ئەمدى قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىنلا قەپەسكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى…

تۇرغۇن يەكشەنبىلىك ئارام ئېلىش كۈنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاق كەپتەر بىلەن ئۆتكۈزدى . ئۇ قەپەستە يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ ۋە قورقۇپ تىنىمسىز يورغىلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرنىڭ ئالدىغا قوناق ، كەندىر ، بۇغداي ، تېرىق… ئىشقىلىپ ئۇچار قانات يېيەلەيدىغان دانلارنىڭ ھەممىسىنى چاچتى . پات ـ پات قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ پارقىراق ، مايلاپ قويغاندەكلا سىلىق ، ماخمۇتەك يۇمشاق پەيلىرىنى ئاۋايلاپ سىلاپ باقتى…

ھەش ـ پەش دېگۈچىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى ، تۇرغۇن ئۈچۈن بۇ بىر كۈن ئادەتتىكىدىنمۇ تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . ئۇ بەكلا كەچ ياتتى ، لېكىن تۈن بويى چۈش كۆرۈپ ئامراق ئاق كەپتىرى بىلەن ئويىنىشىپ تاڭ ئاتقۇزدى .

ئۇ سەمەت بىلەن مەكتەپ يولىدىلا ئۇچرىشىپ قالدى ۋە سەمەتنىڭ چىرايىنىڭ خۇددى تۇمان باسقان ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيدى . كۆردىكى ، سەمەت ئۆزىگە چىراي ئاچقىنى بىلەن ، ھەدېگەندىلا يەنە يەرگە قارىۋالاتتى . كېتىۋېتىپ ، ئۇچرىغانلىكى تاش ، چالمىنى كۈچ بىلەن تېپەتتى . تۇرغۇننىڭ

سوئالىغىمۇ تۇزۇكرەك جاۋاب بەرمەيتتى .
ھېچكىمگە گەپ بەرمەي ، ئاق قۇشقاچتەك جاۋۇلداپ تىنىم تاپمايدىغان بۇ شوخ ساۋاقدىشىنىڭ بۇ تەرىقە غەم - غۇسسىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى تۇرغۇنغا ھەر ھالدا ئايدىڭ ئىدى . شۇڭا ، ئۇ سەمەتتىن ئارتۇقچە گەپ سوراشقا پېتىنالمىدى . ئۆزىمۇ ھەر خىل شوخلۇقلاردىن ھەر ھالدا ئۆزىنى تارتتى . ئىچىگە پاتماي كەتكەن خوشلۇقىنى ئالدىراپ تېشىغا چىقارماسلىققا تىرىشتى . تۈنۈگۈن كەچتە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان دادىسىنىڭ رەھىمسىزلەرچە تەنبىھى بىلەن خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن چاندۇرۇپ قويۇپ ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆلكىسىگە قېلىشنى خالىمايتتى . ئۇنىڭ نەزەرىدە بىر - ئىككى كۈننى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋالسىلا سەمەتمۇ ، دادىسىمۇ بۇ ئاق كەپتەرنى يادىدىن چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ چاغدا...
تۇرغۇن مەكتەپتىكى ئالتە سائەتنى مىڭ تەسلىكتە تۈگۈتۈشقۇزدى — دە ، ئاخىر دەرس تۈگىگەن ھامان مەكتەپ دەرۋازىسىدىن تۈنجى بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ ، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى .
ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە دادىسى كالىغا چۆپ تاشلاۋاتاتتى . ئانىسى سۈت پىشۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئاكىسىمۇ كەتمەن ساپلاش ئىشى بىلەن بەند ئىدى .
ئۇلار تۇرغۇننىڭ ھويلىغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى تۇيمىدىمۇ ياكى تۇيسىمۇ تۇيمىغانغا سالدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى . بۇ ھال ئۇن ياشلارغا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئەركىلىكىنى تاشلىمىغان تۇرغۇنغا ئوبدانلا ئەلەم قىلدى . ئۇ بوغچىسىنى بويىندىن سوغۇرۇۋېلىپلا سۇپىغا چۆرۈپ تاشلىدى ۋە :
— ئانا ، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ دەپمۇ سورىمايسەنغۇ ، — دېدى ئانىسىغا ھەم ئەركىلىگەن ، ھەم دوق قىلغان ئاھاڭدا .
— قورسىقىڭ ئاچقان بولسا بىردەم تەخىر قىلىپ تۇر !

ئانىسىنىڭ خۇددى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك قىلغان گېپى تۇرغۇنغا بىردىنلا ھار كەلدى . ئۇ بىر دادىسىغا ، بىر ئاكىسىغا سەپسىلىپ چىققاندىن كېيىن كەيپىياتىنىڭ ئانچە جايىدا ئەمەسلىكىنى تۇيدى ـ دە ، ئۇلار بىلەن ئارتۇقچە ھەپىلىشىشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملەپ ، چىشىنى چىشىغا قويغان پېتى شوتىغا ياماشتى .

— نەگە بارىسەن ، توختا !

دادىسىنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى بىلەن تۇرغۇنىنىڭ شوتا ۋاخىنىسىغا تاشلانغان پۇتى ھاۋادا ئېسىلىپلا قالدى . ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە مۇنچىۋالا قاتتىق تەلەپپۇزدا بۇيرۇق قىلغىنىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاچقىمۇ ، ئۇنىڭ سۆزىگە بويۇن تولغاشقا جۈرئەت قىلالمىدى .

— تۇنۇگۈنكى گېپىم بۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ ، ئۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ ، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ ، تۇتۇۋالغان كەپتەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىگۈچە ئۆگزىگە قەدەم تاشلىغىنىڭنى بىر كۆرەي قېنى !

دادىسىنىڭ بۇ گېپى تۇرغۇنغا ئەمدى راستتىنلا ئېغىر كەلدى ، ئۇ ئۆزىنى ئۇۋال قىلىندىم ، دەپ ھېسابلىدىمۇ تۇنۇگۈنكى جاۋابىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى :

— كەپتەرنى باشقىلارنىڭ كەپتەرخانىسىدىن ئوغرىلىغىنىم يوققۇ ، ئۇ ئۆزى ئۇچۇپ كېلىپ كەپتەرخانىغا چۈشتى ، شۇڭا مەن تۇتۇۋالدىم ، سىلەر يەنە مېنى ئەيىبلەۋېرەمسىلەر ؟

تۇرغۇن شۇنداق دېدى ـ دە ، ئەلەمگە پايلىماي يىغلاپ تاشلىدى .

— ئوغلۇم ، — دېدى دادىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنى سىلاپ ، سۆيۈپ تۇرۇپ ، — قاتتىقراق گەپ قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن ئەپۇ قىل ، لېكىن سەن تېخى كىچىك ، باشقىلارنىڭ ھەققىگە قارا ساناشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك يامان قىلىق ئىكەنلىكىنى تازا ئۇقۇپ كەتمەيسەن ، ئويلاپ باق ، بىرەر كەپتەرنىڭ تۇگۈل بىرەر قەلىمىڭنى باشقىلار ھېچ ئەمگەك سەرىپ



www.uyghurkitap.com

قىلمايلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا ياكى ئوغرىلىۋالسا ، بىئارام بولامسەن يوق ، بۇنداق قىلىق ئەخلاققا ، ئەقىلگە سىغامدۇ ؟ ئېيتىپ باقە ، تېپىۋالغان نەرسىنى كىمگە تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك ؟ مەكتەپتە مۇئەللىملىرىڭ قانداق ئۆگەتتى ؟

تۇرغۇن ياش يۇقى كۆزلىرىنى دادىسىنىڭ كۆزىگە تىكتى ۋە بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— تېپىۋالغان نەرسىنى ئەلۋەتتە ئىگىسىگە ياكى ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك ـ دە !

— سەن قانداق قىلدىڭ ؟

— بۇ كەپتەرنى يولدىن تېپىۋالغىنىم يوق ، ئۆزى ئۇچۇپ كەپتۇ ، تۇتۇۋالدىم شۇ !

— هەي ، بۇ بالىنىزە....

تۇرغۇن دادىسىنىڭ سۆزلىرىدىن قىلغان ئىشىنىڭ ئانچە دۇرۇس ئىش ئەمەسلىكىنى سەزگەن ۋە سەمەتنىڭ بۈگۈنكى چۈشكۈن ، غەمكىن چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خىجىل بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاتىسى چۈشىنىمۇ ئۇزەڭگىدىن چۈشكۈسى كەلمىدى . توغرىسى ، چۈشىدىمۇ ، ئوڭىدىمۇ ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان ، ئەمەلدە ئاللىقاچان ئېرىشكەن چىرايلىق ئاق كەپتەرنى قولىدىن چىقىرىشنى زادىلا خالىمىدى . ئۇ تېخى بۇ ئاق كەپتەرنىڭ ئاپئاق باچكىلارنى چىقىرىشنى ، بۇ باچكىلار بىر توپ ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىشىنى نەچچە قېتىم خام خىيال قىلغانىدى .

«ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ »

تۇرغۇننىڭ بېشى قاتتى . دادىسى بىلەن بولغان تىركىشىش يوشۇرۇن داۋام قىلىۋاتقان شۇ ئەسنادا كىچىككىنە بىر سىۋەتنى كۆتۈرۈۋالغان سەمەت خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا هويلىدا پەيدا بولدى .

— قېنى سەمەتجان ، كېلىڭ ، كېلىڭ ، ئادىشىڭىز ئەنە ئاۋۇ يەردە .

www.uyghurkitap.com

پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىك ئالامەتلىرى تېخى چىرايىدىن تامامەن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن سەمەت ھويلىدىكىلەر بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ، سېۋەتنى كۆتۈرگەن پېتى ئۇدۇل شوتا ئالدىدا ماڭقىسىنى تارتىپ تۇرغان تۇرغۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، پەس ئەمما تىترەك ئاۋازدا دېدى :

— ئاداش ، ئاۋۇ چاغدا سېنىڭ كەپتەرلىرىمگە بەكمۇ ھەۋىسىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيغاندىم ، شۇڭا ساڭا بىر جۇپ باچكا بېرىشنى شۇ چاغدىلا كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ، شۇغىنىسى ، تۇنۇگۈن ساڭا ئاتاپ قويغان مۇنۇ بىر جۇپ باچكىنىڭ ئانىسى يوقىلىپ كەتتى . ئەسلىدە يەنە تۆت ـ بەش كۈن ئۆتكەن بولسا بۇ باچكىلارمۇ ئۇچۇرما بولۇپ قالاتتى . ھېلىمۇ ھەم ئال ، ئوبدان كۈتسەڭ ، پات يېقىندا بىر جۇپ ئاق كەپتەرلىك بولۇپ قالىسەن ، ئۇلار يەنە باچكا چىقىرىدۇ ، ئۇ چاغدا بىر توپ كەپتىرىڭ بولىدۇ…

تۇرغۇن دەسلەپىدە قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى ، ئىتتىك بېرىپ سېۋەتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ شۇنداق قارىۋىدى ، قاناتلىرى خېلى يېتىلىپ قالغان قىپقىزىل تۇمشۇقلۇق بىر جۇپ ئاق باچكىنىڭ سېۋەتتە «پىس… پىس» قىلىپ ، يانمۇيان ياتقانلىقىنى كۆرۈپلا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى . لېكىن ، بۇ كۈلكە ئالامەتلىرى چىرايىدىن پاتلا يوقالدى ، ئۇنىڭ ئورنىنى قىزىللىق ، ھارارەت ئىگىلىدى . ئۇيالغىنىدىن كۆزلىرىنى سېۋەتتىن يۆتكەپ يەرگە تىكتى .

— نېمە بولدۇڭ ئاداش ، — دېدى سەمەت ساۋاقدىشىنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنەلمەي ، — باچكىلارنى كىچىك كۆردۈڭمۇ ، ئۇنداق بولسا قايتۇرۇپ كېتىپ ئۇچۇرما بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئەكېلىپ بېرەي ، چوڭ كەپتەردىن بىر جۇپ بېرەيمۇ يا .

تۇرغۇن يەنە بېشىنى كۆتۈرمىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھىي ھالىتى شۇنچىلىك مۇرەككەپ ۋە ئېغىر ئىدىكى ، بۇ ھال ئۇنىڭ دادىسىنىڭ خەيرخاھلىقىنى قوزغىدى .

— قارا سىنىڭ جىم بولۇپ قالغىنىڭنى، ئەھۋالنى ساۋاقداشلىرىڭغا ئېيتىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىساڭ بولمامدۇ؟

تۇرغۇننىڭ دادىسى ئوغلىغا كۆرۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ۋە ئوغلى ئۇچۇن ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەك بولۇپ ئاغزىنى ئۈمەللىدى.

— توختاڭ دادا، — تۇرغۇن بىردىنلا غەيرەتكە كەلدى ـ دە، دادىسىنى توختىتىپ قويۇپ، سەۋەبلىكنى بويىنىغا ئېلىپ، سەمەتتىن چىن كۆڭۈل بىلەن ئەپۇ سورىدى، — خاپا بولما ئاداش، مەن ئالدىڭدا يامان ئىش قىلىپ قويدۇم، كەپتىرىڭنى ھازىرلا ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرەي…

سەمەت ھېچ ئىش بولمىغاندەك تاتلىق كۈلۈمسىرىدى، شوتا ۋاخىنىسىغا پۇتىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقان تۇرغۇننى توختىتىۋېلىپ:

— خىجالەت بولما ئاداش، بىر كەپتەر دېگەن نېمىتى، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپمۇ ئاۋارە بولما، ئۇ ھېلىغىچە سېنىڭكىگە كۆنۈپ قالغاندۇ، بەلكى مانا بۇ باچكىلارنىمۇ ئال، كەپتەرلىرىڭ ئاۋۇپ كەتسە مەنمۇ خۇش بولىمەن، بىز ساۋاقداش ئەمەسمۇ؟

ھويلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ھاياجانلىق كۆرۈنۈشتىن تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. تۇرغۇنمۇ قەلبىدىن تېشىپ تۇرغان خۇشاللىقىنى قانداق ئىزھار قىلىشنى ئۇقماي بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاخىر سەمەتنىڭ سېۋىتىنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆگزىگە بىللە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى شوتىغا ياماشتى. تۇرغۇننىڭ دادىسىمۇ، ئانىسىمۇ، ئاكىسىمۇ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەشتى.

1986 ـ يىلى فېۋرال.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

## قوشۇمچە — 1

# «كۆن نەدىن چىقىدۇ؟» ھەققىدە

## جاۋ گودۇڭ

1977 - يىلى يازدا مەن شىئەنگە تۇغقان يوقلاشقا بېرىپ، شىئەن كىنو ستودىيىسىگە ئۇيغۇرچە كىنو سىنارىيىسى «يىپەك يولىدىكى كارۋان»نى تەرجىمە قىلىپ بەردىم. شۇ يىلى كۈزدە مەن بۇ سىنارىيىنىڭ ئاپتورى — ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەن ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بىلەن تونۇشتۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز دوست بولۇپ قالدۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1980 - يىلى بىر قېتىملىق پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇ ناھايىتى سالماقلىق بىلەن: مەن 40 ياشتىن ئىلگىرى چوقۇم 10پارچە كىتاب چىقىرىمەن، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، مەن ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ بەكلا كۈچلۈكلۈكىنى ھېس قىلدىم. دىگەندەك 1990 - يىلى 39 ياشقا كىرگەن ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئاخىر ئىشقا ئاشۇردى: ئۇنىڭ 10 پارچە ئەدەبىي كىتابى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ يەنە توققۇز پارچە ئەسىرى مەملىكەتلىك ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. «يەر» قاتارلىق 16 پارچە ئەسىرى چەت ئەللەردە تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى.

مەن دوستى ۋە ئاغىنىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەيلى ھېكايە ياكى شېئىر بولسۇن ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك تېمىسى روشەن، ھېكايىچانلىقى تەسىرلىك بولۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە دەۋر روھىغا باي. مەيلى مەدھىيە ئوقۇش ياكى قامچىلاش بولسۇن، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ سەھىپىسى ئادەتتە نىسبەتەن

قىسقا، مەزمۇنى چىن، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، لىرىكىلىقى قويۇق، كىشىگە يېقىملىق، قىزغىنلىق ۋە ئۇمىدۋارلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ.

مانا ھازىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ 11- كىتابى بولغان «كۈن نەدىن چىقىدۇ؟ (خەنزۇچە)»نىڭ تەھرىرلىكى پۈتۈپ، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا نەشرگە تەپشۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ كىتابنىڭ تۈزگۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭغا ئاتاپ كىرىش سۆز يېزىۋاتقانلىقىمدىن بەكمۇ شەرەپ ھېس قىلىۋاتىمەن.

«كۈن نەدىن چىقىدۇ؟» توپلىمىغا ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىنغان 18 پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرىنىڭ يۇقىرىدا بىز دەپ ئۆتكەن ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇبى بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەردە تېخىمۇ كەڭ، ئەتراپلىق ۋە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بېلىنىسكىي «ئەدەبىيات مىللىي تۈپراقتىن ئايرىلماسلىقى لازىم، ئۇ ئۆزىنى پۈختىلاش ۋە ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مىللىيلىككە ئىگە بولۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنداقتا مىللىيلىك دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە بېلىنىسكىي يەنە «مىللىيلىك دېگەنلىك مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ تامغىسى، مىللىي روھ بىلەن مىللىي تۇرمۇشنىڭ بەلگىسى» دېگەن. مىللىيلىك ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مىللىي روھ بىلەن مىللىي تۇرمۇش تۈپرىقىدا پەرۋىش قىلىپ ئېچىلدۇرۇلغان خۇش پۇراق گۈل. بىز، قايسى مىللەت يازغۇچىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىيلىكىنى يازماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئۆز مىللىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مول ئىدىيىۋى قاتلىمىنى ئىگىلىشى زۆرۈر دەپ قارايمىز. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆز مىللىتى تۇرمۇشىنىڭ مىللىيلىكىنى ئىپادىلەشتە ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان سىرتقى

قىياپەت، كىيىم ـ كېچەك، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يېزىش بىلەنلا بولدى قىلمىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ زاغرا تىلى، ماقال ـ تەمسىللىرى ھەمدە ئوبرازلىق ئوخشىتىشلىرى قاتارلىق تىل ۋاستىلىرى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن تۇرمۇش يوللىرىنى كۆچەپ يورۇتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي روھى بىلەن مىللىي پسىخىكىسىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى مۇھەببەت، ئۈمىد، غايە، ئەخلاقىي قاراش ۋە ئېستېتىك قىزىقىشلارنى، مىللىي روھىدىكى ئالاھىدە گۈزەللىكلەرنى قازدى. «كۆن نەدىن چىقىدۇ؟» توپلىمىدىكى تۇپراقنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان «ئاتا»؛ «ۋېناس، سەن نېمىشقا چولاق؟» ھېكايىسىدىكى ئايالنىڭ كۆنلەمچىلىكى تۈپەيلىدىن ئائىلىسى بۇزۇلۇشقا ئاز قالغاندا يەنە ئۆز ئارا ياخشىلىشىپ قالغان «ئۇ» ۋە «ئۇ»نىڭ «ئايالى»؛ «قاراڭلار بۇ چوكانلارغا» ھېكايىسىدىكى ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ ئەرلىرىنى خۇشال قىلىش كويىغا چۈشكەن ئائىلە ئاياللىرىدىن «ئاينۇر» بىلەن «ھەمراخان»؛ «كۆلەيمۇ ياكى يىغلايمۇ» ھېكايىسىدىكى راھەتكە بېرىلىپ ئەمگەكتىن قاچىدىغان، ھۆكۈمەتتىن قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىدىغان «ئېلاخۇن» قاتارلىق تۈرلۈك تىپتىكى شەخسلەرنىڭ ھەممىسى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە. شۇڭا، مەن دەيمەن: ئەبەيدۇللا ئىبراھىم دەل ئۆز مىللىتىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ۋە قىزغىن سۆيگەنلىكى، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى، مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنى، پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى، شەيئىلەرنى چۈشىنىش ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچە ئۇسۇلىنى چۈشەنگىنى ئۈچۈن، ئۆز مىللىتى كىشىلىرىنىڭ ئاشۇنداق كۆپ خىل ۋە تەسىرلىك ئوبرازلىرىنى يارىتالىغان.

لۇشۈن ئەپەندى «ئىجادىيەت مۇھەببەتتىن كېلىدۇ» دېگەن. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشنى كۆپ قاتلام ۋە كۆپ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلىرىدە كىتابخانلارغا كۆپ

قاتلاملىقڧا ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەقدىم قىلغان ھەمدە كۆپلىگەن پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى، ئۈمىد ۋە غايىسىنى، مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى رېئاللىق بىلەن مەھكەم باغلىغان. «مۇھەببەت»نى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئادالەتنى مەدھىيىلىگەن، ئاق كۆڭۈللۈكنى كۈيلىگەن، ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلغان، رەزىللىكنى ئېچىپ تاشلىغان، ئىللەتلەرگە ھۇجۇم قىلغان، نادانلىقنى مازاق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك دەۋر تۇسىگە ئىگە بولغان. «كۈن نەدىن چىقىدۇ؟» تويلىمىنىڭ «ئىنچىكە ھېساب» ھېكايىسىدىكى تۆھمەتكە ئۇچراپ خورلىنىپ «ساراڭ» بولاي دېگەن «ئەنۋەر»، «مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟» ھېكايىسىدىكى «مەن» ۋە «سىرىق سەبدە» ھېكايىسىدىكى ھەدەپ باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇرلانغان مۇخبىر ئالىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشتا ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان، باشقىلارنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان، لېكىن ئاق كۆڭۈل، ئادەم بولۇشنىڭ پرىنسىپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىبارەت. يازغۇچى ئۇلارنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى يازغاندا قانداقتۇر ئاتالمىش «جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى»گە تەگمەيدۇ، بەلكى ئىچ ـ باغرىنى تۆكىدۇ، ھېكايىنى ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئۇسۇلى بىلەن جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىدۇ. بۇلاردا ئوخشاشلا ئاپتورنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببىتى ئىپادىلىنىدۇ.

بەزىدە نەپرەتمۇ مۇھەببەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، كىنايىمۇ مۇھەببەتتىكى بىر خىل ئارزۇ بولۇپ قالىدۇ. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «كۈن نەدىن چىقىدۇ؟» تويلىمىدا كومېدىيىلىك تۇسى قويۇق بولغان بىر تۈركۈم بەدىئىي ئوبرازلارنى ماھىرلىق بىلەن يارىتىپ، ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاشمايدىغان، چوڭ ـ كىچىك بىر تۈركۈم پېرسوناژلارنىڭ قىياپەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ. بىز بۇنى ۋاقتىنچە

www.uyghurkitap.com

كىنايە ئەدەبىياتى دەپ تۇرايلى ، «كۆن نەدىن چىقىدۇ ؟» تۇپلىمىدا بۇنداق ھېكايىدىن نەچچە پارچىسى بار . باشقارما ، مۇدىر دەرىجىلىك بىرنەچچە كاتتىۋاش بىر قېتىملىق زىياپەتتە بىر پەن تەتقىقات خادىمىدىن «سەن دەپ باققىنا ، ھاراق دېگەن سۇدەكلا نەرسە تۇرۇپ ، جىق ئىچىۋەتسە نېمىشقا ئادەم مەست بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇ ئادەمنىڭ قورسىقىغا كىرگەن تۇرۇپ نېمىشقا يەنە بېشىغا چىقىۋالىدۇ ؟» دېگەن سوئالنى سورايدۇ ھەمدە «كۆن زادى تاغىنىڭ كەينىدىن چىقامدۇ ياكى دېڭىزدىن چىقامدۇ ؟» دېگەن بىر مەسىلىنى تالىشىپ قىزىرىشىپ كېتىدۇ . بۇ ، «كۆن نەدىن چىقىدۇ ؟» دېگەن ھېكايىنىڭ باش تېمىسى . «كۆن نەدىن چىقىدۇ ؟» تۇپلىمىدىكى «ئۆيۈمگە ئوغرى كىردى» ، «مېنى ئەيىبلىمەڭلار» قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى تەسىرلىك يېزىلغان بولۇپ ، ئۇلاردا رېئاللىقتىكى تۇرلۇك غەلىتىلىكلەر ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئېچىپ تاشلانغان . بۇ ھېكايىلەرنىڭ پىكىرلىرى يېڭى ، پېرسوناژ ئوبرازلىرىنىڭ يارىتىلىشى چوڭقۇر ، تىلى يۇمۇرلۇق بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئۇلاردا ئاپتور ھېچنېمىنى يوشۇرماستىن ، ئۆتكۈر قەلىمىنى رېئاللىقتىكى بارلىق ناچار ۋە رەزىل ھادىسىلەرگە بىۋاسىتە قارىتىشتىن ئىبارەت دادىللىقنى ۋە بۇ خىل ھادىسىلەرنى تېزدىن ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت سەمىمىي ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ .

مەن «كۆن نەدىن چىقىدۇ ؟» تۇپلىمىنى ئوقۇپ ، يېڭى دەۋرنىڭ تومۇر سوقۇشىنى كۈچلۈك ھېس قىلدىم .

مەن «كۆن نەدىن چىقىدۇ ؟» تۇپلىمىنى ئوقۇپ ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى تونۇپ يەتتىم .

مەن «كۆن نەدىن چىقىدۇ ؟» تۇپلىمىنى ئوقۇپ ، كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالغان ئايرىم تەرەپلەرنىمۇ ھېس قىلدىم : مەسىلەن «سېرىق سەبدە»دەك ھېكايىلەرنى تېخىمۇ ئىخچاملاش ، مەركەزلەشتۇرۇپرەك يېزىشقا بولامدۇ - يوق ، «چىرايلىق چوكان»

غا ئوخشاش ھېكايىلەرنى يەنمۇ چوڭقۇرراق ، يەنمۇ ئېنىقراق قىلىپ يېزىشقا بولامدۇ - يوق .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «كىشىلىك ھاياتتا ئىككى قېتىم قىممەتلىك ۋە ھەل قىلغۇچ 15 يىل بولىدۇ ، ئۇنىڭ بىرسى 40 ياشتىن بۇرۇن ، يەنە بىرسى 40 ياشتىن كېيىن» دېگەندى .

ئۇنىڭ ئالدىنقى 15 يىلىدا ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ ، مەرتىۋىسى بىردىنلا ئۆستى ، تېخى ئۇنىڭغا نۇرغۇن شان - شارەپ ۋە مول نەتىجىلەر ھەمراھ بولدى . ياش ۋە مۇنەۋۋەر ژۇرنالىست ، تىرىشچان ۋە ئەقىللىق يازغۇچى ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەخرى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، سىزنىڭ كېيىنكى 15 يىلىڭىز قانداق بولماقچى ؟ كېيىنكى 15 يىلدىن كېيىنكى 15 يىلىڭىزچۇ ؟

1992 - يىلى 1 - يانۋار

(مۇئەللىپنىڭ «شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1992 - يىل نەشر قىلىنغان خەنزۇچە «كۆن نەدىن چىقىدۇ» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى . )

(ئابدۇللا مەتقۇربان تەرجىمىسى )

www.uyghurkitap.com



# «سېرىق سەبدە»نى ئاسرايلى

نەبىجان ماخمۇت

ئىختىساس ئىگىلىرى پۈتۈن جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىقى. شۇڭا، ئۇلارنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جەھەتتە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن ئايرىم جايلاردا، بىر قىسىم كىشىلەردە يەنىلا ئىختىساسلىق خادىملارنى باسىدىغان، كۆرەلمەيدىغان، تۈرلۈك قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان ناچار ئىللەتلەر بىرقەدەر گەۋدىلىك ساقلانماقتا. بۇ شۇبىنخائۇئېر ئېيتقان قارانىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت نادانلىقنىڭ ئۈچ خىل ئىپادىسىنىڭ بىرىنچى خىلى بولۇپ، ماھىيەتتە، مىللىتىمىزدىكى بىر خىل مەنىۋى كېسەللىك، روھىي بۇزۇلۇش.

ياش يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆزىنىڭ «سېرىق سەبدە» ناملىق ھېكايىسىدە ماھىر «روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى» بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ روھىي كېسىلىگە توغرا «دىئاگنوز» قويغان ۋە ئۇنى قەلەمدىن ئىبارەت ئۆتكۈر «ئوپېراتسىيە پىچىقى» ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلغان.

بۇ ھېكايىدە ئالىم، رەجەپ قادىر، نۇرمان، تۇراخۇن،

مۇختەرجان قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا ، بولۇپمۇ ئىختىساس ئىگىلىرىگە ، ئىسلاھاتقا تۇتقان تۇپ پوزىتسىيىسىنى ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش ئارقىلىق باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان . ئاپتور ئالىمنىڭ مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدىكى بىر قاتار پائالىيەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىپ ، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ھەقىقەتنى تونۇغان ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان كۈچلۈك ئىسلاھات روھىغا ئىگە دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتقان . مېنىڭچە ئالىم ئوبرازىنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ نۇقتىدا كۆرۈلىدۇ . رەجەپ قادىر ھېكايىدە سەلبىي پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئۇ تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپمۇ ئالىمنى قولغا كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن ، نۇرىماننىڭ بۇرۇنقى يولدىشى قاسىمجاننى ئىشقا سېلىپ ، ئۇنى ئالىم بىلەن نۇرىماننىڭ سۆھبەتلىشىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ جېدەل چىقىرىشقا كۈشكۈرتىدۇ... گۈلدەك بىناكارلىق ھۈنىرى بار تۇراخۇننى ئىدارىنىڭ لاۋازىمەت ئىشلىرىغا سېلىپ نابۇت قىلغىنى يەتمىگەندەك ، يەنە ئۆزىنىڭ زەھەرلىك قولىنى نۇرىمانغا سوزۇپ ، ئۇنى ئارقا سەپكە يۆتكەش يولى بىلەن تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش شارائىتىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولىدۇ... مانا بۇلار رەجەپ قادىرنىڭ قارىماققا ئىسلاھاتنى قوللىغاندەك قىلىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدىغان مۇتەئەسسىپ ، ھەسەتخور ، شۆھرەتپەرەس ، قارانىيەت ، شەخسىيەتچى ، نادان كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ھېكايىدىكى يەنە بىر ئىجابىي پېرسوناژ نۇرىمان بولۇپ ، يازغۇچى ئۇنى رەجەپ قادىر ، مۇختەرجان قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە قارشى قويۇپ تەسۋىرلىگەن . ھېكايىدىكى سىرىق

سەبدە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت يېڭى شەيئىگە ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ۋە ئۇنى سۆيىدىغان ، رەھىمسىز رېئاللىققا باش ئەگمەي ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىدىغان ، يېڭىلىق يارىتىدىغان ، ئەمما قۇرۇق شان ـ شۆھرەتكە ئىنتىلمەيدىغان دەۋرىمىز ياشلىرىغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ ، يازغۇچى نۇرىمانىنىڭ سىرىق سەبدەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۇپ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاشۇنداق ياشلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن . نۇرىمان ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن پۈتكۈل ھېكايىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ .

ھېكايىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تۇراخۇن ۋە مۇختارجاندىن ئىبارەت ئىككى قوشۇمچە پېرسوناژ بار بولۇپ ، ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ .

تۇراخۇن مۇتەئەسسىپ كۆچلەرگە قارشى تۇرىدىغان ، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ، ئاق كۆڭۈل كىشى ، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئالىيجاناب روھ رەجەپ قادىرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە ئالىم ھەر خىل پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشىنىپ ، نۇرىمان ھەققىدىكى ئوچېركنى يېزىشتىن ۋاز كەچكەندە ، ئۇنىڭ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ ، رەجەپ قادىرنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى ، شۇنداقلا ئالىمنى نۇرىماننىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ ، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ناھەقچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ .

مۇختارجان ئۆزى نادان بولغاچقا ، نۇرىمانغا ئوخشاش بىلىملىكلەرنى قەتئىي كۆرەلمەيدۇ . رەجەپ قادىرغا خۇشامەت قىلىش بىلەن جان باقىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭدا تۇراخۇندىكىدەك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغان ئالىيجاناب روھ يوق . يازغۇچى مۇختارجاننىڭ بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ تىپىك سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن .

يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھېكايىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان

ئىدىيىسىنى يۇقىرىقى پېرسوناژلار ئوبرازىغا سىڭدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە ئاپتور مۇلاھىزىسى ئارقىلىقمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، «دېمىسىمۇ، ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت بۇ ۋابا قان ھۇجەيرىلىرىدىكى ئېرسىيەت ئامىلىغا ئوخشاش نەچچە ئەۋلاد ئادەملىرىمىزنىڭ قەلبىدە كېسەللىك ئوچىقى پەيدا قىلىپ، ئىچكى خورىتىش رولىنى ئوينىمىدىمۇ؟ ئىبلىسلارنىڭ قاتمۇقات توسۇقلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھۆرلۈك تەختىگە يېقىنلاپ قالغان باھادىرلارنى بىر - بىرى بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىشقا قۇتراتمىدىمۇ؟ ئاقىللارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ، دوستىنى دۈشمەنگە، دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇپ، مېھىر - مۇھەببەت رىشتىسىنى چىرىتىپ، ئىناقلىق ئېتىزىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچمىدىمۇ؟» مانا بۇلار كىتابخانلارنى مىللىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىشقا، «ئۈچىنچى كۆز»نى روشەنلەشتۈرۈپ، تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى ۋە ئۆزىنى قايتىدىن تونۇشقا، شۇنداقلا ئۆزگەرتىشكە ئۈندەپ، ھېكايىنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇ ھېكايىسىدە جەمئىيەتتىكى ئورنى، خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر قاتار ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، شەخسىيەتچىلىك، نادانلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن پاش قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، مىللەتنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بۇ خىل روھىي كېسەلنى تېزدىن داۋالاپ ساقايتىشنىڭ، ئىسلاھاتنىڭ - ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ سىمۋولى بولغان «سېرىق سەبدە»نى ئاسراپ ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ جىددىي زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 6 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

قوشۇمچە — 3

# «سىرىق سەبدە»دىن بالقىغان فېمىنىزملىق خاھىش

گۈلجامال مەمتىمىن

1

فېمىنىزملىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىك 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 70 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ياۋروپا، ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ 20 ـ ئەسىردىكى غەربتە بارلىققا كەلگەن ئۈچ چوڭ ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ بىرى. ئۇ ئاياللارنى مەركەز قىلغان ئەدەبىي تەنقىد. ئۇنىڭ تەنقىد ئوبيېكتى «ئاياللار ئوبرازى»، «ئاياللار ئىجادىيىتى»، «ئاياللارنىڭ كىتاب ئوقۇش شارائىتى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئاياللارنىڭ مەۋقەسىدىن چىقىپ تامامەن يېڭىچە ئۇسۇل، يېڭىچە كۆزقاراشلار بويىچە تەھلىل، تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب فېمىنىزملىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەزەرىيەلىرى خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۈچلۈك بولغان ئەرلىك مەدەنىيەت قاراشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشتا مۇكەممەل نەزەرىيۋى ئاساسقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە يەنە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى قەلىمى ئاستىدىكى ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەمما ئىلگىرى تازا ئېچىپ بولالمىغان قىممەتلىك كۆزقاراشلارنى، ئاياللارنىڭ نىكاھ، ئائىلە، جەمئىيەتتىكى ئورنى،

ھوقۇقىغا ئائىت ئىلغار كۆزقاراشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل ، تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاياللار تېمىسىغا ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كەسىپ مەسىلىلىرىگە بېغىشلاپ يېزىلغان ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز بولۇپ ، شائىر ، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «سېرىق سەبدە» ھېكايىسى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تىپىك ئەسەردۇر .

## 2

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «خوتەن قەغىزى» ، «قارا ۋە ئاق» قاتارلىق شېئىر ، داستانلىرى «كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ» ، «سېرىق سەبدە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ، «تۈندىكى چاقماق» ، «داغ» ، «بوز دالا» كەبى تارىخىي رومانلىرى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغاپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ياش يازغۇچىدۇر . بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار ھەققىدە يېزىلغان ، فېمىنىزملىق خاھىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان «سېرىق سەبدە» ناملىق ھېكايىسى ئۈستىدە فېمىنىزملىق ئەدەبىي تەنقىد نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «سېرىق سەبدە» ناملىق ھېكايىسى 1987 - يىلى يېزىلغان بولۇپ ، شۇ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سېرىق سەبدە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن . ئەسەردە مېۋە - چېۋىنى يېڭى پىتى ساقلاش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرىمانىنىڭ ئەگرى - توقاي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى يېزىلغان . ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە ، نۇرىمان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان چىرايلىق قىز . ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ مېۋە - چېۋىنى يېڭى پىتى ساقلاش بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىنلا ، پۈتكۈل

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ دىققەت ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. گەرچە نۇرىماننىڭ كەسپداشلىرى، ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باشلىقى مەخسۇت مۇدىر، تۇراخۇن ئاكا قاتارلىقلار بۇ قىزنىڭ ھەققىي تىرىشچانلىقىغا، تالانتىغا قول قويۇپ، ئۇنى ھۆرمەتلىسىمۇ، ئەمما مۇئاۋىن مۇدىر رەجەپ قادىر قاتارلىق بىر ئوچۇم ھەسەتخورلار ئۇنىڭ كەينىدىن پىتنە ـ پاسات تارقىتىدۇ. ئۇنى ياسانچۇق، ھاكاۋۇر، خىزمەتداش ئەرلەر بىلەن قالايمىقان مۇناسىۋىتى بار دەپ ئۆسەك سۆز تارقىتىپ، ئېرى قاسىمجان بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئاياللارنىڭ كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى تولىمۇ مۇشكۇل ئىش بولۇپ، ئادەتتە ئەرلەر كەسپكە بېرىلسە پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى، ۋاقتىنى كەسپكە قارىتالايدۇ، ئەمما ئاياللار ئائىلىدە ئائىلە ئىشلىرىنى جايىدا قىلىشى، ئاتا ـ ئانا، ئېرىنى ئوبدان كۈتۈشى كېرەك، ئۇنىڭدىن ئاشقان ۋاقتىنى ئاندىن كەسپكە قارىتالايدۇ. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش خۇددى ئەرلەرگىلا مەنسۇپ بولۇشى كېرەكتەك ئويلاپ كەلگەن بەزى كىشىلەرمۇ، ئاياللارنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاسان ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بەزى ئەرلەر بولسا، ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بەزى ئاياللار كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاياللارنى «ئەرلەشكەن ئايال» دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاياللىقىدىن پەخىرلىنىپ، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاياللارنى كۆرەلمەيدۇ ياكى كۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ. ئايرىم ئەرلەر بولسا بۇنداق ئاياللارنى مەغلۇپ قىلىشنىلا ئويلايدۇ. ئەرلەر ئاياللارنى مەغلۇپ قىلىشتا كۆپ ھاللاردا، مەغلۇپ قىلماقچى بولغان ئايالنىڭ ئەخلاقىدىن قۇسۇر ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن. ئەسەردىكى نۇرىمان كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا، رەجەپ قادىر ئۇنى ياسانچۇق، ھاكاۋۇر، ئېرىدىن چانغان، شۇڭا ئۇ لاياقەتسىز ئايال دېگەن بەتنامنى چاپلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نۇرىماننىڭ زاۋۇتتىن ئىستېپا بېرىپ قاسساپچىلىق

قىلىۋاتقان ئېرى قاسىمجان بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ ، ھەر خىل پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىپ ئۇنى ئېرىدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىدۇ . بۇ رەجەپ قادىرنىڭ كېيىنكى ھەرىكەتلىرى ، ھەسەتخورلۇقلىرى ئۈچۈن ئوبدان يوچۇق ، باھانە بولۇپ بېرىدۇ . «تۇل خوتۇننىڭ بېشىغا بۇخارادىن ئىتلار كېلىپ چىچىدۇ» دېگەن پەدە بويىچە نۇرىمان قانداق بىر ئەر بىلەن نورمال سالام ـ سەھەت قىلسا ، ئۇنى شۇ ئەر بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋىتى بار دەپ ئۆسەك تارقىتىدۇ ـ دە ، نۇرىمان ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا نۇرغۇن ئەر ، ئاياللارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . ئۇ مەخسۇس نۇرىماننى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن مۇخبىر ئالىمنى بولسا نۇرىمان بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدۇ . تەتقىقات نەتىجىسىنى ئۆزىنىڭ نەتىجىسى قىلىۋېلىشنى ئويلىغان رەجەپ قادىر مۇخبىرنىڭ نۇرىماننى زىيارەت قىلىشىغا بارىدىغان كۈنىگە توغرىلاپ ئۇنى تۆۋەنگە ئەۋرىشكە ئەكېلىشكە ئەۋەتىۋېتىپ ، مۇخبىرنىڭ ئالدىدا ئۇنى «مېنى كۆزگە ئىلمىغان ئوخشايدۇ» دېگەن پىكىرگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ . ئاياللارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمەسلىك ياكى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ ، تارىخ بەتلىرىدىن ئۇلارغا ئورۇن بەرمەسلىك ئەسلى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەرلىك ھوقۇقچىلىقى ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ ، ئەمما يېڭى زاماندا ئۆسۈپ يېتىلىپ ، ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان نۇرىماننىڭ تەقدىرىمۇ 16 ـ ئەسىردە ياشىغان ئامانىساخاننىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاپ قېلىشقا تاس ـ تاماس قالىدۇ . خۇنۇكلۇك بار يەردە گۈزەللىك بولغىنىغا ئوخشاش رەجەپ قادىرنىڭ بۇ قارا نىيىتى مەخسۇت مۇدىر ، تۇراخۇن قاتارلىقلار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىپ ، مۇخبىر نۇرىماننى رەسمىي زىيارەت قىلىشقا تۇتۇش قىلغاندا بولسا ، نۇرىماننىڭ ئەخلاقسىزلىقى چېكىگە يېتىپ ، يۇقىرىدىن كەلگەن مۇخبىرنىمۇ ئىنىدەككە كەلتۈرۈۋالدى دەپ ئۆسەك تارقىتىپ ، قاسىمجاننى نۇرىماننىڭ «رەسۋاچىلىقى»نى كۆرۈشكە ئەۋەتىدۇ . بۇ قارانىيەتمۇ ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ ئامما ئارىسىدا ئۆسەك

سۆز تارقىتىپ، يۇقىرىدىكى باشلىقلارنى ئالداپ مەخسۇت مۇدىرنى پېنسىيىگە چىقىرىۋېتىش، نۇرىماننى ئارقا سەپكە يۆتكەش، ئالىمنى بولسا خىزمەت ئورنىغا چېقىپ، خىزمەتتە ئىستىلغا دىققەت قىلمىدى دەپ قارىلاپ يۇرتتىن ھەيدەپ چىقارماقچى بولىدۇ. ئەسەردىكى تۇراخۇنمۇ قابىلىيەتلىك كەسىپ ئىگىسى، ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى، ئەمما نۇرىمان بىلەن ئىككىسىنى سىلىشتۇرغاندا بۇ ئىككى جىنسقا چۈشكەن بىسىم ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ. رەجەپ قادىر تۇراخۇننى يوقىتىشتا پەقەت ئۇنى كەسىپتىن ئايرىۋېتىش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ. ئەمما، جىسمانىي قۇۋۋەت جەھەتتىن ئۆزىدىن ئاجىز، ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، ئۆيدە كېسەلچان قېرى ئانىسى بار نۇرىمانغا كەلگەندە ئۇ ئىشنى ئۇنداق ئاسان بولدى قىلمايدۇ. نۇرىماننىڭ مۇشۇنچىلىك كۆپ بەتنام، دىشۋارچىلىقتا ئۇچرىشىغا ئاساس بولغان نەرسە زادى نېمە؟ بىر قىسىم كىشىلەر نېمىشقا نۇرىمانغا شۇنچە يامان كۆزدە قارايدۇ؟ مېنىڭچە، رەجەپ قادىر قاتارلىق ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئالدى بىلەن بىلىمسىز، ھەسەتخور، ئىچى تار ۋە كۆرەلمەس، ئۇلار ئۆز كۈنلىرىنى يۇقىرىنى ئالداش، تۆۋەننى بېسىش، گۇرۇھۋازلىق قىلىپ راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا، ئۇلار باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتا ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ئەمما، كىشىنى بەكلا ئېچىندۇرىدىغىنى مۇختاردەك كەسىپتىن قىلچە ساۋادى بولمىغان شوپۇرمۇ نۇرىمانغا يامان كۆزدە قارايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرى بىر خىل جامائەت پىكرى تۈسىنى ئالغان، مەيلى ۋىلايەتنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل ۋالىيسى تۇرسۇن ياكى گېزىتخانا باشلىقى بولسۇن، ئۇلار رەجەپ قادىرنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە شۇنچىلىك تېز ئىشىنىدۇ، بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب، ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا بەتنامغا، ئۆسەك سۆزگە ئەڭ يېقىن، چۈنكى ئۇلار ئايال. ئايال جىنسقا نىسبەتەن نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى پەس كۆرۈش، ئاياللارنى ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قاراشتەك تەڭسىز مۇئامىلە تەبىئىي ھالدا بۈگۈنكى كۈندىمۇ

ئۆز تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتمىغان ، ھەتتا نۇرىمان ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۈزۈن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇشقا بارغاندىمۇ تېلېفونخانىدىكى نەچچە ئايال ئۇنىڭ كۆزىچىلا كۇسۇرلىشىپ ئۇنى غاجايدۇ . ئاياللار ئۇنىڭ چىرايىغا ھەسەت ، بىلىمىگە ئىچى تارلىق قىلسا ، بەزى ئەرلەر ئۇنى «پۇرىقى يوق» دەپ ، يامان نىيىتى ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بەرمىگىنى سەۋەبلىك ئۇنى يامان كۆرىدۇ . نۇرىمان گەرچە ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان ، ئۇلارغا پەرزەنتلىك مېھرىنى ئۇبدان يەتكۈزىدىغان ۋاپادار بالا ، ئائىلىنى ، ئېرىنى سۆيىدىغان ئەخلاقلىق ئايال بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئايال بولغاچقا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىغا شۇنچە يېقىن ياشايدۇ . باشقىلارنىڭ ماختىشى ئۈچۈن ئەمەس ، كەسىپ ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ، ھەممىگە شۈكۈر قىلىۋاتقان نۇرىمان ئاخىر ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئارقا سەپكە يۆتكىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم نۇرىماننى كەمسۆز ، تىرىشچان ، قانائەتچان ، ئۈمىدۋار قىلىپ يارىتىدۇ . ئۇنى كەسپكىلا بېرىلگەن ، ئائىلە ، ئاتا ـ ئانا دېگەنلەرنى ئېسىدىن چىقارغان ماشىنا ئادەم ، ياسىنىشنى ئۇنتۇغان ئوتتۇرا جىنس قىلىپ يارىتىشتىن ئاگاھلىق ساقلىنىپ ، ھەر خىل پىتنە ـ پاساتلارغا پەرۋا قىلماي ئۆزىنىڭ غايىسى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە يېڭى دەۋر زىيالىيسى ، ياسىنىشنىمۇ ، تۇرمۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغان ھېسسىياتلىق ئادەم قىلىپ يارىتىدۇ . ئۇنىڭ خىلمۇخىل بېسىملار ئىچىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ . نۇرىمان ئوبرازىغا يازغۇچىنىڭ ئاياللارغا بولغان ئۈمىدى ، غايىسى ، ئارزۇسى سىڭگەن . نۇرىمان پۈتكۈل ئەرلەرنى رام قىلغۇدەك چىرايلىق ، تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل بېسىملىرىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن چەكسىز سەۋر ـ تاقەتلىك ئايال . رەجەپ قادىر قاتارلىقلار ئۇنى يامان كۆرگەن ، كۆزگە ئىلمىغان بىلەن مەخسۇت مۇدىر ، تۇراخۇن ، ئاخىر ئېرى قاسىمجان ئۇنى چۈشىنىدۇ . مۇخبىر ئالىم بولسا بۇ سىرىق سەبدىنى تازا ۋايىگە يەتكۈزۈپ جۇلالاندۇرۇش ئىرادىسىگە كېلىدۇ . يۇقىرىقىلارنىڭ

ھەممىسى يازغۇچىنىڭ ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ، جەمئىيەتتىكى ، ئائىلىدىكى ئورنى ھەققىدىكى غايىسى ، ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى . يازغۇچى ئاياللاردىن ئەنە شۇنداق بىر ئويغاق ، چىدامچان روھنى ، جەمئىيەتتىن ئاياللارغا توغرا باھا بېرىشنى تەلەپ قىلغان .

ئۇيغۇر بۇگۈنكى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئاياللار ئائىلىدىن چىقىپ ، جەمئىيەتتە ئەرلەرگە ئوخشاش ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ئاياللار ھوقۇقى ، ئاياللار تۇرمۇشى ھەققىدە يېزىلغان مۇتلەق كۆپچىلىك ئەسەرلەر ئاياللارنىڭ نىكاھ ، مۇھەببەت تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان . ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ، يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدىكى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسەن يازغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش سىزىقىنىڭ سىرتىدا قالغانىدى ياكى ئاياللارنىڭ ئەمگەكتىكى ، جەمئىيەتتىكى تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلىگەن ئەسەرلەردە ئاياللارنىڭ ئاياللىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ ، ئۇلارنى ئەرلەر بىلەن ئەمگەكتە ، چىدامچانلىقتا بەسلەشتۈرۈش ئارقىلىق «ئوتتۇرا جىنس» قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم نۇرماندىن ئىبارەت بىر زىيالىي ئايالنىڭ كەسپ ، تۇرمۇش ئىشلىرىنى تەڭلا تەسۋىرلەپ ئۇيغۇر بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ، ئوبرازلار قاتلىمىنى رەڭدارلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى .

3

ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «سىرىق سەبدە» ھېكايىسىدىكىدەك ئاياللارنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيىتى جەريانىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار يېزىلغان ئەسەرلەر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن ئاز بولۇپ ، بۇ ئەسەرنى پەقەت ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇشۇ خىل تېمىغا بېغىشلانغان بىرنەچچە پارچە

ئەسەر بىلەن سىېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئۇنىڭ ئۆزگە خاس مۇۋەپپەقىيىتىنى تېپىپ چىقالايمىز .

ئالدى بىلەن ئاياللارنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيىتىگە بېغىشلانغان ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ نەسەبىگە نەزەر سالساق ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «تۇمارىس رىۋايىتى» ، «پەرھاد ـ شىېرىن» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئاياللارنىڭ نىكاھ ـ مۇھەببەت مەسىلىسىگە ياندىشىش هالدا ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ۋەتەن ، مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى بارلىقى ، ئاياللار خاس ئەرنى كۇتۇپ ، بالا تۇغۇپ ، بالا تەربىيىلەشتىن باشقا يەنە هاكىمىيەت باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ ئىقتىدار يېتىشتۈرۈش زۆرۈرلۈكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى . ئەمما ، مەيلى تۇمارىس بولسۇن ياكى مېھىنبانۇ ، شىېرىن ، ئون ئوردا قىزى بولسۇن ئۇلار هامان يۇقىرى قاتلامدىكى خانىش ، مەلىكىلەر ، ئاقسۆڭەكلەر ئىدى . ئۇلار ئەينى دەۋردە «ئەرلەر ئەزىز ، ئاياللار خار» ئىدىيىسىنىڭ بەلگىلىك چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزى مەنسۇپ بولغان تەبىقە ئەزالىرىنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەۋزەل شارائىتىدىن بەھرىمەن بولالىغان ، كۈچلۈك ئەر پادىشاھلارنىڭ ، باسقۇنچى كۈچلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىشىدەك تەھدىتىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئەمما يۇقىرى تەبىقىدە ياشىغىنى ئۈچۈن ، ئەتراپىدىكى جامائەتنىڭ ، ئەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن . شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئايالىق نازاكىتىنىلا ئەمەس ، ئادىمىيلىك ئەقلىنى ، ئىقتىدارىنى ئىشقا سالالىغان ئاياللار ئىدى ، «سىرىق سەبدە» هېكايىسىدىكى نۇرىمان نەسەب جەھەتتىن پادىشاھ ، ئاقسۆڭەك جەمەتىگە مەنسۇپ ئىمتىياز ئىگىسى ئەمەس ، بەلكى ئادەتتىكى بىلىمخۇمار شەھەر ئاھالىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، يېڭى دەۋر ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ ئالىي بىلىم ئالغان زىيالىي . ئەبەيدۇللا ئىبراهىم كلاسسىكلار نەزەرىدىكى پەقەت يۇقىرى قاتلامغا مەنسۇپ خانىش ، مەلىكە ، ئېسىلزادە ئاياللارلا هاكىمىيەت ، دۆلەت ، مىللەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتالايدىغان ئىقتىدار

ئىگىلىرى دەپ قارايدىغان بەلگىلىك بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمىغان قاراشىنىڭ ئەكسىچە، نۇرىمانغا ئوخشاش ئۆزىدە مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى، كۈچلۈك ئىرادە، ئاياللىق ئاڭ يېتىلدۈرگەن ئادەتتىكى ئاياللارمۇ پەرزەنت، ئەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپلا قالماستىن بەلكى ئەرلەر قىلالىغان كەسپىي مۇۋەپپەقىيەت، كەشپىيات قاتارلىق چوڭ ئىشلارنىمۇ ۋايىگە يەتكۈزۈپ قىلالايدۇ دەپ قارىدى. مۇكەممەل، ھەقىقىي ئاياللىق ئاڭ يېتىلدۈرگەن ئاياللارنى يۇقىرى قاتلامدىنلا ئەمەس بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ، دەپ بىلدى.

كلاسسىكلار ئاياللارنىڭ ئىچكىنشلىق ئاقىۋەت، كۈچلۈك تۇسالغۇلارغا ئۇچرىشىنى ئىجتىمائىي تۈزۈم، جەمئىيەت نۇقتىسىدىنلا ئىزدىگەن بولسا، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئاياللار ئۇچراۋاتقان تەڭسىز مۇئامىلىنىڭ سەۋەبىنى ئەرلەردىكى ئەرلىك ئىدىيىسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى سەۋەبىدىن، ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتە ئاياللىرىدىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش پسىخىكىسىدىن، مىللىتىمىز ئىچىدىكى ناچار ئىللەت، ناتوغرا قاراشلاردىنمۇ ئىزدىدى. «سىرىق سەبدە» دىكى نۇرىمان خۇددى شۇ شەھەردىكى ھەممە ئەرلەر «پۇرىقى يوق گۈل» دەپ ئاتاشقىنىدەك ئەخلاقلىق، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق، ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئائىلە قۇرۇشتا نەسەب، مەرتىۋە ئەمەس بەلكى ئىككى ياشنىڭ كۆڭۈل خاھىشى ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارايدىغان ئايال بولسىمۇ ئەمما، ئىرى قاسىمجان باشقىلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىدۇ. مېنىڭچە بۇنىڭغا قاسىمجاننىڭ نۇرىمانغا ئىشەنمەسلىكىلا ئەمەس، مۇھىمى نۇرىماننىڭ قاسىمجاندىن يۇقىرىراق مەرتىۋە، بىلىم قۇرۇلمىسى، مۇقىم دۆلەت خادىمى بولغانلىقىمۇ سەۋەب بولغان. چۈنكى، تارىختىن بىرى «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرلەرنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان بىر ئايال بار»

بولسمۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاياللارنىڭ يېتىم ، يالغۇز قېلىشىدەك رېئاللىقمۇ ھەممىمىزگە ئايان . نۇرىمان ھەققىدىكى ئۆسەك سۆزلەرنىڭ جامائەت پىكرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىدە ، مىللىتىمىز ئېڭىدىكى ئاياللارغا ئىشەنمەسلىك ، ھەسەتخورلۇق ، تۇل ئاياللارنى پەس كۆتۈش ، ئاياللارنى «چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا» دەپ قاراشتەك ناچار ئىللەتلەر ، ناتوغرا قاراشلار سەۋەب بولغان .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاياللار تېمىسىغا بېغىشلانغان كۆپچىلىك ئەسەرلەر ئاياللارنىڭ نىكاھ ، ئائىلە ، مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بولسا ، «سېرىق سەبدە» مەخسۇس ئاياللارنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىدىكى دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداشقا بېغىشلانغان . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم گەرچە نۇرىماننى ئەرلەرنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىپ ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ، مۇرەككەپ ئاياللىق ھېسسىياتىنى ئېچىپ بېرىشكە يېقىنقى دەۋرلەردە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىكىدەك كەڭ سەھىپە ئاجرىتالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما نۇرىمان ئوبرازىنى مىللىتىمىز ئىچىدىكى گۈزەللىكنى سۆيۈش بىلەن خۇنۇكلۇكتىن يىرگىنىشتەك كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، كىشىلەرگە نىمىنى سۆيۈپ ، نىمىنى تەنقىدلەش ھەققىدە بەلگىلىك بېشارەت بەرگەن . نۇرىمان تېلېفونخانىدا ، ئىشخانىدا ، ئائىلىدە يەنى ئەرلەر ھەرىكەت قىلالايدىغان ئاساسلىق مۇھىتتا ھەرىكەتلەنگەچكە ، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۆتكۈر زىددىيەت ئاساسىدا يورۇتۇلغان . ئۇ ھەر جەھەتتىن شۇنچىلىك ئېغىر بېسىمغا ئۇچرايدۇ . ئۇنىڭغا كەلگەن بېسىم تۇراخۇن ئاكىغا قارىغاندا تولىمۇ ئېچىنىشلىق ۋە ئېغىر ، تۇراخۇن ئاكا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسپىدىنلا ئايرىلغان بولسا ، نۇرىمان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئېرىدىن ، جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىدىن ، ئاخىرىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسپىدىنمۇ ئايرىلغىلى تاس قالىدۇ . ئاپتور بۇ سەرگۈزەشتىلەرنى بايان قىلغاندا

بىرىنچى شەخس نۇرمانىنىڭ تىلىدىن ئەمەس ، بەلكى ئەر باش قەھرىمان ئالىمنىڭ تىلىدىن ، ياندىن بايان قىلىپ ، ئالىمنى ھەممىدىن خەۋەردار ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، نۇرمان سەرگۈزەشتىسىنى مەلۇم بىر ساھەدىكى ناھەقچىلىك ، ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش ، بىئوگراتلىقتەك ناتوغرا ھادىسىلەردىنلا ئەمەس ، بەلكى نەچچە مىڭ يىلدىن بىرى مىللىتىمىز ئىچىدە شەكىللەنگەن ئاياللارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشىدىغان تۆھپىلىرىگە سەل قاراش ، ھەسەتخورلۇق ، ئاياللارنى ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەنبەسى دېيىشتەك ئومۇمىي خاھىش ئالغان ناتوغرا ئادەت قاراشلىرىدىنمۇ ئىزدەش ئىمكانىيىتىگە ئىرىشىپ ، ئەگەر ئايال كىشى كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەن ئەرلەرگە قارىغاندىمۇ تېخىمۇ مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى ، كۈچلۈك ئىرادە ، ھەممىنى يېڭىشتەك روھ بولۇشى كېرەك ، چۈنكى پۈتكۈل جەمئىيەت كىشىلىرى كۈچلۈك بولغان ئەرلىك مەدەنىيەت كونتروللۇقى ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ .

ئەمما ، ئەسەردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى ئايال ئوبرازلارنى بىر بولسا بەكلا گۈزەل ، كەم ـ كۈتىسىز پەرىشتە ، بىر بولسا جادىگەر ئالۋاستى قىلىپ تەسۋىرلەشتەك بىر تەرەپلىمە تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنىڭ بەلگىلىك تەسىرى بار ، نۇرمان شۇنچە چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن بەلكى ھەرقانداق سىرتقى كۈچنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئالاھىدە قىز . شۇڭا ، نۇرمان ئوبرازىغا رېئاللىقتىكى ئاياللارنىڭ تامغىسى بېسىلغانغا قارىغاندا ، ئاپتورنىڭ ئاياللارغا بولغان ئۈمىدى ، غايىسى بەكرەك سىڭگەن . يەنە ئەسەردە ئاياللارنىڭ نازۇك تەبىئىتىگە سەل قاراش ، سىرتقى بېسىمنىڭ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەشكە ئانچە ئەھمىيەت بېرەلمەسلىك ، ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ كۆزى بىلەنلا كۆزىتىش مەسىلىلىرى ساقلانغان . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ

ياز غوْچىنىڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرى ، ياز غوْچىنىڭمۇ جىنسىنىڭ ئەر بولغانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ، ئەمما بۇ ئەسەرنى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر تۇرمۇشى ۋە شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەسەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان . بىز تىلغا ئالغان يېتەرسىزلىكلەر فېمىنىزم نۇقتىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان مەسىلىلەر بولغاچقا ، ياز غوْچىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ئاز - تولا تەسىرى بولار دېگەن مەقسەتتە تىلغا ئېلىنغان ئادەتتىكى مەسىلىلەردۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاجايىپ كۆزلەر

ئاپتورى : ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇراخمان ئەبەي
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نىغمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى : خەلچەم زىياۋۇدۇن
گۈزەل سەنئەت لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
رەسسام : مۇھەممەت ئايۇپ ، ئابدۇراخمان ئابلىز ، ئىسمايىل ئىبراھىم
خەتتات : سۇلايمان ئىسمايىل خالى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 0991—2827472
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 22.5
نەشرى : 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—11531—0
باھاسى : 56.00 يۈەن